بسم الله الرّحمٰن الرّحیم

# جواهر التفاسير

**مختارات من جواهر التفاسير التالية:**

الطبري، القرطبي، ابن كثير، البغوي، الجلالين، تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان، التفسير الواضح، تفسير الشعراوي، التفسير الميسر، المختصر في التفسير، التحرير والتنوير، صفوة التفاسير، أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير، التفسير الكبير للرازي.

محمد يوسف محمد تورسون

٧

من سورة الفرقان إلى سورة الأحزاب

# تەپسىر جەۋھەرلىرى

تەپسىرى تەبەرىي، تەپسىرى قۇرتۇبىي، تەپسىرى ئىبنى كەسىر، تەپسىرى بەغەۋىي، تەپسىرى جەلالەين، تەپسىرى سەئدىي، تەپسىرى ۋازىھ، تەپسىرى شەئراۋىي، تەپسىرى مۇيەسسەر، تەپسىرى مۇختەسەر، تەپسىرى ئىبنى ئاشۇر، سەفۋەتۇتتەفاسىر، تەپسىرى جەزائىرىي، تەپسىرى رازىي قاتارلىق تەپسىرلەرنىڭ جەۋھەرلىرى تاللاپ ئېلىنغان.

مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇن

7

فۇرقان سۈرىسىدىن ئەھزاب سۈرىسىگىچە

# تەپسىر جەۋھەرلىرى

## جواهر التفاسير

تەپسىرى تەبەرىي، تەپسىرى قۇرتۇبىي، تەپسىرى ئىبنى كەسىر، تەپسىرى بەغەۋىي، تەپسىرى جەلالەين، تەپسىرى سەئدىي، تەپسىرى ۋازىھ، تەپسىرى شەئراۋىي، تەپسىرى مۇيەسسەر، تەپسىرى مۇختەسەر، تەپسىرى ئىبنى ئاشۇر، سەفۋەتۇتتەفاسىر، تەپسىرى جەزائىرىي، تەپسىرى رازىي قاتارلىق تەپسىرلەرنىڭ جەۋھەرلىرى تاللاپ ئېلىنغان.

مختارات جواهر كل من التفاسير: الطبري، القرطبي، ابن كثير، البغوي، الجلالين، تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان، التفسير الواضح، تفسير الشعراوي، التفسير الميسر، المختصر في التفسير، التحرير والتنوير، صفوة التفاسير، أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير، التفسير الكبير للرازي.


**مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇن**

محمد يوسف محمد تورسون



يەتتىنچى توم | المجلد السابع

بىرىنچى نەشرى | الطبعة الأولى

*2024م/1446هـ*

*ISBN: 978–625–00–1246–8*

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى نەشر قىلدى

ئىستانبۇل–تۈركىيە

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

﴿وَأَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ ٱلذِّكۡرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيۡهِمۡ وَلَعَلَّهُمۡ يَتَفَكَّرُونَ﴾

﴿(ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن (ئەھكاملار)نى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار تەپەككۇر قىلسۇن دەپ نازىل قىلدۇق﴾

نەھل سۈرىسى: 44 ـ ئايەت.

﴿وَإِذۡ أَخَذَ ٱللَّهُ مِيثَٰقَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ لَتُبَيِّنُنَّهُۥ لِلنَّاسِ وَلَا تَكۡتُمُونَهُۥ﴾

﴿ئۆز ۋاقتىدا، ئاللاھ كىتاب بېرىلگەنلەردىن «كىتابنى كىشىلەرگە چوقۇم بايان قىلىپ بېرىسىلەر ۋە يوشۇرمايسىلەر» دەپ ئەھدە ئالغان ئىدى﴾

ئال ئىمران سۈرىسى: 187 ـ ئايەت.

تەپسىرنى كۆرۈپ چىققۇچىلار: دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ
ئۇستاز ئابدۇلئەھەد ھاپىز
مۇھەممەد ئۆمەر قارىھاجىم
مۇھەممەد ئەمىن (بىشارەت) قارىھاجىم
ئۇستاز ئۇبۇلقاسىم ئەھمەدى
ئابدۇراززاق قارىھاجىم

ئەدەبىي تەھرىرلەر: ئابدۇلئەزىز ئاقھۇن
ئالماس ھاجىم
ئىسمايىل قادىر ھاجىم
ئەلانۇر ئەتتار خانىم

لايىھەلىگۈچى: ئا. ئاقھۇن

بۇ تەپسىر پالۋان مەرىپەت فوندىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرۇلدى.

# مۇندەرىجە


## فۇرقان سۈرىسى ........ 009

كائىناتتا ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي مەبۇد يوقتۇر ........ 009
قۇرئان ۋە پەيغەمبەر ھەققىدىكى سەپسەتىلەرگە رەددىيەلەر ........ 014
كاپىرلارغا رەددىيە ۋە ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالى ........ 023
قىيامەتنىڭ بەزى كۆرۈنۈشلىرى ........ 027
زۇلۇم ........ 030

## 19-پارە

كاپىرلارنىڭ بەزى يامانلىقلىرىنىڭ جازاسى ........ 034
قىيامەتنىڭ بەزى كۆرۈنۈشلىرى ........ 040
كاپىرلارنىڭ رەزىللىكلىرىگە بىر مىسال ........ 044
پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان ئۇممەتلەرنىڭ قىسسىلىرى ........ 050
كاپىرلارنىڭ بەزى قىلمىشلىرى ........ 054
ئاللاھنىڭ بارلىقىنى نامايان قىلىدىغان بەزى كائىنات
دەلىللىرى ........ 058
يۈكسەك تەلىمات ۋە تەۋھىد دەلىللىرى ........ 064
ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ بەزى سۈپەتلىرى(1) ........ 070
ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ بەزىسى سۈپەتلىرى(2) ........ 075

## شۇئەرا سۈرىسى ........ 086

مۇشرىكلارنىڭ ئىسلام دەۋىتىگە قارشى مەۋقەسى ........ 086
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋن بىلەن بولغان قىسسىسى ........ 092
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋن بىلەن ئېلىپ بارغان

مۇنازىرىسى ..... 099
ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ مىسىردىن چىقىشى ۋە پىرئەۋنىنىڭ
غەرق بولۇشى ..... 105
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدىن بىر كۆرۈنۈش ..... 108
نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ..... 119
ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ..... 125
سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ..... 130
لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ..... 136
شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ..... 139
«قۇرئان كەرىم» ۋە مۇشرىكلارنىڭ مەۋقەسى ..... 145
رەببانىي نەسىھەتلەر ..... 153
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كاھىن ياكى شائىر
دېگۈچىلەرگە رەددىيە ..... 157

نەمل سۈرىسى ..... 162

«قۇرئان كەرىم» ۋە ئۇنىڭ تەسىر كۈچى ..... 163
مۇسا ئەلەيھىسسالام مۇقەددەس ۋادىدا ..... 168
داۋۇد، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالاملار ۋە چۈمۈلە قىسسىسى ..... 172
چۈمۈلە قىسسىسى ..... 177
ھۆپۈپ قىسسىسى ..... 179
سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ..... 188
لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ..... 193

20-پارە

لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ھالاكىتى ..... 194
ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ۋە قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان
ئالامەتلەر ..... 196
كاپىرلارنىڭ تىرىلىش ھەققىدىكى ئېتىقادى ..... 203
«قۇرئان كەرىم» ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ..... 207
قىيامەتنىڭ بەزى كۆرۈنۈشلىرى ۋە مۇقەددىمىلىرى ..... 212

قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىر قىسمى ........ 215
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن تەلىمات ........ 218

قەسەس سۈرىسى ........ 222

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ........ 223
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئېمىتىلىشى ........ 228
مىسىردىن چىقىشنىڭ سەۋەبى ........ 234
مۇسا ئەلەيھىسسالام مەدىيەندە ........ 239
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيلىنىشى ........ 243
مۇسا ئەلەيھىسسالام مۇقەددەس ۋادىدا ........ 244
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى ۋە پىرئەۋننىڭ قارشىلىقى ........ 249
پەيغەمبەرلەرگە بولغان ئېھتىياج ........ 255
ئەھلى كىتابتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان
كەلتۈرگەن كىشىلەر ........ 261
مۇشرىكلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە ........ 264
مۇشرىكلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ھەسرەت-نادامەتلىرى ........ 271
ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي قۇدرىتىنىڭ نامايەندىلىرى ........ 277
ئىلىمنىڭ پەزىلىتى ۋە تۆزكورلۇقنىڭ ئاقىۋىتى ........ 284
مەككىگە قايتىش ھەققىدىكى بېشارەت ........ 293

ئەنكەبۇت سۈرىسى ........ 298

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىرادىسىنى كۈچەيتىش ۋە كاپىرلارنى قورقۇتۇش 299
مۇسۇلمانلارغا سىناق، كاپىرلار بىلەن مۇناپىقلارغا
ئاگاھلاندۇرۇش ........ 307
نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمى ........ 313
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمى ........ 315
لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ........ 325
مەدىيەن، ئاد ۋە سەمۇد قىسسىلىرى ........ 330
بۇتلارنى ئىلاھ قىلىۋالغانلارنىڭ مىسالى ........ 334
ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاق ........ 336

## 21-پارە

ئەھلى كىتابنى ئىسلامغا قانداق دەۋەت قىلىش كېرەك؟ 340
بەزى شۇبھىلەرگە رەددىيەلەر 346
مۇسۇلمانلارغا ئىلاھىي تەلىماتلار 352
كاپىرلارنىڭ ئاسايىشلىق ۋە قىيىنچىلىق ۋاقىتلىرىدىكى ئەھۋالى 358

رۇم سۈرىسى 364

غەيبنىڭ خەۋەرلىرىدىن 364
مۇشرىكلارنى تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەش 368
ئىبادەت قىلىش ۋە تەسبىھ ئېيتىش ۋاقىتلىرى 374
ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان بەزى ئايەتلەر 377
ئىنساندىن بىر مىسال 385
ئىسلام ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي دىنىدۇر 388
ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرى 391
تەۋھىد دەلىللىرى ۋە ئەمەللەرنىڭ نەتىجىلىرى 397
شامال بىلەن يامغۇر ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدۇ 402
ئىنسان ئەنە شۇنداق يارىتىلغان 409

لۇقمان سۈرىسى 414

قۇرئان ۋە ئۇنىڭ تەسىرى 414
«قۇرئان كەرىم»نى ئىنكار قىلغۇچىلار ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقۇچىلار 417
بۇ ئاللاھنىڭ ياراتقىنىدۇر 424
لۇقمان ھەكىمنىڭ ئوغلىغا قىلغان ۋەسىيىتى 425
ئاللاھقا قانداقمۇ تۇزكورلۇق قىلىسىلەر؟ 434
مۇئمىن ۋە كاپىر 436
يېگانە ياراتقۇچى ئاللاھ تائالادۇر 439
ئاخىرەتتە ئەسقاتىدىغىنى ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەلدۇر 446

## سەجدە سۈرىسى ..... 451

قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىدۇر ..... 452
تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلار ..... 459
مۇئمىنلەرنىڭ مۇكاپاتى ۋە كاپىرلارنىڭ جازاسى ..... 465
نەسىھەت ۋە ئىبرەت ..... 472

## ئەھزاب سۈرىسى ..... 478

كۆرسەتمىلەر ۋە قائىدە-يوسۇنلار ..... 479
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى ..... 487
خەندەك ئۇرۇشى ..... 490
نۇئەيم ئىبنى مەسئۇدنىڭ كاتتا خىزمىتى ..... 499
يەھۇدىيلارنىڭ مەۋقەسى ..... 502
مۇئمىنلەرنىڭ مەۋقەسى ..... 506
ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ..... 508
يەھۇدىيلاردىن مۇشرىكلارغا سېتىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتى ..... 509
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدىكى ئەدەب-ئەخلاقلار ..... 512
ئەھلى بەيتنىڭ ئەخلاقى ۋە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى ..... 519

## 22-پارە

پەيغەمبەر ئائىلىسى (ئەھلى بەيت) دېگەن كىملەر؟ ..... 524
زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىكاھلىنىشى ..... 526
ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىنلەر ئۈچۈن تەلىماتى ..... 532
بەزى ئىسلامىي ئەدەپ-ئەخلاقلار ..... 534
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ..... 540
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپ ئاياللىق بولغانلىقى ھەققىدە ..... 543
پەيغەمبەرنىڭ ئۆيىگە كىرىشتىكى ئەدەبلەر ..... 546
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەرتىۋىسى ..... 553

مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ سىرتقا چىققاندا كىيىنىش قائىدىسى ....... 556
مۇناپىقلار ۋە ئۇلارنىڭ جازاسى ............................................. 561
كاپىرلار ۋە ئۇلارنىڭ جازاسى ............................................. 564
تەلىمات ۋە ۋەز-نەسىھەتلەر ............................................. 567
ئامانەتنىڭ مەسئۇلىيىتى ............................................. 570

# فۇرقان سۈرىسى

فۇرقان سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 77 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بەزى ئۆلىمالار 68-، 69-ۋە 70-ئايەتلىرىنى مەدىنىدە نازىل بولغان دەپ قارايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە تەۋھىد ئەقىدىسى، «قۇرئان كەرىم»، پەيغەمبەر ۋە قىيامەت توغرۇلۇق تەپسىلىي بايانلارنى نازىل قىلغان. سۈرىنى مۆئمىنلەرنىڭ ئېسىل خىسلەتلىرىنى بايان قىلىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: مۇشرىكلارنىڭ تۈرلۈك يامان-لىقلىرىغا قارشى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى چوقۇم غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈ-رۈشتىن ئىبارەتتۇر.

سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتە كەلگەن ﴿ٱلْفُرْقَانَ﴾ دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ، ﴿ٱلْفُرْقَانَ﴾ (ئايرىغۇچى) يەنى ھەقنى باتىلدىن، توغرىنى خاتادىن ئايرىغۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ﴿ٱلْفُرْقَانَ﴾ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىسىملىرىدىن بىرىدۇر.

### ◄ كائىناتتا ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي مەبۇد يوقتۇر

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿تَبَارَكَ ٱلَّذِي نَزَّلَ ٱلۡفُرۡقَانَ عَلَىٰ عَبۡدِهِۦ لِيَكُونَ لِلۡعَٰلَمِينَ نَذِيرًا
١ ٱلَّذِي لَهُۥ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَلَمۡ يَتَّخِذۡ وَلَدٗا وَلَمۡ
يَكُن لَّهُۥ شَرِيكٞ فِي ٱلۡمُلۡكِ وَخَلَقَ كُلَّ شَيۡءٖ فَقَدَّرَهُۥ تَقۡدِيرٗا
٢ وَٱتَّخَذُواْ مِن دُونِهِۦٓ ءَالِهَةٗ لَّا يَخۡلُقُونَ شَيۡـٔٗا وَهُمۡ يُخۡلَقُونَ وَلَا

يَمۡلِكُونَ لِأَنفُسِهِمۡ ضَرّٗا وَلَا نَفۡعٗا وَلَا يَمۡلِكُونَ مَوۡتٗا وَلَا حَيَوٰةٗ وَلَا نُشُورٗا ﴿٣﴾

### ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ2ـبەندىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نىڭ پۈتۈن جاھان ئەھلىگە ئا-گاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلغان، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۆزىگە خاس بولغان، بالىسى بولمىغان، ھاكىمىيىتىدە شېرىكى بولمىغان ۋە ھەر نەرسىنى يارىتىپ ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بېكىتكەن ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈ-يۈكتۇر.

3ـمۇشرىكلار ئاللاھنى قويۇپ، ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان ۋە ئۆزلىرى يارىتىلغان، ئۆزلىرىدىن بىرەر زىياننى توسۇپ قالالمايدىغان، ئۆزلىرىگە بىرەر پايدىمۇ كەلتۈرەلمەيدىغان، ئۆلتۈرۈشكە، ھاياتلىق بېغىشلاشقا ياكى (ئۆلۈكلەرنى) تىرىلدۈرۈشكە قادىر بولالمايدىغان (باتىل) ئىلاھلارغا چوقۇندى.

### ◄ تەپسىرى

ئۇلۇغلۇق، كاتتىلىق ۋە بۈيۈكلۈك بىرلا ئاللاھ تائالاغا خاس بولۇپ، ئاللاھ تائالا بارچە مەدھىيە ۋە ماختاشلارغا لايىقتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرى ھەقىقەتەن چەكسىزدۇر. ﴿وَإِن تَعُدُّواْ نِعۡمَتَ ٱللَّهِ لَا تُحۡصُوهَآۗ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر﴾[1]. بۇ نېمەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى ئاللاھ تائالانىڭ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن ئالەملەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بارلىق ئىنسان ۋە جىنلارغا ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ھەقىقەتنى باتىلدىن، توغرىنى خاتادىن ۋە ياخشىنى ياماندىن ئايرىپ بەرگۈچى «قۇرئان كەرىم»نى نازىل قىلغانلىقى ئىدى.

ئالەم-ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان سۆز بولۇپ، ھەربىر مەۋجۇدات تۈرى بىر ئالەمدۇر. مەسىلەن: ئىنسانلار ئالەمى، پەرىشتىلەر ئالەمى، جىنلار ئالەمى، ھايۋاناتلار ئالەمى، ھاشارەتلەر

[1] ئىبراھىم سۈرىسى: 34ـئايەت.

ئالەمى، ئۆسۈملۈكلەر ئالەمى، جانسىز مەۋجۇداتلار ئالەمى دېگەنگە ئوخشاش. «قۇرئان كەرىم»دىكى ﴿الْعَٰلَمِينَ﴾ دېگەن سۆز كۆپلىگەن ئايەتلەردە مۇشۇ كەڭ مەنىدە كەلگەن. ئەمما ﴿تَبَارَكَ ٱلَّذِى نَزَّلَ ٱلْفُرْقَانَ عَلَىٰ عَبْدِهِۦ لِيَكُونَ لِلْعَٰلَمِينَ نَذِيرًا﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿الْعَٰلَمِينَ﴾ دېگەن سۆزدە ئىنسانلار بىلەن جىنلار كۆزدە تۇتۇلغان. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانلار بىلەن جىنلارنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر بولۇپ، ئىنسان ۋە جىنلاردىن باشقا ئالەملەر بۇ ئاگاھلاندۇرۇشقا كىرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار دىنغا دەۋەت قىلىنغان ئەمەس. شۇڭا بۇ ئايەتتە كەلگەن ﴿الْعَٰلَمِينَ﴾ دېگەن سۆزگە ﴿جاھان ئەھلى﴾ دەپ مەنە ئېيتىلدى. بۇ يەردىكى «جاھان ئەھلى» دېگەن سۆزدىن ئىنسانلار بىلەن جىنلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. گەرچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانلار بىلەن جىنلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن پەيغەمبەر بولسىمۇ، ئۇ پۈتۈن ئالەملەر ئۈچۈن رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر بولۇپ، بارچە ئالەملەر بۇ رەھمەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى ۋە دەۋىتى ئىنسانلار بىلەن جىنلارغا خاس، ئەمما ئۇنىڭ رەھمىتى ۋە شەپقىتى بارلىق ئالەملەرگە ئومۇمىدۇر. ﴿وَمَآ أَرْسَلْنَٰكَ إِلَّا رَحْمَةً لِّلْعَٰلَمِينَ﴾ يەنى ﴿سېنى بىز ئالەملەر ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق﴾[1] دېگەن ئايەتتىكى ﴿الْعَٰلَمِينَ﴾ دېگەن سۆز پۈتۈن ئالەملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا كەلگەن. ﴿رَحْمَةً﴾ (رەھمەت) دېگەن سۆز ئاللاھ تائالادىن كېلىدىغان بارلىق ياخشىلىقلارنى ۋە ئاتا-ئېھسانلارنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بارچە ئالەملەرگە ئاللاھ تائالانىڭ ئىنئاملىرىنى ۋە ئاتا-ئېھسانلىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەردۇر.

«قۇرئان كەرىم» ئۆزىگە ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادىتىگە كېپىللىك قىلىدىغان، جاھالەت تۇمانلىرىنى تار-قىتىۋېتىپ، ئىلىم-مەرىپەتنىڭ نۇرىنى چاچىدىغان، دىللارنى ئىمان نۇرى بىلەن يورۇتىدىغان، كۆڭۈللەرگە ھۇزۇر-ھالاۋەت بېغىشلايدىغان ئۇلۇغ دەستۇردۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «بەندە» دەپ ئاتىغانلىقى بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن بەندىسى ئىكەن-

[1] ئەنبىيا سۈرىسى: 107-ئايەت.

لىكىنى، دەرىجىسىنىڭ ئۇستۇن، مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۇرسە، يەنە بىر تەرەپتىن كىشىلەرنىڭ ئۇنى خىرىستىيانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھ قىلىۋالغاندەك، ئۆزىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان دەرىجىلەرگە كۆتۈرۈۋېلىپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەتسىزلىك قىلماسلىقى ئۇچۇندۇر. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى ئاللاھ تائالانىڭ «بەندەم»، «بەندىمىز» دەپ ئاتىغانلىقىدىن ناھايىتى مەمنۇن ئىدى ۋە مۇشۇنداق ئاتىلىشتىن پەخىرلىنەتتى. ﴿سُبۡحَٰنَ ٱلَّذِيٓ أَسۡرَىٰ بِعَبۡدِهِۦ لَيۡلٗا مِّنَ ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِ إِلَى ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡأَقۡصَا ٱلَّذِي بَٰرَكۡنَا حَوۡلَهُۥ لِنُرِيَهُۥ مِنۡ ءَايَٰتِنَآ...﴾ يەنى ﴿قۇدرىتىمىزنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىر قىسمىنى كۆرسىتەيلى دەپ بەندىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نى بىر كېچىدە مەسجىدى ھەرەمدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ كەلگەن ئاللاھ (بارچە نۇقساندىن) پاكتۇر﴾[1]، ﴿ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ ٱلَّذِيٓ أَنزَلَ عَلَىٰ عَبۡدِهِ ٱلۡكِتَٰبَ وَلَمۡ يَجۡعَل لَّهُۥ عِوَجَاۜ ١﴾ يەنى ﴿جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇركى، ئۇ بەندىسى (مۇھەممەد)گە ھەرقانداق ئەيىبتىن خالىي، ئەڭ توغرا كىتاب (قۇرئان)نى نازىل قىلدى﴾[2]. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتلەردە ئاللاھ تائالانىڭ «بەندىسى» دەپ سۈپەتلەنگەن.

﴿تَبَارَكَ ٱلَّذِي نَزَّلَ ٱلۡفُرۡقَانَ عَلَىٰ عَبۡدِهِۦ لِيَكُونَ لِلۡعَٰلَمِينَ نَذِيرًا ١ ٱلَّذِي لَهُۥ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَلَمۡ يَتَّخِذۡ وَلَدٗا وَلَمۡ يَكُن لَّهُۥ شَرِيكٞ فِي ٱلۡمُلۡكِ وَخَلَقَ كُلَّ شَيۡءٖ فَقَدَّرَهُۥ تَقۡدِيرٗا ٢﴾ بۇ ئايەتلەردە ئاللاھ تائالا تۆۋەندىكى ئېسىل سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن:

1. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى نازىل قىلغان زات بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» ئۇنىڭ سۆزىدۇر.

2. ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ، شۇنداقلا بارچە كائىناتنىڭ ئىگىسىدۇر.

3. ئاللاھ تائالا تۇرمۇش قۇرۇشقا ۋە بالىلىق بولۇشقا ئېھتىياجلىق بولۇشتەك ئىنسانىي سۈپەتلەردىن ئەلۋەتتە پاك ۋە ئۇستۇندۇر.

4. ئاللاھ تائالا كائىناتنى ۋە ئۇنىڭدىكى جىمى مەۋجۇداتنىڭ ئىشلى-

[1] ئىسرا سۈرىسى: 1-ئايەت.
[2] كەھف سۈرىسى: 1-ئايەت.

رىنى ئۆزى يالغۇز ئىدارە قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھېچقانداق شېرىكى ياكى ياردەمچىسى ۋەياكى مۇئاۋىنى يوقتۇر.

5. ئاللاھ تائالا ھەر نەرسىنى يارىتىپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە مەلۇم ئۆلچەم، مۇئەييەن شەكىل ۋە ئالاھىدە ئۆزگىچىلىك ئاتا قىلغان زاتتۇر.

كائىناتتىكى ھەربىر مەۋجۇداتقا تەپەككۇر كۆزى بىلەن نەزەر تاشلىغان ئادەم شۇنى بىلىدۇكى، كائىناتتىكى ھەممە نەرسە ئەڭ مۇكەممەل ئىنتىزام ۋە قائىدە-تەرتىپ بىلەن داۋام قىلىپ تۇرىدۇ. ھەربىر مەخلۇقات ئۆزىنىڭ ھاياتلىقتىكى ۋەزىپىسىگە ۋە ئۆزگىچىلىكىگە مۇناسىپ شەكىلدە يارىتىلغان. مەسىلەن: ئىنسان يەر يۈزىنى گۈللەندۈرگۈچى بولۇش ۋەزىپىسىگە مۇناسىپ شەكىلدە يارىتىلغان. شۇڭا ئۇنىڭغا ئەقىل-ئىدراك، تەپەككۇردىن ئىبارەت ئۆزگىچىلىكلەر بېرىلگەن. ئاندىن ئۇنىڭدىن ئاللاھنى بىلەن ياراتقۇچىسىنى تونۇش تەلەپ قىلىنغان. يۈك كۆتۈرىدىغان ھايۋانلاردىن تۆگە، ئات، قېچىر ۋە ئېشەك قاتارلىقلار يۈكلەرنى ۋە ئادەملەرنى كۆتۈرۈشكە مۇناسىپ شەكىل، جىسىم ۋە كۈچ-قۇۋۋەت بىلەن يارىتىلغاندەك، سۇدا ئۈزىدىغان ئۆردەك، غازغا ئوخشاشلارمۇ سۇ ئۈزۈشكە مۇناسىپ شەكىل ۋە ئۆزگىچىلىك بىلەن يارىتىلغان. قىسقىسى، ئاللاھ تائالا رىزقىنى يەردىن ئىزدەپ تېپىپ يەيدىغان توخۇغا يەرنى تاتىلاشقا مۇناسىپ تىرناقلارنى ياراتقاندەك، ئۇچارلىقلارغا ئۇچىدىغان قانات ۋە ئۆزىنىڭ رىزقىنى ئىزدەپ تېپىپ يەيدىغان قابىلىيەت ئاتا قىلغان. ئاللاھ تائالا ئەنە شۇنداق ھەر نەرسىنى ھاياتلىقتىكى ئۆز ۋەزىپىسىگە مۇناسىپ شەكىلدە ياراتقان. بۇنداق چەكسىز ئىلىم-ھېكمەتلىك ۋە مۇكەممەل تەدبىرلىك ياراتقۇچى ئەلۋەتتە ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق ئەمەسمۇ؟ ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ياراتقۇچىسىنى قويۇپ نېمىگە چوقۇنماقچى؟

ھەقىقەت شۇنداق روشەن تۇرسىمۇ، مۇشرىكلار ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشنى قويۇپ، ئۆز قوللىرى بىلەن ياسىۋالغان بۇتلارغا چوقۇندى.

ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان قىممەتلىك ئەقلىنى ئىشلىتىشنى بىلمىگەن، ئۆزلىرىنىڭ ھۆرمەتلىك ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغان بىر قىسىم ئەبگالار ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى، ھەممىگە رىزىق بېرىپ پەرۋىش قىلىپ تۇرغۇچى، چىن يۈرەكتىن سۆيۈلۈشكە، ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىنىشقا تېگىشلىك ۋە سازاۋەر بولغان رەببى ئاللاھ تائالانى قويۇپ، ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان، ھېچ نەرسىگە ھايات بېغىشلىيالمايدىغان، ھېچ

نەرسىنىڭ جىنىنى ئالالمايدىغان، ھەتتا باشلىرىغا قونغان چىۋىننى ئۈركىتىشكىمۇ كۈچى يەتمەيدىغان، ھېچكىمگە، ھەتتا ئۆزلىرىگىمۇ پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان بۇتلارغا ۋە ھەر خىل ساختا مەبۇدلارغا چوقۇنماقتا. بۇ ئېنىقلا ئەقىلسىزلىق ئەمەسمۇ؟!

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم» ئەڭ ئاساسلىق ھىدايەت مەنبەسىدۇر. قۇرئان بىلەن ھەدىسكە چىڭ ئېسىلغانلار ئىككىلا ئالەمدە ئەزىزلىككە ئېرىشكەندەك، بۇ ئىككىسىدىن يۈز ئۆرۈگەنلەر ئىككىلا ئالەمدە خارلىققا مەھكۇمدۇر.

2. ھەممە نەرسىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، كائىناتنى ۋە ئۇنىڭدىكى جانلىق-جانسىز بارلىق مەۋجۇداتنى پەرۋىش قىلىش، ئىدارە قىلىش ۋە مۇھاپىزەت قىلىشتا ئاللاھ تائالا يېگانىدۇر. ئۇنىڭ ياردەمچىسى ياكى بالىسى ۋەياكى شېرىكى يوقتۇر.

3. ئاللاھ تائالانى قويۇپ ھەر خىل ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنغۇچىلار بۇ ساختا ئىلاھلارنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، ئەقلىنى ئىشلىتىپ تەپەككۇر قىلىشتىن تەقلىدچىلىكنى ئەۋزەل كۆرگەنلىكتىن، خۇددى جۇۋازدا ئايلىنىپ يۈرىدىغان كۆزى تېڭىقلىق كالىلاردەك مەلۇم چەمبەر ئىچىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ.

## ◄ قۇرئان ۋە پەيغەمبەر ھەققىدىكى سەپسەتىلەرگە رەددىيەلەر

﴿وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ إِنۡ هَٰذَآ إِلَّآ إِفۡكٌ ٱفۡتَرَىٰهُ وَأَعَانَهُۥ عَلَيۡهِ قَوۡمٌ
ءَاخَرُونَۖ فَقَدۡ جَآءُو ظُلۡمٗا وَزُورٗا ٤ وَقَالُوٓاْ أَسَٰطِيرُ ٱلۡأَوَّلِينَ
ٱكۡتَتَبَهَا فَهِيَ تُمۡلَىٰ عَلَيۡهِ بُكۡرَةٗ وَأَصِيلٗا ٥ قُلۡ أَنزَلَهُ ٱلَّذِي يَعۡلَمُ
ٱلسِّرَّ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ إِنَّهُۥ كَانَ غَفُورٗا رَّحِيمٗا ٦ وَقَالُواْ مَالِ
هَٰذَا ٱلرَّسُولِ يَأۡكُلُ ٱلطَّعَامَ وَيَمۡشِي فِي ٱلۡأَسۡوَاقِ لَوۡلَآ أُنزِلَ إِلَيۡهِ
مَلَكٞ فَيَكُونَ مَعَهُۥ نَذِيرًا ٧ أَوۡ يُلۡقَىٰٓ إِلَيۡهِ كَنزٌ أَوۡ تَكُونُ لَهُۥ جَنَّةٞ
يَأۡكُلُ مِنۡهَاۚ وَقَالَ ٱلظَّٰلِمُونَ إِن تَتَّبِعُونَ إِلَّا رَجُلٗا مَّسۡحُورًا ٨

ٱنظُرۡ كَيۡفَ ضَرَبُواْ لَكَ ٱلۡأَمۡثَٰلَ فَضَلُّواْ فَلَا يَسۡتَطِيعُونَ سَبِيلٗا ﴿٩﴾

## ◄ تەرجىمىسى

4ـ كاپىرلار: «بۇ (قۇرئان) پەقەتلا (مۇھەممەد ئۆزى) توقۇپ چىققان يالغان سۆزدۇر، ئۇنىڭ توقۇپ چىقىشىغا باشقا بىر قەۋم ياردەم بەرگەن» دېيىشتى. ئۇلار بۇنداق دېيىش ئارقىلىق (پەيغەمبىرىمىزگە) ھەقسىزلىق قىلدى ۋە بوھتان چاپلىدى.

5ـ ئۇلار ئېيتتى: «(بۇ ئايەتلەر) بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرى بولۇپ، ئۇ (مۇھەممەد) ئۇلارنى (باشقىلارغا) يازدۇرۇۋالغان، ئۇنىڭغا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئوقۇپ بېرىلىۋاتىدۇ».

6ـ ئېيتقىنكى، «ئۇنى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى سىرنى بىلىپ تۇرىدىغان ئاللاھ نازىل قىلدى، شەكسىزكى، ئاللاھ ئەزەلدىن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مەرھەمەتلىكتۇر».

7ـ 8ـ ئۇلار: «بۇ (بىزگە ئوخشاش) تاماق يەيدىغان، بازارلاردا مېڭىپ يۈرىدىغان قانداق پەيغەمبەر؟ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇش ئۈچۈن، نېمىشقا ئۇنىڭغا بىرەر پەرىشتە چۈشۈرۈلمىدى؟ يا ئۇنىڭغا بىرەر خەزىنە بېرىلمىدى؟ يا ئۇنىڭغا مېۋىلىرىنى يەيدىغان بىرەر باغ بېرىلمىدى؟» دېيىشتى. بۇ زالىملار (مۆئمىنلەرگە): «سىلەر پەقەت سېھىرلەنگەن بىر ئادەمگە ئەگىشىۋاتىسىلەر» دېدى.

9ـ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ سەن توغرۇلۇق كەلتۈرگەن مىساللىرىغا قارىغىن، بۇ سەۋەبتىن ئۇلار راستتىنلا ئازغۇنلۇققا پاتتى، شۇڭا ئۇلار توغرا يول تاپالمايدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئىنسانىيەتكە يول كۆرسىتىش ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت ھاياتلىق دەستۇرىنى نازىل قىلدى. ئۇنىڭدا بەلگىلەنگەن قانۇن ـ تۈزۈملەرنىڭ توغرىلىقىدا، تەلىماتلىرىنىڭ دۇرۇسلۇقىدا، بارلىق بايانلىرىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك يوق. ئۇنىڭ ئەدەبىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىدە، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ ئېسىللىكىدە ۋە قايىل قىلىش كۈچىنىڭ پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ئىكەنلىكىدىمۇ قىلچە شەك يوق. مۇئمىنلەر ئۇنى چىن يۈرەكتىن بېرىلىپ تىلاۋەت قىلغىنىدا

ئۇلارنىڭ ئىمانى بىردىنلا كۆچلىنىپ كېتىدۇ، قەلبى يورۇپ كېتىدۇ، كۆڭلى يۇمشاپ كېتىدۇ، ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىخلاسى ئاشىدۇ.

ئەمما ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدىغان كاپىرلار «قۇرئان كەرىم»نىمۇ ئېتىراپ قىلمىدى، ئۇلار «قۇرئان ئاللاھنىڭ سۆزى ئەمەس، ئۇنى مۇھەممەد ئۆزى توقۇپ چىققان» دېگەن يالغاننى ئويدۇرۇپ چىقتى. كاپىرلارنىڭ بۇ قىلمىشى ئوپئوچۇق تۆھمەت بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ تۆھمەتلىرىگە: ﴿فَقَدْ جَآءُو ظُلْمًا وَزُورًا ﴿٤﴾﴾ يەنى ﴿ئۇلار بۇنداق دېيىش ئارقىلىق (پەيغەمبىرىمىزگە) ھەقسىزلىق قىلدى ۋە بوھتان چاپلىدى﴾ دەپ رەددىيە بەردى.

مەككىلىك بۇتپەرەس ئەرەبلەرنىڭ كاتتىباشلىرىدىن بەزىلەر بۇ يېڭى دىننى ئېتىراپ قىلغان تەقدىردە، ئۆزلىرىنىڭ خەلقنىڭ ئۈستىدىكى نوپۇزى ئاجىزلاپ كېتىشىنى، كىشىلەرنى قاقتى-سوقتى قىلالمايدىغان-لىقىنى، كەمبەغەللەرنى ئېزەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەنلىكتىن، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن بۇ ھەق دىنغا جان جەھلى بىلەن قارشى تۇرغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن «قۇئان كەرىم»گە ئەنە شۇنداق تۆھمەتلەرنى توقۇپ چىققان ئىدى. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كىچىكىدىنلا راستچىللىقى بىلەن تونۇلۇپ كەلگەن، بىرەر قېتىممۇ يالغان سۆزلەپ باقمىغان راستچىل كىشى ئىكەنلىكىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىلگە تامامەن مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىلغار دىن ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ، ئۇلار بۇ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىش ۋە «قۇرئان كەرىم»نى توقۇلما دېيىش ئارقىلىق ئەڭ يامان يولسىزلىقنى سادىر قىلدى، ناھەق گەپ قىلدى ۋە ئوپئوچۇق يالغاننى توقۇپ چىقتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە «قۇرئان كەرىم»گە قارشى تۇرغان كاپىرلار ئۆزلىرىنىڭ يۇقىرىقى تۆھمەتلىرىگە كۇپايە قىلمىدى، ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نى بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدۇر، دەپ جۆيلىدى. ئەدەبىيات ۋە بايان ساھەسىدە ئۆزلىرىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىغان ئەرەبلەرگە مۇنازىرە ئېلان قىلىپ، ئۇلارنى يەڭگەن بۇ كىتاب قانداقمۇ ئەپسانە بولسۇن؟! ئەپسانە دېگەن شۇنچىلىك كۆپ ئىنسانىنىڭ كۆڭلىنى يۇمشىتىپ، ئۇلارنى ئىمانغا كەلتۈرەلەمدۇ؟!

ئەرەب كاپىرلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇش ۋە يېزىشنى

ئۆگەنمىگەن، بىرەر كىشىدىن تەلىم ئالمىغان، بەلكى شۇ مۇھىتتىكى كىشىلەرگە ئوخشاشلا ئىلىم-مەرىپەتتىن يىراق ھالدا ئاددىيغىنە سەھرا ھاياتىدا ياشاپ كېلىۋاتقان بىر كىشى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار: «قۇرئاننى مۇھەممەد ئۆزى يازدى» دېسە، ئۇنىڭغا ھېچكىمنى ئىشەندۈرەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەنلىكتىن، ئۇنىڭغا: ﴿ئۇ (مۇھەممەد) ئۇلارنى (باشقىلارغا) يازدۇرۇۋالغان﴾ يەنى قۇرئان ئايەتلىرىنى مۇھەممەدكە باشقىلار يېزىپ بەرگەن، دەپ تۆھمەت قىلىشقان.

ئۇنداقتا، «قۇرئان كەرىم» باشقىلارغا يازدۇرۇپ ئوتتۇرىغا چىقارغىلى بولىدىغان بىر كىتاب بولسا، نېمە ئۈچۈن ئۇلار ئۆزلىرى شۇنداق قىلمىدى؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلار: ﴿وَإِن كُنتُمْ فِي رَيْبٍ مِّمَّا نَزَّلْنَا عَلَىٰ عَبْدِنَا فَأْتُوا۟ بِسُورَةٍ مِّن مِّثْلِهِۦ وَٱدْعُوا۟ شُهَدَآءَكُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ﴾ يەنى ﴿ئەگەر سىلەر بىز بەندىمىز (مۇھەممەد)كە نازىل قىلغان قۇرئانغا شەك كەلتۈرسەڭلار ۋە (قۇرئان ئىنسان سۆزىدۇر، دېگەن گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئاللاھتىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى چاقىرىپ، قۇرئاندىكىگە ئوخشاش بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار﴾ [1] دېگەن كەسكىن مۇنازىرىگە جاۋاب بېرەلمىدى؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلارمۇ باشقىلارغا يازدۇرۇپ بولسىمۇ بىر قۇرئان ئىجاد قىلالمىدى؟ چۈنكى، مۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.

ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ تۆھمەتلىرىگە رەددىيە بېرىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى: ﴿ئۇنى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى سىرنى بىلىپ تۇرىدىغان ئاللاھ نازىل قىلدى﴾ دېيىشكە بۇيرۇغان. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىكى بايانلارنىڭ، كەلگۈسىدىكى ئىشلار توغرۇلۇق بېرىلگەن خەۋەرلەرنىڭ ۋە قىسسىلەرنىڭ ھەق ۋە راست ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك يوق. ئۆز ۋاقتىدا ئىرانلىقلار بىلەن رىملىقلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلاپ، ئىرانلىقلار رىملىقلارنى يېڭىۋالغان. بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلارنى غەمكىن قىلغان ئىدى. چۈنكى، رىملىقلار خىرىستىيان، ئىرانلىقلار بولسا بۇددىست ئىدى. خىرىستىيانلار ئەھلى كىتاب بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بۇددىستلاردىن ياخشى ئىدى. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن رىملىقلارنىڭ كېيىنكى غەلىبىسىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: ﴿الٓمٓ ① غُلِبَتِ ٱلرُّومُ ② فِيٓ أَدْنَى ٱلْأَرْضِ وَهُم مِّنۢ بَعْدِ غَلَبِهِمْ سَيَغْلِبُونَ ③ فِي

[1] بەقەرە سۈرىسى: 23-ئايەت.

بِضۡعِ سِنِينَۗ لِلَّهِ ٱلۡأَمۡرُ مِن قَبۡلُ وَمِنۢ بَعۡدُۚ وَيَوۡمَئِذٖ يَفۡرَحُ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ﴿٤﴾ بِنَصۡرِ ٱللَّهِۚ يَنصُرُ مَن يَشَآءُۖ وَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٥﴾﴾ يەنى ﴿ئەلىف، لام، مىم. رىملىقلار يېقىن بىر جايدا يېڭىلدى، ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ، ئىلگىرىمۇ ۋە كېيىنمۇ ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، بۇ كۈندە مۇئمىنلەر ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ، ئاللاھ خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىدۇ، ئۇ غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1]. بىر قانچە يىلدىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسى ھەققىدە بىر نەرسە دېيىش كىمنىڭ قولىدىن كەلسۇن؟ ئىنسانلار ئەتە بولىدىغان ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسى ھەققىدە بىر نەرسە دېيەلىشى مۇمكىن. چۈنكى، قورال كۈچى ۋە ئەسكەر سانى دېگەنلەر ئېنىق بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ نەتىجىسىدىن خەۋەر بېرىشمۇ ئوڭاي بولىدۇ، لېكىن توققۇز يىلدىن كېيىن بولىدىغان بىر ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسى ھەققىدە بىر نەرسە دېيىش ئوڭاي ئەمەس. ئەمما «قۇرئان كەرىم» توققۇز يىلدىن كېيىن بولىدىغان بۇ ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىدىن ئېنىق خەۋەر بېرىپ: ﴿ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ﴾ دېدى. ئەگەر «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى بولماي مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توقۇپ چىققان سۆز بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىنى نەدىن بىلىدى؟ ئەگەر ئۇ تەخمىن قىلىپ شۇنداق دەپ قويغان بولسا، كېيىنچە بۇ خەۋەر ئۇنىڭ دېگىنىدەك چىقماي، ئۇنىڭ ئەكسىچە چىقىپ رىملىقلار ئىرانلىقلارنى يېڭەلمىگەن بولسا، كاپىرلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يالغانچى قىلىپ چىقىرىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. بۇ ۋاقىتتا بەزى مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانىدىن يېنىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» ئىسلامنىڭ ئاساسلىق دەستۇرى ۋە تا قىيامەتكىچە تىلاۋەت قىلىنىپ تۇرىدىغان بىر ئىلاھىي كىتاب تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ بەرگەن خەۋەرلىرى يالغان چىقىپ قالسا، دىنىنىڭ ئاساسى يىقىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئوبدان بىلەتتى. ئەگەر بۇ خەۋەرنى ئاللاھ تائالا ئۇزى بەرمىگەن بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قانداقمۇ بېرەلىسۇن؟ ئۇ غەيبنى بىلگەنمۇ؟ ياق! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەيبنى بىلمەيتتى، ئۆز خاھىشىدىنمۇ سۆزلىمەيتتى، پەقەت ئاللاھ تائالا دېيىشكە بۇيرۇغان سۆزلەرنىلا دەيتتى.

ئىشنىڭ يەنە بىر ياخشى تەرىپى شۇكى، رىملىقلار ئىرانلىقلار

[1] رۇم سۈرىسى: 1ـ5ـئايەتلەر.

ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان كۈنىنىڭ ئۆزىدە مۇسۇلمانلار بەدرى ئۇرۇشىدا مۇشرىكلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئىلگىرى بەرگەن: ﴿بۇ كۈندە مۆئمىنلەر ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ﴾ دېگەن خەۋىرىمۇ ئەمەلگە ئاشقان بولىدۇ.

ئىمام مۇسلىم ۋە ئىمام ئەھمەد ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇنۇگۈن بىزگە مەككىلىك كاپىرلارنىڭ كاتتىباشلىرىدىن بەدرى ئۇرۇشىدا ئۆلىدىغانلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئېيتىپ بەرگەن ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇش مەيدانىنىڭ قايسى يېرىدە ئۆلىدىغانلىقىنىمۇ ئېنىق قىلىپ سىزىپ كۆرسەتكەن. كېيىن ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مەزكۇر كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىزىپ كۆرسەتكەن جايلاردا ئۆلگەنلىكىنى كۆردۇق. ھەتتا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ‹مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ زات كاپىرلار ئۆلىدىغان جايلارنى سىزىشتا قىلچە خاتالاشمىغان› دېدى. مەزكۇر كاپىرلارنىڭ جەسەتلىرى بىر قۇدۇققا ئۈستى-ئۈستىگە تاشلاپ قويۇلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ جايغا كېلىپ، بۇ جەسەتلەرگە خىتاب قىلىپ: ‹يَا فُلَانَ بْنَ فُلَانٍ وَيَا فُلَانَ بْنَ فُلَانٍ هَلْ وَجَدْتُمْ مَا وَعَدَكُمُ اللّٰهُ وَرَسُولُهُ حَقًّا؟ فَإِنِّي قَدْ وَجَدْتُ مَا وَعَدَنِي اللّٰهُ حَقًّا› يەنى ‹ئى پالانىنىڭ ئوغلى پالانى! ئى پالانىنىڭ ئوغلى پالانى! ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى ئاگاھلاندۇرغان مەغلۇبىيەتنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلدىڭلارمۇ؟ ئەمما مەن شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ ماڭا قىلغان ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلدىم› دېدى. بۇ ۋاقىتتا ئۆمەر ‹يارەسۇلۇللاھ! سىلى ئۆلۈكلەرگە گەپ قىلىۋاتىلا، ئۇلار سۆزلىرىنى ئاڭلامدۇ؟› دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئۇلار سىلەردىن ياخشىراق ئاڭلايدۇ، ئەمما جاۋاب قايتۇرالمايدۇ› دېدى»[1]. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشنى ۋەھيى ئارقىلىق بىلمىسە نەدىن بىلىدۇ؟ ئاللاھ تائالا كاپىرلارغا شۇنداق ئەجەللىك رەددىيە بەرگەن ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى: ﴿ئۇنى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى سىرنى بىلىپ تۇرىدىغان ئاللاھ نازىل قىلدى﴾ دېيىشكە بۇيرۇلغان. ئاللاھ تائالا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى بارلىق سىرلارنى، كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارنى ئېنىق بىلگەنلىكتىن،

---

[1] «صحيح مسلم»، 4-توم، 2202-بەت،2873-ھەدىس، «مسند الإمام»، 1-توم 313-بەت، 182 - ھەدىس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق خەۋەر بەرگەن ۋە بۇ خەۋەرلەر شۇ بويىچە ئەمەلگە ئاشقان. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقىنى ۋە «قۇرئان كەرىم »نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن قانداقمۇ يالغاننى توقۇسۇن؟ ھالبۇكى ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿وَلَوۡ تَقَوَّلَ عَلَيۡنَا بَعۡضَ ٱلۡأَقَاوِيلِ ﴿٤٤﴾ لَأَخَذۡنَا مِنۡهُ بِٱلۡيَمِينِ ﴿٤٥﴾ ثُمَّ لَقَطَعۡنَا مِنۡهُ ٱلۡوَتِينَ﴾ يەنى ﴿ئەگەر ئۇ (مۇھەممەد) بىزنىڭ نامىمىزدىن ئازغىنا سۆزنى بولسىمۇ يالغاندىن توقۇغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنى شىددەت بىلەن جازالايتتۇق﴾ [1] دېگەن سۆزنى بىلىدۇ ئەمەسمۇ؟!

كاپىرلار «قۇرئان كەرىم»گە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تۆھمەت قىلىپ، بۇ تۆھمەتلىرىنى ئاقتۇرالمىغاندىن كېيىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى ھەققىدە يېتىنە قوزغاشنى پىلانلاپ، كىشىلەر ئارىسىدا «پەيغەمبەر دېگەن نورمال ئىنساندەك بولماسلىقى كېرەك ئەمەسمىدى؟» دېگەن سەپسەتىنى كۆتۈرۈپ چىقىشتى. ئاندىن «بىزگە ئوخشاش تاماق يەيدىغان، بازارلارنى ئايلىنىپ يۈرىدىغان قانداق پەيغەمبەر بۇ؟ يا ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېلان قىلىپ ئاسماندىن بىرەر پەرىشتە چۈشمىگەن تۇرسا؟ ياكى ئۇنىڭغا چوڭ بايلىق بېرىلمىگەن تۇرسا؟ ۋەياكى ئۇنىڭ كاتتا بېغى بولمىسا؟ بىز ئۇنى قانداقمۇ پەيغەمبەر دەيمىز؟ يەنى بىزگە ئوخشاش ئىنساني ئېھتىياجى بولغان، تاماق يەيدىغان، سۇ ئىچىدىغان، ئۆيلىنىدىغان، بازارلارغا چىقىدىغان بىر ئادەم قانداقمۇ پەيغەمبەر بولسۇن؟» دېدى.

مۇشرىكلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىشتىكى باھانىلىرى تۆۋەندىكىلەر ئىدى:

- پەيغەمبەرنىڭ باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش تاماق يېيىشى،
- ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن بازارلارغا چىقىشى،
- ئاسماندىن بىر پەرىشتە چۈشۈپ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولمىغانلىقى،
- تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن خەزىنە ۋە بايلىق بېرىلمىگەنلىكى،
- باغ-ۋارانلىرى بولمىغانلىقى.

[1] ھاققە سۈرىسى: 44-46-ئايەتلەر.

مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەرگە مۇنداق ئۆلچەملەرنى قويۇشى ئۇلارنىڭ ئىنتايىن ئەقىلسىز، ئازغۇن ۋە ئەخمەق بىر قەۋم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشى ماددا بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان.

ھالبۇكى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: ﴿قُلْ إِنَّمَآ أَنَا۠ بَشَرٌ مِّثْلُكُمْ يُوحَىٰٓ إِلَىَّ أَنَّمَآ إِلَٰهُكُمْ إِلَٰهٌ وَٰحِدٌ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، مەن پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن. (شۇ ئېنىقكى) ماڭا: ‹سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر› دەپ ۋەھيى قىلىنىدۇ﴾[1] دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىنى بىلمەيدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: مەن ئىنسانلىقتا سىلەرگە ئوخشاشمەن، سىلەرگە ئوخشىمايدىغان تەرىپىم مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمدۇر، دېگەنلىكتۇر.

كاپىرلارنىڭ مەنتىقىسى پەقەتلا بىر - بىرىگە زىت بىر مەنتىقىدۇر. ئۇلار ئىنساندىن پەيغەمبەر چىقىشىنى قوبۇل قىلالمايدۇ-يۇ، ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان، سۆزلىمەيدىغان بۇتلارغا چوقۇنىدۇ.

ئەمدى ئۇلارنىڭ: ﴿ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇش ئۈچۈن، نېمىشقا ئۇنىڭغا بىرەر پەرىشتە چۈشۈرۈلمىدى؟﴾ دېگەن سۆزلىرىگە كەلسەك، بۇ ئۇلارنىڭ ئۈچىغا چىققان ئەخمەقلىقىنى ۋە ئەبگاللىقىنى ئاشكارىلىغان سۆزلەردۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۈچلەندۈرۈش، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالادىن يەتكۈزگەنلىرىنىڭ ھەق ۋە راست ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ چوڭ مۆجىزىسى «قۇرئان كەرىم»دۇر. بىر پەرىشتە چۈشۈپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشقا ھاجەت يوق ئىدى. پەرىشتە نازىل بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ چوقۇم ئادەم سۈرىتىدە چۈشەتتى. ئۇلار پەرىشتىنى ئادەم سۈرىتىدە كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ پەرىشتە ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيتتى. ھېچقانداق بىر پەيغەمبەرگە پەرىشتە ھەمراھ بولغان ئەمەس. چۈنكى، پەرىشتىنىڭ ۋەزىپىسى پەيغەمبەرگە ۋەھيىنى يەتكۈزۈپ بولۇپ قايتىشتۇر.

ئەمدى كاپىرلارنىڭ ﴿(نېمىشقا) ئۇنىڭغا بىرەر خەزىنە بېرىلمىدى؟ يا ئۇنىڭغا مېۋىلىرىنى يەيدىغان بىرەر باغ بېرىلمىدى؟﴾ دېگەن سۆزىگە كەلسەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرەر خەزىنىگە ياكى مېۋىلىك

---

[1] كەھف سۈرىسى: 110-ئايەت.

باغقا ئىگە بولمىغانلىقى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىشتۇر. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بايلارنىڭ ۋەكىلى ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىسىدۇر. خەزىنىسى بولۇش ياكى بېغى بولۇش پەيغەمبەرلىكنىڭ شەرتلىرىدىن ئەمەس. بەلكى پەيغەمبەرلىكنىڭ شەرتلىرى راستچىللىق، ئەقىل، پاراسەت، گۈزەل ئەخلاق قاتارلىق سۈپەتلەردۇر.

ئەرەب مۇشرىكلىرى ئىسلام دىنىغا دۈشمەنلىك قىلىپ قولىدىن كەلگەن يامانلىقلارنى ۋە ئەقلى يەتكەن تۆھمەتلەرنى قىلىپمۇ كىشىلەرنى بۇ دىندىن ياندۇرالمىغاندىن كېيىن، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى سېھىرلىنىپ ئەقلىدىن ئېزىپ قالغان بىر ئادەم دەپ سۈپەتلەشكە ئۆتتى.

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىپ دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! ئۇلارنىڭ ئەخمەقلىقىغا قارىمامسەن؟ ئۇلار سېنى ئىلگىرى «قۇرئاننى توقۇپ چىقتى»، «سېھىرگەر»، «مەجنۇن» دەپ تۆھمەت قىلىپ كەلگەن بولسا، ئەمدى، سېنى بىزگە ئوخشاش تاماق يەيدىغان، بازارلارغا بارىدىغان ئادەم، سېھىر قىلىنىپ ئەقلى يوقالغان ئادەم دېگەنگە ئوخشاش ئۆتتامى يوق سۆزلەر بىلەن سۈپەتلىمەكتە. بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنى سەندىن يىراقلاشتۇرۇش ۋە ھەق دىننىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈش غەرىزى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئەخمىقانە ئۇرۇنۇشلارنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئەمما ئۇلار بۇ رەزىل مەقسەتكە ھەرگىز يېتەلمەيدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دۈشمەن بولغۇچىلار قەدىمدىن تا ھازىرغىچە، ھەتتا تا قىيامەتكىچە مەۋجۇت. ئەمما ئۇلار بۇ دىنغا قەتئىي زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. چۈنكى، ئىسلام دىنىنى قوغداشنى ئاللاھ تائالا ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، بۈگۈنكىدەك مۇسۇلمانلار ئاجىزلاشقان زامانلاردىمۇ بۇ دىن كۈچلىنىپ كەلمەكتە.

2. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلغانلار، ئۇنى ئىنكار قىلغان ۋە سۈيىقەست بىلەن يوقاتماقچى بولغانلار ئەڭ ئىبرەتلىك مەغلۇبىيەتلەر بىلەن تۈگەشتى. ئارقىدا پەقەت ئۇلارنىڭ يامان ناملىرىلا قالدى. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ پىداكار ھەمراھ-لىرىنىڭ نام-شۆھرىتى مىليونلىغان مۇسۇلمان خەلقىنىڭ قەلبىدە نەقىش بولۇپ داۋاملاشماقتا. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا قارشى

چىققۇچىلار تا قىيامەتكىچە ھەرگىز مۇرادىغا يېتەلمەيدۇ. گەرچە مۇسۇلمانلار بىر زامان كۈچ-قۇدرىتىدىن ۋە سەلتەنىتىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قايتا قەد كۆتۈرۈشىدىن ئۈمىد چوڭدۇر.

3. ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ سۇيىقەستلىرى پەقەت ئۆزلىرىنى ۋەيران قىلىشقا يارايدۇ، ئەمما ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

## ◄ كاپىرلارغا رەددىيە ۋە ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈندىكى ئەھۋالى

﴿تَبَارَكَ ٱلَّذِىٓ إِن شَآءَ جَعَلَ لَكَ خَيْرًا مِّن ذَٰلِكَ جَنَّٰتٍ تَجْرِى مِن
تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ وَيَجْعَل لَّكَ قُصُورًۢا ﴿١٠﴾ بَلْ كَذَّبُوا۟ بِٱلسَّاعَةِ ۖ وَأَعْتَدْنَا
لِمَن كَذَّبَ بِٱلسَّاعَةِ سَعِيرًا ﴿١١﴾ إِذَا رَأَتْهُم مِّن مَّكَانٍۭ بَعِيدٍ سَمِعُوا۟
لَهَا تَغَيُّظًا وَزَفِيرًا ﴿١٢﴾ وَإِذَآ أُلْقُوا۟ مِنْهَا مَكَانًا ضَيِّقًا مُّقَرَّنِينَ دَعَوْا۟
هُنَالِكَ ثُبُورًا ﴿١٣﴾ لَّا تَدْعُوا۟ ٱلْيَوْمَ ثُبُورًا وَٰحِدًا وَٱدْعُوا۟ ثُبُورًا
كَثِيرًا ﴿١٤﴾ قُلْ أَذَٰلِكَ خَيْرٌ أَمْ جَنَّةُ ٱلْخُلْدِ ٱلَّتِى وُعِدَ ٱلْمُتَّقُونَ ۚ كَانَتْ
لَهُمْ جَزَآءً وَمَصِيرًا ﴿١٥﴾ لَّهُمْ فِيهَا مَا يَشَآءُونَ خَٰلِدِينَ ۚ كَانَ عَلَىٰ
رَبِّكَ وَعْدًا مَّسْـُٔولًا ﴿١٦﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

10-ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇركى، ئەگەر ئۇ خالىسا، ساڭا ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىدىنمۇ ياخشى، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان باغلارنى ۋە (چوڭ) سارايلارنى ئاتا قىلاتتى.

11-ئۇلار (سېنى ئەيىبلەپلا قالمىدى) بەلكى قىيامەتنى ئىنكار قىلدى، قىيامەتنى ئىنكار قىلغانلارغا بىز دوزاخنى تەييارلىدۇق.

12-دوزاخ ئۇلارنى يىراقتىن كۆرگەن چاغدا، ئۇلار دوزاخنىڭ غەزەپتىن قاينىغان ۋە شىددەت بىلەن گۈركىرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ.

13-ئۇلار زەنجىر بىلەن باغلىنىپ، دوزاخنىڭ تار يېرىگە تاشلانغان چاغدا، بۇ يەردە ئۇلار (ئۆزلىرىنىڭ) ئۆلۈمىنى تىلەيدۇ.

14ـ(ئۇلارغا) بۈگۈن سىلەر بىر ئۆلۈمنى ئەمەس، تالاي ئۆلۈملەرنى تىلەڭلار (دېيىلىدۇ).

15ـ(ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «شۇ (دوزاخ) ياخشىمۇ ياكى تەقۋا-دارلارغا ۋەدە قىلىنغان، كىرگەنلەر مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەت ياخشىمۇ؟» جەننەت تەقۋادارلارغا بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرقى بارار جايىدۇر.

16ـئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ تۇرۇش بىلەن بىللە خالىغان نېمەتلەردىن بەھ-ـرىمەن بولىدۇ. بۇ رەببىڭدىن (ئىشقا ئاشۇرۇش) تىلىنىدىغان ۋەدىدۇر.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئاسماننى تۈۋرۈكسىز بىنا قىلغان، زېمىننى ھايات كەچۈرۈشكە مۇناسىپ يارىتىپ، ئۇنى بىپايان قىلغان، ئىنساننى ئەڭ چىرايلىق سۈرەتتە يارىتىپ، ئۇنىڭغا سانسىزلىغان نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان تەڭداشسىز زاتتۇر. ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئەلچىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كاپىرلار تەلەپ قىلغان خەزىنىنى ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، نازۇنېمەتلىك، بۇك-باراقسانلىق باغلارنى، دۇنيا پادىشاھلىرىنىڭ قەسىرلىرىنى بېسىپ چۈشىدىغان ھەشەمەتلىك كاتتا سارايلارنى ئاتا قىلغان بولاتتى، چۈنكى، ئاللاھ تائالا بۇلارنى قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىر. يارىتىش، بار قىلىش ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ناھايىتى ئاسان بولۇپ، «بول!» دېگەن ئەمرى بىلەنلا ھەر نەرسىنى چاقماق تېزلىكىدە بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا بۇ ئۇلۇغ پەيغەمبەرنىڭ قانائەتتىن ئىبارەت كۆڭۈل بايلىقى ۋە ئىماننىڭ قۇۋۋىتى بىلەن ھايات كەچۈرۈشنى ئىرادە قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭغا ئاددىي-ساددا ياشاشنى سۆيدۈرگەن ۋە ئۇنى شۇنىڭغا قانائەت قىلدۇرغان ئىدى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆستىگە يۈكلەنگەن پەيغەمبەرلىكتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار ۋەزىپىنى ئورۇنداش يولىدا، دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنى ۋە بارلىق مەنپەئەتلىرىنى ئىنتايىن كىچىك سانايدىغان، ئالىي ھىممەتلىك، قانائەتلىك قىلىپ يېتىشتۈرگەن.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «مۇش-ـرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يوقسۇللۇقى سەۋەبلىك ئەيىبلىگەن ۋە ‹بىزدەك تاماق يەيدىغان ۋە بازارلاردا مېڭىپ يۈرىدىغان قانداق پەيغەمبەر بۇ؟› دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق بىئارام بولغان. شۇنىڭ بىلەن جىبرىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا

تەسەللى بېرىش ئۈچۈن يېنىغا كېلىپ، ﴿وَمَآ أَرۡسَلۡنَا قَبۡلَكَ مِنَ ٱلۡمُرۡسَلِينَ إِلَّآ إِنَّهُمۡ لَيَأۡكُلُونَ ٱلطَّعَامَ وَيَمۡشُونَ فِي ٱلۡأَسۡوَاقِۗ﴾ يەنى ﴿ئى پەيغەمبەر! بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەلۋەتتە تاماق يەيتتى، بازارلاردا مېڭىپ يۈرەتتى﴾[1] دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلغان ۋە ئۇنىڭغا: ›ئى پەيغەمبەر! مانا بۇ جەننەتكە مەسئۇل پەرىشتە رىزۋان بولىدۇ. بۇ سېنى رازى قىلىش ئۈچۈن كەلدى‹ دېگەن. ئاندىن رىزۋان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام بېرىپ، ئۆزىنى تونۇشتۇرغان، ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ سالىمىنى يەتكۈزگەن، ئاندىن قولىدا پارقىراپ تۇرغان بىر قۇتىنى كۆرسىتىپ، ›مانا بۇلار دۇنيا خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرىدۇر. ئەگەر خالىساڭ ساڭا سەندىن ئىلگىرى ھېچكىمگە بېرىلىپ باقمىغان، سەندىن كېيىنمۇ ھېچكىم ئېرىشەلمەيدىغان دەرىجىدە مال-دۇنيا ئاتا قىلىمىز. بۇ ئاخىرەتتە ئېرىشىدىغانلىرىڭغا نۇقسان يەتكۈزمەيدۇ. ئەگەر خالىساڭ، ساڭا ھەممىنى تويلاپ ئاخىرەتتە بىراقلا بېرىمىز‹ دېگەن. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ›ئى رىزۋان! مېنىڭ بۇلارغا ھاجىتىم يوق، يوقسۇللۇق ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈكتۇر، مەن سەۋرچان بەندە بولۇشنى خالايمەن‹ دېگەن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۇقىرىقى ئايەت نازىل بولغان»[2]. بۇنىڭغا ئاساسەن، دېيىمىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەدە قىلىنغان ئېسىل باغلار بىلەن ھەشەمەتلىك سارايلار ئاخىرەتتە بېرىلىدۇ.

﴿ئۇلار (سېنى ئەيىبلەپلا قالمىدى) بەلكى قىيامەتنى ئىنكار قىلدى﴾ يەنى كاپىرلارنىڭ ﴿مَالِ هَٰذَا ٱلرَّسُولِ يَأۡكُلُ ٱلطَّعَامَ وَيَمۡشِي فِي ٱلۡأَسۡوَاقِ لَوۡلَآ أُنزِلَ إِلَيۡهِ مَلَكٞ فَيَكُونَ مَعَهُۥ نَذِيرًا ۝٧ أَوۡ يُلۡقَىٰٓ إِلَيۡهِ كَنزٌ أَوۡ تَكُونُ لَهُۥ جَنَّةٞ يَأۡكُلُ مِنۡهَاۚ﴾ يەنى ﴿بۇ (بىزگە ئوخشاش) تاماق يەيدىغان، بازارلاردا مېڭىپ يۈرىدىغان قانداق پەيغەمبەر؟ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇش ئۈچۈن، نېمىشقا ئۇنىڭغا بىرەر پەرىشتە چۈشۈرۈلمىدى؟ يا ئۇنىڭغا بىرەر خەزىنە بېرىلمىدى؟ يا ئۇنىڭغا مېۋىلىرىنى يەيدىغان بىرەر باغ بېرىلمىدى؟﴾ [3] دېگەن سۆزلىرى ناۋادا پەيغەمبەرگە ئۆزلىرى تەلەپ قىلغان نەرسىلەر بېرىلسە ئىمان ئېيتىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئاخىرەتنى ئىنكار قىلدى، ئۇلاردىكى بۇ ئىنكار

---

[1] فۇرقان سۈرىسى: 20-ئايەت.
[2] «أسباب النزول للواحدي» 174 -بەت.
[3] فۇرقان سۈرىسى: 7-8- ئايەت.

ئۇلارنى شۇنداق بىھۇدە سۆزلەرنى قىلىشقا ئىلىپ بارغان. شۇڭا ئۇلار ئىمان ئېيتماسلىق ئۈچۈن ھەر خىل باھانىلەرنى ئويدۇرۇپ چىققان. چۈنكى، ئۇلار ئىمان ئېيتىشنى خالىمايدۇ، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇقىنى داۋاملاشتۇرۇشنى ۋە باتىل ئەقىدىسى بويىچە ياشاشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ. بۇ ئايەت يەنە مەزكۇر كاپىرلارنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، غەيبكە ۋە ئاخىرەت ھاياتىغا ئىشەنمەيدىغان ئادەمدە ئاللاھ تائالاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىش ئۈچۈن ئىزدىنىش دەيدىغان نەرسە بولمايدۇ. نەتىجىدە ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى قىزىتىلغان ئوتتىن ئىبارەت بولغان دوزاختۇر.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «دوزاخ كاپىرلار ئۈچۈن ئىنتايىن تارىيىپ كېتىدۇ. ئەمما جەننەت مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئاسمان-زېمىندەك كېڭىيىدۇ. دوزاخ ئەھلى تارچىلىقتا قىينالغانلىقىنىڭ ئۈستىگە زەنجىر-كىشەنلەر بىلەن باغلانغان ھالدا، ئوتقا يۈزى بىلەن ئۆمىلەپ بارىدۇ. ئۇلار شۇ ھالەتتە ئوتقا تاشلانغاندا، ئازابنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئۆلۈپلا قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيدۇ. ئەمما دوزاختا ئۆلۈم يوقتۇر. شۇڭا ئۇلارغا دېيىلىدۇكى، ‹سىلەر بىرلا ئۆلۈمنى ئەمەس، بەلكى تالاي ئۆلۈملەرنى تىلەيسىلەر. چۈنكى، ئازابنىڭ ھەربىر تۈرىنى تېتىغىنىڭلاردا بىر ئۆلۈمنى تىلەيسىلەر، شۇنىڭ بىلەن، سىلەر ھەسرەتتىن قولۇڭلارنى چىشلەپ ئازاب چېكىسىلەر›»[1].

چۈنكى، دوزاخ ئەھلىنىڭ تېرىسى كۆيۈپ بولۇشىغا، ئۇنىڭ تېرىسى قايتىدىن يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئازابنى ئۈزۈلمەستىن تېتىپ تۇرۇشى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، سېزىم تېرىدە بولۇپ، تېرە كۆيۈپ بولسا ئازاب ھېس قىلىنمايدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئازابنى ئۈزمەستىن تېتىتىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تېرىلىرىنى يېڭىلاپ تۇرىدۇ.

ئاللاھ تائالا دوزاخنىڭ ئازابىنى ۋە دوزاخ ئەھلىنىڭ پەريادلىرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارغا: «دوزاخ ياخشىمىكەن ياكى جەننەتمۇ؟» دېيىشكە بۇيرۇيدۇ. بۇ دوزاخ ئەھلىنىڭ ھەسرەت-نادامىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈندۇر.

ئاخىردا، ئاللاھ تائالا تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان ئېسىل جەننەتلەرنى تەرىپلەپ، بۇ جەننەتلەردە كۆڭۈل تارتىدىغان ھەممە نەرسىنىڭ بارلىقىنى،

[1] «التفسير الواضح» 2-توم 713-بەت.

جەننەت ئەھلىنىڭ مەڭگۈلۈك شۇنداق نېمەتلىنىدىغانلىقىنى، بۇ نېمەتلەرگە جەننەت ئەھلى ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى بىلەن ئېرىشىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كاپىرلارنىڭ كۇفرىلىقى، زالىملارنىڭ زۇلمى ۋە بۇزغۇنچىلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ئۇلارنىڭ ئاخىرەتكە ئىشەنمىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمانى بار كىشىلەر كۇفرىلىقتىن، زۇلۇمدىن ۋە بۇزغۇنچىلىقتىن ئەلۋەتتە قورقىدۇ ۋە يىراق تۇرىدۇ.

2. ئاخىرەت ھاياتىغا ئىشەنمىگەنلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى ھەسرەت-نادامەتلىرىنىڭ ۋە پۇشايمانلىرىنىڭ قىلچە پايدىسى بولمايدۇ.

3. ئىمان بىلەن تەقۋالىق نىجاتلىقنىڭ ئاساسلىق ئامىلىدۇر. جانابى ئاللاھ تائالا بىزنى شۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلغاي، ئامىن.

### ◄ قىيامەتنىڭ بەزى كۆرۈنۈشلىرى

﴿وَيَوْمَ يَحْشُرُهُمْ وَمَا يَعْبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ فَيَقُولُ ءَأَنتُمْ أَضْلَلْتُمْ
عِبَادِى هَٰٓؤُلَآءِ أَمْ هُمْ ضَلُّوا۟ ٱلسَّبِيلَ ﴿١٧﴾ قَالُوا۟ سُبْحَٰنَكَ مَا كَانَ
يَنۢبَغِى لَنَآ أَن نَّتَّخِذَ مِن دُونِكَ مِنْ أَوْلِيَآءَ وَلَٰكِن مَّتَّعْتَهُمْ
وَءَابَآءَهُمْ حَتَّىٰ نَسُوا۟ ٱلذِّكْرَ وَكَانُوا۟ قَوْمًۢا بُورًا ﴿١٨﴾ فَقَدْ كَذَّبُوكُم
بِمَا تَقُولُونَ فَمَا تَسْتَطِيعُونَ صَرْفًا وَلَا نَصْرًا ۚ وَمَن يَظْلِم مِّنكُمْ
نُذِقْهُ عَذَابًا كَبِيرًا ﴿١٩﴾ وَمَآ أَرْسَلْنَا قَبْلَكَ مِنَ ٱلْمُرْسَلِينَ إِلَّآ
إِنَّهُمْ لَيَأْكُلُونَ ٱلطَّعَامَ وَيَمْشُونَ فِى ٱلْأَسْوَاقِ ۗ وَجَعَلْنَا بَعْضَكُمْ
لِبَعْضٍ فِتْنَةً أَتَصْبِرُونَ ۗ وَكَانَ رَبُّكَ بَصِيرًا ﴿٢٠﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

17ـ ئاللاھ شۇ كۈندە ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان مەبۇد-

لىرىنى يىغىدۇ، ئاندىن ئۇلارغا: «مېنىڭ بۇ بەندىلىرىمنى سىلەر ئازدۇردۇڭلارمۇ؟ ياكى توغرا يولدىن ئۇلار ئۆزلىرى ئازدىمۇ؟» دەيدۇ.

18ـ ئۇ مەبۇدلار (زۇۋانغا كېلىپ) ئېيتىدۇ: «ئى رەببىمىز! سەن پاكتۇرسەن، سېنى قويۇپ باشقىلارنى مەدەتكار تۇتۇش بىزگە لايىق ئەمەس، لېكىن سەن ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنى شۇ قەدەر نېمەتكە چۆمدۈردۈڭكى، ئۇلار سېنى ياد ئېتىشنى ئۇنتۇدى. ئۇلار هالاك بولغۇچى قەۋم بولدى».

19ـ (چوقۇنغۇچىلارغا دېيىلىدۇكى) «سىلەر چوقۇنغان مەبۇدلار سىلەرنىڭ سۆزۈڭلارنى ئىنكار قىلدى، ئەمدى سىلەر ئۆزۈڭلاردىن ئازابنى توسۇپ قالالمايسىلەر ۋە ياردەمگىمۇ ئېرىشەلمەيسىلەر، سىلەردىن كىمكى (كۇفرىلىق قىلىپ ئۆزىگە) زۇلۇم قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بىز چوڭ ئازابنى تېتىتىمىز».

20ـ (ئى پەيغەمبەر!) بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەلۋەتتە تاماق يەيتتى، بازارلاردا مېڭىپ يۈرەتتى. (ئى ئىنسانلار!) بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىنىدۇق. (بۇ سىناققا) بەرداشلىق بېرەلەمسىلەر؟ رەببىڭ ئەزەلدىن (ھەممىنى) ئېنىق كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە، قىيامەتنىڭ بەزى كۆرۈنۈشلىرىنى بايان قىلغان بولۇپ، بۇنىڭدا ھەقىقىي مەبۇد ئاللاھ تائالانى قويۇپ، ھەر خىل ساختا مەبۇدلارغا چوقۇنغۇچىلار بىلەن ئۇلارنىڭ ساختا مەبۇدلىرى ئوتتۇرىسىدىكى جەڭگى-جېدەللەر تەسۋىرلەنگەن. ئاللاھ تائالا بۇ بايان ئارقىلىق ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنغۇچىلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ھەسرەت-نادامىتىدىن، بۇ دۇنيادىكى قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىدىن خەۋەر بەرگەن.

ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدە، كاپىرلارنى ۋە ئۇلار چوقۇنغان بارلىق ساختا مەبۇدلارنى بىر يەرگە يىغىدۇ. ئاندىن بۇ دۇنيادا ئازغۇن بەندىلەر تەرىپىدىن چوقۇنۇلغان بۇ مەبۇدلارغا شۇنداق بىر سوئالنى قويىدۇ: دۇنيادا سىلەرگە چوقۇنغان بەندىلىرىمنى سىلەر ئازدۇردۇڭلارمۇ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ئېزىپ شۇنداق قىلىشنى تاللىۋالدىمۇ؟

ئاللاھ تائالانىڭ ساختا مەبۇدلاردىن يۇقىرىقى سوئالنى سورىشى راستتىنلا ئۇلارنىڭ بەندىلەرنى ئازدۇرۇپ ئۆزلىرىگە چوقۇندۇرغان ياكى ئۇلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن چوقۇنغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى چوقۇنغۇچىلارغا كايىش ۋە ئۇلارنىڭ گۇناھىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش

ئۇچۇندۇر. ئىستىلىستىكا ئالىملىرى بۇنداق سوئاللارنى «كايىش» تەرىقىسىدىكى سوئال دەپ ئاتايدۇ. بۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ گۈزەل ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇنداق سوئاللار باشقا ئايەتلەردىمۇ كەلگەن. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا قويغان﴿ءَأَنتَ قُلۡتَ لِلنَّاسِ ٱتَّخِذُونِي وَأُمِّيَ إِلَٰهَيۡنِ مِن دُونِ ٱللَّهِۖ﴾ يەنى ﴿ئى مەريەم ئوغلى ئىيسا! سەن كىشىلەرگە «ئاللاھنى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار» دېگەنمىدىڭ؟﴾[1] دېگەن سوئالمۇ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھ دېگۈچىلەرگە كايىش ۋە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن قويۇلغان سوئالدۇر.

بۇ ساختا مەبۇدلارنىڭ ھەممىسىنىڭ جاۋابى: «ئى رەببىمىز! بىز سېنى بارچە كەمچىلىكلەردىن ئەلۋەتتە پاك دەپ ئېتىقاد قىلىش بىلەن بىرگە شۇنى ئىقرار قىلىمىزكى، بىز سېنىڭ ياردىمىڭگە موھتاج بولغان ئاجىز مەخلۇقمىز، بىز سېنى قويۇپ ساختا مەبۇدلارغا چوقۇنۇشنى ئۆزىمىزگە راۋا كۆرمىگەن تۇرساق، قانداقمۇ باشقىلارنى ئۆزىمىزگە چوقۇندۇرۇشقا جۈرئەت قىلالايمىز؟ بىز ھېچكىمنى سەندىن يۈز ئۆرۈپ بىزگە چوقۇنۇشقا ئۈندىگەن ئەمەسمىز، بۇنداق قىلىش بىزنىڭ ھەددىمىز ئەمەس، ئى ئۇلۇغ رەببىمىز! ساڭا تۆۋەنچىلىك بىلەن شۇنى ئىزھار قىلىمىزكى، بەندىلىرىڭنىڭ سېنى تاشلاپ بىزگە ئوخشاش ئاجىز مەخلۇقاتنى مەبۇد قىلىۋېلىشىدىكى سەۋەب سەن ئۇلارنى ۋە ئاتا-بوۋىلىرىنى دۇنيا نېمەتلىرىدىن قانغۇچە بەھرىمەن قىلدىڭ، بايلىق بەردىڭ، كۈچ-قۇۋۋەت بەردىڭ، ئابرۇي-شۆھرەت ئاتا قىلدىڭ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ نېمەتلەر بىلەن مەغرۇرلىنىپ سېنى ئۇنتۇپ كەتتى، شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىگە ھالاكەت يولىنى تاللىۋالدى، ئۇلاردىن زادى ياخشىلىق كۈتۈلمەيتتى» دېيىشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

ئاندىن چوقۇنغۇچىلارغا دېيىلىدۇكى، ئەي كاپىرلار! سىلەر دۇنيادا ئاللاھقا يېقىن بولۇشقا ۋاستە قىلىمىز، دەپ چوقۇنغان مەبۇدلىرىڭلار سىلەرنى ئىنكار قىلىۋاتىدۇ، سىلەرنىڭ سۆزلىرىڭلارنى يالغانغا چىقىرىۋاتىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئىلاھلىرىمىز دەۋالغانلىقىڭلارنى رەت قىلىۋاتىدۇ، چۈنكى، ئۇلار ئىلاھ ئەمەس ئىدى ۋە ھېچقاچان ئىلاھلىق دەۋاسى قىلمىغان ئىدى، پەقەت سىلەر ئۆزۈڭلار ئۇلارنى يالغاندىن ئىلاھ قىلىۋالغان ئىدىڭلار. ئەمدى سىلەر قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنى چېكىسىلەر. بۈگۈن سىلەرنى بۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان ياكى سىلەرگە

---

[1] مائىدە سۈرىسى: 116-ئايەت.

شاپائەت قىلىپ ئازابىڭلارنى يېنىكلىتىدىغان ھېچقانداق يارەمچىڭلار ياكى مەدەتكارىڭلار يوقتۇر. سىلەر چوقۇنغان ئىلاھلىرىڭلار ئاللىبۇرۇن سىلەردىن يىراقلىشىپ بولدى. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى كۇفرىلىقتىن باشقا يەنە كۆپلىگەن گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى سادىر قىلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان كاپىرلار، زالىملار، كىشىلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلغانلار ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىلىقىنىڭ جازاسى بىلەن قوشۇپ بۇ گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنىمۇ تولۇق تارتىدۇ.

## ◄ زۇلۇم

«الظلم» (زۇلۇم) دېگەن سۆزنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى: بىر نەرسىنى ئۆز جايىدا قويماسلىق دېگەنلىك بولۇپ[1]، ئاتالغۇ مەنىسى: ھەقىقەتتىن باتىلغا ئۆتۈپ كېتىش، ناھەقچىلىك قىلىش دېگەنلىكتۇر[2]. زۇلۇم ئادالەتنىڭ ئەكسى بولۇپ، باشقىلارغا ئۇزۇل قىلىش، ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئېلىۋېلىش، يولسىزلىق قىلىش دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ زۇلۇم دەپ ئاتىلىشىمۇ بۇ سەۋەبتىندۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرگەن ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارىتا يولسىزلىق قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ يەككە-يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىنىشى ۋە ئىبادەتنىڭ ئۆزىگىلا قىلىنىشى ئۇنىڭ ھەققى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىلاھلىقىغا باشقىلارنى شېرىك قىلىپ قوشۇۋالغان ۋە ئىبادەتنى ئۇنىڭدىن باشقىسىغا قىلغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغان ۋە ئۇنىڭغا قارىتا ھەقسىزلىق قىلغان بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ھەققىگە قارىتا ھەقسىزلىق قىلىنىشىنى ياقتۇرمىغاندەك بەندىلىرى ئۆچۈنمۇ يولسىزلىق قىلىنىشىنى ياقتۇرمايدۇ. چۈنكى، ئۇ بەندىلىرىنىڭ زۇلۇمغا ۋە ھەقسىزلىققا ئۇچرىماي، ھەركىمنىڭ ئۆزىنىڭ ھەققىگە ئۆزى ئىگە بولۇپ ھايات كەچۈرۈشىنى خالايدۇ.

ئايەتتىكى زۇلۇم كۇفرىلىق، شېرىك ۋە گۇناھ-مەئسىيەتكە ئوخشاش ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارىتا سادىر قىلىنغان قىلمىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندەك، تۆھمەت، ئوغرىلىق، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق،

---

[1] «النهاية» 3- توم، 161- بەت، «القاموس المحيط» 1134- بەت، «المصباح المنير» 146- بەت.

[2] «التعريفات للجرجاني» 186- بەت.

بۇلاڭچىلىق، غەيۋەت قاتارلىق ئىنسانلارغا قارىتا سادىر قىلىنغان يامانلىقلارنى ۋە قىلمىشلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارىتا يولسىزلىق قىلغان، ئىنسانلارغا زۇلۇم قىلغان ئادەم ماھىيەتتە ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. ئۇ بارلىق قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى يالغۇز ئۆزى تارتىدۇ. ئاللاھ تائالا مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن، ياكى كاپىر بولسۇن، ھېچقانداق بەندىسىنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىشىنى ياقتۇرمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئىنسانىنى ھۆرمەتلىك قىلىپ ياراتتى، كائىناتتىكى ھەممە مەۋجۇداتنى ئۇنىڭ خىزمىتىگە بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئاللاھ تائالا يەنە ئىنسانىنىڭ ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلىشىنىمۇ ياقتۇرمايدۇ ۋە بۇنى مەنئى قىلىدۇ. شۇڭا ئىنسانىنى ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغانلىقى سەۋەبلىك جازالايدۇ. ئىنسانىنى ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغانلىقى سەۋەبلىك جازالىغان ئاللاھ تائالا نېمىدېگەن مېھرىبان، نېمىدېگەن كۆيۈمچان زات-ھە!

﴿(ئى پەيغەمبەر!) بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەلۋەتتە تاماق يەيتتى، بازارلاردا مېڭىپ يۈرەتتى﴾. بۇ ئايەت مۇشرىكلارنىڭ: ﴿(بىزگە ئوخشاش) تاماق يەيدىغان، بازارلاردا مېڭىپ يۈرىدىغان بۇ قانداق پەيغەمبەر؟﴾ دېگەن سەپسەتىسىگە بېرىلگەن رەددىيە بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەت ئارقىلىق ھەرقانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ يەپ ئىچىدىغان، ئۇخلاپ دەم ئالىدىغان ۋە ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداش ئۈچۈن بازارلارغا چىقىدىغان، ياشاش ئۈچۈن تىرىكچىلىك قىلىدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى، ھالال رىزىق ھاسىل قىلىش يولىدا توغرا يوسۇندا ئىشلەشنىڭ شەرەپلىك ۋە قىممەتلىك ئەمەل ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئىشلەش بىلەن ئەمگەك ھەرگىزمۇ كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى تۆۋەنلەتمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ شان-شەۋكىتىنى كۆتۈرىدۇ، ئەمما هارامتاماقلىق ئىنسانىي ھۆرمەتكە ياراشمايدىغان قىلىقتۇر.

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن سىنايدۇ. مەسىلەن: مۆئمىن ئادەمنى كاپىر ئادەم بىلەن، ساق ئادەمنى كېسەل ئادەم بىلەن، باينى يوقسۇل بىلەن سىنايدۇ. مۆئمىننىڭ كاپىر ئادەمنى ئىمانغا دەۋەت قىلىش ۋە ھېچبولمىغاندا مۇسۇلمانلاردىكى گۈزەل ئەخلاقلارنى ۋە ئېسىل پەزىلەتلەرنى نامايان قىلىپ ئۇنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا ۋەسىلە بولۇش، باينىڭ يوقسۇلنى يۆلەش، ساقنىڭ كېسەلنىڭ

ھالىغا يېتىش ۋەزىپىسى بار. شۇنداقلا يوقسۇلمۇ باي ئارقىلىق سىنىلىدۇ. يەنى يوقسۇلنىڭ بايغا ھەسەت قىلماسلىق، ئۇنىڭ پۇل-مېلىنى ئوغرىلىماسلىق ۋە ئۇنى بايلىقى سەۋەبلىك يامان كۆرمەسلىك ۋەزىپىسى بار.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلەر مەككىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى كاتتىباشلىرى بولغان كاپىر ئەرەبلەر بىلەن سىنالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى چىققانلار ئاساسەن، بايلار ۋە مەنسەپدارلار تەبىقىسىدىن بولغان. بارلىق پەيغەمبەرلەرگە قارشى چىققانلارنىڭ تولىسى شۇنداق يۇقىرى تەبىقىگە تەۋە كىشىلەردىن ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى ئىنسانلارنى شۇنداق سىناشنى تەقەززا قىلغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدە ئىسلام دەۋىتىنى باشلىغاندا، مەككىلىك كاتتىباشلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆزگە ئىلماي: «ئاللاھ پەيغەمبەر قىلىشقا ئەبۇ تالىبنىڭ يېتىمىدىن باشقا ئادەم تاپالماپتىمۇ؟»[1] دېيىشكەن. يەنە ئۇلار: ﴿لَوۡلَا نُزِّلَ هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانُ عَلَىٰ رَجُلٍ مِّنَ ٱلۡقَرۡيَتَيۡنِ عَظِيمٍ﴾ يەنى ﴿بۇ قۇرئان نېمىشقا (مەككە ۋە تائىف) ئىككى شەھەر ئەھلىدىن كاتتا بىر ئادەمگە نازىل قىلىنمىدى؟﴾ [2] دېيىشكەن.

﴿(ئى ئىنسانلار!) بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىنىدۇق. (بۇ سىناققا) بەرداشلىق بېرەلەمسىلەر؟﴾ دېگەن ئايەت مەككىنىڭ كاتتىباشلىرىدىن ئەبۇ جەھل، ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە، ئاس ئىبنى ۋائىل قاتارلىقلار ھاسابىلەردىن ئەبۇ زەر، ئىبنى مەسئۇد، ئەممار، بىلال، سۇھەيب، سالىم قاتارلىق يوقسۇل كىشىلەرنى كۆرۈپ، ئۇلارنى تۆۋەن كۆرگەنلىكتىن «بىز مۇسۇلمان بولۇپ ئاشۇلارغا ئوخشاش بولامدۇق؟» دېيىشكەندە نازىل بولغان[3]. ئاللاھ تائالا گويا مەككىنىڭ كاپىرلىرىغا: «مۇشۇنداق پېقىرلىقتا، ئاجىزلىقتا چىدىساڭلار ئىمان ئېيتىڭلار» دېگەندەك، ئۇلارنى يوقسۇل ساھابىلەرنىڭ ئەھۋالى ئارقىلىق سىنىغان، ئەينى ۋاقىتتا كاپىرلارنى باياشاتلىقتا ياشىتىش، مۇسۇلمانلارنى ۋاقىتلىق يوقسۇللۇقتا ۋە ئاجىزلىقتا قالدۇرۇش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى سىنىغان. مۇسۇلمانلار قاتتىقچىلىقلارغا ۋە شەپقەتسىز يوقسۇللۇقنىڭ دەردىگە بەرداشلىق بېرىپ، ئەقىدىسىدە قىلچە تەۋرەنمەي ئۆزلىرىنىڭ ئىمانىنى ۋە ھەقىقىي

[1] «تفسير البيضاوي» 3-توم 104 - بەت
[2] زۇخرۇف سۈرىسى: 31-ئايەت.
[3] «تفسير البغوي» 6-توم، 77-78-بەت.

سەۋرچانلىقنى ئىسپاتلىغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھالىنى ياخشىلىغان ۋە بايلىقتا، كۈچ-قۇۋۋەتتە ئۇلارنى باشقىلاردىن ئۈستۈن قىلغان. مۆئمىنلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتى ھەقىقەتەن كاتتا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدە مۆئمىنلەر توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنِّي جَزَيۡتُهُمُ ٱلۡيَوۡمَ بِمَا صَبَرُوٓاْ أَنَّهُمۡ هُمُ ٱلۡفَآئِزُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار سەۋر قىلغانلىقى ئۈچۈن، مەن بۈگۈن ئۇلارنى مۇكاپاتلىدىم. شەكسىزكى، ئۇلار مەقسەتكە يەتكۈچىلەردۇر﴾[1] يەنى ئى مۇشرىكلار! سىلەر دۇنيادىكى ۋاقتىڭلاردا كۆزگە ئىلمىغان، نامراتلىقى سەۋەبلىك مەسخىرە قىلغان ئاشۇ مۆئمىنلەر سىلەرنىڭ جەۋر-زۇلۇملىرىڭلارغا سەۋر قىلغانلىقى، ماڭا تائەت-ئىبادەت قىلىشتا چىڭ تۇرغانلىقى ۋە مېنىڭ يولۇمدا ئىزچىل مېڭىشتا چىدامچانلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۈگۈن مەن ئۇلارنى مۇكاپاتلىدىم. ئۇلار بۈگۈن جەننەتكە كىرىش ئارقىلىق مۇرادىغا يەتكۈچىلەردۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** قىيامەت كۈنىدە كۇفرى ۋە زالالەتنىڭ باشلامچىلىرى بىلەن ئەگەشكۈچىلىرى بىر-بىرىدىن نەپرەتلىنىدۇ. ئۇلار بىر-بىرىگە دۈشمەن بولۇشقان ھالدا دوزاخقا ھەيدىلىدۇ.

**2.** قىيامەت كۈنى گۇناھكارلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى ئاقلاشنىڭ كويىدا بولغانلىقتىن، ئۇلار ئۆز گۇناھلىرىنى باشقىلارغا ئارتىپ قويۇپ قۇتۇلغۇسى كېلىدۇ. ئەمما ئۇنداق قىلالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادالەت كۈنىدۇر.

**3.** ئازغۇن ئىنسانلار تەرىپىدىن چوقۇنۇلغان پەرىشتىلەر، پەيغەمبەرلەر، شۇنداقلا سالىھ بەندىلەر قىيامەت كۈنىدە ئۆزلىرىنى ئاقلايدۇ ۋە ئازغۇنلارنىڭ چوقۇنۇشلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە چوقۇنۇشقا چاقىرغان ئەمەس. پەقەت شەيتان ئۇلارغا باتىلنى چىرايلىق قىلىپ ھەقىقەتتەك كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى شۇنداق ئالداپ كەتكەن.

**4.** ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە رىزىقنىڭ كەڭلىكى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنئامىدۇر. ئەمما ئىنسانلار بۇ ئىككى نېمەتكە شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا تۇزكورلۇق قىلسا، بۇ ئىككى نېمەت ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتە بەختسىزلىكىگە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

---

[1] مۆئمىنۇن سۈرىسى: 111-ئايەت.

5. بۇ دۇنيانىڭ ئىمتىھان ۋە سىناق دۇنياسى ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقارمىغانلار ئاخىرقى ھېسابتا پايدا تاپىدۇ.

## ◄ كاپىرلارنىڭ بەزى يامانلىقلىرىنىڭ جازاسى

﴿ ۞ وَقَالَ ٱلَّذِينَ لَا يَرۡجُونَ لِقَآءَنَا لَوۡلَآ أُنزِلَ عَلَيۡنَا ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ أَوۡ
نَرَىٰ رَبَّنَاۗ لَقَدِ ٱسۡتَكۡبَرُواْ فِيٓ أَنفُسِهِمۡ وَعَتَوۡ عُتُوّٗا كَبِيرٗا ٢١ يَوۡمَ
يَرَوۡنَ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةَ لَا بُشۡرَىٰ يَوۡمَئِذٖ لِّلۡمُجۡرِمِينَ وَيَقُولُونَ حِجۡرٗا
مَّحۡجُورٗا ٢٢ وَقَدِمۡنَآ إِلَىٰ مَا عَمِلُواْ مِنۡ عَمَلٖ فَجَعَلۡنَٰهُ هَبَآءٗ مَّنثُورًا
٢٣ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَنَّةِ يَوۡمَئِذٍ خَيۡرٞ مُّسۡتَقَرّٗا وَأَحۡسَنُ مَقِيلٗا ٢٤ ﴾

### ◄ تەرجىمىسى

21- بىزنىڭ ئالدىمىزغا كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدىغانلار: «بىزگە نېمىشقا پەرىشتىلەر چۈشۈرۈلمەيدۇ ياكى نېمىشقا رەببىمىزنى كۆرمەيمىز؟» دېيىشتى. شۈبھىسىزكى ئۇلار ئۆزىنى تولىمۇ چوڭ ساناپ كەتتى ۋە بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى.

22- ئۇلار پەرىشتىلەرنى كۆرىدىغان (قىيامەت) كۈندە گۇناھكارلارغا خۇش خەۋەر بولمايدۇ، پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «(خۇش خەۋەر ئاڭلاش سىلەرگە) قەتئىي ھارامدۇر» دەيدۇ.

23- بىز ئۇلار قىلغان ھەربىر ئەمەلگە يۈزلىنىپ، ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز.

24- جەننەت ئەھلى ئۇ كۈندە ئەڭ ياخشى جايدا ۋە ئەڭ ياخشى ئارامگاھتا بولىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئۆزلىرىگە پەرىشتىلەرنىڭ چۈشۈشىنى ياكى ئاللاھ تائالانى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىش ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان، ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا چاقىرىلىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلارنىڭ ئەخمەقلىقى، گەدەنكەشلىكى ۋە ئۇچىغا چىققان مۇتەكەببىرلىكىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر. ئۆز ۋاقتىدا مۇشرىكلار ھەددىدىن

ئېشىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزلىرىگىمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەندەك پەرىشتە چۈشۈشىنى ياكى ئاللاھ تائالانى كۆرۈشنى شەرت قىلغان بولۇپ، ئۆزلىرىگە پەرىشتە چۈشۈپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقىغا ۋە ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولسا ياكى ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئاشكارا كۆرۈنسە، ئاندىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

كاپىرلارنىڭ قويغان تەلەپلىرى بۇلار بىلەنلا توختاپ قالمىغان، بەلكى ئۇلار بۇنىڭدىنمۇ كۆپ نەرسىلەرنى تەلەپ قىلغان. مەسىلەن: ﴿لَن نُّؤۡمِنَ حَتَّىٰ نُؤۡتَىٰ مِثۡلَ مَآ أُوتِيَ رُسُلُ ٱللَّهِۘ﴾ يەنى ﴿بىزگىمۇ ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىگە بېرىلگەندەك مۆجىزە بېرىلمىگۈچە (ئۇنىڭغا) ھەرگىز ئىشەنمەيمىز﴾[1]، ﴿لَن نُّؤۡمِنَ لَكَ حَتَّىٰ تَفۡجُرَ لَنَا مِنَ ٱلۡأَرۡضِ يَنۢبُوعًا﴾ يەنى ﴿تاكى سەن بىزگە يەر ئاستىدىن بىر بۇلاقنى ئېتىلدۇرۇپ چىقارمىغۇچە، بىز ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز﴾[2] دېگەنگە ئوخشاش.

ئەگەر ئۇلارغا تەلەپ قىلغان نەرسىلىرى بېرىلسە، ئۇلار راستتىنلا ئىمان ئېيتامدۇ؟ ياق! ئۇلار بەربىر ئىمان ئېيتمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىش نىيىتى يوق. ئۇلار پەقەت ھەقىقەت ئالدىدا يېڭىلگەندىن كېيىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا گەپ تېپىپ بېرەلمەي شۇنداق بىمەنە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىش نىيىتى بولسا ئىدى، ئۇلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن مۆجىزىلەر كۇپايە قىلاتتى. ئەسلىدە ھەقىقەتنى ئىزدىمەكچى بولغان ئادەم ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن «قۇرئان كەرىم» يېتەرلىك مۆجىزە ۋە جانلىق دەلىل-ئىسپات ئىدى. ئۇلار بۇ ئىككىسىدىن ھەقىقەتنى تاپالايتتى. ئەمما ئۇلار ھەقىقەتنى تېپىشنى، توغرا دىنغا ئېتىقاد قىلىشنى ئويلاپمۇ قويغان ئەمەس، پەقەتلا ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ساقلاپ قېلىشنىلا ئويلايتتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ياكى جەمئىيەتتىكى ئورنىغا خىزمەت قىلمايدىغان ياكى ئۇلارنى يولسىزلىقتىن چەكلەپ قويىدىغان ھەرقانداق ھەقىقەتكە ھېچ ئىككىلەنمەستىن قارشى چىقاتتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە مەككىلىك ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇشتەك خۇراپىي دىنىنى تىجارەت ئورنىدا قوللىناتتى، ئۇلار ھەرەمنىڭ خىزمىتىنى

---

[1] ئەنئام سۈرىسى: 124-ئايەت.
[2] ئىسرا سۈرىسى: 90-ئايەت.

پۇل تېپىشنىڭ كەسپلىرىگە ئايلاندۇرۇۋالغان بولۇپ، يىراقلاردىن كەئبىنى تاۋاپ قىلغىلى كەلگەنلەرگە خىزمەت قىلىش، ئاش-تائام ۋە سۇ سېتىش ئارقىلىق پۇل تاپاتتى. ئۇلار بىر تەرەپتىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن بۇ يېڭى دىنىنىڭ ئۇلارنىڭ تىجارىتىگە دەخلى-تەرۇز يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقسا، يەنە بىر تەرەپتىن خوجايىنلار بىلەن قۇللارنى باراۋەر قىلىپ قويۇپ ئوتتۇرىدىكى تەبىقە پەرقىنىڭ يوق بولۇپ قېلىشىدىن قورقاتتى. شۇڭا ئىسلام دىنىغا قارشى چىققانلارنىڭ كۆپرەكى بايلار، ئابرۇيلۇق كىشىلەر ۋە دىنىي مەنسەپدارلار ئىدى.

ئەمدى ئەسلى ماۋزۇغا قايتساق، كاپىرلار تەلەپ قىلغاندەك ئۇلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن پەرىشتە چۈشكەن تەقدىردىمۇ، پەرىشتە چوقۇم ئادەم سۈرىتىدە كەلگەن بولاتتى. ئۇلار پەرىشتىنى ئادەم سۈرىتىدە كۆرسە، ئۇنىڭ پەرىشتە ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي، «بۇ پەرىشتە ئەمەس، بەلكى ئادەمدۇر» دەپ تۇرۇۋالاتتى. ئەگەر پەرىشتە پەرىشتە سۈرىتىدە چۈشسە، ئۇلار قورقۇپ كېتىپ ئۇنىڭ يېنىغا يېقىن كېلەلمەيتتى، يېنىغا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ پەرىشتە بىلەن بىرەر چۈشەنچە ھاسىل قىلالمايتتى. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغانلىرىنى ئالدىنئالا بىلگەنگە ئوخشاش، ئىنسانلارغا كىملەرنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ، شۇڭا پەيغەمبەرلەرنى ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىن تاللاپ چىقارغان. چىقارغاندىمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە راستچىللىقى ۋە ئادىللىقى بىلەن تونۇلغان، ھۆرمەتكە سازاۋەر، گۈزەل ئەخلاقلىق، ئېسىل كىشىلەرنى چىقارغان. ﴿وَلَوۡ جَعَلۡنَٰهُ مَلَكٗا لَّجَعَلۡنَٰهُ رَجُلٗا وَلَلَبَسۡنَا عَلَيۡهِم مَّا يَلۡبِسُونَ﴾ يەنى ﴿بىز پەيغەمبەرنى پەرىشتىدىن قىلغان تەقدىردىمۇ، ئەلۋەتتە، ئۇنى ئىنسان شەكلىدە قىلاتتۇق، ئۇلارنى ھازىر چۈشكەن شۈبھىگە يەنە چۈشۈرەتتۇق﴾[1].

كاپىرلارغا ئۆزلىرى تەلەپ قىلغان بويىچە پەرىشتە كەلگەن تەقدىردە، ئەگەر ئۇلار پەرىشتىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئىمان ئېيتمىسا، ئۇلار چوقۇم ھالاك بولۇپ كېتەتتى. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىيىتى ئەزەلدىن شۇنداق بولۇپ كەلگەن. ﴿وَقَالُواْ لَوۡلَآ أُنزِلَ عَلَيۡهِ مَلَكٞۖ وَلَوۡ أَنزَلۡنَا مَلَكٗا لَّقُضِيَ ٱلۡأَمۡرُ ثُمَّ لَا يُنظَرُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار: «نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەدكە بىز كۆرەلەيدىغان) بىر پەرىشتە چۈشۈرۈلمىدى؟» دېدى، ئەگەر ئۇنىڭغا

[1] ئەنئام سۈرىسى: 9-ئايەت.

بىرەر پەرىشتە چۈشۈرگەن بولساق، ئەلۋەتتە (ئۇلارنى ھالاك قىلىش توغرۇلۇق) ھۆكۈم چىقىرىلغان بولاتتى، ئاندىن ئۇلارغا مۆھلەتمۇ بېرىلمەيتتى﴾[1]، يەنى ئۇلار تەلەپ قىلغان مۆجىزە كەلگەندە، ئۇلار يەنە ئىمان ئېيتمىسا، ئۇلار ھالاك بولۇپ تۈگىشەتتى.

كاپىرلار پەرىشتىلەرنى كۆرۈشكە شۇنچە قىزىقىۋاتامدۇ؟ پەرىشتىلەرنى كۆرۈشكە قىزىقىش ئۇلار ئۈچۈن ھەرگىزمۇ ياخشى ئەمەس، چۈنكى، ئۇلار پەرىشتىلەرنى كۆرسە، ئۆزلىرى ھالاك بولىدۇ. ئۇلار پەرىشتىلەرنى كۆرگەن چاغدا ھەسرەت-نادامەتتە قالىدۇ. ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالىدىغان پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ باشلىرىدا ھازىر بولغاندا ئۇلارغا ھەرگىز چىرايلىق سۆز قىلمايدۇ، ياخشى مۇئامىلە قىلمايدۇ. بەلكى ئۇلارنىڭ جېنىنى خۇددى پېتىر خېمىردىن قىل سۇغۇرغاندەك سۇغۇرۇپ ۋە قىيناپ ئالىدۇ، شۇ چاغدا پەرىشتىلەر ئۇلارغا ئۇلارنىڭ بارىدىغان يېرى دوزاخ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ. جان ئالغۇچى پەرىشتىلەر ئۇلارغا: ﴿أَخۡرِجُوٓاْ أَنفُسَكُمُۖ ٱلۡيَوۡمَ تُجۡزَوۡنَ عَذَابَ ٱلۡهُونِ بِمَا كُنتُمۡ تَقُولُونَ عَلَى ٱللَّهِ غَيۡرَ ٱلۡحَقِّ وَكُنتُمۡ عَنۡ ءَايَٰتِهِۦ تَسۡتَكۡبِرُونَ﴾ يەنى ﴿جېنىڭلارنى چىقىرىڭلار! سىلەر ئاللاھ توغرىسىدا ناتوغرا سۆزلەرنى قىلغانلىقىڭلار ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقىڭلار ئۈچۈن، بۈگۈن خارلىغۇچى ئازاب بىلەن جازالىنىسىلەر﴾[2] دەيدۇ. ئەمما بۇ پەرىشتىلەر مۇئمىنلەرنىڭ جېنىنى ئالغىلى كەلگەندە، ئۇلارغا ئىنتايىن ئىللىق مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۇلارنى ھەرگىز قورقۇتمايدۇ، ئۇلارغا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ. ﴿يُثَبِّتُ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِٱلۡقَوۡلِ ٱلثَّابِتِ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَفِي ٱلۡأٓخِرَةِۖ وَيُضِلُّ ٱللَّهُ ٱلظَّٰلِمِينَۚ وَيَفۡعَلُ ٱللَّهُ مَا يَشَآءُ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ مۇئمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ. ئاللاھ زالىملارنى ئازدۇرىدۇ، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ﴾[3]، دېمەك، پەرىشتىلەر مۇئمىنلەرگە سالام ۋە خۇش خەۋەر بېرىدۇ، كاپىرلارغا بولسا قاتتىق ئازابنىڭ خەۋىرىنى بېرىدۇ.

مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرمۇ مېھماننى ھۆرمەتلەش، يوقسۇللارنىڭ بېشىنى سىلاش، ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش دېگەندەك بەزى ئىنسانىي ياخشى ئىشلارنى قىلىدۇ. ئۇلار بۇ قىلغانلىرىنىڭ بەدىلىگە ئاخىرەتتە ساۋابقا ئېرىشەمدۇ؟ ياق! ئۇلار قىلغان ياخشى ئىشلىرىنىڭ

---

[1] ئەنئام سۈرىسى: 8-ئايەت.
[2] ئەنئام سۈرىسى: 93-ئايەت.
[3] ئىبراھىم سۈرىسى: 27-ئايەت.

مۇكاپاتىنى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ۋە خەلق تەرىپىدىن مۇشۇ دۇنيادىلا ئېلىپ بولىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتە مۇكاپاتتىن ھېچقانداق نېسىۋىسى بولمايدۇ. چۈنكى، ئاخىرەتتە مۇكاپاتقا ئېرىشىشنىڭ شەرتى ئىمان ئېيتىشتۇر. شۇڭا ئىمان ئېيتمىغانلار ئىنسانىيەت ئۈچۈن، ھەتتا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قانچىلىك چوڭ خىزمەتلەرنى قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار مۇكاپاتىنى مۇشۇ دۇنيادا چوقۇم كۆرىدۇ. مەسىلەن: ھەر خىل پەن-تېخنىكىلارنى ئىجاد قىلىش ئارقىلىق ئىنسانىيەت ئۈچۈن تۇرمۇشتا ئوڭايلىق يارىتىپ بەرگەن ئالىملار نام-نىشانىسىنىڭ مەڭگۈ قېلىشى، كىشىلەرنىڭ مەدھىيە ۋە ماختاشلىرىغا سازاۋەر بولۇشى، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئۇلارنىڭ نامىنى ياد ئېتىشى قاتارلىقلار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ بۇ ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ. چۈنكى، ئىنسان ئاللاھ تائالا ئۈچۈن قىلمىغان ئەمەلنىڭ مۇكاپاتىنى ئاللاھ تائالادىن ئالالمايدۇ، بەلكى كىم ئۈچۈن ئىشلىسە، ئۇنىڭ ئەجرىنىمۇ شۇ كىشىدىن ئالىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئەمەل قىلغانلار قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ئاللاھ تائالادىن ئالىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۈچۈن قىلىنمىغان ئىشقا ئاللاھ تائالادىن مۇكاپات كۈتۈلمەيدۇ. ئاخىرەتنىڭ بارلىق مۇكاپاتلىرى ۋە نېمەتلىرى ئاللاھ تائالانىڭدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا بۇ مۇكاپاتلارنى ۋە نېمەتلەرنى ئۆزىنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ ئەمەل قىلغان كىشىلەرگىلا بېرىدۇ.

قىلغان ئەمەللەر گەرچە دىنىمىزدا بۇيرۇلغان ئەمەللەر بولسىمۇ، ئىنسان ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئەمەس، باشقا مەقسەتلەر بىلەن قىلسا، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ تائالادىن ئالالمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۆزى ئۈچۈن قىلىنمىغان ئەمەلگە قانداقمۇ ئەجىر ياكى مۇكاپات بەرسۇن؟!

دۇنيادا مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەردىنمۇ ئىنسانىيەت ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ياخشى ئىشلارنى قىلغان ۋە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتقان كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ ئىمانى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئاخىرەتتىكى ئەجىر-مۇكاپاتلىرىدىن قۇرۇق قالىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا ھېچكىمنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ، مۇسۇلمانلار قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە كۆرسە، مۇسۇلمان ئەمەسلەر بۇ دۇنيادىلا كۆرىدۇ. شۇڭا ئۆزى مۇسۇلمان بولمىسىمۇ، ئىلىم-پەن ئۆگىنىپ ئىجادىيەتلەرنى يارىتىش ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىنى

ئۇنىڭ يالاشتۇرۇپ بەرگەن كىشىلەر مۇكاپاتىنى مۇشۇ دۇنيادا چوقۇم كۆرىدۇ. بەزى مىللەتلەر ئىنسانىيەت ئۈچۈن چوڭ خىزمەتلەرنى قىلغانلارنىڭ، ئىجادكارلارنىڭ ۋە كەشپىياتچىلارنىڭ ھەيكەللىرىنى تىكلەپ، ئۇلارنىڭ ناملىرىنى ياد ئېتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ دۇنيانىڭ مۇكاپاتلىرىدۇر.

شۇڭا كاپىرلارنىڭ ئىمان ئېيتماي تۇرۇپ قىلغان ياخشى ئىشلىرى (ياكى ئەمەلىيەتتە ياخشى ئىش بولمىسىمۇ ئۆزلىرى ياخشى ئىش قىلدۇق دەپ قىلغانلىرى) قىيامەت كۈنىدە يوققا چىقىدۇ ۋە ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ. ﴿بىز ئۇلار قىلغان ھەربىر ئەمەلگە يۈزلىنىپ، ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز﴾.

بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتمىدى. ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئېتىراپ قىلمىدى ۋە ئادا قىلمىدى. قىلغان ياخشى ئەمەللىرىدە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلىمىدى، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن ۋە نازىل قىلغان كىتابىدىن يۈز ئۆرۈدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى شۇنداق بولدى.

ئەمما ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ جىمى پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقان، شۇ ئىماننىڭ تۈرتكىسى بىلەن ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۆئمىنلەر ئاخىرەتتە ئېسىل جەننەتلەرنىڭ ئىگىلىرى بولۇپ، - كاپىرلار دوزاخ ئوتىدا كاۋاپ بولۇۋاتقان ۋاقىتلاردا، - ئۇلار ئەڭ ھۇزۇرلۇق، راھەتلىك، تولىمۇ ئېسىل ئارامگاھلاردا بولىدۇ. ﴿إِنَّ أَصۡحَٰبَ ٱلۡجَنَّةِ ٱلۡيَوۡمَ فِي شُغُلٖ فَٰكِهُونَ ٥٥ هُمۡ وَأَزۡوَٰجُهُمۡ فِي ظِلَٰلٍ عَلَى ٱلۡأَرَآئِكِ مُتَّكِـُٔونَ ٥٦ لَهُمۡ فِيهَا فَٰكِهَةٞ وَلَهُم مَّا يَدَّعُونَ ٥٧ سَلَٰمٞ قَوۡلٗا مِّن رَّبّٖ رَّحِيمٖ﴾ يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، جەننەت ئەھلى ئۇ كۈندە نېمەت ئىچىدە ھۇزۇر سۈرىدۇ. ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ جۈپلىرى سايىلەردە تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن جەننەتتە (تۈرلۈك) مېۋىلەر بار، ئۇلارغا كۆڭلى تارتقان نەرسىلەر بار. رەھىم-شەپقەتلىك رەببى تەرىپىدىن (ئۇلارغا) «سالام» دېيىلىدۇ﴾[1].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايدىغانلارنىڭ باھانىلىرى كۆپ بولىدۇ.

---

[1] ياسىن سۈرىسى: 55-58-ئايەتلەر.

2. سەكراتقا چۈشكەن ئادەم جان ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن پەرىشتىنى كۆرىدۇ[1].

3. ئىمانسىزلارغا ۋە گۇناھكار زالىملارغا ئاخىرەتتە ھېچقانداق خۇش خەۋەر ياكى خۇشاللىق بولمايدۇ.

4. ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن ئادەمنىڭ بارلىق ياخشى ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ.

### ◄ قىيامەتنىڭ بەزى كۆرۈنۈشلىرى

﴿وَيَوْمَ تَشَقَّقُ ٱلسَّمَآءُ بِٱلْغَمَٰمِ وَنُزِّلَ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ تَنزِيلًا ﴿٢٥﴾ ٱلْمُلْكُ يَوْمَئِذٍ ٱلْحَقُّ لِلرَّحْمَٰنِ ۚ وَكَانَ يَوْمًا عَلَى ٱلْكَٰفِرِينَ عَسِيرًا ﴿٢٦﴾ وَيَوْمَ يَعَضُّ ٱلظَّالِمُ عَلَىٰ يَدَيْهِ يَقُولُ يَٰلَيْتَنِى ٱتَّخَذْتُ مَعَ ٱلرَّسُولِ سَبِيلًا ﴿٢٧﴾ يَٰوَيْلَتَىٰ لَيْتَنِى لَمْ أَتَّخِذْ فُلَانًا خَلِيلًا ﴿٢٨﴾ لَّقَدْ أَضَلَّنِى عَنِ ٱلذِّكْرِ بَعْدَ إِذْ جَآءَنِى ۗ وَكَانَ ٱلشَّيْطَٰنُ لِلْإِنسَٰنِ خَذُولًا ﴿٢٩﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

25- شۇ كۈندە ئاسمان بۇلۇت بىلەن بىرلىكتە يېرىلىدۇ، پەرىشتىلەر ئارقىمۇ ئارقا چۈشۈرۈلىدۇ.

26- ئۇ كۈندە ھاكىمىيەت پۈتۈنلەي رەھمان ئاللاھقا خاستۇر، كاپىرلار ئۈچۈن ئۇ تولىمۇ قىيىن بىر كۈن بولىدۇ.

27-29- شۇ كۈنى زالىم (يەنى كاپىر ئىنسان) ئىككى قولىنى چىشلەپ: «ئىسىت! كاشكى، مەن پەيغەمبەر بىلەن (نىجاتلىق) يولىنى تۇتسامچۇ، ئىسىت! مەن پالانىنى دوست تۇتمىغان بولسامچۇ؟ قۇرئان ماڭا يەتكەندىن كېيىن، ئۇ ھەقىقەتەن مېنى قۇرئاندىن ئازدۇرۇۋەتكەن» دەيدۇ، شەيتان ئىنساننى ھەر دائىم (ئازدۇرۇپ بولۇپ) تاشلىۋېتىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئاسمان بۇلۇت بىلەن بىرلىكتە يېرىلىدىغان،

[1] «موقع الإسلام سؤال وجواب» 221938 - نومۇرلۇق پەتىۋا.

پەرىشتىلەر ئىنسانلارنىڭ نامە-ئەمەلى خاتىرىلەنگەن كىتابنى ئېلىپ ئارقىمۇئارقا چۈشىدىغان شۇ قىيامەت كۈننى ئۇنتۇمىغىنكى، ئۇ كۈندە مۇتلەق ھاكىمىيەت، ھەقىقىي پادىشاھلىق پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولىدۇ. ئۇ كۈندىكى ھېسابنى ئاللاھ تائالا ئۆزى ئالىدۇ. ئادالەت ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەمما كاپىرلار ئۈچۈن بۇ كۈن ئىنتايىن قىيىن بىر كۈن بولىدۇ. چۈنكى، بۇ كۈن ئىنسانلارنىڭ بارىدىغان جايى بەلگىلىنىدىغان، ياخشىلار مۇكاپاتىنى، يامانلار جازاسىنى ئېلىپ، ھەربىرى بەلگىلەنگەن قارارگاھىغا قاراپ يول ئالىدىغان ھەل قىلغۇچ كۈندۇر.

بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال كېلىشى مۇمكىن: ھەقىقىي پادىشاھلىق ۋە مۇتلەق ھاكىمىيەت بۇ دۇنيادىمۇ ۋە ئاخىرەتتىمۇ ئاللاھ تائالاغا خاس تۇرسا، ﴿مۇتلەق ھاكىمىيەت بۇ كۈندە رەھمان ئاللاھقا خاستۇر﴾ دېگەن ئايەت نېمىنى ئىپادىلەيدۇ؟ بىز دەيمىزكى، توغرا، ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ مۇتلەق ھاكىمىيەت ئىگىسىدۇر ۋە ھەقىقىي پادىشاھتۇر. ئەمما ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيادا بەزى بەندىلىرىگە ھاكىمىيەت بىلەن پادىشاھلىق ئاتا قىلغان بولۇپ، ئۇلار بۇ چەكلىك ھاكىمىيەت بىلەن چەكلىك پادىشاھلىققا ئىگىدۇر. شۇڭا ئۇلار بۇ دۇنيادا ئىنسانلارنى باشقۇرىدۇ. ئەمما ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچقانداق پادىشاھ بولمايدۇ، پۈتۈن ھاكىمىيەت ۋە ھەقىقىي پادىشاھلىق بىرلا ئاللاھ تائالاغا خاس بولۇپ، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىمدە قىلچە ھوقۇق ياكى مەنسەپ بولمايدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيادا ھاكىمىيەتنى ۋە پادىشاھلىقنى بەزى كىشىلەرگە ئاتا قىلىدۇ. ﴿قُلِ ٱللَّهُمَّ مَٰلِكَ ٱلۡمُلۡكِ تُؤۡتِي ٱلۡمُلۡكَ مَن تَشَآءُ وَتَنزِعُ ٱلۡمُلۡكَ مِمَّن تَشَآءُ وَتُعِزُّ مَن تَشَآءُ وَتُذِلُّ مَن تَشَآءُۖ بِيَدِكَ ٱلۡخَيۡرُۖ إِنَّكَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ﴾ يەنى ﴿ئېيتقىنكى «ئى پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ! سەن خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىۋالىسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن. ھەممە ياخشىلىق سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر. شەكسىزكى، سەن ھەممىگە قادىرسەن﴾ [1]. بۇ دۇنيادا بەزى ئىنسانلارغا ئاتا قىلىنغان سەلتەنەت، ھاكىمىيەت ۋە پادىشاھلىق ۋاقىتلىق بولىدۇ ۋە ئالمىشىپ تۇرىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولغان پادىشاھلىق،

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 26-ئايەت.

ھاكىمىيەت ۋە سەلتەنەت مەڭگۈلۈك ئالماشمايدىغان بولۇپ، دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ شۇنداق داۋام قىلىدۇ. بۇ دۇنيادىكى پادىشاھلىقلارنىڭ ھەممىسى قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولىدۇ. شۇڭا قىيامەت كۈنىنىڭ ھاكىمىيىتى ۋە پادىشاھلىقى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، دەيمىز.

قىيامەت كۈنىنىڭ كاپىرلار ئۈچۈن تولىمۇ قىيىن بىر كۈن بولىدىغانلىقى ئېنىقتۇر. چۈنكى، ئۇلار مۇنداق بىر كۈننىڭ بولىدىغانلىقىغا ۋە قىلمىشلىرىدىن بىر-بىرلەپ ھېساب ئېلىنىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى. شۇڭا ئۇلار مۇنداق بىر كۈننى كۈتمەيتتى، ئۇلاردا بۇ كۈن ئۈچۈن ھېچقانداق تەييارلىق يوق ئىدى. ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن پۈتۈنلەي يوق بولۇپ كېتىمىز دەپ ئويلايتتى. شۇڭا ئۇلار بۇ كۈندە ھەسرەت-نادامەتتىن قوللىرىنى چىشلەپ ئاھ ئۇرىدۇ، پەرياد قىلىدۇ، كىملەردىندۇ ياردەم سورىغۇسى كېلىدۇ، پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىغا ئەگەشمىگەنلىكىگە قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ، ئۆزلىرىنى ھەقىقەتتىن ئازدۇرۇۋەتكەن دوستلىرىغا غەزەپلىرى ئۆرلەيدۇ، كاشكى، ئۇلارنىڭ سۆزىگە كىرمىگەن بولسامچۇ، ئۇلارغا ئەگەشمىگەن بولسامچۇ، دەپ ھەسرەت چېكىدۇ، ھەتتا دۇنياغا قايتىشقا مۇمكىن بولسا، دۇنيا ھاياتىغا قايتىپ، ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشنى ئارمان قىلىدۇ.

ئەمما بۇ پۇشايمانلارنىڭ ھېچقايسىسى پايدا بەرمەيدۇ، بۇ كۈندە ئۇلارنىڭ نە ھەسرەت-نادامەتلىرى، نە دۇنياغا قايتىش تەلىپى، نە قوللىرىنى چىشلىگەنلىكى پايدا بەرمەيدۇ. ئۇلار شۇنداق ھەسرەت چەككىنىچە، قاتتىق قول جازا پەرىشتىلىرىنىڭ سۆرىشى بىلەن ئۆز-لىرىنىڭ دوزاخنىڭ ئالدىغا قانداق تېز كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەيلا قالىدۇ.

شەيتان شۇنداق رەزىل مەخلۇقكى، ئۇ ئىنسانلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە يامانلىقنىڭ ۋەسۋەسىلىرىنى سېلىپ، قەبىھ ئىشلارنى ۋە ۋەھشىي جىنا-يەتلەرنى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە چىرايلىق ۋە يوللۇق قىلىپ كۆرسىتىپ قايىل قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنى تۈرلۈك يامانلىقلارغا ۋە جىنايى قىلمىشلارغا كۈشكۈرتىدۇ. گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى سادىر قىلىشتا ئۇلارغا ياردەمدە بولىدۇ. ھەتتا ئىنسانلارغا ئۆزلىرىنى مەڭگۈلۈك مەدەتكاردەك ياكى ئەڭ سەمىمىي دوستلاردەك كۆرسىتىپ ئۇلارنى ئىشەندۈرىدۇ. ئەمما گۇناھ قىلىنىپ، جىنايەت سادىر قىلىنىپ بولغاندىن كېيىنلا، شەيتان

ئۇلارنىڭ يېنىدىن دەرھال يىراقلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بارلىق قىلمىشـلارنىڭ جازاسىنى ئىنسانلار ئۆزلىرى يالغۇز تارتىدۇ. شەيتان ئۇلارنى ئەنە شۇنداق تاشلىۋېتىدۇ. ئەڭ يامىنى بۇ رەزىل شەيتانلار ئۆزلىرىگە ئەگەشكەن ۋە ئۆزلىرىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن دوزاخ ئەھلىدىن بولۇپ قالغانلارغا قىيامەت كۈنىدە دىمىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئىنسان ئەۋلادىغا ئەشەددىي دۈشمەنلىكىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

شەيتاننىڭ رەزىللىكىنى ئاخىرەتكە بېرىپ بولغاندىن كېيىن بىلـگەننىڭ نېمىگە پايدىسى بولسۇن؟!

ئەقىللىق ئىنسان شەيتاننىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىنى ۋە رەزىل نىيىتىنى بىلىشى ۋە ئۆزىنى شەيتاننىڭ، شۇنداقلا ئۆز نەپسىنىڭ سىرتمىقىغا ئاسماسلىقى لازىم. جانابى ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى شەيتانلارنىڭ ئازدۇرۇپ كېتىشىدىن ساقلىغاي، ئامىن.

ئەمدى، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىپ، قىيامەتتىكى بۇ چوڭ ئۈچرىشىش ئۈچۈن يېتەرلىك تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈپ، ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا ئاق يۈز بىلەن بارغان مۇئمىن بەندىلەرگە كەلسەك، ئۇلارغا قىيامەت كۈنىدە ھېچقانداق قورقۇنچ، غەم-ئەندىشە بولمايدۇ، ئۇلار بۇ دۇنيادا قويۇپ كەتكەنلىرى ئۈچۈنمۇ ھەرگىز قايغۇرمايدۇ، ھەسرەت-نادامەت چەكمەيدۇ. جەننەتلەردە ئۇلارغا پەقەتلا ئىللىق سالاملار، خۇشاللىق ۋە خۇش خەۋەرلەر بار. بۇ نېمىدېگەن زور ئۇتۇق - ھە!

جانابى ئاللاھ تائالا بىزلەرنى قىيامەت كۈنىدە نىجاتلىققا ئېرىشىدىغان مۇئمىنلەردىن قىلغاي... ئامىن!

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قىيامەت كۈنىدە مۇتلەق ھاكىمىيەت ۋە پادىشاھلىق يالغۇز ئاللاھ تائالانىڭ قولىدا بولىدۇ.

2. قىيامەت كۈنىدە ئەڭ قاتتىق پۇشايمان قىلىدىغانلار كاپىرلار بىلەن مۇناپىقلاردۇر.

3. بۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغانلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالى ئىنتايىن يامان بولىدۇ.

## كاپىرلارنىڭ رەزىللىكلىرىگە بىر مىسال

﴿وَقَالَ ٱلرَّسُولُ يَٰرَبِّ إِنَّ قَوۡمِى ٱتَّخَذُواْ هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانَ مَهۡجُورٗا ﴿٣٠﴾
وَكَذَٰلِكَ جَعَلۡنَا لِكُلِّ نَبِيٍّ عَدُوّٗا مِّنَ ٱلۡمُجۡرِمِينَۗ وَكَفَىٰ بِرَبِّكَ هَادِيٗا
وَنَصِيرٗا ﴿٣١﴾ وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَوۡلَا نُزِّلَ عَلَيۡهِ ٱلۡقُرۡءَانُ جُمۡلَةٗ
وَٰحِدَةٗۚ كَذَٰلِكَ لِنُثَبِّتَ بِهِۦ فُؤَادَكَۖ وَرَتَّلۡنَٰهُ تَرۡتِيلٗا ﴿٣٢﴾ وَلَا يَأۡتُونَكَ
بِمَثَلٍ إِلَّا جِئۡنَٰكَ بِٱلۡحَقِّ وَأَحۡسَنَ تَفۡسِيرًا ﴿٣٣﴾ ٱلَّذِينَ يُحۡشَرُونَ عَلَىٰ
وُجُوهِهِمۡ إِلَىٰ جَهَنَّمَ أُوْلَٰٓئِكَ شَرّٞ مَّكَانٗا وَأَضَلُّ سَبِيلٗا ﴿٣٤﴾﴾

### تەرجىمىسى

30ـ پەيغەمبەر ئېيتتى: «ئى رەببىم! شۈبھىسىزكى، مېنىڭ قەۋمىم بۇ قۇرئاننى تاشلاندۇق (كىتابتەك) قىلىپ قويدى».

31ـ شۇنىڭدەك (يەنى ساڭا قەۋمىڭنىڭ مۇشرىكلىرىدىن دۈشمەنلەرنى قىلغاندەك) ھەربىر پەيغەمبەرگە گۇناھكارلارنىڭ ئىچىدىن دۈشمەنلەرنى قىلدۇق، (ساڭا) يول كۆرسەتكۈچى ۋە ياردەمچى بولۇشقا رەببىڭ يېتەرلىكتۇر.

32ـ كاپىرلار: «نېمىشقا قۇرئان (مۇھەممەدكە) بىر قېتىمدىلا چۈشۈرۈلمىدى؟» دېدى. بىز ئۇنىڭ بىلەن سېنىڭ دىلىڭنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن شۇنداق (بۆلۈپ-بۆلۈپ نازىل قىلدۇق، چۈشىنىش ۋە يادلاش ئۈچۈن ئوڭاي بولسۇن دەپ)، ئۇنى دانە-دانە ئوقۇپ بەردۇق.

33ـ ئۇلار ساڭا قانداقلا بىر سوئالنى قويسۇن، بىز ساڭا ھەق جاۋابنى ۋە ھەممىدىن گۈزەل چۈشەندۈرۈشنى نازىل قىلدۇق.

34ـ ئۇلار جەھەننەمگە يۈزلىرى بىلەن سۆرىلىپ توپلىنىدۇ. ئەنە شۇلار ئورنى ئەڭ يامان، يولى ئەڭ ئازغۇن كىشىلەردۇر.

### تەپسىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ نادانلىقى، تەرسالىقى ۋە ھىدايەتنى قوبۇل قىلمىغانلىقىدىن كۆپ بىئارام بولاتتى، ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ ئۇلارغا ھىدايەت تىلەيتتى. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇناجاتىنى بايان قىلغان.

﴿پەيغەمبەر ئېيتتى: «ئى رەببىم! شۈبھىسىزكى، مېنىڭ قەۋمىم بۇ قۇرئاننى تاشلاندۇق (كىتابتەك) قىلىپ قويدى»﴾ يەنى كاپىرلار «قۇرئان كەرىم»نى قەدىرلىمىدى، ئۇلۇغلىمىدى، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمىدى. چۈنكى، ئۇلار ئۇنىڭ قەدرىنى بىلمىدى، ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى. ئېنىقكى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەسلىك، ئۇنى ئىلاھىي دەستۇر دەپ قوبۇل قىلماسلىق، شۇنداقلا ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ روھىغا ئەمەل قىلماسلىق، ئۇنى تىلاۋەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى «قۇرئان كەرىم»نى تاشلىۋەتكەنلىك ياكى ئۇنىڭغا بىر تاشلاندۇق كىتابقا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۆز ۋاقتىدىكى كاپىرلارنىڭ كىشىلەرنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ تىلاۋىتىنى ئاڭلاپ قېلىشتىن توسقانلىقىمۇ ئۇنى تاشلاندۇق كىتابقا ئوخشاش قىلىپ قويۇشقا ئۇرۇنغانلىقى ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئۆز تەۋەلىرىنى «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ئاڭلاشتىن توساتتى. ﴿وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَا تَسۡمَعُواْ لِهَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانِ وَٱلۡغَوۡاْ فِيهِ لَعَلَّكُمۡ تَغۡلِبُونَ﴾ يەنى ﴿كاپىرلار: «سىلەر بۇ قۇرئانغا قۇلاق سالماڭلار، (قۇرئان ئوقۇلغاندا ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىپ) ئۇنى ئېلىشتۇرۇۋېتىڭلار، (شۇنداق قىلساڭلار، قۇرئاننى توسۇشتا) غەلىبە قىلىشىڭلار مۇمكىن» دېدى﴾ [1]. چۈنكى، ئۇلار «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ قەلبلەرگە بېرىدىغان چوڭقۇر تەسىرىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايتتى. شۇڭا ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن مۇسۇلمان بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

مەككىلىك مۇشرىكلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»گە سېھىر، شېئىر، بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرى دېگەنگە ئوخشاش تۆھمەتلەرنى قىلىشىمۇ، ئۇنى تاشلاندۇق كىتابقا ئوخشاش قىلىپ قويۇشقا ئۇرۇنغانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىنى قاتتىق بىئارام قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كاپىرلارنىڭ بولمىغۇر سۆزلىرى ۋە پىتنە-ئىغۋالىرى سەۋەبلىك كۆپ ئەزىيەت چېكەتتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى سەۋەبلىك قايغۇرۇپ كەتمىگىن. چۈنكى، بۇ ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كەلگەن قانۇنىيەتتۇر. رەببىڭ بېكىتكەن قانۇنىيەتتە ھېچقانداق ئۆزگىرىشنى تاپالمايسەن. بىز سەندىن ئىلگىرىمۇ ھەربىر پەيغەمبەرگە ئۇنىڭ قەۋمى ئىچىدىكى گۇناھكارلارنىڭ ئارىسىدىن دۈشمەنلەرنى پەيدا قىلغان ئىدۇق.

---

[1] فۇسسىلەت سۈرىسى: 26-ئايەت.

﴿وَكَذَٰلِكَ جَعَلۡنَا لِكُلِّ نَبِيٍّ عَدُوّٗا شَيَٰطِينَ ٱلۡإِنسِ وَٱلۡجِنِّ يُوحِي بَعۡضُهُمۡ إِلَىٰ بَعۡضٖ زُخۡرُفَ ٱلۡقَوۡلِ غُرُورٗا﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر! بىز مۇشرىكلارنى ساڭا دۈشمەن قىلغاندەك) ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ شەيتانلىرىنى ھەربىر پەيغەمبەرگە دۈشمەن قىلدۇق، ئۇلار شېرىن-شېكەر سۆزلەر بىلەن بىر-بىرىنى ئالداپ ۋەسۋەسە قىلىشىدۇ﴾[1].

نېمە ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ دۈشمەنلىرى بۇنچىلىك كۆپ بولىدۇ؟ ئۇلار كىشىلەرنى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن كەلمىگەنمۇ؟ ياخشىلىقنى ئۆگەتمىدىمۇ؟ ئۇلار كىشىلەرنى قەبىھ-يامان ئىشلاردىن توسۇپ، ياخشى ئىشلارغا تەشەببۇس قىلمىدىمۇ؟

توغرا، بارلىق پەيغەمبەرلەر كىشىلەرنى ئالەملەرنىڭ يېگانە ياراتقۇچىسى ۋە ئۇلۇغ رەببى بولغان ئاللاھ تائالاغا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلدى، ئۇلارنى يامانلىقلاردىن توسۇپ ياخشىلىقلارغا بۇيرۇدى، ئۇلارنى بەختلىك بىر ھاياتقا باشلاش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەننى قىلدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلغان پىداكار ئۆلىمالار ئەسىرلەردىن بېرى كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ باشلىرىغا كەلگەن جاپا-مۇشەققەتلەر، سۇيىقەستلەر ۋە دۈشمەنلىكلەر ئۇلارنىڭ بېشىغىمۇ كەلدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى ھەممە ئادەم ئۇنى سۆيەتتى، ھۆرمەتلەيتتى، ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلاتتى. ئەمما ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك كەلگەندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى، ھەتتا ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرى ۋە تاغىلىرىمۇ ئۇنىڭغا قارشى چىقتى ۋە دۈشمەن بولدى. بۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولدى؟ چۈنكى، پەيغەمبەر دېگەن دۇنيا بۇزۇقچىلىققا تولغان، ئەدلى-ئادالەت يوقالغان، ئىنسانلار ئازغۇنلۇق پاتقاقلىرىغا پاتقان، جەۋر-زۇلۇم دۇنيانى قاپلىغان ۋاقىتتا ئۇلارنى ئىسلاھ قىلىش، توغرا يولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈنلا كېلىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەۋەتىلگەن ۋاقىتتا ئەرەبلەر دۇنيانىڭ ئەڭ قالاق قەۋملىرى ئىدى. ئەرەبلەردە ئومۇملاشقان ئۆزىنىڭ قىزىنى تىرىك تۇرغۇزۇپ كۆمۈش، ئاجىزلارنى بوزەك قىلىش، ھۆر ئادەملەرنى قۇل قىلىش قاتارلىق زۇلۇملار بۇنىڭ مىسالى.

---

[1] ئەنئام سۈرىسى: 112-ئايەت.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئالدى بىلەن ئەرەبلەردە داۋاملىشىۋاتقان يامان ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش، بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئىنسانلىقتا باراۋەر ئىكەنلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، زۇلۇمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش، ئۇلارنى ئىسلام ئەخلاقى بىلەن تەربىيەلەش، ئاندىن بۇ دەۋەتنى پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە يېيىش ئۈچۈن كەلگەن ئىكەن، ئەلۋەتتە ئۇنى خالىمايدىغانلارنىڭ، ئۇنىڭ ئىسلاھاتىغا قارشى چىقىدىغانلارنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقى مۇقەررەر ئىدى. چۈنكى، جەمئىيەتتە بايلىقتا، مەنسەپتە، شۆھرەت-ئابرۇيدا ئالدىدا تۇرىدىغان ئىنسانلار بار ئىدى. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلغان دىنىنى قوبۇل قىلغان تەقدىردە، ئۇلار ئۆزلىرى خارلاپ ئىشقا سېلىۋاتقان قۇللىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھەق-ھوقۇقتا ۋە ھۆرمەتتە باراۋەر ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىشقا، جازانىغا ئوخشىغان ھارام تىجارەتلىرىدىن ۋاز كېچىشكە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەر ئىشتا بويسۇنۇشقا توغرا كېلەتتى.

شۇڭا پەيغەمبەرلەرگە قارشى چىققانلارنىڭ كۆپرەكى جەمئىيەتتە مەلۇم دەرىجىدە ئورنى بار، دۆلەتمەن ئادەملەر ئىدى. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئۇنىڭغا: ﴿أَنُؤۡمِنُ لَكَ وَٱتَّبَعَكَ ٱلۡأَرۡذَلُونَ﴾ يەنى ﴿ساڭا تۆۋەن تەبىقىدىكى ئادەملەر ئەگەشكەن تۇرسا، بىز ساڭا ئىمان ئېيتامدۇق؟﴾ [1] دېگەنلىكى بۇنىڭ مىسالى.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ دۈشمەنلىرىنى جازالاشقا ۋە يوق قىلىۋېتىشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ توغرا، ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا ۋە ھەرقانداق ئىشقا ئەلۋەتتە قادىر. زالىملارنى كېچىكتۈرمەي جازالاشقا، ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچىلارنىڭ يولىغا پاياندازلارنى سالدۇرۇشقا ئەلۋەتتە قادىر. ئەمما بۇ دۇنيا سىناق دۇنياسى. پەيغەمبەرلەردىن باشلاپ جىمى ئىنسانىيەت سىناق ئىچىدە. ھەممە ئىنسان سىنىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ھەر خىل سىناقلار بىلەن سىنايدۇ، ھەتتا مۇئمىنلەرنىمۇ چوڭ سىناقلارغا يولۇقتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىمانى مۇستەھكەم بولغانلار بىلەن ئىمانى ئاجىزلارنى ئايرىپ چىقىدۇ. بۇ قانۇنىيەت ئەزەلدىن بېرى داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ﴿أَحَسِبَ ٱلنَّاسُ أَن يُتۡرَكُوٓاْ أَن يَقُولُوٓاْ ءَامَنَّا وَهُمۡ لَا يُفۡتَنُونَ ۝٢ وَلَقَدۡ فَتَنَّا ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡۖ فَلَيَعۡلَمَنَّ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ صَدَقُواْ وَلَيَعۡلَمَنَّ ٱلۡكَٰذِبِينَ﴾ يەنى ﴿ئىنسانلار «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي قېلىۋېرىمىز، دەپ ئويلامدۇ؟ بىز

---

[1] شۇئەرا سۈرىسى: 111-ئايەت.

ھەقىقەتەن ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرنىمۇ سىنىغان. ئاللاھ (ئىمانىدا) راستچىللارنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ، يالغانچىلارنىمۇ ئەلۋەتتە بىلىدۇ﴾[1].

لېكىن ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ، ئۇلارنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرغۇچىلارنىڭ ۋە ھەقىقەت يولىدىكى مۇئمىنلەرنىڭ دۈشمەنلىرى شۇنچىلىك كۈچلۈك، شۇنچىلىك كۆپ بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ ياردىمى ۋە نۇسرىتى بىلەن مۇئمىنلەر بىلەن بىللىدۇر. ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى مەغلۇپ قىلىدۇ. تارىخ بۇنىڭغا گۇۋاھكى، ھەقىقەت تەرەپدارلىرى ھەر زامان غەلىبە قىلىپ كەلدى، پەيغەمبەرلەر نۇسرەتكە ئېرىشىپ كەلدى، ھەقىقىي مۇئمىنلەر كېچىكىپ بولسىمۇ دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ كەلدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلار بىلەن بىللىدۇر.

قۇرەيش كاپىرلىرى «قۇرئان كەرىم»گە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەرخىل تۆھمەتلەرنى چاپلاپ غەلىبە قىلالمىغاندىن كېيىن، ئۇلار دۈشمەنلىكنى باشقىچە ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بارماقچى بولىدۇ. ئۇلار دەيدۇكى، نېمە ئۈچۈن بۇ قۇرئان مۇسا، ئىيسا ۋە داۋۇد قاتارلىق پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن كىتابلاردەك بىر يولىلا نازىل قىلىنمىدى؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ ئاز-ئازدىن نازىل بولىدۇ؟

ئاللاھ تائالا بۇ كاپىرلارنىڭ سوئالىغا قارىتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بەرگەن ھالدا دەيدۇكى، ﴿بىز ئۇنىڭ بىلەن سېنىڭ دىلىڭنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن شۇنداق (بۆلۈپ-بۆلۈپ نازىل قىلدۇق، چۈشىنىش ۋە يادلاش ئۈچۈن ئوڭاي بولسۇن دەپ)، ئۇنى دانە-دانە ئوقۇپ بەردۇق﴾.

توغرا، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قويغان سوئاللىرىغا، شارائىتلارنىڭ تەلىپىگە ۋە ھادىسىلەرنىڭ تەقەززاسىغا مۇناسىپ ھالدا ئاز-ئازدىن، بۆلۈپ-بۆلۈپ نازىل قىلغان. مۇنداق قىلىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايەتلەرنى ئۇدۇللۇق يادلىۋېلىشى، ئەھكاملىرىنى ئەمەلىي تۇرمۇشقا تەتبىقلاپ مېڭىشى ئۈچۈن پۇرسەت بار ئىدى. شۇنداقلا «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۆلۈپ-بۆلۈپ نازىل قىلىنىشىدا ساھابىلەرنىڭمۇ يادلىۋېلىشى ۋە دىللىرىنىڭ مۇستەھكەم بولۇشى ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت بار ئىدى.

[1] ئەنكەبۇت سۈرىسى: 2-3-ئايەتلەر.

﴿وَقُرۡءَانٗا فَرَقۡنَٰهُ لِتَقۡرَأَهُۥ عَلَى ٱلنَّاسِ عَلَىٰ مُكۡثٖ وَنَزَّلۡنَٰهُ تَنزِيلٗا﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) سىنىڭ قۇرئاننى كىشىلەرگە توختاپ-توختاپ ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، بىز ئۇنى بۆلەكلەرگە بۆلدۇق ۋە تەدرىجىي نازىل قىلدۇق﴾[1].

ئى پەيغەمبەر! كاپىرلار ساڭا ﴿لَوۡلَآ أُنزِلَ عَلَيۡنَا ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ أَوۡ نَرَىٰ رَبَّنَاۗ﴾ يەنى ﴿بىزگە نېمىشقا پەرىشتىلەر چۈشۈرۈلمىدى ياكى نېمىشقا رەببىمىزنى كۆرمەيمىز؟﴾[2]، ﴿لَوۡلَآ أُنزِلَ إِلَيۡهِ مَلَكٞ فَيَكُونَ مَعَهُۥ نَذِيرًا﴾ يەنى ﴿ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇش ئۈچۈن، نېمىشقا ئۇنىڭغا بىرەر پەرىشتە چۈشۈرۈلمىدى؟﴾[3]، ﴿أَوۡ يُلۡقَىٰٓ إِلَيۡهِ كَنزٌ أَوۡ تَكُونُ لَهُۥ جَنَّةٞ يَأۡكُلُ مِنۡهَاۚ﴾ يەنى ﴿يا ئۇنىڭغا بىرەر خەزىنە بېرىلمىدى؟ يا ئۇنىڭغا مېۋىلىرىنى يەيدىغان بىرەر باغ بېرىلمىدى؟﴾[4] دېگەنگە ئوخشىغان بىھۇدە تەلەپلەردىن قانداقلا بىر تەلەپنى قويسا، بىز ئۇنىڭغا قارىتا ساڭا ھەق جاۋابنى ۋە ھەممىدىن گۈزەل چۈشەندۈرۈشنى دەرھال نازىل قىلىپ تۇردۇق. ئەگەر بىز ساڭا بۇ «قۇرئان كەرىم»نى مۇساغا بېرىلگەن «تەۋرات»تەك، ياكى ئىيساغا بېرىلگەن «ئىنجىل»دەك بىريولى نازىل قىلغان بولساق، ئۇلار سەندىن ئۇنىڭدا بولمىغان مەسىلىلەر ھەققىدە سوئال سورىغان بولسا، سەن ئۇ چاغدا جاۋاب بېرەلمەي قالاتتىڭ. شۇڭا بىز ئايەتلەرنى سوئاللارغا ۋە شارائىتنىڭ تەلىپىگە مۇناسىپ ھالدا بۆلۈپ-بۆلۈپ نازىل قىلدۇق.

ھەقىقەتكە جان جەھلى بىلەن قارشى تۇرىدىغان بۇنداق كاپىرلار قىيامەت كۈنىدە دوزاختا يۈزلىرى بىلەن يەرگە سۆرۈلگەن ھالدا توپلىنىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق خورلۇق بارمۇ؟ ئەنە شۇلار بارىدىغان جايى ئەڭ يامان، يولى ئەڭ ئازغۇن بولغان كىشىلەردۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** ھەرقانداق بىر ھەقىقەتنىڭ دۈشمەنلىرى بولغىنىدەك، ھەربىر پەيغەمبەرنىڭمۇ دۈشمەنلىرى بولغان.

---

[1] ئىسرا سۈرىسى: 106-ئايەت.

[2] فۇرقان سۈرىسى: 21-ئايەت.

[3] فۇرقان سۈرىسى: 7-ئايەت.

[4] فۇرقان سۈرىسى: 8-ئايەت.

2. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاز-ئازدىن نازىل قىلىنىپ، 23 يىلدا تاماملىنىپ بولغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى تەقەززا قىلغان ئالاھىدىلىكتۇر.

3. بۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە چوڭلۇق قىلغان مۇتەكەببىر زالىملار قىيامەت كۈنى يۈزلىرى بىلەن يەرگە سۆرۈلگەن ھالدا دوزاخقا تاشلىنىدۇ.

### ◄ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان ئۈممەتلەرنىڭ قىسسىلىرى

﴿وَلَقَدۡ ءَاتَيۡنَا مُوسَى ٱلۡكِتَٰبَ وَجَعَلۡنَا مَعَهُۥٓ أَخَاهُ هَٰرُونَ وَزِيرٗا
٣٥ فَقُلۡنَا ٱذۡهَبَآ إِلَى ٱلۡقَوۡمِ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا فَدَمَّرۡنَٰهُمۡ تَدۡمِيرٗا
٣٦ وَقَوۡمَ نُوحٖ لَّمَّا كَذَّبُواْ ٱلرُّسُلَ أَغۡرَقۡنَٰهُمۡ وَجَعَلۡنَٰهُمۡ لِلنَّاسِ ءَايَةٗۖ
وَأَعۡتَدۡنَا لِلظَّٰلِمِينَ عَذَابًا أَلِيمٗا ٣٧ وَعَادٗا وَثَمُودَاْ وَأَصۡحَٰبَ ٱلرَّسِّ
وَقُرُونَۢا بَيۡنَ ذَٰلِكَ كَثِيرٗا ٣٨ وَكُلّٗا ضَرَبۡنَا لَهُ ٱلۡأَمۡثَٰلَۖ وَكُلّٗا تَبَّرۡنَا
تَتۡبِيرٗا ٣٩ وَلَقَدۡ أَتَوۡاْ عَلَى ٱلۡقَرۡيَةِ ٱلَّتِيٓ أُمۡطِرَتۡ مَطَرَ ٱلسَّوۡءِۚ أَفَلَمۡ
يَكُونُواْ يَرَوۡنَهَاۚ بَلۡ كَانُواْ لَا يَرۡجُونَ نُشُورٗا ٤٠﴾

### ◄ تەرجىمىسى

35-شۈبھىسىزكى، بىز مۇساغا كىتاب (تەۋرات)نى ئاتا قىلدۇق ھەمدە ئۇنىڭ قېرىندىشى ھارۇننى ئۇنىڭغا ياردەمچى قىلدۇق.

36-ئۇلارغا: «بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان قەۋمنىڭ قېشىغا بېرىڭلار» دېدۇق. (ئۇ قەۋم كۇفرىدا چىڭ تۇرغانلىقتىن) ئۇلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتۇق.

37-نۇھنىڭ قەۋمى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان چاغدا، ئۇلارنى غەرق قىلدۇق ھەمدە ئۇلارنى كىشىلەرگە ئىبرەت قىلدۇق، (ئۇ) زالىملارغا (يەنە) دەرد-لىك ئازاب تەييارلىدۇق.

38-ئاد قەۋمىنى، سەمۇد قەۋمىنى، رەس ئاھالىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ زامان-لىرى ئارىلىقىدا ياشىغان نۇرغۇن ئۈممەتلەرنىمۇ (كۇفرىدا چىڭ تۇرۇپ، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن ھالاك قىلدۇق).

**39-ھەربىر قەۋمگە (ھەقىقەتنىڭ دەلىل-پاكىتلىرىنى بايان قىلىپ) مىساللارنى كەلتۈردۇق، (نەسىھەتنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھالاك قىلدۇق.**

**40-ئۇلار (يەنى مەككىلىكلەر) پالاكەت يامغۇرى (تاش) ياغدۇرۇلغان شەھەردىن ئۆتۈپ تۇرىدۇ، ئەجەبا ئۇلار ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئالمامدۇ؟ بەلكى ئۇلار (ئاخىرەتتىكى) تىرىلىشكە ئىشەنمەيدۇ.**

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، بىز ھەقىقەتەن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىلاھىي كىتاب-«تەۋرات»نى بەردۇق ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى ھارۇننى ئۇنىڭغا ياردەمچى قىلىپ تەيىنلىدۇق. بىز بۇنى ھارۇن دەۋەت يولىدا ئىنىسى مۇساغا ياردەملەشسۇن ۋە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشتە ئۇنىڭغا ھەمدەم بولسۇن، دەپ شۇنداق قىلدۇق. ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارغا مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇدۇق. پىرئەۋن ئۆزىنى مىسىر زېمىنىنىڭ ئىلاھى دەپ ئېلان قىلىپ بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭغا يۇمشاق ۋە سىلىق يوسۇندا گەپ قىلىش لازىم ئىدى. شۇڭا بۇ ئىككى پەيغەمبەرنى پىرئەۋنگە يۇمشاق ۋە سىلىق گەپ قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئەمما پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بىزنىڭ پەيغەمبەرلىرىمىزنى ۋە ئۇلارنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئىنكار قىلدى، دەۋەتكە قارشى ئۇرۇش ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن بىز پىرئەۋننى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنى ئىبرەتلىك ھالدا جازالىدۇق. ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى پۈتۈنلەي تارمار قىلىنىشتىن ئىبارەت بولدى. ئەي مەككىلىك كاپىرلار! پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلدىڭلارمۇ؟ ئەمدى بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىڭلار!.

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئاقىۋىتىنىمۇ بايان قىلىپ بەرگىن. ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىۋىدى، ئۇلارنى توپان بالاسىدا پۈتۈنلەي غەرق قىلىپ ھالاك قىلىۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ھالاكىتىنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە مەڭگۈلۈك ئىبرەت قىلىپ قالدۇردۇق. بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالىدىغانلار بارمۇ؟ قايسى زامان ۋە قايسى جايدا بولسۇن، پەيغەمبەرلەرگە قارشى چىققانلار ئامان قالمىغان.

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئەمەلىيەتتە يالغۇز نۇھ ئەلەيھىسسالامنىلا ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، ئايەتتە: ﴿پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار

قىلدى﴾ دېيىشتىن مەقسەت شۇكى، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن بىرەرسىنى ئىنكار قىلغان ئادەم ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلغانغا ئوخشاشتۇر. چۈنكى، پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈش دېگەنلىك بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئاد، سەمۇد قەۋملىرىنىڭ ۋە رەس[1] ئاھالىسىنىڭ قانداق ھالاك قىلىنغانلىقىنى ئەسلەتكىن. ئۇلار كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلىقى، پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە ئۇلارغا قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ھەر تۈرلۈك ئازاب-ئوقۇبەتلەر بىلەن ھالاك قىلىنغان قەۋملەردۇر. ئەي ئەقىل ئىگىلىرى! بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالامسىلەر؟!

ئى پەيغەمبەر! يەنە ئۇلارغا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ، ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ زامانلىرى ئارىلىقىدا ياشىغان قەۋملەرنىڭ ئاقىۋەتلىرىنى ئەسلەتكىن، يۇقىرىقى قەۋملەردەك ئۆز ئىسىملىرى بىلەن ئاتىلىپ، ئەھۋالى تەپسىلىي بايان قىلىنغان ۋە ئىسىملىرى ئاتالماي، ئەھۋالى ئىخچام بايان قىلىنغان كۆپلىگەن قەۋملەرگە ئۆز ۋاقتىدا، ئەڭ چىرايلىق ۋەز-نەسىھەتلەرنى قىلىپ نۇرغۇن ئىبرەتلىك مىساللارنى كەلتۈرگەن ئىدۇق. پەيغەمبەرلىرىمىزنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاپ كۆپلىگەن مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكەن ئىدۇق. ئەمما ئۇلارغا نە ۋەز-نەسىھەت، نە مۆجىزە، نە ئاگاھلاندۇرۇشلار كار قىلمىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى قاتتىق بوران بىلەن، بەزىسىنىڭ يۇرتىنى دۈم كۆمتۈرۈش بىلەن، بەزىسىنىڭ ئۈستىگە تاش ياغدۇرۇش بىلەن، بەزىسىنى سۇدا غەرق قىلىش بىلەن ھالاك قىلىپ يوقاتتۇق.

ئى مەككىلىكلەر! سىلەر بۇ ۋەقەلىكلەردىن قانداقمۇ ئىبرەت ئالمايسىلەر؟!

---

[1] رەس ئاھالىسى بۇتلارغا چوقۇنىدىغان قەۋملەردىن بولۇپ، ئۇلارغا شۇئەيب ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ، ئۇلار شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە زۇلۇمدا ھەددىدىن ئاشقانلىقى تۈپەيلىدىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆي-ئىمارەتلىرى بىلەن قوشۇپ يەرگە دۈم كۆمتۈرۈۋەتكەن. يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، رەس ئالاھىسى بۇرۇج سۈرىسىدە قىسسىسى بايان قىلىنغان «ئۇخدۇد» يەنى ئورەك ئىگىلىرى دەپ ئاتالغانلارنىڭ ئۆزىدۇر. بۇ ھەقتە يەنە باشقا رىۋايەتلەرمۇ بار. ھەرھالدا ئۇلار پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە زۇلۇمدا ھەددىدىن ئاشقانلىقى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلىنغان قەۋمدۇر.

سەدۇم شەھىرى لۇت قەۋمىنىڭ شەھىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەخلاقسىز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تاش ياغدۇرۇپ، ئاندىن دۈم كۆمتۈرۈپ ھالاك قىلىۋەتكەن. ھالبۇكى، مەككىلىكلەرنىڭ سودا كارۋانلىرى خارابىگە ئايلىنىپ قالغان سەدۇم شەھىرىدىن ئۆتۈپ تۇرىدۇ، ئەجەبا مەككىلىكلەر شۇ جايلاردىكى خارابىلىكلەرنى كۆرمەمدۇ؟ ئۇلار ئەلۋەتتە كۆرىدۇ. ئۇنداقتا، ئۇلار شۇ خارابىلىكلەرنى كۆرگىنىدە نېمە ئۈچۈن ئىبرەت ئالمايدۇ؟ ئۇلار پەيغەمبەرگە دۈشمەنلىك قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تېخىچە بىلمىدىمۇ؟ ئۇلار بۇنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ. ئۇنداقتا سەۋەب نېمە؟ سەۋەب ئۇلارنىڭ كاپىرلىقىدۇر. چۈنكى، ئۇلار ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدۇ. ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىش ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كېلىپ باقمايدۇ. شۇڭا ئۇلار كۆرگەنلىرىدىن ۋە بىلگەنلىرىدىن ھېچبىر ئىبرەت ئالمايدۇ.

ئۇلار قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا، ئۆلگەنلەرنىڭ تىرىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرى شۇنداقكى، ئۇلار بىرەر پايدا-مەنپەئەت كۈتۈلمىگەن ياكى ئورۇنىدىمىسا جازالىنىش قورقۇنچىسى بولمىغان ئىشلارغا قىزىقمايدۇ، ئۇنى ئورۇندىيالمايدۇ، ئۇنى ئورۇندىيەمەن دەپ ئاۋارە بولۇشنى خالىمايدۇ. ئاخىرەتكە ئىشەنمىگەن بىر ئادەمدە قانداقمۇ ساۋابنى ئۈمىد قىلىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن قورقۇش تۇيغۇسى بولسۇن؟! مۇنداق ئىمانسىز ئىنسانلار ھېچ نەرسىدىن ئىبرەت ئالمايدۇ. ﴿بەلكى ئۇلار (ئاخىرەتتىكى) تىرىلىشكە ئىشەنمەيدۇ﴾.

بەلكى سىز بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدىكى: ﴿ذَٰلِكَ ٱلْكِتَٰبُ لَا رَيْبَ فِيهِ هُدًى لِّلْمُتَّقِينَ﴾ يەنى ﴿بۇ ئۇلۇغ كىتابتۇر، ئۇنىڭدا قىلچە شەك يوقتۇر، تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر﴾ دېگەن ئايەتتىكى سىرنى ئىدراك قىلغان بولسىڭىز كېرەك. ئۇ بولسىمۇ، «قۇرئان كەرىم»دىن پەقەت غەيبكە ئىشىنىدىغانلارلا مەنپەئەت ئالالايدىغانلىقىدۇر. شۈبھىسىزكى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھىدايىتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان ۋە ئۇنىڭ ھەۋزى كەۋسىرىدىن ئىچىپ ھۇزۇر-ھالاۋەت ئالىدىغانلار غەيبكە ئىشىنىدىغان مۇئمىنلەردۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا ھېچقانداق بىر قەۋمنى ئاگاھلاندۇرماي تۇرۇپ جازالىغان

ئەمەس.

2. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا قارشى چىققانلار جازاسىنى تارتماي قالمايدۇ.

3. قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدىغان ئىنسانلار كۆرگەنلىرىدىن ئىبرەت ئالمايدۇ.

4. پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان قەۋملەرنىڭ ئاقىۋىتى ھالاكەت بىلەن ئاخىرلاشقان.

## ◄ كاپىرلارنىڭ بەزى قىلمىشلىرى

﴿وَإِذَا رَأَوْكَ إِن يَتَّخِذُونَكَ إِلَّا هُزُوًا أَهَٰذَا ٱلَّذِى بَعَثَ ٱللَّهُ رَسُولًا
﴿٤١﴾ إِن كَادَ لَيُضِلُّنَا عَنْ ءَالِهَتِنَا لَوْلَآ أَن صَبَرْنَا عَلَيْهَا ۚ وَسَوْفَ
يَعْلَمُونَ حِينَ يَرَوْنَ ٱلْعَذَابَ مَنْ أَضَلُّ سَبِيلًا ﴿٤٢﴾ أَرَءَيْتَ مَنِ
ٱتَّخَذَ إِلَٰهَهُۥ هَوَىٰهُ أَفَأَنتَ تَكُونُ عَلَيْهِ وَكِيلًا ﴿٤٣﴾ أَمْ تَحْسَبُ أَنَّ
أَكْثَرَهُمْ يَسْمَعُونَ أَوْ يَعْقِلُونَ ۚ إِنْ هُمْ إِلَّا كَٱلْأَنْعَٰمِ ۖ بَلْ هُمْ أَضَلُّ
سَبِيلًا ﴿٤٤﴾﴾

## ◄ تەرجىمىسى

41-42- (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سېنى كۆرسىلا مەسخىرە نىشانى قىلىۋېلىپ: «ئاللاھ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن كىشى مۇشۇمۇ؟ ئەگەر بىز ئىلاھلىرىمىزغا (چوقۇنۇشتا) چىڭ تۇرمىغان بولساق، (مۇھەممەد) بىزنى ئىلاھلىرىمىزدىن ئازدۇرۇۋەتكىلى تاس قالاتتىكەن» (دېيىشتى). كىمنىڭ يولىنىڭ ئەڭ ئازغۇن ئىكەنلىكىنى ئۇلار ئازابنى كۆرگەن چاغدا بىلىپ قالىدۇ.

43-(ئى پەيغەمبەر!) نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەمگە قارىمامسەن؟ سەن ئۇنداق ئادەمگە ھامىي بولالامسەن؟

44-ياكى سەن ئۇلارنىڭ تولىسىنى (ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى) ئاڭلايدىغان ياكى چۈشىنىدىغان ئادەملەر دەپ ئويلامسەن؟ ئۇلار پەقەت ھايۋانلارغا ئوخشاشتۇر، بەلكى ھايۋانلاردىنمۇ بەتتەر ئازغۇندۇر.

### تەپسىرى

ئۆز ۋاقتىدىكى مەككە كاپىرلىرىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىلغان يامانلىقلىرى ئۇنى ئىنكار قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالغىنى يوق. بەلكى ئۇلار ھەددىدىن ئېشىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىش دەرىجىسىگە يەتكەن. ھالبۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يۈرۈش-تۇرۇشىدا ياكى كۆرۈنۈشىدە ياكى گەپ-سۆزلىرىدە كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن تامامەن يىراق ئىدى. ئەكسىچە، ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى ھەممە بىردەك ماختايتتى. ئۇنىڭ قولىدا ئوتتۇرىغا چىققان شانلىق مۆجىزىلەرمۇ ئۇنىڭ مەسخىرە قىلىنىشىغا ئورۇن بەرمەيتتى.

ئەمەلىيەتتە مەسخىرە قىلىنىشقا لايىق بولغانلار ئاللاھ تائالانى قويۇپ بۇتلارغا چوقۇنغان شۇ ئەقىلسىز مۇشرىكلار ئىدى. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىلسىزلىكىنى، مەسخىرىگە لايىق ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۆلگىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىپ، ئۇنى تۆۋەن ساناپ: ﴿ئاللاھ پەيغەمبەر دەپ ئەۋەتكەن كىشى مۇشۇمۇ؟﴾ دېيىشتى. ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاددىي ساناپ قېلىشىغا تۈرتكە بولغان نەرسە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كاتتا بايلاردىن بولمىغانلىقى، كاتتىلىق تالاشمىغانلىقى، يۈز-ئابرۇيى ۋە شان-شەۋكەتنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشمىغانلىقى ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ھەقىقەت ھەمىشە بايلاردا ۋە شان-شەۋكەتلىك كىشىلەردە بولىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. بايلىق ياكى يوقسۇللۇق بىلەن ئادەمنىڭ قىممىتىگە باھا بەرگىلى بولمايدىغانلىقىنى بۇ مۇشرىكلار بىلمەيدۇ. مەلۇمكى، بايلىق ئەقىلسىز، ئەخلاقسىز ئادەملەردىمۇ بولىدۇ. ئەمما گۈزەل ئەخلاق، ھەققانىيلىق پەقەت ئەقىللىق ۋە ياخشى ئادەملەردىلا بولىدۇ.

مۇشرىكلارنىڭ ئىشلىرى راستتىنلا ئەجەبلىنەرلىك. چۈنكى، ئۇلار بىر تەرەپتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ شەنىنى ئاددىي ساناپ تۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ تەسىرىدىن، ئۇنىڭ بۇتقا چوقۇنغۇچىلارنىڭ ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ﴿ئەگەر بىز ئىلاھلىرىمىزغا (چوقۇنۇشتا) چىڭ تۇرمىغان بولساق، (مۇھەممەد) بىزنى ئىلاھلىرىمىزدىن ئازدۇرۇۋەتكىلى تاس قالاتتىكەن﴾ يەنى بىز ئۆزىمىزنىڭ بۇتپەرەسلىك ئەقىدىسىدە ۋە ئىلاھلىرىمىزغا چوقۇنۇشتا چىڭ تۇرمىغان بولساق، مۇھەممەد ئەقلىنى لال قىلىدىغان، ئادەمنى قايىل قىلىدىغان مۆجىزىلىرى ۋە يەڭگىلى بولمايدىغان

دەلىل-پاكىتلىرى ئارقىلىق بىزنىمۇ قايىل قىلىپ، ئاخىرى بىزنى ئىلاھلىرىمىزغا چوقۇنۇشتىن يۈز ئۆرۈتكىلى تاس قالاتتىكەن.

ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغان كارامىتىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى.

ئاللاھ تائالا بۇ كاپىرلارغا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك رەددىيە بەرگەن:

1. ﴿كىمنىڭ يولنىڭ ئەڭ ئازغۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئۇلار ئازابنى كۆرگەن چاغدا بىلىپ قالىدۇ﴾ يەنى كاپىرلارنىڭ ئەقلى قىيامەت كۈنىدە ئۆزلىرىگە تەييارلانغان قاتتىق ئازابنى كۆرگەن چاغدىلا جايىغا كېلىدۇ، ئۇ چاغدا ئۇلار كىمنىڭ توغرا يولدا ۋە كىمنىڭ ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى ھەقمىكەن ياكى قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭمۇ؟ بۇ شۇ چاغدا ئوپئوچۇق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇ چاغدا بىلگەنلىكىنىڭ نېمىگە پايدىسى بولسۇن؟!

2. ﴿نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەمگە قارىمامسەن؟﴾ يەنى ئى پەيغەمبەر! ئۆزلىرىنىڭ ھاۋايى ھەۋەسلىرىگە چوقۇنۇۋاتقان بۇ كاپىرلارنىڭ ھالىغا نېمە دەيسەن؟ ئۇلار نەپسى خاھىشلىرىغا شۇنچىلىك قۇل بولۇپ كەتكەنكى، ئەقلىنى ئىشلىتىش، تەپەككۇر قىلىش دېگەنلەر ئۇلاردا تېپىلمايدۇ. ئۇلار ھەربىر ئىشنى بىرەر پىرىنسىپقا ئاساسەن ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ نەپسى ھەۋىسىگە، كۆڭۈل ئىستىكىگە قاراپ قىلىدۇ.

يەنە بىر قاراشقا ئاساسلانغاندا، ئايەت كاپىرلارنىڭ ئۆزلىرى چوقۇنىدىغان ئىلاھلىرىنى تاللاشتا پەقەت نەپسى ھەۋىسىگە تايىنىپلا تاللايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى قايسى بۇتنى كۆڭلى تارتسا شۇنىڭغا چوقۇنىدۇ. بۇ ھەقتە سەئىد ئىبنى جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئەرەب مۇشرىكلىرى جاھىلىيەتتە كۆڭلى تارتقان بۇتلارغا چوقۇناتتى، چوقۇنۇۋاتقان بۇتىدىن ياخشىراق بىر بۇتنى تاپسا، بۇرۇنقىسىنى تاشلىۋېتىپ، يېڭىسىغا چوقۇناتتى، ناۋادا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراقىنى تېپىپ قالسا، قولىدىكىنى تاشلاپ شۇ تاپقىنىغا چوقۇناتتى»[1]. بۇ ئۇلارنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇشتا پەقەت ئاتا-بوۋىلىرىنى تەقلىد قىلىدىغانلىقى ۋە بۇ خۇسۇستا ئەقىل، مەنتىق، تەپەككۇر

---

[1] «مفاتيح الغيب للرازي» 24-توم، 463-بەت.

دىگەنلەردىن پۈتۈنلەي يىراق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ﴿سەن ئۇنداق ئادەمگە ھامىي بولالامسەن؟﴾ يەنى ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ كىشىلەرنى دىنغا زورلاش ھەققىڭ يوق. سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت ھەقىقەتنى يەتكۈزۈشتۇر. شۇڭا مۇنداق ئازغۇنلۇققا پاتقان ئادەمنى سەن ھىدايەت قىلىپ قۇتقۇزالمايسەن.

3. ﴿ياكى سەن ئۇلارنىڭ تولىسىنى (ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى) ئاڭلايدىغان ياكى چۈشىنىدىغان ئادەملەر دەپ ئويلامسەن؟ ئۇلار پەقەت ھايۋانلارغا ئوخشاشتۇر، بەلكى ھايۋانلاردىنمۇ بەتتەر ئازغۇندۇر﴾ بۇ ئۇچىنچى رەددىيەدۇر. يەنى ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇلارنىڭ تولىسىنى سېنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلايدۇ ياكى چۈشىنىدۇ دەپ ئويلاپ قالمىغىن. ئايەتتىكى «ئاڭلاش» دىگەندىن قۇلاق بىلەن ئاڭلاش ئەمەس، بەلكى ئەقلى ۋە ۋىجدانى بىلەن ئاڭلاپ ئەقلىنى ئىشلىتىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

كاپىرلار شەيئىلەرنى تاشقى جەھەتتىنلا كۆرۈشتە ۋە نەپسىنىڭ ئىستەكلىرىنىڭ ئارقىسىدىن چېپىپ يۈرۈشتە خۇددى ھايۋانلارغا ئوخشاشتۇر. ئۇلاردا مەنىۋى قۇۋۋەت، ئاللاھ تائالادىن كەلگەن روھىيەت دىگەنلەر يوق. شۇڭا ئۇلار ھايۋانلاردىنمۇ بەتتەر ئازغۇنلاردۇر. چۈنكى، ھايۋانلاردا ئەقىل يوق. ئەمما ئىنسانلاردا ھەقىقەت بىلەن باتىلنىڭ پەرقىنى ئايرىشقا يەتكۈدەك ئەقىل بار، ھەقىقەتنى ئىزدەپ تېپىشقا ئىقتىدارمۇ بار. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئەقلىنى ۋە ئىقتىدارىنى ئىشقا سالماي، ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇيالمىغانلار ھايۋانلاردىن تۆۋەن دەرىجىدە تۇرۇشقا لايىقتۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئازابنى كۆرگەندە ئۆزلىرىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى بىلىدۇ. ئەمما ئۇ ۋاقىتتا بىلگەنلىكنىڭ ھېچ نەرسىگە پايدىسى يوقتۇر.

2. نەپسى خاھىشىنى ئەقلىنىڭ ئالدىدا قويۇۋېلىپ، ئەقلىنىڭ چاقىرىقىغا ئەمەس، نەپسىنىڭ ئىستەكلىرىگە بويسۇنىدىغان ئادەم ھىدايەت تاپالمايدۇ.

3. ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان ئەقلىنى ئىشلەتمىگەنلەر ھايۋانلاردىن تۆۋەن دەرىجىدە تۇرۇشقا تېگىشلىكتۇر.

### ئاللاھنىڭ بارلىقىنى نامايان قىلىدىغان بەزى كائىنات دەلىللىرى

﴿أَلَمْ تَرَ إِلَىٰ رَبِّكَ كَيْفَ مَدَّ ٱلظِّلَّ وَلَوْ شَآءَ لَجَعَلَهُۥ سَاكِنًا ثُمَّ
جَعَلْنَا ٱلشَّمْسَ عَلَيْهِ دَلِيلًا ﴿٤٥﴾ ثُمَّ قَبَضْنَٰهُ إِلَيْنَا قَبْضًا يَسِيرًا
﴿٤٦﴾ وَهُوَ ٱلَّذِى جَعَلَ لَكُمُ ٱلَّيْلَ لِبَاسًا وَٱلنَّوْمَ سُبَاتًا وَجَعَلَ ٱلنَّهَارَ
نُشُورًا ﴿٤٧﴾ وَهُوَ ٱلَّذِىٓ أَرْسَلَ ٱلرِّيَٰحَ بُشْرًۢا بَيْنَ يَدَىْ رَحْمَتِهِۦ ۚ وَأَنزَلْنَا
مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً طَهُورًا ﴿٤٨﴾ لِّنُحْـِۧىَ بِهِۦ بَلْدَةً مَّيْتًا وَنُسْقِيَهُۥ مِمَّا
خَلَقْنَآ أَنْعَٰمًا وَأَنَاسِىَّ كَثِيرًا ﴿٤٩﴾ وَلَقَدْ صَرَّفْنَٰهُ بَيْنَهُمْ لِيَذَّكَّرُوا۟
فَأَبَىٰٓ أَكْثَرُ ٱلنَّاسِ إِلَّا كُفُورًا ﴿٥٠﴾ وَلَوْ شِئْنَا لَبَعَثْنَا فِى كُلِّ قَرْيَةٍ
نَّذِيرًا ﴿٥١﴾ فَلَا تُطِعِ ٱلْكَٰفِرِينَ وَجَٰهِدْهُم بِهِۦ جِهَادًا كَبِيرًا ﴿٥٢﴾﴾

#### تەرجىمىسى

45ـ رەببىڭنىڭ سايىنى قانداق سوزغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەگەر خالىسا، ئۇنى ئەلۋەتتە مۇقىم قىلاتتى. ئاندىن قۇياشنى سايىگە دەلىل قىلدۇق.

46ـ ئاندىن ئۇ(سايە)نى ئاستا ـ ئاستا يىغىۋالدۇق.

47ـ ئاللاھ سىلەرگە كېچىنى يېپىنچا، ئۇيقۇنى راھەت، كۈندۈزنى (تىرىكـچىلىك ئۈچۈن) تارقىلىدىغان ۋاقىت قىلغان زاتتۇر.

48ـ 49ـ ئاللاھ رەھمىتى (بولغان يامغۇر)نى ياغدۇرۇش ئالدىدا شامالنى خۇش خەۋەر قىلىپ ئەۋەتكەن زاتتۇر. بىز ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈرۈش ۋە بىز ياراتقان نۇرغۇن ھايۋانلارنى ۋە ئىنسانلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، بۇلۇتتىن پاك سۇنى چۈشۈرۈپ بەردۇق.

50ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنى ئويلاپ ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن، يامغۇرنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىپ تۇردۇق. (ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ) ئىنسانـلارنىڭ تولىسى كۇفرىلىقتىن باشقىسىغا ئۇنىمىدى.

51ـ ئەگەر بىز خالىساق، ئەلۋەتتە ھەربىر شەھەرگە بىردىن ئاگاھلاندۇرغۇچى (پەيغەمبەر) ئەۋەتەتتۇق.

52ـ (سېنى زېمىن ئەھلىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق) سەن كاپىرلارغا بويسۇنمىغىن، قۇرئان ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى چوڭ جىھاد ئېلىپ بارغىن.

### تەپسىرى

ئى ئىنسان! رەببىڭنىڭ كامالىي قۇدرىتىگە، چەكسىز رەھمىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئۇلۇغۋار ئىشلىرىغا ۋە گۈزەل سەنئەتلىرىگە قارىمامسەن؟ ئۇ سايىنى بەزىدە ئۆزى خالىغانچە سوزۇپ كېڭەيتىدۇ، بەزىدە ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ئازايتىدۇ. سايە ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىيەتكە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىدىن بىرىدۇر. قۇياشمۇ ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا نېمىتى بولۇپ، يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق ئۇنىڭ نۇرىدىن كېلىدۇ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھاياتى ئۇنىڭ بىلەن بولىدۇ.

قۇياش شۇنچىلىك پايدىلىق بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۈندۈزنىڭ مۇئەييەن ۋاقىتلىرىدىكى ئۆتكۈر نۇرى ئىنسانلارنى، خۇسۇسەن، ئۇستى ئوچۇق جايلاردا، ئېتىزلىقلاردا ئىشلىگەنلەرنى ئىسسىق ئازابىدا قىيناپ قويىدۇ. كۈندۈزنىڭ ئەكسى بولغان كېچىدە سۈكۈنات ۋە راھەت بولسىمۇ، ئىنسان تەبىئىتى قاراڭغۇلۇق ھاياتقا كۆنەلمەيدۇ، ئۇنىڭدىن زېرىكىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى ۋە ئۇلارنىڭ نېمىدىن خۇش بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارغا كېچە بىلەن كۈندۈزنى يارىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە سايىنىمۇ يارىتىپ بەرگەن. شۇڭا سايىنى ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرى قاتارىدىن سانايمىز. جەننەتنىڭ سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان ئايەتلەردىمۇ جەننەتتە سوزۇلغان سايىلەرنىڭ بارلىقى بايان قىلىنغان. سايە راستتىنلا ئىنسانغا راھەت بېغىشلايدۇ. خۇسۇسەن، ئىسسىق بەلۋاغدا ياشايدىغان خەلقلەر ئۈچۈن سايىنىڭ قىممىتى چوڭدۇر.

ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا ئىدى، سايىنى يۆتكەلمەيدىغان مۇقىم قىلىپ قويغان بولاتتى. ئۇ چاغدا سايە ئىنسانلار ئۈچۈن راھەت ئەمەس، بەلكى زېرىكىشلىك بولۇپ قالاتتى. چۈنكى، ئىنساننىڭ كۆڭلى ئۆزگىرىشنى خالايدۇ. شۇڭا كۈننىڭ چىقىشى، ئۇنىڭ پېتىشى، كېچە، كۈندۈز، قىش، ياز، كۈز ۋە باھار قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارغا يېڭىلىق ئېلىپ كەلگەنلىكتىن، ئۇلارغا خۇشاللىق، ھۇزۇر ۋە ھاياجان بېغىشلايدۇ.

سايە پەقەت كۈننىڭ سەۋەبى بىلەنلا مەۋجۇت بولىدىغان نەرسە. ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئاندىن قۇياشنى سايىگە دەلىل قىلدۇق﴾ دېگەن سۆزىدە، گويا سايە بۇرۇن يارىتىلغان، ئاندىن قۇياش چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چىققانلىقى سايىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە دەلىل قىلىنغان. سايىنىڭ

چۈشۈشى، يۆتكىلىشى، ئۆزگىرىشى ۋە يوقىلىشى قاتارلىق ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى چەكسىز قۇدرەت ئىگىسىنىڭ ھېكمەتلىك تەدبىرىگە ۋە بەندىلىرىگە بولغان مېھىر-شەپقىتىگە ئىشارەت قىلمامدۇ؟!

قۇياشنىڭ چىقىشى بىلەن كائىناتتا ھاياتلىق جانلىنىدۇ، ھەرىكەت باشلىنىدۇ. ئاندىن قۇياشنىڭ سەۋەبى بىلەن سايىمۇ پەيدا بولىدۇ ۋە كەچ كىرىشى بىلەن يوقىلىدۇ، كېچىنىڭ كىرىشى بىلەن قۇياشمۇ پاتىدۇ. ئۇچارقاناتلار ئۇۋىلىرىدا، ئادەملەر ئۆيلىرىدە راھەتلىنىشكە باشلايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل رېتىم بىلەن شۇنداق داۋاملىشىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە ۋە مۇكەممەل ئورۇنلاشتۇرۇشىغا دالالەت قىلمامدۇ؟!

كېچىنى ئىنسانلار ئۈچۈن خۇددى يېپىنچىغا ئوخشاش قىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن ئۇلارغا ھۇزۇر ۋە راھەت ئاتا قىلغان ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى ھەقىقەتەن چەكسىزدۇر. ناۋادا كېچىدەك ئىنسانلار ئارام ئالىدىغان مەخسۇس ۋاقىت بولمايدىغان بولسا، دۇنيانىڭ ھۇزۇر-ھالاۋىتى يوقالغان بولار ئىدى. چۈنكى، كېچىدە ئۇخلاپ دەم ئېلىشنىڭ قانچىلىك پايدىلىق ۋە قانچىلىك زۆرۈر ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

ئاللاھ تائالا كۈندۈزنى ئىشلەش ئۈچۈن، كېچىنى ئۇخلاپ دەم ئېلىش ئۈچۈن ياراتقان. ئىنسانلار مۇشۇ ئىنتىزام بويىچە ئىش كۆرگىنىدە، ھاياتتىن ھۇزۇر-ھالاۋەت ئالىدۇ. ئەكسىچە ئىش كۆرۈپ، كېچىسى ئۇخلىماي، كۈندۈزى ئۇخلايدىغانلار ھېچقانداق بىر ئىشتا غەلىبە قىلالمايدۇ. چۈنكى، كېچە ئۇيقۇسىنى ئۇخلىمىغان ئادەمنىڭ كۈندۈزدىكى ئۇيقۇسى ئۇنىڭ مېڭىسىنى دەم ئالدۇرۇشقا، ئۇنىڭغا راھەت بېغىشلاشقا يەتمەيدۇ. شۇڭا مۇنداق ئادەمنىڭ كۈندۈزى ئىزتىراپ ۋە راھەتسىزلىك بىلەن ئۆتىدۇ. مۇنداق ئادەمنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق زىيانلىرى كۆپ بولىدۇ. بۇنىڭدىكى ئەڭ چوڭ زىيان نامازلارنى قازا قىلىۋېتىش بولسا كېرەك. ئەمما كېچىدە چېگرالاردا ۋەتەن قوغدايدىغان، دوختۇرخانىلار كېسەل داۋالايدىغان ۋە بەزى ئىش ئورۇنلىرىنى ساقلايدىغان كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. چۈنكى ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى خاس ھالەتلەر بولۇپ، ئومۇمىي ھۆكۈمگە كىرمەيدۇ. كېچىنىڭ ئۇيقۇسىنى جايىدا ئۇخلاشنىڭ تەن ساقلىقى ئۈچۈن زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تېببىي مۇتەخەسسىسلەر تەكىتلەپ كەلمەكتە.

ئىنسانلار ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن تەرتىپ، ئىنتىزام بويىچە ئىش قىلمىغانلىقىنىڭ جازاسىنى بۇ دۇنيادا تارتماقتا. كېچىنىڭ ئۇيقۇسىنى ئۇخلىماسلىق، كۈندە ئازراق بولسىمۇ جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانماسلىق ئىنسانلاردا ھەر خىل كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلماقتا.

ئاللاھ تائالا رەھمىتى بولغان يامغۇرنى ياغدۇرۇش ئالدىدا ئۇنىڭدىن بېشارەت بېرىپ شاماللارنى ئەۋەتىدىغان، بۇلۇتلاردىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈرۈپ بېرىدىغان زاتتۇر. ئۇ سۇسىزلىقتىن ئۆلگەن قاقاس زېمىنلارنى يامغۇر بىلەن تىرىلدۈرۈپ كۆكەرتىدۇ. زېمىنىنىڭ ھاياتى ئۆسۈملۈكلەر بىلەن بولىدۇ. شۇڭا زىرائەت ئۈنمەيدىغان قاتتىق يەرلەر ۋە قاقاس سەھرالار ئۆلۈك زېمىنلاردۇر. يامغۇر سۈيى ئىنسانلار، ھايۋانلار ۋە ئۇچارقاناتلار ئۈچۈن ھاياتلىق مەنبەسىدۇر. چۈنكى، سۇ بولماستىن ھاياتلىق مەۋجۇت بولمايدۇ. دېڭىز-ئوكيانلاردىن ۋە دەريالاردىن يىراق جايلاردا ياشايدىغانلارنىڭ، خۇسۇسەن، قاقاس سەھرالاردا ياشايدىغانلارنىڭ سۇ مەنبەسى يامغۇردۇر.

ئاللاھ تائالا يامغۇرنى ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا تەڭشەپ تەقسىم قىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا خالىغان جايلارغا ياغدۇرىدۇ، خالىغان جايلارغا ياغدۇرمايدۇ، بەزىدە كۆپ ياغدۇرسا، بەزىدە ئاز ياغدۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلىم-ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى بىلەن بولىدۇ.

ئەللامە فەخرۇددىن رازىي ﴿وَلَقَدْ صَرَّفْنَاهُ بَيْنَهُمْ لِيَذَّكَّرُواْ﴾ دېگەن ئايەتتىكى «ە» دېگەن ئالماشنىڭ نەگە قايتىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئۈچ خىل قاراشنى بايان قىلغان بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچىسى، كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر بۇ ئالماش يامغۇرغا قايتىدۇ، دېگەن ۋە ئايەتنى «بىز ئۇلارنىڭ سۇدىن بەھرىمەن بولۇشى ۋە زىرائەتلىرىنى سۇغىرىشى ئۈچۈن، يامغۇرنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىپ ياغدۇردۇق» دەپ تەپسىر قىلغان.

ئىككىنچىسى، ئالماش يۇقىرىقى ئايەتلەردە بايان قىلىنغان يامغۇر، شامال، بۇلۇت ۋە سايە قاتارلىقلارغا قايتىدۇ دەپ قاراپ، ئايەتنى: «شەكسىزكى، ئىنسانلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن، بىز بۇ مىساللارنى شۇنداق ئېنىق بايان قىلدۇق» دەپ تەپسىر قىلغان. يەنى بۇ سۈرىنىڭ ﴿رەببىڭنىڭ سايىنى قانداق سوزغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟...﴾ دەپ باشلانغان 45-ئايىتىدىن بۇ يەرگىچە بولغان ئايەتلەردە بايان قىلىنغان

مىساللارنى ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر قىلىپ چۈشىنىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ھېچقانداق نەرسىنى بىكارغا ياراتمىغانلىقىنى بىلسۇن دەپ بايان قىلدۇق.

ئۈچىنچىسى، ﴿وَلَقَدْ صَرَّفْنَاهُ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى: «بۇلۇتلارنى پەيدا قىلىش ۋە يامغۇر ياغدۇرۇشنى بايان قىلغان بۇ سۆزنى ‹قۇرئان كەرىم›دە ۋە بۇرۇنقى ساماۋى كىتابلاردا تەكرار بايان قىلدۇق» دەپ تەپسىر قىلىنغان. ئەمما بىرىنچى تەپسىر ئەڭ كۈچلۈكتۇر[1].

ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا ئىدى، خۇددى ئۆتمۈشلەردىكىگە ئوخشاش ھەربىر مىللەتكە ۋە ھەربىر شەھەرگە بىرەردىن پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولاتتى. لېكىن ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى ئاخىرقى پەيغەمبەرنى بارلىق ئىنسانىيەتكە ئورتاق پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشنى تەقەززا قىلغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىلگىرى ئۆتكەن بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، ئۇلارنىڭ ئەخلاق- پەزىلەت- لىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان، ئۇلار ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ ئاساسلىق غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئالاھىدە پەيغەمبەر ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ كېلىشى يېڭى بىر ئەسىرنىڭ باشلىنىشى بولغان.

ئۈچۈر ۋاستىلىرى تەرەققىي قىلغانسېرى ئىنسانلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان توساقلار يوقىلىپ، دۇنيا كىچىك بىر مەھەللىگە ئوخشاش بولۇپ قالدى. بۇ زاماندا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ياكى ئىسلام دىنى توغرۇلۇق بىر نەرسە ئاڭلىمىغان ئادەم كەمدىن-كەم تېپىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىنىڭ ھېكمىتى بۇ يەردە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. چۈنكى، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ياشىغان زامانلار ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆز مىللىتىگىلا پەيغەمبەر بولۇشىنى تەقەززا قىلاتتى. ئۇلار پۈتۈن دۇنياغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن تەقدىردىمۇ، شۇ زامانلارنىڭ شارائىتىدا ھەممىلا يەرگە دىنىنى يەتكۈزۈشتىن ئاجىز كېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاخىر زامان پەيغەمبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن تا قىيامەتكىچە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ پەيغەمبىرى بولۇشقا تاللانغان. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ ئومۇمىيلىقىغا ماسلاشتۇرۇپ، زامانىنىمۇ تەدرىجىي تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىنسانلارنى بىر-بىرىگە ئۇلاشتۇرىدىغان پەن-تېخنىكىلارنى يارىتىپ بېرىپ كەلدى.

---

[1] «مفاتيح الغيب للرازي» 86- بەت.

ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارغا ھەرگىز بويسۇنمىغىن، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن ۋە ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلمىغىن! قولۇڭدىكى نۇرلۇق دەستۇر ــ «قۇرئان كەرىم» ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى قولۇڭدىن كەلگەن بارلىق چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ كۈرەش قىلغىن.

بۇ ئايەتتىن مەلۇمكى، ھەقىقەتنىڭ دۈشمەنلىرىگە باش ئەگمەسلىك ئۈچۈن ھەر زاماننىڭ شارائىتىغا، سەۋىيەسىگە ۋە تەقەززاسىغا مۇناسىپ ھالدا ئىلىم-پەن ۋە تېخنىكا جەھەتتىن تولۇق قوراللىنىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەرزدۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا ھېچقانداق نەرسىنى بىكارغا، مەقسەتسىز ۋە پايدىسىز ياراتمىغاندەك، سايىنىمۇ ئىنسانلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ياراتقان.

2. رەڭگى، پۇرىقى ۋە تەمى ئۆزگەرمىگەن سۇ ئەسلى تەبىئىتىدىن ئۆزگەرمىگەن پاك سۇ دېيىلىدۇ. مۇنداق سۇنى ئىچىش، ئۇنىڭ بىلەن تاھارەت ئېلىش ۋە ئۇنى جىمى پاكلىنىشلارغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

4. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەۋەتىلگەن زامان ئىلگىرىكى ئەسىرلەر-نىڭ ئەكسىچە بولۇپ، پۈتۈن دۇنياغا بىرلا پەيغەمبەر ئەۋەتىلىشىنى تەقەززا قىلغان.

5. دىنىي ئىشلاردا كاپىرلارغا بويسۇنۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى، دىنىنىڭ ئىگىسى ئاللاھ تائالا بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭدا ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا بويسۇنۇلمايدۇ.

6. ئاتېئىزمچىلارغا ۋە ھەرقانداق ئىمانسىزلارغا قارشى «قۇرئان كەرىم» نىڭ دەلىللىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كۈرەش قىلىش جىھادنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ.

## ◄ يۈكسەك تەلىمات ۋە تەۋھىد دەلىللىرى

﴿ وَهُوَ ٱلَّذِى مَرَجَ ٱلْبَحْرَيْنِ هَٰذَا عَذْبٌ فُرَاتٌ وَهَٰذَا مِلْحٌ أُجَاجٌ
وَجَعَلَ بَيْنَهُمَا بَرْزَخًا وَحِجْرًا مَّحْجُورًا ﴿٥٣﴾ وَهُوَ ٱلَّذِى خَلَقَ مِنَ

ٱلْمَآءِ بَشَرًا فَجَعَلَهُۥ نَسَبًا وَصِهْرًا ۗ وَكَانَ رَبُّكَ قَدِيرًا ﴿٥٤﴾ وَيَعْبُدُونَ
مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا يَنفَعُهُمْ وَلَا يَضُرُّهُمْ ۗ وَكَانَ ٱلْكَافِرُ عَلَىٰ رَبِّهِۦ
ظَهِيرًا ﴿٥٥﴾ وَمَآ أَرْسَلْنَـٰكَ إِلَّا مُبَشِّرًا وَنَذِيرًا ﴿٥٦﴾ قُلْ مَآ أَسْـَٔلُكُمْ
عَلَيْهِ مِنْ أَجْرٍ إِلَّا مَن شَآءَ أَن يَتَّخِذَ إِلَىٰ رَبِّهِۦ سَبِيلًا ﴿٥٧﴾ وَتَوَكَّلْ
عَلَى ٱلْحَىِّ ٱلَّذِى لَا يَمُوتُ وَسَبِّحْ بِحَمْدِهِۦ ۚ وَكَفَىٰ بِهِۦ بِذُنُوبِ عِبَادِهِۦ
خَبِيرًا ﴿٥٨﴾ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا فِى سِتَّةِ
أَيَّامٍ ثُمَّ ٱسْتَوَىٰ عَلَى ٱلْعَرْشِ ۚ ٱلرَّحْمَـٰنُ فَسْـَٔلْ بِهِۦ خَبِيرًا ﴿٥٩﴾ وَإِذَا
قِيلَ لَهُمُ ٱسْجُدُوا۟ لِلرَّحْمَـٰنِ قَالُوا۟ وَمَا ٱلرَّحْمَـٰنُ أَنَسْجُدُ لِمَا تَأْمُرُنَا
وَزَادَهُمْ نُفُورًا ۩ ﴿٦٠﴾ تَبَارَكَ ٱلَّذِى جَعَلَ فِى ٱلسَّمَآءِ بُرُوجًا وَجَعَلَ
فِيهَا سِرَٰجًا وَقَمَرًا مُّنِيرًا ﴿٦١﴾ وَهُوَ ٱلَّذِى جَعَلَ ٱلَّيْلَ وَٱلنَّهَارَ خِلْفَةً
لِّمَنْ أَرَادَ أَن يَذَّكَّرَ أَوْ أَرَادَ شُكُورًا ﴿٦٢﴾

### تەرجىمىسى

53ـئاللاھ بىرى بەك تاتلىق، بىرى بەك تۇزلۇق بولغان ئىككى دېڭىزنى بىر-بىرىگە تۇتىشاڭغۇ قىلىپ ئاقتۇرغان ۋە (ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (كۆرۈنمەيدىغان) توسۇق ۋە مۇستەھكەم پاسىل بەرپا قىلغان زاتتۇر.

54ـئاللاھ ئىنساننى ئابمەنىيدىن يارىتىپ، ئۇنى نەسەبلىك ۋە قۇدا-باجىلىق قىلغان زاتتۇر. رەببىڭ ئەزەلدىن ھەممىگە قادىردۇر.

55ـ(ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، مۇشرىكلار) ئاللاھنى قويۇپ ئۆزلىرىگە پايدىمۇ يەتكۈزەلمەيدىغان، زىيانمۇ يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ، كاپىر ئىنسان ھەر دائىم رەببىگە قارشى تۇرۇپ (شەيتانغا ياردەمچى بولۇپ) كەلدى.

56ـ(ئى پەيغەمبەر!) بىز سېنى پەقەت خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپلا ئەۋەتتۇق.

57ـسەن (ئۇلارغا ئېيتقىنكى): «مەن بۇنىڭغا (يەنى دىننى يەتكۈزگەنلىكىمگە) سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، پەقەت خالىغان

كىشىلەرنىڭ رەببى تەرەپكە يول ئىزلىشىنىلا تىلەيمەن».

58ـ سەن ھېچ ئۆلمەيدىغان، مەڭگۈ ھايات تۇرىدىغان ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن، ئۇنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتقىن، ئۇ بەندىلەرنىڭ گۇناھلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشقا يېتەرلىكتۇر.

59ـ ئاللاھ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئالتە كۈندە ياراتقان، ئاندىن ئەرشنىڭ ئۈستىگە ئۆرلىگەن زاتتۇر، ئۇ رەھماندۇر. سەن بۇنى بىلىدىغان زاتتىن (يەنى ئاللاھتىن) سورىغىن.

60ـ ئۇلارغا: «رەھمانغا سەجدە قىلىڭلار!» دېيىلسە، ئۇلار: «رەھمان دېگەن نېمە؟ بىز سەن بۇيرۇغان نەرسىگە سەجدە قىلامدۇق؟» دەيدۇ. (بۇ سۆز) ئۇلارنى (ئىماندىن) تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇۋەتتى.

61ـ ئاسماندا ئوربىتىلارنى، يېنىپ تۇرىدىغان چىراغ (قۇياش)نى ۋە نۇرلۇق ئاينى ياراتقان ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر.

62ـ ئاللاھ ئىبرەت ئېلىشنى ياكى شۈكۈر قىلىشنى خالىغانلار ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالمىشىپ تۇرىدىغان قىلىپ بەرگەن زاتتۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بىرىنىڭ سۈيى بەك تاتلىق، يەنە بىرىنىڭ سۈيى بەك تۇزلۇق بولغان ئىككى دېڭىزنى بىر-بىرىگە يانداشتۇرۇپ ئېقىتقان بولۇپ، بۇ ئىككىسى بىر-بىرىگە تۇتىشاڭغۇ بولغان ھالدا ئاقىدۇ، ئەمما بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئارىلىشىپ كېتىشتىن توسۇپ تۇرىدىغان ۋە كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان توساق بار.

سۈيى تاتلىق بولغىنى دەريا، ئۆستەڭ ۋە كۆل سۈلىرىغا ئوخشاش ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدىغان، ئېھتىياجغا ماس كېلىدىغان، ھەرقانداق ئىشقا ئىشلەتكىلى بولىدىغان نورمال سۇدۇر. ۋەتىنىمىزدىكى تارىم ۋە زەرەپشان دەريالىرى، مىسىردىكى نىل دەرياسى، ئىراقتىكى فۇرات ۋە دەجلە دەريالىرى، شۇنداقلا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى دەريا، ئۆستەڭ ۋە بۇلاقلارنىڭ سۇلىرى بۇنىڭ مىسالى.

ئەمما سۈيى بەك تۇزلۇق ۋە ئاچچىق بولغىنى دېڭىزلار-ئوكيانلارنىڭ سۈيىدۇر.

دۇنيانىڭ كۆپ جايلىرىدا بىر تەرىپىدە تاتلىق سۇ، يەنە بىر تەرىپىدە تۇزلۇق سۇ ئاقىدىغان دېڭىزلار بار. مەسىلەن: ھىندىستان ۋە بېنگال دۆلەتلىرىدىكىگە ئوخشاش. بىرى تاتلىق، يەنە بىرى ئاچچىق ئىككى خىل سۇ بىر-بىرىگە يانداشقان ھالدا ئاقىدۇ، ئەمما بۇ ئىككى خىل سۇنىڭ ھېچبىرى ئۆز خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ قويمايدۇ، ھەرگىز تاتلىق سۇ تۇزلۇق، تۇزلۇق سۇ تاتلىق بولۇپ قالمايدۇ. بۇمۇ ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنىڭ بىرىدۇر.

تاتلىق سۇنىڭ قانچىلىك پايدىلىق ۋە ھاياتلىقتا زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم ئوبدان بىلىدۇ. تۇزلۇق سۇنىڭ پايدىلىرىمۇ ھېچكىمگە مەخپىي ئەمەس. مۇھىتنىڭ بۇلغانماسلىقىدا، بېلىقلارنىڭ ۋە باشقا دېڭىز ھايۋانلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە، ئۈنچە-مەرۋايىتلارنىڭ ۋە قىممەتلىك تاشلارنىڭ شەكىللىنىشىدە تۇزلۇق سۇنىڭ رولى چوڭدۇر. ھازىرقى ئىلىم-پەن دېڭىز ۋە ئوكيان سۈيىنىڭ تۇزلۇق بولغانلىقىنىڭ ئىنسانلار ۋە ھايۋانلارنىڭ ھاياتى ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى يەكۈنلەپ چىقتى.

ئىنساننى ئابىمەنىيدىن ئىبارەت بىر تامچە ئەرزىمەس سۈيۈقلۇقتىن ياراتقان، ئاندىن ئۇنى راۋرۇس ئىنسان قىلىپ، نەسەب ۋە قۇدا-باجىلىق مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق ئۇلارنى بىر-بىرىگە يېقىن قىلغان زات-ئاللاھ تائالانىڭ بەرىكىتى ھەقىقەتەن بۈيۈكتۇر، ئاتا-ئېھسانلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. ئاللاھ تائالا ھەممىگە كۈچى يېتىدىغان ۋە ھەرقانداق بىر ئىشنى «بول!» دېگەن بىرلا ئەمرى بىلەن دەرھال ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان زاتتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنى ۋە ھەرقانداق جانلىقلارنى ئەركەك ۋە چىشى قىلىپ ياراتقانلىقىمۇ ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان دەلىللىرىدىن بىرىدۇر. ﴿لِّلَّهِ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ يَخۡلُقُ مَا يَشَآءُۚ يَهَبُ لِمَن يَشَآءُ إِنَٰثٗا وَيَهَبُ لِمَن يَشَآءُ ٱلذُّكُورَ ﴿٤٩﴾ أَوۡ يُزَوِّجُهُمۡ ذُكۡرَانٗا وَإِنَٰثٗاۖ وَيَجۡعَلُ مَن يَشَآءُ عَقِيمًاۚ إِنَّهُۥ عَلِيمٞ قَدِيرٞ﴾ يەنى ﴿ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئۇ نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ، خالىغان ئادەمگە قىز پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ. ياكى ئۇلارغا ئوغۇل، قىزنى ئارىلاش بېرىدۇ، خالىغان ئادەمنى پەرزەنت كۆرمەيدىغان قىلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر﴾ [1].

[1] شۇرا سۈرىسى: 49-50-ئايەتلەر.

ئاللاھ تائالانىڭ ھاياتلىق ئاتا قىلغۇچى، ھەممىگە رىزىق بەرگۈچى ۋە ھەممىنى پەرۋىش قىلىپ تۇرغۇچى يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرى ۋە دەلىل -پاكىتلىرى خۇددى قۇياشنىڭ نۇرىدەك ئوپئوچۇق ۋە روشەن چاقناپ تۇرسىمۇ، ئۇنى قويۇپ ھەرخىل ساختا مەبۇدلارغا چوقۇنۇۋاتقان ئىنسانلارنى قانداقمۇ ئەقلى بار ئىنسان دېگىلى بولسۇن؟! ئۇلارنىڭ ئەقلى يوقمىدۇ؟ قانداقمۇ ھەممىگە قادىر ۋە ھەممىنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىدىغان ئاللاھ تائالانى قويۇپ، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان، بىراۋغا پايدا-زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان، ھەتتا ئۆزلىرىنىمۇ زىيان-زەخمەتلەردىن قوغداپ قالالمايدىغان شۇ ئاجىز بۇتلارغا چوقۇنىدۇ؟

كاپىر ئىنسان ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان كۇفرىلىقى، ئۇنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشتەك ئاسىيلىقى، گۇناھكارلىقى ۋە ھەقىقەتنى رەت قىلىشى بىلەن ئاللاھ تائالاغا قارشى چىقىپ، شەيتانلارنىڭ تەرىپىنى ئالغان مەخلۇقتۇر.

ئەمما سەن ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىغا قايغۇرۇپ كەتمىگىن، ھەرگىز بىئارام بولمىغىن. چۈنكى، سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىش ئەمەس، پەقەت ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشتۇر. شۇڭا بىز سېنى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى، ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتقان كاپىرلارنى ۋە گۇناھكارلارنى ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا جازا بېرىش ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

ئى پەيغەمبەر كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، سىلەر نېمە ئۈچۈن مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سالمايسىلەر؟ ھالبۇكى، نۇرغۇن مۆجىزىلەر ۋە دەلىل-ئىسپاتلار مېنىڭ راستتىنلا ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟ ياكى مەن سىلەرگە ئەلچىلىك ۋەزىپەمنى ئادا قىلغانلىقىم ۋە بۇ دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىم ئۈچۈن سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلدىممۇ؟ ئەمەلىيەتتە، مەن سىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىم ئۈچۈن سىلەردىن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلغىنىم يوق. پەقەت مېنىڭ تىلەيدىغىنىم خالىغانلارنىڭ ئاللاھ تائالا تەرەپكە يول ئېلىشى ۋە ئۇنىڭ دىنىغا ئەمەل قىلىپ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشىدۇر. مەن سىلەردىن پەقەت مۇشۇنىلا تەلەپ قىلىمەن. ئاللاھ تائالا ھېچكىمنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار

قىلىۋەتمەيدۇ. ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا خاتىرىلىنىپ تۇرىدۇ. ھەركىم ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ئالىدۇ ياكى جازاسىنى تارتىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! سەن مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان، ھەمىشە تىرىك تۇرىدىغان ۋە بۇ كائىناتنىڭ يېگانە ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالاغا چىن قەلبىڭدىن ئىشەنچ قىلىپ تايانغىن. چۈنكى، كىمكى ئاللاھ تائالاغا چىن ئىشەنچ قىلىپ تايىنىدىكەن ۋە ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنى پۈتۈن يامانلىقلاردىن قوغداشقا ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىشقا ئەلۋەتتە كۇپايىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۆزى ئىرادە قىلغان ھەرقانداق ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىدۇر، ئۇ ھەر نەرسە ئۈچۈن مەلۇم ئۆلچەم بېكىتتى. ئاللاھ تائالاغا تايىنىش بىلەن سەۋەب قىلىش بىر-بىرىگە زىت كەلمەيدۇ. بەلكى ھەر نەرسىنىڭ ۋە ھەر ئىشنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىگە چىن ئېتىقاد قىلىش بىلەن بىرگە قولدىن كەلگەن سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشقا ئۆزى يالغۇز يېتەرلىكتۇر. چۈنكى، ئۇ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىلمىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېنىق ۋە تولۇق بىلىدۇ. قىيامەت كۈنى شۇ بىلگىنىگە ۋە پەرىشتىلەرنىڭ خاتىرىلەپ تۇرغانلىرىغا ئاساسەن جازا بەلگىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنى ئالتە كۈندە ياراتقان، ئاندىن ئەرشنىڭ ئۈستىگە ئۆرلىگەن زاتتۇر. ھەر شەيئىنىڭ ئۆلچىمىنى ۋە مىقدارىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ. شۇڭا سەن رەببىڭنىڭ سۈپەتلىرىنى، كامالى قۇدرىتىنى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى ئۆزىدىن سورىغىن، چۈنكى، رەببىڭ ھەممىنى مۇكەممەل بىلىدىغان زاتتۇر.

كاپىرلارغا رەھمان ئاللاھقا بويسۇنۇڭلار دېيىلسە، ئۇلار خۇددى پىرئەۋن ﴿ئى مۇسا! سىلەرنىڭ رەببىڭلار كىم؟﴾[1] دەپ گەدەنكەشلىك قىلغاندەك، كىمكەن ئۇ رەھمان دېگەن؟ بىز سەن بۇيرۇغان نەرسىگە سەجدە قىلامدۇق؟ دەپ ھاكاۋۇرلۇق قىلىدۇ. بۇ سۆز ئۇلارنىڭ كاپىرلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتىدۇ ۋە ئۇلارنى ئىمان ئېيتىشتىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

ئاسماندا ئوربىتىلارنى يارىتىپ، كۈندۈزدە جاھاننى يورۇتىدىغان، كائىناتقا ئىسسىقلىق بېرىدىغان قۇياشنى ۋە كېچىدە ئالەمنى يورۇتىدىغان

[1] تاھا سۈرىسى: 49-ئايەت.

نۇرلۇق ئاينى ياراتقان ئاللاھ تائالا نېمىدېگەن بۈيۈك! ئۇنىڭ بەرىكىتى ۋە ئاتا-ئىهسانلىرى نېمىدېگەن كاتتا! بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە تەڭداشسىز ئىلىم-ھېكمىتىنى تونۇۋېلىشقا يېتەرلىك ئالامەتلەردۇر. ئەمما ئىماندىن نېسىۋىسى بولمىغانلار بۇنى چۈشەنمەيدۇ ۋە بىلمەيدۇ.

ئەتراپىمىزدىكى كائىنات ئالامەتلىرىنى ياخشى كۆزىتىپ ئىبرەت ئېلىشنى، ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سانسىز نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىشنى خالىغانلار ئۈچۈن، ئاللاھ تائالانىڭ كېچە بىلەن كۈندۈزنى بىر-بىرى بىلەن ئالمىشىپ تۇرىدىغان قىلىپ يارىتىشىمۇ يېتەرلىكتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ كېچە بىلەن كۈندۈزنى بىر-بىرىنى قوغلاپ كېلىدىغان قىلىپ يارىتىشى ئۈچۈن بۇ ئىككىسى بىرلا ۋاقىتتا دۇنيادا تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. چۈنكى، دۇنيانىڭ بىر يېرىدە كېچە بولسا، يەنە بىر يېرىدە كۈندۈز بولىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. بىر-بىرىگە ياندىشىپ ئاقىدىغان ئىككى دېڭىزنىڭ بىرىنى تاتلىق، يەنە بىرىنى تۇزلۇق قىلىپ ئاقتۇرۇش ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان كائىنات ئالامەتلىرىنىڭ بىرىدۇر.

2. مەنىۋى جەھەتتىكى كورلار ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ ئالا-مەتلىرىنى كۆرەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار كۇفرى-زالالەت پاتقاقلىرىدىن چىقال-مايدۇ.

3. كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش، ۋەز-نەسىھەت قىلىش، سوئاللارغا جاۋاب بېرىش، دىنىي ئىلىم ئۆگىتىش قاتارلىق ئىشلارنى پۇل تېپىش ئۈچۈنلا قىلىش توغرا ئەمەس، ئەمما بۇ ئىشلار ئۈچۈن ئاتاپ بېرىلگەن ياردەم، مائاش قاتارلىقلارنى ئالسا بولىدۇ. شۇنداقلا، دىنىي خىزمەتكە ئاتالغان كىشىلەرگە ۋەخپە ياكى جەمئىيەت مائاش بەرسە ياكى جامائەت ئۆزئارا يىغىش قىلىپ توپلاپ بەرسە، ئالغۇچىلارغا ھالال بولىدۇ. چۈنكى، ئىنسان پەرىشتە ئەمەس، ئۇ يېمەك-ئىچمەككە، بالىلىرىنى بېقىش ئۈچۈن پۇلغا موھتاج بولىدۇ.

4. ئاللاھ تائالاغا تايىنىپ، بارلىق ئىشنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغۇچىلار ئۆزىنى كۈچلۈك بىر ھىمايە ئاستىغا ئالغان بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا

مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان، كۈچ-قۇۋۋىتى خوراپ كەتمەيدىغان يېگانە قۇدرەت ئىگىسىدۇر. ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىش ئىبادەتتۇر. ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىش قولدىن كەلگەن سەۋەبلەرنى ئورۇنداشقا زىت كەلمەيدۇ، ھەر ئىككىسىنى قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

5. ئاللاھ تائالانى مەدھىيەلەپ ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئېيتىش، ئۇنىڭ بارچە ئەيىب ۋە نۇقسانلاردىن پاك ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىش ۋە ئۇنى يادلاپ زىكىر-تەھلىل ئېيتىش ئىنساننىڭ مەنىۋى ئوزۇقىدۇر.

## ◄ ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ بەزى سۈپەتلىرى(1)

﴿وَعِبَادُ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلَّذِينَ يَمۡشُونَ عَلَى ٱلۡأَرۡضِ هَوۡنٗا وَإِذَا خَاطَبَهُمُ
ٱلۡجَٰهِلُونَ قَالُواْ سَلَٰمٗا ﴿٦٣﴾ وَٱلَّذِينَ يَبِيتُونَ لِرَبِّهِمۡ سُجَّدٗا وَقِيَٰمٗا ﴿٦٤﴾
وَٱلَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا ٱصۡرِفۡ عَنَّا عَذَابَ جَهَنَّمَۖ إِنَّ عَذَابَهَا كَانَ
غَرَامًا ﴿٦٥﴾ إِنَّهَا سَآءَتۡ مُسۡتَقَرّٗا وَمُقَامٗا ﴿٦٦﴾ وَٱلَّذِينَ إِذَآ أَنفَقُواْ لَمۡ
يُسۡرِفُواْ وَلَمۡ يَقۡتُرُواْ وَكَانَ بَيۡنَ ذَٰلِكَ قَوَامٗا ﴿٦٧﴾﴾

## ◄ تەرجىمىسى

63-رەھمان ئاللاھنىڭ (سالىھ)[1] بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ، نادانلار ئۇلارغا (نالايىق) سۆزلەرنى قىلسا، ئۇلار: «ئامان بولۇڭلار» دەيدۇ (يەنى گۈزەل سۆزلەرنى قىلىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ).

64-ئۇلار كېچىلەرنى رەببىگە سەجدە قىلىش ۋە قىيامدا تۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ.

65-ئۇلار ئېيتىدۇ: «ئى رەببىمىز! جەھەننەم ئازابىنى بىزدىن يىراق قىلغىن، شەكسىزكى، جەھەننەمنىڭ ئازابى دائىملىقتۇر.

66-جەھەننەم راستىنلا يامان قارارگاھتۇر، يامان تۇرالغۇدۇر».

67-ئۇلار خىراجەت قىلغاندا، چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەيدۇ، بېخىللىقمۇ قىل-

---

[1] سالىھ- ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتلەرنى مۇكەممەل ئادا قىلغان ۋە ئىسلامنىڭ تەلەپلىرىگە لايىق ياشىغان مۇئمىن ئادەمدۇر.

-مايدۇ، ئۇتتۇراھال خىراجەت قىلىدۇ.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ھەقىقىي مەندىكى مۇئمىن، مۇسۇلمان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار بارچە ياخشىلىقلاردا ۋە ئېسىل-پەزىلەتلەردە ئەڭ ئالدىدا تۇرغۇچىلاردۇر.

ئاللاھ تائالاغا توغرا يوسۇندا بەندىچىلىك قىلىپ، ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئارقىلىق ئۇنىڭ سالىھ بەندىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىش ئىنسانىيەت ئېرىشەلەيدىغان كامالەت دەرىجىلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ۋە ئۇلۇغلۇقى مۇئمىنلەرگە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن كاتتا ئۇنۋاندۇر. بۇ ئۇنۋانغا ئېرىشكەنلەرنىڭ ئەڭ بېشىدا ئىنسانىيەتنىڭ ئېپتىخارلىق ئۇلگىسى، ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ يېقىن بەندىسى ۋە ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كېلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن «ئاللاھنىڭ بەندىسى» دېگەن بۇ ئېسىل ئۇنۋاننى ئىشلەتكەندەك، ھەقىقىي مەندىكى مۇئمىنلەر ئۈچۈنمۇ «ئاللاھنىڭ بەندىلىرى» دېگەن پەخىرلىك ئۇنۋاننى ئىشلەتكەن. «ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى» دەپ سۈپەتلىنىش ئىنسان ئۈچۈن تولىمۇ شەرەپلىك ئىشتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالاغا قۇلچىلىق قىلىش ئەزىزلىك، ئىنسانلارغا قۇل بولۇش خارلىقتۇر. شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ساۋابلىق، ئىنسانلارغا چوقۇنۇش چوڭ گۇناھتۇر.
﴿سُبۡحَٰنَ ٱلَّذِيٓ أَسۡرَىٰ بِعَبۡدِهِۦ لَيۡلٗا مِّنَ ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِ إِلَى ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡأَقۡصَا ٱلَّذِي بَٰرَكۡنَا حَوۡلَهُۥ لِنُرِيَهُۥ مِنۡ ءَايَٰتِنَآۚ﴾ يەنى ﴿قۇدرىتىمىزنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىر قىسمىنى كۆرسىتەيلى دەپ بەندىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نى بىر كېچىدە مەسجىدى ھەرەمدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ كەلگەن ئاللاھ (بارچە نۇقسانلاردىن) پاكتۇر﴾ [1]،
﴿تَبَارَكَ ٱلَّذِي نَزَّلَ ٱلۡفُرۡقَانَ عَلَىٰ عَبۡدِهِۦ لِيَكُونَ لِلۡعَٰلَمِينَ نَذِيرًا ① ٱلَّذِي لَهُۥ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَلَمۡ يَتَّخِذۡ وَلَدٗا وَلَمۡ يَكُن لَّهُۥ شَرِيكٞ فِي ٱلۡمُلۡكِ وَخَلَقَ كُلَّ شَيۡءٖ فَقَدَّرَهُۥ تَقۡدِيرٗا﴾ يەنى ﴿بەندىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نىڭ پۈتۈن جاھان ئەھلىگە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلغان، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۆزىگە خاس بولغان، بالىسى بولمىغان،

[1] ئىسرا سۈرىسى: 1-ئايەت.

هاكىمىيىتىدە شېرىكى بولمىغان ۋە ھەر نەرسىنى يارىتىپ ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بېكىتكەن ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر﴾ [1] دېگەن ئايەتلەر بۇنىڭ مىسالى.

بىز توختىلىۋاتقان ئايەتتىمۇ ھەقىقىي مەنىدىكى مۇئمىنلەر «ئاللاھنىڭ بەندىلىرى» دەپ ئاتالغان. گەرچە دۇنيادىكى جىمى مەخلۇقات ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەقىقىي مەنىدىكى مۇئمىن، سالىھ كىشىلەرنى «ئاللاھنىڭ بەندىلىرى» دەپ ئاتاش ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا، ئاللاھ تائالانىڭمۇ ئۇلارغا يېقىن ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

«رەھمان» دېگەن سۆز ئاللاھ تائالانىڭ ھەم ئىسمى ھەم سۈپىتىدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالانى «رەھمان» دەپ ئاتىغان ئادەم ئۇنى ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتىغان بولىدۇ. «رەھمان» دېگەن سۆز ئىسىم بولۇپ كەلگەندە، ئۇنى شۇ بويىچە «رەھمان»دەپ ئاتاش كېرەك، ئەمما بۇ سۆز سۈپەت بولۇپ كەلگەندە، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ناھايىتى رەھىم-شەپقەتلىك دېگەن سۈپىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

«ئاللاھنىڭ بەندىلىرى» دەپ ئاتالغان بۇ مۇئمىنلەرنىڭ بەزى سۈ-پەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ﴿زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ﴾ يەنى ئۇلارمۇ باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش كۈندۈزلىرى تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن زېمىندا يۈرۈپ ھەرىكەت قىلىدۇ، باشقىلارغا مۇئامىلە قىلغاندا دۇرۇس، سەمىمىي ۋە سىلىق مۇئامىلە قىلىدۇ، يولدا يۈرگەندە ناھايىتى كەمتەرلىك ۋە ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن ماڭىدۇ، غادايمايدۇ، چوڭچىلىق قىلمايدۇ، بۇزغۇنچىلىق سالمايدۇ، باشقىلارغا ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن سۈنئىي ھەرىكەتلەرنى قىلمايدۇ.

2. ﴿نادانلار ئۇلارغا (نالايىق) سۆزلەرنى قىلسا، ئۇلار: «ئامان بولۇڭلار» دەيدۇ (يەنى گۈزەل سۆزلەرنى قىلىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ)﴾ يەنى ئۇلار ھېچقاچان يامانلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاب بەرمەيدۇ، بەلكى يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ. نادانلار ئۇلارغا يامان سۆزلەرنى قىلسىمۇ، ئۇلارغا يامان سۆز قىلمايدۇ، ئۇلار بىلەن گەپ تالىشىپ ئولتۇرماي، گۈزەل سۆزلەرنى قىلىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

---

[1] فۇرقان سۈرىسى: 1-2- ئايەتلەر.

ئايەتتىكى ﴿سالام﴾ دىن مەقسەت ئامانلىق تىلەش مەنىسىدىكى سالام ئەمەس، بەلكى يۈز ئۆرۈش ۋە خۇش دەپ قويۇپ ئۆز يولىنى داۋاملاشتۇرۇش مەنىسىدىكى سالامدۇر. بەزى ئالىملار بۇ يەردىكى سالامنى (ھەممىمىز ئامان بولايلى!) دېگەن مەنىدە تەپسىر قىلىدۇ. يەنى جېدەللىشىش ھەم سىلەر ئۈچۈن ھەم بىز ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. شۇڭا ھەممىمىز ئۆز ئىشىمىزنى قىلايلى، ئۆز يولىمىزغا ماڭايلى، بىر-بىرىمىزگە ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن ئامان بولايلى!

ئەگەر مۆئمىن ئادەمگە ئەدەپسىزلىك قىلغان ياكى يامان سۆزلەرنى قىلغان كىشى نادانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مۆئمىنلىكىگە ياكى دىنىغا دۈشمەنلىك قىلىش يۈزىسىدىن شۇنداق قىلغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا مۆئمىن ئادەمنىڭ ئۆزىنى خار قىلىشى ۋە زۇلۇمغا، ناھەقچىلىككە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشى قەتئىي توغرا ئەمەس. بۇ چاغدا ئۇنىڭ يامانلىقىغا قارشى رەددىيە بېرىشى، كېرەك بولسا چارە-تەدبىر قوللىنىشى لازىم بولىدۇ. باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن مۇنداقلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىشكە تېگىشلىك. ئەگەر ئۇ كىشى نادانلىقتىن ئەزىيەت يەتكۈزگەن بولسا ۋە قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ كەچۈرۈم سورىسا، ئەلۋەتتە ئۇنى كەچۈرۈۋېتىش لازىم.

3. ﴿ئۇلار كېچىلەرنى رەببىگە سەجدە قىلىش ۋە قىيامدا تۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ﴾. يەنى كېچىلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. چۈنكى، ئايەتتىكى ﴿كېچىلەر﴾ دېگەن سۆزدىن كېچىنىڭ ھەممە قىسمى ئەمەس، بەلكى بىر قىسمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ سۈپەت ھەممە كىشىدە بىر خىل بولمايدۇ. بەزى كىشىلەر ئاخشىمى خۇپتەن نامىزىنى جامائەت بىلەن ئادا قىلىپ، ئەتىسى بامدات نامىزىنىمۇ جامائەت بىلەن ئادا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كېچىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەننىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ. بەزى كىشىلەر كېچىنىڭ كۆپرەكىدە ئۇخلاپ، بامداتقا ئاز قالغاندا ئورنىدىن تۇرۇپ تەھەججۇد نامىزى ئوقۇيدۇ، يەنە بەزى كىشىلەر كېچىسى ئاز ئۇخلاپ بەك سەھەر تۇرىدۇ. بۇلار: ﴿كَانُواْ قَلِيلًا مِّنَ ٱلَّيۡلِ مَا يَهۡجَعُونَ ۝١٧ وَبِٱلۡأَسۡحَارِ هُمۡ يَسۡتَغۡفِرُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى. ئۇلار سەھەرلەردە (رەببىدىن) مەغپىرەت تىلەيتتى﴾ [1] دېگەن ئايەتتە سۈپەتلەنگەن كىشىلەردۇر. قىسقىسى، ھەركىم كۈچى يەتكەنچە ئىبادەت قىلىدۇ.

[1] زارىيات سۈرىسى: 17-18-ئايەت.

4. ﴿ئۇلار ئېيتىدۇ: «ئى رەببىمىز! جەھەننەم ئازابىنى بىزدىن يىراق قىلغىن، شەكسىزكى، ئۇنىڭ ئازابى دائىملىقتۇر﴾ دەيدۇ. يەنى ئۇلار قولىدىن كەلگەن ياخشىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغان تۇرۇپمۇ، ئەمەللىرىنىڭ قوبۇل بولماسلىقىدىن ئەنسىرەش ۋە گۇناھلارغا چۈشۈپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەش بىلەن ياشايدۇ. ھەرگىز ئىبادەتلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن مەغرۇرلىنىپ كەتمەيدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىنى ئاددىي چاغلاپ قالمايدۇ. بەلكى ھەمىشە ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئازابىدىن قورقىدۇ، يامان ئىش قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ. ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ ئۆزلىرىدىن دوزاخنى يىراق قىلىشىنى ۋە دوزاخنى ئۆزلىرىگە ھەرگىز يولاتماسلىقىنى تىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ﴿وَٱلَّذِينَ يُؤۡتُونَ مَآ ءَاتَواْ وَّقُلُوبُهُمۡ وَجِلَةٌ أَنَّهُمۡ إِلَىٰ رَبِّهِمۡ رَٰجِعُونَ﴾ يەنى ﴿رەببىنىڭ دەرگاھىغا قايتىپ بارىدىغانلىقى ئۈچۈن، بېرىدىغانلىرىنى دىللىرى قورقۇپ تۇرۇپ بېرىدىغان كىشىلەر﴾ [1] دەپ سۈپەتلىگەن.

5. ﴿ئۇلار خىراجەت قىلغاندا، چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەيدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇراھال خىراجەت قىلىدۇ﴾. يېيىش، ئىچىش، چىرايلىق كىيىنىش، ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش، بالىلىرىنى ئوقۇتۇش قاتارلىق ئىشلارغا ئۆز يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىش ئىسراپچىلىققا كىرمەيدۇ. چۈنكى، ئىسراپ – پۇل - مالنى ھارام ئىشلارغا، گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە سەرپ قىلىش، ھالال ئىشلارغىمۇ ھەددىدىن ئارتۇق ئىشلىتىپ بۇزۇپ -چېچىشتۇر. يوللۇق جايلارغا، ھالال ئىشلارغا پۇل-مال سەرپ قىلىشتا، ئائىلىگە خىراجەت قىلىشتا ئوتتۇراھاللىق بىلەن ئىش كۆرۈش دىنىمىزنىڭ ئەمرى ۋە ئىقتىسادچانلىقنىڭ ئاساسىدۇر. ئەپسۇسكى، مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ سانلىقى بۇ ھەقىقەتنى بىلمەيدۇ. **14** ئەسىر بۇرۇن ئۆگىتىلگەن بۇ ئىلاھىي تەلىمات زامانىمىزدىكى ئىنسانلار ئۈچۈن بىردىنبىر ئىقتىساد باشقۇرۇش پىرىنسىپىغا ئايلىنىپ قالماقتا.

بۇنىڭدىن باشقا ئىقتىساد باشقۇرۇش توغرۇلۇق كەلگەن ئايەتلەر كۆپ. ﴿وَلَا تَجۡعَلۡ يَدَكَ مَغۡلُولَةً إِلَىٰ عُنُقِكَ وَلَا تَبۡسُطۡهَا كُلَّ ٱلۡبَسۡطِ﴾ يەنى ﴿(بېخىللىق قىلىپ) قولۇڭنى بوينۇڭغا باغلىۋالمىغىن، (چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ) قولۇڭنى پۈتۈنلەي ئېچىۋەتمىگىن﴾[2]، ﴿إِنَّ ٱلۡمُبَذِّرِينَ كَانُوٓاْ إِخۡوَٰنَ ٱلشَّيَٰطِينِ﴾

[1] مۇئمىنۇن سۈرىسى: 60-ئايەت.

[2] ئىسرا سۈرىسى: 29-ئايەت.

يەنى ﴿بۇزۇپ-چاچقۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر﴾[1] دېگەن ئايەتلەر بۇنىڭ مىسالى.

پۇل-مالنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەي، بەكمۇ چىڭ تۇتۇۋالماي، ئوتتۇرا-ھال دەرىجىدە سەرپ قىلىش ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بولغىنىدەك، يوقسۇل بولۇپ قالماسلىقنىڭ كاپالىتىدۇر.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولغان بەندىلەر ھەقىقىي مەنىدىكى مۆئمىنلەردۇر.

2. كەمتەرلىك ئەڭ ئېسىل ئەخلاق بولۇپ، كەمتەر بولغۇچىلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ۋە خەلقنىڭ نەزىرىدە ھۆرمىتى يۇقىرى، مەرتىۋىسى كاتتا بولىدۇ.

3. يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش ئالىيجانابلىقتۇر.

4. پەرز نامازلاردىن قالسا ئەڭ ساۋابلىق ناماز تەھەججۇد نامىزىدۇر.

5. ئىقتىسادچانلىق نامراتلىقتىن ساقلىنىشنىڭ كاپالىتىدۇر.

### ھەقىقىي مۆئمىنلەرنىڭ بەزىسى سۈپەتلىرى(2)

﴿وَٱلَّذِينَ لَا يَدۡعُونَ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَ وَلَا يَقۡتُلُونَ ٱلنَّفۡسَ ٱلَّتِي
حَرَّمَ ٱللَّهُ إِلَّا بِٱلۡحَقِّ وَلَا يَزۡنُونَۚ وَمَن يَفۡعَلۡ ذَٰلِكَ يَلۡقَ أَثَامًا ﴿٦٨﴾
يُضَٰعَفۡ لَهُ ٱلۡعَذَابُ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ وَيَخۡلُدۡ فِيهِۦ مُهَانًا ﴿٦٩﴾ إِلَّا مَن
تَابَ وَءَامَنَ وَعَمِلَ عَمَلًا صَٰلِحًا فَأُوْلَٰٓئِكَ يُبَدِّلُ ٱللَّهُ سَيِّـَٔاتِهِمۡ
حَسَنَٰتٖۗ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا ﴿٧٠﴾ وَمَن تَابَ وَعَمِلَ صَٰلِحًا
فَإِنَّهُۥ يَتُوبُ إِلَى ٱللَّهِ مَتَابًا ﴿٧١﴾ وَٱلَّذِينَ لَا يَشۡهَدُونَ ٱلزُّورَ وَإِذَا
مَرُّواْ بِٱللَّغۡوِ مَرُّواْ كِرَامًا ﴿٧٢﴾ وَٱلَّذِينَ إِذَا ذُكِّرُواْ بِـَٔايَٰتِ رَبِّهِمۡ لَمۡ

[1] ئىسرا سۈرىسى: 27-ئايەت.

يَخِرُّواْ عَلَيْهَا صُمًّا وَعُمْيَانًا ﴿٧٣﴾ وَٱلَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا هَبْ لَنَا مِنْ
أَزْوَٰجِنَا وَذُرِّيَّٰتِنَا قُرَّةَ أَعْيُنٍ وَٱجْعَلْنَا لِلْمُتَّقِينَ إِمَامًا ﴿٧٤﴾ أُوْلَٰٓئِكَ
يُجْزَوْنَ ٱلْغُرْفَةَ بِمَا صَبَرُواْ وَيُلَقَّوْنَ فِيهَا تَحِيَّةً وَسَلَٰمًا ﴿٧٥﴾ خَٰلِدِينَ
فِيهَاۚ حَسُنَتْ مُسْتَقَرًّا وَمُقَامًا ﴿٧٦﴾ قُلْ مَا يَعْبَؤُاْ بِكُمْ رَبِّي لَوْلَا
دُعَآؤُكُمْۖ فَقَدْ كَذَّبْتُمْ فَسَوْفَ يَكُونُ لِزَامًۢا ﴿٧٧﴾

### تەرجىمىسى

68ـ ئۇلار ئاللاھقا باشقا بىر ئىلاھنى شېرىك قىلمايدۇ، ئاللاھ (ئۆلتۈرۈشنى) ھارام قىلغان جاننى ناھەق ئۆلتۈرمەيدۇ، زىنا قىلمايدۇ. كىمكى بۇ (گۇناھلاردىن بىرەرسى)نى قىلىدىكەن، ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ.

69ـ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ، ئۇ خارلانغان ھالدا ئازاب ئىچىدە مەڭگۈ قالىدۇ.

70ـ پەقەت تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئاللاھ ئەنە شۇلارنىڭ يامانلىقلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، بەكمۇ مېھرىباندۇر.

71ـ كىمكى تەۋبە قىلىدىكەن ۋە ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، شەكسىزكى، ئۇ ئاللاھقا ھەقىقىي يۈزلەنگەن بولىدۇ.

72ـ ئۇلار (يەنى ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرى) يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ، بىھۇدە سۆز ـ ھەرىكەتلەرگە يولۇققاندا، ئالىيجانابلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ.

73ـ ئۇلارغا رەببىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنسا، گاس، كور بولۇۋالمايدۇ.

74ـ ئۇلار: «ئى رەببىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شاد-لىق بېغىشلىغىن، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى قىلغىن» دەيدۇ.

75ـ ئەنە شۇلار (تائەت ـ ئىبادەتتە) چىداملىق بولغانلىقى ئۈچۈن، (جەننەت-تىكى) ئالىي سارايلار بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ، ئۇلار جەننەتتە ھۆرمەت ۋە سالام بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ.

76ـ ئۇلار ئالىي سارايلاردا مەڭگۈ تۇرىدۇ، ئۇ سارايلار نېمىدېگەن گۈزەل

قارارگاھ! نېمىدېگەن گۈزەل جاي!

77-(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەرنىڭ (دۇئا ۋە ئىبادەت بىلەن) يالۋۇرۇشۇڭلار بولمىسا، رەببىم سىلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ. (ئى كاپىرلار!) سىلەر (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلدىڭلار، شۇڭا سىلەر قۇتۇلالمايدىغان ئازابقا قالىسىلەر».

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا سالىھ بەندىلىرىنى كۆپلىگەن گۈزەل سۈپەتلەر بىلەن تەرىپلىگەن. تۆۋەندىكى سۈپەتلەر ئاشۇلارنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر:

6. ﴿ئۇلار ئاللاھقا باشقا بىر ئىلاھنى شېرىك قىلمايدۇ﴾ يەنى ئاللاھ تائالانىڭ سالىھ بەندىلىرى ئېتىقاد ۋە ئىبادەتلىرىدە ساختا مەبۇدلاردىن بىرەرسىنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىپ قوشۇۋالمايدۇ، ئۇنىڭ ھېچبىر شېرىكى يوق ئىكەنلىكىگە چىن ئېتىقاد قىلىدۇ، ئىبادەتلىرىنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلىدۇ، ئۇنىڭغىلا تايىنىپ، ئۇنىڭدىنلا ياردەم تىلەيدۇ ۋە دۇئانى ئۇنىڭغىلا قىلىدۇ.

7. ﴿ئاللاھ (ئۆلتۈرۈشنى) ھارام قىلغان جاننى ناھەق ئۆلتۈرمەيدۇ﴾ يەنى ئۇلار ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمەيدۇ. چۈنكى بىگۇناھ ئادەمنىڭ قېنىنى تۆكۈش قەتئىي ھارامدۇر. پەقەت ئۈچ خىل ئادەمنى ئۆلتۈرۈشكە بولىدۇ. ئۆلتۈرگەندىمۇ ھەركىم خالىغانچە ئەمەس، بەلكى ئىسلام مەھكىمىسىنىڭ قارارى بىلەن ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، مەخسۇس ئورگان تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىدۇ. بۇ ئۈچ خىل ئادەمنىڭ بىرى، دىندىن يېنىۋېلىپ مۇرتەد بولغان ئادەم، ئىككىنچىسى، ئۆيلەنگەن تۇرۇپ زىنا قىلغان ئادەم، ئۈچىنچىسى، قاتىل.

دېمەك، ئاللاھ تائالانىڭ سالىھ بەندىلىرى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمەيدۇ ۋە بىراۋنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبمۇ بولمايدۇ.

8. ﴿زىنا قىلمايدۇ﴾ يەنى ئۇلار زىنادىن ۋە كىشىلەرنى زىناغا قىزىقتۇرىدىغان قىلىقلارنى قىلىشتىن ئەلۋەتتە يىراق تۇرىدۇ. چۈنكى، زىنا ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر. زىنا ئىناق ئائىلىنى پارچىلايدىغان، باللارنى يېتىم قىلىدىغان، جەمئىيەتنى بۇلغايدىغان، يۈز-ئابرۇينى چۈشۈرىدىغان يامان قىلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لاَ يَـزْنِي الـزَّانِي

حِينَ يَزْنِي وَهُوَ مُؤْمِنٌ ، وَلاَ يَشْرَبُ الخَمْرَ حِينَ يَشْرَبُ وَهُوَ مُؤْمِنٌ ، وَلاَ يَسْرِقُ حِينَ يَسْرِقُ وَهُوَ مُؤْمِنٌ» يەنى «زىنا قىلغۇچى مۆئمىنلىك ھالىتىدە زىنا قىلمايدۇ، ھاراق ئىچكۈچى مۆئمىنلىك ھالىتىدە ھاراق ئىچمەيدۇ، ئوغرىلىق قىلغۇچى مۆئمىنلىك ھالىتىدە ئوغرىلىق قىلمايدۇ»[1] دېگەن. ئاللاھ تائالا زىنا قىلىشنىڭ ئۆزىنىلا ئەمەس، بەلكى زىناغا يېقىنلىشىشنىمۇ مەنئى قىلىپ: ﴿وَلَا تَقۡرَبُواْ ٱلزِّنَىٰٓ﴾ يەنى ﴿زىناغا يېقىنلاشماڭلار﴾ [2] دېگەن.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش»، «ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش» ۋە «زىنا قىلىش»تىن ئىبادەت ئۈچ چوڭ قىلمىش گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭى(گۇناھى كەبىرە)، جىنايەتلەرنىڭ ئەڭ ئېغىرى ۋە رەزىللىكلەرنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر. بۇلاردىن بىرەرسىنى سادىر قىلغانلار ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق ئازابىغا ئۇچرايدۇ.

بۇ گۇناھلارنى قىلىپ تەۋبە قىلماي ئۆلگەنلەرگە ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدە قاتمۇقات ئازابنى تېتىتىدۇ، مۇنداقلار ئازابتا مەڭگۈ قالىدۇ.

تەۋبە ـ نەپسنى يامان ئىللەتلەردىن پاكلاپ، قىلمىشلىرىنى تۈزىتىش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت بولۇپ، تەۋبىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن مۇھىم بولغان شەرتلىرى بار. ئۇلار: ئۆز گۇناھىنى تونۇپ ئېتىراپ قىلىش، گۇناھ قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلىش، قايتا گۇناھ قىلماسلىققا بەل باغلاش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش ئارقىلىق گۇناھلىرىنى يۇيۇش قاتارلىقلاردۇر. تەۋبە ھەرگىزمۇ تىل بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدىغان ئاددىي ئىش ئەمەس. شۇڭا تەۋبە قىلغان ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشى، قىلمىشلىرىنى تۈزۈشى، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشى شەرتتۇر.

تەۋبىنى مۇشۇ شەرتى بويىچە قىلغانلارنىڭ بارلىق گۇناھلىرى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ياخشىلىققا ئۆزگەرتىلىدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ساۋابقا ئۆزگىرىدۇ.

﴿يامانلىقلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ﴾ دېگەن ئايەت گۇناھ ۋە

---

[1] «صحيح البخاري» 3ـتوم، 136ـبەت، 2475ـھەدىس، «صحيح مسلم» 1ـتوم، 76ـبەت، 57ـھەدىس.

[2] ئىسرا سۈرىسى: 32ـئايەت.

يامانلىقلارنىڭ بىردىنلا ساۋابقا ۋە ياخشى ئەمەلگە ئۆزگىرىپ قالىدىغانلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ، بەلكى گۇناھكار ئادەم ئالدى بىلەن گۇناھ ۋە يامان ئىشلىرىنى دەرھال توختىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تەۋبىنى قويىدۇ ۋە ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى يوق قىلىۋېتىپ، ئورنىغا ساۋاب يازىدۇ.

گۇناھنىڭ تەۋبە ئارقىلىق ساۋابقا ئايلىنىپ قېلىشىدىكى سىر توغرۇلۇق بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «گۇناھ قىلمىغان ئادەم گۇناھتىن لەززەت ئالمىغانلىقى ئۈچۈن، گۇناھتىن قول ئۈزۈشنىڭ قىيىنلىقىنى بىلمەيدۇ. ئەمما گۇناھ قىلغان ۋە بۇ گۇناھتىن لەززەت ئالغان ئادەم تەۋبە قىلىش ۋە بۇ لەززەتتىن ۋاز كېچىش يولىدا كۆپ قىيىنىلىدۇ. ئۇ شۇنداق قىينالسىمۇ ئۆزىنى زورلاپ گۇناھنى تاشلايدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بۇ يولسىز تەلەپلىرىنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلىدۇ. دېمەك، گۇناھتىن يانغان ئادەم بۇ گۇناھتىن ۋاز كېچەلمەي كۆپ قىيىنىلىدۇ. مەسىلەن: تاماكا چېكىشكە كۆنۈپ قالغان ئادەمنىڭ ئۇنى تاشلاش يولىدا تارتقان جاپاسىنى تاماكا چېكىپ باقمىغان ئادەم بىلمەيدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا ھەممىنى ئوبدان بىلىدۇ، شۇڭا گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلغان كىشىلەرنىڭ قىلىپ ئادەتلىنىپ قالغان گۇناھنى تاشلاش يولىدا تارتقان جاپالىرىنى كۆزدە تۇتقانلىقتىن، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ساۋابقا ئۆرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ تەۋبە قىلغان بەندىلىرىگە بولغان چەكسىز رەھىم-شەپقىتىنىڭ ئىپادىسىدۇر».

9. ﴿يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ﴾ يەنى ئاللاھ تائالانىڭ سالىھ بەندىلىرى جىنايەتچىنى قوغداپ قېلىش ياكى بىگۇناھ ئادەمنى قارىلاش ئۈچۈن يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ. يالغان گۇۋاھلىق مەيلى سۆز بىلەن، مەيلى ئىش-ھەرىكەت بىلەن، مەيلى ئىقرار بىلەن ئەمەلگە ئاشسۇن، ھەممىسى ھارامدۇر ۋە ئېغىر گۇناھتۇر. چۈنكى، يالغان گۇۋاھلىق سەۋەبلىك ھەق-ھوقۇقلار زايە بولۇپ كېتىدۇ، گۇناھسىزلار قارىلىنىپ، گۇناھكارلار ئاقلىنىدۇ.

﴿يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى كەڭ مەنىدە چۈشەنگەندە، ئاللاھ تائالانىڭ سالىھ بەندىلىرى يالغان گۇۋاھلىق بەرمەسلىك بىلەن بىرگە يالغان گۇۋاھچىلارنىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. يەنى مەيلى ئۆزلىرىنىڭ ياكى يېقىنلىرىنىڭ دەۋا ئىشلىرىدا يالغان گۇۋاھچىلارنى كەلتۈرمەيدۇ. چۈنكى باشقىلارغا يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ياكى ئۆزىنىڭ جىنايىتىنى

يوشۇرۇش ئۈچۈن يالغان گۇۋاھچىلارنى كەلتۈرۈش ھەر ئىككىسى ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئېغىر گۇناھتۇر.

**10.** ﴿بىھۇدە سۆز-ھەرىكەتلەرگە يولۇققاندا، ئالىيجانابلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ﴾ يەنى ئۇلار يالغان سۆز ۋە ھەرقانداق بىھۇدە گەپنى ئاڭلاپ قالغىنىدا، ئۇ جايدىن ئۆزىنىڭ ھۆرمىتىنى ۋە ئابرۇيىنى ساقلىغان ھالدا تېز كېتىپ قالىدۇ، غەيۋەتكە، يامان سۆزگە ئارىلاشمايدۇ.

ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە قاراپ: ‹مەن سىلەرگە چوڭ گۇ-ناھلارنىڭ ئەڭ چوڭىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟› دېدى، ساھابىلەر: ‹يارەسۇلۇللاھ! ئەلۋەتتە ئېيتىپ بەرگەيلا› دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹الإِشْرَاكُ بِاللَّهِ ، وَعُقُوقُ الوَالِدَيْنِ - وَجَلَسَ وَكَانَ مُتَّكِئًا فَقَالَ - أَلاَ وَقَوْلُ الزُّورِ› يەنى ‹ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا-ئانىنى قاقشىتىش› دېدى ۋە يۆلىنىپ ئولتۇرغان يېرىدىن قوزغىلىپ تىك ئولتۇرۇپ: ‹يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن ساقلىنىڭلار!› دېدى. بۇنى شۇنچە كۆپ تەكرار-لىدىكى، بىز ‹ئەمدى بىر توختىغان بولسىكەن› دەپ قالدۇق»[1].

**11.** ﴿ئۇلارغا رەببىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ۋەز-نەسىھەت قىلىنسا، گاس، كور بولۇۋالمايدۇ﴾ يەنى ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ياكى بۇ ئايەتلەر بىلەن ۋەز-نەسىھەت قىلىنسا، ئۇلارنىڭ ئىمانى كۈچلىنىدۇ، ئەقىدىسى مۇستەھكەملىنىدۇ، ئاللاھ تائالاغا بولغان تونۇشى ۋە ئىشەنچىسى تېخىمۇ ئاشىدۇ. ئەمما كاپىرلار بۇلارنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ كالامىدىن تەسىرات ئالمايدۇ، ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلمايدۇ. خۇددى ھېچ نەرسە ئاڭلىمىغاندەك بۇرۇنقى ھالىتىدە تۇرۇۋېرىدۇ. ﴿وَإِذَا مَآ أُنزِلَتۡ سُورَةٞ فَمِنۡهُم مَّن يَقُولُ أَيُّكُمۡ زَادَتۡهُ هَٰذِهِۦٓ إِيمَٰنٗاۚ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ فَزَادَتۡهُمۡ إِيمَٰنٗا وَهُمۡ يَسۡتَبۡشِرُونَ ﴿١٢٤﴾ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٞ فَزَادَتۡهُمۡ رِجۡسًا إِلَىٰ رِجۡسِهِمۡ وَمَاتُواْ وَهُمۡ كَٰفِرُونَ﴾ يەنى ﴿قاچانىكى بىر سۈرە نازىل قىلىنسا، ئۇلارنىڭ (مۇناپىقلارنىڭ) ئارىسىدا: «بۇ سۈرە قايسىڭلارنىڭ ئىمانىنى زىيادە قىلدى؟» دەيدىغانلار بار، مۆئمىنلەرگە كېلىدىغان بولساق، (بۇ سۈرە) ئۇلارنىڭ ئىمانىغا ئىمان قوشتى، ئۇلار بۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ كېتىدۇ. دىللىرىدا (مۇناپىقلىق كېسىلى بارلارغا كېلىدىغان بولساق، (بۇ سۈرە) ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقىغا

[1] «صحيح البخاري»3-توم، 172- بەت، 2654- ھەدىس.

كۇفرىلىق قوشتى، ئۇلار كاپىر پېتى ئۆلدى﴾ [1].

«ئايەت» دېگەن سۆز «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق ئۈچ خىل مەنىدە كېلىدۇ:

بىرىنچىسى، كائىناتتىكى ئالامەتلەر: بۇ ئالامەتلەر ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل سەنئەتلىرىنى، ھېكمەتلىك ئىش-پائالىيەتلىرىنى نامايان قىلىدۇ، چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدۇ ۋە يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئوپئوچۇق كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

ئىككىنچىسى، پەيغەمبەرلەرنىڭ راستچىللىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كەلگەن مۆجىزىلەر بولۇپ، ئۇلارمۇ ئايەتلەر دەپ ئاتىلىدۇ. مۆجىزىلەر پەقەت ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كېلىدۇ.

ئۈچىنچىسى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرى بولۇپ، ئۇلار سۈرىلەردىكى ئايرىم بۆلەكلەرنى كۆرسىتىدۇ.

12. ﴿ئۇلار: «ئى رەببىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىغىن، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى قىلغىن» دەپ دۇئا قىلىدۇ﴾ يەنى ئۇلار ھىممىتىنى بۇ دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتلىرىگە قاراتماي ئاخىرەتكە قارىتىدۇ، ئاللاھ تائالادىن ئىبادەتلەرگە ھېرىسمەن بولۇشنى، گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن يىراق تۇرۇشنى، تەقۋادار، ئەخلاقلىق، ياخشى جورا ۋە ياخشى پەرزەنتلىرى بولۇشنى تىلەيدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ تەقۋالىقتا، گۈزەل ئەخلاقتا باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشنى تىلەيدۇ. چۈنكى، ئاقىۋەتتە ئەسقاتىدىغىنى مۇشۇدۇر. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەمىشە: «اللَّهُمَّ اجْعَلْنَا مِنْ أَئِمَّةِ الْمُتَّقِينَ» يەنى«ئى ئاللاھ! بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى قىلغىن»[2] دەپ دۇئا قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئون ئىككى سۈپەت ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولغان ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ ۋە سالىھ بەندىلەرنىڭ سۈپەتلىرى بولۇپ، ئۇلار: كەمتەرلىك، سەۋرچانلىق، كېچىلىرى تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇش، ئىقتىسادچان بولۇش، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن، زىنا قىلىشتىن، قاتىللىق قىلىشتىن

---

[1] تەۋبە سۈرىسى: 124-125-ئايەتلەر.

[2] «تفسير القرطبي»13- توم 83-بەت.

ۋە يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتەك چوڭ گۇناھلاردىن يىراق تۇرۇش، ئاللاھ تائالادىن ياخشى جورا ۋە ياخشى پەرزەنتلەرنى تىلەش قاتارلىقلاردۇر.

﴿ئەنە شۇلار (تائەت-ئىبادەتتە) چىداملىق بولغانلىقى ئۈچۈن جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ﴾. يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان مۆئمىنلەر ئىبادەتنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىرىگە، نەپسىنىڭ يولسىز ئىستەكلىرىنى يېڭىشنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا سەۋرچانلىق ۋە چىدامچانلىق بىلەن تاقابىل تۇرغانلىقى يۈزىسىدىن ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئېسىل جەننەتلەرگە لايىق بولىدۇ ۋە ئەڭ كاتتا مۇكاپاتلارغا ئېرىشىدۇ. چۈنكى، جەننەتكە كىرىش ئوڭاي ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «حُفَّتِ الْجَنَّةُ بِالْمَكَارِهِ، وَحُفَّتِ النَّارُ بِالشَّهَوَاتِ» يەنى «جەننەت نەپسكە ئېغىر كېلىدىغان ئىشلار بىلەن، دوزاخ نەپس ئىشتىها قىلىدىغان نەرسىلەر بىلەن قورشالغان»[1] دەپ كۆرسەتكەن. ئىنساننىڭ نەپسى جاپالىق ئىشلارنى يامان كۆرىدۇ ۋە شەھۋەتكە قىزىقىدۇ. نەپسىنىڭ يامانلىققا ئىتتىرىدىغان كۈچىنى يېڭىپ، ئۇنىڭ يولسىز ئىستەكلىرىنى رەت قىلىپ، جاپالىق بولسىمۇ جەننەتنىڭ ئەمەللىرىنى قىلغان ئادەم جەننەتكە كىرىدۇ. ئەمما ئۆز نەپسىنى ئەقلىگە ھاكىم قىلىۋالغان ۋە نەپسىنىڭ ئىستەكلىرىگە چوقۇنىدىغان ئادەملەر دوزاخقا لايىق بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بىزنى بۇنىڭدىن ساقلىغاي!

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان مۆئمىنلەرنىڭ جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىنىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ جەننەتتە پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئەڭ ئالىي ئېھتىرام ۋە قىزغىن سالاملار بىلەن قارشى ئېلىنىدىغانلىقىنى، ئۇلار جەننەتكە كىرگەندىن كېيىن جەننەتتە مەڭگۈ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن قەتئىي چىقىرىلمايدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان. جەننەتنىڭ ئېسىللىكىدىن جەننەت ئەھلى باشقا جايلارغا يۆتكىلىشنى قەتئىي خالىمايدۇ.

جەننەت ھەقىقەتەن يېقىملىق ۋە ئەڭ ئېسىل جايدۇر. كىممۇ ئۇنى ئارزۇ قىلمىسۇن!؟ ئاللاھ تائالا بىزلەرنى جەننەت ئەھلىدىن قىلسۇن، ئامىن.

﴿ئۇلار جەننەتتە ھۆرمەت ۋە سالام بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ﴾. سالام جەننەت ئەھلىگە ئاللاھ تائالادىن، پەرىشتىلەردىن ۋە جەننەت بىلەن دوزاخ

[1] «صحيح مسلم» 4-توم 2174-بەت.

ئوتتۇرىسىدىكى سېپىل ئۈستىدە تۇرىدىغانلاردىن بولىدۇ. جەننەت ئەھلىگە ئاللاھ تائالادىن كېلىدىغان سالام مۇنۇ ئايەتتە ئېيتىلىدۇ: ﴿سَلَٰمٞ قَوۡلٗا مِّن رَّبّٖ رَّحِيمٖ﴾ يەنى ﴿رەھىم-شەپقەتلىك رەببى تەرىپىدىن (ئۇلارغا) «سالام» دېيىلىدۇ﴾[1]. پەرىشتىلەر تەرىپىدىن بولىدىغان سالام مۇنۇ ئايەتتە ئېيتىلىدۇ: ﴿سَلَٰمٌ عَلَيۡكُم بِمَا صَبَرۡتُمۡۚ فَنِعۡمَ عُقۡبَى ٱلدَّارِ﴾ يەنى ﴿چىدامچانلىق كۆرسەتكەنلىكىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! ئاخىرەتتىكى گۈزەل ئاقىۋەت (يەنى جەننەت) نېمىدېگەن ياخشى!﴾[2]. سېپىل ئۈستىدىكىلەرنىڭ سالامى مۇنۇ ئايەتتە بايان قىلىنىدۇ: ﴿وَعَلَى ٱلۡأَعۡرَافِ رِجَالٞ يَعۡرِفُونَ كُلَّۢا بِسِيمَىٰهُمۡۚ وَنَادَوۡاْ أَصۡحَٰبَ ٱلۡجَنَّةِ أَن سَلَٰمٌ عَلَيۡكُمۡۚ لَمۡ يَدۡخُلُوهَا وَهُمۡ يَطۡمَعُونَ﴾ يەنى ﴿ئەئرافتا (يەنى سېپىلنىڭ ئۈستىدە) ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى سىماسىدىن تونۇيدىغان ئادەملەر بولۇپ، ئۇلار جەننەت ئەھلىگە: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز» دەپ توۋلايدۇ. ئۇلار جەننەتكە كىرمىگەن، (ئەمما) كىرىش ئۈمىدىدە تۇرغانلاردۇر﴾[3]

دېمەك، ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىن بەندىلىرى قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ تائالانىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە سېپىل ئۈستىدىكىلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىنىشىغا ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. جانابى ئاللاھ تائالا بىزنىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلغاي، ئامىن.

ئاخىردا ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ھەممىدىن بىھاجەت ئىكەنلىكىنى، بەندىلىرىنىڭ ئىبادەت ۋە دۇئالىرىدىن ئاللاھ تائالاغا قىلچە پايدا-زىيان يەتمەيدىغانلىقىنى، ئىمان، ئىبادەت ۋە ھەرقانداق بىر ياخشى ئەمەلنىڭ پايدىسى پەقەت شۇ بەندىلەرنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى، ئىنسانلارنى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قىممەتكە ئىگە قىلغان نەرسىنىڭ ئۇلارنىڭ ئىمانى، تەقۋالىقى، ئىبادەتلىرى، دۇئالىرى قاتارلىق ياخشى ئەمەللىرى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

چۈنكى، ئىنسانلار پەقەت ئاللاھ تائالاغا خالىس ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن، يەنى ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇنىڭ سىزىپ بەرگەن يولىدا مېڭىش ئارقىلىق ئۇنىڭ تەلەپ قىلغىنى بويىچە ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن يارىتىلغان. ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلىش ئەڭ سەممىي

[1] ياسىن سۈرىسى: 58-ئايەت.
[2] رەئد سۈرىسى: 24-ئايەت.
[3] ئەئراف سۈرىسى: 46-ئايەت.

ئىبادەتتۇر. ئىنسانلار ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە شۇ ئىبادىتى بىلەنلا ئېتىبارغا ئىگە بولىدۇ ۋە قىممەتكە ئېرىشىدۇ.

ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغان، ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلمىغان ۋە يارىتىلىشنىڭ غايىسى قىلىنغان ئىبادەت بۇرچىنى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ئادا قىلمىغانلار ئاخىرەتتە مۇكاپاتقا ئېرىشەلمەيدۇ، بەلكى جازاغا ئۇچرايدۇ.

كاپىرلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ھېچقانداق قىممىتى يوق. شۇڭا ئاخىرەتتە ئۇلارغا مۇنداق دېيىلىدۇ: ئەي كاپىرلار! سىلەر مېنىڭ پەيغەمبىرىمنى ۋە نۇرلۇق كىتابىم «قۇرئان كەرىم»نى ئىنكار قىلدىڭلار، شۇڭا مېنىڭ ئازابىمغا ھەقلىق بولدۇڭلار، مېنىڭ ئازابىم سىلەردىن مەڭگۈ ئايرىلمايدۇ، سىلەر ئەمدى مەڭگۈلۈك ئازابقا قالىسىلەر، سىلەرگە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش يوق. ﴿فَأَمَّا ٱلَّذِينَ شَقُواْ فَفِي ٱلنَّارِ لَهُمۡ فِيهَا زَفِيرٞ وَشَهِيقٌ ١٠٦ خَٰلِدِينَ فِيهَا مَا دَامَتِ ٱلسَّمَٰوَٰتُ وَٱلۡأَرۡضُ إِلَّا مَا شَآءَ رَبُّكَۚ إِنَّ رَبَّكَ فَعَّالٞ لِّمَا يُرِيدُ﴾ يەنى ﴿بەختسىزلەرگە كەلسەك، ئۇلار (ئۇ كۈنى) دوزاختا بولىدۇ، ئۇلار دوزاختا ئېڭىز-پەس تووۋلاپ نالە-پەرياد چېكىدۇ. ئاسمانلار بىلەن زېمىن مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن، ئۇلار دوزاختا داۋاملىق تۇرۇۋېرىدۇ، رەببىڭ خالىغان كىشىلەر (يەنى مۆئمىنلەردىن بولغان گۇناھكارلار) بۇنىڭدىن مۇستەسنا. (ئى پەيغەمبەر!) ھەقىقەتەن رەببىڭ خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر﴾[1].

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، زىنا قىلىش ۋە يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن بولۇپ، بۇلاردىن بىرەرسىنى سادىر قىلغان ئادەم ئاللاھ تائالاغا سەمىمىي تەۋبە قىلمىغۇچە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ گۇناھىنى قەتئىي مەغپىرەت قىلمايدۇ ۋە ئۇنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ.

2. تەۋبە ئادەمنىڭ نەپسىنى پاكلايدىغان، گۇناھلىرىنى يوق قىلىدىغان، ئىشلىرىنى تۈزەيدىغان ۋە ساۋابىنى كۆپەيتىدىغان سېھىرلىك نەرسىدۇر.

3. قۇرئان ئوقۇش، مەنىسىنى بىلىش ۋە كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئىش

[1] ھۇد سۈرىسى: 106ـ107ـ ئايەتلەر.

كۆرۈش ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر.

4. پەس ئارزۇ -ھەۋەسلەردىن يىراق بولۇپ، ئالىي ھىممەتلىك بولۇش پەزىلەتنىڭ ئۆزىدۇر.

5. ئىنسانلار ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، دۇئا قىلىپ ۋە ئىبادەت قىلىپ تۇرمايدىغان بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئۇلارنىڭ ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ. چۈنكى، ئىنسان ئاللاھ تائالاغا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىش، شۇنداقلا ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن يارىتىلغان.

# شۇئەرا سۈرىسى

شۇئەرا سۈرىسى 227 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، 224-ئايەتتىن 227-ئايەتكىچە بولغان تۆت ئايەت مەدىنىدە، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى مەككىدە نازىل بولغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋە ئىسلام دىنىغا تىل ئۇزاتقۇچىلارغا رەددىيە بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

«الشعراء» (شائىرلار) دېگەن مەنىدە بولۇپ، سۈرىنىڭ 224-ئايىتى شائىرلار ھەققىدىكى قىسقىچە باياننى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقتىن، بۇ سۈرە «شۇئەرا» دەپ ئاتالغان.

ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىغانلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماسلىق ئۈچۈن، بەزىدە ئۇنى سېھىر دېسە، بەزىدە بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرى دەيتتى، يەنە بەزىدە مۇھەممەدنىڭ سۆزى دېسە، بەزىدە ئۇنى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى دەيتتى. بۇ سۈرىدە ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ ھەر خىل بولمىغۇر تۆھمەتلىرىگە رەددىيە بەرگەن ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ شائىرلارنىڭ شېئىرى ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.

## ◄ مۇشرىكلارنىڭ ئىسلام دەۋىتىگە قارشى مەۋقەسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿طسٓمٓ ١ تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱلۡكِتَٰبِ ٱلۡمُبِينِ ٢ لَعَلَّكَ بَٰخِعٞ نَّفۡسَكَ
أَلَّا يَكُونُواْ مُؤۡمِنِينَ ٣ إِن نَّشَأۡ نُنَزِّلۡ عَلَيۡهِم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ ءَايَةٗ
فَظَلَّتۡ أَعۡنَٰقُهُمۡ لَهَا خَٰضِعِينَ ٤ وَمَا يَأۡتِيهِم مِّن ذِكۡرٖ مِّنَ ٱلرَّحۡمَٰنِ

مُّحۡدَثٍ إِلَّا كَانُواْ عَنۡهُ مُعۡرِضِينَ ٥ فَقَدۡ كَذَّبُواْ فَسَيَأۡتِيهِمۡ أَنۢبَـٰٓؤُاْ
مَا كَانُواْ بِهِۦ يَسۡتَهۡزِءُونَ ٦ أَوَلَمۡ يَرَوۡاْ إِلَى ٱلۡأَرۡضِ كَمۡ أَنۢبَتۡنَا
فِيهَا مِن كُلِّ زَوۡجٖ كَرِيمٍ ٧ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗۖ وَمَا كَانَ أَكۡثَرُهُم
مُّؤۡمِنِينَ ٨ وَإِنَّ رَبَّكَ لَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ٩

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ تا، سىم، مىيم (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

2ـ بۇ (ھەر نەرسىنى) ئېنىق بايان قىلىدىغان كىتابنىڭ ئايەتلىرىدۇر.

3ـ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقى سەۋەبلىك ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋېتىدىغاندەك قىلىسەن.

4ـ ئەگەر بىز خالىغان بولساق، ئۇلارغا ئاسماندىن بىرەر مۆجىزە چۈشۈرەتتۇق ـ دە، ئۇلار ئۇنىڭغا (مەجبۇرىي) باش ئەگكەن بولاتتى.

5ـ ئۇلارغا رەھمان ئاللاھ تەرىپىدىن يېڭى بىر نەسىھەت كەلسىلا، ئۇلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ.

6ـ ئۇلار راستىنلا (قۇرئاننى) ئىنكار قىلدى (ۋە مەسخىرە قىلدى). ئۇلار مەسخىرە قىلغان ئىشنىڭ خەۋەرلىرى (ئازابى) ئۇلارغا ئۇزاققا قالماي كېلىدۇ.

7ـ ئۇلار زېمىندا قانچىلىغان تۈرلۈك ئېسىل ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈپ بەرگەنلىكىمىزگە قاراپ باقمىدىمۇ؟

8ـ بۇنىڭدا ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بار، ئۇلارنىڭ تولىسى (يەنىلا) ئىمان ئېيتمىدى.

9ـ شەكسىزكى، رەببىڭ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

## تەپسىرى

بۇلار ئىنسانلار دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا موھتاج بولىدىغان بارلىق مەسىلىلەرنى ناھايىتى ئېنىق ۋە ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىدىغان، ساماۋى كىتاب ـ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىدۇر. ﴿ذَٰلِكَ ٱلۡكِتَٰبُ لَا رَيۡبَۛ فِيهِۛ﴾

يەنى ﴿بۇ ئۇلۇغ كىتابتۇر، ئۇنىڭدا قىلچە شەك يوقتۇر﴾ [1] «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿ٱلۡمُبِينِ﴾ يەنى ﴿ئېنىق بايان قىلىدىغان﴾ دەپ سۈپەتلەنگەنلىكى ئۇنىڭ مەنىسى ئېنىق، بايانلىرى روشەن، ئىنسانلار موھتاج بولىدىغان بارلىق مەسىلىلەرنى تولۇق ۋە چۈشىنىشلىك بايان قىلىپ بەرگەن، ھەق بىلەن باتىلنى ئېنىق ئايرىپ بەرگەن مۇكەممەل كىتاب ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت ھەر نەرسىنى ئېنىق ۋە ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىدىغان بىر كىتابنى نازىل قىلدۇق. ئەمما ئىنسانلارنىڭ تولىسى بۇنى بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمىدى. ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشنى خالىمىغانلار «قۇرئان كەرىم» ھەققىدە ھەر خىل نالايىق سۆزلەرنى قىلدى. ئەسلىدە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىدايەت تاپمىغانلىقىدىكى كەمچىلىكنى «قۇرئان كەرىم»دىن ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىدىن ئىزدىشى لازىم. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرى ئەقلىنى ئىشلىتىپ ھىدايەت يولىغا كىرىشكە تىرىشمىغانلىقى ئۈچۈن، ھىدايەتتىن مەھرۇم بولۇپ ئۆز ئازغۇنلىقىدا قالدى. بۇ ئىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىدىن تاشقىرى ئەمەس. ﴿وَلَوۡ شَآءَ رَبُّكَ لَأٓمَنَ مَن فِي ٱلۡأَرۡضِ كُلُّهُمۡ جَمِيعًاۚ﴾ يەنى ﴿ئەگەر رەببىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتقان بولاتتى﴾ [2]. ئى پەيغەمبەر! ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سەن ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىغا قايغۇرۇپ ئۆزۈڭنى بىئارام قىلمىغىن. چۈنكى، سەن ئۇلارنىڭ ھالىغا قاتتىق قايغۇرۇپ كەتسەڭ، ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋېتىش دەرىجىسىگە يېتىپ قالىسەن. سېنىڭ ۋەزىپەڭ دىننى چۈشىنىشلىك يەتكۈزۈشتۇر، خالاس. ئىمان ئېيتىش ياكى ئېيتماسلىق ئۇلارنىڭ ئىشىدۇر.

﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقى سەۋەبلىك ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋېتىدىغاندەك قىلىسەن﴾ دېگەن ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا ئىنتايىن ھېرىسمەن بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىغا قاتتىق بىئارام بولاتتى، ھەتتا ئۆزىنى ھالاك قىلىۋېتىش دەرىجىسىدە قايغۇراتتى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق قىلىش بىلەن ئۆزىنىڭ تاقىتى يەتمەيدىغان ۋە

[1] بەقەرە سۈرىسى: 2ـ ئايەت.
[2] يۇنۇس سۈرىسى: 99ـ ئايەت.

ئاللاھ تائالا تەلەپ قىلمىغان بىر ئىشنى ئۈستىگە يۈكلىۋالغان ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا كىرگۈزۈشتۇر. ھالبۇكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىش ۋە دىنىنى يەتكۈزۈشتۇر، ئەمما ھىدايەت قىلىپ ئۇلارنى دىنغا كىرگۈزۈش ئاللاھ تائالانىڭ ئىشى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ھىدايەت تېپىشقا مايىللىقى بولغان بەندىلىرىنى ھىدايەت قىلىدۇ، ھىدايەتنى خالىمايدىغان، توغرا يول تېپىشقا مايىللىقى يوق ئادەملەرنى ھىدايەت قىلمايدۇ. مانا بۇ ﴿يُضِلُّ ٱللَّهُ مَن يَشَآءُ وَيَهۡدِي مَن يَشَآءُۚ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ خالىغان ئادەمنى ئازدۇرىدۇ، خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ﴾ [1] دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىدۇر.

ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا ئىدى، ئاسماندىن ئىنسانلارنى ئىمانغا باش ئەگدۈرىدىغان مۆجىزىلەرنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنى مەجبۇرىي ئىمانغا كەلتۈرگەن بولاتتى. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى كىشىلەرنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىشنى تەقەززا قىلغانلىقتىن، خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتىدۇ، خالىغان ئادەم كۇفرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇيدۇ، كۇفرىلىق قىلىشتىن مەنئى قىلىدۇ. شۇڭا ئىمان ئېيتقان بەندىلىرىنى مۇكاپاتلايدۇ، ئىمان ئېيتمىغانلارنى ئازابلايدۇ. ئىنسانلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ، كىتابلارنى نازىل قىلىپ ھەقىقەتنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتماسلىقتا ھېچقانداق ئۆزرىسى قالمىغان بولدى.

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆز قەۋملىرى تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنىشى يېڭى بىر ئىش ئەمەس، ئىنكار مەسىلىسى قەدىمي مەسىلە بولۇپ، ئىنسانلارغا قانداقلا بىر پەيغەمبەر كەلسە، ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلىپلا كەلدى. مەككىلىك كاپىرلارمۇ شۇنداق قىلدى. ئۇلارغا «قۇرئان كەرىم»دىن قانداقلا بىر ئايەت نازىل بولسا، ئۇلار دەرھال ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى ۋە ئۇنى ئىنكار قىلدى.

﴿ئەگەر بىز خالىغان بولساق، ئۇلارغا ئاسماندىن بىرەر مۆجىزە چۈشۈرەتتۇق-دە، ئۇلار ئۇنىڭغا (مەجبۇرىي) باش ئەگكەن بولاتتى﴾. بۇ ئايەتتە مەقسەت قىلىنغان مۆجىزە كاپىرلارنى قايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغان ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ئىلگىرى تەلەپ قىلغان مۆجىزە بولماستىن، بەلكى ئۇلارنى قورقۇتۇپ مەجبۇرىي قوبۇل قىلدۇرىدىغان مۆجىزىدۇر.

---

[1] مۇددەسسىر سۈرىسى: 31-ئايەت.

ئاللاھ تائالا خالىسا ئىدى، ئۇلارنى قورقۇتىدىغان ۋە ھەقىقەتكە باش ئەگدۈرىدىغان مۆجىزىلەرنى چۈشۈرۈپ ئۇلارنى مەجبۇرىي ئىمانغا كەلتۈرگەن بولاتتى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بۇنداق قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىر. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئۈستىگە تۇر تېغىنى تىكلەپ قويۇپ ئۇلارنى قورقۇتقان ئىدى. ﴿وَإِذْ نَتَقْنَا ٱلْجَبَلَ فَوْقَهُمْ كَأَنَّهُۥ ظُلَّةٌ وَظَنُّوٓا۟ أَنَّهُۥ وَاقِعٌۢ بِهِمْ خُذُوا۟ مَآ ءَاتَيْنَـٰكُم بِقُوَّةٍ وَٱذْكُرُوا۟ مَا فِيهِ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ يەنى ﴿ئۆز ۋاقتىدا بىز تۇر تېغىنى (قومۇرۇپ كېلىپ) ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سايىۋەندەك كۆتۈرگەن ئىدۇق. ئۇلار تاغ ئۈستىمىزگە چۈشۈپ كېتىدىغان بولدى دەپ ئويلىدى. (ئۇلارغا ئېيتتۇقكى) «سىلەرنىڭ تەقۋادار بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ئۆزۈڭلارغا بىرىلگەن (كىتاب)نى مەھكەم تۇتۇڭلار، ئۇنىڭدىكى (كۆرسەتمىلىرىمىز)گە ئەمەل قىلىڭلار»﴾[1]. ئاللاھ تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىغا شۇ چاغدا «تەۋرات»نى بۇ تەرىقىدە قوبۇل قىلدۇرغان.

«قۇرئان كەرىم» بۇ يەردە شۇ ھەقىقەتنى ئىزاھلايدۇكى، ئاللاھ تائالا ئاسماندىن كاپىرلارنى ئىمانغا باش ئەگدۈرىدىغان مۆجىزىلەرنى چۈشۈرۈپ قاتتىق قورقىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى مەجبۇرىي ئىمان ئېيتقۇزۇشقا ئەلۋەتتە قادىر. لېكىن، ئۇ كىشىلەرنىڭ مەجبۇرىي ئىمان ئېيتىشىنى خالىمايدۇ. چۈنكى، ﴿لَآ إِكْرَاهَ فِى ٱلدِّينِ﴾ يەنى ﴿دىندا زورلاش يوق﴾[2]. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىش كۆرۈشكە قويۇپ بەردى. ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھىدايەت تېپىشنى خالىغانلار ھىدايەت تاپسۇن دەپ، ئۇلارغا ئايەتلىرىنى ئارقىمۇئارقا نازىل قىلىپ، ۋەز-نەسىھەتلەرنى يېتكۈزۈپ تۇردى. لېكىن ئۇلارغا بۇ ئايەتلەرنىڭ ھېچقايسىسى كار قىلمىدى. ئۇلار ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتتى، «قۇرئان كەرىم»نى ئىنكار قىلدى، ھەتتا ئۇنى مەسخىرە قىلىش دەرىجىسىگە يەتتى. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى بۇ دەرىجىدە بولغان ئىكەن، ئۇلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلىشنىڭ پايدىسى يوق، پەقەت قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش ۋە قورقۇتۇشتىن باشقىسى كار قىلمايدۇ. ئۇلارغا بۇ مەسخىرىسىنىڭ جازاسى ئۇزاققا قالماي چوقۇم كېلىدۇ. ﴿وَلَتَعْلَمُنَّ نَبَأَهُۥ بَعْدَ حِينٍۭ﴾ يەنى ﴿ئۇنىڭ بەرگەن خەۋىرىنىڭ (راست ئىكەنلىكىنى) بىر مەزگىلدىن كېيىن چوقۇم بىلىپ قالىسىلەر﴾[3].

﴿ئۇلارغا رەھمان ئاللاھ تەرىپىدىن يېڭى بىر نەسىھەت كەلسىلا، ئۇلار

[1] ئەئراف سۈرىسى: 171-ئايەت.
[2] بەقەرە سۈرىسى: 256-ئايەت.
[3] ساد سۈرىسى: 88- ئايەت.

**ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ. ئۇلار راستتىنلا (قۇرئاننى) ئىنكار قىلدى (ۋە مەسخىرە قىلدى). ئۇلار مەسخىرە قىلغان ئىشنىڭ خەۋەرلىرى (ئازابى) ئۇلارغا ئۇزاققا قالماي كېلىدۇ﴾.** ئايەتتىكى خەۋەردىن مەقسەت كاپىرلارغا كېلىدىغان قاتتىق ئازابتۇر.

شۇ ئېنىقكى، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى شارائىتلارنىڭ تەقەززاسى ۋە ۋەقەلىكلەرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن بۆلۈپ-بۆلۈپ نازىل قىلىش ئارقىلىق كائىنات دەلىللىرىنى ئەقلى بار ھەرقانداق ئادەم ئوچۇق چۈشىنەلەيدىغان رەۋىشتە تولۇق ۋە ئېنىق بايان قىلىپ بەردى. ئاندىن دېدىكى: ئۇلار كور بولۇپ قالدىمۇ؟ ياكى بۇ ئالامەتلەرنى راستتىنلا كۆرەلمەيۋاتامدۇ؟ كائىناتتىكى ئالامەتلەر بۇ كائىناتنىڭ ھەممىگە قادىر ۋە ھەممىنى بىلىدىغان بىر ياراتقۇچىسىنىڭ بارلىقىنى نامايان قىلىپ تۇرسا، ئۇلار بۇنى بىلمەيۋاتامدۇ؟ كۆرمەيۋاتامدۇ؟!

**﴿ئۇلار زېمىندا قانچىلىغان پايدىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈپ بەرگەنلىكىمىزگە قاراپ باقمىدىمۇ؟﴾.** ئاللاھ تائالا يارىتىپ بەرگەن نۇرغۇنلىغان پايدىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ. گەرچە ئۇلار بىلمىسىمۇ، بۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى ئېنىقتۇر. بۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەربىرىدە ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە ئىلىم-ھېكمىتىنى ۋە گۈزەل سەنئىتىنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان ئالامەتلەر بار. ھەقىقەت شۇنداق ئېنىق تۇرسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمىدى. ئىنسانلارنىڭ تولىسى شۇنداق تۇزكورلۇق قىلسىمۇ، ئاللاھ تائالا يەنىلا ئۇلارغا مېھرىبانلىق قىلىدۇ، رىزىق بېرىشنى توختاتمايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ھەممىگە غالىبتۇر، مۇئمىن بەندىلىرىگە ياردەم قىلىشقا، ئۇلارنى ئەزىز قىلىشقا ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە، دۈشمەنلىرىنى مەغلۇپ قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم» تا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان مەڭگۈلۈك مۆجىزىدۇر.

2. ھەربىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمى تەرىپىدىن كۆپلىگەن ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىمۇ مەككە كاپىرلىرىنىڭ قىلغان يامانلىقلىرى ئاز بولمىغان.

3. مەجبۇرىي ئېيتقان ئىمان قوبۇل بولمايدۇ. چۈنكى، ئىمان دېگەن ئۆز ئىختىيارى بىلەن، چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇپ ئىشىنىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

4. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا قارشى چىققانلار ئەڭ ئىبرەتلىك جازالىنىدۇ.

5. سۇسىزلىقتىن ئۆلگەن زېمىننى يامغۇر بىلەن ياشارتىپ، تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىشقا قادىر بولغان زات ئۆلگەنلەرنى تىرىلدۈرۈشكىمۇ ئەلۋەتتە قادىردۇر.

## ◄ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋن بىلەن بولغان قىسسىسى

﴿وَإِذۡ نَادَىٰ رَبُّكَ مُوسَىٰٓ أَنِ ٱئۡتِ ٱلۡقَوۡمَ ٱلظَّٰلِمِينَ ١٠ قَوۡمَ فِرۡعَوۡنَۚ
أَلَا يَتَّقُونَ ١١ قَالَ رَبِّ إِنِّيٓ أَخَافُ أَن يُكَذِّبُونِ ١٢ وَيَضِيقُ
صَدۡرِي وَلَا يَنطَلِقُ لِسَانِي فَأَرۡسِلۡ إِلَىٰ هَٰرُونَ ١٣ وَلَهُمۡ عَلَيَّ ذَنۢبٞ
فَأَخَافُ أَن يَقۡتُلُونِ ١٤ قَالَ كَلَّاۖ فَٱذۡهَبَا بِـَٔايَٰتِنَآۖ إِنَّا مَعَكُم
مُّسۡتَمِعُونَ ١٥ فَأۡتِيَا فِرۡعَوۡنَ فَقُولَآ إِنَّا رَسُولُ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ١٦ أَنۡ
أَرۡسِلۡ مَعَنَا بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ١٧ قَالَ أَلَمۡ نُرَبِّكَ فِينَا وَلِيدٗا وَلَبِثۡتَ
فِينَا مِنۡ عُمُرِكَ سِنِينَ ١٨ وَفَعَلۡتَ فَعۡلَتَكَ ٱلَّتِي فَعَلۡتَ وَأَنتَ مِنَ
ٱلۡكَٰفِرِينَ ١٩ قَالَ فَعَلۡتُهَآ إِذٗا وَأَنَا۠ مِنَ ٱلضَّآلِّينَ ٢٠ فَفَرَرۡتُ
مِنكُمۡ لَمَّا خِفۡتُكُمۡ فَوَهَبَ لِي رَبِّي حُكۡمٗا وَجَعَلَنِي مِنَ ٱلۡمُرۡسَلِينَ
٢١ وَتِلۡكَ نِعۡمَةٞ تَمُنُّهَا عَلَيَّ أَنۡ عَبَّدتَّ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٢٢ قَالَ فِرۡعَوۡنُ
وَمَا رَبُّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ٢٣ قَالَ رَبُّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا بَيۡنَهُمَآۖ إِن
كُنتُم مُّوقِنِينَ ٢٤ قَالَ لِمَنۡ حَوۡلَهُۥٓ أَلَا تَسۡتَمِعُونَ ٢٥ قَالَ رَبُّكُمۡ
وَرَبُّ ءَابَآئِكُمُ ٱلۡأَوَّلِينَ ٢٦ قَالَ إِنَّ رَسُولَكُمُ ٱلَّذِيٓ أُرۡسِلَ
إِلَيۡكُمۡ لَمَجۡنُونٞ ٢٧ قَالَ رَبُّ ٱلۡمَشۡرِقِ وَٱلۡمَغۡرِبِ وَمَا بَيۡنَهُمَآۖ إِن
كُنتُمۡ تَعۡقِلُونَ ٢٨ قَالَ لَئِنِ ٱتَّخَذۡتَ إِلَٰهًا غَيۡرِي لَأَجۡعَلَنَّكَ مِنَ

ٱلۡمَسۡجُونِينَ ﴿٢٩﴾ قَالَ أَوَلَوۡ جِئۡتُكَ بِشَيۡءٖ مُّبِينٖ ﴿٣٠﴾ قَالَ فَأۡتِ بِهِۦٓ
إِن كُنتَ مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿٣١﴾ فَأَلۡقَىٰ عَصَاهُ فَإِذَا هِيَ ثُعۡبَانٞ مُّبِينٞ ﴿٣٢﴾
وَنَزَعَ يَدَهُۥ فَإِذَا هِيَ بَيۡضَآءُ لِلنَّٰظِرِينَ ﴿٣٣﴾ قَالَ لِلۡمَلَإِ حَوۡلَهُۥٓ إِنَّ
هَٰذَا لَسَٰحِرٌ عَلِيمٞ ﴿٣٤﴾ يُرِيدُ أَن يُخۡرِجَكُم مِّنۡ أَرۡضِكُم بِسِحۡرِهِۦ
فَمَاذَا تَأۡمُرُونَ ﴿٣٥﴾ قَالُوٓاْ أَرۡجِهۡ وَأَخَاهُ وَٱبۡعَثۡ فِي ٱلۡمَدَآئِنِ حَٰشِرِينَ
﴿٣٦﴾ يَأۡتُوكَ بِكُلِّ سَحَّارٍ عَلِيمٖ ﴿٣٧﴾ فَجُمِعَ ٱلسَّحَرَةُ لِمِيقَٰتِ يَوۡمٖ
مَّعۡلُومٖ ﴿٣٨﴾ وَقِيلَ لِلنَّاسِ هَلۡ أَنتُم مُّجۡتَمِعُونَ ﴿٣٩﴾ لَعَلَّنَا نَتَّبِعُ
ٱلسَّحَرَةَ إِن كَانُواْ هُمُ ٱلۡغَٰلِبِينَ ﴿٤٠﴾ فَلَمَّا جَآءَ ٱلسَّحَرَةُ قَالُواْ لِفِرۡعَوۡنَ
أَئِنَّ لَنَا لَأَجۡرًا إِن كُنَّا نَحۡنُ ٱلۡغَٰلِبِينَ ﴿٤١﴾ قَالَ نَعَمۡ وَإِنَّكُمۡ إِذٗا لَّمِنَ
ٱلۡمُقَرَّبِينَ ﴿٤٢﴾ قَالَ لَهُم مُّوسَىٰٓ أَلۡقُواْ مَآ أَنتُم مُّلۡقُونَ ﴿٤٣﴾ فَأَلۡقَوۡاْ
حِبَالَهُمۡ وَعِصِيَّهُمۡ وَقَالُواْ بِعِزَّةِ فِرۡعَوۡنَ إِنَّا لَنَحۡنُ ٱلۡغَٰلِبُونَ ﴿٤٤﴾
فَأَلۡقَىٰ مُوسَىٰ عَصَاهُ فَإِذَا هِيَ تَلۡقَفُ مَا يَأۡفِكُونَ ﴿٤٥﴾ فَأُلۡقِيَ ٱلسَّحَرَةُ
سَٰجِدِينَ ﴿٤٦﴾ قَالُوٓاْ ءَامَنَّا بِرَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٤٧﴾ رَبِّ مُوسَىٰ وَهَٰرُونَ ﴿٤٨﴾
قَالَ ءَامَنتُمۡ لَهُۥ قَبۡلَ أَنۡ ءَاذَنَ لَكُمۡۖ إِنَّهُۥ لَكَبِيرُكُمُ ٱلَّذِي
عَلَّمَكُمُ ٱلسِّحۡرَ فَلَسَوۡفَ تَعۡلَمُونَۚ لَأُقَطِّعَنَّ أَيۡدِيَكُمۡ وَأَرۡجُلَكُم
مِّنۡ خِلَٰفٖ وَلَأُصَلِّبَنَّكُمۡ أَجۡمَعِينَ ﴿٤٩﴾ قَالُواْ لَا ضَيۡرَۖ إِنَّآ إِلَىٰ رَبِّنَا
مُنقَلِبُونَ ﴿٥٠﴾ إِنَّا نَطۡمَعُ أَن يَغۡفِرَ لَنَا رَبُّنَا خَطَٰيَٰنَآ أَن كُنَّآ أَوَّلَ
ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٥١﴾ ۞ وَأَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰ مُوسَىٰٓ أَنۡ أَسۡرِ بِعِبَادِيٓ إِنَّكُم
مُّتَّبَعُونَ ﴿٥٢﴾ فَأَرۡسَلَ فِرۡعَوۡنُ فِي ٱلۡمَدَآئِنِ حَٰشِرِينَ ﴿٥٣﴾ إِنَّ هَٰٓؤُلَآءِ
لَشِرۡذِمَةٞ قَلِيلُونَ ﴿٥٤﴾ وَإِنَّهُمۡ لَنَا لَغَآئِظُونَ ﴿٥٥﴾ وَإِنَّا لَجَمِيعٌ حَٰذِرُونَ
﴿٥٦﴾ فَأَخۡرَجۡنَٰهُم مِّن جَنَّٰتٖ وَعُيُونٖ ﴿٥٧﴾ وَكُنُوزٖ وَمَقَامٖ كَرِيمٖ ﴿٥٨﴾
كَذَٰلِكَۖ وَأَوۡرَثۡنَٰهَا بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ﴿٥٩﴾ فَأَتۡبَعُوهُم مُّشۡرِقِينَ ﴿٦٠﴾ فَلَمَّا

تَرَٰٓءَا ٱلۡجَمۡعَانِ قَالَ أَصۡحَٰبُ مُوسَىٰٓ إِنَّا لَمُدۡرَكُونَ ﴿٦١﴾ قَالَ كَلَّآۖ إِنَّ
مَعِيَ رَبِّي سَيَهۡدِينِ ﴿٦٢﴾ فَأَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰ مُوسَىٰٓ أَنِ ٱضۡرِب بِّعَصَاكَ
ٱلۡبَحۡرَۖ فَٱنفَلَقَ فَكَانَ كُلُّ فِرۡقٖ كَٱلطَّوۡدِ ٱلۡعَظِيمِ ﴿٦٣﴾ وَأَزۡلَفۡنَا ثَمَّ
ٱلۡأٓخَرِينَ ﴿٦٤﴾ وَأَنجَيۡنَا مُوسَىٰ وَمَن مَّعَهُۥٓ أَجۡمَعِينَ ﴿٦٥﴾ ثُمَّ أَغۡرَقۡنَا
ٱلۡأٓخَرِينَ ﴿٦٦﴾ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗۖ وَمَا كَانَ أَكۡثَرُهُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿٦٧﴾ وَإِنَّ
رَبَّكَ لَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٦٨﴾

### تەرجىمىسى

10-11- ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ مۇساغا (مۇنداق دەپ) نىدا قىلغان ئىدى: «سەن ئۇ زالىم قەۋمىنىڭ - پىرئەۋن قەۋمىنىڭ يېنىغا بارغىن، ئۇلار (مېنىڭ جازايىمدىن) قورقمامدۇ؟»

12-مۇسا ئېيتتى: «ئى رەببىم! مەن ئۇلارنىڭ مېنى ئىنكار قىلىشىدىن قورقىمەن.

13-(ئۇلار مېنى ئىنكار قىلسا) مېنىڭ يۈرىكىم سىقىلىدۇ، تىلىم گەپكە كەلمەي قالىدۇ. شۇڭا (ماڭا ھەمكارلىشىشى ئۈچۈن) ھارۇنغىمۇ پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلغىن.

14-ئۇلارنىڭ ئالدىدا مېنىڭ گۇناھىم بار، (بۇ سەۋەبتىن) ئۇلارنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقىمەن».

15-ئاللاھ ئېيتتى: «ياق (ئۇنداق بولمايدۇ)، سىلەر ئىككىڭلار مېنىڭ مۆجىزىلىرىمنى ئېلىپ بېرىڭلار، شەكسىزكى، بىز سىلەر بىلەن بىللىمىز، (ھەممىنى) ئاڭلاپ تۇرىمىز.

16-سىلەر پىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىپ: ›بىز راستتىنلا ئالەملەرنىڭ رەببىنىڭ ئەلچىسىمىز.

17-ئىسرائىل ئەۋلادىنى قويۇۋەتكىن، ئۇلار بىز بىلەن كەتسۇن‹ دەڭلار».

18-(ئۇلار ئەلچىلىكنى يەتكۈزگەندىن كېيىن) پىرئەۋن (مۇساغا): «بىز سېنى ئائىلىمىزدە كىچىككىڭدىن تەربىيەلەپ چوڭ قىلمىدۇقمۇ؟ ھاياتىڭدىن ئۇزۇن يىل ئارىمىزدا تۇرمىدىڭمۇ؟

19-سەن ھېلىقى قىلغۇلۇقۇڭنى قىلغانىڭ! (يەنى ئادەم ئۆلتۈرگەنىڭ!)، سەن

تۈزكورلاردىن ئىكەنسەن» دېدى.

20ـ مۇسا ئېيتتى: «مەن ئۇ ئىشنى قىلغان چېغىمدا نادانلاردىن ئىدىم.

21ـ شۇنىڭ بىلەن سىلەردىن قورقۇپ يېنىڭلاردىن قېچىپ كەتتىم، كېيىن رەببىم ماڭا ھېكمەت ئاتا قىلدى، مېنى پەيغەمبەرلەردىن قىلدى.

22ـ سەن ئىسرائىل ئەۋلادىنى قۇل قىلىۋالغان تۇرۇپ، سېنىڭ ماڭا مىننەت قىلىدىغان ياخشىلىقىڭ شۇمۇ؟».

23ـ پىرئەۋن ئېيتتى: «ئالەملەرنىڭ رەببى دېگەن نېمە؟».

24ـ مۇسا ئېيتتى: «ئەگەر سىلەر (ھەقىقەتكە) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ رەببىدۇر».

25ـ پىرئەۋن ئەتراپىدىكىلەرگە: «(ئۇنىڭ جاۋابىنى) ئاڭلاۋاتامسىلەر؟» دېدى.

26ـ مۇسا ئېيتتى: «ئۇ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، بۇرۇنقى ئاتا ـ بوۋاڭلارنىڭمۇ رەببىدۇر».

27ـ پىرئەۋن ئېيتتى: «سىلەرگە ئەۋەتىلگەن (بۇ) ئەلچى راستتىنلا مەجنۇن ئىكەن».

28ـ مۇسا ئېيتتى: «ئەگەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتسەڭلار (بىلىسىلەركى، ئۇ) مەشرىقنىڭ، مەغرىبنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەخلۇقاتنىڭ رەببىدۇر».

29ـ پىرئەۋن ئېيتتى: «ئەگەر مەندىن باشقىسىنى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولساڭ، سېنى چوقۇم زىندانغا تاشلانغانلار بىلەن زىندانغا تاشلانغانلاردىن قىلىمەن».

30ـ مۇسا ئېيتتى: «ئەگەر مەن ئوپئوچۇق بىر دەلىل كەلتۈرسەمچۇ؟».

31ـ پىرئەۋن: «ئەگەر سەن راستچىللاردىن بولساڭ، دەلىلىڭنى كەلتۈرگىن» دېدى.

32ـ مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋېدى، ئۇ شۇ ھامان ئوپئوچۇق ئەجدىھاغا ئايلاندى.

33ـ مۇسا قولىنى (قوينىدىن) چىقىرىۋىدى، شۇ ھامان ئۇ قاراپ تۇرغانلارغا ئاپئاق (نۇر) بولۇپ كۆرۈندى.

34ـ35ـ پىرئەۋن ئەتراپىدىكى كاتتىباشلارغا ئېيتتى: «بۇ ھەقىقەتەن

ئۇستا سېھىرگەر ئىكەن، ئۇ سېھىر ئارقىلىق سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارماقچى. سىلەر (بۇ ھەقتە) ماڭا نېمە مەسلىھەت بېرىسىلەر؟».

36ـئۇلار ئېيتتى: «ئۇنىڭ ۋە قېرىندىشىنىڭ (ئىشىنى ھازىرچە) قويۇپ تۇرغىن، شەھەرلەرگە (سېھىرگەرلەرنى) يىغىدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتكىن.

37ـئۇلار سېنىڭ ھوزۇرۇڭغا ئەڭ ئۇستا سېھىرگەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەلسۇن».

38ـشۇنىڭ بىلەن سېھىرگەرلەر مۇئەييەن كۈندىكى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا توپلاندى.

39ـ40ـ كىشىلەرگە: «سىلەر يىغىلىپ بولدۇڭلارمۇ؟ ئەگەر سېھىرگەرلەر غالىب كەلسە ئۇلارغا بويسۇنۇشىمىز مۇمكىن» دېيىلدى.

41ـسېھىرگەرلەر پىرئەۋننىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار پىرئەۋنگە: «ئەگەر غەلىبە قىلساق بىزگە چوقۇم مۇكاپات بېرىلەمدۇ؟» دېدى.

42ـپىرئەۋن: «ھەئە، ئۇ چاغدا سىلەر چوقۇم مېنىڭ يېقىن ئادەملىرىمدىن بولۇپ قالىسىلەر» دېدى.

43ـمۇسا ئۇلارغا: «تاشلىماقچى بولغان نەرسەڭلارنى تاشلاڭلار!» دېدى.

44ـئۇلار: «پىرئەۋننىڭ قۇدرىتى بىلەن قەسەمكى، بىز چوقۇم غەلىبە قىلىمىز» دەپ ئارغامچىلىرىنى، ھاسىلىرىنى تاشلىدى.

45ـمۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، شۇ ھامان (ئۇ ئەجدىھاغا ئايلىنىپ) ئۇلارنىڭ ساختا نەرسىلىرىنى يۇتۇۋەتتى.

46ـسېھىرگەرلەر دەرھال سەجدىگە باردى.

47ـ48ـ ئۇلار: «ئالەملەرنىڭ رەببىگە ـ مۇسا ۋە ھارۇننىڭ رەببىگە ـ ئىمان ئېيتتۇق» دېدى.

49ـپىرئەۋن: «مەن سىلەرگە رۇخسەت قىلماستىن ئۇنىڭغا ئىمان ئېيت-تىڭلارمۇ؟ شەكسىزكى، ئۇ سىلەرگە سېھىرنى ئۆگەتكەن چوڭۇڭلار ئىكەن، سىلەر (مېنىڭ قانداق جازالايدىغانلىقىمنى) ئۇزۇنغا قالماي بىلىپ قالىسىلەر. قولۇڭلارنى، پۇتۇڭلارنى چوقۇم ئوڭ-سول قىلىپ كېسىمەن، ھەممىڭلارنى چوقۇم (دارغا) ئاسىمەن» دېدى.

50ـ51ـ سېھىرگەرلەر: «(بۇنىڭدىمۇ بىزگە) ھېچ زىيان يوق، بىز ئەلۋەتتە رەببىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز، بىز مۇساغا ئاۋۋال ئىمان ئېيتقۇچىلار بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، رەببىمىزنىڭ خاتالىقلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىشىنى

ئۈمىد قىلىمىز» دېدى.

52ـبىز مۇساغا: «سەن كېچىدە بەندىلىرىمنى ئېلىپ ئاتلانغىن، چۈنكى، سىلەر قوغلىنىسىلەر» دەپ ۋەھيى قىلدۇق.

53ـپىرئەۋن شەھەرلەرگە (ئەسكەر) توپلىغۇچىلارنى ئەۋەتتى.

54ـ(پىرئەۋن) «بۇلار پەقەتلا بىر ئوچۇم ئادەملەردۇر.

55ـئۇلار راستىنلا بىزنىڭ ئاچچىقىمىزنى كەلتۈرۈپ قويدى.

56ـبىز بولساق ئەلۋەتتە هوشيار جامائەمىز» دېدى.

57ـ58ـ بىز ئۇلارنى (يەنى پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنى) باغلاردىن، بۇلاقلاردىن، خەزىنىلەردىن ۋە ئېسىل تۇرالغۇلاردىن ئايرىۋەتتۇق.

59ـشۇنداق قىلىپ ئۇلارنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا مىراس قىلىپ بەردۇق.

60ـ(پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى) ئۇلارنى كۈن چىققان چاغدا قوغلاپ چىقتى.

61ـئىككى توپ بىر-بىرىنى كۆرۈپ تۇرۇشقان چاغدا، مۇسانىڭ هەمراهلىرى: «بىز چوقۇم تۇتۇلۇپ قالىدىغان بولدۇق» دېدى.

62ـمۇسا ئېيتتى: «هەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ! رەببىم ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللىدۇر، ئۇ ماڭا يول كۆرسىتىدۇ».

63ـشۇنىڭ بىلەن بىز مۇساغا: «هاساڭ بىلەن دېڭىزغا ئۇرغىن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق، (مۇسا ئۇرۇۋىدى) دېڭىز يېرىلدى، (هەربىر يېرىلغان) قىسمى چوڭ تاغدەك بولۇپ قالدى.

64ـئىككىنچى توپ (پىرئەۋننىڭ قوشۇنى)نى بۇ يەرگە يېقىنلاشتۇردۇق.

65ـمۇسا ۋە ئۇنىڭ هەمراهلىرىنىڭ هەممىسىنى قۇتقۇزدۇق.

66ـئاندىن ئىككىنچى توپنى سۇغا غەرق قىلدۇق.

67ـشەكسىزكى، بۇنىڭدا ئەلۋەتتە (ئاللاهنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بار. (شۇنداق تۇرسىمۇ، پىرئەۋن قەۋمىنىڭ) كۆپ سانلىقى ئىمان ئېيتـ-ـمىدى.

68ـشەكسىزكى، رەببىڭ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ناهايىتى مېھرىباندۇر.

### تەپسىرى

مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ پىرئەۋن بىلەن بولغان قىسسىسى «قۇرئان كەرىم»نىڭ بەقەرە، ئەئراف، يۇنۇس، هۇد، تاها، شۇئەرا، نەمل، قەسەس،

غافىر، سەجدە، نازىئات سۈرىلىرىدە ھەر خىل ئۇسۇللاردا بايان قىلىنغان. شۇ ئېنىقكى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى قانداقلا بىر سۈرىدە بايان قىلىنسۇن، چوقۇم شۇ سۈرىدىكى باشقا قىسسىلەر بىلەن تامامەن ماسلاشقان ھالدا كەلگەن. بۇ سۈرىدىكى قىسسە ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان ئالامەت ئورنىدا بايان قىلىنغان.

ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە رەببىڭنىڭ مۇسا ئەلەيسسالامغا مۇقەددەس ۋادىدا[1] قىلغان نىداسىنى بايان قىلىپ بەرگىن. ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ ئۇنىڭغا شۇنداق ئەمر قىلغانكى، ئى مۇسا! سەن زالىم قەۋم – پىرئەۋن قەۋمىنىڭ يېنىغا بارغىن، ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلغىن ۋە كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىشىنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇرغىن. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى ياراتقان يېگانە رەببىنى ئىنكار قىلىپلا قالماي، ئىسرائىل ئەۋلادىنى چىدىغۇسىز ئازاب-ئوقۇبەتلەر بىلەن ئازابلىدى. ئۇلار بۇ زۇلۇم ۋە يولسىزلىقنىڭ جازاسىدىن قورقمىدىمۇ؟

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئېيتتىكى: ئى رەببىم! مەن ئۇلارنىڭ مېنى ئىنكار قىلىشىدىن ۋە ماڭا تۆھمەت قىلىشىدىن قورقىمەن. ئەگەر ئۇلار ماڭا شۇنداق مۇئامىلە قىلسا، مېنىڭ كۆڭلۈم قاتتىق سىقىلىدۇ، كۆپ بىئارام بولىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۇزۇن ۋاقىت مىسىرنىڭ سىرتىدا ياشىغانلىقتىن، مىسىر شېۋىسىدە سۆزلەشكە تىلىم راۋان ئەمەس، قېرىندىشىم ھارۇننىڭ تىلى مېنىڭكىدىن راۋاندۇر. شۇڭا ھارۇننىڭ مەن بىلەن بىللە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغىمۇ پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلغىن، ئۇمۇ مەن بىلەن بىللە پەيغەمبەر بولسۇن. پىرئەۋن تەۋەلىرىنىڭ دەۋا قىلىشىچە، ئۇلارنىڭ ئالدىدا مېنىڭ گۇناھىم بار، چۈنكى، مەن مىسىردىن چىقىشتىن بۇرۇن بىر قىبتىنى سەۋەنلىكتىن ئۆلتۈرۈپ قويغان ئىدىم. شۇڭا ئۇلارنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقىمەن.

ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ كۆڭلىگە خاتىرجەملىك بېغىشلىغان ھالدا دېدىكى، ياق! ئۇلار ساڭا ھەرگىز زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ، سېنى ئۆلتۈ-رۈۋېتەلمەيدۇ، رەببىڭ سېنىڭ تىلىكىڭنى قوبۇل قىلىپ، قېرىندىشىڭ ھارۇننى پەيغەمبەر قىلدى. رەببىڭ سېنى ۋە ھارۇننى پىرئەۋن تەۋەلىرىنىڭ سۇيىقەستىدىن چوقۇم قوغدايدۇ. سىلەر بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولغان

[1] مۇقەددەس ۋادى-مىسىرنىڭ سىينا رايونىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغنىڭ نامىدۇر. ئەرەبچىدە «الواد المقدس طوى» دەپ ئاتىلىدۇ.

هالدا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنىڭ ئالدىغا بىزنىڭ مۆجىزىلىرىمىزنى ئېلىپ بېرىڭلار، بىز چوقۇم سىلەر بىلەن بىللىمىز، سىلەرنى قوغدايمىز. چۈنكى، سىلەرنىڭ رەببىڭلار ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى زاتتۇر. ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا مەخپىي قالمايدۇ. ئۇ سىلەرنىڭ مۇنازىرەڭلارنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ.

سىلەر پىرئەۋننىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭغا ئېيتىڭلاركى، بىز ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ساڭا ۋە سېنىڭ قەۋ-مىڭگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرمىز، ئىسرائىل ئەۋلادىنى قۇللۇقتىن بوشىتىپ، ئەركىن قويۇۋەتكىن، ئۇلارنى ئازابلاشنى توختاتقىن، ئۇلارنىڭ بىز بىلەن بىللە شامغا كېتىشىگە توسقۇنلۇق قىلمىغىن، ئۇلارنى رەببىگە ئىبادەت قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلمىغىن، بىز ساڭا رەببىڭ تەرىپىدىن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدۇق، توغرا يولغا ئەگەش-كەنلەرگە ئامانلىق بولسۇن!

## ◄ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋن بىلەن ئېلىپ بارغان مۇنازىرىسى

مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋندىن ئىسرائىل ئەۋلادىنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىپ پەلەستىنگە ئېلىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلىشنى سورىدى. ئەمما پىرئەۋن بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلماي مۇنداق دېدى: ئەي مۇسا! سەن قانداقلارچە بىزدىن بىز خالىمايدىغان ئىشلارنى تەلەپ قىلىسەن؟ بىز سېنى كىچىكىڭدىن بېقىپ چوڭ قىلمىدۇقمۇ؟ ئۇزۇن مەزگىل بىزنىڭ قەسرىمىزدە تۇرمىدىڭمۇ؟ سېنى ئۆز بالىمىزغا ئوخشاش كۆرۈپ باغرىمىزغا باسمىدۇقمۇ؟ يەنە سەن مىسىردىن كېتىدىغان ۋاقتىڭدا شۇ قەبىھ قىلىقىڭنى قىلغان ئىدىڭغۇ، ئۇنتۇمىغىنكى، سەن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قاتىللىق جىنايىتى سادىر قىلغان ئادەمسەن. بىلىۋاتىمەنكى، سەن راستىنلا تۇزكورلاردىن ئىكەنسەن.

پىرئەۋنگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ قەسرىدە چوڭ بولغان، ئۇنىڭ شەپقىتىگە نائىل بولغان بىرىنىڭ ئۇنىڭ دىنىغا زىت كېلىدىغان بىر دىننى ئېلىپ كېلىپ ئۇنى رەنجىتمەسلىكى كېرەك ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋننىڭ ئالدىدىكى جىنايىتى ئۇنىڭ مىسىرلىق بىر قىبتىنى سەۋەنلىكتىن ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مىسىرلىقلار چوقۇنۇپ كەلگەن ئىلاھلارنى قويۇپ، ئۇلارغا تونۇشلۇق بولمىغان يېڭى بىر دىننى ئېلىپ كەلگەنلىكى ئىدى.

شۇڭا مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋنگە شۇنداق ئوچۇق جاۋاب بېرىدۇكى، مېنىڭ ئىلگىرى مىسىرلىق قىبتىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىم نادانلىقىمدىن بولغان ئىش ئىدى. چۈنكى، مەن ئۇ ۋاقىتلاردا نېمىنىڭ توغرا ۋە نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم، مەن پەيغەمبەرمۇ ئەمەس ئىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۇ ئادەمنى قەستەن ئۆلتۈرمىدىم، سەۋەنلىك بىلەن بولدى. شۇ خاتالىقىم سەۋەبلىك سىلەردىن قورقۇپ مىسىردىن قېچىپ كەتتىم، سەرسانلىقتا يۈردۈم. ئاخىرى رەببىم ماڭا ئىلىم-ھېكمەت ۋە پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلدى. بۇ ئەجەبلىنىدىغان ياكى ئىنكار قىلىدىغان ئىش ئەمەس. سەن مېنى قەسرىڭدە بېقىپ چوڭ قىلغانلىق نېمىتىڭگە مىننەت قىلىۋاتىسەن. ئەمما مېنىڭ مىللىتىم بولغان ئىسرائىل ئەۋلادىنى قانچىلىك ئېغىر قۇللۇقلارغا سېلىۋاتقىنىڭنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىسەن.

مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋندىن ئىسرائىل ئەۋلادىنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىۋېتىشىنى ۋە ئۇلارنىڭ مىسىردىن پەلەستىنگە چىقىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنى ئالەملەرنىڭ رەببى ۋە ئۇلارنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىشقا ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بۇ دەۋەتنى قوبۇل قىلمىغان، ئۇنىڭ نەسىھەتلىرىدىن ھېچقانچىلىك ۋەز-نەسىھەت ئالمىغان ۋە بۇ دەۋەتتىن قىلچىلىكمۇ تەسىرلەنمىگەن ئىدى. شۇڭا پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ﴿ئالەملەرنىڭ رەببى دېگەن كىم ئۇ؟﴾ دەپ سورىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام كەسكىنلىك بىلەن دېدىكى، ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى جىمى مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچىسى، پەرۋىشچىسى ۋە ئىدارە قىلغۇچىسىدۇر. ئەگەر سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلىتىدىغان بولساڭلار، تەپەككۇر قىلىپ چۈشىنىدىغان بولساڭلار، ئەلۋەتتە بۇ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىسىلەر ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرىسىلەر.

پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئەتراپىدىكىلەرگە تەئەججۈپ نەزىرى بىلەن قاراپ ۋە «ئاڭلاۋاتامسىلەر؟ مۇسا نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىدۇ؟» دېگەن مەنىدە ئۇنى مەسخىرە قىلىدۇ. ئەمما مۇسا ئەلەيھىسسالام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇ ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭمۇ رەببىدۇر، دەيدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ ئاخىرقى سۆزى بىلەن ئۇلارنىڭ دىققىتىنى مۇھىم بىر ئىشقا قاراتقان ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، ھەقىقىي ئىلاھ ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنى

يوقلۇقتىن ياراتقان، ھەممىگە رىزىق بېرىدىغان، ھەممە ئۆلۈپ تۇ-
گىگەندىن كېيىنمۇ مەڭگۇ ھايات تۇرىدىغان ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكى
ئىدى. ئەمما پىرئەۋنىنىڭ جاۋابى ئۇنى ئىنكار قىلىش ۋە مەسخىرە قىلىش
بولدى. پىرئەۋن دېدىكى، ئەي خالايىق! سىلەرگە ئەۋەتىلگەن بۇ ئاتالمىش
پەيغەمبەر ساراڭ ئىكەن، ئۇنىڭ ئەقلى جايىدا ئەمەس. چۈنكى، ئۇ بىز
ئاڭلاپ باقمىغان بىر نەرسىلەرنى دەۋاتىدۇ.

ئەمما مۇسا ئەلەيھىسسالام قەتئىيلىك بىلەن دەۋىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ
مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا كۈنچىقىشنىڭ، كۈنپېتىشنىڭ ۋە جىمى
كائىناتنىڭ ئىگىسى ۋە پەرۋىشچىسىدۇر، ئۇنىڭ شېرىكى ياكى بالىسى
ۋەياكى ياردەمچىسى يوق. ئەگەر ئەقلىڭلارنى ئىشقا سېلىپ ئويلىسىڭلار ھەقىقىي ئىلاھ ئاشۇدۇر.

ئاللاھ تائالا سۈرىسىدە بۇ مۇنازىرىنىڭ بەزى تەپسىلاتى بايان قىلىنغان.

﴿فَأۡتِيَاهُ فَقُولَآ إِنَّا رَسُولَا رَبِّكَ فَأَرۡسِلۡ مَعَنَا بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ وَلَا تُعَذِّبۡهُمۡۖ قَدۡ
جِئۡنَٰكَ بِـَٔايَةٖ مِّن رَّبِّكَۖ وَٱلسَّلَٰمُ عَلَىٰ مَنِ ٱتَّبَعَ ٱلۡهُدَىٰٓ ﴿٤٧﴾ إِنَّا قَدۡ أُوحِيَ إِلَيۡنَآ أَنَّ
ٱلۡعَذَابَ عَلَىٰ مَن كَذَّبَ وَتَوَلَّىٰ ﴿٤٨﴾ قَالَ فَمَن رَّبُّكُمَا يَٰمُوسَىٰ ﴿٤٩﴾ قَالَ رَبُّنَا ٱلَّذِيٓ
أَعۡطَىٰ كُلَّ شَيۡءٍ خَلۡقَهُۥ ثُمَّ هَدَىٰ﴾ يەنى ﴿سىلەر پىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىپ،
‹بىز ئىككىمىز ھەقىقەتەن رەببىڭنىڭ ئەلچىسى بولىمىز، ئەمدى،
ئىسرائىل ئەۋلادىنى بىز بىلەن قويۇۋەتكىن، ئۇلارنى قىينىمىغىن. بىز
ساڭا راستىنىلا رەببىڭدىن مۆجىزە ئېلىپ كەلدۇق، ئامانلىق ھىدايەتكە
ئەگەشكەنلەرگە مەنسۇپتۇر. بىزگە شەكسىز ۋەھيى قىلىندىكى، ئازاب
(ھەقىقەتنى) يالغان دېگەن ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن ئادەمگە بولىدۇ›
دەڭلار». (پىرئەۋن): «ئى مۇسا! سىلەرنىڭ رەببىڭلار كىم؟» دېدى. مۇسا
ئېيتتى: «بىزنىڭ رەببىمىز ھەممە نەرسىگە (ئۆزىگە خاس) شەكىل
(ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەت) ئاتا قىلغان، ئاندىن (ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ئاتا
قىلىنغان نەرسىلەردىن پايدىلىنىش يوللىرىغا) يېتەكلىگەن زاتتۇر»﴾[1].

مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋنىنىڭ ئالدىدا ھەقىقەتنى دادىللىق بىلەن
ئوتتۇرىغا قويۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئى پىرئەۋن! مەن ئالەملەرنىڭ رەببى
بولغان ئاللاھ تائالانىڭ راستچىل ئەلچىسىمەن، دەيدۇ. پىرئەۋن ئۇنى
ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭ دەۋىتىنى رەت قىلغاندىن كېيىن، مۇسا
ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا دەيدۇكى، مېنىڭ راستچىللىقىمغا دەلىل-ئىسپات

[1] تاھا سۈرىسى: 47-50-ئايەتلەر.

بولىدىغان كاتتا مۆجىزىلەرنى كەلتۈرسەم نېمە دەيسەن؟

پىرئەۋن ئۇنىڭغا دەيدۇكى، ئەگەر راستچىل بولساڭ مۆجىزەڭنى بىر كۆرسىتىپ باققىنە قېنى؟

شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام قولىدىكى ھاسىسىنى يەرگە تاشلايدۇ، ھاسىنى يەرگە تاشلىغان ھامان بۇ ھاسا چوڭ بىر يىلانغا ئايلىنىدۇ-دە، ئۇلارنىڭ ئالدىدا مىدىرلايدىغان، ماڭىدىغان، راستتىنلا تىرىك بىر يىلان بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالام قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ تارتىشىغا ئۇنىڭ قولى خۇددى چىراغدەك يېنىپ نۇر چاچىدۇ.

پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئىككى مۆجىزىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلار بۇ مۆجىزىلەرنى ئوپئوچۇق سېھىردۇر، دېيىشىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالامنى بولسا چوڭ سېھىرگەر ئىكەن دەيدۇ. ئاندىن خەلق ئىچىدە نۇرغۇنلىغان يالغان ئىغۋالارنى تارقىتىپ، «مۇسا بۇ سېھىرگەرلىكى ئارقىلىق سىلەرنى ئالداۋاتىدۇ، ئۇ پەيغەمبەر ئەمەس، ئۇ سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن قوغلاپ چىقىرىشنى، ئىسرائىل ئەۋلادىنى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن تارتىۋېلىشنى پىلانلاۋاتىدۇ» دېگەنگە ئوخشىغان سۆز-چۆچەكلەرنى تارقىتىشقا باشلايدۇ.

ئاندىن پىرئەۋننىڭ تەرەپدارلىرى پىرئەۋنگە مەسلىھەت بېرىپ، پۈتۈن مىسىر تەۋەسىدىكى ئەڭ ئۇستا سېھىرگەرلەرنى يىغىپ كېلىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قارشى سېھىر ماھارىتى كۆرسىتىش ئارقىلىق، مۇسا ئەلەيھىسسالامنى يېڭىپ چىقىپ خەلقى ئالەمنىڭ ئالدىدا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى مات قىلماقچى بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، پىرئەۋن مىسىرنىڭ ھەممە جايلىرىغا ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ داڭلىق سېھىرگەرلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ كېلىدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا سېھىرگەرلەر ئۆزلىرىنى جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكى بىلىمدارلىرى دەپ سانايتتى، پادىشاھلارمۇ ئۇلارنى ھۆرمەتلەيتتى ۋە ئۇلارغا يۇقىرى ئۇنۋانلارنى بېرەتتى. ئۇلار پىرئەۋننىڭ ھۇزۇرىغا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى يېڭىشكە بولغان چوڭ ئىشەنچ بىلەن غادايغان ۋە ئېرىشىدىغان ئىززەت-ئابروي ۋە نائىل بولىدىغان مال-دۇنيانىڭ مەستانىلىكىدە كۆرەڭلىگەن ھالدا كېلىشكەن، پىرئەۋنمۇ ئۇلارغا نېمە تىلىسە بېرىدىغانلىقىغا ۋە ئۇلارنى ئالاھىدە خاس كىشىلىرى قاتارىدا

كۆرىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان ئىدى.

سېھىر ماھارىتى كۆرسىتىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن كۈن يېتىپ كېلىپ خالايىق مەيدانغا توپلىشىدۇ، سېھىرگەرلەر مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاۋۋال سېھىرگەرلەرنىڭ ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ سېھىرگەرلەر ئارغامچا، ھاسا قاتارلىق نەرسىلىرىنى تاشلاشقا باشلايدۇ. مەيدان بىر دەمدىلا يىلان-چايانلارغا توشۇپ كېتىدۇ. بۇ يىلان-چايانلار خۇددى راستتەكلا كۆرۈنەتتى، ھەتتا مۇسا ئەلەيھىسسالامغىمۇ مىدىرلاۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتكەن ئىدى. سېھىرگەرلەر ئۆزلىرىنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنى يېڭىش ئارقىلىق پىرئەۋننىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ كۆرەڭلەيتتى. چۈنكى، ئۇلار ماھارەتلىرىنى باشلاشتا پىرئەۋننىڭ كاتتىلىقى ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتى بىلەن قەسەم قىلىپ باشلىغان ۋە يېڭىپ چىقىشقا بەكمۇ ئىشەنگەن ئىدى.

سېھىرگەرلەرنىڭ بۇنداق ماھارەت كۆرسىتىشلىرىدىن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بەكرەك خۇش ئىدى. چۈنكى، ئۇلار بۇ سېھىرگەرلەرنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى مات قىلىدىغانلىقىغا چىن ئىشەنگەن ئىدى.

بۇ ۋاقىتتا مۇسا ئەلەيھىسسالاممۇ ئازراق قورققاندەك بولىدۇ. دەل شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ھاسىسىنى تاشلاشقا ئەمر قىلىدۇ-دە، ئۇ دەرھال ھاسىسىنى تاشلايدۇ. ئۇنىڭ ھاسىسى مەيداندىكى يىلان-چايانلارنىڭ ھەممىسىنى بىر دەمدىلا يۇتۇپ كېتىدۇ. مانا ئەمدى، ھەقىقەت ئوتتۇرىغا چىققان، باتىل تىز چۆككەن ئىدى.

پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن، قاتتىق ھەيرانلىقتا قالغان ئىدى. سېھىرگەرلەر بولسا بۇ ئىشنىڭ سېھىر ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئاللاھ تائالادىن كەلگەن مۆجىزە ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغان ئىدى. چۈنكى، سېھىرگەرلەر نېمىنىڭ سېھىر ۋە نېمىنىڭ سېھىر ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلەتتى، سېھىرگەرلىكنىڭ ۋاقىتلىق كۆز بوياmچىلىق ۋە كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى بەند قىلىپ، شەيئىلەرنىڭ باشقا ھالىتىنى خىيال قىلدۇرۇش ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئەمما مۇسا ئەلەيھىسسالام تاشلىغان ھاسا سېھىرگەرلەرنىڭ تاشلىغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى يۇتۇپ كەتكەن ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بارلىق سېھىرگەرلەر دەرھال ئۆزلىرىنى يەرگە تاشلاپ ئاللاھ تائالاغا سەجدە قىلدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ مۇسا ۋە ھارۇننىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقانلىقىنى جاكارلايدۇ.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى لام-جىم دېيەلمەستىن ھەيرانلىقتا داڭ قېتىپ قالدۇ. ئاندىن پىرئەۋن ئەسلىدە ئۆزى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى مات قىلىش ئۈچۈن توپلىغان بۇ سېھىرگەرلەرنىڭ ئەمدىلىكتە ئۆزىنى مات قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلىنىدۇ ۋە ئۇلارغا تەھدىتلەرنى ياغدۇرىدۇ: سىلەر تېخى مېنىڭ رۇخسىتىمنى ئالماستىن مۇسانىڭ رەببىگە ئىمان ئېيتتىڭلارمۇ؟ ئەسلىدە بۇ سىلەرنىڭ شەھەردە بىرلىشىپ پىلانلىغان ھىيلە-مىكرىڭلار ئىكەن، مۇسا سىلەرگە سېھىر ئۆگەتكەن ئەڭ چوڭ ئۇستازىڭلار ئىكەن. سىلەر بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىلگىرى بۇ ئىشنى مەسلىھەتلىشىۋالغان ئىكەنسىلەر، دەپ تۆھمەت قىلىشقا باشلايدۇ. ھالبۇكى، پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەسرىدە ۋە ئۇنىڭ قولىدا چوڭ بولغانلىقىنى، كېيىن مەديەن دېگەن جايغا كېتىپ پەيغەمبەر بولۇپ قايتىپ كەلگەنلىكىنى، سېھىر ۋە سېھىرگەرلەر بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى ئوبدان بىلەتتى.

ئاندىن پىرئەۋن سېھىرگەرلەرگە قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەتلەر بىلەن تەھدىت سېلىشقا باشلايدۇ، ئۇلارنىڭ پۇت ۋە قوللىرىنى ئوڭ-سول قىلىپ كېسىپ تاشلاش يەنى ئوڭ قولى بىلەن سول پۇتىنى ياكى سول قولى بىلەن ئوڭ پۇتىنى كېسىش ۋە ئۇلارنى دارغا، خورما دەرەخلىرىگە ئېسىپ ئۆلتۈرۈش بىلەن تەھدىت سالىدۇ. پىرئەۋن ئۇلارنى شۇنداق قاتتىق جازالاش ئارقىلىق كىمنىڭ كۈچلۈك ۋە كىمنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا بىلدۈرۈپ قويماقچى بولىدۇ.

ئەمما ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان بۇ سېھىرگەرلەر پىرئەۋننىڭ تەھدىتلىرىدىن قىلچە قورقۇپ قالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالغان چىن ئىمان بىلەن ئاللاھ تائالاغا بولغان مۇستەھكەم ئەقىدە ئۇلارنى شۇنداق كۈچلەندۈرۈۋەتكەن ۋە جاسارەتلەندۈرۈۋەتكەن ئىدى. شۇڭا ئۇلار ھېچ ئىككىلەنمەستىن مۇنداق دەپ كەسكىن جاۋاب بېرىدۇ: بىز ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن زىيان تارتمايمىز، سېنىڭ جازالىشىڭدىنمۇ قورقۇپ قالمايمىز. چۈنكى، سېنىڭ ئازابىڭ بىر قانچە سائەتلا داۋاملىشىدۇ، ئاندىن بىز رەببىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا مۇئمىنلىك ھالىتىمىز بىلەن بارىمىز. سەن بىزنىڭ تېنىمىزگىلا ئىگە بولالايسەن، ئەمما

قەلبىمىزگە ئىگە بولالمايسەن، سېنىڭ ئازابىڭمۇ بىزنىڭ تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىدىغان بۇ تېنىمىزگىلا كېلىدۇ. ئەمما رەببىمىز بىزنىڭ قەلبىمىزگە ئورۇنلاشتۇرغان چىن ئەقىدە بىلەن ھەقىقىي ئىماننى سېنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىڭ ھېچ تەۋرىتەلمەيدۇ. شۇڭا بىز سەندىن ۋە سېنىڭ ئازابلىرىڭدىن ھەرگىز قورقمايمىز، قولۇڭدىن كەلگەننى قىل! ھەر قانچە قىلساڭ پەقەت مۇشۇ دۇنيادىلا دەۋر سۈرەلەيسەن. بىز ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ھەممىدىن بۇرۇن ئىمان ئېيتقۇچىلار بولغانلىقىمىز يۈزىسىدىن، رەببىمىزنىڭ بىزنىڭ جىمى گۇناھلىرىمىزنى ۋە خاتالىقلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. شۇڭا بىز ھازىر ئۇلۇغ رەببىمىز ئاللاھ تائالانىڭ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى ئەپۇ قىلىشىنى، خاتالىقلىرىمىزنى كەچۈرۈۋېتىشىنى تىلەيمىز. ﴿وَمَا تَنقِمُ مِنَّآ إِلَّآ أَنْ ءَامَنَّا بِـَٔايَـٰتِ رَبِّنَا لَمَّا جَآءَتْنَا ۚ رَبَّنَآ أَفْرِغْ عَلَيْنَا صَبْرًا وَتَوَفَّنَا مُسْلِمِينَ﴾ يەنى ﴿سەن بىزنى پەقەت رەببىمىزنىڭ ئايەتلىرى بىزگە كەلگەن ھامان ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلىقىمىز ئۈچۈنلا ئەيىبلەۋاتىسەن. ئى رەببىمىز! بىزگە سەۋر ئاتا قىلغىن، بىزنىڭ جېنىمىزنى مۇسۇلمان ھالىتىمىزدە ئالغىن﴾[1].

شۇنداق، كىشىلەرنى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچىلارنىڭ ھەر خىل چوڭ سىناقلارغا دۇچ كېلىدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ. ئۇلار ھەقىقەتنى دادىل سۆزلىگەنلىكى، باتىلغا ۋە ناھەقچىلىككە قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ باشلىرىغا ھەر خىل مۇسىبەتلەر كېلىدۇ، گاھ ئازابلىنىدۇ، گاھ سۈرگۈن قىلىنىدۇ، گاھ سۇيىقەستكە ئۇچرايدۇ. ئەمما ئاخىرقى ھېسابتا غەلىبە شۇلارغا مەنسۇپ بولىدۇ.

### ◄ ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ مىسىردىن چىقىشى ۋە پىرئەۋننىڭ غەرق بولۇشى

شۇنىڭدىن كېيىن، ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىسرائىل ئەۋلادىنى كېچىدە مىسىردىن پەلەستىنگە قاراپ ئېلىپ چىقىش ھەققىدە ۋەھيى قىلىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ پەرماننى دەرھال ئورۇندايدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە ئۇنىڭغا پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۇلارنى قوغلاپ كېلىدىغانلىقىدىنمۇ خەۋەر بېرىدۇ. راست دېگەندەك، پىرئەۋن ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ كېچىلەپ مىسىردىن پەلەستىنگە قاراپ يولغا چىققانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاش بىلەنلا، ھەر قايسى شەھەرلەرگە ئادەم

[1] ئەئراف سۈرىسى: 126-ئايەت.

ئەۋەتىپ دەرھال ئەسكەر توپلاشقا بۇيرۇق بېرىدۇ ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئەسكەر كۈچى بىلەن قايتۇرۇپ كېلىپ قايتا قۇللۇققا سالماقچى بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەملىرىگە نۇتۇق سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: ئىسرائىل ئەۋلادى مىسىرلىقلارغا نىسبەتەن ئىنتايىن ئاز، بىر ئۇچۇم ئادەملەردۇر، ئۇلار بىزگە تونۇشلۇق بولمىغان يېڭى بىر دىنىنى ئېلىپ كەلگەننى ئاز دەپ، بىزنىڭ رۇخسىتىمىزسىز مىسىردىن قاچماقچى بولۇپ غەزىپىمىزنى ئۆرلەتتى. بىز كۈچ ۋە سان جەھەتتە ئالاھىدە زور قوشۇنمىز، شۇڭا بىز ئۇلارنى چوقۇم قۇللۇققا قايتۇرۇپ كېلىمىز.

پىرئەۋن قوشۇنلىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە ئەتىگەن قۇياش كۆتۈرۈلگەن ۋاقىتتا يېتىشىۋالىدۇ. ئىسرائىل ئەۋلادى پىرئەۋن قوشۇنلىرىنى كۆرۈش بىلەنلا قاتتىق قورقۇپ كېتىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ چوقۇم ھالاك بولىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرىدۇ. ئەمما مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ چوقۇم ئۇلارنى قوغدايدىغانلىقىغا چىن ئىشىنەتتى. چۈنكى، ئۇلارنى كېچىلەپ مىسىردىن ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇغان زاتنىڭ ئۇلارنى دۈشمەنلىرى ئالدىدا تەرك ئەتمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا ئۇ قەۋمىنىڭ قورقۇنچىسىنى بېسىشقا تىرىشىدۇ، ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ياردەم قىلىدىغانلىقىنى، پىرئەۋن قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىدۇ. ﴿ئىككى توپ بىر-بىرىنى كۆرۈپ تۇرۇشقان چاغدا، مۇسانىڭ ھەمراھلىرى: «بىز چوقۇم تۇتۇلۇپ قالدىغان بولدۇق» دېدى. مۇسا ئېيتتى: «ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ! رەببىم ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللىدۇر، ئۇ ماڭا يول كۆرسىتىدۇ»﴾[1].

ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ھاسىسى بىلەن دېڭىزغا ئۇرۇشنى ۋەھيى قىلىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسى بىلەن دېڭىزغا ئۇرغاندىن كېيىن، دېڭىز يېرىلىپ، ھەربىر يېرىلغان قىسمى چوڭ تاغدەك بولۇپ قالىدۇ ۋە ئوتتۇرىدىن ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئون ئىككى ئايمىقىغا ئون ئىككى يول ئېچىلىدۇ. سۇ توختايدۇ، دېڭىزدا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ قەۋمى ئۇچۇن قۇرۇقلۇق يولى ئېچىلىدۇ. ئۇلار شۇ يول بىلەن ئامان-ئېسەن قىرغاققا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەمما پىرئەۋن ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئىسرائىل ئەۋلادىنى قوغلاپ دېڭىزغا كىرىدۇ، ئۇلار دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، سۇ ئۇشتۇمتۇت ئەسلىگە قايتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسى سۇدا غەرق بولۇپ تۇگىشىدۇ. ﴿ئىككىنچى توپ (پىرئەۋننىڭ

[1] شۇئەرا سۈرىسى: 61-62-ئايەتلەر.

قوشۇنى) نى بۇ يەرگە يىغىنلاشتۇردۇق. مۇسا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ھەممىسىنى قۇتقۇزدۇق﴾ [1]، يەنى پىرئەۋن قوشۇنىنى دېڭىزغا كىرگۈزدۇق، ئاندىن ئىسرائىل ئەۋلادىنى قۇتقۇزۇپ قىلىپ، پىرئەۋن قوشۇنىنى سۇدا غەرق قىلىپ پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋەتتۇق.

ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۆئمىن بەندىلىرىنى زالىملارنىڭ قولىدىن ئەنە شۇنداق قۇتقۇزىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆز ۋاقتىدا ئىسرائىل ئەۋلادىغا ياردەم قىلغان، ئۇلارنى دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىب قىلغان، ئۇلارغا زېمىننىڭ بايلىقلىرىنى ئاتا قىلغان، نازۇنېمەتلىك ئېسىل باغلارنى ئېھسان قىلغان ۋە ئۇلارنى بىر مەزگىل پۈتۈن دۇنيا ئەھلىدىن ئەزىز قىلغان ئىدى.

بۇ ۋەقەلىكتە، خۇسۇسەن مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ قەۋمى ئۈچۈن دېڭىزدىن قۇرۇقلۇق يول ئېچىلىپ، ئۇلارنىڭ سالامەت قالغانلىقى ۋە پىرئەۋن قوشۇنىنىڭ غەرق بولغانلىقىدا ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان دەلىللەر ۋە نۇرغۇنلىغان ئىبرەتلەر بار. ئەمما پىرئەۋن قەۋمى بۇ ۋەقەلىكنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ھېچ ئىبرەت ئالمىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئىمان ئېيتقانلار كۆپ بولمىدى.

ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۆئمىن بەندىلىرىنى ھەمىشە قوغدايدۇ، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى مەغلۇپ قىلىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەرقانداق دەۋەت ھەقىقەتنى تولۇق ۋە ئېنىق چۈشەندۈرۈش بىلەن باشلىنىدۇ.

2. ئادەم ئۆلتۈرۈش پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ نەزىرىدە ئەڭ چوڭ جىنايەتتۇر.

3. بىراۋغا قىلغان ياخشىلىقنى تىلغا ئېلىش ياخشى ئەمەس. چۈنكى، مىننەت قىلىش بۇ ياخشىلىقنىڭ ساۋابىنى يوق قىلىۋېتىدۇ. ئەمما ئېنىۋالغانلارنىڭ ئېسىگە سېلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا قىلغان ياخشىلىقنى سۆزلەشكە بولىدۇ.

4. مۇنازىرىلەشكەندە، مۇنازىرىنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقىغا رىئايە قىلىش لازىم.

---

[1] شۇئەرا سۈرىسى: 64-65-ئايەتلەر.

5. نامەردلەر سۆزدە يېڭىلسە تەھدىت سېلىشقا ئۆتىدۇ.

6. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ مەشھۇرلىرى ئىككى بولۇپ، بىرى، ھاسىسىنىڭ ئەجدىھاغا ئايلىنىشى، يەنە بىرى، قولىنىڭ چىراغدەك يېنىشى ئىدى.

7. سېھىرنىڭ تەسىر قىلىدىغانلىقى راستتۇر. ئەمما سېھىرگەرلىك قىلىش ياكى سېھىر قىلدۇرۇش قەتئىي چەكلەنگەن ھارام ئىشتۇر.

8. ئىمان قەلبتە مۇستەھكەم ئورناشقان ۋاقىتتا، ئۇ تەۋرىمەيدۇ، تەھدىت، ئۆلۈم دېگەنلەر ئىماننىڭ كۈچى ئالدىدا ئاجىز قالىدۇ. پىرئەۋننىڭ سېھىرگەرلىرىنىڭ قەلبلىرىگە ئورناشقان ئىمان ئەنە شۇنداق مۇستەھكەم ئىمان ئىدى.

9. چىن ئىمان شجائەتنىڭ مەنبەسىدۇر.

## ◄ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدىن بىر كۆرۈنۈش

﴿وَٱتۡلُ عَلَيۡهِمۡ نَبَأَ إِبۡرَٰهِيمَ ٦٩ إِذۡ قَالَ لِأَبِيهِ وَقَوۡمِهِۦ مَا تَعۡبُدُونَ ٧٠
قَالُواْ نَعۡبُدُ أَصۡنَامٗا فَنَظَلُّ لَهَا عَٰكِفِينَ ٧١ قَالَ هَلۡ يَسۡمَعُونَكُمۡ
إِذۡ تَدۡعُونَ ٧٢ أَوۡ يَنفَعُونَكُمۡ أَوۡ يَضُرُّونَ ٧٣ قَالُواْ بَلۡ وَجَدۡنَآ
ءَابَآءَنَا كَذَٰلِكَ يَفۡعَلُونَ ٧٤ قَالَ أَفَرَءَيۡتُم مَّا كُنتُمۡ تَعۡبُدُونَ ٧٥
أَنتُمۡ وَءَابَآؤُكُمُ ٱلۡأَقۡدَمُونَ ٧٦ فَإِنَّهُمۡ عَدُوّٞ لِّيٓ إِلَّا رَبَّ ٱلۡعَٰلَمِينَ
٧٧ ٱلَّذِي خَلَقَنِي فَهُوَ يَهۡدِينِ ٧٨ وَٱلَّذِي هُوَ يُطۡعِمُنِي وَيَسۡقِينِ ٧٩
وَإِذَا مَرِضۡتُ فَهُوَ يَشۡفِينِ ٨٠ وَٱلَّذِي يُمِيتُنِي ثُمَّ يُحۡيِينِ ٨١ وَٱلَّذِيٓ
أَطۡمَعُ أَن يَغۡفِرَ لِي خَطِيٓـَٔتِي يَوۡمَ ٱلدِّينِ ٨٢ رَبِّ هَبۡ لِي حُكۡمٗا
وَأَلۡحِقۡنِي بِٱلصَّٰلِحِينَ ٨٣ وَٱجۡعَل لِّي لِسَانَ صِدۡقٖ فِي ٱلۡأٓخِرِينَ
٨٤ وَٱجۡعَلۡنِي مِن وَرَثَةِ جَنَّةِ ٱلنَّعِيمِ ٨٥ وَٱغۡفِرۡ لِأَبِيٓ إِنَّهُۥ كَانَ
مِنَ ٱلضَّآلِّينَ ٨٦ وَلَا تُخۡزِنِي يَوۡمَ يُبۡعَثُونَ ٨٧ يَوۡمَ لَا يَنفَعُ مَالٞ
وَلَا بَنُونَ ٨٨ إِلَّا مَنۡ أَتَى ٱللَّهَ بِقَلۡبٖ سَلِيمٖ ٨٩ وَأُزۡلِفَتِ ٱلۡجَنَّةُ

لِلۡمُتَّقِينَ ﴿٩٠﴾ وَبُرِّزَتِ ٱلۡجَحِيمُ لِلۡغَاوِينَ ﴿٩١﴾ وَقِيلَ لَهُمۡ أَيۡنَ مَا كُنتُمۡ
تَعۡبُدُونَ ﴿٩٢﴾ مِن دُونِ ٱللَّهِ هَلۡ يَنصُرُونَكُمۡ أَوۡ يَنتَصِرُونَ ﴿٩٣﴾
فَكُبۡكِبُواْ فِيهَا هُمۡ وَٱلۡغَاوُۥنَ ﴿٩٤﴾ وَجُنُودُ إِبۡلِيسَ أَجۡمَعُونَ ﴿٩٥﴾ قَالُواْ
وَهُمۡ فِيهَا يَخۡتَصِمُونَ ﴿٩٦﴾ تَٱللَّهِ إِن كُنَّا لَفِي ضَلَٰلٖ مُّبِينٍ ﴿٩٧﴾ إِذۡ
نُسَوِّيكُم بِرَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٩٨﴾ وَمَآ أَضَلَّنَآ إِلَّا ٱلۡمُجۡرِمُونَ ﴿٩٩﴾ فَمَا
لَنَا مِن شَٰفِعِينَ ﴿١٠٠﴾ وَلَا صَدِيقٍ حَمِيمٖ ﴿١٠١﴾ فَلَوۡ أَنَّ لَنَا كَرَّةٗ فَنَكُونَ
مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿١٠٢﴾ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗۖ وَمَا كَانَ أَكۡثَرُهُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿١٠٣﴾
وَإِنَّ رَبَّكَ لَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٠٤﴾

## ◄ تەرجىمىسى

69ـ ئۇلارغا ئىبراھىمنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىن.

70ـ ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە: «سىلەر نېمىگە چوقۇنۇۋاتىسىلەر؟» دېدى.

71ـ ئۇلار: «بۇتلارغا چوقۇنۇۋاتىمىز ۋە ئۇلارغا چوقۇنۇشنى داۋاملاشتۇرىمىز» دېيىشتى.

72ـ ئىبراھىم ئېيتتى: «دۇئا قىلغان چېغىڭلاردا ئۇلار (دۇئايىڭلارنى) ئاڭلامدۇ؟

73ـ يا سىلەرگە پايدا يەتكۈزەلەمدۇ؟ ياكى زىيان يەتكۈزەلەمدۇ؟».

74ـ ئۇلار ئېيتتى: «ياق (ئۇنداق قىلالمايدۇ)، لېكىن بىز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدۇق».

75ـ 76ـ ئىبراھىم ئېيتتى: «سىلەرنىڭ ۋە قەدىمقى ئەجدادلىرىڭلارنىڭ نېمىگە چوقۇنغانلىقىڭلارنى ئويلاپ كۆردۇڭلارمۇ؟

77ـ شەكسىزكى، ئۇلار (بۇتلار) مېنىڭ دۈشمىنىمدۇر، پەقەت ئالەملەرنىڭ رەببىلا (مەن ئىبادەت قىلىدىغان يېگانە زاتتۇر).

78ـ ئۇ مېنى ياراتقان، ماڭا توغرا يولنى كۆرسىتىدىغان زاتتۇر.

79ـ ماڭا تائام ۋە ئۇسسۇلۇق بېرىدىغان زاتمۇ شۇدۇر.

80ـ ئاغرىپ قالسام مېنى ساقايتىدىغان زاتمۇ شۇدۇر.

81ـمېنى ۋاپات قىلدۇرىدىغان، كېيىن يەنە تىرىلدۈرىدىغان زاتمۇ شۇدۇر.

82ـمەن قىيامەت كۈنى خاتالىقلىرىمنى مەغپىرەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغان زاتمۇ شۇدۇر.

83ـئى رەببىم! ماڭا ئىلىم-ھېكمەت ئاتا قىلغىن، مېنى ياخشىلارنىڭ قاتارىغا قوشقىن.

84ـكېيىنكىلەر ئارىسىدا ياخشى نامىمنى قالدۇرغىن.

85ـمېنى نازۇنېمەتلىك جەننەتنىڭ ۋارىسلىرىدىن قىلغىن.

86ـئاتامغا مەغپىرەت قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ئازغۇنلاردىن بولدى.

87ـ(ئىنسانلار) تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈندە مېنى رەسۋا قىلمىغىن.

88ـئۇ كۈندە مال-دۇنيامۇ، بالىچاقىلارمۇ پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ.

89ـپەقەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ساغلام قەلب بىلەن كەلگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا».

90ـجەننەت تەقۋادارلارغا يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ.

91ـدوزاخ ئازغۇنلارغا ئوچۇق كۆرسىتىلىدۇ.

92ـ93ـ ئۇلارغا: «سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسەڭلار قېنى؟ ئۇلار سىلەرگە ياردەم بېرەلەمدۇ؟ يا ئۆزلىرى ياردەمگە ئېرىشەلەمدۇ؟» دېيىلىدۇ.

94ـ95ـساختا مەبۇدلار، (ئۇلارغا چوقۇنغان) ئازغۇنلار ۋە ئىبلىسنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسى دوزاخقا ئۈستى-ئۈستىلەپ تاشلىنىدۇ.

96ـ97ـئۇلار دوزاختا جېدەللىشىپ ئېيتىدۇ: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا ئۆتكەن ئىكەنمىز.

98ـ(ئى ساختا ئىلاھلار!) ئۆز ۋاقتىدا بىز سىلەرنى ئالەملەرنىڭ رەببى بىلەن ئوخشاش ئورۇندا كۆرگەن ئىكەنمىز.

99ـبىزنى پەقەت ئاشۇ گۇناھكارلار ئازدۇرغان ئىكەن.

100ـ101ـ شۇڭا ئەمدى بىزگە ھېچقانداق شاپائەتچى يوق، يېقىن دوستمۇ يوق.

102ـكاشكى، بىزگە (دۇنياغا) قايتىش مۇمكىن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە مۇئمىنلەردىن بولاتتۇق».

103ـشەكسىزكى، بۇنىڭدا (يەنى ئىبراھىمنىڭ قىسسىسىدە، كېيىنكىلەر ئۈچۈن) ئەلۋەتتە ئىبرەت بار ئىدى، (شۇنداق تۇرۇقلۇق) ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى

ئىمان ئېيتمىدى.

104-ھەقىقەتەن سېنىڭ رەببىڭ مۇتلەق غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

### بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋن بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى ئىخچام ھالدا بايان قىلغان بولۇپ، بۇ ئايەتلەردە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغان. ھالبۇكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەردۇر. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم»دىكى قىسسىلەر تارىخنى ئەسلىتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ۋەز-نەسىھەت قىلىش، ئىبرەت بېرىش ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئۈلگە قىلىش ئۈچۈن بايان قىلىنغان. ناۋادا بۇ قىسسىلەردىن مەقسەت تارىخنى ئەسلىتىش بولسا ئىدى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭكىدىن ئاۋۋال بايان قىلىنغان بولاتتى.

يەنە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش-ئىزلىرى ئۈستىدە ئويلانغان ئادەمگە شۇ ھەقىقەت ئايان بولىدۇكى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئەقىدىنى تۈزىتىش ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى ئىلاھ دەپ كۆرەڭلىگەن پىرئەۋن بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، يەر يۈزىنىڭ ئىلاھى بىرلا ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئىنسانلارنى ئىنسانلارغا چوقۇنۇشتىن قۇتۇلۇپ ئالەملەرنىڭ رەببىگە ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغان. ئەمما ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇتلارغا چوقۇنۇپ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرىدىغان بىر قەۋمنىڭ ئەقىدىسىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن. دېمەك، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا ئىشەنمەيدىغان كاپىرلارغا ئەۋەتىلگەن بولسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىسىمۇ ئۇنىڭغا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرىدىغان مۇشرىكلارغا ئەۋەتىلگەن.

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! بارلىق كاپىرلارغا، خۇسۇسەن، مەككە مۇشرىكلىرىغا پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى ئېيتىپ بەرگىنكى، ئۇلارنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا دەۋالغان ئەرەب كاپىرلىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق دىندا

ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالسۇن.

ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت باتىل دىنىغا قارشى چىققان ۋە ئۇلارغا كايىغان هالدا، ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە سوئال قويۇپ: ﴿سىلەر نېمىگە چوقۇنۇۋاتىسىلەر؟﴾ دېگەن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەۋىتىنى ئالدى بىلەن ئۆز ئاتىسىنى دىنغا دەۋەت قىلىشتىن باشلىغان. چۈنكى، ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۆز ئاتىسى ئۆزىگە ئەڭ يېقىن كىشىسىدۇر. ئادەتتە ئىنسان ياخشىلىقنى ئاۋۋال ئۆزىگە، ئاندىن ئەڭ يېقىن كىشىسىگە قىلىشنى خالايدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلماقچى بولغان بۇ دىندا ياخشىلىق بولمىسا ياكى ئۇنىڭ پايدىسى ئېنىق بولمىسا ئىدى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەسلەپ قىلىپ بۇ دەۋەتنى ئاتىسىدىن باشلىمىغان بولاتتى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆزى دەۋەت قىلىۋاتقان بۇ دىنىنىڭ ئىككى ئالەملىك نىجاتلىق يولى ۋە بەختسائادەتنىڭ كېپىلى ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنەتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى بىلەن قەۋمى ئۇنىڭ ﴿سىلەر نېمىگە چوقۇنۇۋاتىسىلەر؟﴾ دېگەن سوئالىغا جاۋاب بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇۋاتقانلىقىنى ۋە بۇ چوقۇنۇشنى شۇنداق داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قەۋمى بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە باشلايدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇ بۇتلىرىڭلار سىلەرنىڭ چاقىرغىنىڭلارنى ئاڭلامدۇ؟ دۇئالىرىڭلارنى ئىجابەت قىلامدۇ؟ ياكى سىلەرگە بىرەر ئىشتا پايدا يەتكۈزەلەمدۇ؟ ياكى چوقۇنمىغان كۈنلىرىڭلاردا سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلەمدۇ؟

ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ كەسكىن سوئاللىرىغا: ﴿ياق (ئۇنداق قىلالمايدۇ)، لېكىن بىز ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدۇق﴾ يەنى ئاتا-بوۋىلىرىمىز بۇتلارغا چوقۇنۇپ ئۆتكەن ئىكەن، بىزمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ شۇنداق قىلىۋاتىمىز، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ بىر قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىش بولۇپ، ئۇلار ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ قىلغانلىرىنىڭ توغرا-خاتالىقى بىلەن ھېسابلاشمايلا، ئۇلارغا مۇتەئەسسىپلىك قىلاتتى ۋە ئۇلار چوقۇنغان بۇتلارغا چوقۇناتتى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا دەيدۇكى، سىلەر ۋە ئاتا-بوۋىلىرىڭلار چوقۇنۇۋاتقان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ سىلەر زادى

نېمىگە چوقۇنۇۋاتقانلىقىڭلارنى ئازراق بولسىمۇ ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟ سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇ بۇتلارنىڭ چوقۇنۇشقا لايىق ياكى ئەمەسلىكى ھەققىدە بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟ ئەقلىڭلارنى ئىشلىتىپ باقتىڭلارمۇ؟

شەكسىزكى، سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇ ساختا ئىلاھلار مېنىڭ دۈشمىنىمدۇر. سىلەر ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھ تائالانى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلىرىڭلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ دۈشمەنلىرىمدۇر. بىرلا ئاللاھ تائالا بۇنداق ئەمەس، ئۇ مېنىڭ رەببىم ۋە ئىگەمدۇر. شۇڭا مەن بارچە ئىخلاسىمنى ۋە چىن مۇھەببىتىمنى ئاللاھ تائالاغا بېغىشلايمەن. چۈنكى، ئاللاھ تائالا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مېنىڭ ئىگەمدۇر. مېنى ئىككى دۇنيالىق ياخشىلىق يوللىرىغا ھىدايەت قىلغان، ماڭا يېمەك-ئىچمەك بېرىپ رىزىقلاندۇرۇۋاتقان، ئاغرىپ قالسام شىپالىق ئاتا قىلىدىغان زات مېنىڭ رەببىم بولغان ئاشۇ ئاللاھ تائالادۇر.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدىكى ئەدەپكە قاراڭكى، ئۇ كېسەللىنى ئۆزىگە، شىپالىقنى ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلغان. ئەمەلىيەتتە، كېسەللىنى بەرگەنمۇ، شىپالىقنى بەرگۈچىمۇ ئاللاھ تائالادۇر. ئەمما ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئەدەپ يۈزىسىدىن شۇنداق دېگەن.

ھەرقانداق بىر كېسەلنىڭ شىپاسى ئاللاھ تائالادىن ئىكەنلىكى ھەقتۇر. شۇنداقتىمۇ ئىنسان سەۋەب قىلىشقا بۇيرۇلغان. شۇڭا ئالدى بىلەن قولدىن كەلگەن سەۋەبلەرنى قىلىپ بولۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇش كېرەك.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ دەيدۇكى، مېنىڭ ئەجىلىم توشقاندا مېنى ۋاپات قىلدۇرىدىغان، ئاندىن قىيامەت قايىم بولغاندا ھېساب ئېلىش ئۈچۈن مېنى تىرىلدۈرىدىغان زاتمۇ ئاشۇ ئاللاھ تائالادۇر.

رەببىمنىڭ قىيامەت كۈنىدە مېنىڭ خاتالىقلىرىمنى ئەپۇ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەمدى بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلىدۇ: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ خاتالىقى بارمىدى؟ ياق. چۈنكى، پەيغەمبەر دېگەن بارچە گۇناھ ۋە خاتالىقلاردىن پاكتۇر. ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاللاھ تائالاغا بولغان كەمتەرلىكى دەپ چۈشىنىش ئەۋزەل.

﴿ئۇ مېنى ياراتقان، ماڭا توغرا يولنى كۆرسىتىدىغان زاتتۇر﴾ دېگەن

ئايەتتىن ﴿مەن قىيامەت كۈنى خاتالىقلىرىمنى مەغپىرەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغان زاتمۇ شۇدۇر﴾ دېگەن ئايەتكىچە بولغانلىرى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغ ماقامىغا، يۈكسەك مەرتىۋىسىگە لايىق كېلىدىغان شەكىلدىكى ماختاش بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالاغا مەدھىيە ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ ھاجەتلىرىنى تىلىگەن. بۇ دۇئانىڭ ئەدەپلىرىدۇر. شۇڭا دۇئادا ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتماي تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھاجەتلىرىنى تىلەش دۇئانىڭ ئەدەپلىرىگە رىئايە قىلمىغانلىق سانىلىدۇ.

﴿ئى رەببىم! ماڭا ئىلىم-ھېكمەت ئاتا قىلغىن، مېنى ياخشىلارنىڭ قاتارىغا قوشقىن﴾ پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆزى ياخشىلارنىڭ ئۇلگىسى ۋە نەمۇنىسى تۇرۇقلۇق، ئاللاھ تائالادىن ئۆزىنى ياخشىلارنىڭ قاتارىغا قوشۇشىنى تىلىگەن يەردە، بىز بۇنداق دۇئالارنى كۆپ قىلىشقا ئىنتايىن موھتاجمىز.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يەنە ئۆزىنىڭ كېيىنكىلەرگە ياخشى نامى قېلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغان. ئۇنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولغانلىقىنىڭ ئالا-مەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ساماۋى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۈممەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئۇلۇغلايدۇ، ھەتتا ئازغۇنلۇقتا قالغان مۇشرىكلارمۇ ئۆزلىرىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا مەنسۇپ قىلاتتى.

﴿وَٱجۡعَلۡنِي مِن وَرَثَةِ جَنَّةِ ٱلنَّعِيمِ﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە ئەللامە مۇھەممەد مۇتەۋەللىي شەئراۋىي مۇنداق دېگەن: «مىراس دېگەن بىرى ئۆلگەندىن كېيىن ئېلىنىدىغان نەرسە. ئۇنداقتا جەننەت قانداق مىراس بولىدۇ؟ ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: ‹ئاللاھ تائالا جەننەتنى ئۇنىڭغا كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ سانىغا ئاساسەن ياراتمىغان، دوزاخنىمۇ شۇنداق. چۈنكى، ئاللاھ تائالا جەننەتنى بارلىق ئىنسانلارنىڭ سانىغا ئاساسەن، يەنى ئەگەر ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتسا ھەممىسى سىغىدىغان قىلىپ ياراتقان. دوزاخنىمۇ ئەگەر ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى كاپىر بولسا ھەممىسى سىغىدىغان قىلىپ ياراتقان. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئىختىيار ئىگىسى قىلىپ ياراتقان بولۇپ، خالىغان كىشى ئىمان ئېيتىدۇ، خالىغان كىشى كاپىر بولىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، جەننەتنى مىراس ئېلىش

دېگەنلىك مۇئمىنلەرنىڭ كاپىرلارنىڭ جەننەتتىكى ئورۇنلىرىغا ئىگە بولۇشى دېگەنلىكتۇر.

مىراس ئالغۇچى ئۇنى ھەدىيە ئالغاندەك بەدەلسىز ئالىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، مۇئمىنلەر جەننەتنى ئۆز ئەمەللىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنئامى بىلەن مىراس ئالىدۇ. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى تەستىقلايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: «ھېچكىم ئۆز ئەمەلى بىلەن جەننەتكە كىرەلمەيدۇ» دېگەندە، ساھابىلەر: «يارەسۇلۇللاھ! ئۆزلىرىمۇ شۇنداقمۇ؟» دەپ سورىشقان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «مەنمۇ شۇنداق، پەقەت مېنى ئاللاھ ئۆز رەھمىتى بىلەن قورشىغاندىلا ئاندىن كىرەلەيمەن» دېگەن›.

بەزى ئۆلىمالار يەنە مۇنداق دەيدۇ: ‹جەننەت مىراستۇر. چۈنكى، سىز ئەسلىدە قىلغان ياخشى ئەمەلىڭىز ئۈچۈن ئاخىرەتتە مۇكاپات ئېلىشقا تېگىشلىك ئەمەس، چۈنكى، سىزنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەلىڭىز ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان دىنىي مەجبۇرىيەت بولۇپ، ئۇنىڭ پايدىسى مۇشۇ دۇنيادا ئۆزىڭىزگە قايتىدۇ. سىز شۇ ياخشى ئەمەلىڭىز بىلەن ھاياتىڭىزنى توغرا بىر يۆنىلىش ئۈستىگە قۇرغان بولىسىز ۋە ئۆزىڭىز بەختلىك ھەم ھۇزۇرلۇق بىر ھاياتتا ياشايسىز. سىز ئورۇندىغان دىنىي مەجبۇرىيەتلەر سىزنىڭ مەنپەئەتىڭىز ئۈچۈن بولغان تۇرسا، سىز قانداقمۇ ئۇنىڭغا ئەجىر تەلەپ قىلىسىز؟ بىر ئاتا بالىسىنى ياخشى ئوقۇشقا ۋە دەرسلىرىنى ئوبدان مۇزاكىرە قىلىشقا ئۈندىگەن بولسا، بۇنىڭ پايدىسى ئاتىغا قايتامدۇ ياكى بالىغىمۇ؟ ئەلۋەتتە بالىغا قايتىدۇ. گويا ئاللاھ تائالا سىزگە دەيدۇكى، ئى بەندەم! سەن مەن بۇيرۇغان دىنىي مەجبۇرىيەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىپ، ماڭا ئىتائەت قىلىپ، ئۆز مەنپەئەتىڭ ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ئىكەنسەن، ئەلۋەتتە مەن ساڭا جەننەتنى ئاتا قىلىمەن›»[1].

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئاتىسى ئازەر توغرۇلۇق قىلغان ﴿وَٱغۡفِرۡ لِأَبِيٓ إِنَّهُۥ كَانَ مِنَ ٱلضَّآلِّينَ﴾ دېگەن دۇئاسى ئۇنىڭ ئازەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى بىلىشتىن ئىلگىرىكى دۇئا ئىدى. ﴿وَمَا كَانَ ٱسۡتِغۡفَارُ إِبۡرَٰهِيمَ لِأَبِيهِ إِلَّا عَن مَّوۡعِدَةٖ وَعَدَهَآ إِيَّاهُ فَلَمَّا تَبَيَّنَ لَهُۥٓ أَنَّهُۥ عَدُوّٞ لِّلَّهِ تَبَرَّأَ مِنۡهُۚ﴾ يەنى ﴿ئىبراھىمنىڭ ئۆزىنىڭ ئاتىسىغا مەغپىرەت تىلىشى پەقەت ئۇنىڭغا ئىلگىرى قىلغان ۋەدىسىنى ئورۇنلاش يۈزىسىدىن

[1] «تفسير الشعراوي» 19ـ توم.

ئىدى. ئۇنىڭغا ئۆز ئاتىسىنىڭ ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئاتىسىدىن ئادا-جۇدا بولدى﴾ [1].

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ﴿(ئىنسانلار) تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈندە مېنى رەسۋا قىلمىغىن. ئۇ كۈندە مال-دۇنيامۇ، بالىچاقىلارمۇ پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ پەقەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ساغلام قەلب بىلەن كەلگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾ يەنى ئى رەببىم! خالايىقلارنىڭ ھەممىسى تىرىلگەن، مال-دۇنيامۇ، بالىچاقىلارمۇ ئەسقاتمايدىغان قىيامەت كۈندە مېنى رەسۋا قىلمىغىن. چۈنكى، سېنىڭ ئازابىڭدىن پۇل-مال بىلەن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. بىر ئادەمنىڭ دوزاختىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيانىڭ بايلىقلىرىنى پىدا قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ. بالىلارنىڭ كۆپلۈكىمۇ ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ. بىر ئادەمنىڭ دوزاختىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى پىدا قىلغان تەقدىردىمۇ ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كۈندە ئىنساننى ئىمان ۋە ئىخلاستىن باشقىسى ئازابتىن قۇتقۇزالمايدۇ.

يۇقىرىقىلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى ۋە قەۋمى بىلەن ئېلىپ بارغان مۇنازىرىسى ۋە ئاللاھ تائالاغا قىلغان مۇناجاتى بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش-ئىزلىرى پۈتۈن ئەھلى ئىمان ئۈچۈن ئۈلگىدۇر.

ئىنسانلار يا مۆئمىن ياكى كاپىر ئىككىلا پىرقىدىن ئىبارەت بولغانلىقتىن، «قۇرئان كەرىم» تۆۋەندە بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ئاخىرەتتىكى ئەھۋالىنى بايان قىلىدۇ:

﴿جەننەت تەقۋادارلارغا يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ﴾ يەنى جەننەتكە لايىق بولغان تەقۋادارلار جەننەتكە كىرىشتىن ئىلگىرى مەھشەردىن ئىبارەت ھېساب مەيدانىدا ھېساب بېرىش ئۈچۈن تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇش ۋە ئۇلارغا خۇش بېشارەت بېرىش ئۈچۈن جەننەت ئۇلارغا يېقىن قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ، ئۇلار جەننەتنى كۆرۈپ خۇشال بولىدۇ. جەننەت خۇددى ئۆزىنىڭ ھۆسن - جامالى ۋە بارچە تەييارلىقى بىلەن يىگىتنى كۈتۈۋالغان قىزغا ئوخشاش جەننەت ئەھلىنى ناھايىتى ئىللىق ھالدا كۈتۈۋالىدۇ. ئۇ چاغدا جەننەت ئەھلىنىڭ دىلى خۇشاللىقتىن يايراپ كېتىدۇ.

[1] تەۋبە سۈرىسى: 114-ئايەت.

﴿دوزاخ ئازغۇنلارغا ئوچۇق كۆرسىتىلىدۇ﴾ بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قەلبى ھەسرەت-نادامەتكە تولىدۇ، دۇنيادىكى قىلمىشلىرىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ، كاشكى بىزمۇ جەننەت ئەھلىدىن بولساقچۇ، دەپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇلار بۇ ۋاقىتتىكى پۇشايماننىڭ ئۆزلىرىگە قىلچە پايدىسى بولمايدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ. ئۇلارغا ئازاب پەرىشتىلىرى ئارقىلىق: ﴿سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسەڭلار قېنى؟ ئۇلار سىلەرگە ياردەم بېرەلەمدۇ؟ يا ئۆزلىرى ياردەمگە ئېرىشەلەمدۇ؟﴾ يەنى سىلەرنىڭ دۇنيادا چوقۇنغان ساختا ئىلاھلىرىڭلار بۇ يەردە يوقمۇ؟ ئەگەر قولىدىن كەلسە سىلەرنى بۇ دوزاخ ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ قالسۇنچۇ؟ دېيىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇ ئازغۇنلار، شۇنداقلا ئىبلىسنىڭ ئىنسان ۋە جىندىن بولغان قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسى دوزاخقا ئۈستى-ئۈستىلەپ تاشلىنىدۇ.

ئۇلار دوزاخقا تاشلىنىپ بولغاندىن كېيىن، دوزاختا ئۆزئارا جېدەللىشىپ مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا ئۆتكەن ئىكەنمىز. چۈنكى، بىز تاشلاردىن، ياغاچلاردىن ۋە لايدىن ئۆزىمىز ياسىۋالغان بۇتلارنى، بەزى تەبىئەت كۈچلىرىنى ۋە ئىنسانلاردىن بەزىسىنى ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھ تائالاغا تەڭلەشتۇرگەن ۋە ئۇلارغا چوقۇنغان ئىكەنمىز. بىز ئۆزىمىزنى ياراتقان ۋە رىزقىمىزنى بېرىپ تۇرغان ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشنى قويۇپ مەزكۇر ساختا ئىلاھلارغا ئىتائەت قىلىپتۇق ئەمەسمۇ؟ راستىنى ئېيتساق بىزنى ئاشۇ گۇناھكارلار ئازدۇردى. مانا ئەمدى بىزنىڭ ھېچقانداق شاپائەتچىمىز، ھېچقانداق مەدەتكار دوستىمىز يوقتۇر. ﴿إِنَّ ذَٰلِكَ لَحَقٌّ تَخَاصُمُ أَهْلِ ٱلنَّارِ﴾ يەنى ﴿دوزاخ ئەھلىنىڭ ئۆزئارا مۇشۇنداق خۇسۇمەتلىشىشى مۇقەررەر-دۇر﴾[1].

دوزاخ ئەھلى بىر-بىرى بىلەن جېدەللىشىش ۋە ئۆز گۇناھلىرىنى بىر-بىرىگە ئارتىشتىنمۇ ھېچقانداق پايدا تاپالمىغاندىن كېيىن، ئاخىرقى چارە سۈپىتىدە، دۇنيا ھاياتىغا قايتىشنى ۋە دۇنيادا ئىمان ئېيتىپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق جەننەتكە لايىق بولۇپ كېلىشكە پۇرسەت بېرىلىشىنى تىلەپ ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تەلىپى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ﴿وَلَوْ رَحِمْنَٰهُمْ وَكَشَفْنَا مَا بِهِم مِّن ضُرٍّ لَّلَجُّواْ فِي طُغْيَٰنِهِمْ يَعْمَهُونَ﴾ يەنى ﴿ئەگەر ئۇلارغا رەھىم قىلساق، بېشىغا كەلگەن

[1] ساد سۈرىسى: 64-ئايەت.

كۆلپەتنى كۆتۈرۈۋەتسەكمۇ، ئۇلار ئەلۋەتتە يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇقىدا داۋاملىق تېڭىرقاپ يۈرۈشەتتى﴾ [1].

دېمەك، ئىبراھىم ئەلەيهىسسالام جاھالەت ۋە ئازغۇنلۇققا پاتقان ئاتىسى باشچىلىقىدىكى ئازغۇن قەۋمى بىلەن ئېلىپ بارغان مۇنا- زىرىلىرىدە، ئۇلارنى ئەقلىي دەلىللەر بىلەن يېڭىپ چىققان ۋە تەۋھىد ئەقىدىسىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ قىسسىدە ئەقلىنى ئىشلىتىشنى بىلگەنلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە چوڭ ئىبرەت بار.

ئىبراھىم ئەلەيهىسسالامنىڭ دەۋەت يولىدا بېشىغا كەلگەن خاپىلىقلار، ئەزىيەتلەر، زىيانكەشلىكلەر ۋە جاپا-مۇشەققەتلەر پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۈچۈن تەسەللىي بولغىنىدەك، تا قىيامەتكىچە ھەقىقەت يولىدا يۈرۈپ، ئازغۇنلارغا قارشى كۈرەش قىلىدىغان مۆئمىنلەر ئۈچۈنمۇ چوڭ تەسەللىدۇر.

ئىبراھىم ئەلەيهىسسالامنىڭ بۇ قىسسىسىدە كېيىنكى ئۈممەتلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار ئىدى. لېكىن ئۇلار بۇ قىسسىدىن ھېچ ئىبرەت ئالمىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمىدى. ئاللاھ تائالا كۇفرىدا چىڭ تۇرغۇچىلارنى ۋە ئۆزىنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى جازالاشتا قەھرلىك ۋە كەسكىن بولغىنىدەك، ئىتائەتمەن مۆئمىنلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر، تولىمۇ كۆيۈمچاندۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەقىقەتنى ئىسپاتلاش يولىدا ئەقلىي ۋە نەقلىي دەلىللەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنازىرىلىشىش جىھادنىڭ بىر تۈرىدۇر. چۈنكى، ﴿وَجَٰهِدۡهُم بِهِۦ جِهَادٗا كَبِيرٗا﴾ يەنى ﴿قۇرئان ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى چوڭ جىهاد ئېلىپ بارغىن﴾[2] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

2. بۇ دۇنيادا كاپىرلار تەرىپىدىن چوقۇنۇلغان ساختا مەبۇدلار ئاخىرقى ھېساباتا چوقۇنغۇچىلىرىنىڭ دۈشمەنلىرىگە ئايلىنىدۇ.

3. ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغاندا، ئاۋۋال ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئېيتىش، ئاندىن ھاجەتلەرنى تىلەش دۇئانىڭ ئەدەپلىرىدىن سانىلىدۇ.

4. جەننەت تەقۋادارلارنىڭ مەڭگۈلۈك قارارگاھىدۇر.

---

[1] مۆئمىنۇن سۈرىسى: 75-ئايەت.
[2] فۇرقان سۈرىسى: 52-ئايەت.

5. مۇسۇلمان هالىتىدە ئۆلگەنلەرگە ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەشكە بولىدۇ.

6. قىيامەت كۈنىدە ئەسقاتىدىغان نەرسە ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەلدۇر.

7. ئىبلىسنىڭ ئىنسان ۋە جىنلاردىن بولغان قوشۇنلىرى بار. ئۇنىڭ ئىنسانلاردىن بولغان قوشۇنلىرى ھەر خىل يوللار بىلەن كىشىلەرنى ھەق يولدىن ئازدۇرىدىغان، ئۇلارنى يامانلىقلارغا كۈشكۈرتىدىغان ئادىمىي شەيتانلاردۇر.

8. ئازغۇنلار ھەم ئۆزلىرىنى ھەم باشقىلارنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.

9. ھەقىقەتنى ئىزدەشنى خالىمىغانلارغا ۋەز-نەسىھەتنىڭ پايدىسى بولمايدۇ.

### ◄ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

﴿كَذَّبَتۡ قَوۡمُ نُوحٍ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ١٠٥ إِذۡ قَالَ لَهُمۡ أَخُوهُمۡ نُوحٌ أَلَا
تَتَّقُونَ ١٠٦ إِنِّي لَكُمۡ رَسُولٌ أَمِينٞ ١٠٧ فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُونِ ١٠٨ وَمَآ
أَسۡـَٔلُكُمۡ عَلَيۡهِ مِنۡ أَجۡرٍۖ إِنۡ أَجۡرِيَ إِلَّا عَلَىٰ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ١٠٩
فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُونِ ١١٠ ۞ قَالُوٓاْ أَنُؤۡمِنُ لَكَ وَٱتَّبَعَكَ ٱلۡأَرۡذَلُونَ
١١١ قَالَ وَمَا عِلۡمِي بِمَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ١١٢ إِنۡ حِسَابُهُمۡ إِلَّا عَلَىٰ رَبِّيۖ
لَوۡ تَشۡعُرُونَ ١١٣ وَمَآ أَنَا۠ بِطَارِدِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ١١٤ إِنۡ أَنَا۠ إِلَّا نَذِيرٞ مُّبِينٞ
١١٥ قَالُواْ لَئِن لَّمۡ تَنتَهِ يَٰنُوحُ لَتَكُونَنَّ مِنَ ٱلۡمَرۡجُومِينَ ١١٦ قَالَ رَبِّ
إِنَّ قَوۡمِي كَذَّبُونِ ١١٧ فَٱفۡتَحۡ بَيۡنِي وَبَيۡنَهُمۡ فَتۡحٗا وَنَجِّنِي وَمَن مَّعِيَ
مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ١١٨ فَأَنجَيۡنَٰهُ وَمَن مَّعَهُۥ فِي ٱلۡفُلۡكِ ٱلۡمَشۡحُونِ ١١٩
ثُمَّ أَغۡرَقۡنَا بَعۡدُ ٱلۡبَاقِينَ ١٢٠ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗۖ وَمَا كَانَ أَكۡثَرُهُم
مُّؤۡمِنِينَ ١٢١ وَإِنَّ رَبَّكَ لَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ١٢٢﴾

## تەرجىمىسى

105ـ نۇھنىڭ قەۋمى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى.

106ـ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا قېرىندىشى نۇھ: «سىلەر (ئاللاھنىڭ جازاسىدىن) قورقمامسىلەر؟

107ـ مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئىشەنچلىك پەيغەمبەرمەن.

108ـ سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار.

109ـ مەن بۇنىڭغا (يەنى دىننى يەتكۈزگەنلىكىمگە) سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، مېنىڭ ئەجرىمنى بېرىدىغان زات پەقەت ئالەملەرنىڭ رەببىدۇر.

110ـ شۇڭا سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار» دېگەن ئىدى.

111ـ ئۇلار: «(ئى نۇھ!) ساڭا ئەڭ تۆۋەن تەبىقىدىكى ئادەملەر ئەگەشكەن تۇرسا، بىز ساڭا ئىمان ئېيتامدۇق؟» دېدى.

112ـ نۇھ ئېيتتى: «مەن ئۇلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇقمايمەن.

113ـ ئەگەر بىلسەڭلار، ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشنى پەقەت رەببىم ئۈستىگە ئالغان.

114ـ مەن مۇئمىنلەرنى (يېنىمدىن) قوغلىۋەتمەيمەن.

115ـ مەن پەقەت ئوچۇق ـ ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن».

116ـ ئۇلار ئېيتتى: «ئى نۇھ! ئەگەر سەن (بۇ دەۋىتىڭدىن) ۋاز كەچمىسەڭ، سەن چوقۇم چالما ـ كېسەك قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلىسەن».

117ـ نۇھ ئېيتتى: «ئى رەببىم! قەۋمىم مېنى ھەقىقەتەن ئىنكار قىلدى.

118ـ سەن ئۇلار بىلەن مېنىڭ ئارامدا ھۆكۈم چىقارغىن، مېنى ۋە مەن بىلەن بىللە بولغان مۇئمىنلەرنى قۇتقۇزغىن».

119ـ بىز (ئادەملەر، ھايۋانلار بىلەن) لىق تولغان كېمىدە ئۇنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلارنى قۇتقۇزدۇق.

120ـ (ئۇلارنى قۇتقۇزغاندىن) كېيىن، ئاندىن قالغانلارنى سۇدا غەرق قىلدۇق.

121ـ شەكسىزكى، بۇنىڭدا (كېيىنكىلەر ئۈچۈن) ئەلۋەتتە ئىبرەت بار ئىدى، (شۇنداق تۇرۇقلۇق) ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى ئىمان ئېيتمىدى.

122-ھەقىقەتەن سېنىڭ رەببىڭ مۇتلەق غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

### ◄ تەپسىرى

بۇ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى بولۇپ، نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى 950 يىل دىنغا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قەۋمىدىن ئىنتايىن ئازلا ئادەم ئىمان ئېيتقان، كۆپلىرى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلغان.

ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ھەققىدە: ﴿نۇھنىڭ قەۋمى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى﴾ دېگەن. چۈنكى، بارلىق پەيغەمبەرلەر ئەقىدە، ئەخلاق قاتارلىق ئاساسلىق مەسىلىلەردە ئورتاقلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ شەرىئەتلىرى ھەر خىل بولسىمۇ، ئەقىدىسى بىر خىلدۇر. شۇڭا ئۇلاردىن بىرەرسىنى ئىنكار قىلغانلىق جىمى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ھەربىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىنى جىمى پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشكە چاقىرغان. ﴿كُلٌّ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَمَلَٰٓئِكَتِهِۦ وَكُتُبِهِۦ وَرُسُلِهِۦ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى﴾[1].

ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دەۋىتى ئىبادەتنى ئاللاھ تائالاغىلا قىلىڭلار، بۇتلارغا چوقۇنماڭلار دېيىشتىن ئىبارەت بىر خىل دەۋەت ئىدى.

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنى ۋە ئۇنىڭ دىنىنى ئىنكار قىلىپ، بارچە كۈچى بىلەن ئۇنىڭ دەۋىتىگە قارشى چىققاندا، ئۇ قەۋمىگە ۋەز-نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلىپ، ئەي قەۋمىم! سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە دىنىنى ئىنكار قىلىشىڭنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقمامسىلەر؟ ئاللاھ تائالانىڭ جازالىشىدىن قورقمامسىلەر؟ سىلەرنى يوقتىن يارىتىپ، تۈرلۈك رىزىقلارنى بېرىپ تۇرۇۋاتقان رەببىڭلار ئاللاھ تائالانى قويۇپ قولىدىن ھېچقانداق ئىش كەلمەيدىغان بۇتلارغا چوقۇنامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭمۇ، ئەجدادلىرىڭلارنىڭمۇ رەببى تۇرسا، ئۇنى قويۇپ قانداقلارچە بۇ ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنىسىلەر؟ ئەي قەۋمىم! مەن سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن راستچىل،

---

[1] بەقەرە سۈرىسى: 285-ئايەت.

ئىشەنچلىك ئەلچىمەن. مەن سىلەرگە يالغان ئېيتقىنىم يوق، مەن پەقەت رەببىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزگەن بىر پەيغەمبەرمەن. شۇڭا سىلەر ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشتىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار.

سىلەرنىڭ مېنى ئىنكار قىلىشىڭلارغا ھېچقانداق سەۋەب يوق. چۈنكى، مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئۆسۈپ يېتىلگەن، ھەممىڭلارغا تونۇشلۇق بىر ئادەممەن. سىلەر مېنىڭ راستچىللىقىمنى، ئەخلاقىمنى، كېلىپ چىقىشىمنى ۋە ھەممە تەرەپلىرىمنى ئوبدان بىلىسىلەر. مەن سىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا باشلىغانلىقىمنىڭ بەدىلىگە سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلغىنىم ياكى مەنسەپ ۋەياكى ئابرۇي تەمە قىلغىنىم يوق. چۈنكى، مېنىڭ ئەجرىمنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بېرىدۇ، ئۇ مېنى رازى قىلىشقا يېتەرلىكتۇر. ئەي قەۋمىم! سىلەر نېمە ئۈچۈن ماڭا ئىشەنمەيسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن مەن دەۋەت قىلغان دىننى ئىنكار قىلىسىلەر؟ ئەي قەۋمىم! ئۇنداق قىلماڭلار، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشتىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار.

شۇنچىلىك چىرايلىق ۋە ئورۇنلۇق ۋەز-نەسىھەتلەردىن كېيىن، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ جاۋابى: ﴿(ئى نۇھ!) ساڭا ئەڭ تۆۋەن تەبىقىدىكى ئادەملەر ئەگەشكەن تۇرسا، بىز ساڭا ئىمان ئېيتامدۇق؟﴾ دېيىشتىن ئىبارەت بولدى. چۈنكى، ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورۇنلۇق سۆزلىرى، قايىل قىلارلىق نەسىھەتلىرى ۋە ھەققانىي دەۋىتى ئالدىدا، ئۇنىڭغا قارشى چىقىش ئۈچۈن باشقا ھېچقانداق سەۋەب تاپالمىغان، پەقەت ئۇنىڭغا جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن تەبىقىلىرىدىن بولغان پېقىرلارنىڭ ۋە ئاجىزلارنىڭلا ئەگىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى باھانە قىلىپ كۆرسەتكەن.

ئۆزىنى قالتىس چاغلاش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە تەكەببۇرلۇق قىلىش ئىنساننى ئازغۇنلۇق پاتقاقلىرىغا ئىتتىرىدۇ، ئۇنى نۇرغۇنلىغان ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قىلىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەرنى ھىدايەتتىن مەھرۇم قىلغان نەرسە تەكەببۇرلۇقتۇر.

تەكەببۇرلۇقتىن ئىبارەت بۇ ئىللەت قەدىمدە ئىبلىسنى ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشقا ئېلىپ بارغان بولسا، تارىختىن بېرى تا ھازىرغىچە نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى توغرا يولدىن ئاداشتۇرۇپ كەلمەكتە. ئىبلىس ئۆزىنىڭ ئوتتىن يارىتىلغانلىقىدىن مەغرۇرلىنىپ تۇپراقتىن يارىتىلغان ئادەمگە ھۆرمەت سەجدىسى قىلىشتىن باش تارتقان بولسا، ئەينى ۋاقىتتىكى قۇرەيش ئەرەبلىرى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالامغا سۆھبەت، بىلال قاتارلىق تۆۋەن تەبىقىدىكى پېقىر كىشىلەرنىڭ ئەگەشكەنلىكىنى باھانە قىلىپ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتقان.

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۆزلىرىنىڭ ئىمان ئېيتماسلىقىغا ئەنە شۇنداق ئەرزىمەس باھانىلەرنى كۆرسەتتى. ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامغا باھانە كۆرسىتىپ دېدىكى، ئەي نۇھ! ساڭا يا بايلىقتا ياكى ئابرۇي-شۆھرەتتە ۋەياكى مەنسەپتە ئورنى يوق پېقىر ۋە ئاجىز ئادەملەر ئىمان ئېيتىپ ئەگەشكەن تۇرسا، بىزمۇ ساڭا ئىمان ئېيتىپ ئاشۇلار بىلەن بىر سەپتە بولامدۇق؟ بىز ئۆزىمىزنى ئاشۇلار بىلەن تەڭ قىلامدۇق؟ بىز يۇقىرى تەبىقىدىكى ئادەملەر تۇرساق، قانداقمۇ ئۆزىمىزنى ئۇلار بىلەن تەڭ قىلىمىز؟

نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ دېدىكى: مەن ئۇلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيمەن. مەن ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنى، نەسەبلىرىنى ۋە مەرتىۋىلىرىنى سۈرۈشتۈرۈشكە بۇيرۇلغان ئەمەس، پەقەت ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلىشقىلا بۇيرۇلغانمەن. مەن بۇ دىنغا ھەممىڭلارنى ئورتاق دەۋەت قىلدىم، ئۇلار بۇ دەۋەتنى قوبۇل قىلىپ ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتتى ۋە ماڭا ئەگەشتى. ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىدىن ھېساب ئېلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىشىدۇر. ئەگەر سىلەر بۇ ھەقىقەتنى بىلگەن بولساڭلار، ئۇلارنىڭ ماڭا ئەگەشكەنلىكى سەۋەبلىك ماڭا كايىمىغان بولاتتىڭلار ۋە سىلەرمۇ ماڭا ئەگەشكەن بولاتتىڭلار.

مەن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلىپ ئىمان ئېيتقان مۆئمىنلەرنى ھەرگىز يېنىمدىن قوغلىۋەتمەيمەن. مەيلى ئۇلار پېقىر بولسۇن، مەيلى ئاجىز قۇل بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ يېنىمدا ھۆرمەتلىكتۇر. باي بىلەن پېقىر، قۇل بىلەن خوجايىن، كۈچلۈك بىلەن ئاجىز مېنىڭ يېنىمدا باراۋەر. كىشىلەر پەقەت تەقۋالىقى ۋە ياخشى ئەمەللىرى بىلەنلا بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولالايدۇ. مېنىڭ ۋەزىپەم پەقەت دىننى چۈشىنىشلىك قىلىپ، ئوچۇق-ئاشكارا يەتكۈزۈشتۇر.

ئۇلارغا بۇ سۆزلەرنىڭ پايدىسى بولمىدى، ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامغا تەھدىت سېلىپ: ئەگەر سەن بۇ دەۋىتىڭدىن يانمىساڭ، بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىزنى ئەيىبلەشنى توختاتمىساڭ، بىز سېنى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمىز، دېدى. نۇھ ئەلەيھىسسالامغا قەۋمىنىڭ بۇ قىلمىشلىرى ھەقىقەتەن ئېغىر كەلدى، ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن

ئۈمىدى پۈتۈنلەي ئۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىپ: ﴿ئى رەببىم! قەۋمىم مېنى ھەقىقەتەن ئىنكار قىلدى. سەن ئۇلار بىلەن مېنىڭ ئارامدا ھۆكۈم چىقارغىن، مېنى ۋە مەن بىلەن بىللە بولغان مۆئمىنلەرنى قۇتقۇزغىن﴾ دەپ دۇئا قىلدى.

ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى. نەتىجىدە، نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۆئمىنلەر قۇتقۇزۇپ قېلىندى، قالغانلارنىڭ ھەممىسى توپان بالاسىدا غەرق بولۇپ تۈگەشتى. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ جازاسى ۋە ئادالەتلىك ھۆكمى ئىدى.

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ قىسسىسىدە كېيىن كېلىدىغان قەۋملەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە چوڭ ئىبرەت بار ئىدى، لېكىن ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، كېيىن كەلگەن قەۋملەر بۇ قىسسىدىن ئىبرەت ئالمىدى، ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى ئىمان ئېيتمىدى. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ تولىسى شۇنداق ئىبرەت ئالمايدۇ ۋە ئىمان ئېيتمايدۇ.

ئەي قۇرەيش كاپىرلىرى! بۇ قىسسىدىن ئىبرەت ئالامسىلەر! سىلەرنىڭ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىن نېمە پەرقىڭلار بار؟ سىلەر-گىمۇ شۇنداق ئازابنىڭ كېلىشىدىن قورقامسىلەر؟ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى: ﴿(ئى نۇھ!) ساڭا ئەڭ تۆۋەن تەبىقىدىكى ئادەملەر ئەگەشكەن تۇرسا، بىز ساڭا ئىمان ئېيتامدۇق؟﴾ دېگەن بولسا، سىلەرمۇ: ﴿أَهَـٰٓؤُلَآءِ مَنَّ ٱللَّهُ عَلَيۡهِم مِّنۢ بَيۡنِنَآۗ﴾ يەنى ﴿ئارىمىزدىن ئاللاھ ئىنئام قىلغان كىشىلەر مۇشۇلارمىكەن؟﴾[1] دېدىڭلار.

ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭنىڭ تەرسالىقىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتماسلىقىغا چىڭ تۇرۇۋېلىشىغا قايغۇرۇپ كەتمىگىن. رەببىڭ كاپىرلارنى جازالاشقا، مۆئمىنلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر. ھالاكەت كاپىرلارغا بولىدۇ، ئاخىرقى غەلىبە مۆئمىنلەرگە خاستۇر. چۈنكى، رەببىڭ كاپىرلارنى جازالاشتا قەھرلىكتۇر، مۆئمىنلەرگە تولىمۇ مېھرىباندۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن بىرەرسىنى ئىنكار قىلغانلىق ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

---

[1] ئەنئام سۈرىسى: 53-ئايەت.

2. دىنني قېرىنداشلىق نەسەبتىكى قېرىنداشلىقتىن كۈچلۈك بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئاخىرەتتىمۇ داۋاملىشىدىغان قېرىنداشلىق دىنىي قېرىنداشلىقتۇر.

3. كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلغان ئۇلۇغلىق زاتلار بۇ ئىشقا ئەزەلدىن ھەق تەلەپ قىلمىغان.

4. پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغانلىقتۇر.

5. ھەقىقىي مۇسۇلمانلار كىشىلەرگە باي-كەمبەغەل، مەنسەپدار-پۇقرا دەپ ئايرىماستىن باراۋەر مۇئامىلە قىلىدۇ.

6. زالىملار مۇنازىرىدە يېڭىلسە ياكى ھەقىقەت ئالدىدا تىلى تۇتۇلسا، تەھدىت سېلىشقا باشلايدۇ.

7. ئاللاھ تائالا زۇلۇمغا ئۇچرىغان بەندىسىنىڭ دۇئاسىنى ناھايىتى تېز ئىجابەت قىلىدۇ.

### ◄ ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

﴿كَذَّبَتْ عَادٌ ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿١٢٣﴾ إِذْ قَالَ لَهُمْ أَخُوهُمْ هُودٌ أَلَا تَتَّقُونَ
﴿١٢٤﴾ إِنِّى لَكُمْ رَسُولٌ أَمِينٌ ﴿١٢٥﴾ فَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَأَطِيعُونِ ﴿١٢٦﴾ وَمَآ
أَسْـَٔلُكُمْ عَلَيْهِ مِنْ أَجْرٍ ۖ إِنْ أَجْرِىَ إِلَّا عَلَىٰ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٢٧﴾
أَتَبْنُونَ بِكُلِّ رِيعٍ ءَايَةً تَعْبَثُونَ ﴿١٢٨﴾ وَتَتَّخِذُونَ مَصَانِعَ لَعَلَّكُمْ
تَخْلُدُونَ ﴿١٢٩﴾ وَإِذَا بَطَشْتُم بَطَشْتُمْ جَبَّارِينَ ﴿١٣٠﴾ فَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ
وَأَطِيعُونِ ﴿١٣١﴾ وَٱتَّقُوا۟ ٱلَّذِىٓ أَمَدَّكُم بِمَا تَعْلَمُونَ ﴿١٣٢﴾ أَمَدَّكُم
بِأَنْعَٰمٍ وَبَنِينَ ﴿١٣٣﴾ وَجَنَّٰتٍ وَعُيُونٍ ﴿١٣٤﴾ إِنِّىٓ أَخَافُ عَلَيْكُمْ عَذَابَ
يَوْمٍ عَظِيمٍ ﴿١٣٥﴾ قَالُوا۟ سَوَآءٌ عَلَيْنَآ أَوَعَظْتَ أَمْ لَمْ تَكُن مِّنَ
ٱلْوَٰعِظِينَ ﴿١٣٦﴾ إِنْ هَٰذَآ إِلَّا خُلُقُ ٱلْأَوَّلِينَ ﴿١٣٧﴾ وَمَا نَحْنُ بِمُعَذَّبِينَ ﴿١٣٨﴾
فَكَذَّبُوهُ فَأَهْلَكْنَٰهُمْ ۗ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَةً ۖ وَمَا كَانَ أَكْثَرُهُم مُّؤْمِنِينَ
﴿١٣٩﴾ وَإِنَّ رَبَّكَ لَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٤٠﴾﴾

### تەرجىمىسى

123ـ ئاد قەۋمىمۇ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى.

124ـ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا قېرىندىشى ھۇد مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىلەر (ئاللاھنىڭ جازاسىدىن) قورقمامسىلەر؟

125ـ مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئىشەنچلىك پەيغەمبەرمەن.

126ـ سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار.

127ـ مەن بۇنىڭغا (يەنى دىنىي يەتكۈزگەنلىكىمگە) سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، مېنىڭ ئەجرىمنى بېرىدىغان زات پەقەت ئالەملەرنىڭ رەببىدۇر.

128ـ سىلەر بىھۇدە ئىش قىلىپ، ھەربىر ئېگىز جايغا بىر قەسىر بىنا قىلامسىلەر؟

129ـ (دۇنيادا) مەڭگۈ قېلىشنى ئۈمىد قىلىپ پۇختا سارايلارنى سالامسىلەر؟

130ـ بىراۋنى جازالىساڭلار، زالىملارچە جازالايسىلەر.

131ـ سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار.

132ـ سىلەرگە سىلەر بىلىدىغان (تۈرلۈك) نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان ئاللاھتىن قورقۇڭلار.

133ـ 134ـ ئاللاھ سىلەرگە چارۋىلارنى، ئوغۇللارنى، باغلارنى ۋە بۇلاقلارنى ئاتا قىلدى.

135ـ مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن قورقىمەن».

136ـ ئۇلار ئېيتتى: «سەن نەسىھەت قىلامسەن ياكى قىلمامسەن، بىزگە بەربىر ئوخشاش.

137ـ بۇ (يەنى بۇتلارغا چوقۇنۇش) پەقەت بۇرۇنقىلاردىن قالغان ئادەت.

138ـ بىز ھەرگىز جازالانمايمىز».

139ـ ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلىشتى، بىز ئۇلارنى ھالاك قىلىۋەتتۇق. شەكسىز-كى، بۇنىڭدا (كېيىنكىلەر ئۈچۈن) ئەلۋەتتە ئىبرەت بار ئىدى، (شۇنداق تۇرۇقلۇق) ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى ئىمان ئېيتمىدى.

140ـ شەكسىزكى، رەببىڭ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ھۇد ئەلەيھىسسالامنى ئاد قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن. ئاد قەۋمى تەن قۇرۇلۇشى بەستلىك، ئۆزى كۈچلۈك ۋە باياشاتلىق تۇرمۇشتا ياشايدىغان بىر قەۋم ئىدى. ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلىپ تۆۋەندىكىدەك نەسىھەتلەرنى قىلغان ئىدى: ئەي قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، چۈنكى، سىلەرنىڭ ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھىڭلار يوقتۇر، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىشىڭلارنىڭ جازاسىدىن قورقمامسىلەر؟ مەن بولسام ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە ئەۋەتكەن ئىشەنچلىك، سادىق ۋە راستچىل ئەلچىسىمەن. شۇڭا مەن سىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ ھەق دىنىغا دەۋەت قىلىۋاتىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ماڭا ئەگىشىڭلار، سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار. ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، رەببىم ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى تۈزەيدۇ، باياشاتلىق تۇرمۇشۇڭلارنى قوغدايدۇ، ئاخىرەتتىمۇ سىلەرنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. مەن سىلەرگە رەببىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن كەلگەن پەيغەمبەر. مەن سىلەرگە دىننى يەتكۈزگەنلىكىمنىڭ بەدىلىگە سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، ئەگەر بىلسەڭلار، مەن بۇ يولدا نە مال-دۇنياغا ئىگە بولۇشنى، نە شۆھرەت قازىنىپ مەشھۇر بولۇشنى، نە مەنسەپنى خالىمايمەن. چۈنكى، مەن ئەجرىمنى پەقەت ئاللاھ تائالادىنلا كۈتىمەن. ئاللاھ تائالا مېنىڭ ئەجرىمنى بېرىشكە ئۆزى كۇپايىدۇر.

ئەمما ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنى ئەخمەقلىق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى، ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىدى، ئۇنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار: ﴿إِنَّا لَنَرَىٰكَ فِي سَفَاهَةٍ وَإِنَّا لَنَظُنُّكَ مِنَ ٱلْكَٰذِبِينَ﴾ يەنى ﴿بىز سېنى ھەقىقەتەن ئەخمەق ھېسابلايمىز، بىز سېنى ئەلۋەتتە يالغانچىلاردىن دەپ قارايمىز﴾ [1] دېدى.

ئەمما ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ ھاقارەتلىك سۆزىگە چىرايلىقچە جاۋاب بېرىپ: ﴿يَٰقَوْمِ لَيْسَ بِي سَفَاهَةٌ وَلَٰكِنِّي رَسُولٌ مِّن رَّبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ﴾ يەنى ﴿ئى قەۋمىم! مەن ئەخمەق ئەمەسمەن، لېكىن مەن ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن﴾[2] دېدى. يەنە ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ دېدىكى، ئى قەۋمىم! سىلەر دىن ۋە دۇنيالىقىڭلار ئۈچۈن قىلچىلىك پايدىسى يوق بىھۇدە ئىش قىلىپ، ھەربىر ئېگىز جايغا بىر

[1] ئەئراف سۈرىسى: 66-ئايەت.
[2] ئەئراف سۈرىسى: 67-ئايەت.

قەسىر بىنا قىلامسىلەر؟ ئاخىرەتنىڭ غېمىنى قىلمامسىلەر؟ سىلەر ئۆزۈڭلارنى مەڭگۈ ئۆلمەيمىز، دەپ ئويلامسىلەر؟ ئېنىقكى، سىلەر ئاخىرەت هاياتىغا ئىشەنمىگەنلىكىڭلار ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتىسىلەر. سىلەر باراۋەرنى جازالىماقچى بولساڭلار ئۇنى رەھىمسىزلەرچە، زالىملارچە جازالايسىلەر.

ئاد قەۋمى كۈچلۈك ۋە شەپقەتسىز قەۋم بولغانلىقتىن، باشقىلار بىلەن ئۇرۇش قىلغىنىدا قارشى تەرەپتىن ئېچىنىشلىق ئىنتىقام ئالاتتى. ئۇلار ھەيۋەتلىك قەسىرلەرنى سالغان ۋە پايانسىز چوڭ سۇ ئامبارلىرىنى ئىنشا قىلغان قەۋمدۇر.

ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئۈچ ئىشىنى بايان قىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ يەر يۈزىدە چوڭلۇق تالىشىدىغان، مۇتەكەببىر قەۋم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۈچ ئىش تۆۋەندىكىچە:

- ئۇلارنىڭ ئېگىز جايلارنىڭ ھەممىسىگە پەقەت ئويۇن-تاماشانى قىزىتىش ئۈچۈنلا كاتتا قەسىرلەرنى بىنا قىلغانلىقى.
- ئۇلارنىڭ ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكى ۋە ئۆزلىرىنى دۇنيادا مەڭگۈ قالىدىغاندەك ساناپ ھەددىدىن ئاشقانلىقى.
- ئۇلارنىڭ رەقىبلىرىنى رەھىمسىزلەرچە جازالىغانلىقى.

ئېگىز جايلارغا قەسىرلەرنى سېلىش، كاتتا سارايلارنى بىنا قىلىش ۋە سۇ ئامبارلىرىنى ئىنشا قىلىش ئەيىبلىنىدىغان ئىشلار ئەمەس. چۈنكى، بىزنىڭ دىنىمىز دۇنيالىق ئۈچۈن ئىشلەشكە تەشەببۇس قىلىدۇ، ھەتتا ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ھالال رىزىق ئۈچۈن ئىشلەشنى ئىبادەت قاتارىدىن سانايدۇ. ئايەتلەردە ئاد قەۋمىنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئەيىبلىنىشىدىكى سەۋەب: ئۇلارنىڭ كاتتا قەسىرلەرنى، ھەشەمەتلىك سارايلارنى ئويۇن-تاماشا ئۈچۈنلا سالغانلىقى ۋە ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ كېتىپ بۇ دۇنيالىق ئۈچۈنلا ئىشلىگەنلىكى ئىدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ھەم دۇنيالىق ھەم ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئىشلەشكە، ئاخىرەتنى ئەستىن چىقارماسلىققا ۋە كىشىلەرگە رەھىم-شەپقەتلىك بولۇشقا بۇيرۇيدۇ.

ئاد قەۋمى ھۇد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىش بىلەن توختاپ قالماي، ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىش دەرىجىسىگە يەتكەن ئىدى. ﴿قَالُواْ يَٰهُودُ مَا جِئۡتَنَا بِبَيِّنَةٖ وَمَا نَحۡنُ بِتَارِكِيٓ ءَالِهَتِنَا عَن قَوۡلِكَ وَمَا نَحۡنُ لَكَ

﴿بِمُؤْمِنِينَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار: «ئى ھۇد! سەن بىزگە ھېچقانداق روشەن دەلىل كەلتۈرمىدىڭ، بىز سېنىڭ سۆزۈڭگە كىرىپ ئىلاھلىرىمىزنى تاشلىغۇچى ئەمەسمىز، سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگىمۇ ئىشەنمەيمىز» دېدى﴾ [1].

شۇنداقتىمۇ ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى چىرايلىق ئۇسلۇب بىلەن دىنغا دەۋەت قىلىشنى ۋە ئۇلارغا ئاخىرەتتە مۇئمىنلەر ئۈچۈن تەييارلانغان ئېسىل مۇكاپاتلارنى بايان قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. چۈنكى، ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزمەيدۇ. ئۇلارغا دەيدۇكى، ئى قەۋمىم! سىلەرنى ياراتقان ۋە سىلەرگە سىلەر ئۈچۈن ھېچ مەخپىي قالمايدىغان شۇنچىلىك كۆپ ۋە تۈرلۈك نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان، سىلەرگە بوغۇزلاپ يېيىش، يۈك ئارتىش ۋە مىنىش ئۈچۈن ھايۋانلارنى يارىتىپ بەرگەن، بەستىلىك ۋە كۈچلۈك بالىلارنى، گۈزەل باغلار بىلەن سۈيى شېرىن بۇلاقلارنى ئاتا قىلغان رەببىڭلارغا ئاسىيلىق قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار، ئۇنىڭ جازاسىدىن قورقۇڭلار!

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتا-ئېھسان قىلغۇچىنى ئۇلۇغلاشقا، ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداشقا ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان نېمەتلەر ئىدى. شۇڭا ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ناشۈكۈرلۈكى سەۋەبلىك دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوڭ ئازابلارغا دۇچار بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئېيتقان. چۈنكى، نېمەتكە تۈزكورلۇق قىلغۇچىلار ئەلۋەتتە جازالانماي قالمايدۇ.

ئەمما ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى شۈكۈر قىلمىدى، نېمەت ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالانى تونۇمىدى، ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمىدى. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۈچ- قۇۋ-ۋىتىدىن، بايلىقىدىن ۋە باياشاتلىق تۇرمۇشىدىن مەغرۇرلىنىپ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان قەۋم ئىدى. ئۇلار بۇتلارغا چوقۇنۇشنى ئاتا-بوۋىلىرىدىن قالغان ئەنئەنە دەپ بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار بۇ ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇشتا كەسكىن ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار ھۇد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلاتتى ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمايتتى.

نەتىجىدە، ئۇلار قاتتىق بوران بىلەن پۈتۈنلەي ھالاك بولۇپ تۈگەشتى. يەتتە كېچە، سەككىز كۈندۈز توختىماي چىققان قاتتىق بوران بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ خۇددى خورمىنىڭ قۇرۇپ قالغان ياغاچلىرىغا

[1] ھۇد سۈرىسى: 53-ئايەت.

ئوخشاپ قالدى.

ئاد قەۋمىنىڭ ھالاك قىلىنىشىدا كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە چوڭ ئىبرەت بار ئىدى، ئەمما كېيىنكىلەرنىڭ نۇرغۇنى بۇ قىسسىدىن ئىبرەت ئالمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىمان ئېيتمىدى. يامان قىلمىشلىرى بىلەن ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار ئۆتمۈشتىنمۇ، ھازىردىنمۇ ئىبرەت ئالمايدۇ، ئۇلار ئۆلۈمىنىڭ تۇمشۇقىغا كەلگەن چاغدا ئىبرەت ئالىدۇ ۋە قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پۇشايمان قىلغانلىقىنىڭ نېمىگە پايدىسى بولسۇن؟ ئەگەر پايدىسى بولسا ئىدى، سۇدا غەرق بولۇپ ئۆلۈش ئالدىدا ئىمان ئېيتقان پىرئەۋنىڭ ئىمانى قوبۇل بولغان بولار ئىدى. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئىمانىنى قوبۇل قىلمىغان. شۇڭا پىرئەۋن ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالدىغانلار قاتارىدىن بولۇپ كەتكەن.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىدىغان ئادەم ھەر ۋاقىت سەۋرچان ۋە ئېغىر بېسىق بولۇشى كېرەك. ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنى ئەخمەق، ئەقىلسىز دەپ ھاقارەتلەپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇلارغا چىرايلىقچە: ﴿ئى قەۋمىم! مەن ئەخمەق ئەمەسمەن، لېكىن مەن ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن﴾ دېگەنلىكى دەۋەت يولىدىكى ئەڭ ئۈلگىلىك سۆزلەرنىڭ بىرىدۇر.
2. پەيغەمبەرلەر ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ راستچىل ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك كىشىلىرىدۇر.
3. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى يەتكۈزۈشنىڭ ئەجرى ئاللاھ تائالادىنلا كۈتۈلىدۇ.
4. ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىغانلار ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتنىڭ پايدىسى بولمايدۇ.
5. كىشىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ئەسلىتىش دەۋەتنىڭ بىر پارچىسىدۇر.

## ◄ سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

﴿كَذَّبَتۡ ثَمُودُ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ١٤١ إِذۡ قَالَ لَهُمۡ أَخُوهُمۡ صَٰلِحٌ أَلَا تَتَّقُونَ
١٤٢ إِنِّي لَكُمۡ رَسُولٌ أَمِينٞ ١٤٣ فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُونِ ١٤٤ وَمَآ

أَسْـَٔلُكُمْ عَلَيْهِ مِنْ أَجْرٍ إِنْ أَجْرِيَ إِلَّا عَلَىٰ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٤٥﴾
أَتُتْرَكُونَ فِي مَا هَٰهُنَآ ءَامِنِينَ ﴿١٤٦﴾ فِي جَنَّٰتٍ وَعُيُونٍ ﴿١٤٧﴾ وَزُرُوعٍ
وَنَخْلٍ طَلْعُهَا هَضِيمٌ ﴿١٤٨﴾ وَتَنْحِتُونَ مِنَ ٱلْجِبَالِ بُيُوتًا فَٰرِهِينَ ﴿١٤٩﴾
فَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَأَطِيعُونِ ﴿١٥٠﴾ وَلَا تُطِيعُوٓا۟ أَمْرَ ٱلْمُسْرِفِينَ ﴿١٥١﴾ ٱلَّذِينَ
يُفْسِدُونَ فِي ٱلْأَرْضِ وَلَا يُصْلِحُونَ ﴿١٥٢﴾ قَالُوٓا۟ إِنَّمَآ أَنتَ مِنَ
ٱلْمُسَحَّرِينَ ﴿١٥٣﴾ مَآ أَنتَ إِلَّا بَشَرٌ مِّثْلُنَا فَأْتِ بِـَٔايَةٍ إِن كُنتَ مِنَ
ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿١٥٤﴾ قَالَ هَٰذِهِۦ نَاقَةٌ لَّهَا شِرْبٌ وَلَكُمْ شِرْبُ يَوْمٍ مَّعْلُومٍ
﴿١٥٥﴾ وَلَا تَمَسُّوهَا بِسُوٓءٍ فَيَأْخُذَكُمْ عَذَابُ يَوْمٍ عَظِيمٍ ﴿١٥٦﴾ فَعَقَرُوهَا
فَأَصْبَحُوا۟ نَٰدِمِينَ ﴿١٥٧﴾ فَأَخَذَهُمُ ٱلْعَذَابُ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَءَايَةً وَمَا كَانَ
أَكْثَرُهُم مُّؤْمِنِينَ ﴿١٥٨﴾ وَإِنَّ رَبَّكَ لَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٥٩﴾

### تەرجىمىسى

**141**-سەمۇد قەۋمىمۇ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى.

**142**-ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا قېرىندىشى سالىھ مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىلەر (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورقمامسىلەر؟

**143**-مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە ئىشەنچلىك پەيغەمبەرمەن.

**144**-شۇڭا سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار.

**145**-مەن بۇنىڭغا (يەنى سىلەرگە دىننى يەتكۈزگەنلىكىمگە) سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، مېنىڭ ئەجرىمنى بېرىدىغان زات پەقەت ئالەملەرنىڭ رەببىدۇر.

**146-148**- سىلەر بۇ يەرلەردە، باغچىلاردىن، بۇلاقلاردىن، زىرائەتلەردىن ۋە يۇمشاق پىشقان خورمىلاردىن بەھرىمەن بولۇپ، خاتىرجەم ھالدا داۋاملىق قالدۇرۇلىمىز دەپ ئويلاپ قالدىڭلارمۇ؟

**149**-ئۇستىلىق بىلەن تاغلارنى تېشىپ ئۆيلەرنى ياسامسىلەر؟

**150**-سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار.

151ـ152ـ زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ئىسلاھ قىلمايدىغان ھەد-دىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلماڭلار».

153ـئۇلار ئېيتتى: «سەن راستتىنلا سېھىرلىنىپ قالغانلاردىن ئىكەنسەن.

154ـسەن پەقەت بىزگە ئوخشاش بىر ئىنسان، ئەگەر راستچىللاردىن بولساڭ، بىرەر مۆجىزە كەلتۈرۈپ باققىنە؟».

155ـسالىھ ئېيتتى: «بۇ چىشى تۆگە (قۇدۇق سۈيىدىن بىر كۈن) ئىچىدۇ، سىلەرمۇ مۇئەييەن بىر كۈن ئىچىسىلەر.

156ـئۇنىڭغا يامانلىق قىلماڭلار، بولمىسا سىلەر بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىغا قالىسىلەر».

157ـئۇلار چىشى تۆگىنى بوغۇزلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پۇشايماندا قالدى.

158ـ(ئاگاھلاندۇرۇلغان) ئازاب ئۇلارغا چۈشتى. شەكسىزكى، بۇنىڭدا (كېيىنكىلەر ئۈچۈن) ئەلۋەتتە ئىبرەت بار ئىدى، (شۇنداق تۇرۇقلۇق) ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى ئىمان ئېيتمىدى.

159ـھەقىقەتەن سېنىڭ رەببىڭ مۇتلەق غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا سالىھ ئەلەيھىسسالامنى سەمۇد قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇ قەۋمى ئىچىدە گۈزەل ئەخلاقى ۋە راستچىللىقى بىلەن تونۇلغان زات ئىدى.

سالىھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشقا، ئىبادەتلەرنى بۇتلارغا ئەمەس، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا قىلىشقا، بۇتلارغا چوقۇنۇشنى تاشلاشقا ۋە ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەشكە دەۋەت قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ھەق ۋە راستچىل پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى، دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىگە ئۇلاردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى، ئەجرىنى پەقەت ئاللاھ تائالادىنلا كۈتىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ.

سالىھ ئەلەيھىسسالاممۇ باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش مۆجىزە بىلەن كەلگەن پەيغەمبەر ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىشى ئۈچۈن، تاشنىڭ ئىچىدىن بىر

چىشى تۆگىنى مۆجىزە سۈپىتىدە چىقىرىپ بەرگەن. ﴿وَإِلَىٰ ثَمُودَ أَخَاهُمۡ صَٰلِحٗاۚ قَالَ يَٰقَوۡمِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ مَا لَكُم مِّنۡ إِلَٰهٍ غَيۡرُهُۥۖ قَدۡ جَآءَتۡكُم بَيِّنَةٞ مِّن رَّبِّكُمۡۖ هَٰذِهِۦ نَاقَةُ ٱللَّهِ لَكُمۡ ءَايَةٗۖ فَذَرُوهَا تَأۡكُلۡ فِيٓ أَرۡضِ ٱللَّهِۖ وَلَا تَمَسُّوهَا بِسُوٓءٖ فَيَأۡخُذَكُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ﴾ يەنى ﴿سەمۇد قەۋمىگە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھنى (پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق). ئۇ: «ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. سىلەرگە ھەقىقەتەن رەببىڭلار تەرىپىدىن (مېنىڭ پەيغەمبەر-لىكىمنى ئىسپاتلاپ) ئوپئوچۇق مۆجىزە كەلدى، مانا بۇ ئاللاھنىڭ (تاشتىن چىقارغان) چىشى تۆگىسىمۇ سىلەر ئۈچۈن بىر مۆجىزىدۇر، ئۇنى قويۇۋېتىڭلار، ئاللاھنىڭ زېمىنىدا (ئىختىيارى) ئوتلىسۇن، ئۇنىڭغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەڭلار، بولمىسا سىلەرنى قاتتىق ئازاب ھالاك قىلىدۇ﴾[1].

سالىھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى ئاخىرەتلىكنى ئۇنتۇپ كېتىپ، بۇ دۇنيالىققىلا بېرىلىپ كېتىشىنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ: ئەي قەۋمىم! سىلەر بۇ دۇنيادا چىرايلىق باغلاردىن، شىرىن بۇلاقلاردىن، ھەر تۈرلۈك زىرائەتلەردىن، مېۋىلەردىن، يۇمشاق پىشقان لەززەتلىك خورمىلاردىن بەھرىمەن بولۇپ خاتىرجەم ھالدا ھەمىشە شۇنداق داۋاملىق قېلىۋېرىمىز، بىزنىڭ ئەھۋالىمىز قەتئىي ئۆزگەرمەيدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىڭلارمۇ؟ ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئىش ھەرگىز سىلەر ئويلىغاندەك ئەمەس. بۇ نېمەتلەر ۋاقىتلىق بولۇپ، ئۇ مەڭگۈلۈك ئەمەس، سىلەرمۇ دۇنيادا مەڭگۈلۈك ئەمەس. سىلەر مۇشۇنداق باياشات تۇرمۇشتا كەڭتاشا نېمەتلىنىپ تۇرۇۋقلۇق، نېمەت بەرگۈچىنى ئۇنتۇپ بۇتلارغا چوقۇنامسىلەر؟ بىز بۇتلارغا چوقۇنۇش ۋە ئويۇن-تاماشا بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزۈشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىمىز، دەپ ئويلامسىلەر؟ شۇڭا سىلەر بارچە ماھارىتىڭلارنى قوللىنىپ، ئۇستىلىق بىلەن تاغلارنى تېشىپ ئۆي-ئىمارەتلەرنى ياسامسىلەر؟ يەنى سىلەر دۇنيادا مەڭگۇ قالىدىغاندەك، ئاخىرەتكە ھېچ بارمايدىغاندەك، ھېچ ئۆلمەيدىغاندەك ھېرىسمەنلىك بىلەن ئىش كۆرۈۋاتىسىلەر، ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن ئەمەل قىلمايسىلەر. بۇ قىلمىشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقمامسىلەر؟ سىلەرنى ياراتقان ئاللاھ تائالاغا ھېساب بېرىشتىن قورقمامسىلەر؟ ئى قەۋمىم! ئۇنداق قىلماڭلار، ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار!

ئى قەۋمىم! ئاراڭلاردىكى ھەددىدىن ئاشقانلارنىڭ ئارقىسىغا كىرمەڭلار.

---

[1] ئەئراف سۈرىسى: 73-ئايەت.

چۈنكى، ئۇلار يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىيدىغان، ياخشى ئىش قىلمايدىغان، يا ئۆزلىرىنى ياكى باشقىلارنى ئىسلاھ قىلىشنى خالىمايدىغان بۇزغۇنچىلاردۇر. شۇنىمۇ ئۇنتۇماسلىقىمىزكى، ئاراڭلاردىكى يوقسۇللار ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتتى. ﴿قَالَ ٱلۡمَلَأُ ٱلَّذِينَ ٱسۡتَكۡبَرُواْ مِن قَوۡمِهِۦ لِلَّذِينَ ٱسۡتُضۡعِفُواْ لِمَنۡ ءَامَنَ مِنۡهُمۡ أَتَعۡلَمُونَ أَنَّ صَٰلِحٗا مُّرۡسَلٞ مِّن رَّبِّهِۦۚ قَالُوٓاْ إِنَّا بِمَآ أُرۡسِلَ بِهِۦ مُؤۡمِنُونَ ٧٥ قَالَ ٱلَّذِينَ ٱسۡتَكۡبَرُوٓاْ إِنَّا بِٱلَّذِيٓ ءَامَنتُم بِهِۦ كَٰفِرُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ هاكاۋۇر كاتتىباشلىرى بوزەك قىلىنغانلارغا ـ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۆمىنلەرگە: «سىلەر سالىھنى رەببى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر دەپ بىلەمسىلەر؟» دېدى. ئۇلار: «بىز ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئەلۋەتتە ئىشىنىمىز» دېدى. ھېلىقى هاكاۋۇرلار: «سىلەر ئىشەنگەنگە بىز ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدى﴾[1].

بۇ مۇتەكەببىرلەر سالىھ ئەلەيھىسسالامغا دەيدۇكى، ئەي سالىھ! بىز سەن دەۋەت قىلغان دىنىڭ ھەقلىقىدىن شەكلىنىۋاتىمىز. بىز دېگەن يۇز ـ ئابرۇيلۇق، پۇل ـماللىق ئادەملەرمىز. ئەگەر سەن ئۆزۈڭنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دېگەن سۆزۈڭدە راستچىل بولساڭ، بىزگە بىرەر مۆجىزە كۆرسەتمەمسەن؟ بىز شۇنداق ئويلايمىزكى، سەن سېھىرلىنىپ ئەقلى يوقالغان بىر ئادەم ئىكەنسەن. شۇڭا بىز ساڭا ئىشەنمەيمىز.

سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ، ئۆزىنىڭ راستتىنلا ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە مۆجىزە سۈپىتىدە بىر چىشى تۆگىنىڭ بېرىلگەنلىكىنى، قۇدۇق سۈيىنى تۆگە بىلەن قەۋمى ئوتتۇرىسىدا تەقسىم قىلىپ تۆگە بىر كۈن، قەۋملەر بىر كۈن سۇ ئېلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى بولغان بۇ چىشى تۆگە ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن تاشنىڭ ئىچىدىن چىقىرىلغان بولۇپ، سۇ ئىچكەندە قۇدۇق سۈيىنىڭ ھەممىسىنى بىر قېتىمدىلا ئىچىۋېتىدىكەن، ئەمما ئۇلارغا شۇ مىقداردا سۈت بېرىدىكەن. سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بۇ چىشى تۆگىنىڭ مۇنداق كۆپ سۇ ئىچىشىگە نارازىلىق بىلدۈرگەندە، سالىھ ئەلەيھىسسالام قۇدۇقتىن بىر كۈن تۆگە سۇ ئىچىدىغان، يەنە بىر كۈن قەۋملەر سۇ ئالىدىغان قىلىپ بەلگىلىگەن.

سالىھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىدىن بۇ چىشى تۆگىنى ئۆز ئىختىيارىغا

[1] ئەئراف سۈرىسى: 75 ـ 76 ـ ئايەتلەر.

قويۇپ بېرىشىنى، ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزمەسلىكنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە ناۋادا ئۇلار تۆگىگە زىيان يەتكۈزگەن تەقدىردە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئەمما قەۋمى ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى تۆگىنى بوغۇزلاپ تاشلايدۇ. باشقىلارمۇ ئۇنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە ھېچكىم نارازىلىق بىلدۈرمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى چۈشىدۇ. ئۇلار ئازابنى كۆرگەندە بۇ قىلمىشىغا قاتتىق پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ، بۇ پۇشايمان پايدا بەرمەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى قاتتىق بىر ئاۋاز بىلەنلا ھالاك قىلىۋېتىدۇ.

سەمۇد قەۋمىنىڭ ھالاك قىلىنىشىدا كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار ئىدى، لېكىن كېيىنكىلەرنىڭ كۆپ سانلىقى بۇ ۋەقەلىكتىن ئىبرەت ئالمىدى، نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمىدى.

ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىگە، پۇل-مېلىغا ۋە يۇز-ئابرۇيىغا ئىشىنىپ ھاكاۋۇرلۇق قىلغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن ھەرگىز قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ. ھەقىقەت شۇنچىلىك روشەن تۇرسىمۇ يەنە نۇرغۇن كىشىلەر خۇددى سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدەك تەرسالىق قىلىپ ئىمان ئېيتمايدۇ. ئاللاھ تائالا ھەممىگە غالىبتۇر، زالىملارنى جازالاشتا قەتئىيدۇر، مۇئمىنلەرگە تولىمۇ مېھرىباندۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. راستچىللىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ ئەخلاقىدۇر.

2. ئىسراپخورلۇق ئېغىر گۇناھتۇر. چۈنكى، بىرلىرى ئىسراپ قىلىپ بۇزۇپ چاچقان نۇرغۇن نېمەتلەردە باشقىلارنىڭ رىزقى بار. ئىسراپخورلۇق يەنە كۆپلىگەن گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە سەۋەب بولىدۇ.

3. ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ئىش كۆرمەسلىك ۋە گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلىش يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقتۇر.

5. مۆجىزىلەر كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ. شۇڭا مۆجىزىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئىمان ئېيتمىغانلار بولغان.

6. ئۆلۈم كەلگەندە قىلغان تەۋبىنىڭ ۋە ئېيتقان ئىماننىڭ پايدىسى يوق.

## لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

﴿كَذَّبَتْ قَوْمُ لُوطٍ ٱلْمُرْسَلِينَ ١٦٠ إِذْ قَالَ لَهُمْ أَخُوهُمْ لُوطٌ أَلَا
تَتَّقُونَ ١٦١ إِنِّى لَكُمْ رَسُولٌ أَمِينٌ ١٦٢ فَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَأَطِيعُونِ ١٦٣ وَمَآ
أَسْـَٔلُكُمْ عَلَيْهِ مِنْ أَجْرٍ ۖ إِنْ أَجْرِىَ إِلَّا عَلَىٰ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ١٦٤
أَتَأْتُونَ ٱلذُّكْرَانَ مِنَ ٱلْعَٰلَمِينَ ١٦٥ وَتَذَرُونَ مَا خَلَقَ لَكُمْ رَبُّكُم
مِّنْ أَزْوَٰجِكُم ۚ بَلْ أَنتُمْ قَوْمٌ عَادُونَ ١٦٦ قَالُوا۟ لَئِن لَّمْ تَنتَهِ يَٰلُوطُ
لَتَكُونَنَّ مِنَ ٱلْمُخْرَجِينَ ١٦٧ قَالَ إِنِّى لِعَمَلِكُم مِّنَ ٱلْقَالِينَ ١٦٨
رَبِّ نَجِّنِى وَأَهْلِى مِمَّا يَعْمَلُونَ ١٦٩ فَنَجَّيْنَٰهُ وَأَهْلَهُۥٓ أَجْمَعِينَ ١٧٠ إِلَّا
عَجُوزًا فِى ٱلْغَٰبِرِينَ ١٧١ ثُمَّ دَمَّرْنَا ٱلْءَاخَرِينَ ١٧٢ وَأَمْطَرْنَا عَلَيْهِم
مَّطَرًا ۖ فَسَآءَ مَطَرُ ٱلْمُنذَرِينَ ١٧٣ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَةً ۖ وَمَا كَانَ أَكْثَرُهُم
مُّؤْمِنِينَ ١٧٤ وَإِنَّ رَبَّكَ لَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ١٧٥﴾

### تەرجىمىسى

160ـ لۇتنىڭ قەۋمىمۇ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى.

161ـ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا قېرىندىشى لۇت مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىلەر (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورقماسسىلەر؟

162ـ مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە ئىشەنچلىك پەيغەمبەرمەن.

163ـ سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار.

164ـ مەن بۇنىڭغا (يەنى سىلەرگە دىنني يەتكۈزگەنلىكىمگە) سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، مېنىڭ ئەجرىمنى بېرىدىغان زات پەقەت ئالەملەرنىڭ رەببىدۇر.

165ـ 166ـ رەببىڭلار سىلەر ئۈچۈن ياراتقان ئاياللىرىڭلارنى تاشلاپ قويۇپ، جاھان ئەھلى ئىچىدىن ئەرلەرگە كېلەمسىلەر؟ (بەچچىۋازلىق قىلامسىلەر؟) سىلەر ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقان بىر قەۋم ئىكەنسىلەر».

167ـ ئۇلار ئېيتتى: «ئى لۇت! ئەگەر (بۇ دەۋىتىڭدىن) ۋاز كەچمىسەڭ، چوقۇم سۈرگۈن قىلىنغۇچىلاردىن بولىسەن».

168ـ لۇت ئېيتتى: «مەن سىلەرنىڭ قىلىقىڭلاردىن قاتتىق يىرگىنىمەن.

169ـ ئى رەببىم! ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى (تۈپەيلىدىن ئۇلارغا كېلىدىغان ئازاب)دىن مېنى ۋە ئائىلە- تاۋابىئاتىمنى قۇتقۇزغىن».

170ـ171ـ بىز ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە- تاۋابىئاتىنىڭ ھەممىسىنى قۇتقۇزدۇق، پەقەت قېرى ئاياللا ھالاك بولىدىغانلارنىڭ ئىچىدە (قېلىپ قالدى).

172ـ ئاندىن قالغانلارنى ھالاك قىلدۇق.

173ـ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بىز (تاشتىن) يامغۇر ياغدۇردۇق، ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلارغا ياغدۇرۇلغان يامغۇر نېمىدېگەن يامان!

174ـ شەكسىزكى، بۇنىڭدا (كېيىنكىلەر ئۈچۈن) ئەلۋەتتە ئىبرەت بار ئىدى، (شۇنداق تۇرۇقلۇق) ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى ئىمان ئېيتمىدى.

175ـ ھەقىقەتەن سېنىڭ رەببىڭ مۇتلەق غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

## ◄ تەپسىرى

لۇت ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ جىيەنى بولۇپ[1]، ئۇ تاغىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ ھىدايەت تاپقان ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلغان، كېيىنچە ئۇنى ئاللاھ تائالا ھازىرقى ئىيوردانىيە تەۋەسىدىكى سەدۇم شەھىرىنىڭ ئاھالىسىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن.

سەدۇم ئاھالىسى بۇتلارغا چوقۇنىدىغان ئازغۇن قەۋم بولغانىنىڭ سىرتىدا، ئىنتايىن ئەخلاقسىز بىر قەۋم ئىدى. لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا ئېچىنىپ، ئۇلارغا مۇنداق دېگەن: ئى قەۋمىم! سىلەر ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشنىڭ گۇناھىدىن قورقمامسىلەر؟ ئۈستۈڭلارغا ئۇنىڭ ئازابى چۈشۈشتىن قورقمامسىلەر؟ مەن رەببىم ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئىشەنچلىك ۋە راستچىل بىر ئەلچىمەن. چۈنكى ئاللاھ تائالا مېنى سىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. ئەمدى بۇنى بىلگەن بولساڭلار، ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار. شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قويايكى، مەن سىلەرگە بۇ دىننى يەتكۈزگەنلىكىم ئۈچۈن سىلەردىن

---

[1] لۇت ئەلەيھىسسالام ھارۇننىڭ ئوغلى، ھارۇن تارەھ (يەنى ئازەر)نىڭ ئوغلى، ئازەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىدۇر. «إسلام ويب» 28641ـ پەتىۋا.

ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن. چۈنكى، مېنىڭ ئەجرىمنى ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالا ئۆزى بېرىدۇ.

ئى قەۋمىم! سىلەر ئاللاھ تائالا سىلەرگە ھالال قىلىپ بەرگەن ئاياللارنى قويۇپ، جىنسىي تەلپۈنۈشلارنى ئەرلەر بىلەن قاندۇرامسىلەر؟ بەچچىۋازلىق قىلىشتىن نومۇس قىلمامسىلەر؟ سىلەر بۇزۇقچىلىقتا ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقان بىر قەۋم ئىكەنسىلەر.

ئۇلار لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايلىق نەسىھەتلىرىگە قارشى چىقىپ، ئەگەر ئۇ دەۋىتىدىن يانمىسا، ئۇنى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىش بىلەن تەھدىت سالىدۇ. لۇت ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئۇلار قىلىۋاتقان لەۋات (بەچچىۋازلىق)تىن ئىبارەت بۇ قەبىھ قىلىقتىن قاتتىق يىرگىنىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقى بۇرۇن جاھان ئەھلىدىن ھېچكىم قىلمىغان ئەخلاقسىزلىق ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا ئوچۇق ئېيتىدۇ. ئەمما قەۋمى ئۇنىڭ ئەيىبلەشلىرىگە ۋە پەند-نەسىھەتلىرىگە قىلچە پەرۋا قىلىپ قويمايدۇ، يەنە شۇ يىرگىنىشلىك ئىشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋر-تاقىتى تۈگەپ، ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ۋە ئىنسانلىققا قايتىشىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلىدۇ. بۇزۇقچىلىقتا ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ كەتكەن بۇ ئازغۇن قەۋمگە پات يېقىندا ئاللاھ تائالانىڭ چوڭ ئازابى كېلىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن لۇت ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، بۇ بۇزۇق قەۋمگە كېلىدىغان چوڭ ئازابتىن ئۆزىنى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنى قۇتقۇزۇپ قېلىشىنى تىلەيدۇ. نەتىجىدە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنى ۋە قېرى ئايالىدىن باشقا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ، قالغانلىرىنى قاتتىق ياغقان تاش يامغۇرى بىلەن ھالاك قىلىۋېتىدۇ، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالىمۇ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ھالاك بولۇپ تۈگىشىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئايال مۆئمىنلەرگە ئەمەس، كاپىرلارغا تەۋە ئىدى، شۇڭا ئۇ ھالاك بولغۇچىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان.

شەكسىزكى، بۇ قىسسىدە كېيىنكىلەر ئۈچۈن چوڭ ئىبرەت بار ئىدى، لېكىن كېيىنكىلەر لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ ھالاكەتتىن ھېچ ئىبرەت ئالمىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى ئىمان ئېيتمىدى.

ئاللاھ تائالانىڭ زالىملارنى ھالاك قىلىپ، ھەقىقىي مۆئمىن بەندىلىرىنى

قوتقۇزۇپ قالىدىغانلىقى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەمەلگە ئاشىدىغان بىر قانۇنىيەتتۇر. لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى ئالدىدا ئۆز ئايالىغىمۇ ئىگە بولالمىغانلىقى ئىمانسىزلارغا شاپائەت قىلغىلى بولمايدىغانلىقنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان بىر ئەمەلىيەتتۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا ياردىمى ۋە نۇسرىتى بىلەن ھەمىشە تەقۋادارلارنىڭ يېنىدىدۇر.

2. لەۋات (يەنى بەچچىۋازلىق) ئەڭ قەبىھ ۋە يىرگىنىشلىك قىلىقتۇر.

3. زالىملار مۇنازىرىدە يېڭىلسە، كۈچىگە تايىنىپ زەربە بېرىشكە ئۆتىدۇ.

4. ئاللاھ تائالا زۇلۇمغا ئۇچرىغان بەندىسىنىڭ دۇئاسىنى تېز ئىجابەت قىلىدۇ.

5. بۇزۇقچىلىق ئومۇملاشقان جەمئىيەتكە كۈتۈلمىگەن يەردىن بالايىئاپەت ياغىدۇ.

6. ھەقىقەتنى خالىمىغانلارغا مىڭلاپ دەلىللەر كەلسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ھەقىقەتكە ئەگەشمەيدۇ.

### ◄ شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

﴿كَذَّبَ أَصۡحَٰبُ لۡـَٔيۡكَةِ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ١٧٦ إِذۡ قَالَ لَهُمۡ شُعَيۡبٌ أَلَا
تَتَّقُونَ ١٧٧ إِنِّي لَكُمۡ رَسُولٌ أَمِينٞ ١٧٨ فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُونِ ١٧٩ وَمَآ
أَسۡـَٔلُكُمۡ عَلَيۡهِ مِنۡ أَجۡرٍۖ إِنۡ أَجۡرِيَ إِلَّا عَلَىٰ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ١٨٠ ۞
أَوۡفُواْ ٱلۡكَيۡلَ وَلَا تَكُونُواْ مِنَ ٱلۡمُخۡسِرِينَ ١٨١ وَزِنُواْ بِٱلۡقِسۡطَاسِ
ٱلۡمُسۡتَقِيمِ ١٨٢ وَلَا تَبۡخَسُواْ ٱلنَّاسَ أَشۡيَآءَهُمۡ وَلَا تَعۡثَوۡاْ فِي ٱلۡأَرۡضِ
مُفۡسِدِينَ ١٨٣ وَٱتَّقُواْ ٱلَّذِي خَلَقَكُمۡ وَٱلۡجِبِلَّةَ ٱلۡأَوَّلِينَ ١٨٤ قَالُوٓاْ
إِنَّمَآ أَنتَ مِنَ ٱلۡمُسَحَّرِينَ ١٨٥ وَمَآ أَنتَ إِلَّا بَشَرٞ مِّثۡلُنَا وَإِن نَّظُنُّكَ
لَمِنَ ٱلۡكَٰذِبِينَ ١٨٦ فَأَسۡقِطۡ عَلَيۡنَا كِسَفٗا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ إِن كُنتَ مِنَ

ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿١٨٧﴾ قَالَ رَبِّيٓ أَعۡلَمُ بِمَا تَعۡمَلُونَ ﴿١٨٨﴾ فَكَذَّبُوهُ فَأَخَذَهُمۡ
عَذَابُ يَوۡمِ ٱلظُّلَّةِۚ إِنَّهُۥ كَانَ عَذَابَ يَوۡمٍ عَظِيمٍ ﴿١٨٩﴾ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ
لَأٓيَةٗۖ وَمَا كَانَ أَكۡثَرُهُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿١٩٠﴾ وَإِنَّ رَبَّكَ لَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ
ٱلرَّحِيمُ ﴿١٩١﴾

◄ تەرجىمىسى

176ـ ئەيكەلىكلەرمۇ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى.

177ـ ئۆز ۋاقتىدا شۇئەيب ئۇلارغا مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىلەر (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورقمامسىلەر؟

178ـ مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە ئىشەنچلىك پەيغەمبەرمەن.

179ـ شۇڭا سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار.

180ـ مەن بۇنىڭغا (يەنى سىلەرگە دىنني يەتكۈزگەنلىكىمگە) سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، مېنىڭ ئەجرىمنى بېرىدىغان زات پەقەت ئالەملەرنىڭ رەببىدۇر.

181ـ (ئۆلچىگەندە) تولۇق ئۆلچەڭلار، (كىشىلەرنىڭ ھەققىنى) كەم بەرگۈ- چىلەردىن بولماڭلار.

182ـ توغرا تارازىدا تارتىڭلار.

183ـ كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىنى كەم بەرمەڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە-پاسات تېرىماڭلار.

184ـ سىلەرنى ۋە ئىلگىرىكى ئىنسانلارنى ياراتقان ئاللاھتىن قورقۇڭلار».

185ـ ئۇلار ئېيتتى: «سەن راستتىنلا سېھرلىنىپ قالغانلاردىن ئىكەنسەن.

186ـ سەن پەقەت بىزگە ئوخشاشلا بىر ئىنسان، سېنى بىز ئەلۋەتتە يالغانچىلاردىن دەپ قارايمىز.

187ـ ئەگەر (سۆزۈڭدە) راستچىللاردىن بولساڭ، بىزگە ئاسماندىن ئازاب چۈشۈرۈپ باققىن».

188ـ شۇئەيب ئېيتتى: «رەببىم سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ».

**189ـ ئۇلار شۇئەيبنى ئىنكار قىلدى-دە، ئۇلارنى سايە [1] كۈنىنىڭ ئازابى قورشىدى. ھەقىقەتەن ئۇ بۈيۈك بىر كۈننىڭ ئازابى ئىدى.**

**190ـ شەكسىزكى، بۇنىڭدا (كېيىنكىلەر ئۈچۈن) ئەلۋەتتە ئىبرەت بار ئىدى، (شۇنداق تۇرۇقلۇق) ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى ئىمان ئېيتمىدى.**

**191ـ ھەقىقەتەن سېنىڭ رەببىڭ مۇتلەق غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.**

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى مەديەن خەلقى بىلەن ئەيكە ئاھالىسىغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن. مەديەن خەلقى شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمى ئىدى. شۇڭا ھۇد سۈرىسىدىكى: ﴿وَإِلَىٰ مَدْيَنَ أَخَاهُمْ شُعَيْبًا﴾ يەنى ﴿مەديەن (خەلقى)گە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق﴾[2] دېگەن ئايەتتە شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ مەديەن خەلقىدىن ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. ئەمما بۇ يەردىكى ئايەتتە شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى ئەيكەلىكلەرنىڭ قېرىندىشى دېمىگەن. چۈنكى، ئۇ ئۇلارنىڭ قەۋمىدىن ئەمەس ئىدى.

ئەيكە-ئورمانلىق رايون بولۇپ، مەديەنگە يېقىن بىر جاي ئىدى. ئەيكە ئاھالىسى چارۋىچىلىق ۋە زىرائەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، مېۋىلىك باغلىرى ۋە مۇنبەت يەرلىرى بار قەۋم ئىدى. ئەيكە ۋە مەديەن رايونى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ تەبۇك رايونىغا يېقىندۇر.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلىپ، خۇددى نۇھ، ھۇد، سالىھ ۋە لۇت ئەلەيھىسسالاملارنىڭ ئۆز قەۋملىرىگە ئېيتقانلىرىنىڭ ئۆز ئەينىسىنى ئېيتتى. ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشنىڭ جازاسىدىن ھەزەر ئەيلەشكە، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىپ پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشقا چاقىردى ۋە ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى، دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىگە ئۇلاردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايدى-

---

[1] ئەيكەلىكلەر قاتتىق ئىسسىقتا قالغان بولۇپ، بۇ ئىسسىق يەتتە كۈن داۋام قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن بىر بۇلۇت پەيدا بولغان. ئۇلار سايىداش ئۈچۈن ھەممىسى بۇلۇتنىڭ ئاستىغا توپلانغاندا، ئوت چۈشۈپ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن. (تەپسىرى رازىي 12/24، 165).

[2] ھۇد سۈرىسى: 84ـ ئايەت.

غانلىقىنى ئوچۇق جاكارلىدى.

ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق جاپا-مۇشەققەتلەرگە ئۇچرىغان. مۇشرىكلار ئۇلارنى ئاتقان ۋە قىلغان دەۋەتنى، تارتقان جاپالىرى بەدىلىگە كىشىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمىغان، بەلكى دەۋەت يولىدا تارتقان جاپالىرىنىڭ مۇكاپاتىنى پەقەت ئاللاھ تائالادىنلا كۈتكەن زاتلار ئىدى.

پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا، بىرلىكىگە ۋە مەخلۇقاتقا ئوخشىمايدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىش، بارلىق ئىبادەتلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا قىلىش قاتارلىق ئەقىدە مەسىلىلىرىدە بىردەكتۇر. پەقەت شەرىئەت مەسىلىلىرىدە ھەربىر پەيغەمبەرگە ئۆزىنىڭ ئەۋەتىلگەن ۋاقتى، قەۋمىنىڭ ئەھۋالى ۋە ياشىغان مۇھىتىغا قاراپ مۇستەقىل شەرىئەت نازىل بولغان. بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەربىرى ئۆز قەۋمىنىڭ ئىجتىمائىي ئىللەتلىرىنى داۋالاشقا تىرىشقان. شۇڭا ھۇد ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ ئېگىز جايلارغا ئويۇن-تاماشا قىلىش ئۈچۈن ھەشەمەتلىك بىنالارنى سالغانلىقىغا، ئاخىرەتلىكنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىگە ۋە باشقىلارنى قاتتىق جازالىشىغا نارازى بولغان بولسا، سالىھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ ئاللاھ تائالانى ۋە ئاخىرەت ھاياتىنى ئۇنتۇپ، تاغلارنى تېشىپ ئۆي-ئىمارەتلەرنى بىنا قىلىش بىلەنلا بەند بولۇپ كەتكەنلىكىگە نارازى بولغان. لۇت ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ (بەچچىۋازلىقتىن ئىبارەت) ئەرلىرىنىڭ ئەرلەردىن جىنسىي ھەۋەسنى قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىشتەك يىرگىنىشلىك قىلىقىغا قارشى چىققان بولسا، شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئەيكەلىكلەرنىڭ تارازىنى توغرا تۇتمايدىغان ساختىپەزلىكىگە قارشى چىققان. چۈنكى، ئۇلار تارازىدا تارتىپ ئالغاندا زىيادە تارتىپ ئالىدىغان، ساتقاندا كەم تارتىپ بېرىدىغان قەۋم ئىدى.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئەيكەلىكلەرنى ئۆزلىرىنى ۋە ئاتا-بوۋىلىرىنى ياراتقان ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ دىنىغا ئاسىيلىق قىلىشنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇردى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ۋە ئاتا-بوۋىلىرىنى يوقتىن ياراتقان ۋە ئۇلارغا دۇنيانىڭ ئەڭ ئېسىل نېمەتلىرىنى ئاتا قىلغان ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشى پەرز بولغان تۇرسا، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانى قويۇپ، بۇتلارغا چوقۇنغانلىقى راستتىنلا ئويۇنچۇق ئازغۇنلۇق ۋە ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىق ئىدى.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئەيكەلىكلەرگە بۇ ھەقىقەتلەرنى بايان قىلىپ، ئۇلارنى چىرايلىقچە ئىمانغا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىغاننى ئاز دەپ، ئۇنى سېھىرلىنىپ ئەقلىنى يوقاتقان ئادەم دەپ ئەيىبلىدى.

ئاندىن ئۇلار تەرسالىقتا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ دېدىكى: سەن بىزگە ئوخشاشلا بىر ئادەم تۇرساڭ، قانداقمۇ ساڭا پەيغەمبەرلىك كەلسۇن؟! بىز قانداقمۇ سەندەك بىر ئىنسانغا ئىتائەت قىلىمىز؟ بىز سېنى پەقەت يالغاندىنلا ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ يۈرگەن بىر يالغانچى ئادەم دەپ بىلىمىز، ئەگەر سەن ئۆزۈڭنى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى دېگەن سۆزۈڭدە راستچىل بولساڭ، قېنى بىزنىڭ ئۈستىمىزگە ئاسماندىن ئازاب چۈشۈرۈپ باققىن، شۇ ۋاقىتتا كۆرىمىز سېنىڭ راستچىللىقىڭنى.

ئەمما ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئازاب چۈشۈرگەندە، ئۇلار دەسلەپتە ئۇنىڭغا ئىشەنمەي قالدى. ﴿وَإِن يَرَوۡاْ كِسۡفٗا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ سَاقِطٗا يَقُولُواْ سَحَابٞ مَّرۡكُومٞ﴾ يەنى ﴿ئەگەر ئۇلار ئاسماننىڭ (ئۆزلىرىگە ئازاب بولۇپ) چۈشۈۋاتقان بىرەر پارچىسىنى كۆرسە: «بۇ توپلاشقان بۇلۇتتۇر» دەيدۇ﴾ [1]. چۈنكى، ئۇلار بۇ ئازابنى تەلەپ قىلىشتا شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلىشنى ئەمەس، بەلكى ئۇنى مەسخىرە قىلىشنى مەقسەت قىلغان. ئۇلارغا تەلەپ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. چۈنكى، ھەقىقەتنى ئىزدىگەن ئادەم ئۈچۈن مۆجىزە مۇھىم ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەرنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتى ۋە راستچىللىقى يېتەرلىك دەلىلدۇر. ئاللاھ تائالا شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىپ، ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ئىمان كىرگۈزۈش ۋەزىپىسى يوقلۇقىنى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت ھەقىقەتنى ئېنىق بايان قىلىپ بېرىش ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: مەن سىلەرنى زورلاپ ئىمان ئېيتقۇزۇش ياكى ئەمەللىرىڭلارنىڭ ھېسابىنى ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن ئەمەسمەن. مېنىڭ ۋەزىپەم سىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىشتۇر. ئەمما سىلەردىن ھېساب ئېلىشقا ئاللاھ تائالا ئۆزى كۇپايىدۇر، دېگەن مەنىدە كۆپ ۋەز-نەسىھەتلەرنى قىلدى. ئەمما ئەيكەلىكلەر شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىشنى، ئۇنى ئۆزىنى يالغاندىن پەيغەمبەر

---

[1] تۇر سۈرىسى: 44-ئايەت.

دەۋالغان ئادەم دەپ تۆھمەت قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇلارغا قىلىنغان چىرايلىق ۋەز-نەسىھەتلەرنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنى ﴿سايە كۈنىنىڭ ئازابى﴾ دەپ ئاتالغان قاتتىق ئازاب تۇيۇقسىز ھالاك قىلىۋەتتى.

ئەللامە ئىبنى كەسىرنىڭ بايان قىلىشىچە، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى جازالاشتىن ئىلگىرى ئۇلارغا قاتتىق ئىسسىقنى ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇلار يەتتە كۈن قاتتىق ئىسسىقتا قىينىلىدۇ. ئاندىن ئاسماندا بۇلۇت پەيدا بولىدۇ، ئۇلار شۇ بۇلۇتنىڭ ئاستىغا كېلىپ سايىدىماقچى بولىدۇ. شۇ چاغدا ئۇلار بۇلۇت دەپ ئويلاپ قالغان بۇ ئازاب ئۇلارنى كۆيدۈرۈپ ھالاك قىلىۋەتكەن.

ئاللاھ تائالا ئەۋەتكەن ئازاب ئۇلارغا بۇلۇتقا ئوخشاش كۆرۈنۈپ كەلگەنلىكتىن، بۇ ئازاب ﴿سايە كۈنىنىڭ ئازابى﴾ دەپ ئاتالغان.

ئەيكەلىكلەرنىڭ بۇ قىسسىسىدە كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار ئىدى، لېكىن ئۇلار بۇ قىسسىدىن ئىبرەت ئالمىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمىدى. رەببىڭ ھەقىقەتەن مۆئمىن بەندىلىرىگە ياردەم قىلغۇچى، زالىملارنى جازالىغۇچى ۋە جىمى خەلققە رەھىم-شەپقەت قىلغۇچى زاتتۇر.

﴿بۇنىڭدا ئەلۋەتتە چوڭ بىر ئىبرەت بار ئىدى. (ئەمما) ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمىدى﴾ دېگەن ئايەت بۇ سۈرىدىكى ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ قىسسىسىدىن كېيىن تەكرارلانغان. چۈنكى، ھەربىر قىسسىدە ئەلۋەتتە كېيىنكىلەرگە پايدىلىق بولغان نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار. ﴿لَقَدْ كَانَ فِي قَصَصِهِمْ عِبْرَةٌ لِّأُوْلِي الأَلْبَابِ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ (يەنى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ) قىسسىلىرىدە ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار﴾[1].

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كىشىلەرنى تەقۋالىققا چاقىرىش ھەربىر دەۋەتچى ئۆلىمانىڭ ۋەزىپىسى بولۇپ، ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا خىزمەت قىلغۇچىلار بۇ ئىشنى ئاللاھ

[1] يۇسۇپ سۈرىسى: 111-ئايەت.

تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىدۇ ۋە قىلغان دەۋىتىنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ تائالادىن كۈتىدۇ.

3. تارازىنى توغرا تۇتماسلىق، كىشىلەرنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش ئەڭ چوڭ گۇناھلارنىڭ بىرىدۇر. ئاللاھ تائالا باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېۋالغانلار- نىڭ گۇناھىدىن ئۆتمەيدۇ.

4. كىشىلەرنى زىيانغا ئۇچراتقۇچىلار قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن قۇتۇلالمايدۇ.

5. شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى بۇ سۈرىدە بايان قىلىنغان يەتتە قىسسىنىڭ ئاخىرقىسىدۇر.

6. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەقىدىسى بىر، شەرىئەتلىرى پەرقلىقتۇر.

7. مۆجىزە تەلەپ قىلغانلارنىڭ تولىسى مۆجىزىنى كۆرسىمۇ ئىمان ئېيتمايدۇ.

### ◄ «قۇرئان كەرىم» ۋە مۇشرىكلارنىڭ مەۋقەسى

۞وَإِنَّهُۥ لَتَنزِيلُ رَبِّ ٱلْعَـٰلَمِينَ ﴿١٩٢﴾ نَزَلَ بِهِ ٱلرُّوحُ ٱلْأَمِينُ ﴿١٩٣﴾ عَلَىٰ
قَلْبِكَ لِتَكُونَ مِنَ ٱلْمُنذِرِينَ ﴿١٩٤﴾ بِلِسَانٍ عَرَبِيٍّ مُّبِينٍ ﴿١٩٥﴾ وَإِنَّهُۥ
لَفِى زُبُرِ ٱلْأَوَّلِينَ ﴿١٩٦﴾ أَوَلَمْ يَكُن لَّهُمْ ءَايَةً أَن يَعْلَمَهُۥ عُلَمَـٰٓؤُا۟ بَنِىٓ
إِسْرَٰٓءِيلَ ﴿١٩٧﴾ وَلَوْ نَزَّلْنَـٰهُ عَلَىٰ بَعْضِ ٱلْأَعْجَمِينَ ﴿١٩٨﴾ فَقَرَأَهُۥ عَلَيْهِم
مَّا كَانُوا۟ بِهِۦ مُؤْمِنِينَ ﴿١٩٩﴾ كَذَٰلِكَ سَلَكْنَـٰهُ فِى قُلُوبِ ٱلْمُجْرِمِينَ
﴿٢٠٠﴾ لَا يُؤْمِنُونَ بِهِۦ حَتَّىٰ يَرَوُا۟ ٱلْعَذَابَ ٱلْأَلِيمَ ﴿٢٠١﴾ فَيَأْتِيَهُم بَغْتَةً
وَهُمْ لَا يَشْعُرُونَ ﴿٢٠٢﴾ فَيَقُولُوا۟ هَلْ نَحْنُ مُنظَرُونَ ﴿٢٠٣﴾ أَفَبِعَذَابِنَا
يَسْتَعْجِلُونَ ﴿٢٠٤﴾ أَفَرَءَيْتَ إِن مَّتَّعْنَـٰهُمْ سِنِينَ ﴿٢٠٥﴾ ثُمَّ جَآءَهُم مَّا كَانُوا۟
يُوعَدُونَ ﴿٢٠٦﴾ مَآ أَغْنَىٰ عَنْهُم مَّا كَانُوا۟ يُمَتَّعُونَ ﴿٢٠٧﴾ وَمَآ أَهْلَكْنَا مِن
قَرْيَةٍ إِلَّا لَهَا مُنذِرُونَ ﴿٢٠٨﴾ ذِكْرَىٰ وَمَا كُنَّا ظَـٰلِمِينَ ﴿٢٠٩﴾ وَمَا تَنَزَّلَتْ
بِهِ ٱلشَّيَـٰطِينُ ﴿٢١٠﴾ وَمَا يَنۢبَغِى لَهُمْ وَمَا يَسْتَطِيعُونَ ﴿٢١١﴾ إِنَّهُمْ عَنِ

ٱلسَّمْعِ لَمَعْزُولُونَ ﴿٢١٢﴾ فَلَا تَدْعُ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَ فَتَكُونَ مِنَ ٱلْمُعَذَّبِينَ ﴿٢١٣﴾

### ◄ تەرجىمىسى

192-شۈبھىسىزكى، بۇ (قۇرئان) ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.

193-195- (ئى پەيغەمبەر!) ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن، ئۇنى ئىشەنچلىك (پەرىشتە) جىبرىل سېنىڭ قەلبىڭگە روشەن ئەرەب تىلىدا ئېلىپ چۈشتى.

196-ھەقىقەتەن ئۇ (قۇرئان) ئىلگىرىكى (ساماۋى) كىتابلاردا زىكىر قىلىنىغاندۇر.

197-ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىكى ئۆلىمالارنىڭ قۇرئاننى بىلىشى مۇشرىكلارغا (قۇرئاننىڭ ھەقلىقىنى) كۆرسىتىدىغان دەلىل بولالمامدۇ؟

198-199- ئەگەر بىز قۇرئاننى ئەرەب بولمىغان بىر ئادەمگە نازىل قىلغان بولساق، ئۇ كىشى قۇرئاننى ئۇلارغا ئوقۇپ بەرسە، ئۇلار ئۇنىڭغا يەنىلا ئىشەنمەيتتى.

200-شۇنىڭدەك، گۇناھكارلارنىڭ دىللىرىغا ئىنكارچىلىقنى سىڭدۈرەتتۇق.

201-ئۇلار دەردلىك ئازابنى كۆرمىگۈچە ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ.

202-(ئۇ ئازاب) ئۇلارغا ئۇشتۇمتۇت كېلىدۇ، ئۇلار (ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى) تۇيماي قالىدۇ.

203-(شۇ چاغدا) ئۇلار: «بىزگە (ئىمان ئېيتىشىمىز ئۈچۈن) مۆھلەت بېرىلەمدىغاندۇ؟» دېيىشىپ كېتىدۇ.

204-(ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، يەنىلا) ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ بۇرۇنراق كېلىشىگە ئالدىراپ كېتىۋاتامدۇ؟

205-207- (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتىپ باققىنە! ئەگەر ئۇلارنى يىللارچە (نېمەتلىرىمىزدىن) بەھرىمەن قىلساق، ئاندىن ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازاب كەلسە، ئۇلار بەھرىمەن بولۇۋاتقان نېمەتلەر نېمىگە ئەسقاتىدۇ؟

208-209- بىز ھېچبىر شەھەرنى ئۇلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلىدىغان ئاگاھلاندۇرغۇچىلارنى ئەۋەتمەي تۇرۇپ ھالاك قىلمىدۇق، بىز ئەسلا زۇلۇم قىلغۇچى

بولمىدۇق.

210ـ قۇرئاننى شەيتانلار ئېلىپ چۈشكىنى يوق.

211ـ بۇ ئۇلار قىلىدىغان ئىش ئەمەس. (ئۇنىڭغا) ئۇلارنىڭ زادى كۈچى يەتمەيدۇ.

212ـ چۈنكى، ئۇلار ئوغرىلىقچە (ۋەھيىنى) تىڭشاشتىن مەنئى قىلىنغان.

213ـ ئاللاھقا باشقا بىر ئىلاھنى قوشۇپ ئىبادەت قىلمىغىن، (ئۇنداق قىلساڭ) ئازابقا قالىدىغانلاردىن بولۇپ قالىسەن.

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ساڭا نازىل قىلىنغان بۇ «قۇرئان كەرىم» ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ئاخىرقى ساماۋى كىتاب بولۇپ، ئۇنى ئىشەنچلىك ۋە كۈچلۈك ئەلچى جىبرىل روشەن ئەرەب تىلىدا سېنىڭ قەلبىڭگە ئېلىپ چۈشتى. بۇ رەببىڭنىڭ چوڭ پەزل-كەرەمىدۇر. ﴿لَا تُحَرِّكۡ بِهِۦ لِسَانَكَ لِتَعۡجَلَ بِهِۦٓ ١٦ إِنَّ عَلَيۡنَا جَمۡعَهُۥ وَقُرۡءَانَهُۥ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر! ساڭا ۋەھيى نازىل بولۇۋاتقان چاغدا) ئۇنى ئېسىڭگە ئېلىۋېلىشقا ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما. شەكسىزكى، ئۇنى (سېنىڭ دىلىڭغا) توپلاش ۋە ئۇنى ساڭا ئوقۇتۇش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر﴾ [1].

ئايەتتە «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىگە چۈشكەنلىكىنى بايان قىلىش قەلبنىڭ تەنگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى ۋە سەزگۈ ئەزالارنىڭ مەركىزى ئىكەنلىكى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا كاپىرلارنى ھەمىشە قەلبى يېپىق ياكى پېچەتلەنگەن دەپ سۈپەتلىگەن. ﴿أَفَلَا يَتَدَبَّرُونَ ٱلۡقُرۡءَانَ أَمۡ عَلَىٰ قُلُوبٍ أَقۡفَالُهَآ﴾ يەنى ﴿ئۇلار قۇرئان ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ بەلكى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قۇلۇپ بار﴾ [2]، ﴿أَفَلَمۡ يَسِيرُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَتَكُونَ لَهُمۡ قُلُوبٞ يَعۡقِلُونَ بِهَآ أَوۡ ءَاذَانٞ يَسۡمَعُونَ بِهَاۖ فَإِنَّهَا لَا تَعۡمَى ٱلۡأَبۡصَٰرُ وَلَٰكِن تَعۡمَى ٱلۡقُلُوبُ ٱلَّتِي فِي ٱلصُّدُورِ﴾ يەنى ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىنى كۆرۈپ ئىبرەت ئېلىش ئۈچۈن) يەر يۈزىنى كەزمىدىمۇ؟ (شۇنداق قىلغان بولسا) ئۇلارنىڭ چۈشىنىدىغان ئەقىللىرى ياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلىرى بولاتتى. ئەمما ھەقىقەت شۇكى، كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، بەلكى كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر

[1] قىيامەت سۈرىسى: 16ـ17ـ ئايەتلەر.

[2] مۇھەممەد سۈرىسى: 24ـ ئايەت.

(ھەقىقەتنى كۆرۈشتىن) كور بولىدۇ﴾[1].

ئايەتتىكى ﴿ئەرەب تىلىدا﴾ دېگەن سۆز ئەرەبلەرگە مۇنازىرە ئېلان قىلىش ئۈچۈن بولۇپ، باشقا كۆپلىگەن ئايەتلەردە ئەرەبلەردىن بەدىئىيلىكتە ۋە پاساھەتتە «قۇرئان كەرىم»گە ئوخشايدىغان بىرەر كىتابنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىش، ھېچبولمىسا بىرەر سۈرە ياكى ئون ئايەت بولسىمۇ كەلتۈرۈپ بېقىش جىددىي تەلەپ قىلىنغان. ئەمما ئۇلار «قۇرئان كەرىم»گە ئوخشايدىغان بىرەر كىتابنى ئەمەس، بىرەر سۈرىنىمۇ ئەمەس، ھەتتا ئون ئايەتنىمۇ ئىجاد قىلالمىغان. ﴿قُل لَّئِنِ ٱجۡتَمَعَتِ ٱلۡإِنسُ وَٱلۡجِنُّ عَلَىٰٓ أَن يَأۡتُواْ بِمِثۡلِ هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانِ لَا يَأۡتُونَ بِمِثۡلِهِۦ وَلَوۡ كَانَ بَعۡضُهُمۡ لِبَعۡضٖ ظَهِيرٗا﴾ يەنى ﴿ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئىنسانلار بىلەن جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلسىمۇ، بىر-بىرىگە ياردەمچى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ﴾ [2] دېگەن ئايەت بۇنىڭ مىسالى. بۇ ئايەتلەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ راستتىنلا ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەن-لەشتۈرۈشكە يېتەرلىك دەلىل ئەمەسمۇ؟ ھازىرمۇ ھېچكىم «قۇرئان كەرىم» گە ئوخشايدىغان بىرەر مۆجىزىلىك ئەسەرنى مەيدانغا كەلتۈرەلىگىنى يوق.

﴿ھەقىقەتەن ئۇ (قۇرئان) ئىلگىرىكى (ساماۋى) كىتابلاردا زىكىر قىلىنغاندۇر﴾ دېگەن ئايەتمۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ راستتىنلا ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» توغرۇ-لۇق مەلۇمات ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرىدا بېرىلگەن ۋە ئۇنىڭ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنىدىغانلىقىمۇ قەيت قىلىنغان. ﴿وَلَمَّا جَآءَهُمۡ كِتَٰبٞ مِّنۡ عِندِ ٱللَّهِ مُصَدِّقٞ لِّمَا مَعَهُمۡ وَكَانُواْ مِن قَبۡلُ يَسۡتَفۡتِحُونَ عَلَى ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فَلَمَّا جَآءَهُم مَّا عَرَفُواْ كَفَرُواْ بِهِۦۚ فَلَعۡنَةُ ٱللَّهِ عَلَى ٱلۡكَٰفِرِينَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇلارغا قولىدىكى (تەۋرات)نى تەستىقلايدىغان كىتاب (قۇرئان) كەلگەن چاغدا (ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى)، ئىلگىرى ئۇلار (تەۋراتتا سۈپىتى بايان قىلىنغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋاستە قىلىپ) كاپىرلارغا قارشى ئۆزلىرىگە ياردەم كېلىشىنى تىلەيتتى، ئۇلار ئۆزلىرى بىلىدىغان بۇ پەيغەمبەر كەلگەن چاغدا ئۇنى ئىنكار قىلدى. ئاللاھنىڭ لەنىتى

---

[1] ھەج سۈرىسى: 46-ئايەت.

[2] ئىسرا سۈرىسى: 88-ئايەت.

(مۇشۇنداق) كاپىرلارغا بولىدۇ﴾[1]، ﴿وَأَنزَلْنَآ إِلَيْكَ ٱلْكِتَٰبَ بِٱلْحَقِّ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ ٱلْكِتَٰبِ وَمُهَيْمِنًا عَلَيْهِ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا بۇ ھەق كىتاب (قۇرئان)نى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋى) كىتابلارنى تەستىقلىغۇچى ۋە ئۇلارغا گۇۋاھ بولغۇچى قىلىپ نازىل قىلدۇق﴾ [2].

ئەمما ئاخىر زامان پەيغەمبىرىنى قولىدىكى «تەۋرات»نىڭ بېشارەتلىرى ئارقىلىق خۇددى ئۆز باللىرىنى تونۇغاندەك تونۇغان ئەھلى كىتاب ئۆلىمالىرى ھەقىقەتنى يوشۇراتتى. ئۇلارنىڭ مەككىلىك كاپىرلارغا: «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەق پەيغەمبەردۇر، ئۇ بىزنىڭ كىتابلىرىمىزدا بېشارەت بېرىلگەن پەيغەمبەردۇر» دېيىشى كۈتۈلگەن بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، ئۇلار ھەرگىز ئۇنداق دېمىدى. گەرچە ئۇلار گۇۋاھلىقنى يوشۇرغان بولسىمۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكى ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكى خۇددى قۇياشتەك روشەندۇر. كۇفرى، ھەسەت ۋە تەكەببۇرلۇقتىن ئىبارەت يامان ئىللەت ئۆز ۋاقتىدىكى ئەھلى كىتاب ئۆلىمالىرىنىڭ ھەقىقەتنى دادىل ئېتىراپ قىلىشىغا توسقۇن بولغان ئىدى. ھازىرمۇ ئۇلارنىڭ ۋەزىيىتى ئۆزگەرگىنى يوق. ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلىپ «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۆجىزىلىرى ئارقا-ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئەقىل ئىگىلىرىنى ئۆزىگە قايىل قىلىپ تۇرسىمۇ، ئىماندىن نېسىۋىسى بولمىغانلار يەنىلا كۇفرىلىقنى داۋاملاشتۇرماقتا.

ئەگەر بۇ قۇرئان ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىنماي، باشقا بىر تىلدا نازىل قىلىنغان بولسا ۋە ئۇلارغا ئوقۇپ بېرىلگەن بولسا، ئۇلار ھەر خىل باھانىلەرنى كۆرسىتىپ يەنە ئىمان ئېيتمايتتى. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى ئەرەبلەرنىڭ تىلىدا نازىل قىلىشنى ئىرادە قىلدى. ئۇلار ھەقىقەتنى ئىزدىمەكچى بولسا، ھەقىقەتنىڭ بارچە دەلىللىرى ئۇلارنىڭ قولىدا تۇرۇپتۇ. بۇ ئەھۋالدا ئەرەبلەرنىڭ ئىمان ئېيتماسلىقىغا ھېچبىر ئۆزرىسى يوق. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» ئۇلارنىڭ ئۆز تىلىدا نازىل قىلىندى، پەيغەمبەرمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقتى. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ئۆز تىلىدا كىتاب نازىل قىلىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا كۆپلەپ شۈكۈر قىلىش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ كاتتا نېمەتنى بىلمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دۇنيا ۋە

[1] بەقەرە سۈرى89-ئايەت.

[2] مائىدە سۈرىسى: 48-ئايەت.

ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن مەھرۇم قالدى.

ئۇلار ئازابنى كۆرمىگۈچە ئىمان ئېيتمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇ دەۋەتكە شەك قىلىدۇ. ئازاب ئۇلارغا تۇيۇقسىز كەلگەن ۋاقىتتا، ئۇلار پەيغەمبەرنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە ئىمان ئېيتىپ ياخشىلاردىن بولۇش ئۈچۈن مۆھلەت بېرىلىشىنى تىلەيدۇ، ئەمما ئۇلار ئۇ چاغدا تولىمۇ كېچىكىپ قالغان بولىدۇ. مۇنداقلار ئاخىرەتتە جەھەننەمنى كۆرگەندىمۇ شۇنداق قۇرۇق ئارزۇلارنى قىلىپ باقىدۇ ۋە ئاللاھ تائالادىن ئۆزلىرىنى دۇنيا ھاياتىغا قايتۇرۇشىنى تىلەيدۇ. ئۇ چاغدا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا: ﴿قَالَ ٱخۡسَـُٔواْ فِيهَا وَلَا تُكَلِّمُونِ﴾ يەنى ﴿جەھەننەمدە خارلانغان ھالدا قېلىڭلار، (بۇ ھەقتە) ماڭا گەپ قىلغۇچى بولماڭلار﴾ [1] دەيدۇ.

ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، مەككىلىك كاپىرلار غەپلەت ئىچىدە يۈرىدۇ. ئۇلار مەسخىرە قىلغان ھالدا: «بىزنى قورقۇتۇۋاتقان ئازاب قاچان كېلىدۇ؟» دېيىشىدۇ. ئۇلار «ئى ئاللاھ! ئەگەر بۇ قۇرئان ھەق بولسا، بىزنى ئۇنىڭغا ھىدايەت قىلغىن» دېيىشنىڭ ئورنىغا، ﴿ٱللَّهُمَّ إِن كَانَ هَـٰذَا هُوَ ٱلۡحَقَّ مِنۡ عِندِكَ فَأَمۡطِرۡ عَلَيۡنَا حِجَارَةً مِّنَ ٱلسَّمَآءِ أَوِ ٱئۡتِنَا بِعَذَابٍ أَلِيمٍ﴾ يەنى ﴿ئى ئاللاھ! ئەگەر بۇ (قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەق (كىتاب) بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن ياكى بىزنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغىن!﴾ [2] دېدى. ئۇلارنىڭ مۇنداق تىلىشى ئازابنىڭ كېلىشىگە ئىشەنمىگەنلىكتىن بولۇپ، ئۇلار نە قىيامەتكە، نە ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا ئىشەنمەيتتى. شۇڭا ئۇلار بۇ ئازابنىڭ تېزراق كېلىشىنى تەلەپ قىلغان. ئەمما ئۇ كاپىرلار شۇ ھەقىقەتنى بىلمەيدۇكى، ئاللاھ تائالا ھەممە ئىشنى ئالدىن بەلگىلىۋەتكەندەك، ئازابنىڭ ۋاقتىنىمۇ بەلگىلىۋەتكەن. شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى ۋاقتى-سائىتى يېتىپ كەلگەن چاغدا چۈشىدۇ، ئۇنى ئالدىرىتىپ تېز چۈشۈرگىلى بولمايدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ مەنىدە دەيدۇكى، ئەگەر بىز ئۇلارغا تېگىشلىك بولغان ئازابنى كېچىكتۈرۈپ، ئۇلارنى نۇرغۇن يىللار نېمەتلەندۈرسەكمۇ، بۇنىڭ ئۇلارغا قىلچە پايدىسى بولمايدۇ، بەلكى جازاسى ئېغىرلىشىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئازابنىڭ كېچىككەنلىكىدىن غەپلەتكە چۆمۈپ گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى كۆپەرەك سادىر قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە

[1] مۇئمىنۇن سۈرىسى: 108-ئايەت.
[2] ئەنفال سۈرىسى: 32-ئايەت.

تېگىشلىك بولىدۇ.

كاپىرلارنىڭ جازاسىنى كېچىكتۈرۈش ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ گۇناھقا تېخىمۇ پېتىش ئارقىلىق قاتتىق ئازابقا ھەقلىق بولۇشى ئۈچۈن بولۇپ، شۇڭا كېچىكىپ كەلگەن ئازاب ناھايىتى قاتتىق بولىدۇ ۋە ئۇلارنى بىر دەمدىلا يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىدۇ. پىرئەۋن، ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ ۋە لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئاقىۋىتى بۇنىڭ مىسالى.

ئاللاھ تائالانىڭ ئەزەلدىن بېكىتىۋەتكەن قانۇنىيىتى ئەنە شۇنداق بولغان. زالىملارغا تەۋبە قىلىپ توغرا يولغا قايتىۋېلىشى ئۈچۈن كەڭ پۇرسەت ۋە نۇرغۇن ۋاقىت بېرىلگەن، ئۇلار تەۋبە قىلىپ ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ ئورنىغا، گۇناھ پاتقاقلىرىغا تېخىمۇ پاتقانسېرى جازامۇ ئاشۇرۇلغان ۋە ئاخىرىدا ئۇلار ئىبرەتلىك جازالىنىپ كىشىلەرنىڭ تىلىدا ئىبرەت داستانلىرى بولۇپ قالغان.

شۇ ئېنىقكى، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەۋەتىپ ئاگاھلاندۇرماي تۇرۇپ ھېچكىمنى جازالىمايدۇ ۋە ھېچقانداق شەھەرنى ھالاك قىلمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئاۋۋال پەيغەمبەر ئەۋەتىدۇ ۋە پەيغەمبەرنىڭ تىلى ئارقىلىق كىشىلەرنى ئىمانغا دەۋەت قىلىدۇ، ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ، ئاسىيلىق قىلغان ۋە كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلارنى ئاخىرەتتىكى دوزاخ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئۇلارغا ئېلىپ بېرىلىدىغان دەۋەت قايىل قىلارلىق ئۇسۇلدا، ھېكمەت بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇلار بۇ دەۋەتنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولسا نېمىدېگەن ياخشى. ئەگەر بويۇنتاۋلۇق قىلىپ، كۇفرىدا چىڭ تۇرسا ۋە پەيغەمبەرگە ئىشەنمەي ئۇنىڭ دىنىنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى ئۇلارنى قورشايدۇ. ئۇ چاغدا ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنى قۇتقۇزۇپ قېلىپ، كاپىرلارنى ئەڭ ئىبرەتلىك شەكىلدە ھالاك قىلىۋېتىدۇ. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھەربىر پەيغەمبەر بىلەن ئۇنىڭ قەۋمى ئوتتۇرىسىدا تۇتقان يولىدۇر.

مۇپەسسىرلەر ﴿إِنَّهُمْ عَنِ ٱلسَّمْعِ لَمَعْزُولُونَ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى توغرىسىدا ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزىسى ئۇلار پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاشتىن توسۇلغان، دەپ مەنە ئېيتسا، بەزىسى ئۇلار قۇرئاننى تىڭشاشتىن توسۇلغان، دەپ مەنە ئېيتقان. يەنە بەزىسى ئۇلار ۋەھيىنى تىڭشاشتىن توسۇلغان، دەپ مەنە ئېيتقان. ئايەت بۇ مەنىلەرنىڭ

ھەممىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

شەيتانلار ۋەھيىنى تىڭشاشتىنمۇ توسۇلغان ۋە ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرۇلغان تۇرسا، ئۇلار قانداقمۇ قۇرئاننى ئاسماندىن ئېلىپ چۈشەلىسۇن؟ بۇ قەتئىي مۇمكىن ئەمەس ئىشتۇر.

كاپىرلار ھەق دىنىنى قوبۇل قىلماسلىقتا ۋە ئۇنىڭغا جان جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇشقا بەل باغلىغاندىن كېيىن، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەر خىل تۆھمەتلەرنى توقۇپ چىققان. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا گاھ جىنلاردىن تەلىم ئالغان ئادەم دېسە، گاھ سېھىرگەر دەپ تۆھمەت قىلغان، «قۇرئان كەرىم»گە بولسا، گاھ جىنلاردىن ئېلىنغان تەلىمات دېسە، گاھ ئەرەب ئەمەس بىر ئىنسان توقۇپ چىققان سۆزلەر دەپ تۆھمەت قىلاتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ دەيدۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا شەيتانلارنىڭ چۈشكىنى يوق، ئۇلارنىڭ ئۇنداق قىلىشقا كۈچىمۇ يەتمەيدۇ. چۈنكى، شەيتانلار يۇقىرى ئۇيۇقتىكى پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ۋە خەۋەرلىرىنىمۇ ئاڭلىيالمايدىغان تۇرسا، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ۋەھيىسىنى قانداقمۇ ئاڭلىيالىسۇن؟!

«ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كېلىشتىن بۇرۇن جىنلار بىلەن سۆزلىشىدىغان كاھىنلار مەۋجۇت ئىدى. شەيتانلار يۇقىرى ئۇيۇقتىكى پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ۋە بولىدىغان ئىشلار توغرۇلۇق ئاسمان خەۋەرلىرىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋالاتتى. ئاندىن بۇ سۆزلەرنى زېمىندىكى كاھىنلارغا دەپ بېرەتتى. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كېلىشتىن ئازراق ۋاقىت ئىلگىرى ئاللاھ تائالا جىنلارنىڭ بۇنداق قىلىشىنى قەتئىي چەكلىۋەتكەن بولۇپ، سۆز ئوغرىلىماقچى بولغان جىنلار پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئوت ئۇچقۇنلىرى بىلەن ئېتىپ تاشلىنىدىغان بولغان. ﴿وَأَنَّا لَمَسْنَا ٱلسَّمَآءَ فَوَجَدْنَٰهَا مُلِئَتْ حَرَسًا شَدِيدًا وَشُهُبًا ۝٨ وَأَنَّا كُنَّا نَقْعُدُ مِنْهَا مَقَٰعِدَ لِلسَّمْعِ ۖ فَمَن يَسْتَمِعِ ٱلْـَٔانَ يَجِدْ لَهُۥ شِهَابًا رَّصَدًا﴾ يەنى ﴿بىز ھەقىقەتەن (پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاش ئۈچۈن) ئاسمانغا چىقىشقا ئۇرۇنغان ئىدۇق، ئاسماننىڭ (پەرىشتىلەردىن بولغان) كۈچلۈك مۇھاپىزەتچىلەر ۋە كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلار بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىدۇق. شەكسىزكى، بىز (ئىلگىرى) ئاسماننىڭ ئولتۇرۇشقا بولىدىغان جايلىرىدا (خەۋەر) تىڭشاش ئۈچۈن ئولتۇراتتۇق. ئەمدى كىمكى تىڭشاشقا ئۇرۇنىدىكەن، ئۇ (ئۆزىنى) كۆزىتىپ تۇرغان

كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلارغا يولۇقىدۇ﴾ [1]. يۇقىرىقى ھەقىقەتلەر ھەركىمنىڭ نەزىرىدە، خۇسۇسەن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ نەزىرىدە ئىسپاتلانغان ئىكەن، سەن ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرىگە ھەرگىز ئىبادەت قىلمىغىن، ئەگەر شۇنداق قىلساڭ ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىغا دۇچار بولىسەن»[2].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم»نى ئاللاھ تائالادىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئېلىپ كەلگەن پەرىشتە جىبرىلدۇر.

2. يەھۇدىي ۋە خرىستىيان ئۆلىمالىرىغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن «قۇرئان كەرىم» تونۇشلۇق ئىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ساماۋى كىتابلىرى ئۇلارغا بۇ ھەقتە يېتەرلىك بىشارەتلەرنى بەرگەن.

3. ئىنسان گۇناھقا پاتقانسېرى ئۇنىڭ قەلبى قارىيىپ، ئىماندىن يىراقلىشىپ قالىدۇ ۋە تەۋبە قىلىش پۇرسىتى ئاز بولىدۇ.

4. ئۆلۈم كەلگەن ۋاقىتتا قىلغان تەۋبىنىڭ ۋە ئېيتقان ئىماننىڭ پايدىسى يوقتۇر.

5. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى مەسخىرە قىلغۇچىلار كاپىر بولىدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئىبرەتلىك ئازابىغا تۇتۇلىدۇ.

6. ئاللاھ تائالا ھېچقانداق قەۋمنى ئاگاھلاندۇرماي تۇرۇپ جازالىمايدۇ.

7. كاپىر پېتى ئۆلگەنلەر ياكى مۇسۇلمان بولسىمۇ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈپ تەۋبە قىلماي ئۆلۈپ كەتكەنلەر دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.

8. ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا دۇئا قىلىپ بىر نەرسە تىلەش ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر. بۇنداق قىلغان ئادەم تەۋبە قىلىپ قايتىدىن ئىمان ئېيتىشقا موھتاجدۇر.

## ◄ رەببانىي نەسىھەتلەر

﴿وَأَنذِرْ عَشِيرَتَكَ ٱلْأَقْرَبِينَ ﴿٢١٤﴾ وَٱخْفِضْ جَنَاحَكَ لِمَنِ ٱتَّبَعَكَ مِنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٢١٥﴾ فَإِنْ عَصَوْكَ فَقُلْ إِنِّى بَرِىٓءٌ مِّمَّا تَعْمَلُونَ ﴿٢١٦﴾

---

[1] جىن سۈرىسى: 8-9-ئايەتلەر.

[2] «التفسير الواضح» 2- توم، 776- بەت.

وَتَوَكَّلۡ عَلَى ٱلۡعَزِيزِ ٱلرَّحِيمِ ﴿٢١٧﴾ ٱلَّذِي يَرَىٰكَ حِينَ تَقُومُ ﴿٢١٨﴾ وَتَقَلُّبَكَ
فِي ٱلسَّٰجِدِينَ ﴿٢١٩﴾ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ ﴿٢٢٠﴾

## تەرجىمىسى

214ـ(ئى پەيغەمبەر! ئاۋۋال) يېقىن تۇغقانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن.

215ـ ساڭا ئەگەشكەن مۆئمىنلەرگە كەمتەر بولغىن.

216ـ ئەگەر ئۇلار ساڭا ئاسىيلىق قىلسا: «مەن سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن ھەقىقەتەن بىزارمەن» دېگىن.

217ـ220ـ سېنىڭ (تەھەججۇد نامىزىغا) تۇرغان ۋاقتىڭدىكى ھالىتىڭنى ۋە ناماز ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى ھەرىكىتىڭنى كۆرۈپ تۇرىدىغان، مۇتلەق غالىب، ناھايىتى مېھرىبان ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقى سەۋەبلىك قايغۇرماسلىققا بۇيرۇغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىبرەتلىك قىسسىلىرىنى بايان قىلغان ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ھىدايىتى ۋە بەخت-سائادىتى ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدىغان دەلىل-ئىسپاتلارنى كەلتۈرۈپ، مۇشرىك ئەرەبلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىشتىكى بارلىق سەپسەتىلىرىنى بىر-بىرلەپ بىتچىت قىلغان. ئاخىرىدا ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن قەتئىي چەكلىگەن.

ئالدىنقى ماۋزۇدىكى: ﴿فَلَا تَدۡعُ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھقا باشقا بىر ئىلاھنى قوشۇپ ئىبادەت قىلمىغىن﴾ [1] دېگەن ئايەتتىكى خىتاب مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۈممىتىگە قارىتىلغان ئومۇمىي ئەمر-پەرماندۇر. ئاللاھ تائالانىڭ

[1] شۇئەرا سۈرىسى: 213ـ ئايەت.

شۇنىڭغا ئەگەشتۈرۈپ، ﴿(ئاۋۋال) يېقىن تۇغقانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن﴾ دېگەن ئەمرىدىن دەۋەتنى ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىدىن باشلاشنىڭ مۇھىملىقى ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى، ئىنسان ھەرقانداق بىر ياخشىلىقنى ئاۋۋال ئۆزىگە، ئاندىن ئەڭ يېقىن كىشىلىرىگە قىلىشنى ياقتۇرىدۇ.

ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ﴿(ئاۋۋال) يېقىن تۇغقانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغان ھامان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيش قەبىلىسىدىكىلەرنى يىغىپ ئۇلارغا مۇنداق نۇتۇق سۆزلىگەن: «ئى كەئب ئىبنى لۇئەينىڭ ئەۋلادلىرى! ئۆزۈڭلارنى دوزاخ ئازابىدىن قۇتقۇزۇڭلار. ئى ئابدۇماناپ ئەۋلادى! ئۆزۈڭلارنى دوزاخ ئازابىدىن قۇتقۇزۇڭلار. ئى ھاشىم ئەۋلادى! ئۆزۈڭلارنى دوزاخ ئازابىدىن قۇتقۇزۇڭلار. ئى ئابدۇلمۇتتەلىب ئەۋلادى! ئۆزۈڭلارنى دوزاخ ئازابىدىن قۇتقۇزۇڭلار. ئى قىزىم فاتىمە! سەنمۇ ئۆزىڭىزنى دوزاخ ئازابىدىن قۇتقۇزۇڭ، مەن سىلەرگە بۇ دۇنيادا قولۇمدىن كەلگەن ياخشىلىقلارنى قىلالىسامۇ، سىلەرنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزالمايمەن»[1].

بۇ ھەقىقەتەن تولىمۇ قىممەتلىك ۋە تولىمۇ سەممىي نەسىھەت ۋە ئاگاھلاندۇرۇش بولۇپ، كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش يولىدا يۇرۇۋاتقان كىشىلەر ئۈچۈن ئۈلگىلىك سۆزلەردۇر. ھەرقانداق بىر ياخشىلىقنى ئاۋۋال ئۆزىڭىزنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىڭىزگە قىلىشتىن باشلىغاندەك، دەۋەتنىمۇ ئەڭ يېقىن كىشىڭىزدىن باشلىشىڭىز سىزنىڭ بۇ ئىشتا ئۇتۇق قازىنىشىڭىزغا ياردەمچى بولىدۇ. چۈنكى، سىزنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىڭىز سىزنى ھەممىدىن ئوبدان تونۇيدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار سىزگە شەكسىز ئىشىنىدۇ ۋە سۆزىڭىزگە قۇلاق سالىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە سىزنىڭ گۈزەل ئەخلاقىڭىز، راستچىللىقىڭىز ۋە دۇرۇسلۇقىڭىز قاتارلىقلارنى قوشقاندا، ئەلۋەتتە، سىزنىڭ سۆزلىرىڭىزنىڭ تەسىرى چوڭ، نەتىجىسى زور بولىدۇ.

مۇھىم بولغىنى سىزنىڭ ئەخلاقىڭىز ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. چۈنكى، سىزنىڭ ئەخلاقىڭىزغا قايىل بولغانلار سىزنىڭ سۆزىڭىزنى ئاڭلايدۇ ۋە سىزنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىدۇ. نەتىجىدە، دەۋىتىڭىز

[1] «صحيح مسلم» 1 ـ توم، 192 ـ بەت.

غەلىبىلىك بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ﴿(ئاۋۋال) يېقىن تۇغقانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن. ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگە كەمتەر بولغىن﴾ دېگەن سۆزى بۇنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، سىزگە ئەڭ يېقىن ئادەملىرىڭىز ئەگەشمىسە، ئۇلار سىزنىڭ سۆزىڭىزنى تىڭشىمىسا، باشقىلارنىڭ سىزگە ئەگىشىشى ۋە سۆزىڭىزنى تىڭشىشى قىيىن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دەسلەپ ۋەھيى كەلگەندە، ئۇنى تۇنجى بولۇپ ۋاپادار ئايالى ھەزرىتى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا قوللىغان ۋە ئۇنىڭ راستىنلا پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىپ ئۇنى قوللىغان، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىبنىڭ ئوغلى ۋە ئۆز ئۆيىدە چوڭ قىلغان جىيەنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىمان ئېيتقان. ئىسلام دەۋىتى مانا مۇشۇ تۆت كىشى بىلەن باشلانغان.

ئاللاھ تائالا بۇ مەنىدە دەيدۇكى، ئەگەر ساڭا يېقىن تۇغقانلىرىڭ ئەگەشمىسە ۋە ئۇلار ساڭا ئاسىيلىق قىلسا، ئۇلارغا: ﴿مەن سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن ھەقىقەتەن بىزارمەن﴾ دېگىن ۋە رەببىڭگە چىن ئىشەنچ بىلەن تەۋەككۇل قىلغىن، بارلىق ئىشلىرىڭنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغىن. چۈنكى، رەببىڭ ھەممىگە قادىر، ھەممىگە غالىب زات بولۇپ، مۇئمىن بەندىلىرىگە ياردەم قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ. كاپىرلارنى، ئاسىي-گۇناھكارلارنى جازالايدۇ، ئۇ سېنى ھەر ۋاقىت كۆرۈپ تۇرىدۇ، خۇسۇسەن، ئۇ سېنىڭ قاراڭغۇ كېچىدە تەھەججۇد نامىزىغا تۇرغان ۋاقتىڭدىكى ھالىتىڭنى ۋە بەش ۋاخ نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇغان ۋاقتلىرىڭدىكى ھەرىكىتىڭنى، شۇنداقلا بارلىق ئىشلىرىڭنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرىدۇ. ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا بارلىق دۇئالارنى، مۇناجاتلارنى ۋە تىلەكلەرنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممە ئىشنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەربىر ياخشىلىقنى ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىگە قىلىشتىن باشلاش ياخشى بولغاندەك، دەۋەتنىمۇ ئاۋۋال يېقىنلارغا قىلىشتىن باشلاش غەلىبىلىك بولىدۇ.

2. ھەركىمگە، خۇسۇسەن، مۇسۇلمانلارغا كەمتەر ۋە سىلىق مۇئامىلە

قىلىش ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقتۇر.

3. ئاللاھ تائالاغا چىن ئىشەنچ قىلىپ، ئۇنىڭغا تايانغان ئادەم ھەرگىز زىيان تارتمايدۇ.

4. كېچىلەردە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئەمەل ۋە ئەڭ ساۋابلىق ئىبادەتتۇر.

### ◄ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كاھىن ياكى شائىر دېگۈچىلەرگە رەددىيە

﴿هَلۡ أُنَبِّئُكُمۡ عَلَىٰ مَن تَنَزَّلُ ٱلشَّيَٰطِينُ ﴿٢٢١﴾ تَنَزَّلُ عَلَىٰ كُلِّ أَفَّاكٍ أَثِيمٖ ﴿٢٢٢﴾ يُلۡقُونَ ٱلسَّمۡعَ وَأَكۡثَرُهُمۡ كَٰذِبُونَ ﴿٢٢٣﴾ وَٱلشُّعَرَآءُ يَتَّبِعُهُمُ ٱلۡغَاوُۥنَ ﴿٢٢٤﴾ أَلَمۡ تَرَ أَنَّهُمۡ فِي كُلِّ وَادٖ يَهِيمُونَ ﴿٢٢٥﴾ وَأَنَّهُمۡ يَقُولُونَ مَا لَا يَفۡعَلُونَ ﴿٢٢٦﴾ إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَذَكَرُواْ ٱللَّهَ كَثِيرٗا وَٱنتَصَرُواْ مِنۢ بَعۡدِ مَا ظُلِمُواْۗ وَسَيَعۡلَمُ ٱلَّذِينَ ظَلَمُوٓاْ أَيَّ مُنقَلَبٖ يَنقَلِبُونَ ﴿٢٢٧﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

221ـ مەن سىلەرگە شەيتانلارنىڭ كىمگە چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟

222ـ ئۇلار ھەربىر تۆھمەتخور گۇناھكارغا چۈشىدۇ.

223ـ ئۇلار ئۇنىڭغا (ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋالغان) گەپلەرنى يەتكۈزىدۇ، ئۇلارنىڭ (شەيتانلارنىڭ) تولىسى يالغانچىلاردۇر.

224ـ شائىرلارغا ئازغۇنلار ئەگىشىدۇ.

225ـ226ـ ئۇلارنىڭ ھەر ۋادىدا تېڭىرقاپ يۈرىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزى قىلمايدىغان ئىشلارنى دەيدىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

227ـ پەقەت ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەن، زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۆزىنى قوغدىغان[1] شائىرلار بۇنىڭدىن

[1] بۇ يەردە مۇسۇلمانلارنى سۆكۈپ شېئىر ئېيتقان مۇشرىكلارغا رەددىيە بېرىپ، ئۇلارنى يەڭگەن مۇسۇلمان شائىرلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

مۇستەھسنا. زۇلۇم قىلغۇچىلار ئۇزاققا قالماي، ئۆزلىرىنىڭ قايسى جايغا قايتىدىغانلىقىنى بىلىپ قالىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

«قۇرئان كەرىم» ئىنسانلارنىڭ قەلبىگە قاتتىق تەسىر قىلغان ئىدى. ھەقىقەتەن ئۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، جەلپكارلىقى ئۇلارنى ئۆزىگە تارتىۋالاتتى. ئۇنىڭ تىلاۋىتى ئۇلارنىڭ دىللىرىنى تىترىتەتتى. ئىسلامنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە ئىختىيارسىز ھالدا «قۇرئان كەرىم»دىن بىر قانچە ئايەتنى ئاڭلاپ قىلىپ مۇنداق دېگەن: «قەسەم بىلەن شۇنى تەكىتلەيمەنكى، قۇرئاننىڭ قەلبلەرگە شۇنداق بىر ھالاۋىتى ۋە زىننىتى باركى، ئۇ كۆڭۈلنى يايرىتىۋېتىدۇ ۋە ياشارتىۋېتىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ ئىنسان سۆزى ئەمەس». سەھرالىق ئەرەبلەردىن بىرى: ﴿فَٱصۡدَعۡ بِمَا تُؤۡمَرُ وَأَعۡرِضۡ عَنِ ٱلۡمُشۡرِكِينَ﴾ يەنى ﴿ساڭا بۇيرۇلغان (ھەق دەۋەت)نى ئوچۇق-ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغىن، مۇشرىكلارغا پەرۋا قىلمىغىن﴾ [1] دېگەن ئايەتنى ئاڭلاپ دەرھال سەجدە قىلغان. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن سەجدە قىلغانلىقى توغرۇلۇق سورالغاندا، «مەن بۇ ئايەتنىڭ بەدىئىيلىكىگە سەجدە قىلدىم» دېگەن.

ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىسلامغا ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەن بولۇپ تۇرۇپ، سىڭلىسىدىن تاھا سۈرىسىنىڭ بېشىدىن بىر قانچە ئايەتنىڭ تىلاۋىتىنى ئاڭلاپ قىلىش بىلەن بىردىنلا كۆڭلى يۇمشاپ ئىمان ئېيتقانلىقىمۇ مەشھۇر بىر قىسسىدۇر.

ئەرەب مۇشرىكلىرى «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆڭۈللەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشتەك چوڭقۇر تەسىر كۈچىدىن ھەيران قېلىشقان. ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نى گاھ سېھىر دېسە، گاھ شېئىر دېگەن، گاھ كاھىننىڭ (پالچىنىڭ) سۆزى دېسە، گاھ قەدىمكىلەرنىڭ ئەپسانىلىرى دېگەن. ئاللاھ تائالا بۇ يەردە ئۇلارنىڭ بۇ تۆھمەتلىرىگە رەددىيە بېرىپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ كاھىننىڭ ياكى شائىرنىڭ سۆزى ئەمەسلىكىنى، پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ.

جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدا پالچىلىقنىڭ تەسىرى

[1] ھىجر سۈرىسى: 94-ئايەت.

كۈچلۈك ئىدى. كاھىنلار كىشىلەرنىڭ دەۋا ئىشلىرىنى سوراپتتى، قىيىنچىلىقلىرىغا چارە-تەدبىر تاپاتتى. ئەرەبلەرنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە بۇنداق قىسسىلەر ناھايىتى كۆپ ئورۇن ئالغان. پالچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە، يالغانچىلىقىغا ۋە شەيتانلار ئوغرىلاپ كەلگەن ئاسمان خەۋەرلىرىگە تايىنىپ ئىش كۆرەتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرى مۇتلەق كۆپ ۋاقىتلاردا يالغان چىقىسىمۇ، قىسمەن ھاللاردا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن چىقىپ قالغانلىقتىن، كىشىلەر ئۇلارغا ئىشىنىپ كېتەتتى.

بۇ يەردە ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ كاھىنلىق ياكى پالچىلىق بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى جاكارلايدۇ. ئەي خالايىق! مەن سىلەرگە شەيتانلارنىڭ كىملەرگە چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ شەيتانلار پەقەت يالغانچى، تۆھمەتخور، گۇناھكار، پاسىق ئادەملەرگە چۈشىدۇ. شەيتان ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋالغان سۆزلىرىنى شۇلارغا ئېيتىپ بېرىدۇ. ئەمما شەيتانلارنىڭ ۋە شەيتانلارغا قۇلاق سالغان پاسىقلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى يالغانچىلار بولۇپ، شەيتانلار ئاسماندا ئاڭلىۋالغان سۆزلىرىگە نۇرغۇنلىغان يالغانلارنى قوشۇپ سۆزلەيدۇ، بۇلارنى ئاڭلىغان كاھىنلارمۇ ئۆزىدىن نۇرغۇن يالغانلارنى قوشۇپ سۆزلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئىنسانلارنى يالغان سۆزلىرى بىلەن ئالداپ يۈرىدۇ. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كاھىن ئەمەس، ئۇنىڭغا كەلگەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ كاھىنلىق بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. شۇنىڭدەك، «قۇرئان كەرىم» شېئىرمۇ ئەمەس ياكى كاھىنىنىڭ سۆزىمۇ ئەمەس. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شائىر بولمىغان، بىرەر قېتىممۇ شېئىر يېزىپ باقمىغان، ئۇ كاھىنلارنىڭ يېنىغىمۇ بېرىپ باقمىغان. شەكسىزكى، «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكى شەك قوبۇل قىلمايدىغان، ئوپئوچۇق ھەقىقەتتۇر.

﴿يُلۡقُونَ ٱلسَّمۡعَ وَأَكۡثَرُهُمۡ كَٰذِبُونَ﴾ دېگەن ئايەتنى: «ئاشۇ تۆھمەتخور گۇناھكارلار شەيتانلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالىدۇ، ھالبۇكى، شەيتانلارنىڭ تولىسى يالغانچىلاردۇر» دەپ تەپسىر قىلغانلارمۇ بار.

ئەمدى شائىرلارغا كەلسەك، ئۇلارغا ھەقىقەتتىن يىراقلاشقان، ئازغۇن ئادەملەرلا ئەگىشىدۇ. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھىدايەت تاپقان ياخشىلار ئەگىشىدۇ. كۆرمەمسەنكى، شائىرلار غەزەل، مەدھىيە، مەرسىيە، ھەجۋىي دېگەندەك ماۋزۇلاردا ھەر ۋادىدىن سۆزلەيدۇ. ئۇلار باتىلنى

ماختاپ، ھەقىقەتنى سۆكىدىغان ئىشلارنىمۇ قىلىدۇ. چۈنكى، شېئىرنىڭ ئاساسى خىيالدىن ئىبارەت بولۇپ، خىيال ئۇلارنى ھەر تەرەپلەرگە ئېلىپ بارىدۇ. شائىر قانچىلىك خىيالچان ۋە ھېسسىياتچان بولسا، ئۇنىڭ شېئىرلىرى شۇنچىلىك كۈچلۈك ۋە تەسىرلىك چىقىدۇ. شېئىر دېگەن كۆپىنچە راستچىللىقنى ئاساس قىلماي، مۇبالىغە قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ. شۇڭا ئەرەبلەردە: «شېئىرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئەڭ يالغىنىدۇر» دەيدىغان ھېكمەت بار. شائىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ھېسسىيات بىلەن خىيالنىڭ ئارقىسىدىن يۈرىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى تەشۋىق قىلغان ئىشلارنى ئۆزلىرى قىلمايدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شېئىر بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. چۈنكى، شېئىر دېگەننىڭ ياخشىسىمۇ، يامىنىمۇ، ھەقىقىتىمۇ، يالغىنىمۇ بار تۇرسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك پەقەت راستىنلا ۋە توغرىنىلا سۆزلەيدىغان بىر پەيغەمبەرگە قانداقمۇ شېئىر ياراشسۇن؟

شېئىرنىڭمۇ ھەممىسى ئەيىبلەنمەيدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى مەدھىيەلەشكە ئەرزىيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «إِنَّ مِنَ الْبَيَانِ سِحْرًا ، وَإِنَّ مِنَ الشِّعْرِ حِكْمَةً» يەنى «سۆزلەرنىڭ ئىچىدە تەسىرلىك سۆزلەر بار، شېئىرلارنىڭ ئىچىدىمۇ ھېكمەت بار»[1] دېگەن ھەدىسى مەزمۇنى ساغلام، ياخشى شېئىرلارغا قارىتىلغان.

ھەقىقەتنى سۆزلەيدىغان، ۋەتەننى، گۈزەل ئەخلاقنى ۋە ماختاشقا لايىق بولغانلارنى مەدھىيەلەيدىغان، ئالىيجاناب شائىر بىلەن بۇزۇقچىلىقنى تەشۋىق قىلىدىغان، نامەردلەرنى ماختايدىغان، ھەقنى باتىل قىلىپ، باتىلنى ھەق قىلىپ كۆرسىتىدىغان، پۇلغا سېتىلىدىغان، ئېغىزى بۇزۇق، تەبىئىتى پەس شائىرلار ھەرگىز ئوخشاش ئەمەس. ئالدىنقىسى دىنىمىزدا مەدھىيەلىنىدۇ، كېيىنكىسى ئەيىبلىنىدۇ.

يۇقىرىقى: ﴿پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەن، زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۆزىنى قوغدىغان شائىرلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾ دېگەن ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئىجابىي شائىرلارنى سەلبىي شائىرلاردىن ئايرىغان. قەدىمدە ئەرەب شائىرلىرىدىن ھەسسان ئىبنى سابىت، كەئب ئىبنى زۇھەير ۋە كەئب ئىبنى مالىك، پاكىستانلىق شائىر مۇھەممەد ئىقبال، ئۇيغۇر شائىرى ھۆسەينخان

[1] «صحيح البخاري»1 ـتوم 469ـبەت، 872ـ ھەدىس.

تەجەللىي قاتارلىقلارغا ئوخشىغان ھەققانىي شائىرلار پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەدھىيەلىگەن بولسا، كېيىنكى ئەسىرلەردە ئىمام بۇسەيرىي، ئەھمەد شەۋقىي قاتارلىق شائىرلارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەدھىيەلەپ كۆپلىگەن گۈزەل شېئىرلارنى يازغان.

بۇ سۈرە ﴿زۇلۇم قىلغۇچىلار ئۇزاققا قالماي، ئۆزلىرىنىڭ قايسى جايغا قايتىدىغانلىقىنى بىلىپ قالىدۇ﴾ دېگەن ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن ئاخىرلاشقان.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. شەيتانلار يەر يۈزىدىكى پاسىقلارغا چۈشىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ بۇز-غۇنچىلىقىغا ياردەم قىلىدۇ.

2. «قۇرئان كەرىم» كاھىنلارنىڭ سۆزى بولۇشتىن ياكى شېئىر بولۇشتىن ئەلۋەتتە ئۈستۈن ۋە پاكتۇر.

3. ھىدايەتتىن مەھرۇم قالغان شائىرلار ھەقنى باتىل، باتىلنى ھەق كۆرسىتىپ تەسۋىرلەيدۇ.

4. ئىجابىي شېئىرلار ۋە ھەققانىي شائىرلار ھەر زامان مەدھىيەگە لايىقتۇر.

5. زۇلۇمنىڭ ئاقىۋىتى ھەقىقەتەن يامان بولۇپ، زالىملار جازاسىنى ئەڭ ئىبرەتلىك شەكىلدە تارتىدۇ.

# نەمل سۈرىسى

نەمل سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 93 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بۇ سۈرىدە ئالدىنقى سۈرىدىكى پەيغەمبەرلەر قىسسىسىگە ئەگەشتۈرۈپ داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىلىرى بايان قىلىنغان. لۇت ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىلىرى ئالدىنقى سۈرىدە بايان قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ سۈرىدە تەپسىلىيرەك بايان قىلىنغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك مۆجىزىنى ئاتا قىلغانلىقىغا شۈكۈر قىلىشنى ۋە دىنىنى يەتكۈزۈش يولىدا چىداملىق بولۇشنى تەۋسىيە قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەڭ شەرەپلىك ۋە ئەڭ مۇقەددەس كىتاب ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ مۆئمىنلەرگە ھىدايەت ۋە رەھمەت ئىكەنلىكى، كاپىرلارنىڭ زىيان تارتىدىغانلىقى، مۇسا، داۋۇد ۋە سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىسى، بىلقىسنىڭ ئەھۋالى، ھۆپۈپنىڭ خىزمىتى، بىلقىسنىڭ سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئىمان ئېيتقانلىقى، سالىھ ئەلەيھىسسالام بىلەن لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋملىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدىغانلىقى قاتارلىق بايانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ سۈرىدە يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىلگەن.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى 18 - ئايەتتە كەلگەن چۈمۈلە مەنىسىدىكى ﴿ٱلنَّمْلِ﴾ يەنى «نەمل» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ئايەتتە سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشۇنلىرىغا يول بوشىتىپ بەرگەن چۈمۈلىلەر ھەققىدىكى قىسسە بايان قىلىنغان.

### ◄ «قۇرئان كەرىم» ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿طسٓۚ تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱلۡقُرۡءَانِ وَكِتَابٖ مُّبِينٍ ١ هُدٗى وَبُشۡرَىٰ
لِلۡمُؤۡمِنِينَ ٢ ٱلَّذِينَ يُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ وَيُؤۡتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ وَهُم
بِٱلۡأٓخِرَةِ هُمۡ يُوقِنُونَ ٣ إِنَّ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡأٓخِرَةِ زَيَّنَّا لَهُمۡ
أَعۡمَٰلَهُمۡ فَهُمۡ يَعۡمَهُونَ ٤ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ لَهُمۡ سُوٓءُ ٱلۡعَذَابِ وَهُمۡ فِي
ٱلۡأٓخِرَةِ هُمُ ٱلۡأَخۡسَرُونَ ٥ وَإِنَّكَ لَتُلَقَّى ٱلۡقُرۡءَانَ مِن لَّدُنۡ حَكِيمٍ
عَلِيمٍ ٦﴾

### ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ تا، سىن (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى). بۇلار قۇرئاننىڭ ۋە (ھەر نەرسىنى) روشەن بايان قىلغۇچى كىتابنىڭ ئايەتلىرىدۇر،

2ـ3ـ (بۇ ئايەتلەر) نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان، زاكات بېرىدىغان ۋە ئاخىرەتكە چىن ئىشىنىدىغان مۇئمىنلەر ئۈچۈن ھىدايەت ۋە خۇش خەۋەردۇر.

4ـ ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارغا ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى ھەقىقەتەن چىرايلىق كۆرسەتتۇق. شۇڭا ئۇلار (ئازغۇنلۇقلىرىدا) تېڭىرقاپ يۈرۈشىدۇ.

5ـ ئەنە شۇلار (دۇنيادا) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ، ئۇلار ئاخىرەتتە ئەڭ زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

6ـ (ئى پەيغەمبەر!) ساڭا بۇ قۇرئان ئەلۋەتتە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلمەكتە.

### ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

مانا بۇ نەمل سۈرىسىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، بۇ سۈرىنىڭ باشلىنىشى قەسەس سۈرىسىنىڭ باشلىنىشىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. چۈنكى، بۇ

سۈرە ﴿طا، سىن﴾ بىلەن باشلانغان بولسا، قەسەس سۈرىسى ﴿طا، سىم﴾ بىلەن باشلانغان. بۇنىڭدىكى سىر ۋە ھېكمەتنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ. ﴿وَمَا يَعۡلَمُ تَأۡوِيلَهُۥٓ إِلَّا ٱللَّهُۗ وَٱلرَّٰسِخُونَ فِي ٱلۡعِلۡمِ يَقُولُونَ ءَامَنَّا بِهِۦ كُلّٞ مِّنۡ عِندِ رَبِّنَاۗ﴾ يەنى ﴿بۇنداق ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ. ئىلىمدا توشقانلار ئېيتىدۇكى: «ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، ھەممىسى رەببىمىز تەرىپىدىن كەلگەن»﴾ [1].

### ◄ تەپسىرى

شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ سۈرىنىڭ ئايەتلىرى «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت مەنىسى روشەن، غايىسى ئېنىق ۋە ئەھكاملىرى ئوچۇق بايان قىلىنغان شانلىق كىتابنىڭ ئايەتلىرىدۇر.

ھىجر سۈرىسىنىڭ بېشىدىن: ﴿تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱلۡكِتَٰبِ وَقُرۡءَانٖ مُّبِينٖ﴾ يەنى ﴿بۇلار كىتابنىڭ ۋە (ھەر نەرسىنى) روشەن بايان قىلغۇچى قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىدۇر﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان بولساق، بۇ سۈرىنىڭ بېشىدىن: ﴿تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱلۡقُرۡءَانِ وَكِتَابٖ مُّبِينٍ﴾ يەنى ﴿بۇلار قۇرئاننىڭ ۋە (ھەر نەرسىنى) روشەن بايان قىلغۇچى كىتابنىڭ ئايەتلىرىدۇر﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇۋاتىمىز. كۆرۈۋاتىمىزكى، بۇ ئىككى ئايەتنىڭ بىرىدە، «كىتاب» دېگەن سۆز «قۇرئان» دېگەن سۆزدىن ئىلگىرى كەلتۈرۈلگەن، يەنە بىرىدە، «قۇرئان» دېگەن سۆز «كىتاب» دېگەن سۆزدىن ئىلگىرى كەلتۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ كالامىنى قۇرئان ۋە كىتاب دەپ ئىككى سۈپەت بىلەن سۈپەتلىگەن بولۇپ، ئىككىلىسى ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان ئاخىرقى ساماۋى كىتاب «قۇرئان كەرىم»نى كۆرسىتىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» مۆئمىنلەر ئۈچۈن ھىدايەت ۋە بېشارەتتۇر. گەرچە ئۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ھىدايىتى ئۈچۈن نازىل قىلىنغان كىتاب بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن مەنپەئەت ئالىدىغانلار پەقەتلا ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگەن مۆئمىنلەردۇر. ئۇ مۆئمىنلەر نامازلىرىنى پۈتۈن شەرتلىرىگە ۋە قائىدە-تەرتىپلىرىگە رىئايە قىلغان ھالدا ۋاقتىدا مۇكەممەل ئوقۇيدىغان، زاكاتنى تېگىشلىك بولغان كىشىلەرنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ بېرىپ تولۇق ئادا قىلىدىغان ۋە قىيامەت كۈنىگە، ئۇ كۈندە بولىدىغان تىرىلىش،

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 7-ئايەت.

ھېساب بېرىش، جەننەت ۋە دوزاخ قاتارلىق ھەقىقەتلەرگە چىن ئىشەنمىدىغان زاتلاردۇر. «قۇرئان كەرىم» مۆئمىنلەر ئۈچۈن ھىدايەت بولغىنىدەك، ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتە ئېرىشىدىغان ئالىي دەرىجىلىرى ۋە كاتتا مۇكاپاتلىرى توغرۇلۇق ئۇلارغا خۇش بېشارەت بېرىدىغان كىتابتۇر.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿وَكِتَابٍ مُّبِينٍ﴾ يەنى ﴿(ھەر نەرسىنى) روشەن بايان قىلغۇچى كىتاب﴾ دەپ سۈپەتلەنگەنلىكى ئۇنىڭ ئايەتلىرىنىڭ مەنىسى ناھايىتى روشەن ۋە چۈشىنىشلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەندەك، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەقىقەتنى ئىزاھلىغۇچى، دىنىنىڭ مەسىلىلىرىنى ئېنىق ۋە تەپسىلىي بايان قىلىپ بەرگۈچى كىتاب ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، «قۇرئان كەرىم» ناھايىتى چۈشىنىشلىك ۋە روشەن كىتاب بولغىنىدەك، ئۇ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئوچۇق ۋە تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىدىغان كىتابتۇر.

دېمەك، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە چىن ئىشىنىپ، نامازنى بارلىق شەرتلىرىگە ۋە قائىدە-تەرتىپلىرىگە تولۇق رىئايە قىلىپ ئۆز ۋاقتىدا مۇكەممەل ئوقۇيدىغان، زاكاتنى تولۇق بېرىدىغان ۋە باشقا پەرزلەرنىمۇ مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان مۆئمىنلەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھىدايىتىدىن تولۇق مەنپەئەت ئالالايدىغان كىشىلەردۇر. ئايەتتە ئاخىرەتكە ئىشىنىش، ناماز ۋە زاكات قاتارلىق ئۈچ مەسىلىنىڭ زىكىر قىلىنغانلىقى بۇلارنىڭ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئاخىرەتكە ئىشىنىش ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىش بىلەن بىر دەرىجىدە تۇرىدىغان يادرولۇق ئەقىدىدۇر. ناماز ئاللاھ تائالا بىلەن بەندىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش ئارقىلىق كىشىلىك تۇرمۇشقا، زاكات مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي ھاياتقا كاپالەتلىك قىلىدىغان كاتتا ئىبادەتلەردۇر. بۇ ئىبادەتلەرنى جايىدا ۋە تولۇق ئورۇندىغان كىشىلەر بۇنىڭ پايدىسىنى ئاخىرەتكە بېرىشتىن ئاۋۋال مۇشۇ دۇنيادا كۆرىدۇ، ئاندىن ئاخىرەتتە مۇكاپاتلىرىنى تولۇق ئالىدۇ.

ئەمدى بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال كېلىشى مۇمكىن: «قۇرئان كەرىم»نى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ھىدايەت دەيمىز. چۈنكى، ئاللاھ تائالا: ﴿شَهۡرُ رَمَضَانَ ٱلَّذِيٓ أُنزِلَ فِيهِ ٱلۡقُرۡءَانُ هُدٗى لِّلنَّاسِ وَبَيِّنَٰتٖ مِّنَ ٱلۡهُدَىٰ وَٱلۡفُرۡقَانِۚ﴾ يەنى ﴿(روزا تۇتۇش پەرز قىلىنغان ساناقلىق كۈنلەر) ئىنسانلارغا يېتەكچى، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن باتىلنى

ئايرىغۇچى روشەن (ئايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىغان رامىزان ئېيىدۇر﴾[1] دېگەن ئايەتتە «قۇرئان كەرىم»نىڭ پۈتۈن ئىنسانلارغا يېتەكچى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ئەمما بۇ سۈرىدە ۋە باشقا سۈرىلەردە «قۇرئان كەرىم »نىڭ مۆئمىنلەر ئۈچۈنلا ھىدايەت ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق:

ھىدايەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، يول كۆرسىتىش مەنىسىدىكى ھىدايەت، يەنە بىرى، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈش مەنىسىدىكى ھىدايەت. ئالدىنقىسى، سىز يول سورىغان كىشىنىڭ سىزگە سىز بارماقچى بولغان جايغا ئېلىپ بارىدىغان توپتوغرا يولنى ئېنىق شەرھلەپ كۆرسىتىپ قويغىنىغا، كېيىنكىسى، ئۇنىڭ قولىڭىزدىن تۇتۇپ، سىزنى سىز بارماقچى بولغان جايغا ئاپىرىپ قويغىنىغا ئوخشاشتۇر.

مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈش مەنىسىدىكى ھىدايەت پەقەت ئاللاھ تائالانىڭلا قولىدىن كېلىدۇ، ھەتتا پەيغەمبەرنىڭمۇ قولىدىن كەلمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّكَ لَا تَهۡدِي مَنۡ أَحۡبَبۡتَ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يَهۡدِي مَن يَشَآءُۚ وَهُوَ أَعۡلَمُ بِٱلۡمُهۡتَدِينَ﴾ يەنى ﴿ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، سەن ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن ئاللاھ ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ. ئاللاھ ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ﴾ [2]. ئەمما يول كۆرسىتىش مەنىسىدىكى ھىدايەت پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئۆلىمالارنىڭ، دەۋەتچىلەرنىڭ ۋە ھەرقانداق كىشىنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەرگە جەننەتنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى شۇ يولغا دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ مەنىدە خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنَّكَ لَتَهۡدِيٓ إِلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ﴾ يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، سەن ئەلۋەتتە توغرا يولغا باشلايسەن﴾[3].

بۇ يەردە بىز توختىلىۋاتقان ھىدايەت پەقەت ئاللاھ تائالانىڭلا قولىدىن كېلىدىغان، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈش مەنىسىدىكى ھىدايەتتۇر.

---

[1] بەقەرە سۈرىسى: 185ـ ئايەت.

[2] () قەسەس سۈرىسى: 56ـ ئايەت.

[3] () شۇرا سۈرىسى: 52ـ ئايەت.

دېمەك، ھىدايەت يېتەكلەش ۋە يول كۆرسىتىش مەنىسىدە مۆئمىن، كاپىر ھەممىسى ئۈچۈن ئورتاق بولسىمۇ، مۇۋەپپەق قىلىش مەنىسىدە مۆئمىنلەرگىلا خاستۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلدى ۋە ئۇلارغا نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامان، نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. بۇ دەۋەتنى قوبۇل قىلغانلار ئىمان ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتىگە مۇۋەپپەق بولدى. ئەمما بۇ دەۋەتنى قوبۇل قىلمىغانلار ئىمان ئېيتمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتىگە مۇۋەپپەق بولالمىدى.

ئەمدى، ھەقىقەتنىڭ نۇرىنى ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھىدايىتىنى قوبۇل قىلمىغانلارغا كەلسەك، ئەسلىدە ئۇلار ئاخىرەت ھاياتىغا ئىشەنمەيدىغانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى بارلىق قىلمىشلىرى شەيتانلار تەرىپىدىن پەردازلىنىپ ئۇلارغا توغرا ۋە چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار توغرىنى خاتا، ھەقىقەتنى باتىل، ياخشىنى يامان دەپ چۈشىنىۋالغانلىقتىن، ئۆزلىرىنىڭ كۇفرى ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن ۋە ھىدايەتتىن مەھرۇم قالغان. نەتىجىدە، ئۇلار ئازغۇنلۇقنىڭ پاتقاقلىرىغا پاتقان، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغان. مۇنداقلار دۇنيادا خاتىرجەمسىزلىك، ھۇزۇرسىزلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ، ئاخىرەتتە بولسا ئازابنىڭ ئەڭ يامىنىغا دۇچار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتە تارتىدىغان زىيانلىرى چوڭ بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھەقىقىي زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

﴿(ئى پەيغەمبەر!) ساڭا بۇ قۇرئان ئەلۋەتتە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلمەكتە﴾ دېگەن ئايەت بۇ سۈرىدە بايان قىلىنىدىغان شەرىئەت ئەھكاملىرى، ئىبرەتلىك قىسسىلەر ۋە ئۆتمۈشتىكىلەرنىڭ خەۋەرلىرى قاتارلىقلار ئۈچۈن بىر باشلىنىشتۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم» مۆئمىنلەر ئۈچۈن ھىدايەت ۋە خۇش خەۋەردۇر.

2. ئىمانسىزلىق بارچە بەختسىزلىكلەرنىڭ سەۋەبىدۇر. ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ باتىل يولغا مېڭىش، توغرا-خاتانى بىلەلمەي گاڭگىراش، ئىزتىراپ چېكىش، ھۇزۇرسىزلىق قاتارلىق بەختسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسى

ئىمانسىزلىقنىڭ بۇ دۇنيادىكى جازاسىدۇر.

3. «قۇرئان كەرىم» مەنىسى ناھايىتى چوڭقۇرلۇقى، شەرىئەت ئەھكاملىرى ئېنىق ۋە تەپسىلىي بايان قىلىنغان بىردىنبىر ساماۋى كىتابتۇر.

### ◄ مۇسا ئەلەيھىسسالام مۇقەددەس ۋادىدا

﴿إِذْ قَالَ مُوسَىٰ لِأَهْلِهِۦٓ إِنِّيٓ ءَانَسْتُ نَارٗا سَـَٔاتِيكُم مِّنْهَا بِخَبَرٍ أَوْ
ءَاتِيكُم بِشِهَابٖ قَبَسٖ لَّعَلَّكُمْ تَصْطَلُونَ ٧ فَلَمَّا جَآءَهَا نُودِيَ
أَنۢ بُورِكَ مَن فِي ٱلنَّارِ وَمَنْ حَوْلَهَا وَسُبْحَٰنَ ٱللَّهِ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ٨
يَٰمُوسَىٰٓ إِنَّهُۥٓ أَنَا ٱللَّهُ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ٩ وَأَلْقِ عَصَاكَۚ فَلَمَّا رَءَاهَا
تَهْتَزُّ كَأَنَّهَا جَآنّٞ وَلَّىٰ مُدْبِرٗا وَلَمْ يُعَقِّبْۚ يَٰمُوسَىٰ لَا تَخَفْ إِنِّي لَا
يَخَافُ لَدَيَّ ٱلْمُرْسَلُونَ ١٠ إِلَّا مَن ظَلَمَ ثُمَّ بَدَّلَ حُسْنَۢا بَعْدَ سُوٓءٖ
فَإِنِّي غَفُورٞ رَّحِيمٞ ١١ وَأَدْخِلْ يَدَكَ فِي جَيْبِكَ تَخْرُجْ بَيْضَآءَ مِنْ
غَيْرِ سُوٓءٖۖ فِي تِسْعِ ءَايَٰتٍ إِلَىٰ فِرْعَوْنَ وَقَوْمِهِۦٓۚ إِنَّهُمْ كَانُواْ قَوْمٗا
فَٰسِقِينَ ١٢ فَلَمَّا جَآءَتْهُمْ ءَايَٰتُنَا مُبْصِرَةٗ قَالُواْ هَٰذَا سِحْرٞ مُّبِينٞ
١٣ وَجَحَدُواْ بِهَا وَٱسْتَيْقَنَتْهَآ أَنفُسُهُمْ ظُلْمٗا وَعُلُوّٗاۚ فَٱنظُرْ كَيْفَ
كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلْمُفْسِدِينَ ١٤﴾

### ◄ تەرجىمىسى

7ـ ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئائىلىسىگە: «مەن ھەقىقەتەن بىر ئوت كۆردۈم، مەن (بېرىپ) سىلەرگە ئۇ يەردىن (يول توغرۇلۇق) بىرەر خەۋەر ئۇقۇپ كېلەي، ياكى سىلەرنىڭ ئىسسىنىشىڭلار ئۈچۈن (ئوتتىن) بىر پارچە چوغ ئېلىپ كېلەي» دېگەن ئىدى.

8ـ مۇسا ئوتنىڭ يېنىغا كەلگەندە (مۇنداق) نىدا قىلىندى: «ئوتنىڭ يېنىدىكى كىشىگە ۋە ئوتنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە بەرىكەت ئاتا قىلىندى. ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ پاكتۇر.

9ـئى مۇسا! شەكسىزكى، مەن مۇتلەق غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھتۇرمەن.

10ـھاساڭنى تاشلىغىن!». مۇسا (ھاسىسىنى تاشلىغاندىن كېيىن) ھاسىسىنىڭ گويا يىلاندەك تېز ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ چېكىندى، (قورققىنىدىن) كەينىگە قارىيالمىدى. (ئاللاھ ئېيتتى) «ئى مۇسا! قورقمىغىن، شەكسىزكى، مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا پەيغەمبەرلەر قورقمايدۇ.

11ـپەقەت كىمكى (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلىپ، ئاندىن (تەۋبە قىلىپ) يامان قىلمىشلىرىنى تاشلاپ، ياخشى ئىش قىلسا، ھەقىقەتەن مەن (ئۇنىڭغا) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىمەن، ناھايىتى مېھرىبانمەن.

12ـقولۇڭنى قوينۇڭغا سالغىن، ئۇ بىرەر كېسەلدىن ئەمەس (بەلكى مۆجىزە سۈپىتىدە) ئاپئاق بولۇپ چىقىدۇ، (بۇ) مېنىڭ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە ئېلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن بەرگەن توققۇز مۆجىزەمنىڭ ئىچىدىدۇر. ئۇلار ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان قەۋم ئىدى».

13ـئۇلارغا بىزنىڭ مۆجىزىلىرىمىز (ھەقىقەتنى ئوپئوچۇق) نامايان قىلىپ كەلگەندە، ئۇلار: «بۇ ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دېدى.

14ـئۇلار بۇ مۆجىزىلەرگە دىلىدا شەكسىز ئىشەنگەن تۇرۇپ، ھەقىقەتكە قارشى چىقىش ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارنى ئىنكار قىلدى. بۇزغۇنچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قارىغىن.

### ◄ تەپسىرى

ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئەلەيھىسسالام ئائىلىسى بىلەن مەدىيەندىن مىسىرغا قاراپ يولغا چىققان. ئۇ تۇرىسىنادىكى مۇقەددەس ۋادىدا ئايالى ۋە ئىككى كىچىك بالىسى بىلەن بىللە ئىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئايەتتىكى﴿ئائىلىسى﴾ دېگەن سۆزدىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالام ﴿مەن ھەقىقەتەن بىر ئوت كۆردۈم...﴾ دېگەن سۆزنى ئايالىغا ئېيتقان بولىدۇ. چۈنكى، باللىرى بەك كىچىك ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى ئىدى.

تۇرىسىنانىڭ كېچىلىرى قاتتىق سوغۇق ۋە قاراڭغۇلۇق ئىدى. بۇنداق سوغۇق ۋە قاراڭغۇ كېچىلەردە يولغا چىققان كىشىلەرنىڭ ئىسسىنىش ۋە يولنى تېپىۋېلىش ئۈچۈن ئوتقا ئېھتىياجلىق بولىدىغانلىقى ئېنىقتۇر.

ئۇ كېچىدە مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇرغان يېرىدىن ئوت تاپالمايدۇ. پەقەت يىراقتا بىر ئوتنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئائىلىسىگە ئۆز ئورنىدا ساقلاپ تۇرۇشنى، ئۆزىنىڭ ئوتتىن بىر چوغ ياكى يول توغرۇلۇق بىرەر خەۋەر ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆزى ئوت يانغان تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالىدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئوتنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بىر نىدا كېلىپ، ئۇنىڭغا ۋە ئوتنىڭ ئەتراپىدىكى پەرىشتىلەرگە بەرىكەت ئاتا قىلىنغانلىقى ئېيتىلىدۇ، شۇنداقلا ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ بارچە كەمچىلىكلەردىن ۋە نۇقسانلاردىن ئەلۋەتتە پاك ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ﴿فَلَمَّا جَآءَهَا نُودِىَ أَنۢ بُورِكَ مَن فِى ٱلنَّارِ وَمَنْ حَوْلَهَا وَسُبْحَٰنَ ٱللَّهِ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿ٱلنَّارِ﴾ يەنى (ئوت) دېگەن سۆزدىن ئاللاھ تائالانىڭ نۇرى مەقسەت قىلىنغانلىقىنى بايان قىلغان. مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ چاغدا ئالدىدا پارقىراپ تۇرغان نۇرنى ئوت دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان، ھەممىگە كۈچى يېتىدىغان ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغان ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنى قولىدىكى ھاسىسىنى يەرگە تاشلاشقا بۇيرۇيدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى دەرھال بەجا كەلتۈرۈپ، ھاسىسىنى يەرگە تاشلايدۇ. ھاسا شۇ ئاندىلا يىلانغا ئايلىنىدۇ ۋە خۇددى تىرىك يىلاندەكلا مىدىرلايدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاچىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قاراشقىمۇ پېتىنالماي قالىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بۇ مەنىدە دەيدۇكى: ئى مۇسا! سەن بۇنىڭدىن قورقما، ئۇ ساڭا زىيان يەتكۈزمەيدۇ، خۇسۇسەن مېنىڭ يېنىمدا پەيغەمبەرلەر قورقمايدۇ، شۇڭا سەنمۇ ھەرگىز قورقما. لېكىن شۇنى ياخشى بىلگىنكى، كىمكى يامان ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە زۇلۇم قىلغاندىن كېيىن، قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ تەۋبە قىلسا ۋە ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ ئۆزىنى ئىسلاھ قىلسا، ئەلۋەتتە مەن ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىمەن ۋە ئۇنىڭغا تولىمۇ مېھرىبانلىق كۆرسىتىمەن.

ئى مۇسا! قولۇڭنى قوينۇڭغا سالغىن، ئۇ ھېچقانداق ئەيىبسىز ۋە ئىللەتسىز ھالدا ئاپپاق بولۇپ چىقىدۇ. يەنى قولۇڭدىكى ئاقلىق ئاق كېسەلدىن ئەمەس، بەلكى مۆجىزە بولغانلىقتىن شۇنداق ئاپپاق يېنىپ چىقىدۇ. بۇمۇ مېنىڭ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە ئېلىپ بېرىپ كۆرسىتىشىڭ ئۈچۈن ساڭا بەرگەن توققۇز مۆجىزەمنىڭ بىرىدۇر. قورقما! چۈنكى، رەببىڭ سەن بىلەن بىللە ۋە سېنى قوغدايدۇ.

ئى مۇسا! ساڭا بېرىلگەن مۆجىزىلەر بىلەن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ يېنىغا بارغىن. چۈنكى، ئۇلار توغرا يولدىن يىراقلىشىپ كەتكەن، رەببىگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان پاسىق قەۋمدۇر.

ئايەتتە زىكىر قىلىنغان توققۇز مۆجىزە: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسىنىڭ يىلانغا ئايلىنىشى، قولىنىڭ چىراقتەك يېنىشى، سۇ ئاپىتى، چېكەتكە بالاسى، پىت بالاسى، پاقا بالاسى، قان بالاسى، قۇرغاقچىلىق ئاپىتى، ئاچارچىلىق قاتارلىقلار ئىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئوپئوچۇق ئىسپاتلاپ تۇرغان بۇ روشەن مۆجىزىلەرنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكىلەرگە كۆرسەتكەندە، ئۇلار بۇ مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلىپ، «بۇ ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دېيىشتى. ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ سېھىر ئەمەسلىكىگە ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بېرىلگەن مۆجىزە ئىكەنلىكىگە دىلىدا جەزم قىلىپ ئىشەنگەن بولسىمۇ، پەقەتلا ھەقىقەتكە قارشى چىقىش، ئۇنى ساختا دەپ تۆھمەت قىلىش ۋە ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتىش ئۈچۈن، بۇ روشەن مۆجىزىلەرنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلدى.

ئى پەيغەمبەر! بىزنىڭ روشەن ئايەتلىرىمىزنىڭ ۋە مۆجىزىلىرىمىزنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلغان ۋە ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان ئاشۇ بۇزغۇنچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قارىغىن. ئۇلارنىڭ يەر يۈزىدە قانداق يامانلىقلارنى ۋە بۇزغۇنچىلىقلارنى قىلغانلىقىغا، ئاندىن رەببىڭ تەرىپىدىن جازالىنىپ، گۈزەل باغلاردىن، ئېسىل تۇرالغۇلاردىن ۋە بارچە نېمەتلەردىن ئايرىلىپ، سۇدا غەرق بولۇش بىلەن جازالانغانلىقىغا قارىغىن. ئۇلار ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەتلەر بىلەن مەڭگۈلۈك جازالىنىدۇ، ئازاب ئۇلاردىن ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. ئى پەيغەمبەر! سەن دەۋەت قىلغان ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان

كاپىرلار ئەگەر بۇ ۋەقەلىكتىن ئىبرەت ئېلىپ، ھەقىقەتكە قارشى تۇرۇشتىن ۋاز كەچمىسە، ئۇلارنى پىرئەۋن تەۋەلىرىنى جازالىغاندەك جازالايمەن. چۈنكى، مېنىڭ زالىملارغا قارىتا تۇتقان يولۇم ئۆزگەرمەيدۇ. پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ تەۋەلىرىنىڭ سۇدا غەرق بولۇپ ھالاك بولغانلىقى ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ نىجاتلىققا ئېرىشكەنلىكى سىنىڭ قەۋمىڭ ئۈچۈن يېتەرلىك ئىبرەتتۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا ئەزەلدىن پەيغەمبەرلەرنى قوغداپ كەلگەن.

2. ئاللاھ تائالا ھەربىر پەيغەمبەرگە شۇ دەۋرنىڭ شارائىتىغا مۇناسىپ مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلغان.

3. تەكەببۇرلۇق كىشىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان چوڭ توساقتۇر. چۈنكى ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىشنىڭ بىرىنچى سەۋەبى تەكەببۇرلۇقتۇر.

### ◄ داۋۇد، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالاملار ۋە چۈمۈلە قىسسىسى

﴿وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا دَاوُۥدَ وَسُلَيْمَٰنَ عِلْمًا ۖ وَقَالَا ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ٱلَّذِى
فَضَّلَنَا عَلَىٰ كَثِيرٍ مِّنْ عِبَادِهِ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿١٥﴾ وَوَرِثَ سُلَيْمَٰنُ دَاوُۥدَ ۖ
وَقَالَ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ عُلِّمْنَا مَنطِقَ ٱلطَّيْرِ وَأُوتِينَا مِن كُلِّ شَىْءٍ ۖ إِنَّ
هَٰذَا لَهُوَ ٱلْفَضْلُ ٱلْمُبِينُ ﴿١٦﴾ وَحُشِرَ لِسُلَيْمَٰنَ جُنُودُهُۥ مِنَ ٱلْجِنِّ
وَٱلْإِنسِ وَٱلطَّيْرِ فَهُمْ يُوزَعُونَ ﴿١٧﴾ حَتَّىٰٓ إِذَآ أَتَوْا۟ عَلَىٰ وَادِ ٱلنَّمْلِ
قَالَتْ نَمْلَةٌ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّمْلُ ٱدْخُلُوا۟ مَسَٰكِنَكُمْ لَا يَحْطِمَنَّكُمْ
سُلَيْمَٰنُ وَجُنُودُهُۥ وَهُمْ لَا يَشْعُرُونَ ﴿١٨﴾ فَتَبَسَّمَ ضَاحِكًا مِّن
قَوْلِهَا وَقَالَ رَبِّ أَوْزِعْنِىٓ أَنْ أَشْكُرَ نِعْمَتَكَ ٱلَّتِىٓ أَنْعَمْتَ عَلَىَّ وَعَلَىٰ
وَٰلِدَىَّ وَأَنْ أَعْمَلَ صَٰلِحًا تَرْضَىٰهُ وَأَدْخِلْنِى بِرَحْمَتِكَ فِى عِبَادِكَ
ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿١٩﴾﴾

### تەرجىمىسى

**15-ھەقىقەتەن بىز داۋۇدقا ۋە سۇلەيمانغا ئىلىم ئاتا قىلغان ئىدۇق، ئۇلار: «ئاللاھقا شۈكۈركى، ئۇ بىزنى نۇرغۇنلىغان مۆئمىن بەندىلىرىدىن ئارتۇق قىلدى» دېدى.**

**16-سۇلەيمان (ئاتىسى) داۋۇدقا ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ: «ئى ئىنسانلار! بىزگە قۇشلارنىڭ تىلى بىلدۈرۈلدى ۋە (ئېھتىياجلىق بولغان) ھەممە نەرسە بېرىلدى. بۇ ئەلۋەتتە، (ئاللاھتىن كەلگەن) ئوپئوچۇق ئېھساندۇر» دېدى.**

**17-سۇلەيماننىڭ جىنلاردىن، ئىنسانلاردىن ۋە قۇشلاردىن بولغان قوشۇنلىرى ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا توپلاندى. ئۇلار تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى.**

**18-ئۇلار چۈمۈلىلەر ۋادىسىغا يېتىپ كەلگەندە، بىر چۈمۈلە ئېيتتى: «ئى چۈمۈلىلەر! (دەرھال) ئۇۋۇلىرىڭلارغا كىرىپ كېتىڭلار، سۇلەيمان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى تۇيماستىن سىلەرنى يانجىۋەتمىسۇن».**

**19-سۇلەيمان چۈمۈلىنىڭ سۆزىدىن تەبەسسۇم قىلىپ كۈلدى ۋە ئېيتتى: «ئى رەببىم! سەن مېنى ماڭا ۋە ئاتا-ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشقا، سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، رەھمىتىڭ بىلەن مېنى ياخشى بەندىلىرىڭ قاتارىغا كىرگۈزگىن».**

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك سائادەتلىرىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان مول ئىلىم-ھېكمەت ئاتا قىلغان بولۇپ، ئۇلار بىلگەنلىرىگە تولۇق ئەمەل قىلغان ۋە قەلبى چىن ئىمان بىلەن تولغان زاتلار ئىدى. ئۇلار: ﴿ئاللاھقا شۈكرىكى، ئۇ بىزنى نۇرغۇنلىغان مۆئمىن بەندىلىرىدىن ئارتۇق قىلدى﴾ دەپ ھەمىشە ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىدىغان زاتلار ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا دۇنيادا ھېچقانداق بەندىسىگە ئاتا قىلمىغان ئاتا-ئېھسانلارنى ئاتا قىلغاندىن باشقا، پادىشاھلىق بىلەن پەيغەمبەرلىكنى بىللە ئاتا قىلغان ئىدى.

داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرزەنتلىرى كۆپ ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ئىچىدە سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئاتىسىغا ئىلىم-مەرىپەتتە ۋە پەيغەمبەرلىكتە ۋارىسلىق قىلغان بىردىنبىر پەرزەنت ھېسابلىناتتى.

چۈنكى، پەيغەمبەرلەردىن مال-دۇنيا مىراس ئېلىنمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «لَا نُورَثُ ، مَا تَرَكْنَا صَدَقَةٌ» يەنى «بىز مىراس قالدۇرمايمىز، بىزنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلىرىمىز سەدىقىدۇر»[1] دېگەن. پەيغەمبەرلەرنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلىرىدىن مال-دۇنيا مەقسەت قىلىنىدۇ.

سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئاتىسى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدىلا ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ۋارىسلىق قىلغان ئىدى. ئادەتتە ۋارىسلىق قىلىش دېگەن ئالدىنقىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن بولىدۇ. ئەمما سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىغا ۋارىسلىق قىلىشى ئاتىسىنىڭ ھايات ۋاقتىدىلا ئەمەلگە ئاشقان. شۇڭا ﴿سۇلەيمان(ئاتىسى) داۋۇدقا ۋارىسلىق قىلدى﴾ دېگەن ئايەتتىن داۋۇد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئاندىن سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغان دېيدىغان مەنە چىقمايدۇ.

سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلغان كاتتا ئىنئاملىرىنى بايان قىلىش ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش نىيىتى بىلەن كىشىلەرگە نۇتۇق سۆزلەپ: ﴿ئى ئىنسانلار! بىزگە قۇشلارنىڭ تىلى بىلدۈرۈلدى ۋە (ئېھتىياجلىق بولغان) ھەممە نەرسە بېرىلدى﴾ دېگەن. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ نۇتقىدا سانسىز نېمەتلەر ئىچىدىن قۇشلارنى تىلغا ئالغانلىقى قۇشلارنىڭ سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالاھىدە قوشۇنلىرى ئىكەنلىكى ۋە بۇ قۇشلارنىڭ ئۇنىڭ ھاياتىدا رولى چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇ سۈرىدە قىسسىسى بايان قىلىنغان ھۆپۈپ ۋەقەسىمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى.

ئەللامە مۇھەممەد مۇتەۋەللىي شەئراۋىي مۇنداق دەيدۇ: «قۇشلارنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى بار. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭمۇ بىر ئۈممەت ۋە بىر خەلق ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ﴿وَمَا مِن دَآبَّةٍ فِى ٱلۡأَرۡضِ وَلَا طَٰٓئِرٍ يَطِيرُ بِجَنَاحَيۡهِ إِلَّآ أُمَمٌ أَمۡثَالُكُم﴾ يەنى ﴿مەيلى يەر يۈزىدە ماڭىدىغان جانىۋار بولسۇن، ياكى ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان ئۇچار قۇش بولسۇن، ھەممىسى سىلەرگە ئوخشاش ئۈممەتلەردۇر﴾[2]. پەن-تېخنىكىنىڭ ئىلگىرىلىشى بىلەن ھازىرقى ئالىملار چۈمۈلە، ھەسەل ھەرىسى، بېلىق قاتارلىقلارنىڭ ئۆز تىلىدا سۆزلىشىدىغانلىقىنى دەلىللىمەكتە. ئەمما بىز

[1] «صحيح البخاري» 4-توم، 79-بەت،3093-ھەدىس.

[2] ئەنئام سۈرىسى: 38-ئايەت.

ئۇلارنىڭ تىلىنى چۈشەنمەيمىز. ئاللاھ تائالا بىزگە بۇنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن: ﴿تُسَبِّحُ لَهُ ٱلسَّمَٰوَٰتُ ٱلسَّبۡعُ وَٱلۡأَرۡضُ وَمَن فِيهِنَّۚ وَإِن مِّن شَيۡءٍ إِلَّا يُسَبِّحُ بِحَمۡدِهِۦ وَلَٰكِن لَّا تَفۡقَهُونَ تَسۡبِيحَهُمۡۚ﴾ يەنى ﴿يەتتە ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى بارلىق مەۋجۇدات ئاللاھنى پاك دەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئاللاھنى مەدھىيىلەپ تەسبىھ ئېيتمايدىغان ھېچ نەرسە يوقتۇر. لېكىن سىلەر ئۇلارنىڭ (ئېيتقان) تەسبىھىنى چۈشەنمەيسىلەر﴾[1]. دېمەك، قۇشلارنىڭمۇ تىلى بار، ئەمما بىز ئۇلارنىڭ تىلىنى چۈشەنمەيمىز. تىلشۇناسلار سۆزلەش ئىنسانغا خاس ئىكەنلىكىنى، ئەمما باشقا جانلىقلار ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئاۋازىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئۇقتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. مەسىلەن: مۈشۈكنىڭ مىياڭلىغىنىغا، ئىتنىڭ قاۋىغىنىغا، كالىنىڭ مۆرىگىنىگە ئوخشاش. شۇمۇ ئېنىقكى، بۇ ئاۋازلار ھەمىشە بىر خىل چىقمايدۇ. مەسىلەن: مۈشۈكنىڭ قورسىقى ئاچقان ۋاقتىدىكى مىياڭلىشى بىلەن بىر نەرسىدىن قورققان ۋاقتىدىكى مىياڭلىشى بىر خىل بولمىغانغا ئوخشاش»[2].

ئالىملارنىڭ بايان قىلىشىچە، ئۇچارقاناتلارنىڭ تىلى ئېھتىياج تۇغۇلغاندا ھەر خىل ئاۋازلارنى چىقىرىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەقسەتلىرىنى ئۇقتۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. مەسىلەن: ئات كىشنەش بىلەن، قوي مەرەش بىلەن ھاجىتىنى ئىزھار قىلغىنىدەك، ئۇچارقاناتلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھاجەتلىرىنى مەخسۇس ئاۋاز بىلەن بىلدۈرىدۇ. ئۇلار ئاۋازىنى ئېھتىياجىغا قاراپ ھەر خىل چىقىرىدۇ. مەسىلەن: ئاتنىڭ قورسىقى ئاچقان چاغدا چىقىرىدىغان ئاۋازى بىلەن بىر يېرى ئاغرىغان چاغدا چىقارغان ئاۋازى بىر خىل بولمىغانغا ئوخشاش. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ھايۋانلارنىڭ ۋە ئۇچارقاناتلارنىڭ ئاۋازلىرىنىڭ ھەممىسىنى چۈشەنگەن ۋە بىلگەن، شۇنداقلا قايسى ۋاقىتتا ۋە قايسى مەقسەت ئۈچۈن قانداق ئاۋاز چىقىرىدىغانلىقىنىمۇ بىلگەن.

ئەللامە بەيزاۋىي مۇنداق دېگەن: «سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئاجايىپ پاراسىتى بىلەن ھايۋانلار ئاۋاز چىقارغاندا، ئۇلارنىڭ مەقسەت-لىرىنى چۈشىنەتتى. بىر كۈنى ئۇ سايراۋاتقان بىر بۇلبۇلنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ‹بۇ بۇلبۇل كاشكى، مەۋجۇدات يارىتىلمىغان بولسىچۇ›

[1] ئىسرا سۈرىسى: 44-ئايەت.
[2] تەپسىرى شەئراۋى 17/10755

دەۋاتىدۇ»[1] دېگەن.

نېمىلا بولسۇن، ھايۋانلارنىڭ ۋە ئۇچارقاناتلارنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ مەقسەتلىرىنى چۈشىنىش ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن بىر تالانتتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ تالانتنى سۈلەيمان ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان. بۇ تالانت سۈلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى قاتارىدىن سانىلىدۇ.

سۈلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ﴿(ئېھتىياجلىق بولغان) ھەممە نەرسە بېرىلدى﴾ دېگەن سۆزى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە قىلغان ئاتا-ئېھسانلىرىنىڭ ۋە ئىنئاملىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ﴿وَٱللَّهُ ذُو ٱلۡفَضۡلِ ٱلۡعَظِيمِ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىدۇر﴾[2].

﴿سۈلەيماننىڭ جىنلاردىن، ئىنسانلاردىن ۋە قۇشلاردىن بولغان قوشۇنلىرى ئۇنىڭ ھوزۇرىدا توپلاندى. ئۇلار تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى﴾ دېگەن ئايەت سۈلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىگە، ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كاتتىلىقىغا، ئىنسان، جىن ۋە قۇشلاردىن بولغان قوشۇنلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. سۈلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ جىنلاردىن بولغان قوشۇنلىرىغا مۇنۇ ئايەت دالالەت قىلىدۇ: ﴿وَمِنَ ٱلۡجِنِّ مَن يَعۡمَلُ بَيۡنَ يَدَيۡهِ بِإِذۡنِ رَبِّهِۦۖ وَمَن يَزِغۡ مِنۡهُمۡ عَنۡ أَمۡرِنَا نُذِقۡهُ مِنۡ عَذَابِ ٱلسَّعِيرِ ١٢ يَعۡمَلُونَ لَهُۥ مَا يَشَآءُ مِن مَّحَٰرِيبَ وَتَمَٰثِيلَ وَجِفَانٍ كَٱلۡجَوَابِ وَقُدُورٍ رَّاسِيَٰتٍۚ﴾ يەنى ﴿جىنلارنىڭ بىر قىسمى رەببىنىڭ ئەمرى بويىچە سۈلەيماننىڭ ئالدىدا ئىشلەيتتى، ئۇلاردىن كىمكى بىزنىڭ ئەمرىمىزگە خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بىز دوزاخ ئازابىنى تېتىتىمىز. جىنلار سۈلەيمانغا ئۇ خالىغان بويىچە مەسجىدلەرنى، ھەيكەللەرنى، كۆلدەك چوڭ لېگەنلەرنى، (چوڭلۇقىدىن) مىدىرلاتقىلى بولمايدىغان قازانلارنى ياساپ بېرەتتى﴾[3].

سۈلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشۇنلىرى تولۇق ئىنتىزامچانلىق ئىچىدە ھەرىكەت قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىچىدە مۇكەممەل قانۇن-تۈزۈملىرى بار ئىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىردىن ئۈممەت ئىدى. ﴿وَمَا مِن دَآبَّةٖ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَلَا طَٰٓئِرٖ يَطِيرُ بِجَنَاحَيۡهِ إِلَّآ أُمَمٌ أَمۡثَالُكُمۚ﴾ يەنى ﴿مەيلى يەر يۈزىدە ماڭىدىغان جانىۋار بولسۇن، ياكى ئىككى قانىتى

[1] «تفسير البيضاوي» 4-توم، 157-بەت.

[2] جۇمۇئە سۈرىسى: 4-ئايەت.

[3] سەبەئ سۈرىسى: 12-13-ئايەتلەر.

بىلەن ئۇچىدىغان ئۇچار قۇش بولسۇن، ھەممىسى سىلەرگە ئوخشاش ئۈممەتلەردۇر﴾[1].

## ◄ چۈمۈلە قىسسىسى

سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام قوشۇنلىرى بىلەن چۈمۈلىلەر ياشايدىغان ۋادىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، چۈمۈلىلەردىن بىرى باشقا چۈمۈلىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشۇنلىرى ئۇلارنى كۆرمەستىن دەسسەپ سېلىپ يانجىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى دەرھال ئۇۋۇلىرىغا كىرىپ كېتىشكە بۇيرۇيدۇ. چۈنكى، چۈمۈلىلەر ئىنتايىن كىچىك مەخلۇقات بولغاچقا، باشقىلارنىڭ ئۇلارنى كۆرمەستىن دەسسەپ سېلىپ يانجىۋېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى، چۈمۈلىلەر بۇنى ئوبدان بىلەتتى.

سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام بىر چۈمۈلىنىڭ سۆزىگە تەبەسسۇم بىلەن كۈلگەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭ: ﴿سۇلەيمان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى تۇيماستىن سىلەرنى يانجىۋەتمىسۇن﴾ دېگەن سۆزى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنى بەكمۇ تەسىرلەندۇرگەن ئىدى. چۈنكى، بۇ سۆز سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشۇنلىرىنى ھېچكىمگە قەستەن زىيان يەتكۈزمەيدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيتتى.

شەكسىزكى، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن بۇ ئالاھىدىلىك ئەلۋەتتە ئۇنى ئاللاھ تائالاغا كۆپ شۈكۈر قىلىشقا ئۈندەيتتى. چۈنكى، پادىشاھلىق، پەيغەمبەرلىك، ھۆكۈمدارلىق، ئىلىم-ھېكمەت، ئۇچار-قاناتلارنىڭ ۋە ھايۋانلارنىڭ تىلىنى بىلىش، ئىنسان، جىن، قۇش ۋە ھايۋاندىن تەشكىللەنگەن زور قوشۇنغا قوماندان بولۇش دۇنيادا سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ھېچكىمگە بېرىلىپ باقمىغان ئالاھىدىلىك ئىدى.

سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ئاتا قىلىنىۋاتقان بۇ كاتتا نېمەتلەرنى ئەلۋەتتە بىلەتتى. شۇڭا ئۇ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ: ﴿ئى رەببىم! سەن مېنى ماڭا ۋە ئاتا-ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشقا، سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، رەھمىتىڭ بىلەن مېنى ياخشى بەندىلىرىڭ قاتارىغا كىرگۈزگىن﴾ دەپ ئاللاھ تائالاغا

[1] ئەنئام سۈرىسى: 38-ئايەت.

مۇناجات قىلاتتى.

بۇ يەردە ﴿مۇۋەپپەق قىلغىن﴾ دەپ مەنە ئېيتىلغان ﴿أَوۡزِعۡنِيٓ﴾ دېگەن سۆز ھەققىدە مۇپەسسىرلەرنىڭ چۈشەنچىسى بىر خىل بولمىغان. بۇ سۆز تەپسىرى كەششافتا: «مېنى سېنىڭ نېمىتىڭگە ھەمىشە شۈكۈر قىلدىغان قىلغىن»[1] دەپ تەپسىر قىلىنغان. تەپسىرى قۇرتۇبىيدا: «مېنى سېنىڭ غەزىپىڭگە يولۇقۇشتىن ۋە نېمىتىڭگە تۇزكورلۇق قىلىشتىن ساقلىغىن»[2] دەپ تەپسىر قىلىنغان. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر: «ماڭا ساڭا شۈكۈر قىلىشنى ئىلھام قىلغىن» دەپ تەپسىر قىلغان.

سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام يەنە ئاللاھ تائالادىن ئۆزىنى ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدىغان ئەمەلگە مۇۋەپپەق قىلىشنى ۋە پەزل-كەرەمى بىلەن ئۇنى سالىھلارنىڭ قاتارىدىن قىلىشنى تىلىگەن. بۇ ھەقىقەتەن ئۆلگىلىك دۇئا بولۇپ، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۆگىنىشىگە تېگىشلىكتۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام پادىشاھلىق بىلەن پەيغەمبەرلىكنى ئۆزىدە جەم قىلغان ۋە ئىنسانلاردىن ھېچكىم ئېرىشەلمىگەن خۇسۇسىيەتلەرگە نائىل بولغان پەيغەمبەردۇر.

2. يەر يۈزىدىكى جانلىقلارنىڭ ھەربىرى بىرەردىن ئۈممەتتۇر.

3. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام پادىشاھلىق، پەيغەمبەرلىك، بايلىق، ھاكىمىيەت، ئۇچارقاناتلارنىڭ، ھايۋانلارنىڭ تىلىنى بىلىش، ئىنسان، جىن، قۇش ۋە ھايۋانلارنى خالىغانچە ئىشقا سېلىش قاتارلىق شۇنچىلىك كۆپ ۋە ئالاھىدە ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە بولۇپ تۇرۇپ، قىلچە مەغرۇرلانمىغان، بۇ ئارتۇقچىلىقلارنى ئاتا قىلغان زاتقا شۈكۈر قىلىشنى قەتئىي ئۇنتۇمىغان ۋە ئۆزىنىڭ كەمتەرلىكىنى ئىزھار قىلىپ، ئاللاھ تائالادىن ئۆزىنى سالىھ بەندىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈشنى تىلىگەن.

## ◄ ھۆپۈپ قىسسىسى

﴿وَتَفَقَّدَ ٱلطَّيۡرَ فَقَالَ مَالِيَ لَآ أَرَى ٱلۡهُدۡهُدَ أَمۡ كَانَ مِنَ ٱلۡغَآئِبِينَ

[1] «تفسير الكشاف» 4-توم، 445-بەت.

[2] «تفسير القرطبي» 13-توم، 176-بەت.

﴿٢٠﴾ لَأُعَذِّبَنَّهُۥ عَذَابًا شَدِيدًا أَوْ لَأَاْذْبَحَنَّهُۥٓ أَوْ لَيَأْتِيَنِّى بِسُلْطَٰنٍ
مُّبِينٍ ﴿٢١﴾ فَمَكَثَ غَيْرَ بَعِيدٍ فَقَالَ أَحَطتُ بِمَا لَمْ تُحِطْ بِهِۦ وَجِئْتُكَ
مِن سَبَإٍۭ بِنَبَإٍ يَقِينٍ ﴿٢٢﴾ إِنِّى وَجَدتُّ ٱمْرَأَةً تَمْلِكُهُمْ وَأُوتِيَتْ مِن كُلِّ
شَىْءٍ وَلَهَا عَرْشٌ عَظِيمٌ ﴿٢٣﴾ وَجَدتُّهَا وَقَوْمَهَا يَسْجُدُونَ لِلشَّمْسِ
مِن دُونِ ٱللَّهِ وَزَيَّنَ لَهُمُ ٱلشَّيْطَٰنُ أَعْمَٰلَهُمْ فَصَدَّهُمْ عَنِ ٱلسَّبِيلِ
فَهُمْ لَا يَهْتَدُونَ ﴿٢٤﴾ أَلَّا يَسْجُدُوا۟ لِلَّهِ ٱلَّذِى يُخْرِجُ ٱلْخَبْءَ فِى
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَيَعْلَمُ مَا تُخْفُونَ وَمَا تُعْلِنُونَ ﴿٢٥﴾ ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ
إِلَّا هُوَ رَبُّ ٱلْعَرْشِ ٱلْعَظِيمِ ۩ ﴿٢٦﴾ ۞ قَالَ سَنَنظُرُ أَصَدَقْتَ أَمْ
كُنتَ مِنَ ٱلْكَٰذِبِينَ ﴿٢٧﴾ ٱذْهَب بِّكِتَٰبِى هَٰذَا فَأَلْقِهْ إِلَيْهِمْ ثُمَّ تَوَلَّ
عَنْهُمْ فَٱنظُرْ مَاذَا يَرْجِعُونَ ﴿٢٨﴾ قَالَتْ يَٰٓأَيُّهَا ٱلْمَلَؤُا۟ إِنِّىٓ أُلْقِىَ إِلَىَّ
كِتَٰبٌ كَرِيمٌ ﴿٢٩﴾ إِنَّهُۥ مِن سُلَيْمَٰنَ وَإِنَّهُۥ بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ
﴿٣٠﴾ أَلَّا تَعْلُوا۟ عَلَىَّ وَأْتُونِى مُسْلِمِينَ ﴿٣١﴾ قَالَتْ يَٰٓأَيُّهَا ٱلْمَلَؤُا۟ أَفْتُونِى
فِىٓ أَمْرِى مَا كُنتُ قَاطِعَةً أَمْرًا حَتَّىٰ تَشْهَدُونِ ﴿٣٢﴾ قَالُوا۟ نَحْنُ أُو۟لُوا۟
قُوَّةٍ وَأُو۟لُوا۟ بَأْسٍ شَدِيدٍ وَٱلْأَمْرُ إِلَيْكِ فَٱنظُرِى مَاذَا تَأْمُرِينَ ﴿٣٣﴾
قَالَتْ إِنَّ ٱلْمُلُوكَ إِذَا دَخَلُوا۟ قَرْيَةً أَفْسَدُوهَا وَجَعَلُوٓا۟ أَعِزَّةَ أَهْلِهَآ
أَذِلَّةً ۖ وَكَذَٰلِكَ يَفْعَلُونَ ﴿٣٤﴾ وَإِنِّى مُرْسِلَةٌ إِلَيْهِم بِهَدِيَّةٍ فَنَاظِرَةٌۢ بِمَ
يَرْجِعُ ٱلْمُرْسَلُونَ ﴿٣٥﴾ فَلَمَّا جَآءَ سُلَيْمَٰنَ قَالَ أَتُمِدُّونَنِ بِمَالٍ فَمَآ
ءَاتَىٰنِۦَ ٱللَّهُ خَيْرٌ مِّمَّآ ءَاتَىٰكُم ۚ بَلْ أَنتُم بِهَدِيَّتِكُمْ تَفْرَحُونَ
﴿٣٦﴾ ٱرْجِعْ إِلَيْهِمْ فَلَنَأْتِيَنَّهُم بِجُنُودٍ لَّا قِبَلَ لَهُم بِهَا وَلَنُخْرِجَنَّهُم
مِّنْهَآ أَذِلَّةً وَهُمْ صَٰغِرُونَ ﴿٣٧﴾ قَالَ يَٰٓأَيُّهَا ٱلْمَلَؤُا۟ أَيُّكُمْ يَأْتِينِى
بِعَرْشِهَا قَبْلَ أَن يَأْتُونِى مُسْلِمِينَ ﴿٣٨﴾ قَالَ عِفْرِيتٌ مِّنَ ٱلْجِنِّ أَنَا۠
ءَاتِيكَ بِهِۦ قَبْلَ أَن تَقُومَ مِن مَّقَامِكَ ۖ وَإِنِّى عَلَيْهِ لَقَوِىٌّ أَمِينٌ

﴿٣٩﴾ قَالَ ٱلَّذِي عِندَهُۥ عِلۡمٞ مِّنَ ٱلۡكِتَٰبِ أَنَا۠ ءَاتِيكَ بِهِۦ قَبۡلَ أَن
يَرۡتَدَّ إِلَيۡكَ طَرۡفُكَۚ فَلَمَّا رَءَاهُ مُسۡتَقِرًّا عِندَهُۥ قَالَ هَٰذَا مِن فَضۡلِ
رَبِّي لِيَبۡلُوَنِيٓ ءَأَشۡكُرُ أَمۡ أَكۡفُرُۖ وَمَن شَكَرَ فَإِنَّمَا يَشۡكُرُ لِنَفۡسِهِۦۖ
وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ رَبِّي غَنِيّٞ كَرِيمٞ ﴿٤٠﴾ قَالَ نَكِّرُواْ لَهَا عَرۡشَهَا نَنظُرۡ
أَتَهۡتَدِيٓ أَمۡ تَكُونُ مِنَ ٱلَّذِينَ لَا يَهۡتَدُونَ ﴿٤١﴾ فَلَمَّا جَآءَتۡ قِيلَ
أَهَٰكَذَا عَرۡشُكِۖ قَالَتۡ كَأَنَّهُۥ هُوَۚ وَأُوتِينَا ٱلۡعِلۡمَ مِن قَبۡلِهَا وَكُنَّا
مُسۡلِمِينَ ﴿٤٢﴾ وَصَدَّهَا مَا كَانَت تَّعۡبُدُ مِن دُونِ ٱللَّهِۖ إِنَّهَا كَانَتۡ مِن
قَوۡمٖ كَٰفِرِينَ ﴿٤٣﴾ قِيلَ لَهَا ٱدۡخُلِي ٱلصَّرۡحَۖ فَلَمَّا رَأَتۡهُ حَسِبَتۡهُ لُجَّةٗ
وَكَشَفَتۡ عَن سَاقَيۡهَاۚ قَالَ إِنَّهُۥ صَرۡحٞ مُّمَرَّدٞ مِّن قَوَارِيرَۗ قَالَتۡ رَبِّ
إِنِّي ظَلَمۡتُ نَفۡسِي وَأَسۡلَمۡتُ مَعَ سُلَيۡمَٰنَ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٤٤﴾

### تەرجىمىسى

20ـسۇلەيمان قۇشلارنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئېيتتى: «ماڭا نېمە بولدى؟ ھۆپۈپنى كۆرمەيۋاتىمەنغۇ! يا ئۇ كەلمىگەنلەرنىڭ قاتارىدىنمۇ؟

21ـئۇنى چوقۇم قاتتىق جازالايمەن، يا ئۇنى چوقۇم بوغۇزلىۋېتىمەن ياكى ئۇ چوقۇم (ئۆزرىسىنى كۆرسىتىپ) ماڭا بىرەر روشەن دەلىل كەلتۈرىدۇ».

22ـئۇزاق ئۆتمەي ھۆپۈپ (كەلدى ۋە) ئېيتتى: «مەن سەن ئىگىلىمىگەن بىر مەلۇماتنى ئىگىلىدىم، ساڭا سەبەئ (قەبىلىسى) توغرىسىدا ئىشەنچلىك بىر خەۋەر ئېلىپ كەلدىم.

23ـمەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا پادىشاھلىق قىلىۋاتقان بىر ئايالنى ئۇچراتتىم. ئۇنىڭغا (سەلتەنەتكە كېرەكلىك) ھەممە نەرسە بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ كاتتا تەختكە ئىگە ئىكەن.

24ـئۇنىڭ ۋە قەۋمىنىڭ ئاللاھنى قويۇپ قۇياشقا چوقۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆردۇم. (ئىبنىقكى) شەيتان ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ، ئۇلارنى توغرا يولدىن توسۇپتۇ، شۇڭا ئۇلار ھىدايەت تاپالمايۋېتىپتۇ.

25ـ(شەيتان) ئۇلارنى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى ئاشكارىلايدىغان، سىلەرنىڭ يوشۇرغان ۋە ئاشكارا قىلغان (بارلىق) ئىشلىرىنى

بىلىپ تۇرىدىغان ئاللاھقا سەجدە قىلمىسۇن (دەپ شۇنداق ئازدۇرۇپ كېتىپتۇ).

26ـ ئاللاھتىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ رەببىدۇر».

27ـ سۇلەيمان ئېيتتى: «سەن راست دەۋاتامسەن، ياكى يالغانچىلار-دىنمۇسەن؟ قاراپ باقىمىز.

28ـ بۇ خېتىمنى ئېلىپ بېرىپ ئۇلارغا تاشلىغىن، ئاندىن ئۇلاردىن نېرىراق (جايدا) تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ (ئۆز ئارىسىدا) نېمە دېيىشىدىغانلىقىغا قارىغىن».

29ـ30ـ (سۇلەيماننىڭ خېتىنى ئالغان سەبەئ مەلىكىسى بىلقىس) ئېيتتى: «ئى كاتتىلار! ماڭا ھەقىقەتەن سۇلەيماندىن بىر پارچە قىممەتلىك خەت كەلدى. (ئۇنىڭدا) ‹ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

31ـ سىلەر ماڭا ھاكاۋۇرلۇق قىلماڭلار، مېنىڭ ئالدىمغا مۇسۇلمان بولغان ھالدا كېلىڭلار› (دەپ يېزىلىپتۇ)».

32ـ (بىلقىس يەنە) ئېيتتى: «ئى كاتتىلار! مېنىڭ (بۇ) ئىشىم توغرىسىدا ماڭا مەسلىھەت بېرىڭلار، مەن سىلەرنى قاتناشتۇرماي تۇرۇپ ھېچقانداق ئىشنى بېكىتكىنىم يوق».

33ـ ئۇلار ئېيتتى: «بىز كۈچلۈك ۋە جەڭگىۋارمىز. قانداق قىلىش يەنىلا سېنىڭ ئىختىيارىڭدىدۇر. بىزنى نېمىگە بۇيرۇيدىغانلىقىڭنى ئۆزۈڭ ئويلاپ كۆرگىن».

34ـ بىلقىس ئېيتتى: «شۇ ئېنىقكى، پادىشاھلار بىرەر شەھەرگە (ھۇجۇم قىلىپ) كىرسە، ئۇنى خاراب قىلىدۇ، شەھەرنىڭ مۆتىۋەر ئادەملىرىنى خار قىلىدۇ. (بەلكىم) ئۇلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ.

35ـ مەن ئۇلارغا سوۋغات ئەۋەتىمەن، ئاندىن ئەلچىلەرنىڭ نېمە خەۋەر ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا قارايمەن».

36ـ ئەلچى سۇلەيماننىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، سۇلەيمان ئېيتتى: «سىلەر ماڭا پۇل-مال بىلەن ياردەم قىلماقچىمۇ؟ ماڭا بەرگىنى سىلەرگە بەرگىنىدىن ياخشىدۇر. سوۋغىتىڭلار بىلەن مەن ئەمەس، بەلكى ئۆزۈڭلار سۆيۈ-

نىسلەر.

37ـ(ئى ئەلچى!) سەن (سوۋغىتىڭنى ئېلىپ) ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتىپ كەتكىن. بىز ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۇلار تاقابىل تۇرالمايدىغان بىر قوشۇن بىلەن چوقۇم (باستۇرۇپ) بارىمىز، ئۇلارنى چوقۇم يۇرتىدىن خار، كەمسىتىلگەن هالدا چوقۇم چىقىرىۋېتىمىز».

38ـ(ئاندىن سۇلەيمان) ئېيتتى: «ئى كاتتىلار! ئۇلار مېنىڭ ئالدىمغا مۇسۇلمان بولۇپ كېلىشتىن بۇرۇن، قايسىڭلار ماڭا ئۇنىڭ تەختىنى ئېلىپ كېلەلەيسىلەر؟».

39ـجىنلاردىن ئەڭ كۈچلۈك بىرى ئېيتتى: «سەن ئورنۇڭدىن تۇرۇپ بولغۇچە مەن ئۇنى يېنىڭغا ئەكېلىپ بولىمەن. شەكسىزكى، مەن ئۇنى ئېلىپ كېلىشكە ئەلۋەتتە قادىرمەن، ئىشەنچلىكمەن».

40ـ(ساماۋى) كىتابتىن مەلۇماتى بار بىرسى: «مەن ئۇنى سەن كۆزۈڭنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يېنىڭغا ئەكېلىپ بولىمەن» دېدى (راستتىنلا ئېلىپ كەلدى). سۇلەيمان تەختنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەندە: «بۇ رەببىمنىڭ مېنى شۈكۈر قىلامدۇ ياكى تۇزكورلۇق قىلامدۇ دەپ سىناش ئۈچۈن ماڭا قىلغان پەزلىدۇر. كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىدۇ، كىمكى تۇزكورلۇق قىلىدىكەن، (بىلسۇنكى) ھەقىقەتەن رەببىم (ھەممىدىن) بىھاجەت، پەزل-كەرەمى كەڭ زاتتۇر» دېدى.

41ـسۇلەيمان (بىلقىسنى سىناش ئۈچۈن، ئادەملىرىگە) ئېيتتى: «ئۇنىڭ تەختىنى ئۆزگەرتىۋېتىڭلار، ئۇنى تونۇيالامدۇ ياكى تونۇيالمايدىغانلاردىن بولامدۇ، قاراپ باقايلى».

42ـبىلقىس كەلگەندە (ئۇنىڭغا): «سېنىڭ تەختىڭ مۇشۇنداقمىدى؟» دېيىلدى. ئۇ: «شۇدەك تۇرىدۇ» دېدى. (سۇلەيمان ئېيتتى) «بىزگە ئۇنىڭ (بىلقىس)دىن بۇرۇنلا ئىلىم بېرىلگەن، بىز مۇسۇلمان بولغان ئىدۇق».

43ـئۇنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلىرى ئۇنى (بۈگۈنگىچە ھەق دىندىن) توسۇپ قويغان ئىدى. چۈنكى، ئۇ كاپىر قەۋمدىن ئىدى.

44ـئۇنىڭغا: «قەسىرگە كىرىڭ!» دېيىلدى، ئۇ قەسىرنى كۆرگەندە ئۇنى چوڭقۇر سۇ دەپ ئويلاپ (ئېتىكىنى كۆتۈرۈپ) ئىككى پاچىقىنى ئاچتى. (سۇلەيمان ئۇنىڭغا): «بۇ ھەقىقەتەن ئەينەكتىن ياسالغان قەسىردۇر» دېدى. (بىلقىس) ئېيتتى: «ئى رەببىم! مەن (سېنى تونۇماي) ھەقىقەتەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم زۇلۇم قىپتىكەنمەن، ئەمدى سۇلەيمان بىلەن بىللە ئالەملەرنىڭ رەببى

ئاللاھقا بويسۇندۇم (يەنى ئىمان ئېيتتىم)».

## ◄ تەپسىرى

سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. قۇشلار ئۇنىڭغا بويسۇناتتى، ئۇلارنى خالىغانچە ئىشقا سالاتتى ۋە باشقۇراتتى. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى قۇشلارنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ھۆپۈپنىڭ يوقلۇقىنى بايقاپ قېلىپ: ﴿ماڭا نېمە بولدى؟ ھۆپۈپنى كۆرمەيۋاتىمەنغۇ! يا ئۇ يوقاپ كەتكەنلەرنىڭ قاتارىدىنمۇ؟﴾ دەيدۇ. بۇ سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆپۈپنىڭ رۇخسەتسىز يوقاپ كەتكەنلىكىدىن پەيدا بولغان ھەيرانلىقى بولۇپ، ھۆپۈپنىڭ بۇ قىلىقىنى جىنايەت دەپ سانىغان ئىدى. شۇڭا ئۇنى بوغۇزلاش ياكى ئۇنى ئۆزىنى ئاقلاپ روشەن دەلىل-ئىسپات كەلتۈرۈشكە قىستاش قارارىغا كېلىدۇ.

كۆپ ۋاقىت ئۆتمەستىنلا ھۆپۈپ پەيدا بولۇپ، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام بىلمەيدىغان مۇھىم بىر ئىشنى بىلىپ كەلگەنلىكىنى-يەمەندىكى سەبەئ قەبىلىسىنىڭ مەلىكىسى بىلقىس توغرۇلۇق ئىشەنچلىك بىر خەۋەر ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. مەلىكە بىلقىسنىڭ ھەممە نەرسىسى تولۇق بولغان چوڭ بىر سەلتەنەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئەمما شەيتانلارنىڭ باتىلنى پەردازلاپ چىرايلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق توغرا يولدىن توسۇشى نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ ۋە قەۋمىنىڭ ئاللاھ تائالانى قويۇپ قۇياشقا چوقۇنغانلىقىنى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ھىدايەت تاپالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. ھۆپۈپ يەنە شەيتاننىڭ ئۇلارغا ئۇلارنىڭ يامان قىلمىشلىرىنى پەردازلاپ چىرايلىق كۆرسىتىشى پەقەت ئۇلارنى زېمىندىكى ۋە ئاسمانلاردىكى سىرلارنى بىلىدىغان، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق زىرائەتلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىۋاتقان يېگانە مەبۇد-ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن توسۇش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى، ھالبۇكى، ئىبادەت قىلىنىشقا ئەڭ لايىق زات ئۇلۇغ ئەرشنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەقىقي ئىلاھ يوقلۇقىنى ئېيتىدۇ.

سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ھۆپۈپنىڭ بايانلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا: ﴿سەن راست دەۋاتامسەن، ياكى يالغانچىلاردىنمۇسەن؟ قاراپ باقىمىز﴾ دەيدۇ. ئاندىن ئۇنى مەلىكە بىلقىسقا يېزىلغان خەتنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بېرىشقا، ئۇنىڭ قەۋمى بىلەن بۇ خەت توغرىسىدىكى

مەسىلىھەتلىرىنى ئاڭلىۋېلىش ئۈچۈن ئۇلاردىن يىراقراق بىر جايدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ.

هۆپۈپ سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىنى تولۇق ئورۇندايدۇ. بىلقىس سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ خېتىنى ئوقۇپ بولۇپ، قەۋمىنىڭ كاتتىلىرىنى توپلايدۇ ۋە سۇلەيمان ئىسىملىك پادىشاھتىن ئۆزىگە بىر پارچە قىممەتلىك خەت كەلگەنلىكىنى، بۇ خەتتە: ﴿ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن﴾ دەپ يېزىلغانلىقىنى، سۇلەيماننىڭ ئۇلارنى چوڭلۇق قىلماستىن، ئۆزىگە بويسۇنۇپ كېلىشىنى تەلەپ قىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. چۈنكى، مەلىكە بىلقىس بۇ ئادەتتىكى ئىش بولمىغانلىقتىن، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ خېتىگە ئۆزى مۇستەقىل جاۋاب بەرمەي، قەۋمىنىڭ كاتتىلىرىنى يىغىپ ئۇلار بىلەن كېڭىشىپ ئىش كۆرۈشنى مۇناسىپ كۆرگەن ئىدى.

ئەمما ئۇنىڭ قەۋمى ئۆزلىرىگە ئارتۇقچە ئىشىنىپ كەتكەنلىكتىن، ئەقلىنى ئىشلىتىشنىڭ ئورنىغا ھاياجانغا بېرىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىدىن، ھەربىي ئەسلىھەلىرىنىڭ تولۇقلۇقىدىن مەغرۇرلىنىپ قالىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار يەنىلا مەلىكە بىلقىس نېمە دەپ قارار چىقارسا شۇنى ئورۇندايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشىدۇ.

ئەمما مەلىكە بىلقىس ئەقىللىق ئايال بولۇپ، بۇ مەسىلىدە ئەقىل-پاراسەت ۋە سىياسەت بىلەن ئىش كۆرۈش قارارىغا كېلىدۇ-دە، قەۋمىگە خىتاب قىلىپ، ئى كاتتىلار! پادىشاھ سۇلەيماننىڭ خېتىدىن خەۋەردار بولدۇڭلار، ئۇنىڭ بىزدىن تەلەپ قىلغان نەرسىسى سىلەرگىمۇ ئېنىق بولدى. ئەگەر بىز ئۇنىڭغا بويسۇنماي ئۇرۇش قىلىشنى تاللىساق، بەلكى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ قېلىشىمىز مۇمكىن، ئۇ چاغدا سۇلەيماننىڭ قوشۇنلىرى دىيارىمىزغا بېسىپ كىرىپ، بۇزۇپ تاشلايدۇ. چۈنكى، پادىشاھلار قانداقلا بىر دۆلەتنى بېسىۋالسا، ئۇ جايلارنى خاراب قىلىۋېتىدۇ، ئەزىز كىشىلەرنى خار قىلىپ قويىدۇ. بەلكى ئۇلارمۇ شۇنداق قىلىشى ياكى بۇنىڭدىنمۇ چوڭىنى قىلىشى مۇمكىن. مېنىڭ رايىم شۇكى، ئەڭ ياخشىسى بىز سۇلەيمانغا سوۋغات ئەۋەتىپ كۆرەيلى. قېنى ئەلچىمىز قانداق خەۋەر ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇنى كۈتەيلى. شۇنىڭغا قاراپ ئىش كۆرەرمىز. مېنىڭچە بۇ ئەڭ ياخشى چارىدۇر، دەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ، سەبەئ قەبىلىسىنىڭ كاتتىلىرى مەلىكە بىلقىسنىڭ رايىنى توغرا تاپىدۇ، ئۇنىڭغا قوشۇلىدۇ ۋە سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا

سوۋغات بىلەن ئەلچى ئەۋەتىدۇ.

مەلىكە بىلقىسنىڭ ئەلچىسى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا سوۋغاتلار بىلەن بارغىنىدا، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ﴿سىلەر ماڭا پۇل-مال بىلەن ياردەم قىلماقچىمۇ؟﴾ دېيىش ئارقىلىق مەلىكە بىلقىسنىڭ سوۋغاتلىرىنى رەت قىلىدۇ. ئاندىن ئۆزىنىڭ خەت يېزىشتىكى مۇددىئاسى مال-دۇنيا تېپىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ قۇياشقا چوقۇنۇشىنى تاشلاپ، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا كىرىپ مۇسۇلمان بولۇشىنى تەلەپ قىلىش ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ مەلىكە بىلقىسنىڭ پۇل-مېلىغا ھاجىتى يوقلۇقىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغانلىرى ئۇلارغا ئاتا قىلغانلىرىدىن ئەلۋەتتە ياخشى ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇلارغا قىلچە ھاجىتى يوقلۇقىنى، ئۇلارنىڭ سوۋغاتلىرى بىلەن سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرى سۆيۈنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ.

ئاندىن سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئەلچىگە دەيدۇكى، بۇ سوۋغاتلىرىڭنى ئېلىپ قەۋمىڭنىڭ يېنىغا قايتىپ كەتكىن، بىز ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۇلار تاقابىل تۇرالمايدىغان، كۈچى يەتمەيدىغان زور بىر قوشۇن بىلەن ھۇجۇم قىلىپ چوقۇم بارىمىز، ئۇلارنى خار، كەمسىتىلگەن ھالدا چوقۇم يۇرتىدىن چىقىرىپ تاشلايمىز.

ئەلچى مەلىكە بىلقىسنىڭ يېنىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، مەلىكە سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇددىئاسىنى ۋە ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى بىلىپ يېتىدۇ-دە، قەۋمىنى ھالاكەتتىن ساقلاپ قېلىش، ئۆز ھاكىمىيىتىنى قوغداپ قېلىش يولىدا، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا (ئىرۇسالىمغا) كاتتا سوۋغاتلار بىلەن بىرلىكتە بېرىشنى قارار قىلىدۇ.

سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام مەلىكە بىلقىسنىڭ كېلىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن چوڭ بىر قەسىر ياسىتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئاستىنى ئەينەكتىن قىلىدۇ. بۇنداق قەسىر ئىلگىرى يەمەن تەۋەسىدە يوق ئىدى.

مەلىكە بىلقىس ئىرۇسالىمغا يېقىنلاپ كەلگەندە، سۇلەيمان ئەلەيھىس-سالام ئۇنى ئىمانغا دەۋەت قىلىش مۇددىئاسى بىلەن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ مۆجىزىسىنى ۋە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قۇدرىتىنى كۆر-سىتىپ قويماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ يەمەندە قالغان تەختىنى ئۆزى يېتىپ

كېلىشتىن بۇرۇن ئىرۇسالىمغا كەلتۈرۈپ بولماقچى بولىدۇ.

سۈلەيمان ئەلەيھىسسالام ئەسكەرلىرىدىن مەلىكە بىلقىسنىڭ تەختىنى ئەڭ تېز پۇرسەتتە كىمنىڭ ئېلىپ كېلەلەيدىغانلىقىنى سورايدۇ. جىنلاردىن ئەڭ كۈچلۈك بىرى سۈلەيمان ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچىلىك ئارىلىقتا تەختنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ شۇنداق كۈچلۈك ھەم بۇ خۇسۇستا ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئەمما ساماۋى كىتابلاردىن تولۇق مەلۇماتلىق بولغانلاردىن بىرى بىلقىسنىڭ تەختىنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ، راست دېگەندەك، تەخت شۇ ھامان سۈلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ھازىر بولىدۇ.

سۈلەيمان ئەلەيھىسسالام مەلىكە بىلقىسنىڭ يەمەندىكى تەختىنىڭ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقاندىنمۇ ئاز ۋاقىت ئىچىدە ئىرۇسالىمغا كەلتۈرۈلۈپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ: ﴿بۇ رەببىمنىڭ مېنى شۈكۈر قىلامدۇ ياكى تۇزكورلۇق قىلامدۇ دەپ سىناش ئۈچۈن ماڭا قىلغان پەزلىدۇر﴾ دەيدۇ.

ئاندىن سۈلەيمان ئەلەيھىسسالام مەلىكە بىلقىسنىڭ ئەقلىنى سىناش ئۈچۈن ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇق قىلىپ، ئۇنىڭ تەختىنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە بۇيرۇيدۇ. مەلىكە بىلقىس كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن بۇ تەختنىڭ ئۆزىنىڭ تەختىگە ئوخشايدىغان ياكى ئوخشىمايدىغانلىقى سورىلىدۇ. مەلىكە بىلقىس بۇ تەختنىڭ يەمەندىكى ئۆز تەختىگە ئوخشايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

مەلىكە بىلقىس ئۆزىگە مەخسۇس ياسىتىلغان قەسىرگە تەكلىپ قىلىنغاندا، يەرگە بېسىلغان ئەينەكنى سۇ دەپ ئويلاپ قېلىپ، ئېتىكىنى كۆتۈرۈپ ئىككى پاچىقىنى ئاچىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا ئۇنىڭ سۇ ئەمەسلىكى، بەلكى ئاستىغا ئەينەك ياتقۇزۇلۇپ ياسالغان قەسىر ئىكەنلىكى ئېيتىلىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن سۈلەيمان ئەلەيھىسسالام دەيدۇكى: بىزگە مەلىكە بىلقىسنىڭ بويسۇنۇپ ئالدىمىزغا كېلىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئالدىن مەلۇمات بېرىلگەن ۋە بىزمۇ ئەزەلدىن مۇسۇلمانلاردىن، يەنى رەببىمىز ئاللاھ تائالاغا بويسۇنغۇچىلاردىن ئىدۇق.

يەمەندىكى بۇ سەبەئ قەبىلىسىنىڭ قۇياشقا چوقۇنۇشتەك باتىل ئېتىقادى ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىشتىن توسۇپ قويغان بولۇپ،

ئۇلار كاپىر قەۋملەردىن ئىدى. مەلىكە بىلقىس سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمانغا ئېچىۋەتكەن بولۇپ، ئۇ ئىمان ئېيتىدۇ ۋە «مەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى قۇياشقا چوقۇنۇپ ئۆزۈمگە ئۆزۈم زۇلۇم قىلغان ئىكەنمەن، ئەمدى مانا سۇلەيمان بىلەن بىللە ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتتىم ۋە ئۇنىڭغا بويسۇندۇم» دەيدۇ.

شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالا قەلبىنى ئىمانغا ئېچىۋەتكەنلەر ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئىمان ئېيتىدۇ. ئەمما ھىدايەت نېسىپ بولمىغان ئادەمنىڭ قەلبى يېپىق بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىش گويا ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن تۇيۇلىدۇ. بۇ قىسسىدە ئەلۋەتتە ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قۇياشقا چوقۇنغۇچىلار بۇددىستلارغا ئوخشاشلا كاپىرلاردۇر.

2. ھەرقانداق بىر ئىشنى باشلىغاندا «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» دەپ باشلاش، مەيلى كىتاب بولسۇن، مەيلى خەت بولسۇن، ھەرقانداق بىر نەرسە يېزىشتا ئاۋۋال «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم»نى يېزىش بىلەن باشلاش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كل أمرٍ ذى بالٍ لا يُبْدأُ فِيهِ بِبِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ فَهوَ أَقْطَعُ» يەنى«بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم بىلەن باشلانمىغان ھەرقانداق ئىش كەمتۈكتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يازغان مەكتۇبلىرىنىمۇ «بىسمىللاھ» بىلەن باشلايتتى.

3. كېڭەش ھەق دىنىنىڭ پرىنسىپلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ﴿وَشَاوِرۡهُمۡ فِي ٱلۡأَمۡرِ﴾ يەنى ﴿ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن﴾ [2] دەپ بۇيرۇغان.

4. بىلقىسنىڭ بۇ دانالارچە تەدبىرى ئايالالارنىڭ ئەقىل-پاراسەتتە ئەرلەردىن قېلىشمايدىغانلىقىنى ۋە بەزى ئايالالارنىڭ بەزى ئەرلەردىن ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

---

[1] «الأذكار للنووي» 214-بەت.

[2] ئال ئىمران سۈرىسى: 159-ئايەت.

5. باشقىلارغا ھەيۋە سالالايدىغان دەرىجىدە كۈچلۈك بولۇش ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قېلىشنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرىدۇر. سەبەئ مەلىكىسى بىلقىسنىڭ يەمەندىن ئىرۇسالىمغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن كېلىپ، سۈلەيمان ئەلەيھىسسالامغا ئەل بولۇشىغا تۈرتكە بولغان ئامىل سۈلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە سەلتەنىتىنىڭ قۇدرەتلىك ئىكەنلىكى ئىدى. ئەگەر بىز مۇسۇلمانلارمۇ شۇنداق قۇدرەتلىك بولالىغان بولساق، ئاچكۆزلەر بىزنى ھەرگىز بوگۆنكىدەك بوزەك قىلالمىغان، ھەتتا نۇرغۇن كىشىلەر مۇسۇلمان بولۇپ ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلغان بولاتتى.

6. سۈلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇتۇق قازانغاندا كۆرەڭلەپ كەتمەي، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىدىغان ۋە ھەممە ياخشىلىقنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن ئاتا-ئېھسان ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقارمايدىغان ئېسىل خىسلىتى بارلىق ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۈلگىدۇر.

## ◄ سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

﴿وَلَقَدْ أَرْسَلْنَآ إِلَىٰ ثَمُودَ أَخَاهُمْ صَٰلِحًا أَنِ ٱعْبُدُواْ ٱللَّهَ فَإِذَا هُمْ
فَرِيقَانِ يَخْتَصِمُونَ ﴿٤٥﴾ قَالَ يَٰقَوْمِ لِمَ تَسْتَعْجِلُونَ بِٱلسَّيِّئَةِ قَبْلَ
ٱلْحَسَنَةِۖ لَوْلَا تَسْتَغْفِرُونَ ٱللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ ﴿٤٦﴾ قَالُواْ ٱطَّيَّرْنَا
بِكَ وَبِمَن مَّعَكَۚ قَالَ طَٰٓئِرُكُمْ عِندَ ٱللَّهِۖ بَلْ أَنتُمْ قَوْمٌ تُفْتَنُونَ ﴿٤٧﴾
وَكَانَ فِى ٱلْمَدِينَةِ تِسْعَةُ رَهْطٍ يُفْسِدُونَ فِى ٱلْأَرْضِ وَلَا يُصْلِحُونَ
﴿٤٨﴾ قَالُواْ تَقَاسَمُواْ بِٱللَّهِ لَنُبَيِّتَنَّهُۥ وَأَهْلَهُۥ ثُمَّ لَنَقُولَنَّ لِوَلِيِّهِۦ مَا
شَهِدْنَا مَهْلِكَ أَهْلِهِۦ وَإِنَّا لَصَٰدِقُونَ ﴿٤٩﴾ وَمَكَرُواْ مَكْرًا وَمَكَرْنَا
مَكْرًا وَهُمْ لَا يَشْعُرُونَ ﴿٥٠﴾ فَٱنظُرْ كَيْفَ كَانَ عَٰقِبَةُ مَكْرِهِمْ أَنَّا
دَمَّرْنَٰهُمْ وَقَوْمَهُمْ أَجْمَعِينَ ﴿٥١﴾ فَتِلْكَ بُيُوتُهُمْ خَاوِيَةًۢ بِمَا ظَلَمُوٓاْۚ إِنَّ
فِى ذَٰلِكَ لَءَايَةً لِّقَوْمٍ يَعْلَمُونَ ﴿٥٢﴾ وَأَنجَيْنَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَكَانُواْ
يَتَّقُونَ ﴿٥٣﴾﴾

## تەرجىمىسى

45ـبىز ھەقىقەتەن سەمۇد قەۋمىگە قېرىندىشى سالىھنى «ئاللاھقىلا ئىبا-دەت قىلىڭلار» (دەپ دەۋەت قىلىشى ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتكەن ئىدۇق. (ئۇ دەۋەت قىلىۋىدى) شۇ ھامان ئۇلار ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ جېدەللىشىپ كەتتى.

46ـسالىھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! سىلەر نېمىشقا رەھمەتتىن بۇرۇن ئازابنىڭ تېزرەك كېلىشىنى تىلەيسىلەر؟ سىلەر رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن نېمىشقا ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىمەيسىلەر؟».

47ـئۇلار ئېيتتى: «(بېشىمىزغا كەلگەن خاپىلىق) سېنىڭ ۋە سەن بىلەن بىللە بولغانلارنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى». سالىھ ئېيتتى: «بېشىڭلارغا كېلىدىغىنى ئاللاھ تەرىپىدىن كېلىدۇ، بەلكى سىلەر سىنىلىۋاتقان بىر قەۋمسىلەر».

48ـ(ھىجر[1]) شەھىرىدە يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ياخشى ئىش قىلمايدىغان توققۇز ئادەم بار ئىدى.

49ـئۇلار: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىشىڭلار، بىز بىر كېچىدە سا-لىھنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى چوقۇم ئۆلتۈرۈۋېتەيلى، ئاندىن ئۇنىڭ ۋەلىيسىگە (يېقىن تۇغقانلىرىغا): ‹بىز (سالىھنىڭ) ئائىلىسى ئۆلتۈرۈلگەن چاغدا ئۇ يەردە يوق ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن راست گەپ قىلىۋاتىمىز› دەيلى» دېيىشتى.

50ـئۇلار شۇنداق بىر سۇيىقەست پىلانلىۋىدى، بىز ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى تۇيدۇرمايلا بىتچىت قىلىۋەتتۇق.

51ـئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىنكى، ھەقىقەتەن بىز ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ قەۋمىنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋەتتۇق.

52ـمانا ئۇلارنىڭ زۇلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن ئادەمسىز قالغان ئۆيلىرى! شەكسىزكى، بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ئەلۋەتتە ئىبرەت بار.

53ـئىمان ئېيتقان ۋە (ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشتىن) ساقلانغانلارنى قۇتقۇزدۇق.

## تەپسىرى

شەكسىزكى، بىز سەمۇد قەۋمىنى ئىمانغا دەۋەت قىلسۇن ۋە ئۇلارغا ئىبادەتنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا قىلىشنى ئۆگەتسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ

[1] ھىجر- ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بىر جاينىڭ ئىسمى.

قېرىندىشى سالىھنى ئۇلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدۇق. سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلىشى بىلەنلا ئۇلار مۆئمىن ۋە كاپىردىن ئىبارەت ئىككى پىرقىگە بۆلۈنۈپ ئۆزئارا جېدەللىشىپ كەتتى. ﴿قَالَ ٱلۡمَلَأُ ٱلَّذِينَ ٱسۡتَكۡبَرُواْ مِن قَوۡمِهِۦ لِلَّذِينَ ٱسۡتُضۡعِفُواْ لِمَنۡ ءَامَنَ مِنۡهُمۡ أَتَعۡلَمُونَ أَنَّ صَٰلِحٗا مُّرۡسَلٞ مِّن رَّبِّهِۦۚ قَالُوٓاْ إِنَّا بِمَآ أُرۡسِلَ بِهِۦ مُؤۡمِنُونَ ٧٥ قَالَ ٱلَّذِينَ ٱسۡتَكۡبَرُوٓاْ إِنَّا بِٱلَّذِيٓ ءَامَنتُم بِهِۦ كَٰفِرُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ھاكاۋۇر كاتتىباشلىرى بوزەك قىلىنغانلارغا-ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۆئمىنلەرگە: «سىلەر سالىھنى رەببى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر دەپ بىلەمسىلەر؟» دېدى. ئۇلار: «بىز ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئەلۋەتتە ئىشىنىمىز» دېدى. ھېلىقى ھاكاۋۇرلار: «سىلەر ئىشەنگەنگە بىز ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدى﴾[1].

سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا قەۋمىگە ۋەز-نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: ئى قەۋمىم! ئى تۇغقانلىرىم! مەن سىلەرنى ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىپ، ئىبادەتنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلىشقا چاقىرىپ تۇرسام، سىلەر نېمىشقا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سىلەرنى بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ئىماننى قويۇپ تۇرۇپ، سىلەرگە دۇنيادا بىئاراملىق، ئاخىرەتتە ئازاب ئېلىپ كېلىدىغان كۇفرىغا ئالدىراپ كېتىۋاتىسىلەر؟ سىلەر نېمىشقا ئىماننىڭ ئورنىغا كۇفرىلىقنى تىلەيسىلەر؟ سىلەرگە تەۋبە قىلىپ ئاللاھ تائالا تەرەپكە قايتىشنىڭ ۋاقتى كەلمىدىمۇ؟ نېمىشقا ئۇنىڭ رەھمىتىگە ۋە مەغپىرىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلمايسىلەر، نېمىشقا ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىمەيسىلەر؟

ئەمما ئۇنىڭ قەۋمى ئىچىدىكى كۇفرى ۋە جاھالەت پاتقاقلىرىغا پېتىپ كەتكەنلەر سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىقى چىرايلىق نەسىھەتلىرىگە قارشى چىقىپ: ئى سالىھ! بىزگە يەتكەن قۇرغاقچىلىق ۋە ئاچارچىلىق قاتارلىق خاپىلىقلارنىڭ ھەممىسى پەقەت سېنىڭ ۋە ساڭا ئەگەشكەنلەرنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى، دېيىشتى.

سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا يەنە چىرايلىق سۆز قىلىپ، ئۇلارغا يەتكەن ياخشىلىق ۋە يامانلىق بارلىق ئىشلارنىڭ، جۈملىدىن قۇر-غاقچىلىقنىڭ پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەنلا يەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ نېمەت بىلەن مەھرۇملۇق ئوتتۇرىسىدا ئەنە شۇنداق سىنىد-

[1] ئەئراف سۈرىسى: 75-76-ئايەتلەر.

ـلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى.

ئۆتمۈشلەردىكى ئىنكارچىلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر-لەردىن شۇم پال ئېلىشى ئۇلاردا ئومۇملاشقان يولسىزلىق ئىدى. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرى بۇنىڭغا ئىشارەت قىلماقتا. ﴿فَإِذَا جَآءَتۡهُمُ ٱلۡحَسَنَةُ قَالُواْ لَنَا هَٰذِهِۦۖ وَإِن تُصِبۡهُمۡ سَيِّئَةٞ يَطَّيَّرُواْ بِمُوسَىٰ وَمَن مَّعَهُۥٓۗ أَلَآ إِنَّمَا طَٰٓئِرُهُمۡ عِندَ ٱللَّهِ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار ئەگەر بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە «بىز بۇنىڭغا ھەقلىقمىز» دەيدۇ. ئەگەر باشلىرىغا بىرەر يامانلىق يەتسە، «بۇ مۇسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلارنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى» دەيدۇ. ئۇلارغا يەتكەن ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئاللاھنىڭ تەقدىرىدۇر، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ﴾[1]، ﴿وَإِن تُصِبۡهُمۡ سَيِّئَةٞ يَقُولُواْ هَٰذِهِۦ مِنۡ عِندِكَۚ﴾ يەنى ﴿ئەگەر ئۇلار بىرەر زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىسا، «بۇ سەندىن بولدى» دەيدۇ﴾[2].

سەمۇد قەۋمى ئولتۇراقلاشقان شەھەردە، قەبىلە ئەزالىرى ئىچىدە سۆزى ئۆتىدىغان توققۇز نەپەر كاتتىباش بولۇپ، ئۇلار شەھەردە ھەمىشە بۇزغۇنچىلىق تېرىيتتى، ھەرگىزمۇ ياخشى ئىش قىلمايتتى. بۇ بۇز-غۇنچىلارغا سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى ياقمىغانلىقتىن، ئۇلار ئۇنىڭغا بىرىنچى بولۇپ قارشى چىققان ۋە ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن تۈرلۈك سۇيىقەستلەرنى پىلانلاشقان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۆز ئارىسىدا ئاللاھ تائالانىڭ نامىنى ئاتاپ قەسەم قىلىشىپ، سالىھ ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرنى بىر كېچىدىلا ئۆلتۈرۈپ يوق قىلىۋېتىش پىلانىنى تۈزۈشكەن ئىدى. ئۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە: «بىز ئۇلارنى كۆرمىدۇق، ئۇلار ئۆلتۈرۈلگەن چاغدا، بىز ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدۇق» دەپ قۇتۇلۇشقىمۇ كېلىشىۋالغان ئىدى.

ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ تەدبىرى ۋە ھېكمىتى باشقىچە ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ رەزىل سۇيىقەستىنى بەربات قىلىۋېتىپ، ئۇلارنى تۈيدۇرمايلا پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋەتتى. خۇددى «باشقىلارغا كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشۈپتۇ» دېگەندەك، ھەق دىنغا قارشى سۇيىقەست پىلانلىغانلارنىڭ بۇ سۇيىقەستلىرى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ياندى.

---

[1] ئەئراف سۈرىسى: 131-ئايەت.
[2] نىسا سۈرىسى: 78-ئايەت.

ئاللاھ تائالا ئۇلارنى قاتتىق بىر ئاۋاز بىلەنلا پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋەتتى. مانا بۇ ئادەمسىز قېلىپ خارابىگە ئايلىنىپ قالغان جايلار ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۇفرىنى تاللاپ ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغانلىقى ۋە يولسىزلىقى تۈپەيلىدىن ئەنە شۇنداق ئادەمسىز قالغان. ئەقلىنى ئىشلىتىپ ۋەقەلىكلەرنى توغرا تەھلىل قىلىدىغان ۋە ئىبرەت ئېلىشنى بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئەلۋەتتە بۇنىڭدا چوڭ ئىبرەت ۋە ساۋاقلار بار.

سالىھ ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىشتىن ساقلىنىپ، تەقۋالىق يولىنى تۇتقان كىشىلەرنى ئاللاھ تائالا بۇ ئازابتىن ساق-سالامەت قۇتقۇزۇپ قالدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋالىق قىلغان بەندىلىرىگە ھەمىشە ياردەم قىلىپ، زالىملارنى، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن يۈز ئۆرۈگەن ھاكاۋۇرلارنى ئەڭ ئىبرەتلىك ئازابلار بىلەن جازالاپ كەلگەن. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتىدۇر.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەقىقەت بىلەن ساختىلىق ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ساختىلىق تەلتۆكۈس يوقالغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ.

2. بىراۋدىن شۇم پال ئېلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، ياخشىلىق-يامانلىق، پايدا-زىيان ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ.

3. گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە بېرىلىپ كېتىش بۇزغۇنچىلىقتۇر، تائەت-ئىبادەت قىلىش ياخشىلىقتۇر.

4. بۇتلارغا چوقۇنىدىغان مۇشرىكلارمۇ ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ، قەسەم قىلغاندا، ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قىلىدۇ، لېكىن ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقى ئۈچۈن كاپىرلاردىن سانىلىدۇ.

5. ئاللاھ تائالا زالىملارنى كېچىكىپ بولسىمۇ چوقۇم جازالايدۇ ۋە ئۇلارنى جازالىغاندا چوقۇم ئىبرەتلىك جازالايدۇ.

6. ھەقىقىي نىجاتلىق ئىمان بىلەن تەقۋالىقتىدۇر.

## لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

﴿وَلُوطًا إِذْ قَالَ لِقَوْمِهِۦٓ أَتَأْتُونَ ٱلْفَٰحِشَةَ وَأَنتُمْ تُبْصِرُونَ ﴿٥٤﴾ أَئِنَّكُمْ لَتَأْتُونَ ٱلرِّجَالَ شَهْوَةً مِّن دُونِ ٱلنِّسَآءِ ۚ بَلْ أَنتُمْ قَوْمٌ تَجْهَلُونَ ﴿٥٥﴾﴾

### تەرجىمىسى

54ـلۇتنىمۇ (ئۆز قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدۇق) ئۆز ۋاقتىدا ئۇ قەۋمىگە: «سىلەر قاراپ تۇرۇپ قەبىھ ئىشنى (بەچچىۋازلىقنى) قىلامسىلەر؟

55ـسىلەر راستتىنلا ئاياللارنى قويۇپ، جىنسىي تەلىپىڭلارنى ئەرلەر بىلەن قاندۇرامسىلەر؟ سىلەر ئىنتايىن نادان قەۋم ئىكەنسىلەر» دېگەن ئىدى.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا لۇت ئەلەيھىسسالامنى سەدۇم ئاھالىسىغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن بولۇپ، سەدۇم ئاھالىسىدىكى ئەرلەر ئاياللارنى قويۇپ، ئەرلەرگە جىنسىي تەرەپتىن چېقىلىدىغان ئەخلاقسىز ئادەملەر ئىدى. لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ناھايىتى چىرايلىق ۋە تەسىرلىك ۋەز-نەسىھەتلەرنى قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايلىق سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغان، نەسىھەتلىرىنى قوبۇل قىلمىغان ئىدى. ئۇلار شۇنداق قىلسىمۇ لۇت ئەلەيھىسسالام يەنىلا ئۇلارنى بۇ قەبىھ قىلىقنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇشنى توختاتمىغان، ئۇلارغا نەسىھەت قىلىشتىن ۋاز كەچمىگەن ئىدى.

ئۇ بىر كۈنى قەۋمىگە كايىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: ئى قەۋمىم! سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان بۇ قىلىقىڭلارنىڭ نەقەدەر يىرگىنىشلىك قەبىھ قىلمىش ئىكەنلىكىنى سىلەر ئوبدان بىلىسىلەر، قاراپ تۇرۇپ يەنە بۇ قەبىھ قىلمىشنى داۋاملاشتۇرامسىلەر؟ سىلەر سىلەرگە خوتۇن بولۇشقا يارىتىلغان ئاياللارنى قايرىپ قويۇپ، ئەرلەردىن جىنسىي تەلىپىڭلارنى قاندۇرامسىلەر؟ راستىنى ئېيتسام، سىلەر بەكمۇ نادان قەۋم ئىكەنسىلەر. سىلەر بۇ قەبىھ قىلمىشىڭلارنىڭ خەتىرىنى ۋە سىلەرگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتىنىڭ ھەقلىقىنى بىلمەمسىلەر؟

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئەخلاقىي جەھەتتىن چىرىكلەشكەن مىللەت ھالاكەتكە مەھكۇمدۇر.

2. ئەرلەرگە جىنسىي تەرەپتىن كېلىش (يەنى بەچچىۋازلىق) زىنانىڭ ئەڭ چوڭى بولۇپ، مۇنداق قىلغۇچىلار ھايۋاندىنمۇ بەتتەر مەخلۇقلاردۇر.

3. يامان ئىشقا ئادەتلىنىپ قالغانلارغا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى يامان كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

4. ئاشكارا گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلىشنىڭ گۇناھى مەخپىي قىلغاندىن چوڭدۇر.

### لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ھالاكىتى

﴿فَمَا كَانَ جَوَابَ قَوْمِهِۦٓ إِلَّآ أَن قَالُوٓاْ أَخْرِجُوٓاْ ءَالَ لُوطٍ مِّن قَرْيَتِكُمْۖ إِنَّهُمْ أُنَاسٌ يَتَطَهَّرُونَ ﴿٥٦﴾ فَأَنجَيْنَٰهُ وَأَهْلَهُۥٓ إِلَّا ٱمْرَأَتَهُۥ قَدَّرْنَٰهَا مِنَ ٱلْغَٰبِرِينَ ﴿٥٧﴾ وَأَمْطَرْنَا عَلَيْهِم مَّطَرًاۖ فَسَآءَ مَطَرُ ٱلْمُنذَرِينَ ﴿٥٨﴾﴾

### تەرجىمىسى

56-ئۇلارنىڭ بىردىنبىر جاۋابى: «لۇتنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقىرىڭلار، چۈنكى، ئۇلار ئۆزىنى پاك ھېسابلايدىغان ئىنسانلاردۇر» دېيىشتىن ئىبارەت بولدى.

57-بىز ئۇنى ۋە ئايالىدىن باشقا ئائىلە ئەزالىرىنى قۇتقۇزدۇق، تەقدىرىمىز بىلەن ئۇ (ئايال)نى ھالاك بولغۇچىلار قاتارىدىن قىلدۇق.

58-بىز ئۇلارنىڭ ئۈستىگە (تاشتىن) يامغۇر ياغدۇردۇق. ئاگاھلاندۇ-رۇلغۇچىلارغا ياغدۇرۇلغان يامغۇر نېمىدېگەن يامان!

### تەپسىرى

لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا قەۋمىنىڭ بەرگەن جاۋابى لۇت ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان مۆمىنلەرنى ئائىلىسى بىلەن قوشۇپ يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىدىغانلىقى بىلەن

تەھدىت سېلىشتىن ئىبارەت بولدى. بۇ ھەقىقەتەن تولىمۇ ئادالەتسىز ھۆكۈم ئىدى. مەلۇمكى، قانداقلا بىر جەمئىيەتتە رەزىللىك ئومۇملاشسا، مۇنداق بىر جەمئىيەتنىڭ ئادەملىرىنىڭ كۆزىگە پەزىلەت رەزىللىك، رەزىللىك پەزىلەت بولۇپ كۆرۈنىدۇ، ئەخلاقلىق كىشىلەر ئەيىبلىنىپ، ئەخلاقسىزلىقلار ئالقىشلىنىدۇ.

لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ھەقىقەتەن ئەخلاقسىز قەۋم ئىدى. ئۇز ۋاقتىدا لۇت ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى مۇئمىنلەرنىڭ پاكلىقى، ئېسىل پەزىلىتى ۋە گۈزەل ئەخلاقى بۇ ئەخلاقسىز قەۋم ئۈچۈن تەھدىت بولۇپ كۆرۈنگەن ئىدى. چۈنكى، كۆرۈمسىز گۈزەللىكنى ئۆزى ئۈچۈن تەھدىت، نادان ئالىمنى ئۆزى ئۈچۈن دۈشمەن دەپ بىلىدۇ ئەمەسمۇ؟!

ئەمما ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن ۋە بۇ رەزىل پىلانلىرىدىن ھەرگىزمۇ غاپىل ئەمەس ئىدى. ئەلۋەتتە ئۇنى پۈتۈن تەپسىلاتى بىلەن بىلىپ تۇراتتى. زالىم قەۋم تازا ھەددىدىن ئاشقاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى جازالاش ئەمرى كەلدى-دە، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى شىددەتلىك تاش يامغۇرى ياغدۇرۇش بىلەنلا بۇ كاپىر قەۋمنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ياغدۇرۇلغان تاش يامغۇرى ھەقىقەتەن ھالاك قىلغۇچى يامغۇر ئىدى. پەقەت لۇت ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرىلا بۇ ھالاكەتتىن سالامەت قالدى. ئەمما لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالىمۇ ھالاك بولغۇچىلار بىلەن بىرگە ھالاك بولۇپ تۈگەشتى. چۈنكى، ئۇ ئايال كاپىر قەۋمنىڭ تەرىپىنى تۇتقان بولۇپ، لۇت ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتمىغان ئىدى.

ھەددىدىن ئاشقان زالىملارنىڭ ئاقىۋىتى ئەنە شۇنداق ئىبرەتلىك بولىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. باتىلنىڭ قوغدىغۇچىلىرى ھەقىقەت ئالدىدا يېڭىلگەن ھامان كۈچ ئىشلىتىشكە يۈزلىنىدۇ.

2. ئىمان بىلەن باغلانمىغان ھەرقانداق يېقىنلىق ئاخىرەتتە پايدىسىزدۇر.

3. زۇلۇم بۇ دۇنيادا ئازابقا دۇچار بولۇشنىڭ بىرىنچى سەۋەبىدۇر.

4. ئىمان بىلەن تەقۋالىق ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ساقلىنىشنىڭ قالقىنىدۇر.

## ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ۋە قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەر

﴿قُلِ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ وَسَلَٰمٌ عَلَىٰ عِبَادِهِ ٱلَّذِينَ ٱصۡطَفَىٰٓۗ ءَآللَّهُ خَيۡرٌ أَمَّا
يُشۡرِكُونَ ﴿٥٩﴾ أَمَّنۡ خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ وَأَنزَلَ لَكُم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ
مَآءً فَأَنۢبَتۡنَا بِهِۦ حَدَآئِقَ ذَاتَ بَهۡجَةٍ مَّا كَانَ لَكُمۡ أَن تُنۢبِتُواْ شَجَرَهَآۗ
أَءِلَٰهٌ مَّعَ ٱللَّهِۚ بَلۡ هُمۡ قَوۡمٌ يَعۡدِلُونَ ﴿٦٠﴾ أَمَّن جَعَلَ ٱلۡأَرۡضَ قَرَارًا
وَجَعَلَ خِلَٰلَهَآ أَنۡهَٰرًا وَجَعَلَ لَهَا رَوَٰسِيَ وَجَعَلَ بَيۡنَ ٱلۡبَحۡرَيۡنِ حَاجِزًاۗ
أَءِلَٰهٌ مَّعَ ٱللَّهِۚ بَلۡ أَكۡثَرُهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿٦١﴾ أَمَّن يُجِيبُ ٱلۡمُضۡطَرَّ إِذَا
دَعَاهُ وَيَكۡشِفُ ٱلسُّوٓءَ وَيَجۡعَلُكُمۡ خُلَفَآءَ ٱلۡأَرۡضِۗ أَءِلَٰهٌ مَّعَ ٱللَّهِۚ
قَلِيلًا مَّا تَذَكَّرُونَ ﴿٦٢﴾ أَمَّن يَهۡدِيكُمۡ فِي ظُلُمَٰتِ ٱلۡبَرِّ وَٱلۡبَحۡرِ وَمَن
يُرۡسِلُ ٱلرِّيَٰحَ بُشۡرَۢا بَيۡنَ يَدَيۡ رَحۡمَتِهِۦٓۗ أَءِلَٰهٌ مَّعَ ٱللَّهِۚ تَعَٰلَى ٱللَّهُ عَمَّا
يُشۡرِكُونَ ﴿٦٣﴾ أَمَّن يَبۡدَؤُاْ ٱلۡخَلۡقَ ثُمَّ يُعِيدُهُۥ وَمَن يَرۡزُقُكُم مِّنَ
ٱلسَّمَآءِ وَٱلۡأَرۡضِۗ أَءِلَٰهٌ مَّعَ ٱللَّهِۚ قُلۡ هَاتُواْ بُرۡهَٰنَكُمۡ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ
﴿٦٤﴾ قُل لَّا يَعۡلَمُ مَن فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ ٱلۡغَيۡبَ إِلَّا ٱللَّهُۚ وَمَا
يَشۡعُرُونَ أَيَّانَ يُبۡعَثُونَ ﴿٦٥﴾ بَلِ ٱدَّٰرَكَ عِلۡمُهُمۡ فِي ٱلۡأٓخِرَةِۚ بَلۡ هُمۡ فِي
شَكٍّ مِّنۡهَاۖ بَلۡ هُم مِّنۡهَا عَمُونَ ﴿٦٦﴾﴾

### تەرجىمىسى

59ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر، ئامانلىق ئۇنىڭ (پەيغەمبەرلىككە) تاللىغان بەندىلىرىگە بولسۇن!» ئاللاھ ياخشىمۇ ياكى ئۇلارنىڭ (ئاللاھقا) شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلىرىمۇ؟

60ـ(ئۇلارنىڭ ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلىرى ياخشىمۇ) ياكى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، سىلەرگە ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن زاتمۇ؟ ئاشۇ يامغۇر بىلەن دەرەخلىرىنى ئۆستۈرۈش سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن كەلمەيدىغان گۈزەل باغلارنى يېتىشتۈرۈپ بەردۇق. (بۇ ئىشلارنى قىلىشتا) ئاللاھ بىلەن بىللە بىرەر ئىلاھ بارمۇ؟ (يوق). بەلكى ئۇلار (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتكەن قەۋمدۇر.

**61-(ئۇلارنىڭ ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلىرى ياخشىمۇ) ياكى زېمىننى تۇرالغۇ قىلغان، ئۇنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە دەريالارنى ئاققۇزغان، ئۇنىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم تاغلارنى ئورناتقان، (بىرىنىڭ سۈيى تاتلىق، يەنە بىرىنىڭ سۈيى تۇزلۇق) ئىككى دېڭىز ئارىسىدا توسۇق پەيدا قىلغان زاتمۇ؟ (بۇ ئىشلارنى قىلىشتا) ئاللاھ بىلەن بىللە بىرەر ئىلاھ بارمۇ؟ (يوق). بەلكى ئۇلارنىڭ تولىسى (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى) بىلمەيدۇ.**

**62-(ئۇلارنىڭ ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلىرى ياخشىمۇ) ياكى بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا ئىجابەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ۋە سىلەرنى يەر يۈزىنىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغان زاتمۇ؟ (بۇ ئىشلارنى قىلىشتا) ئاللاھ بىلەن بىللە بىرەر ئىلاھ بارمۇ؟ (يوق). سىلەر تولىمۇ ئاز ئىبرەت ئالىسىلەر.**

**63-(ئۇلارنىڭ ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلىرى ياخشىمۇ) ياكى قۇرۇقلۇقنىڭ ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا سىلەرگە يول كۆرسىتىپ بېرىدىغان، رەھمىتى (بولغان يامغۇر)دىن ئىلگىرى شاماللارنى بېشارەت قىلىپ ئەۋەتىدىغان زاتمۇ؟ (بۇ ئىشلارنى قىلىشتا) ئاللاھ بىلەن بىللە بىرەر ئىلاھ بارمۇ؟ (يوق). ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئەلۋەتتە ئۈستۈندۇر.**

**64-(ئۇلارنىڭ ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلىرى ياخشىمۇ) ياكى (مەخلۇقاتنى) دەسلەپتە ياراتقان، ئاندىن ئۇنى تىرىلدۈرىدىغان، سىلەرنى ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىقلاندۇرىدىغان زاتمۇ؟ (بۇ ئىشلارنى قىلىشتا) ئاللاھ بىلەن بىللە بىرەر ئىلاھ بارمۇ؟ (يوق). (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئەگەر (ئاللاھنىڭ شېرىكى بار دېگەن سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، دەلىلىڭلارنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار».**

**65-يەنە ئېيتقىنكى، «ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ»، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قاچان تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ.**

**66-ئۇلارنىڭ ئاخىرەت توغرىسىدىكى ئىلمى يېتىلدىمۇ؟ (ياق). بەلكى ئۇلار ئاخىرەت توغرۇلۇق شەك ئىچىدىدۇر، بەلكى بۇ ھەقتە كوردۇر.**

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى، بارلىق ھەمدۇسانا كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ ھەق دىننى پۈتۈن دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن، مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالامنى ھىدايەتنىڭ يېتەكچىسى قىلىپ ئەۋەتكەن ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، ئاللاھ تائالاغا كۆپلەپ شۈكۈر قىلىمەن.

ئاللاھ تائالا ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر، ئامانلىق ئۇنىڭ (پەيغەمبەرلىككە) تاللىغان بەندىلىرىگە بولسۇن!»﴾ دېگەن ئايەت ئارقىلىق ئىنسانىيەتكە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت دائىمىي مۆجىزىنى ئاتا قىلغانلىق ۋە ئىسلام ئۈممىتىنى ھىدايەت قىلغانلىق نېمىتىنى بايان قىلىدۇ.

دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئامانلىقى ئىنسانلار ئارىسىدىن تاللاپ چىقىرىلغان، دىنىنى يەتكۈزۈش يولىدا جاپا-مۇشەققەتلەرگە ئۆزلىرىنى ئاتىغان، ئازغۇنلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلىپ يولىنى داۋاملاشتۇرغان پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ يولىغا ۋارىسلىق قىلغان مۇئمىن بەندىلەرگە بولسۇن!

ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭ ئىچىدىكى مۇشرىكلاردىن سوراپ باققىنكى، كىشىلەرگە پايدا- زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر بولغان ۋە ھەممە ئىش ئۆز ئىلكىدە بولغان ئاللاھ تائالا ياخشىمۇ ياكى ھېچكىمگە پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان، ھېچكىمنى زىياندىن قوغداپ قالالمايدىغان، ھەتتا ئۆزىنىمۇ زىيان - زەخمەتتىن قوغدىيالمايدىغان ئاشۇ ئاجىز بۇتلارمۇ؟

يۇقىرىقى ئايەتلەردىكى سوئاللار ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقلۇقىنى، كائىناتنى ئىدارە قىلىشتا، كائىناتتىكى ئىشلارنى باشقۇرۇشتا ئاللاھ تائالا بىلەن بىللە بىرەر ئىلاھ ياكى بىرەر ياردەمچى يوقلۇقىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بارچە ساختا ئىلاھلاردىن ئەلۋەتتە ياخشى ۋە ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن. بۇ سوئاللار ئارقىلىق ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى، ھەممىگە رىزىق بەرگۈچى ۋە ھەممىنىڭ پەرۋىشچىسى بولغان يېگانە ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتىپ، بۇتلارغا چوقۇنىدىغان مۇشرىكلارنىڭ بۇ قىلمىشى قاتتىق ئەيىبلەنگەن ۋە ئۇلارغا قىلمىشىنىڭ ئاقىۋىتى توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم بۇ ئايەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن: «بَلِ اللَّهُ خَيْرٌ وَأَبْقَى وَأَجَلُّ وَأَكْرَمُ» يەنى «ئەلۋەتتە ئاللاھ ياخشىدۇر، ئۇ مەڭگۈلۈكتۇر، ئۇ ھەممىدىن ئۇلۇغ ۋە ھەممىدىن كەرەملىكتۇر»[1]

[1] «تفسير القرطبي» 13- توم 221-بەت.

دەيتتى.

ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئىبادەت قىلىنىشقا تامامەن ھەقلىق بولغان يېگانە مەبۇد ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان مىساللارنى بايان قىلىدۇ. ئاسمانلارنىڭ، زېمىنىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچى ئىگىسى، ھەممىنىڭ رىزىق بەرگۈچىسى، ياردەم تىلەپ دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ ئۇنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىدىغان مەدەتكارى، ئازغۇنلۇقتا پاتقانلارغا شەپقەت قىلىپ، ئۇلارنى ھىدايەت قىلغۇچى رەببىدۇر. كېلەچەكتە بولىدىغان ئىشلارنى ۋە ئىنسانلار-نىڭ بىلىش دائىرىسى سىرتىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىدىغان يېگانە زات ئاللاھ تائالادۇر. غەيبلەرنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، ھەتتا پەيغەمبەرلەرمۇ بىلمەيدۇ. بۇ مىساللارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى ۋە كامالىي قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەردۇر.

مۇشۇ ھەقىقەتلەرنى بۇ دۇنيادا بىلمىگەنلەر قىيامەت كۈنى چوقۇم بىلىدۇ. ئەمما ئۇ چاغدا بىلگەنىنىڭ نېمىگە پايدىسى بولسۇن؟!

ئەي مۇشرىكلار! ئېيتىڭلارچۇ، ھېچ ئىش قىلالمايدىغان، بىراۋغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىنىمۇ قوغدىيالمايدىغان ئاشۇ بۇتلار ياخشىمۇ ياكى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، سىلەرگە ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن ئاللاھ تائالا ياخشىمۇ؟ ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالا ياخشىدۇر.

ئى ئىنسانلار! بىز ئاسماندىن چۈشۈرگەن شۇ يامغۇر سۈيى بىلەن بىر تال دەرىخنى ئۆستۈرۈشمۇ قولۇڭلاردىن كەلمەيدىغان نۇرغۇنلىغان گۈزەل باغلارنى سىلەر ئۈچۈن يېتىشتۈرۈپ بەردۇق. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، ھەممىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى ياراتقان ۋە پەيدا قىلغان تۇرسا، يارىتىش بابىدا ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرەر ئىلاھ بارمۇ؟ شەكسىزكى، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. ئى مۇشرىكلار! ھەممىنى ياراتقان ئۇلۇغ رەببىمىز ئاللاھ تائالا ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان ساختا ئىلاھلىرىڭلارغا، شۇ بۇتلىرىڭلارغا ئوخشامدۇ؟ ﴿أَفَمَن يَخْلُقُ كَمَن لَّا يَخْلُقُ ۗ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ﴾ يەنى ﴿ياراتقان ئاللاھ بىلەن ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان (بۇتلار) ئوخشاش بولامدۇ؟ (بۇنى) ئويلاپ باقمامسىلەر؟﴾[1].

---

[1] نەھل سۈرىسى: 17ـ ئايەت.

شەكسىزكى، ئاللاھ تائالانى قويۇپ، مەخلۇقاتنى مەبۇد قىلىۋالغان ياكى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن بىللە ئاشۇ ساختا مەبۇدلارغىمۇ چوقۇنىدىغان ئىنسانلار راستتىنلا ھەقىقەتتىن تامامەن بۇرۇلۇپ كەتكەن ئازغۇنلاردۇر.

ئى مۇشرىكلار! ئېيتىڭلارچۇ، بۇتلار ياخشىمۇ ياكى زېمىننى ئىنسانلار، ھايۋانلار ۋە جىمى مەخلۇقاتنىڭ ياشىشى ئۈچۈن تۇرالغۇ قىلىپ بەرگەن، ئۇنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە دەريالارنى ۋە ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى ئاققۇزغان، زېمىننىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈستىدە مەھكەم تاغلارنى ئورناتقان، بىرىنىڭ سۈيى تاتلىق، يەنە بىرىنىڭ سۈيى تۇزلۇق ئىككى دېڭىز ئارىسىدا كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان توساقلارنى پەيدا قىلغان ئاللاھ تائالا ياخشىمۇ؟ ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالا ياخشىدۇر.

زېمىن ئۆز ئوربىتىسىدا ناھايىتى تېزلىكتە ئايلىنىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ياشاۋاتقانلارنىڭ مۇقىم ۋە خاتىرجەم ھالدا ھايات كەچۈرۈۋاتقانلىقى ئەلۋەتتە، ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان ئالامەتلەردىن بىرىدۇر. بەزى ۋاقىتلاردا زېمىننىڭ بەزى جايلىرىدا يەر تەۋرىسىمۇ، باشقا جايلارغا تەسىر قىلمىغانلىقى ئىنسانلارغا يەر يۈزىدىكى ئامانلىقنىڭ نېمىتىنى تونۇتىدىغان بىر ھادىسىدۇر. چۈنكى، بەزى ئىنسانلار زېمىننىڭ تەۋرىمەي جىم تۇرۇشىنى تەبىئەتنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتى دەپ چۈشىنىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا بەزىدە يەر تەۋرەش ئاپىتىنىمۇ پەيدا قىلىش ئارقىلىق ھەممە ئىشنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ تائالا خالىسا يەر يۈزىنى شۇنداق تەۋرىتىپ ھەممىنى ھالاك قىلىۋېتىشقا ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىپ قويىدۇ. ئەمەلىيەت ئەنە شۇنداق ناھايىتى ئېنىق تۇرسا، ئاللاھ تائالا بىلەن بىرلىكتە بىرەر ئىلاھ بار دېگىلى بولامدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا ئىدى، كائىناتنىڭ نىزامى ئاللىبۇرۇن بۇزۇلغان ۋە ھەممە نابۇت بولغان بولاتتى. ﴿لَوۡ كَانَ فِيهِمَآ ءَالِهَةٌ إِلَّا ٱللَّهُ لَفَسَدَتَاۚ﴾ يەنى ﴿ئەگەر (ئاسمان-زېمىن) ئىككىسىدە ئاللاھتىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، ئۇ ئىككىسى (نىڭ ۋە بارلىق كائىناتنىڭ نىزامى) ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى﴾[1].

ئەي مۇشرىكلار! بۇتلار ياخشىمۇ ياكى بېشىغا كۈن چۈشكەندە پۈتۈن ئىخلاسى ۋە چىن ئىشەنچىسى بىلەن دۇئا قىلىپ، ياردەم سورىغان

---

[1] ئەنبىيا سۈرىسى: 22-ئايەت.

ئادەمنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر-چىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ۋە مەخلۇقاتنىڭ ئارىسىدىن سىلەرنى تاللاپ چىقىپ، سىلەرنى بىر-بىرىڭنىڭ ئورنىنى باسىدىغان قىلغان ئاللاھ تائالا ياخشىمۇ؟ ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالا ياخشىدۇر. بۇ ئىشلارنى قىلىشتا ئاللاھ تائالا بىلەن بىللە بىرەر ئىلاھ بارمۇ؟ ئەلۋەتتە يوق!

ئى مۇشرىكلار! سىلەر شۇنداق ئازغۇن قەۋمكى، تولىمۇ ئاز ئويلىنىسىلەر، تەپەككۇر قىلمايسىلەر، ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋەتلىرىدىن ئىبرەت ئالمايسىلەر.

بۇتلار ياخشىمۇ ياكى قۇرۇقلۇقنىڭ ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا، سىلەرگە يۇلتۇزلارنىڭ ياردىمى بىلەن يول كۆرسىتىپ بەرگەن، رەھمىتىنىڭ ۋە شەپقىتىنىڭ ئىپادىسى بولغان يامغۇرنى ياغدۇرۇشنىڭ ئالدىدا شاماللارنى بېشارەت قىلىپ ئەۋەتىدىغان ئاللاھ تائالا ياخشىمۇ؟ ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالاغا ياخشىدۇر.

بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كىم قىلىۋاتىدۇ؟ ئاللاھ تائالامۇ ياكى سىلەرنىڭ بۇتلىرىڭلارمۇ؟ ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالا قىلىۋاتىدۇ. بۇ ئىشلارنى قىلىشتا ئاللاھ تائالا بىلەن بىللە بىرەر ئىلاھ بارمۇ؟ ئەلۋەتتە يوق. ئاللاھ مۇشرىكلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر.

ئەي مۇشرىكلار! بۇتلار ياخشىمۇ ياكى مەخلۇقاتنى دەسلەپتە ياراتقان، ئاندىن ئۇلارنى تىرىلدۈرىدىغان، سىلەرنى ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىش ۋە زېمىندىن ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىپ بېرىش بىلەن رىزىقلاندۇرۇپ تۇرۇۋاتقان ئاللاھ تائالا ياخشىمۇ؟ ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالا ياخشىدۇر.

بۇلارنى چەكسىز قۇدرەت ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالا قىلامدۇ ياكى سىلەرنىڭ بۇتلىرىڭلارمۇ؟ ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالا قىلىدۇ. سىلەر بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يېگانە ئاللاھ تائالانىڭ قىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان بولساڭلار، ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، سىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ شېرىكى بار دېگەن سۆزۈڭلار ئەقىلگە سىغامدۇ؟ ھەرگىزمۇ سىغمايدۇ.

ئى پەيغەمبەر! بۇ كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ شېرىكى بار دەيدىغان سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، قېنى دەلىللىرىڭلار بولسا كەلتۈرۈپ بېقىڭلار! ھەقىقەت شۇكى، ئاللاھ تائالادىن باشقا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھېچكىم غەيبنى بىلمەيدۇ، ھەتتا پەيغەمبەرلەرمۇ، پەرىشتىلەرمۇ بىلمەيدۇ. قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى بىلىشمۇ

بۇنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممىنى ئېنىق بىلىدۇ. ﴿إِنَّ ٱللَّهَ عِندَهُۥ عِلۡمُ ٱلسَّاعَةِ وَيُنَزِّلُ ٱلۡغَيۡثَ وَيَعۡلَمُ مَا فِي ٱلۡأَرۡحَامِۖ وَمَا تَدۡرِي نَفۡسٞ مَّاذَا تَكۡسِبُ غَدٗاۖ وَمَا تَدۡرِي نَفۡسُۢ بِأَيِّ أَرۡضٖ تَمُوتُۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرُۢ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، قىيامەتنىڭ ۋاقتى توغرىسىدىكى بىلىم ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر. يامغۇرنى ئاللاھ ياغدۇرىدۇ، بالىياتقۇلاردىكىلەرنى ئاللاھ بىلىدۇ. ھېچكىم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ھېچكىم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾ [1].

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېيىشنى تەلىم بەرگەن: ﴿قُل لَّآ أَمۡلِكُ لِنَفۡسِي نَفۡعٗا وَلَا ضَرًّا إِلَّا مَا شَآءَ ٱللَّهُۚ وَلَوۡ كُنتُ أَعۡلَمُ ٱلۡغَيۡبَ لَٱسۡتَكۡثَرۡتُ مِنَ ٱلۡخَيۡرِ وَمَا مَسَّنِيَ ٱلسُّوٓءُۚ إِنۡ أَنَا۠ إِلَّا نَذِيرٞ وَبَشِيرٞ لِّقَوۡمٖ يُؤۡمِنُونَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئاللاھنىڭ خالىغىنىدىن باشقا، ئۆزۈمگە پايدا يەتكۈزۈش، ئۆزۈمنى زىياندىن قوغداپ قىلىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. ئەگەر مەن غەيبنى بىلىدىغان بولسام، ئۆزۈمگە نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن، زىيان-زەخمەتكىمۇ ئۇچرىمىغان بولاتتىم. مەن پەقەت ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە خۇش خەۋەر بەرگۈچى (قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن)»﴾[2].

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ زاتىدا، سۈپەتلىرىدە ۋە كۈچ-قۇۋۋەتتە يېگانە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىلىم-ھېكمەتتىمۇ يېگانە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ھەر جەھەتتە يەككە-يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرماقتا.

ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ قاچان تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنى ھەرگىز بىلمەيدۇ. چۈنكى، قىيامەت ئۇلارغا تۇيۇقسىز كېلىدۇ. ھالبۇكى، كاپىرلار ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ. ئۇلار ئازابنى كۆرگەن چاغدا ھەممىنى بىلىدۇ ۋە ھەممىگە ئىشىنىدۇ. ئەمما ئۇ چاغدا بىلگەنلىك ۋە ئىشەنگەنلىكنىڭ نېمىگە پايدىسى بولسۇن!؟

﴿بَلِ ٱدَّٰرَكَ عِلۡمُهُمۡ فِي ٱلۡأٓخِرَةِۚ بَلۡ هُمۡ فِي شَكّٖ مِّنۡهَاۖ بَلۡ هُم مِّنۡهَا عَمُونَ﴾

---

[1] لۇقمان سۈرىسى: 34-ئايەت.
[2] ئەئراف سۈرىسى: 188-ئايەت.

يەنى كاپىرلارنىڭ ئاخىرەت توغرىسىدىكى ئىلمى يېتىلدىمۇ؟ ئۇلار بۇ ھەقتە تولۇق مەلۇماتقا ئىگە بولدىمۇ؟ ياق. بەلكى ئۇلار ئاخىرەت توغرۇلۇق پەقەت شەك ئىچىدە يۈرىدۇ، ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ، ئاخىرەت ھەقىقەتلىرىگە قارىتا ئۇلار كوردۇر. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتكە مۇنداق مەنە ئېيتقان: «ئاخىرەتكە ئىشەنمىگەن كاپىرلار بۇ دۇنيادىن ئايرىلىپ ئاخىرەتكە بارغاندا، ئەمەلىيەتنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاخىرەت ھەققىدىكى ئىلمى يېتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئەمما ئۇلار بۇ دۇنيادىكى چاغلىرىدا شەك ئىچىدە ئىدى، بەلكى ئاخىرەت توغرۇلۇق كۆزلىرى كور ئىدى»[1].

يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر: «ئۇلارنىڭ ئاخىرەت توغرىسىدا ھېچقانداق ئىلمى يوق، ئۇلار ئاخىرەت توغرۇلۇق ھېچ نەرسە بىلمەيدۇ، بەلكى ئاخىرەتنىڭ بولۇشى توغرۇلۇق گۇماندىدۇر، ئاخىرەتتە بولىدىغان ئىشلار توغرۇلۇق كوردۇر» دەپ مەنە ئېيتقان[2].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا بارچە مەدھىيە ۋە ماختاشلارغا تامامەن سازاۋەردۇر.

2. قانداقلا بىر پەيغەمبەرنىڭ نامى شەرىپىنى تىلغا ئالغاندا ياكى ئاڭلىغاندا «ئەلەيھىسسالام» يەنى (ئۇنىڭغا ئامانلىق بولسۇن) دېيىش ئىسلامي ئەدەپ-ئەخلاقنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ.

3. تەۋھىد ئەقىدىسى ئىنسانىيەتنىڭ ئەسلى ئەقىدىسى بولۇپ، شېرىك ۋە بۇتپەرەسلىك ئىنسانىيەت ئەقىدىسىگە سىرتتىن كىرگەن خۇراپاتلاردۇر.

4. ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئىمان كەلتۈرۈش ساماۋى دىنىنىڭ ئورتاق ئەقىدىسى بولۇپ، ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلار مۇئمىن بولالمايدۇ.

5. دىني ئەقىدىنىڭ مەنبەسى ۋەھيىدۇر، ئەقىل ئۇنىڭغا ياردەمچىدۇر.

## ◄ كاپىرلارنىڭ تىرىلىش ھەققىدىكى ئېتىقادى

﴿وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَءِذَا كُنَّا تُرَٰبًا وَءَابَآؤُنَآ أَئِنَّا

[1] «التفسير الميسر» 383- بەت.
[2] «تفسير ابن كثير» 6- توم، 209- بەت.

لَمُخۡرَجُونَ ﴿٦٧﴾ لَقَدۡ وُعِدۡنَا هَٰذَا نَحۡنُ وَءَابَآؤُنَا مِن قَبۡلُ إِنۡ هَٰذَآ
إِلَّآ أَسَٰطِيرُ ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿٦٨﴾ قُلۡ سِيرُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَٱنظُرُواْ كَيۡفَ كَانَ
عَٰقِبَةُ ٱلۡمُجۡرِمِينَ ﴿٦٩﴾ وَلَا تَحۡزَنۡ عَلَيۡهِمۡ وَلَا تَكُن فِي ضَيۡقٖ مِّمَّا
يَمۡكُرُونَ ﴿٧٠﴾ وَيَقُولُونَ مَتَىٰ هَٰذَا ٱلۡوَعۡدُ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿٧١﴾ قُلۡ
عَسَىٰٓ أَن يَكُونَ رَدِفَ لَكُم بَعۡضُ ٱلَّذِي تَسۡتَعۡجِلُونَ ﴿٧٢﴾ وَإِنَّ
رَبَّكَ لَذُو فَضۡلٍ عَلَى ٱلنَّاسِ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَهُمۡ لَا يَشۡكُرُونَ ﴿٧٣﴾
وَإِنَّ رَبَّكَ لَيَعۡلَمُ مَا تُكِنُّ صُدُورُهُمۡ وَمَا يُعۡلِنُونَ ﴿٧٤﴾ وَمَا مِنۡ
غَآئِبَةٖ فِي ٱلسَّمَآءِ وَٱلۡأَرۡضِ إِلَّا فِي كِتَٰبٖ مُّبِينٍ ﴿٧٥﴾

### ◄ تەرجىمىسى

67-كاپىرلار: «بىز ۋە بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز تۇپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن (تىرىلىپ قەبرىمىزدىن) چوقۇم چىقىرىلامدۇق؟

68-ھەقىقەتەن بىز ۋە ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى بۇ ھەقتە ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىدۇق. بۇ پەقەت بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس» دېدى.

69-(ئى پەيغەمبەر! بۇ كاپىرلارغا) «يەر يۈزىنى كېزىپ، گۇناھكارلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار» دېگىن.

70-سەن ئۇلار سەۋەبلىك قايغۇرمىغىن، ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكرىدىن ئىچىڭ سىقىلمىسۇن.

71-ئۇلار: «ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىللاردىن بولساڭلار، (سىلەر بىزگە تەھدىت سېلىۋاتقان) شۇ ئازاب قاچان چۈشىدۇ» دەيدۇ.

72-ئېيتقىنكى، «سىلەر ئالدىراپ كەتكەن ئازابنىڭ بىر قىسمى يېقىندا بېشىڭلارغا كېلىشى مۇمكىن».

73-شەكسىزكى، رەببىڭ ئىنسانلارغا تولىمۇ مەرھەمەتلىكتۇر (شۇڭا ئازابنى كېچىكتۈردى)، ئەمما ئۇلارنىڭ تولىسى شۈكۈر قىلمايدۇ.

74-ھەقىقەتەن رەببىڭ ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغانلىرىنى ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ.

75-ئاسمان-زېمىندا روشەن كىتابقا (لەۋھۇلمەھپۇزغا) يېزىلمىغان ھېچبىر سىر يوق.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالاغا، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان كاپىرلار ئىسلام دەۋىتىگە قارشى چىقىپ مۇنداق دېدى: «بىز ۋە ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئۆلۈپ، بەدىنىمىز چىرىپ تۇپراق بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ھېساب بېرىش ئۈچۈن تىرىلدۈرۈلۈپ راستتىنلا قەبرىمىزدىن چىقىرىلامدۇق؟ بۇ ئىشەنگىلى بولىدىغان بىر سۆز ئەمەس. بىزگە ۋە بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا ئىلگىرىمۇ مۇشۇنداق ئاگاھلاندۇرۇشلار بېرىلگەن ۋە مۇشۇنداق سۆزلەر ئېيتىلغان. شۇڭا دەيمىزكى، سىلەرنىڭ بىزنى ئاگاھلاندۇرۇۋاتقان بۇ سۆزلىرىڭلار بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. سىلەر بىزگە ئاشۇ ئەپسانىلەرنى دەۋاتىسىلەر».

دېمەك، بۇ كاپىرلار ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلدى. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇنداق ئىنكار قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كەتكەن دۇنيا سۆيگۈسى ۋە دۇنيا مەنپەئەتلىرىگە چوقۇنۇش ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلاردىكى بۇ ئىللەتنى داۋالاش ئۈچۈن، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارغا: «يەر يۈزىنى كېزىپ چىقىڭلار، خۇسۇسەن، ھىجاز، شام، يەمەن قاتارلىق جايلارنى كېزىپ چىقىڭلار» دېيىشكە بۇيرىدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئاد، سەمۇد قاتارلىق قەۋملەرنىڭ ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلىنىپ خارابىگە ئايلىنىپ قالغان قورۇ-جايلىرىنى كۆرۈپ، ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن ئىدى.

چۈنكى، ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ھالاك بولۇشى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرگە ئەگەشمىگەنلىكى، ئۇ ئېلىپ كەلگەن دىنغا قارشى چىققانلىقى ۋە كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلىقى تۈپەيلىدىن ئىدى. كېيىنكىلەرنىڭ بۇرۇنقىلار ياشىغان يۇرتلارنىڭ خارابىلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ۋە نېمە ئۈچۈن ھالاك قىلىنغانلىقىنى بىلىپ ئىبرەت ئېلىشى ۋە شۇنداق ھالاكەتنىڭ ئۆزلىرىگە كېلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ بولسىمۇ ھەقىقەتكە قارشى چىقماسلىقى كۈتۈلەتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارنى خارابىگە ئايلانغان يۇرتلارنى كېزىشكە بۇيرۇغان.

ئى ئىنسانلار! بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرىگە ئالدىنىپ كېتىپ ئاخىرەتلىكنى ئۇنتۇپ كەتمەڭلار. چۈنكى، بۇ دۇنيالىق نېمەتلەر ۋاقىتلىقتۇر.

ئەمما ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى مەڭگۈلۈكتۇر. شۇڭا سىلەر ھەرگىز بۇ دۇنياغا ئالدىنىپ كەتمەڭلار.

ئى پەيغەمبەر! سەن قەۋمىڭنى ئىمان ئېيتمىدى دەپ بىئارام بولمىغىن، ئۇلار سەۋەبلىك قايغۇرمىغىن، ئۇلارنىڭ ساڭا سۇيىقەست قىلىش ئۈچۈن ھەر خىل ھىيلە-مىكىرلەرنى پىلانلىغانلىقى ۋە تۈرلۈك قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن كۆڭلۈڭ سىقىلمىسۇن. ئاللاھ تائالا سېنى چوقۇم ئۇلارنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن قوغدايدۇ، ساڭا ۋە سېنىڭ دىنىڭغا ئەلۋەتتە ياردەم قىلىدۇ، سېنى كىشىلەرنىڭ يامانلىقىدىن ساقلايدۇ.

ئى پەيغەمبەر! بۇ كاپىرلارنىڭ ئەخمەقلىقىگە قارىغىن، ئۇلار ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابقا ئالدىراۋاتامدۇ؟ «ئۇ ئازاب قاچان كېلىدۇ؟» دەپ سېنى مەسخىرە قىلىشىۋاتامدۇ؟ بۇ كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، سىلەر ئالدىراپ كېتىۋاتقان بۇ ئازابنىڭ بىر قىسمى يېقىندا چوقۇم بېشىڭلارغا كېلىدۇ. راست دېگەندەك، ئۇلار ئىلگىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازاب-ئوقۇبەت ئۇلارغا بەدرى غازىتىدا ۋە باشقا غازاتلاردا كەلگەن ئىدى. ئۇلار ئۆلۈپ قەبرىگە كىرىشى بىلەن باشلىنىدىغان ئازابمۇ ئۇلار ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابلارنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئەمما ئاخىرەتنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن دەھشەتلىك بولۇپ، كېچىكىپ كەلسىمۇ چوقۇم كېلىدۇ، ئۇلار بۇ ئازابتىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

ئى پەيغەمبەر! شۇنىمۇ ئۇنتۇمىغىنكى، سېنىڭ رەببىڭ ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن تولىمۇ رەھىم-شەپقەتلىك زات بولۇپ، بۇ دۇنيادا مۇسۇلمان، كاپىر دەپ ئايرىماستىن، ھەممىگە ياخشىلىق قىلىدۇ، ھەممىگە رىزىق بېرىدۇ ۋە ھەممىنى پەرۋىش قىلىدۇ. ئەمما مۇئمىنلەرگە ھىدايەتتىن ئىبارەت كاتتا سوۋغاتنى ئاتا قىلغانلىقى ئالاھىدە چوڭ ئىلتىپات ۋە خاس مەرھەمەتتۇر. ئاللاھ تائالا كاپىرلارغىمۇ رەھىم-شەپقەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ توغرا يولنى تېپىشى ئۈچۈن كەڭ پۇرسەت بېرىدۇ، جازاسىنى كېچىكتۈرىدۇ. سېنىڭ رەببىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممىنى ۋە جىمى غەيبلەرنى ئېنىق بىلىدۇ. ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ قەلب قاتلىرىدىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرىدۇ، ئاسمان-زېمىندا ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا مەخپىي ئەمەس. ئاسمان-زېمىندىكى ھەممە نەرسە لەۋھۇلمەھپۇز دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ دىۋانغا يېزىلغاندۇر. ﴿يَٰبُنَيَّ إِنَّهَآ إِن تَكُ مِثۡقَالَ حَبَّةٖ مِّنۡ خَرۡدَلٖ فَتَكُن فِي صَخۡرَةٍ أَوۡ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ أَوۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ يَأۡتِ بِهَا ٱللَّهُۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَطِيفٌ خَبِيرٞ﴾ يەنى ﴿ئى ئوغلۇم! قىلمىشىڭ قىچا چاغلىق نەرسە بولۇپ، ئۇ

ئۈيۈل تاشنىڭ ئىچىدە يا ئاسمانلارنىڭ قېتىدا ياكى زېمىنىنىڭ ئاستىدا بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ئىنچىكە كۆزەتكۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾[1].

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** كاپىرلارنىڭ سەپسەتىلىرى ئۆزگەرمەيدۇ. ئۇلار ھەر زامان ئاشۇ سەپسەتىلىرى بازارغا سالماقچى بولىدۇ.

**2.** ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ناھايىتى بەك رەھىم-شەپقەتلىك بولغانلىقتىن جازاغا تېگىشلىك بولغانلارغا تەۋبە قىلىش ئۈچۈن پۇرسەت بېرىدۇ ۋە دەرھال جازالىمايدۇ.

**3.** كاپىرلار ۋە زالىملار جازاسىنى تارتماي قالمايدۇ.

**4.** ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيادا پۈتۈن مەخلۇقاتنى پەرۋىش قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا مېھرىبانلىق قىلىدۇ. مۆئمىنلەرگە رىزىق بەرگەندەك كاپىرلارغىمۇ رىزىق بېرىدۇ. ئەمما ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتى ۋە جەننىتى مۆئمىنلەرگىلا خاستۇر.

**5.** ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمى چەكسىز بولۇپ، ھەممىنى تولۇق ۋە ئېنىق بىلىدۇ.

**6.** بارچە غەيبنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ، تا قىيامەتكىچە بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغان.

### ◄ «قۇرئان كەرىم» ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

﴿إِنَّ هَٰذَا ٱلْقُرْءَانَ يَقُصُّ عَلَىٰ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ أَكْثَرَ ٱلَّذِى هُمْ فِيهِ
يَخْتَلِفُونَ ﴿٧٦﴾ وَإِنَّهُۥ لَهُدًى وَرَحْمَةٌ لِّلْمُؤْمِنِينَ ﴿٧٧﴾ إِنَّ رَبَّكَ يَقْضِى
بَيْنَهُم بِحُكْمِهِۦ ۚ وَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٧٨﴾ فَتَوَكَّلْ عَلَى ٱللَّهِ ۖ إِنَّكَ عَلَى
ٱلْحَقِّ ٱلْمُبِينِ ﴿٧٩﴾ إِنَّكَ لَا تُسْمِعُ ٱلْمَوْتَىٰ وَلَا تُسْمِعُ ٱلصُّمَّ ٱلدُّعَآءَ إِذَا
وَلَّوْا۟ مُدْبِرِينَ ﴿٨٠﴾ وَمَآ أَنتَ بِهَٰدِى ٱلْعُمْىِ عَن ضَلَٰلَتِهِمْ ۖ إِن تُسْمِعُ

[1] لۇقمان سۈرىسى: 16-ئايەت.

إِلَّا مَن يُؤْمِنُ بِـَٔايَٰتِنَا فَهُم مُّسْلِمُونَ ﴿٨١﴾

## تەرجىمىسى

76- شەكسىزكى، بۇ قۇرئان ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئۇلارنىڭ ئىختىلاپلاشقان نەرسىلىرىنىڭ نۇرغۇنىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

77- ئۇ (قۇرئان) ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن ھەقىقەتەن ھىدايەتتۇر ۋە رەھمەتتۇر.

78- (ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، رەببىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (قىيامەت كۈنى) ئۆزىنىڭ ئادالەتلىك ھۆكۈمىنى چىقىرىدۇ، ئاللاھ مۇتلەق غالىبتۇر، ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.

79- سەن ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلغىن، شەكسىزكى، سەن ئوپئوچۇق ھەقىقەت ئۈستىدىسەن.

80- ئەلۋەتتە سەن ئۆلۈكلەرگە (يەنى قەلبى ئۆلگەن كاپىرلارغا ھەقنى) ئاڭلىتالمايسەن، ئارقىسىنى قىلىپ (سەندىن) يۈز ئۆرۈگەن گاسلارغىمۇ دەۋەتنى ئاڭلىتالمايسەن.

81- سەن (دىلى) كورلارنى ئازغۇنلۇقىدىن (چىقىرىپ) ھىدايەتكە ئېرىشتۈرگۈچى ئەمەسسەن. سەن (دەۋىتىڭنى) پەقەت بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغانلارغىلا ئاڭلىتالايسەن.

## تەپسىرى

ئالدىنقى ئايەتلەردە ئۆتكەن دەلىللەر ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي سۈپەتلىرىنى بايان قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قىيامەت كۈندىكى تىرىلىشنىڭ ھەقلىقىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالانى تونۇش بىلەن ئاخىرەتكە ئىشىنىشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى مەسىلە ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ يادروسىدۇر. بۇ ئورۇندا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ئىكەنلىكى قايتا تەكىتلەنگەن.

يەھۇدىيلارنىڭ قولىدىكى «تەۋرات» بىلەن، خىرىستىيانلارنىڭ قولىدىكى «ئىنجىل»لار كۆپلىگەن ئۆزگەرتىلىش، بۇزۇلۇش ۋە بۇر-مىلىنىشلارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەسلىدىكى ساماۋى كىتابنىڭ ھەقىقەتلىرىدىن قېپقالغان ئاز- تولا ئىزلىرى بار ئىدى. «قۇرئان كەرىم» بۇرۇنقى ساماۋى كىتابلاردىن «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل»لاردىكى قېپقالغان

ھەقىقەتلەرنى تەستىقلايدىغان ۋە ئەھلى كىتاب ئۆزگەرتىۋەتكەنلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان ئۇلۇغ كىتابتۇر. ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلار توغرۇلۇق: ﴿يُحَرِّفُونَ ٱلْكَلِمَ عَن مَّوَاضِعِهِۦ وَنَسُوا۟ حَظًّا مِّمَّا ذُكِّرُوا۟ بِهِۦ﴾ يەنى ﴿ئۇلار (تەۋراتتىكى) سۆزلەرنى ئۆز ئورنىدىن ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرى ئۇچۇن قىلىنغان نەسىھەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنتۇدى﴾ [1] دېگەن بولسا، خىرىستىيانلار توغرۇلۇق: ﴿وَمِنَ ٱلَّذِينَ قَالُوٓا۟ إِنَّا نَصَٰرَىٰٓ أَخَذْنَا مِيثَٰقَهُمْ فَنَسُوا۟ حَظًّا مِّمَّا ذُكِّرُوا۟ بِهِۦ﴾ يەنى ﴿بىز خىرىستىيانمىز دېگەنلەردىنمۇ چىن ۋەدە ئالغان ئىدۇق. ئۇلار (ئىنجىلدا) ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنتۇدى﴾[2] دېگەن.

«تەۋرات»نىڭ بىر قىسمى ئۇنتۇلۇپ كېتىش بىلەن زايە بولغان بولسا، قالغان قىسمى قەستەن ئۆزگەرتىش ۋە بۇرمىلاش بىلەن زايە بولغان. بۇ مۇسىبەتتىن «ئىنجىل»لارمۇ نېسىۋىسىنى ئالغان بولۇپ، خۇددى يەھۇدىيلار ئەسلى «تەۋرات»نى زايە قىلىۋەتكەندەك، خىرىستىيانلارمۇ ئەسلى «ئىنجىل»نى زايە قىلىۋەتكەن. ھازىرقى «تەۋرات» بىلەن «ئىنجىل»نىڭ ئەسلىدىكى «تەۋرات» بىلەن ئەسلىدىكى «ئىنجىل» ئەمەسلىكىنى ۋە ھازىرقىلىرىنى كېيىنچە بىر قانچە ئاپتور يېزىپ چىققانلىقىنى يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار ئۆزلىرىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ.

ئەسلى «تەۋرات» بىلەن ئەسلى «ئىنجىل»نىڭ زايە بولۇپ كەتكەنلىكى سەۋەبتىن يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار ئوتتۇرىسىدا ۋە بۇلارنىڭ ئۆز ئارىلىرىدىمۇ كۆپلىگەن ئىختىلاپلار ۋە زىددىيەتلەر مەۋجۇت. ئەمما «قۇرئان كەرىم» ئۆزىنىڭ توغرا ۋە ھەققانىي قىسسىلىرى، كەسكىن ھۆكۈملىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلار ھەققىدە ھەق سۆزنى قىلغان. ئاللاھ تائالا ئەھلى كىتابقا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿يَٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَٰبِ لَا تَغْلُوا۟ فِى دِينِكُمْ وَلَا تَقُولُوا۟ عَلَى ٱللَّهِ إِلَّا ٱلْحَقَّ ۚ إِنَّمَا ٱلْمَسِيحُ عِيسَى ٱبْنُ مَرْيَمَ رَسُولُ ٱللَّهِ وَكَلِمَتُهُۥٓ أَلْقَىٰهَآ إِلَىٰ مَرْيَمَ وَرُوحٌ مِّنْهُ﴾ يەنى ﴿ئى ئەھلى كىتاب (يەنى خىرىستىيانلار)! دىنىڭلار توغرىسىدا ھەددىڭلاردىن ئاشماڭلار، ئاللاھ توغرۇلۇق پەقەت ھەق گەپنىلا قىلىڭلار. مەسىھ-مەريەم ئوغلى ئىيسا پەقەتلا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر، ئاللاھنىڭ مەريەمگە

---

[1] مائىدە سۈرىسى: 13-ئايەت.

[2] مائىدە سۈرىسى: 14-ئايەت.

چۈشۈرگەن كەلىمىسىدۇر[1]، ئاللاھ تەرىپىدىن (كەلگەن) بىر روھتۇر﴾[2].

ئىسرائىل ئەۋلادى ھەزرىتى ئىيسا ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق ناھايىتى چوڭ ئىختىلاپلارغا چۈشكەن بولۇپ، يەھۇدىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، ئۇنىڭ ئانىسى ھەزرىتى مەريەمگە زىنا قىلغان دەپ تۆھمەت قىلىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىدىن ساقلاپ قالغان ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرسى دارغا ئېسىلغان.

خىرىستىيانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئەمما ئۇنى ئۇلۇغلاپ ئىلاھلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋالىدۇ. خىرىستىيانلارنىڭ بەزىسى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھ دېسە، بەزىسى ئىلاھنىڭ ئوغلى دەيدۇ، كۆپىنچىسى ئۇنى ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرى دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا ئىلاھ - ئاللاھ، ئىيسا ۋە مۇقەددەس روھ قاتارلىق ئۈچتىن تەركىب تاپقان بولىدۇ.

ئەمما «قۇرئان كەرىم» ھەزرىتى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىتىنى جاكارلىغان ھالدا، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى، ھەزرىتى مەريەمگە تاشلىغان كەلىمىسى ۋە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن بىر روھ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» ھەممىگە شۇنى جاكارلاپ دەيدۇكى: ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرىدۇر، شۇڭا ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىڭلار، ئەمما ئۇنى ئىلاھ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋالماڭلار. چۈنكى، ئۇ نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا ئەلەيھىسسالاملارغا ئوخشاشلا بىر پەيغەمبەردۇر.

يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار ئوتتۇرىسىدىكى ۋە بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ئۆز ئارىسىدىكى دىنىي ئىختىلاپلار ھەقىقەتەن كۆپ بولۇپ، ئەڭ ئالدىدا تۇرىدىغىنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلىكىدۇر. «قۇرئان كەرىم» بۇ ئايەتتە مەزكۇر ئىختىلاپنىڭ ھەقىقىتىنى بايان قىلغان.

شەكسىزكى، «قۇرئان كەرىم» مۇئمىنلەر ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى شىپا ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىنى ھەمىشە يورۇتۇپ تۇرىدىغان نۇردۇر. ئۇ بارچە ياخشىلىق ۋە ئىلىم-مەرىپەتنىڭ مەنبەسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن مەنپەئەت

---

[1] يەنى ئاللاھنىڭ «بول!» دېگەن سۆزىدىن يارىتىلغاندۇر.

[2] نىسا سۈرىسى: 171-ئايەت.

ئالىدىغانلار يەنىلا ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن مۇئمىنلەردۇر.

ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە قىيامەت كۈنى ئۆزىنىڭ ئادالەتلىك ھۆكۈمىنى چوقۇم چىقىرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممە ئىشنى ئەڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىگە قەدەر بىلىدىغان، ھەتتا دىللاردىكى سىرلارنىمۇ تولۇق بىلىپ تۇرىدىغان زاتتۇر. ئۇ ھەممىگە قادىردۇر ۋە ھەممىگە غالىبتۇر.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئى پەيغەمبەر! سەن رەببىڭگە چىن ئىشەنچ بىلەن تايانغىن، ئىشلىرىڭنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغىن، سەن ھەقىقەتەن توغرا يولدىسەن، ساڭا كەلگەن دىن راستتىنلا ئوپئوچۇق ھەقىقەتتۇر. ئەمما ساڭا ئەگەشمىگەنلەر ئۇچۇن قايغۇرما. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھىدايەت تاپماسلىقىدىكى سەۋەپ سەندە ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزىدە. چۈنكى، سەن ئۆلۈكلەرگە بىر نەرسە ئاڭلىتالمىغاندەك، مەنىۋى جەھەتتىن ئۆلۈكلەرگە ئايلىنىپ قالغان بۇ تىرىك مۇردىلارغىمۇ ھېچ نەرسىنى ئاڭلىتالمايسەن. دىلى كور كاپىرلارنى ئازغۇنلۇقتىن چىقىرىپ ھىدايەتكە ئېرىشتۇرگۈچى سەن ئەمەسسەن. چۈنكى، بۇ ئىشنىڭ ئىگىسى ئاللاھ تائالادۇر، سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ۋە ۋەزىپەڭ دىننى يەتكۈزۈشتۇر، ئەمما ھىدايەت قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر. يەنە سەن دەۋىتىڭنى سەندىن ۋە سېنىڭ دەۋىتىڭدىن يۈز ئۆرۈپ ئارقىسىغا چېكىنگەن پېتى قېچىپ كېتىۋاتقان بۇ دىلى كور كاپىرلارغىمۇ ئەلۋەتتە ئاڭلىتالمايسەن.

چۈنكى، سېنىڭ دەۋىتىڭنى ۋە ھەرقانداق بىر ھەقىقەتكە چاقىر-غۇچىنىڭ دەۋىتىنى پەقەت ئۇنى قوبۇل قىلىشقا تەييارلىقى بولغان، روھى ساپ ئادەملەرلا ئاڭلايدۇ. ئۇلار كىملەر؟ شەكسىزكى، ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىدىغان، كائىناتقا تەپەككۇر ۋە ئىبرەت نەزىرى بىلەن قارايدىغان مۇسۇلمانلاردۇر. ئەمما كاپىرلار خۇددى ھايۋانلارغا ئوخشاش، بەلكى ھايۋانلاردىنمۇ بەتتەر ئازغۇن مەخلۇقلاردۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى، قۇلاقلىرى بولغان بىلەن بۇلارنى توغرا يولغا ئىشلىتەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ھىدايەت تاپالمايدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم» ساماۋى كىتابلارنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى ۋە ئەڭ

ئۇلۇغدۇر.

2. يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ تاكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلامغا ھىدايەت تاپمىغۇچە شۇنداق داۋاملىشىدۇ.

3. كاپىرلار تىرىك مۇردىلار بولۇپ، ئۇلار ھەقىقىي تىرىكلەر قاتارىدىن سانالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئىنسانلىق مەرتىۋىسىگە كۆتۈرگەن مەنىۋى روھتىن مەھرۇمدۇر.

## ◄ قىيامەتنىڭ بەزى كۆرۈنۈشلىرى ۋە مۇقەددىمىلىرى

﴿۞ وَإِذَا وَقَعَ ٱلۡقَوۡلُ عَلَيۡهِمۡ أَخۡرَجۡنَا لَهُمۡ دَآبَّةٗ مِّنَ ٱلۡأَرۡضِ
تُكَلِّمُهُمۡ أَنَّ ٱلنَّاسَ كَانُواْ بِـَٔايَٰتِنَا لَا يُوقِنُونَ ٨٢ وَيَوۡمَ نَحۡشُرُ مِن
كُلِّ أُمَّةٖ فَوۡجٗا مِّمَّن يُكَذِّبُ بِـَٔايَٰتِنَا فَهُمۡ يُوزَعُونَ ٨٣ حَتَّىٰٓ إِذَا
جَآءُو قَالَ أَكَذَّبۡتُم بِـَٔايَٰتِي وَلَمۡ تُحِيطُواْ بِهَا عِلۡمًا أَمَّاذَا كُنتُمۡ
تَعۡمَلُونَ ٨٤ وَوَقَعَ ٱلۡقَوۡلُ عَلَيۡهِم بِمَا ظَلَمُواْ فَهُمۡ لَا يَنطِقُونَ ٨٥
أَلَمۡ يَرَوۡاْ أَنَّا جَعَلۡنَا ٱلَّيۡلَ لِيَسۡكُنُواْ فِيهِ وَٱلنَّهَارَ مُبۡصِرًاۚ إِنَّ فِي
ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ يُؤۡمِنُونَ ٨٦﴾

## ◄ تەرجىمىسى

82ـ ئۇلارغا ئالدىنئالا ئېيتىلغان سۆز ئەمەلگە ئاشقان چاغدا، ئۇلارغا زېمىندىن بىر مەخلۇقنى چىقىرىمىزكى، ئۇ ئۇلارغا ئىنسانلارنىڭ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىشەنمىگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

83ـ (قىيامەت) كۈندە ھەر ئۇممەتنىڭ ئىچىدىن بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلاردىن بىر توپ ئادەمنى توپلايمىزـدە، ئۇلار توپلانغان پېتى (ھېساب مەيدانىغا) ھەيدىلىدۇ.

84ـ ئۇلار (ھېساب مەيدانىغا) كەلگەن چاغدا، ئاللاھ ئۇلارغا: «سىلەر مېنىڭ ئايەتلىرىمنى تولۇق بىلمەي تۇرۇپ ئىنكار قىلدىڭلارمۇ؟ سىلەر زادى نېمە قىلغانتىڭلار؟» دەيدۇ.

85ـ ئۇلار (كۇفرىلىقنى تاللاپ ئۆزىگە ئۆزى) زۇلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا

ئازاب تېگىشلىك بولدى. شۇڭا ئۇلار (ئۆزلىرىنى ئاقلىيالمايدىغانلىقى ئۈچۈن) گەپ قىلالماي قالىدۇ.

86-ئۇلار كېچىنى ئارام ئالىدىغان (ۋاقىت) قىلغانلىقىمىزنى، كۈندۈزنى يورۇق قىلغانلىقىمىزنى كۆرمىدىمۇ؟ شەكسىزكى، بۇنىڭدا ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار.

### ◄ تەپسىرى

ئۇ دىلى كور كاپىرلارغا ئالدىنئالا ئېيتىلغان ئازاب سۆزى ئەمەلگە ئېشىپ قىيامەتنىڭ ۋاقتى يېقىنلاشقان چاغدا، ئاللاھ تائالا زېمىندىن ئاجايىپ بىر هايۋاننى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا ئىنسانلارنىڭ ئايەتلەرگە ئىشەنمىگەنلىكىنى سۆزلىتىدۇ. مۇپەسسىرلەر مەزكۇر هايۋاننىڭ ئاخىر زاماندا چىقىدىغان ۋە قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بولغان هايۋان ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

قىيامەتنىڭ ۋاقتى يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ بارلىق ئالامەتلىرى بىر-بىرلەپ كۆرۈنۈشكە باشلىغان، ئالىملار ئۆلۈپ تۈگەپ، شەرئىي ئىلىم تۈگەپ كەتكەن، دىنىنىڭ ئەهكاملىرىنى بىلىدىغان ئادەم قالمىغان، «قۇرئان كەرىم»نى يادلىغان قارىيلارمۇ ئۆلۈپ تۈگەپ، ئۇنى بىلىدىغان ئادەم قالمىغان، يامانلىق پۈتۈن تۈرلىرى بىلەن ئومۇملاشقان، ئىمان ئاجىزلاپ ئاخىرى تۈگەشكەن، ئىنسانلار نادان ئادەملەرنى ئۆزلىرىگە يېتەكچى ۋە ئىمام قىلىۋالغان، ئۇلار ھەدەپ دىنىي مەسىلىلەردە ئۇلارغا قالايمىقان پەتىۋالارنى چىقىرىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئازدۇرغان بىر ۋاقىتتا، مەزكۇر هايۋان چىقىپ، ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىگە ئىشەنمىگەنلىكىنى ۋە ھەق دىنىنى قوبۇل قىلمىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇ هايۋاننىڭ ئادەتتىكى ئىنسان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. چۈنكى، ئايەتتىكى ﴿دَآبَّةً﴾ (داببە) دېگەن سۆز يەردە يۈرىدىغان مەخلۇق دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىنسانمۇ يەردە يۈرىدىغان مەخلۇقات قاتارىدىن سانىلىدۇ.

بۇ ئايەتلەردە، قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن كېيىن، قىيامەتنىڭ مەنزىرىلىرىدىن بىر قىسمى بايان قىلىنغان بولۇپ، قىيامەت قايىم بولغاندا، ئىنسانلار تىرىلدۈرۈلۈپ قەبرىلىرىدىن چىقىرىلىپ هېساب مەيدانىغا كەلتۈرۈلگەندە، ھەربىر ئۈممەتنىڭ كاپىرلىرى ئايرىم سەپ قىلىنىدۇ ۋە ئۇلارغا كايىپ ئېيتىلىدۇكى، سىلەر بۇ ھەقىقەتلەرنى بىلمەي

تۇرۇپ ئىنكار قىلىدىغۇلار، ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى يالغان، ئەپسانە دېيىشىدۇلار. شۇنداقمۇ؟ يەنى سىلەر ئىزدىنىپ، راست-يالغانلىقىنى تەكشۈرۈپ، ئەقلىڭلارنى ئىشلىتىپ ئويلاپ كۆرمەستىن، ئايەتلىرىمىزنى ئاڭلا-ئاڭلىمايلا ئىنكار قىلىدىڭلار، ھېچ ئىزدەنمىدىڭلار. زادى سىلەر ھاياتىڭلاردا ئىنكاردىن باشقا نېمە قىلدىڭلار؟

ئۇلارغا دۇنيادىكى چاغلىرىدا ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازاب چۈشىدۇ-دە، ئۇلار لام-جىم دېيەلمەي قالىدۇ، ئۆزرىمۇ ئېيتالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارغا ئۆزرە ئېيتىش پۇرسىتى بېرىلمەيدۇ، ئۇلارغا پۇرسەت بېرىلگەن تەقدىردىمۇ ئۆزرىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاقلىيالمايدۇ. ناۋادا ئۆزرە ئېيتقان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزرىسى ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئۆزرىسى يوقتۇر. ﴿هَٰذَا يَوْمُ لَا يَنطِقُونَ ۝٣٥ وَلَا يُؤْذَنُ لَهُمْ فَيَعْتَذِرُونَ﴾ يەنى ﴿بۇ (كاپىرلار) گەپ قىلالمايدىغان بىر كۈندۇر. ئۇلارنىڭ ئۆزرە ئېيتىشىغىمۇ ئىجازەت بېرىلمەيدۇ﴾ [1].

بۇ كاپىرلارنىڭ ھالىغا ئەجەبكى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ كېچىنى ئۇلار ئۇخلاپ ئارام ئالسۇن دەپ، قاراڭغۇ قىلىپ بەرگەنلىكىنى، كۈندۈزنى تىرىكچىلىك قىلسۇن دەپ، يورۇق قىلىپ بەرگەنلىكىنى كۆرمەمدۇ؟ بىلمەمدۇ؟ ئويلىمامدۇ؟ شەكسىزكى، بۇنىڭدا ئىمان ئېيتىدىغان، ھەقىقەتكە ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار. كۈندۈزدىن كېيىن كېچىنى پەيدا قىلىشقا، كېچىدىن كېيىن كۈندۈزنى پەيدا قىلىشقا، كىشىلەرنى كېچىدە ئۇيقۇ بىلەن ۋاپات قىلدۇرۇپ (يەنى ئۇخلىتىپ)، كۈندۈزدە تىرىلدۈرۈشكە قادىر بولغان زات ئۇلارنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈشكە ۋە ئۇلاردىن قىلمىشلىرىنىڭ ھېسابىنى ئېلىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر. بۇ ئايەتلەردە ھەقىقەتكە باش ئېگىدىغان، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن دەلىللەر ۋە كۆپلىگەن ئىبرەتلەر بار.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئايەتتە بايان قىلىنغان «مەخلۇق» كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان ئادەم قالمىغاندا چىقىدۇ.

2. كىشىلەرنى ئازدۇرغان كاتتىباشلار قىيامەت كۈنى ئۆز گۇناھلىرى

[1] مۇرسەلات سۈرىسى: 35-36-ئايەتلەر.

بىلەن قوشۇپ، باشقىلارنىڭ گۇناھلىرىنىمۇ كۆتۈرىدۇ.

3. كاپىرلار ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازاب ئۇلارغا چوقۇم چۈشىدۇ.

### قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىر قىسمى

﴿وَيَوۡمَ يُنفَخُ فِي ٱلصُّورِ فَفَزِعَ مَن فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَن فِي ٱلۡأَرۡضِ
إِلَّا مَن شَآءَ ٱللَّهُۚ وَكُلٌّ أَتَوۡهُ دَٰخِرِينَ ٨٧ وَتَرَى ٱلۡجِبَالَ تَحۡسَبُهَا
جَامِدَةً وَهِيَ تَمُرُّ مَرَّ ٱلسَّحَابِۚ صُنۡعَ ٱللَّهِ ٱلَّذِيٓ أَتۡقَنَ كُلَّ شَيۡءٍۚ إِنَّهُۥ
خَبِيرُۢ بِمَا تَفۡعَلُونَ ٨٨ مَن جَآءَ بِٱلۡحَسَنَةِ فَلَهُۥ خَيۡرٞ مِّنۡهَا وَهُم مِّن
فَزَعٖ يَوۡمَئِذٍ ءَامِنُونَ ٨٩ وَمَن جَآءَ بِٱلسَّيِّئَةِ فَكُبَّتۡ وُجُوهُهُمۡ فِي
ٱلنَّارِ هَلۡ تُجۡزَوۡنَ إِلَّا مَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ٩٠﴾

### تەرجىمىسى

87ـ سۇر چېلىنغان كۈندە ئاللاھ خالىغانلاردىن باشقا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى قورقۇنچ باسىدۇ، ھەممە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بويسۇنغان ھالدا كېلىدۇ.

88ـ سەن تاغلارغا قاراپ ئۇلارنى تۇرغۇن ھالەتتە دەپ ئويلايسەن، ھالبۇكى، ئۇلار بۇلۇتتەك ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ. (بۇ) ھەممە نەرسىنى مۇكەممەل ياراتقان ئاللاھنىڭ سەنئىتىدۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

89ـ كىمكى (ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا) ياخشى ئەمەل بىلەن كەلسە، ئۇنىڭغا قىلغان ياخشىلىقىدىن ئوبدانراق مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئۇلار بۇ كۈندە قورقۇنچتىن ئەمىن بولىدۇ.

90ـ كىمكى يامان ئىش بىلەن كەلسە، مۇنداقلار يۈزىچە دوزاخقا تاشلىنىدۇ، (ئۇلارغا) «سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارغا تېگىشلىك جازالىنىسىلەر» (دېيىلىدۇ).

### تەپسىرى

ئالدىنقى ئايەتلەردە قىيامەتنىڭ بەزى ئالامەتلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئايەتلەردە قىيامەتنىڭ باشلىنىشى بايان قىلىنغان. ئاللاھ

تائالا قىيامەتنىڭ ۋاقتى كەلگەندە، ئىسرافىل ئەلەيھىسسالامنى سۈر چېلىشقا بۇيرۇيدۇ. سۈر چېلىنغاندىن كېيىن، يەر يۈزىدىكى جانلىقلار دەھشەتلىك قورقۇنچقا چۈشىدۇ ۋە شۇ قورقۇنچ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ. پەقەت پەرىشتىلەر قاتارلىق ئاللاھ تائالا تىرىك قېلىشىنى خالىغانلارلا تىرىك قالىدۇ، قالغان بارلىق جانلىق ئۆلۈپ تۈگىشىدۇ. ﴿وَنُفِخَ فِي ٱلصُّورِ فَصَعِقَ مَن فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَن فِي ٱلۡأَرۡضِ إِلَّا مَن شَآءَ ٱللَّهُۖ ثُمَّ نُفِخَ فِيهِ أُخۡرَىٰ فَإِذَا هُمۡ قِيَامٞ يَنظُرُونَ﴾ يەنى ﴿سۈر چېلىنغان چاغدا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ئاللاھ خالىغاندىن باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ، ئاندىن ئىككىنچى قېتىم سۈر چېلىنغان ھامان ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ (نېمىگە بۇيرۇلىدىغانلىقىنى) كۈتۈپ تۇرىدۇ﴾ [1]. بۇ ئايەتتىن مەلۇمكى، بىرىنچى قېتىم سۈر چېلىنغاندا جىمى جانلىقلار ئۆلىدۇ. ئاندىن ئىككىنچى قېتىم سۈر چېلىنغاندا ئۇلارنىڭ ھەممىسى تىرىلىپ، قەبرىلىرىدىن چىقىپ، ئاللاھ تائالاغا بويسۇنغان ۋە قورققان ھالدا ھېساب مەيدانىغا قاراپ ماڭىدۇ.

كاپىرلار بۇ كۈندە ئىنتايىن خارلانغان ۋە رەسۋا بولغان ھالدا ماڭىدۇ، ئەمما مۇئمىنلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن ئەيمەنگەن ھالدا كەمتەرلىك بىلەن ماڭىدۇ. ﴿إِن كُلُّ مَن فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ إِلَّآ ءَاتِي ٱلرَّحۡمَٰنِ عَبۡدٗا﴾ يەنى ﴿ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا رەھمان ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا بەندە بولۇپ كەلمەيدىغان بىرمۇ مەخلۇق يوقتۇر﴾[2].

قىيامەت قايىم بولغان كۈندە سەن تاغلارنى كۆرۈپ، ئۇلارنى ئورنىدا سابىت تۇرۇۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالىسەن. ھالبۇكى، ئۇلار خۇددى شاماللارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ھەرىكەتلىنىپ ماڭىدىغان بۇلۇتلاردەك ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ھەممىنى مۇكەممەل ۋە پۇختا ياراتقان ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل سەنئەتلىرىدىن بىرىدۇر. ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ياخشى-يامان ئىشلىرىڭلارنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

كىمكى قىيامەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ھازىر بولىدىكەن، ئۇ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىدىنمۇ كۆپرەك مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. ئۇ قىيامەت كۈنىنىڭ قورقۇنچلىرىدىن پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولۇپ، پۈتۈنلەي ئامانلىق ئىچىدە بولىدۇ. پەقەت بىرىنچى

[1] 121 زۇمەر سۈرىسى: 68-ئايەت.
[2] 122 مەريەم سۈرىسى: 93-ئايەت.

قېتىم سۈر چېلىنغان ۋاقىتتىكى قورقۇنچ بۇنىڭدىن مۇستەسنا. چۈنكى، ئۇ بارلىق جانلىقلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئومۇمىيۈزلۈك قورقۇنچتۇر. ئەمما مۇئمىنلەر جان ئۈزۈش، قەبرىدە تىرىلىش ۋە قىيامەت كۈنىدە تىرىلىپ قەبرىدىن چىقىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ھېچقانداق بىر قورقۇنچقا ياكى بىئاراملىققا ئۇچرىمايدۇ. ئۇلار ئاقىۋەتنىڭ خەيرلىك بولىدىغانلىقى ھەققىدە خۇش بېشارەتلەرنى ئېلىپ تۇرىدۇ.

ئەمدى، قىيامەت كۈنىگە كۇفرى ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەر بىلەن بارغانلارغا كەلسەك، مۇنداقلار يۈزىچە سۆرىلىپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. خۇسۇسەن، كاپىرلارنىڭ يۈزىچە دوزاخقا تاشلىنىشىنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقى، مۇسۇلمانلارنى كۆزگە ئىلمىغانلىقتىن چىرايىنى تۈرگەنلىكى ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئۇلارنى كەمسىتكەنلىكى ئۈچۈندۇر. ئاندىن ئۇ كاپىرلارغا: سىلەر پەقەت ئۆز قىلمىشىڭلارغا تېگىشلىك جازالىنىسىلەر، سىلەرگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ. سىلەر بۇ ئازابنى تېتىشقا تېگىشلىك بولدۇڭلار، دېيىلىدۇ.

بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿سەن تاغلارغا قاراپ ئۇلارنى تۇرغۇن ھالەتتە دەپ ئويلايسەن﴾ دېگەن ئايەتنى بۇ دۇنيادىكى ئەھۋال بولۇپ، بۇ يەرشارىنىڭ قۇياشنىڭ ئەتراپىدا ناھايىتى تېزلىكتە ئايلىنىدىغانلىقىغا دەلىلدۇر، دەپ قارايدۇ. لېكىن ئايەتنىڭ سىياقى ئۇنىڭ قىيامەت قايىم بولغان ۋاقىتتىكى ئەھۋالغا ئىشارەت قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ يەردىكى ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋاللار ھەققىدە توختالغان. توغرىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قىيامەت قايىم بولغاندا تاغلارنىڭ كۆكۈم تالقان بولۇپ كېتىشى، زېمىننىڭ ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كېتىشى قاتارلىق ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. ئىنسانلار بۇ چاغدا قاتتىق قورقۇپ كېتىدۇ.

2. قىيامەت كۈنىدە ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەلدىن نېسىۋىسى بولغانلار ئۇتۇپ چىقىدىغان، بۇنىڭدىن نېسىۋىسى بولمىغان ۋە نامە-ئەمەلى گۇناھ-مەئسىيەتلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنلەر زىيان تارتىدىغان كۈندۇر.

3. ئاللاھ تائالا ھېچكىمگە قىلچىلىكمۇ ئۇۋال قىلمايدۇ، ھەركىمگە

قىلغان ئەمەلىنىڭ جازاسىنى ياكى مۇكاپاتىنى بېرىدۇ.

### پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن تەلىمات

﴿إِنَّمَآ أُمِرۡتُ أَنۡ أَعۡبُدَ رَبَّ هَٰذِهِ ٱلۡبَلۡدَةِ ٱلَّذِي حَرَّمَهَا وَلَهُۥ كُلُّ
شَيۡءٖۖ وَأُمِرۡتُ أَنۡ أَكُونَ مِنَ ٱلۡمُسۡلِمِينَ ٩١ وَأَنۡ أَتۡلُوَاْ ٱلۡقُرۡءَانَۖ
فَمَنِ ٱهۡتَدَىٰ فَإِنَّمَا يَهۡتَدِي لِنَفۡسِهِۦۖ وَمَن ضَلَّ فَقُلۡ إِنَّمَآ أَنَا۠ مِنَ
ٱلۡمُنذِرِينَ ٩٢ وَقُلِ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ سَيُرِيكُمۡ ءَايَٰتِهِۦ فَتَعۡرِفُونَهَاۚ وَمَا
رَبُّكَ بِغَٰفِلٍ عَمَّا تَعۡمَلُونَ ٩٣﴾

### تەرجىمىسى

91ـ92ـ (ئى پەيغەمبەر! ئىنسانلارغا ئېيتقىنكى) «مەن پەقەت ئاللاھ ھۆرمەتلىك قىلغان[1] بۇ شەھەر (مەككە مۇكەررەمە)نىڭ رەببىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭدۇر. مەن مۇسۇلمانلاردىن بولۇشقا، قۇرئاننى (ئىنسانلارغا) ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرۇلدۇم». كىمكى (قۇرئاننىڭ ھىدايىتىنى قوبۇل قىلىپ) توغرا يولغا كىرىدىكەن، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن توغرا يولغا كىرگەن بولىدۇ، كىمكى ئازىدىكەن، سەن (ئۇنىڭغا) ئېيتقىنكى، «مەن پەقەت ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىنمەن».

93ـ(ئى پەيغەمبەر!) يەنە ئېيتقىنكى، «بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ سىلەرگە (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىنى كۆرسىتىدۇ، سىلەر ئۇ دەلىللەرنى تونۇيسىلەر، رەببىڭ سىلەرنىڭ قىلغان قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر».

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىنى ئەڭ تەسىرلىك ۋە ئەڭ ئېسىل ئۇسۇلدا ئاخىرلاشتۇرغان بولۇپ، تىلاۋەت قىلغاندا مۆئمىنلەرنىڭ تەنلىرى تىترەيدىغان، دىلى يورۇپ كېتىدىغان، ئىمانى كۈچلىنىپ كېتىدىغان، ئۆزىنىڭ بەدئىيلىكى بىلەن تالانتلىق شائىرلارنى ۋە ئاتاقلىق ئەدىبلەرنى

[1] ھەرەمنىڭ چېگراسى ئىچىدىكى جايلاردا ئۇرۇش قىلىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش، زۇلۇم قىلىش، ھايۋانلارنى ياكى قۇشلارنى ئوۋلاش، دەل ـ دەرەخلەرنى كېسىش قاتارلىق ئىشلار ھارامدۇر.

ھەيران قالدۇرغان بۇ ئۇلۇغ قۇرئاننى نازىل قىلغان، ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ ھېكمەتلىك ئىش قىلىدىغان زاتنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا يارىشىدىغان رەۋىشتە تاماملانغان.

بۇ سۈرە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن باشلىنىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بۇيرۇلغان ئەمر-پەرمانلارنى بايان قىلىش بىلەن ئاخىرلاشقان.

بۇ سۈرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى، ئۇنىڭ ئۈممەتلىرىگە ئىبرەت بولسۇن دەپ، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى بايان قىلىنغان. ئاندىن تەۋھىد مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، كاپىرلار ۋە مۇشرىكلار بىلەن مۇنازىرە قىلغان ھالدا، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىيەتكە ئاتا قىلغان پەزل-كەرەملىرى، ئۇنىڭ بىرلىكىگە، چەكسىز ئىلمىگە ۋە تەڭداشسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان تۈرلۈك نېمەتلىرى ۋە كائىنات دەلىللىرى بايان قىلىنغان. ئاندىن بۇ سۈرە قىيامەت كۈنىدىكى تىرىلىش ۋە ئاللاھ تائالاغا ھېساب بېرىش ئەقىدىسىنى، شۇنداقلا ئاللاھ تائالاغا ھەقىقىي رەۋىشتە ئىبادەت قىلىش ۋە «قۇرئان كەرىم»نى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ دۇردانىلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەش بىلەن ئاخىرلاشقان.

سۈرىنىڭ ئاخىردا، ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇغان: مەن مەككە مۇكەررەمەدىن ئىبارەت رەببىم ئۇلۇغ ۋە ھۆرمەتلىك قىلغان، قان تۆكۈشنى، بىرەر كىشىگە زۇلۇم ۋە يولسىزلىق قىلىشنى، ھەتتا دەل-دەرەخلىرىنى كېسىشنى، قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىنى ئوۋلاشنى قەتئىي مەنئى قىلىپ، خاتىرجەملىك ماكانى قىلىپ بەرگەن ۋە ئىچىگە كىرگەن ئادەم تامامەن خاتىرجەملىككە ئېرىشىدىغان شۇ ئۇلۇغ شەھەرنىڭ رەببىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم.

ھەرەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەككە مۇكەررەمە شەھىرى شۇنداق ئۇلۇغ جايكى، ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبى تەلپۈنۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تۈرلۈك مېۋىلەر كەلتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. ھەر يىلى مىليونلىغان مۇسۇلمان بۇ شەھەرنى زىيارەت قىلىدۇ، ئۇلار بۇ شەھەردە بىر-بىرى بىلەن تونۇشىدۇ ۋە دىنىي قېرىنداشلىقنىڭ ھوزۇرىنى بۇ يەردە تېتىيدۇ.

كائىناتتىكى ھەممە نەرسە ئاللاھ تائالانىڭ بولۇپ، ھەممىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى ياراتقان ۋە ھەممىنى ئۆزى يالغۇز ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ. كائىنات ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر. ئى پەيغەمبەر! ئىنسانلارغا ئېيتقىنكى، مېنىڭ ۋەزىپەم پەقەت سىلەرگە ھەق دىننى يەتكۈزۈش ۋە ھەقىقىي مۆئمىنلەردىن بولۇشتۇر. چۈنكى، مەن شۇنىڭغا بۇيرۇلدۇم. ئەمما بەندىلىرىدىن ھېساب ئېلىشقا ئاللاھ تائالا ئۆزى يېتەرلىكتۇر. چۈنكى، باشتىن ئاخىر ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئىلكىدىدۇر.

مەن يەنە بارچە ياخشىلىقنىڭ مەنبەسى بولغان «قۇرئان كەرىم»نى ئىنسانلارغا ئوقۇپ بېرىشكە، مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە بۇيرۇلدۇم. چۈنكى، ئۇ مۆئمىنلەر ئۈچۈن شىپا ۋە ئالەملەر ئۈچۈن رەھمەتتۇر. ﴿وَنُنَزِّلُ مِنَ ٱلْقُرْءَانِ مَا هُوَ شِفَآءٌ وَرَحْمَةٌ لِّلْمُؤْمِنِينَ﴾ يەنى ﴿بىز قۇرئاندىن مۆئمىنلەرگە شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان ئايەتلەرنى نازىل قىلىمىز﴾[1]، ﴿وَنَزَّلْنَا عَلَيْكَ ٱلْكِتَٰبَ تِبْيَٰنًا لِّكُلِّ شَىْءٍ وَهُدًى وَرَحْمَةً وَبُشْرَىٰ لِلْمُسْلِمِينَ﴾ يەنى ﴿بىز ساڭا قۇرئاننى ھەممە نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، مۇسۇلمانلارغا ھىدايەت، رەھمەت ۋە خۇش خەۋەر قىلىپ نازىل قىلدۇق﴾[2].

بىز «قۇرئان كەرىم»نى توغرا رەۋىشتە تىلاۋەت قىلىپ، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئەمەل قىلىدىغان بولساق، ئەلۋەتتە دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولىمىز. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» ئەڭ ئاساسلىق ھىدايەت مەنبەسىدۇر. ئۇنىڭ يولىغا ئەگەشكەنلەر پايدا تاپىدۇ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەر زىيان تارتىدۇ. خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن، بۇنىڭ ئاللاھ تائالاغا قىلچە پايدىسى ياكى زىيىنى يوق. بەلكى پايدا-زىيان ھەركىمنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ. چۈنكى، ھىدايەت تاپقان ئادەم پەقەت ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ھىدايەت تاپقان بولىدۇ، ئېزىپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئازغۇنلۇقىنىڭ زىيىنىمۇ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ياخشى- يامان بارلىق ئەمەللىرىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدۇ، گۇناھكارلارنىڭ قىلمىشلىرىدىنمۇ ھەرگىز غاپىل ئەمەس، چۈنكى، ئۇ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممىنى بىلىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ ۋەزىپەڭ كىشىلەرگە ھەقىقەتنى يەتكۈزۈش،

---

[1] ئىسرا سۈرىسى: 82-ئايەت.
[2] نەھل سۈرىسى: 89-ئايەت.

ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتلاردىن بېشارەت بېرىش ۋە كاپىرلىقتا چىڭ تۇرۇۋالغۇچىلارنى ئاخىرەتنىڭ دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.

ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى، جىمى ھەمدۇسانا (يەنى بارچە مەدھىيە ۋە ماختاشلار) ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، ئاللاھ تائالاغا ئۇنىڭ ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنىڭ سانىچىلىك ۋە جىمى مەخلۇقاتلىرىنىڭ سانىچىلىك، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ھەمدۇسانا ئېيتىمىز.

ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقى، چەكسىز قۇدرىتى ۋە پايانسىز ئىلىم-ھېكمىتىگە دالالەت قىلىدىغان كائىنات دەلىللىرىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ﴿سَنُرِيهِمْ ءَايَٰتِنَا فِى ٱلْءَافَاقِ وَفِىٓ أَنفُسِهِمْ حَتَّىٰ يَتَبَيَّنَ لَهُمْ أَنَّهُ ٱلْحَقُّ﴾ يەنى ﴿ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغانغا قەدەر، بىز ئۇلارغا ئاسمان-زېمىن ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىپ تۇرىمىز﴾ [1].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئالدى بىلەن باشقىلارغا ياخشى ئىشلاردا باشلامچى بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش، بارلىق ئەمەللەرنى ئۇنىڭغا خالىس قىلىش ۋە ئىنسانلارغا ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بىلەن ۋەز-نەسىھەت قىلىشتۇر.

2. مەككە مۇكەررەمە شەھىرى ئاللاھ تائالا ئۇلۇغ قىلغان ھۆرمەتلىك شەھەر بولۇپ، ھەرەمنىڭ دائىرىسى ئىچىدە قان تۆكۈش، ئۇرۇش قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ.

3. ھەمدۇسانا پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا ئېيتىلىدۇ. چۈنكى، بۇ ئاللاھ تائالانىڭلا ھەققىدۇر.

4. ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ ياخشى-يامان ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىدۇ. قىيامەت كۈنىدە ھەممە ئۆزىنىڭ ئەمەلىدىن جاۋابكار بولىدۇ.

[1] فۇسسىلەت سۈرىسى: 53-ئايەت.

# قەسەس سۈرىسى

قەسەس سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 88 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، 85-ئايىتىنىڭ ھىجرەت ئەسناسىدا مەككە بىلەن مەدىنە ئوتتۇرىسىدا، 52-ۋە 55-ئايەتلىرىنىڭ مەدىنىدە نازىل بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە ئاجىزلارغا ياردەم قىلىش، زالىملارنى ھالاك قىلىشتىن ئىبارەت ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتىنى نامايان قىلىش ئارقىلىق كۈچ-قۇۋۋەتنىڭ ۋە ئەخلاق-پەزىلەتنىڭ ھەقىقىي ئۆلچىمىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

﴿القصص﴾ (قەسەس)-قىسسىلەر ۋە ۋەقەلىكلەر دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ ئىسىم مەزكۇر سۈرىنىڭ 25-ئايىتىدىن ئېلىنغان. بۇ سۈرە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىق دەۋرى، ئاللاھ يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى، تەۋھىد ئەقىدىسىنىڭ غەلىبىسى ۋە دۇنيا مەنپەئەتلىرىنىڭ پانىي ئىكەنلىكى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ سۈرىدە ئىسلامنىڭ مەككە دەۋرىدىكى باسقۇچلىرىدا مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشرىكلار تەرىپىدىن تارتقان دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەتلىرىگە تەسەللى بېرىلگەن بولۇپ، ھەقىقىي ئامانلىق بىلەن مەڭگۈلۈك خاتىرجەملىككە پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا يۈرگەنلەرلا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى، كاپىرلار بايلىق ۋە كۈچ-قۇۋۋەت جەھەتتە نەقەدەر ئۈستۈن بولۇپ كەتسىمۇ، بەرىبىر ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ پۈتۈنلەي ھالاكەت بىلەن تۈگىشىش ئىكەنلىكىنى دەلىللىگەن. شۇڭا پۇل-مېلىغا ئىشىنىپ كۆرەڭلىگەن قارۇن بىلەن كۈچ-قۇۋۋىتىگە ئىشىنىپ ھەددىدىن ئاشقان پىرئەۋننىڭ قانداق ھالاك بولغانلىق قىسسىسى بايان قىلىنغان. بۇ ئارىدا ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ چەكسىز قۇدرىتى ۋە مۇكەممەل ئىلىم-ھېكمىتىنى نامايان قىلىدىغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ماددىي دەلىللەرنى كەلتۈرگەن.

## ◄ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿طسٓمٓ ١ تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱلۡكِتَٰبِ ٱلۡمُبِينِ ٢ نَتۡلُواْ عَلَيۡكَ مِن
نَّبَإِ مُوسَىٰ وَفِرۡعَوۡنَ بِٱلۡحَقِّ لِقَوۡمٖ يُؤۡمِنُونَ ٣ إِنَّ فِرۡعَوۡنَ عَلَا فِي
ٱلۡأَرۡضِ وَجَعَلَ أَهۡلَهَا شِيَعٗا يَسۡتَضۡعِفُ طَآئِفَةٗ مِّنۡهُمۡ يُذَبِّحُ أَبۡنَآءَهُمۡ
وَيَسۡتَحۡيِۦ نِسَآءَهُمۡۚ إِنَّهُۥ كَانَ مِنَ ٱلۡمُفۡسِدِينَ ٤ وَنُرِيدُ أَن نَّمُنَّ
عَلَى ٱلَّذِينَ ٱسۡتُضۡعِفُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَنَجۡعَلَهُمۡ أَئِمَّةٗ وَنَجۡعَلَهُمُ ٱلۡوَٰرِثِينَ
٥ وَنُمَكِّنَ لَهُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَنُرِيَ فِرۡعَوۡنَ وَهَٰمَٰنَ وَجُنُودَهُمَا
مِنۡهُم مَّا كَانُواْ يَحۡذَرُونَ ٦﴾

### ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ تا، سىن، مىيم(بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

2ـ بۇ (ھەر نەرسىنى) ئېنىق بايان قىلىدىغان كىتابنىڭ ئايەتلىرىدۇر.

3ـ(ئى پەيغەمبەر! قۇرئاننى) ئىشىنىدىغان قەۋم (نىڭ ئىبرەت ئېلىشى) ئۈچۈن ساڭا مۇسا ۋە پىرئەۋن قىسسىسىنىڭ بىر قىسمىنى ئەينەن ئوقۇپ بېرىمىز.

4ـ شۈبھىسىزكى، پىرئەۋن (مىسىر) زېمىنىدا ھەددىدىن ئاشتى، ئاھالىسىنى تەبىقىلەرگە بۆلۈپ، ئۇلاردىن (ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئىبارەت) بىر تەبىقىنى بوزەك قىلدى، ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قىزلىرىنى تىرىك قالدۇردى. چۈنكى، پىرئەۋن بۇزغۇنچىلاردىن ئىدى.

5ـ6ـ بىز (مىسىر) زېمىنىدا بوزەك قىلىنغانلارغا مەرھەمەت قىلىشنى، ئۇلارنى يولباشچى قىلىشنى، ئۇلارنى (پىرئەۋننىڭ مۈلۈكىگە) ۋارىس قىلىشنى، ئۇلارنى ئۇ زېمىندا كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە قىلىشنى، پىرئەۋنگە، (ۋەزىرى) ھامانغا ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنىغا (ھاكىمىيىتىدىن ئايرىلىپ قېلىش ۋە ھالاك بولۇشتىن

ئىبارەت) ئۇلار ئىسرائىل ئەۋلادىدىن (كېلىدۇ، دەپ) ئەنسىرىگەن نەرسىسىنى كۆرسىتىشنى ئىرادە قىلغان ئىدۇق.

### تەپسىرى

تا، سىن، مىيم دېگەن بۇ ئۈچ ھەرپ خۇددى باشقا سۈرىلەرنىڭ بېشىدىكى «ئەلىف، لام، مىيم» ۋە «تا، ھا» دېگەنلەرگە ئوخشاش بىز ئۈچۈن مەنىسى ئوچۇق بولمىغان ئايەتلەرنىڭ قاتارىدىندۇر. شۇڭا ئۇلارغا مەنە ئېيتىلمايدۇ، بەلكى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئېپادىلەشتىكى مۆجىزىلىرىدىن بىرى دەپ قوبۇل قىلىنىدۇ.

بۇ ھەق بىلەن باتىلنىڭ، ھالال بىلەن ھارامنىڭ ئارىسىنى ئايرىغۇچى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغۇچى ۋە ھەممىنى تولۇق بايان قىلىپ بەرگۈچى ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئىنسانىيەتنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بايان قىلىپ بەرگەن، ھېچ نەرسىنى ئۇنتۇپ قالمىغان.

ئى پەيغەمبەر! بىز ئەلچىمىز جىبرىلنىڭ تىلى ئارقىلىق ساڭا مۇسا بىلەن پىرئەۋننىڭ قىسسىلىرىدىن بىر قىسمىنى ئەينەن ئوقۇپ بېرىمىز.

شۈبھىسىزكى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ قىسسىسى ئۇنىڭ «قۇرئان كەرىم»دىكى قىسسىلىرى ئىچىدە ئەڭ ئەھمىيەتلىك قىسمىدۇر. ئۇنىڭ پىرئەۋن بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ھەققىدىكى بۇ قىسسىلىرى پەقەت ئىبرەت ۋە ۋەز-نەسىھەت ئورنىدا بايان قىلىنغان. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» تارىخ كىتابى بولمىغاندەك، قىسسە كىتابىمۇ ئەمەس.

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن زالىم پىرئەۋننىڭ قىسسىسىنى ئاشۇرۇۋەتمەستىن ياكى يوشۇرماستىن، ئۇز ھەقىقىتى بىلەن ئەڭ توغرا ئۇسلۇبتا بايان قىلىپ بېرىمىز. گەرچە «قۇرئان كەرىم»دىكى قىسسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ھەقىقىتى بىلەن بايان قىلىنغان قىسسىلەر بولسىمۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىشنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىشتە چوڭ رول ئوينايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا بۇ قىسسىلەرنى ﴿ھەقىقەتى بىلەن ئوقۇپ بېرىمىز﴾ دەپ ئالاھىدە تەكىتلىگەن. گەرچە بۇ قىسسىلەر جىمى ئىنسانىيەتكە ئوقۇپ بېرىلسىمۇ، بۇلاردىن پەقەت «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغان

ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىدىغان قەۋملا مەنپەئەت ئالالايدۇ.

مىسىر پادىشاھى پىرئەۋن مىسىر زېمىنىدا چوڭچىلىق قىلغان، زۇلۇمدا تولىمۇ ھەددىدىن ئاشقان، مىسىر خەلقىنى ئەزگەن، ھەتتا ئۆزىنى مىسىرلىقلارنىڭ ئىلاھى دەپ ئاتىۋالغان بىر زالىم ھۆكۈمدار ئىدى. ئۇ مىسىر خەلقىنى تەبىقىلەرگە ئايرىپ، گۇرۇھلارغا ۋە جامائەتلەرگە بۆلۈۋەتكەن بولۇپ، ھەربىر پىرقە ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن دەپ سانايتتى. پىرئەۋن مىسىرلىقلارنى شۇنداق تەبىقىلەرگە بۆلۈش ئارقىلىق ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئاندىن ھەممىنى ئۆزىگە شەرتسىز بويسۇنىدىغان، خورلۇققا ۋە زۇلۇمغا رازى بولىدىغان ھالغا كەلتۈرگەن ئىدى. ئىسرائىل ئەۋلادىنى بولسا قۇل قىلىپ ئىشلەتكەن ۋە ناھايىتى قاتتىق خارلىغان. ئۇلارنى قۇللار تەبىقىسى دەپ ئايرىغان.

بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دېگەن: پىرئەۋن مىسىرلىقلارنى ئۆز ئارىسىدا ھەرخىل پىرقىلەرگە بۆلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنى پىرئەۋننىڭ رايىنى بىردەك قوللايدىغان، مەيلى توغرا، مەيلى خاتا قانداقلا بىر ھۆكۈمنى شەرتسىز قوبۇل قىلىدىغان ۋە ئۇنى مۇداپىئە قىلىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان. بۇ بەزى مىللەتلەرنىڭ تەبىئىتىگە سىڭىپ كەتكەن تەسلىمىيەتچىلىك ئىللىتى بولۇپ، ئۇلار بۇ ئىللەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. مەسىلەن: بىراۋ ئۆزىنى ئىنتايىن خەلقپەرۋەر، تەقۋادار، ئالىيجاناب قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇۋېلىپ، ھوقۇقنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن بىردىنلا ئۆزگىرىدۇ. ئاندىن ئۇزاققا قالماي كۆڭلىدىكى رەزىللىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاشكارىلايدۇ، قارشى چىققانلارنى تۇتۇپ سولايدۇ، قىينايدۇ، جازالايدۇ، ئۆلتۈرىدۇ. دېمەك زۇلۇمنىڭ ھەممە تۈرىنى قىلىدۇ، بارچە ھىممىتى مال-دۇنيا توپلاش بولغانلىقتىن، دۆلەتنىڭ مال-مۈلۈكىنى خالىغانچە قاقتى - سوقتى قىلىدۇ ۋە نۇرغۇنلىرىنى ئۆز مۈلۈكىگە ئايلاندۇرۇۋالىدۇ.

شەرق دۆلەتلىرىنىڭ ھاكىمۇتلەقلىرىنى ھېچكىم مەنسەپتىن ئېلىۋېتەلمەيدۇ. شۇڭا كۆپلىگەن ئەرەب ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئاساسىي قانۇنلىرىدا «دۆلەت رەئىسى تۆت يىللىقتىن ئىككى قېتىملا سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە» دەپ قەيت قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ رەئىسلەر تەختكە چىقىۋالغاندىن كېيىن ئۆلگەنگە قەدەر تەختتە ئولتۇرۇۋالىدۇ. ئۇ يا ئۆزى ئۆلۈش بىلەن ياكى ئۆلتۈرۈلۈش بىلەنلا تەختنى باشقىلارغا بوشىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا بىر رەئىس جۇمھۇر 40-50 يىل ھاكىمىيەت ئۈستىدە

ئۆلتۈرىدۇ.

ئىش باشقۇرغۇچىلارنى ئۇلارنىڭ نەپسانىيەتچىلىك، رەھىمسىزلىك، ۋىجدانسىزلىق، قانائەتسىزلىك ۋە ھاكاۋۇرلۇق ئىللەتلىرى كاردىن چىقارغان بولسا، پۇقرالارنى تەسلىمىيەتچىلىك، قورقۇنچاقلىق، خورلۇققا كۆنۈپ كېتىش قاتارلىق ئىللەتلەر كاردىن چىقارغان. دېمەك، ھاكىم-مەھكۇم، رەئىس-پۇقرا ھەممىسى مەنىۋى جەھەتتىكى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر كۈنى پىرئەۋندىن: «ئى پىرئەۋن! سەن نېمانچە زالىم بولۇپ كەتتىڭ؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ: «سىلەر مېنى زالىم قىلىپ قويدۇڭلار. چۈنكى، ماڭا قارشى چىقمىدىڭلار، ئاقنى قارا، قارىنى ئاق دېسەممۇ جىم تۇردۇڭلار. شۇڭا مەن شۇنداق زالىم بولۇپ قالدىم» دېگەن ئىكەن.

بۇ ئىللەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ ۋە بۇ ئىجتىمائىي كېسەلدىن ساقىيىشنىڭ بىرلا يولى «قۇرئان كەرىم» بىلەن سۈننەتكە (يەنى ھەدىسكە) چىڭ ئېسىلىش ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ روھى بويىچە ئىش كۆرۈشتۇر.

بىز «قۇرئان كەرىم» ۋە سۈننەتنىڭ تەربىيەسى بىلەن تەربىيەلىنىپ، نەپسىمىزنى پاكلاپ، ئەخلاقىمىزنى تۈزىتىپ، روھىمىزنى يۈكسەلدۈرۈپ ھالىمىزنى ئىسلاھ قىلساق، ئەلۋەتتە پارلاق بىر كېلەچەكنى يارىتالايمىز.

ئەمدى، پىرئەۋنگە كەلسەك، پىرئەۋن ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىن دۇنياغا كېلىدىغان بىر بوۋاقنىڭ كېيىنچە ئۇنىڭ پادىشاھلىقىغا خاتىمە بېرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىسرائىل ئەۋلادىدىن تۇغۇلماقچى بولغان شۇ بوۋاقنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇنىڭ خەۋپىدىن خاتىرجەم بولۇش ئۈچۈن ئۇلاردىن تۇغۇلغان ئوغۇل بوۋاقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈشكە پەرمان چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى كەلگەن پەيغەمبەرلەر ئۇنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن، ئۇنىڭ زالىملارنى يوق قىلىدىغان-لىقىدىن، خۇسۇسەن، ئىسرائىل ئەۋلادىنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزىدىغانلىقىدىن بېشارەتلەرنى بەرگەن. شۇڭا پىرئەۋن ئۆزىنىڭ تەختىنى ساقلاپ قېلىش يولىدا ئىسرائىل ئەۋلادىدىن تۇغۇلغان ئوغۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ چىقىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى ۋە تەدبىرى ئالدىدا دۇنيا پىر-ئەۋنلىرىنىڭ تەدبىرلىرى ۋە ھىيلە- مىكىرلىرى نېمىگە يارىسۇن؟!

پىرئەۋن ئىسرائىل ئەۋلادىغا سالغان زۇلمى، قاتىللىقى ۋە بارلىق ۋەھشىي قىلمىشلىرى ئارقىلىق يەر يۈزىدىكى ئەڭ چوڭ بۇزغۇنچىلاردىن

بولۇپ قالغان ئىدى.

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، بىز بولساق، مىسىردا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغان، ئېزىلگەن ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقى سەۋەبلىك بوزەك قىلىنغان ئىسرائىل ئەۋلادىغا رەھىم-شەپقەت قىلىپ، ئۇلارنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇشنى، ئۇلارنىڭ شەنىنى كۆتۈرۈشنى، ئۇلارنى ئۆز زامانىسىدىكى خەلقلەرگە يولباشچى قىلىشنى، ئۇلارنى پىرئەۋننىڭ ھاكىمىيىتىگە، مال-مۈلۈكىگە ۋە مىسىر زېمىنىغا ۋارىس قىلىشنى ئىرادە قىلغان ئىدۇق. ئۇلارنى يەنە ئۆزلىرى قۇل قىلىنغان ۋە چىدىغۇسىز ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە ئۇچرىغان مىسىر زېمىنىدا كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە قىلىپ ھاكىمىيەتكە ئولتۇرغۇزۇشنى، ئاندىن پىرئەۋنگە، ئۇنىڭ ۋەزىرى ھامانغا ۋە مىسىردىكى پىرئەۋن قوشۇنىغا، ئۆزلىرىنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن كېلىدۇ، دەپ ئەنسىرىگەن ئاقىۋەتكە دۇچ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇشنى ئىرادە قىلغان ئىدۇق. ئەمەلىيەتتە شۇنداق قىلدۇق ۋە ئىرادىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇردۇق.

ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن ھەممىگە غالىب ۋە مۇرادىنى ھېچبىر چەكلىمىسىز ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان مۇتلەق قۇدرەتكە ئىگە زاتتۇر. ئۇ ئېزىلگەن ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئەزىز ۋە كۈچلۈك قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى مىسىر زېمىنىنىڭ ئىلاھى دەپ كۆرەڭلىگەن پىرئەۋننى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتى.

ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىغا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىش ۋە ئۇنىڭغا نۇرلۇق كىتاب «تەۋرات»نى بېرىش ئارقىلىق كاتتا ئىلتىپات كۆرسەتكەن ئىدى. ئاللاھ تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدا ئىزچىل يۈرۈپ، «تەۋرات»نى ھاياتلىق دەستۇرى قىلغان مۇددەت ئىچىدە ئەزىز ۋە شان-شەۋكەتلىك ھايات كەچۈرىدىغانلىقى، ناۋادا ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىن چىقىپ، «تەۋرات»نى ئارقىسىغا چۆرۈۋەتسە، خورلۇق، سەرسانلىق ۋە ھەر خىل ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئالدىنئالا ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن. ئەپسۇسكى، ئۇلار ئىككىنچىسىنى تاللىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خارلىققا ۋە سەرسانلىققا مەھكۇم بولغان.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەسىلىلەرنى چۈشىنىشلىك ۋە ئېنىق بايان

قىلىدىغان بىر كىتاب ئىكەنلىكى ئۇنىڭ كاتتا مۆجىزىلىرىدىن بىرىدۇر.

2. «قۇرئان كەرىم» مۆجىزىلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر.

3. يولسىزلىق ۋە زۇلۇمنىڭ ئاقىۋىتى نادامەتتۇر. پىرئەۋننىڭ ئىبرەتلىك ئاقىۋىتى بۇنىڭ مىسالى.

4. «قۇرئان كەرىم»دىن مەنپەئەت ئالىدىغانلار ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغان مۇئمىنلەردۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قەلبى ئوچۇقتۇر.

5. تۇغۇتنى مۇتلەق چەكلەش ھارامدۇر. پەقەت ئەر-ئايال ئىككىسى يېتەرلىك سەۋەب تۈپەيلى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تۇغۇشنىڭ ئالدىنى ئالسا بولىدۇ.

## ◄ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئېمىتىلىشى

﴿وَأَوْحَيْنَآ إِلَىٰٓ أُمِّ مُوسَىٰٓ أَنْ أَرْضِعِيهِ ۖ فَإِذَا خِفْتِ عَلَيْهِ فَأَلْقِيهِ فِى
ٱلْيَمِّ وَلَا تَخَافِى وَلَا تَحْزَنِىٓ ۖ إِنَّا رَآدُّوهُ إِلَيْكِ وَجَاعِلُوهُ مِنَ ٱلْمُرْسَلِينَ
﴿٧﴾ فَٱلْتَقَطَهُۥٓ ءَالُ فِرْعَوْنَ لِيَكُونَ لَهُمْ عَدُوًّا وَحَزَنًا ۗ إِنَّ فِرْعَوْنَ
وَهَٰمَٰنَ وَجُنُودَهُمَا كَانُوا۟ خَٰطِـِٔينَ ﴿٨﴾ وَقَالَتِ ٱمْرَأَتُ فِرْعَوْنَ قُرَّتُ
عَيْنٍ لِّى وَلَكَ ۖ لَا تَقْتُلُوهُ عَسَىٰٓ أَن يَنفَعَنَآ أَوْ نَتَّخِذَهُۥ وَلَدًا وَهُمْ
لَا يَشْعُرُونَ ﴿٩﴾ وَأَصْبَحَ فُؤَادُ أُمِّ مُوسَىٰ فَٰرِغًا ۖ إِن كَادَتْ لَتُبْدِى
بِهِۦ لَوْلَآ أَن رَّبَطْنَا عَلَىٰ قَلْبِهَا لِتَكُونَ مِنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿١٠﴾ وَقَالَتْ
لِأُخْتِهِۦ قُصِّيهِ ۖ فَبَصُرَتْ بِهِۦ عَن جُنُبٍ وَهُمْ لَا يَشْعُرُونَ ﴿١١﴾ ۞
وَحَرَّمْنَا عَلَيْهِ ٱلْمَرَاضِعَ مِن قَبْلُ فَقَالَتْ هَلْ أَدُلُّكُمْ عَلَىٰٓ أَهْلِ
بَيْتٍ يَكْفُلُونَهُۥ لَكُمْ وَهُمْ لَهُۥ نَٰصِحُونَ ﴿١٢﴾ فَرَدَدْنَٰهُ إِلَىٰٓ أُمِّهِۦ كَىْ
تَقَرَّ عَيْنُهَا وَلَا تَحْزَنَ وَلِتَعْلَمَ أَنَّ وَعْدَ ٱللَّهِ حَقٌّ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ
لَا يَعْلَمُونَ ﴿١٣﴾ وَلَمَّا بَلَغَ أَشُدَّهُۥ وَٱسْتَوَىٰٓ ءَاتَيْنَٰهُ حُكْمًا وَعِلْمًا ۚ
وَكَذَٰلِكَ نَجْزِى ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿١٤﴾﴾

### تەرجىمىسى

7ـ مۇسانىڭ ئانىسىغا: «مۇسانى ئېمىتكىن، ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرىسەڭ، ئۇنى (ساندۇققا سېلىپ) دەرياغا قويۇپ بەرگىن، (ئۇنىڭدىن) ئەنسىرىمىگىن ۋە قايغۇرمىغىن، ئۇنى چوقۇم ساڭا قايتۇرىمىز ۋە پەيغەمبەرلەردىن قىلىمىز» دەپ ئىلھام قىلدۇق.

8ـ پىرئەۋن تەۋەلىرى مۇسانى (نىل دەرياسىدىن) سۈزۈۋالدى. مۇسا ئاقىۋەتتە ئۇلارغا دۈشمەن ۋە خاپىلىق (نىڭ مەنبەسى) بولۇپ قالدى. شۈبھىسىزكى، پىرئەۋن، هامان ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرى خاتالاشقۇچىلار ئىدى.

9ـ پىرئەۋننىڭ ئايالى: «(بۇ بالا) ماڭا ۋە ساڭا خۇشاللىق بېغىشلايدۇ، ئۇنى ئۆلتۈرمەڭلار، بەلكى ئۇ بىزگە پايدا يەتكۈزەر ياكى ئۇنى بالا قىلىۋالارمىز» دېدى. ھالبۇكى، ئۇلار (ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى) ئۇقمايتتى.

10ـ مۇسانىڭ ئانىسىنىڭ قەلبىدە (ئوغلىنىڭ ھەسرىتىدىن باشقا) ھېچ نەرسە قالمىدى، ئەگەر بىز ئۇنى (ۋەدىمىزگە) ئىشەنگۈچىلەردىن بولسۇن دەپ، ئۇنىڭ قەلبىنى (سەۋر بىلەن) كۈچلەندۈرمىگەن بولساق، ئۇ ئۇنى (يەنى مۇسانىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى) ئاشكارىلاپ قويغىلى تاس قالغان ئىدى.

11ـ ئانىسى مۇسانىڭ ئاچىسىغا: «ئۇنىڭ كەينىگە چۈشكىن» دېدى. ئاچىسى مۇسانى يىراقتىن كۆزىتىپ ماڭدى. ھالبۇكى، ئۇلار ئۇنى تونۇمايتتى.

12ـ (ئۇز ئانىسى كېلىشتىن) ئىلگىرى مۇسانى ئىنىكئانىلارنى ئېمىشتىن چەكلىگەن ئىدۇق. (مۇسانىڭ ئاچىسى ئۇلارغا) ئېيتتى: «سىلەرگە مۇسانى ھمايىسىگە ئېلىپ، كۆڭۈل بۆلۈپ بېقىپ بېرىدىغان بىر ئائىلىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟».

13ـ ئانىسىنىڭ خۇشال بولۇشى، قايغۇرماسلىقى ۋە ئالالھنىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈن، بىز مۇسانى ئۇنىڭغا قايتۇردۇق. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (ئالالھنىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ.

14ـ مۇسا ئۇسۇپ يېتىلىپ ئەقلى توشقاندا، ئۇنىڭغا ھېكمەت ۋە ئىلىم ئاتا قىلدۇق، بىز (تائەت-ئىبادەتنى) ياخشى قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز.

### تەپسىرى

ئىسرائىل ئەۋلادى ئۇچۇن مىسىر زېمىنى شۇنچىلىك تارلىشىپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ بېشىغا ئەڭ ئېغىر كۈنلەر كېلىۋاتقان، ئوغۇل

بوۋاقلىرى ھەدەپ ئۆلتۈرۈلۈۋاتقان شۇ ئېغىر كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇغۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئانىسىنى قاتتىق غەم-قايغۇ باسىدۇ، بوۋىقىنى پىرئەۋننىڭ ئادەملىرىنىڭ قىلىچىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن نېمە قىلىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالىدۇ. چۈنكى، بۇ ئايال ئۇ چاغدا بوۋىقىنى ئاللاھ تائالانىڭ قوغدايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ كېلەچەكتە ئىسرائىل ئەۋلادىنى پىرئەۋننىڭ قۇللۇقىدىن قۇتقۇزىدىغان، ئۇلارنى ئىمان ۋە ھىدايەتكە باشلايدىغان بىر پەيغەمبەر بولىدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟!

شۇنداق غەم-قايغۇلۇق لەھزىلەرنىڭ بىرىدە، ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىغا ئىلھام قىلىپ يول كۆرسىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ بىرساندۇق ياسايدۇ. ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ياخشى ئوراپ ساندۇققا ئەپلىككىنە سالىدۇ ۋە ئۇنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇپ نىل دەرياسىغا قويۇپ بېرىدۇ.

ئەمدى بۇ يەردە: ﴿ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرىسەڭ، ئۇنى (ساندۇققا سېلىپ) دەرياغا قويۇپ بەرگىن، (ئۇنىڭدىن) ئەنسىرىمىگىن ۋە قايغۇرمىغىن﴾ دېگەن ئايەت ئۈستىدە بىر ئاز توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. «ئەنسىرىسەڭ دەرياغا قويۇپ بەرگىن» دېگەنلىك قانداق گەپ؟ ئادەتتە بىز بالىمىزغا زىيان-زەخمەت يېتىشىدىن ئەنسىرىسەك، ئۇنى دەرياغا قويۇپ بېرىمىزمۇ؟

بۇ يەردىكى سىر شۇكى، ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىغا شۇنداق ئىلھام قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال بوۋىقىنى دەرياغا قويۇۋەتسە، بوۋىقىنىڭ ئۆلۈمدىن ئامان قالىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىشەنچ قىلغان. شۇڭا ئۇ بوۋىقىنى قورقماي دەرياغا قويۇۋەتكەن.

پەيغەمبەرلەر گەرچە ئىنسانلار ئارىسىدىن چىققان بولسىمۇ، ئۇلار ھەرگىز ئادەتتىكى ئىنسانلارغا ئوخشىمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئىنسانلار ئىچىدىن پەيغەمبەرلىككە تاللىغان ئىكەن، ئۇلارنى ئانىلىرىنىڭ قورساقلىرىدا پەيدا بولغاندىن باشلاپ، ئاخىرغىچە چوقۇم قوغدايدۇ. شۇڭا چوڭ ئادەملەرنىمۇ ئېقىتىپ كېتىدىغان ۋە چۆكتۈرۈۋېتىدىغان نىل دەرياسىغا بوۋىقىنى قورقماي تاشلىغان ئانىنىڭ ئەلۋەتتە ئويلىغانلىرى ۋە ئىشەنچ قىلغانلىرى بار ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ قەلبىگە: «بوۋىقىڭنى دەرياغا قويۇپ بەرگىن. شۇنداق قىلساڭ، ئۇ پىرئەۋننىڭ ئادەملىرىنىڭ

قىلىچىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ، ئۇ ئاخىرى چوقۇم سېنىڭ يېنىڭغا سالامەت قايتىپ كېلىدۇ» دېگەن ئىلھامنى بەرگەن ۋە چوڭقۇر ئىشەنچنى سالغان. شۇڭا ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئىككىلەنمەي دەرياغا قويۇپ بەرگەن.

چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا چىن ئىشەنچ قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەقىقىي مەنىدە تايانغان (تەۋەككۇل قىلغان) ئادەمنى ئاللاھ تائالا ھېچ ۋاقىت ئۈمىدسىز قويمايدۇ، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى ھەرگىز يەردە قويمايدۇ.

بىر شائىر مۇنداق دېگەن ئىكەن:

وإذا العناية لاحظتك عيونُها  نم فالمخاوف كلّهنّ أمانُ

ئاللاھنىڭ ئىنايىتى سېنى قورشىغان زامان،
قورقما ھەرگىز، قورقۇنچلار ھەممىسى ئامان.

بۇ قىسسىدە ئىسلامنىڭ مەككە دەۋرىدىكى ئېزىلگەن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە چوڭ ئىبرەتلەر ۋە تەسەللى بار ئىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام نىل دەرياسىدا ئېقىپ بېرىپ، نەق پىرئەۋننىڭ سارىيىغا كېلىپ توختايدۇ. پىرئەۋننىڭ ئادەملىرى بۇ ئېقىپ كېلىۋاتقان ساندۇقنى دەريادىن سۈزۈپ ئېلىپ قارىغىنىدا ئىچىدە بىر بوۋاقنىڭ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال پىرئەۋننىڭ ئائىلىسىگە خەۋەر بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پىرئەۋن ئايالى بىلەن كېلىپ ساندۇقتىكى بوۋاقنى كۆرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان پىرئەۋننىڭ قەلبىگە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەببىتىنى سالىدۇ. پىرئەۋننىڭ ئايالى بولسا، بۇ يېقىملىق بوۋاق-مۇسا ئەلەيھىسسالامنى بەكمۇ ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە ئۇنى بالا قىلىپ بېقىۋېلىش تەلىپىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاخىر ئۇنى ئۆز ئۆيىدە باقىدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋننىڭ تەختىنى ئۆرۈپ تاشلايدىغان، ئىسرائىل ئەۋلادىنى قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر نىجاتكار ئىكەنلىكىنى پىرئەۋن نەدىن بىلسۇن؟!

شۇنداق قىلىپ، ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىنىڭ دۈشمىنىگە باقتۇرۇپ يېتىلدۇردى. ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قىلغان سۆزىدە مۇنداق دېگەن: ﴿إِذۡ أَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰٓ أُمِّكَ مَا يُوحَىٰٓ ٣٨ أَنِ ٱقۡذِفِيهِ

فِى ٱلتَّابُوتِ فَٱقۡذِفِيهِ فِى ٱلۡيَمِّ فَلۡيُلۡقِهِ ٱلۡيَمُّ بِٱلسَّاحِلِ يَأۡخُذۡهُ عَدُوٌّ لِّى وَعَدُوٌّ لَّهُۥ وَأَلۡقَيۡتُ عَلَيۡكَ مَحَبَّةً مِّنِّى وَلِتُصۡنَعَ عَلَىٰ عَيۡنِىٓ﴾ يەنى ﴿ئۆز ۋاقتىدا بىز ئاناڭغا: ‹مۇسانى ساندۇققا سېلىپ دەرياغا قويۇپ بەرگىن، شۇنىڭ بىلەن دەريا ئۇنى قىرغاققا چىقىرىپ قويسۇن، ئۇنى مېنىڭمۇ دۈشمىنىم، ئۇنىڭمۇ دۈشمىنى (بولغان پىرئەۋن) ئېلىۋالسۇن!› دەپ، ئىلھام قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى (شۇنداق) ئىلھام قىلغان ئىدۇق. (ئى مۇسا! سېنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلۈشۈڭ)، مېنىڭ كۆز ئالدىمدا تەربىيەلىنىشىڭ ئۈچۈن، ساڭا ئۆز تەرىپىمدىن مېھرى ئىسسىقلىق ئاتا قىلدىم﴾ [1].

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاچىسىنى ئۇنىڭ كەينىگە چۈشۈشكە، ئۇنىڭ ئىزىدىن يۈرۈشكە ۋە ئۇ توغرۇلۇق بىرەر خەۋەر ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاچىسى ئۇنىڭ پىرئەۋننىڭ سارىيىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى يىراقتىن كۆرىدۇ ۋە كۆزىتىدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسى بولغان بوۋىقىنى ئاللاھ تائالاغا چىن ئىشەنچ قىلغانلىقتىن دەرياغا قويۇپ بەرگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇ بىر ئانا بولغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق قايغۇرىدۇ، ھەتتا قەلبىدە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ غېمىدىن باشقا ھېچ نەرسە قالمىغان بىر ھالەت شەكىللىنىدۇ، ئۇ ئولتۇرسا، قوپسا بوۋىقىنىڭ غېمىنى يەيدىغان ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەسرەت چېكىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنى پىرئەۋن تەۋەلىرىنىڭ نىل دەرياسىدىن سۈزۈپ ئالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ قورقۇنچىسى ۋە قايغۇسى ھەسسىلەپ ئېشىپ كېتىدۇ، بوۋىقىنى ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيدۇ. ئانا يۈرىكى چىدىيالماستىن: «ۋاي بالام» دەپ ۋارقىراپ سېلىپ، پىرئەۋننىڭ قەسرىدىكى بوۋاقنىڭ ئۆز بوۋىقى ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويغىلى تاس قالىدۇ. لېكىن ئاللاھ تائالانىڭ ئىنايىتى ئۇنىڭغا سەۋر-تاقەت بېغىشلايدۇ-دە، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ سۈكۈت قىلىدۇ، سەۋر قىلىدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋننىڭ سارىيىدا، ئۇنى ئېمىتىش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن ئىنىكئانىلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئەممەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ

---

[1] تاھا سۈرىسى: 38-39-ئايەتلەر.

تائالا ئۇلارنىڭ ئىمتىھىنىنى راۋا كۆرمىگەن ئىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرغان ئاچىسى ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ: «مەن سىلەرگە بۇ بوۋاقنى ئېمىتىپ، ئاسراپ، ئىخلاس قىلىپ، ياخشى باقىدىغان بىر ئائىلىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟» دەيدۇ. ئاندىن ئۇنى ئېمىتىدىغان بۇ ئائىلىدىن پىرئەۋن ئائىلىسىگە ھېچقانداق بىر زىيان يەتمەيدىغانلىقىنىمۇ ئەسكەرتىپ قويىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، پىرئەۋن ئائىلىسى بۇ قىزنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئېمىتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئېنىقكى، ئۇلار بۇ ئايالنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ پىرئەۋن تەۋەلىرىگە بىلدۈرمەستىن ئىشقا ئاشۇرغان ھېكمەتلىك تەدبىرى ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئاللاھ تائالاغا ئىشەنچ قىلىپ، چىن قەلبىدىن ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلغانلىقىنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرگەن ئىدى. چۈنكى، ئۇ بالىسىنى ئۆزى ئېمىتىپ، ئۆزى بېقىش، يەنە ئۇنى ئېمىتكەن ۋە باققانلىقى ئۈچۈن پىرئەۋن ئائىلىسىدىن ئىش ھەققى ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن.

ئاللاھ تائالا بۇ مەندە دەيدۇكى، بىز مۇسانىڭ ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى تىنىدۇرۇش، ئۇنى غەمدىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە چىن قەلبىدىن ئىشەنگۈچىلەردىن بولۇشى ئۈچۈن، مۇسانى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردۇق. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە ئۇنىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەن-لىكىنى بىلمەيدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام سۈتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، پىرئەۋنىنىڭ قەسرىگە يەنە قايتۇرۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭ تەربىيەسىدە بولىدۇ. ئۇ قىرانلىق يېشىغا يەتكەن، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن تولۇق يېتىلگەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىكنى ۋە ئىلىم-ھېكمەتنى ئاتا قىلغان. چۈنكى، ئاللاھ تائالا تائەت-ئىبادەتنى قېتىرقىنىپ قىلغۇچىلارنى، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قېتىرقىنىپ قىلغۇچىلارنى ئەنە شۇنداق مۇكاپاتلايدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا سالىھ، ياخشى بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئۇلارنىڭ

پايدىسى ئۈچۈن ھېكمەتلىك ئۇسۇلدا ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ئۆزىگە ئىشەنچ قىلغان ۋە چىن قەلبىدىن تايانغانلارنىڭ ئىشەنچىسىنى ھەرگىز يەردە قويمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىغا قىلغان ئىنئامى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇلدا ئورۇنلاشتۇرغانلىقى بۇنىڭ مىسالى.

2. خاتالىق بىلەن ئېلىنغان قارارنىڭ ئاقىۋىتى پۇشايمان بولۇپ، پىرئەۋننىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى بالا قىلىۋېلىش قارارى ئەسلىدە ئۆزىنىڭ ھالاكىتى ئۈچۈن شەرت-شارائىت ھازىرلىغانلىقى ئىدى.

3. ئاللاھ تائالانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئېمىتىشكە ئانىسىنى ئۇدۇللاپ بەرگەنلىكى ئۇ ئايالنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىشەنچىسىنىڭ مۇكاپاتلىرىدىن بىرى ئىدى.

4. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر. ئۇنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىغا قىلغان ۋەدىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقى بۇنىڭ مىسالى.

### ◄ مىسىردىن چىقىشىنىڭ سەۋەبى

﴿وَدَخَلَ ٱلْمَدِينَةَ عَلَىٰ حِينِ غَفْلَةٍ مِّنْ أَهْلِهَا فَوَجَدَ فِيهَا رَجُلَيْنِ
يَقْتَتِلَانِ هَٰذَا مِن شِيعَتِهِۦ وَهَٰذَا مِنْ عَدُوِّهِۦ ۖ فَٱسْتَغَٰثَهُ ٱلَّذِى
مِن شِيعَتِهِۦ عَلَى ٱلَّذِى مِنْ عَدُوِّهِۦ فَوَكَزَهُۥ مُوسَىٰ فَقَضَىٰ عَلَيْهِ ۖ
قَالَ هَٰذَا مِنْ عَمَلِ ٱلشَّيْطَٰنِ ۖ إِنَّهُۥ عَدُوٌّ مُّضِلٌّ مُّبِينٌ ﴿١٥﴾ قَالَ رَبِّ
إِنِّى ظَلَمْتُ نَفْسِى فَٱغْفِرْ لِى فَغَفَرَ لَهُۥٓ ۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلْغَفُورُ ٱلرَّحِيمُ
﴿١٦﴾ قَالَ رَبِّ بِمَآ أَنْعَمْتَ عَلَىَّ فَلَنْ أَكُونَ ظَهِيرًا لِّلْمُجْرِمِينَ ﴿١٧﴾
فَأَصْبَحَ فِى ٱلْمَدِينَةِ خَآئِفًا يَتَرَقَّبُ فَإِذَا ٱلَّذِى ٱسْتَنصَرَهُۥ بِٱلْأَمْسِ
يَسْتَصْرِخُهُۥ ۚ قَالَ لَهُۥ مُوسَىٰٓ إِنَّكَ لَغَوِىٌّ مُّبِينٌ ﴿١٨﴾ فَلَمَّآ أَنْ أَرَادَ
أَن يَبْطِشَ بِٱلَّذِى هُوَ عَدُوٌّ لَّهُمَا قَالَ يَٰمُوسَىٰٓ أَتُرِيدُ أَن تَقْتُلَنِى
كَمَا قَتَلْتَ نَفْسًۢا بِٱلْأَمْسِ ۖ إِن تُرِيدُ إِلَّآ أَن تَكُونَ جَبَّارًا فِى
ٱلْأَرْضِ وَمَا تُرِيدُ أَن تَكُونَ مِنَ ٱلْمُصْلِحِينَ ﴿١٩﴾ وَجَآءَ رَجُلٌ مِّنْ

أَقْصَا ٱلْمَدِينَةِ يَسْعَىٰ قَالَ يَٰمُوسَىٰٓ إِنَّ ٱلْمَلَأَ يَأْتَمِرُونَ بِكَ لِيَقْتُلُوكَ
فَٱخْرُجْ إِنِّى لَكَ مِنَ ٱلنَّٰصِحِينَ ﴿٢٠﴾ فَخَرَجَ مِنْهَا خَآئِفًا يَتَرَقَّبُ قَالَ
رَبِّ نَجِّنِى مِنَ ٱلْقَوْمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٢١﴾

### ◄ تەرجىمىسى

15 ـ مۇسا شەھەر ئاھالىسى غەپلەتتىكى بىر ۋاقىتتا شەھەرگە كىردى، ئۇ شەھەردە ئۇرۇشۇۋاتقان ئىككى ئادەمنى ئۇچراتتى. ئۇلارنىڭ بىرى ئۆز قەۋمىدىن بولسا، يەنە بىرى ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىدىن ئىدى. ئۆز قەۋمىدىن بولغان ئادەم ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرىدىن بولغان ئادەمگە قارشى مۇسادىن ياردەم سورىدى. مۇسا ئۇنى (مۇشت بىلەن بىرنى) ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى. مۇسا ئېيتتى: «بۇ شەيتاننىڭ ئىشىدۇر، شۈبھىسىزكى، شەيتان ئازدۇرغۇچى ئاشكارا دۈشمەندۇر».

16 ـ مۇسا: «ئى رەببىم! مەن ھەقىقەتەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم، مېنىڭ (گۇناھىمنى) مەغپىرەت قىلغىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلدى. ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر.

17 ـ مۇسا ئېيتتى: «ئى رەببىم! مەن سېنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىڭگە ئېرىشىپ تۇرۇپ، ھەرگىز گۇناھكارلارغا ياردەمچى بولمايمەن».

18 ـ ئەتىسى ئەتىگەندە مۇسا شەھەردە قورقۇنچ ئىچىدە (خەۋەر) تىڭتىڭلاپ يۈرەتتى. دەل شۇ ۋاقىتتا تۈنۈگۈن ئۇنىڭدىن ياردەم سورىغان ئادەم (بۇ قېتىم باشقا بىر قىبتىگە قارشى) مۇسادىن يەنە ياردەم سورىدى، مۇسا ئۇنىڭغا: «سەن راستىتىنلا ئوپئوچۇق ئازغۇن ئادەم ئىكەنسەن» دېدى.

19 ـ مۇسا ئىككىسىنىڭ (ئورتاق) دۈشمىنى بولغان ئادەمگە قول ئۇزاتماقچى بولغاندا، ياردەم سورىغان ئادەم (مۇسا مېنى ئۇرىدىغان ئوخشايدۇ دەپ): «ئى مۇسا! سەن تۈنۈگۈن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەندەك مېنىمۇ ئۆلتۈرمەكچىمۇسەن؟ سەن زېمىندا ئىسلاھ قىلغۇچىلاردىن بولۇشنى خالىماي، پەقەت زومىگەر بولۇشنىلا خالايدىكەنسەن» دېدى.

20 ـ شەھەرنىڭ ئەڭ چېتىدىن بىر ئادەم ناھايىتى تېز كېلىپ: «ئى مۇسا! شۈبھىسىزكى، كاتتىلار سېنى ئۆلتۈرۈشنى مەسلىھەتلىشىۋاتىدۇ، (شەھەردىن دەرھال) چىقىپ كەتكىن، مەن ئەلۋەتتە، ساڭا سەممىمي مەسلىھەت بەرگۈچىلەردىنمەن» دېدى.

**21ـ مۇسا قورقۇنچ ئىچىدە ئەتراپىقا باققان ھالدا شەھەردىن چىقىپ كەتتى، ئۇ: «ئى رەببىم! مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغىن» دېدى.**

## ◄ تەپسىرى

مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋننىڭ سارىيىدا تەربىيەلىنىپ چوڭ بولدى. لېكىن ئۇ ئۆز قەۋمى، تۇغقانلىرى بولغان ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ تارتىۋاتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى بىر كۈنمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى. چۈنكى، ئىسرائىل ئەۋلادى پىرئەۋننىڭ جەۋر ـ زۇلۇملىرى ئاستىدا ئىڭرايتتى، پىرئەۋن تەۋەلىرى ئۇلارنى قۇل قىلىۋالغان بولۇپ، خالىغانچە قىينايتتى، بوزەك قىلاتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىنسانلىق ھۆرمىتىگە قىلچە ئېتىبار قىلمايتتى. بۇ سەۋەبتىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ (مىسىرنىڭ ئەسلى ئاھالىلىرى بولغان) قىبتى مىللىتىگە بولغان ئۆچمەنلىكى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ باراتتى، قىبتىلارنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىغا قىلىۋاتقان يامان مۇئامىلىسىگە چىداپ تۇرالمايتتى، ئۇ ھەمىشە ئۆز مىللىتىنى قوغداشقا تىرىشاتتى. ئىسرائىل ئەۋلادىمۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا بولغان ھېسداشلىقىنى بىلەتتى.

بىر كۈنى مىسىرلىقلار چۈشلۈك ئۇيقۇغا كەتكەنلىكتىن، ھەممە غەپلەتتە قالغان ۋە سىرتتا ئادەم كۆرۈنمەيدىغان بىر ۋاقىتتا مۇسا ئەلەيھىسسالام شەھەرگە كىرىدۇ ۋە ئۇ جايدا بىرى، ئىسرائىل ئەۋلادىدىن، يەنە بىرى، قىبتىلاردىن بولغان ئىككى ئادەمنىڭ ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ. ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان ئادەم مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن بۇ قىبتىغا قارشى ياردەم سورايدۇ. بۇ ۋاقىتتا مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ قىبتىنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان بۇ ئادەمگە يولسىزلىق قىلىۋاتقانلىقىغا غەزەپلەنگەن ھالدا كېلىپ، ئۇنى مۇشت بىلەن بىرنى ئۇرىدۇ ـ دە، ھېلىقى قىبتى شۇ جايدىلا ئۆلىدۇ.

ئارقىدىنلا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ غەزىپى بېسىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ قىلمىشىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ ۋە بۇنى شەيتاننىڭ ئىشى دەپ بىلىدۇ. چۈنكى، شەيتان ئىنسانىيەتنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغانلىقتىن، ئۇ ئىنساننىڭ غەزىپى تاشقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى ئۆزىگە پۇشايمان كەلتۈرىدىغان يامان ئىشلارنى قىلىشقا قىزىقتۇرىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇ قىبتىنى ئۇرماستىنمۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىشكە قادىر ئىدى. لېكىن شەيتاننىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن ئۇ قىبتىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، ئەمدى بۇ قىلمىشىغا قاتتىق پۇشايمان قىلماقتا ئىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بۇ خاتالىقىغا دەرھال تەۋبە قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن مەغپىرەت ۋە كەچۈرۈم تىلەيدۇ. ئاللاھ تائالامۇ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈۋېتىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلغان بەندىسىنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغان شەپقەتلىك زاتتۇر.

﴿ئى رەببىم! مەن سېنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىڭگە ئېرىشىپ تۇرۇپ، ھەرگىز گۇناھكارلارغا ياردەمچى بولمايمەن﴾. مۇسا ئەلەيھىسسالام دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغانلىقى ۋە گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغانلىقى قاتارلىق ئاللاھ تائالانىڭ نۇرغۇنلىغان نېمەتلىرىگە ئېرىشىپ تۇرۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز گۇناھكارلارغا ياردەمچى بولمايدىغانلىقى توغرۇلۇق ئاللاھ تائالاغا چىن ۋەدە بېرىدۇ ۋە بۇ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن ياردەم ۋە مەدەت تىلەيدۇ.

ئىككىنچى كۈنى مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ قىلمىشىنىڭ ئاشكارا بولۇپ قېلىشىدىن قورققان ھالدا، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي كېتىپ بارغىنىدا، ئالدىنقى كۈنى ئۆزىدىن ياردەم سورىغان ئادەمنىڭ يەنە بىر قىبتى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ. ئۇ ئادەم يەنە ئۇنىڭدىن ئۆزى ئۇرۇشۇۋاتقان قىبتىگە قارشى ياردەم سورايدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۇرۇشقاقلىقىغا ئاچچىقلىنىپ: ﴿سەن راستتىنلا ئوپئوچۇق ئازغۇن ئادەم ئىكەنسەن﴾ دەيدۇ. چۈنكى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئالدىنقى كۈنى ئۇنىڭغا ياردەم قىلىمەن دەپ، بىر قىبتىنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ تەۋبە قىلغان ئىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام يەنىلا ئۇ ئادەمنىڭ ياردەم سورىشىغا قاراپ تۇرمايدۇ، ئۇنى قوغدىماقچى بولۇپ، ھېلىقى قىبتىنى ئۇرۇش ئۈچۈن قولىنى كۆتۈرگەندە، ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان ھېلىقى ئادەم: «مۇسا مېنى ئۇرىدىغان بولدى» دەپ، ئويلاپ قالغانلىقتىن، ئۇنىڭغا: ﴿ئى مۇسا! سەن تۈنۈگۈن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەندەك مېنىمۇ ئۆلتۈرمەكچىمۇ؟ سەن زېمىندا ئىسلاھ قىلغۇچىلاردىن بولۇشنى خالىماي، پەقەت زومىگەر بولۇشنىلا خالايدىكەنسەن﴾ دەيدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ گەپلەرنىڭ قىبتىنىڭ گەپلىرى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، «كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر بۇ گەپلەرنى قىلغان كىشىنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان ھېلىقى ئادەم ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. چۈنكى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئالدى بىلەن ئۇ ئادەمگە ﴿سەن راستتىنلا ئوپئوچۇق

ئازغۇن ئادەم ئىكەنسەن﴾ دەپ كايىغان، ئاندىن قىبتىنى ئۇرۇش ئۈچۈن قولىنى كۆتۈرگەندە، ھېلىقى ئادەم مېنى ئۇرىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالغان. شۇڭا ئۇ ﴿ئى مۇسا! سەن تۈنۈگۈن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەندەك مېنىمۇ ئۆلتۈرمەكچىمۇ؟﴾ دېگەن. قىبتى ئۇ ئادەمنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىنقى كۈنى ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلىۋالغان، ئاندىن پىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا بۇ ئەھۋالنى يەتكۈزگەن. شۇنىڭ بىلەن، پىرئەۋن ئۆز تەۋەلىرى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە بەل باغلىغان»[1].

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىرلىق قىبتىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىك خەۋىرى پىرئەۋننىڭ قۇلىقىغا يەتكەندىن كېيىن، پىرئەۋن قوشۇنلىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى تۇتۇپ جازالاش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ. بۇ خەۋەرنى شەھەرنىڭ يىراق چېتىدىكى بىر ئادەم ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈپ قويۇش ئۈچۈن ئالدىراپ-تېنەپ كېلىدۇ ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: «ئى مۇسا! پىرئەۋن تەۋەلىرى سېنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلدى، ئۇلار سېنى ئىزدەۋاتىدۇ. سەن دەرھال بۇ شەھەردىن چىقىپ كەتكىن. ئىشەنگىنكى، مەن ئەلۋەتتە ساڭا ياخشىلىق تىلىگۈچى ۋە سەمىمىي مەسلىھەت بەرگۈچى كىشىلەردىنمەن. شۇڭا مەن ساڭا كۆيۈنۈپ توغرا مەسلىھەت بېرىۋاتىمەن» دەيدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام قورقۇنچ ئىچىدە مىسىر زېمىنىدىن ئايرىلىدۇ ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، ئۆزىنى زالىم قەۋمنىڭ جازاسىدىن قۇتقۇزۇپ قويۇشنى تىلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىنايىتى بىلەن مىسىردىن ساق-سالامەت چىقىپ مەديەن[2] دېگەن جايغا يېتىپ بارىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. خاتالىق سادىر قىلغاندىن كېيىن، دەرھال تەۋبە قىلىش لازىم. تەۋبىنىڭ دەسلەپكى قەدىمى ئۆز خاتالىقىنى ۋە گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىش، قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىش ۋە قىلماسلىققا بەل باغلاشتۇر.

---

[1] «تفسير الميزان» 16- توم، 21- بەت.

[2] مەديەن-ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ تەبۇك رايونىنىڭ شىمالىدىكى بىر شەھەرنىڭ نامى بولۇپ، تەبۇك رايونىدىن 170 كىلومېتىر كېلىدۇ.

2. نېمەتكە شۈكۈر قىلىش ئېغىزاكى شۈكۈر بىلەنلا بولمايدۇ، بەلكى ھەقىقىي شۈكۈر ئەمەلدىكى شۈكۈردۇر. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ خاتالىقىنى كەچۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، گۇناھكارغا ياردەم قىلماسلىققا ۋەدە بېرىپ، سۆزىدە تۇرغانلىقى بۇنىڭ مىسالى.

3. ئازغۇن ئادەملەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشنىڭ خاپىلىقى كۆپ بولىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان ھېلىقى ئادەمگە ئۇچرىشىپ قالغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم قىلىمەن دەپ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقى سەۋەبلىك تارتقان خاپىلىقى بۇنىڭ مىسالى.

### ◄ مۇسا ئەلەيھىسسالام مەديەندە

﴿وَلَمَّا تَوَجَّهَ تِلۡقَآءَ مَدۡيَنَ قَالَ عَسَىٰ رَبِّيٓ أَن يَهۡدِيَنِي سَوَآءَ ٱلسَّبِيلِ
٢٢ وَلَمَّا وَرَدَ مَآءَ مَدۡيَنَ وَجَدَ عَلَيۡهِ أُمَّةٗ مِّنَ ٱلنَّاسِ يَسۡقُونَ وَوَجَدَ
مِن دُونِهِمُ ٱمۡرَأَتَيۡنِ تَذُودَانِۖ قَالَ مَا خَطۡبُكُمَاۖ قَالَتَا لَا نَسۡقِي حَتَّىٰ
يُصۡدِرَ ٱلرِّعَآءُۖ وَأَبُونَا شَيۡخٞ كَبِيرٞ ٢٣ فَسَقَىٰ لَهُمَا ثُمَّ تَوَلَّىٰٓ إِلَى
ٱلظِّلِّ فَقَالَ رَبِّ إِنِّي لِمَآ أَنزَلۡتَ إِلَيَّ مِنۡ خَيۡرٖ فَقِيرٞ ٢٤ فَجَآءَتۡهُ
إِحۡدَىٰهُمَا تَمۡشِي عَلَى ٱسۡتِحۡيَآءٖ قَالَتۡ إِنَّ أَبِي يَدۡعُوكَ لِيَجۡزِيَكَ
أَجۡرَ مَا سَقَيۡتَ لَنَاۚ فَلَمَّا جَآءَهُۥ وَقَصَّ عَلَيۡهِ ٱلۡقَصَصَ قَالَ لَا تَخَفۡۖ
نَجَوۡتَ مِنَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ٢٥ قَالَتۡ إِحۡدَىٰهُمَا يَٰٓأَبَتِ ٱسۡتَـٔۡجِرۡهُۖ
إِنَّ خَيۡرَ مَنِ ٱسۡتَـٔۡجَرۡتَ ٱلۡقَوِيُّ ٱلۡأَمِينُ ٢٦ قَالَ إِنِّيٓ أُرِيدُ أَنۡ
أُنكِحَكَ إِحۡدَى ٱبۡنَتَيَّ هَٰتَيۡنِ عَلَىٰٓ أَن تَأۡجُرَنِي ثَمَٰنِيَ حِجَجٖۖ فَإِنۡ
أَتۡمَمۡتَ عَشۡرٗا فَمِنۡ عِندِكَۖ وَمَآ أُرِيدُ أَنۡ أَشُقَّ عَلَيۡكَۚ سَتَجِدُنِيٓ إِن
شَآءَ ٱللَّهُ مِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ٢٧ قَالَ ذَٰلِكَ بَيۡنِي وَبَيۡنَكَۖ أَيَّمَا ٱلۡأَجَلَيۡنِ
قَضَيۡتُ فَلَا عُدۡوَٰنَ عَلَيَّۖ وَٱللَّهُ عَلَىٰ مَا نَقُولُ وَكِيلٞ ٢٨﴾

### ◄ تەرجىمىسى

22ـمۇسا مەديەن تەرەپكە يۈزلەنگەن چاغدا: «رەببىمنىڭ مېنى (مەديەنگە

بارىدىغان) توغرا يولغا يېتەكلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى.

23ـئۇ مەديەندىكى بىر بۇلاقنىڭ يېنىغا كەلگەندە (ماللىرىنى) سۇغىرىۋاتقان بىر توپ كىشىنى كۆردى. ئۇلاردىن باشقا يەنە (قويلىرىنى سۇدىن) توسۇپ تۇرغان ئىككى قىزنى كۆردى. مۇسا ئۇلارغا: «سىلەرگە نېمە بولدى؟» دېدى، ئۇلار: «پادىچىلار (ماللىرىنى سۇغىرىپ بولۇپ) كەتمەستىن، بىز سۇغىرالمايمىز، ئاتىمىز بولسا ياشىنىپ قالغان بوۋايدۇر» دېدى.

24ـمۇسا ئۇلارغا (قويلىرىنى) سۇغىرىپ بەردى، ئاندىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ (بىر دەرەخنىڭ) سايىسىگە بېرىپ (ئولتۇرۇپ): «ئى رەببىم! سەن ماڭا چۈشۈرىدىغان ھەرقانداق بىر ياخشىلىققا مەن ھەقىقەتەن موھتاجمەن» دېدى.

25ـئۇ ئىككى قىزنىڭ بىرى مۇسانىڭ يېنىغا ئۇياتچانلىق بىلەن مېڭىپ كېلىپ: «(قويلىرىمىزنى) سۇغىرىپ بەرگەنلىكىڭنىڭ ھەققىنى بېرىش ئۈچۈن ئاتام سېنى چاقىرىۋاتىدۇ» دېدى. مۇسا ئۇ (قىزلارنىڭ ئاتىسى شۇئەيب) نىڭ قېشىغا كېلىپ (بېشىدىن ئۆتكەن) قىسسىنى سۆزلەپ بەردى. (شۇئەيب): «قورقمىغىن، زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇڭ» دېدى.

26ـئىككى قىزنىڭ بىرى: «ئى ئاتا! سەن ئۇنى ياللاپ ئىشلەتكىن، ھەقىقەتەن سەن ئىشلىتىدىغانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى (مۇشۇنداق) كۈچلۈك ۋە ئىشەنچلىك بولغىنىدۇر» دېدى.

27ـشۇئەيب ئېيتتى: «ماڭا سەككىز يىل ئىشلەپ بېرىشىڭ بەدىلىگە بۇ ئىككى قىزىمنىڭ بىرىنى ساڭا بېرىشنى خالايمەن، ئەگەر ئون يىلنى توشقۇزۇۋەتسەڭ ئۇمۇ ئىختىيارىڭ، مەن سېنى مۇشەققەتكە سېلىپ قويۇشنى خالىمايمەن، ئاللاھ خالىسا، مېنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالىسەن».

28ـمۇسا ئېيتتى: «بۇ ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى توختامدۇر، ئىككى مۇددەتنىڭ قايسىسىنى توشقۇزسام (توشقۇزاي)، ماڭا ئۇۋال بولۇپ قالمىسۇن، ئاللاھ بىزنىڭ سۆزىمىزگە گۇۋاھتۇر».

### ◄ تەپسىرى

مۇسا ئەلەيھىسسالام مىسىرلىق قىبتىلاردىن بىرىنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، پىرئەۋن تەۋەلىرىنىڭ جازالىشىدىن قورقۇپ، مىسىردىن قېچىپ كېتىپ، مەديەن دېگەن جايغا يېتىپ بارغان ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام مىسىردىن تۇيۇقسىز قېچىپ چىققانلىقتىن، ئۇنىڭ يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەك دېگەندەك سەپەردە كېرەك بولىدىغان

ئوزۇقلاردىن مەھرۇم ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىيەنگە بېرىشنى ئىختىيار قىلغانلىقىدىكى سەۋەب مەدىيەن ئاھالىسىنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادى بىلەن نەسەب جەھەتتىكى يېقىنلىقىدىن ئىدى. چۈنكى، مەدىيەنلىكلەر بىلەن ئىسرائىل ئەۋلادى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن كەلگەن خەلقلەردۇر.

مۇسا ئەلەيھىسسالام مەدىيەنگە قاراپ يولغا چىققان ۋاقتىدا، ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە يول كۆرسىتىشنى ۋە مەدىيەنگە سالامەت بېرىۋېلىشى ئۈچۈن مەدەت بېرىشنى تىلەيدۇ. ئۇ مەدىيەنگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇ جايدا بىر قۇدۇقنىڭ قېشىدا ماللىرىنى سۇغىرىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ نېرىسىدا قويلىرىنى سۇدىن توسۇپ تۇرۇۋاتقان ئىككى قىزنى كۆرىدۇ. ئۇلار ھەمىشە كۈچلۈكلەر ماللىرىنى سۇغىرىپ بولغۇچە شۇنداق كۈتۈپ تۇراتتى. كۈچلۈكلەر ماللىرىنى سۇغىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلار ۋە ئۇلارغا ئوخشاش ئاجىزلار ماللىرىنى سۇغىراتتى. بۇ كۈچلۈكلەر بىلەن ئاجىزلار ئوتتۇرىسىدىكى تەقسىمات ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ كۈچلۈكلىرى ھەمىشە: «سۇغا كەلگىنىمىزدە بىزلەر سۈزۈكىنى ئىچىمىز، باشقىلار بىزدىن ئاشقان لاي سۇنى ئىچىدۇ» دەيتتى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاۋۋال بۇ ئىككى قىزدىن نېمىشقا قويلىرىنى سۇغارماي بۇنداق ساقلاپ تۇرۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورايدۇ. قىزلار ئاۋۋال ئەرلەر سۇغىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆزلىرىگە نۆۋەت كېلىدىغانلىقىنى، چۈنكى، ئەرلەر كۈچلۈك، ئۆزلىرى بولسا ئاجىزەلەر ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزلىرىنىڭ ئاتىسىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقتىن قويلىرىنى سۇغىرىشقا ئەرلەر بىللە كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام جاپادىن قورقمايدىغان، جاسارەتلىك، شىجائەتلىك ۋە ئادالەتلىك بىر زات بولغانلىقتىن، كۈچلۈكلەر ماللىرىنى سۇغىرىپ بولغۇچە بۇ ئىككى قىزنىڭ ساقلاپ تۇرۇشىنى قەتئىي راۋا كۆرمەيدۇ ۋە بۇ ئادالەتسىزلىكنى ياقتۇرمايدۇ. ئۇنىڭ بىردىنلا غەزىپى ئۆرلەيدۇ ۋە دەرھال بېرىپ ئەرلەرنىڭ چېلەكلىرى ئارىسىدا ئۆزىنىڭ چېلىكىگە سۇ تولدۇرۇپ چىقىپ، بۇ قىزلارنىڭ قويلىرىنى قانغۇچە سۇغىرىشىپ بېرىدۇ. ئاندىن بىر دەرەخنىڭ سايىسىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ ئارام ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇ يىراق يولنى پىيادە بېسىپ كەلگەن ئىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام دەرەخنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئادىتى بويىچە ئاللاھ

تائالانى ياد ئېتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن: «ئى رەببىم! ماڭا پەزل-كەرەمىڭدىن رىزىق ئاتا قىلغىن. چۈنكى، سەن ئاتا قىلىدىغان قانداقلا بىر ياخشىلىق ۋە قانداقلا بىر نېمەت بولسۇن، مەن ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئېھتىياجلىقمەن» دەپ تىلەيدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئورۇندا ئاللاھ تائالادىن تىلىگەنلىرى ئېچىدە پۇل-مال تىلەشمۇ بار ئىدى. چۈنكى، ئۇ مىسىردىن قۇرۇق قول چىققان بولۇپ، يېنىدا دۇنيالىقتىن ھېچ نەرسىسى يوق ئىدى.

ھېلىقى ئىككى قىز ئاتىسى شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغىنىدا، ئاتىسى ئۇلارنىڭ ھەر كۈندىكى ئادىتى بويىچە كېچىكىپ كەلمەستىن، بۇنداق تېز يېتىپ كەلگەنلىكىدىن ھەيران قېلىپ، ئۇلاردىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورايدۇ. قىزلار قويلىرىنى بىر ناتونۇش ئادەمنىڭ سۇغىرىشىپ بەرگەنلىكىنى ۋە شۇڭا ئۆزلىرىنىڭ ئۆيگە ئادەتتىكىدىن بۇرۇنراق قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ. ئاندىن شۇئەيب ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككى قىزىنىڭ بىرىنى مۇسا ئەلەيھىس-سالامنى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاتىسىنىڭ ئۇنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئېيتقىنىدا، مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشتا ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە بىر ياخشىلىق ئاتا قىلىدىغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ چىقىش يولىنىڭ بۇ يەردىن باشلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ-دە، شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە بېرىش قارارىغا كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا راستتىنلا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغان ئىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بۇ قىزغا كۆزى چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزىنىڭ قىزنىڭ ئالدىدا مېڭىشىنى ۋە قىزنىڭ ئارقىدا مېڭىپ ئۇنىڭغا يولنى ئېيتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامدىكى ئەدەپ-ئەخلاقنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگىنىدە، شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇنى قىزغىن قارشى ئېلىپ مېھمان قىلىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىدىن تاكى مەديەنگە كەلگىنىگە قەدەر بولغان پۈتۈن ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىدۇ ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ مىسىردا چېكىۋاتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرى ھەققىدە تولۇق مەلۇمات بېرىدۇ. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇرغانلىقىنى ئېيتىدۇ ۋە

قايغۇرماسلىقنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيلىنىشى

مۇسا ئەلەيھىسسالام شۇئەيب ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇ ۋە ئۇنىڭ قىزلىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزلىرىدىن بىرسى ئاتىسىغا مەسلىھەت كۆرسىتىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنى قوي بېقىش ئىشلىرىغا ئېلىپ قېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشەنچلىك ۋە كۈچلۈك بولۇشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىسلەتتە قايىل بولغان ئىدى. چۈنكى، بۇ ئىككى خىسلەت ھەرقانداق بىر ئەردە ۋە ھەرقانداق بىر مۇئامىلىدە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدىغان، مەدھىيىلىنىدىغان ئاساسلىق خىسلەتلەردۇر.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ قىزلارغا ئۆزلۈكىدىن ياردەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ماللىرىنى سۇغىرىپ بەرگەنلىكى ۋە يول يۈرگىنىدە ئەدەپ بىلەن قىزدىن يۈزىنى ئېلىپ قېچىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا مېڭىپ بارغانلىقى قاتارلىق ئېسىل ھەرىكەتلىرى بۇ قىزلارنى قايىل قىلغان ئىدى.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام قىزىنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ راستتىنلا ئىشەنچلىك ۋە كۈچلۈك ئەر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قىزىنى ياتلىق قىلىش بەدىلىگە ئۇنىڭدىن سەككىز يىل قوي بېقىپ بېرىشىنى، ئەگەر خالىسا ئون يىل بېقىشىنى، بىراق ئون يىل قوي بېقىپ بەرسە، دەپ ئۇنى قىيناپ قويۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككى مۇددەتنىڭ بىرىنى تاللاشقا كېلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر توختام تۈزۈلگەن بولىدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالاغا چىن ئىشەنچ بىلەن تەۋەككۇل قىلىش، ئىشلارنىڭ نەتىجىسىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن ياخشىلىق كۈتۈش ئىماننىڭ تەلىپىدۇر. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىيەنگە قاراپ يولغا چىققان ۋاقتىدىكى ئەھۋالى بۇنىڭ مىسالى.

2. شەرم-ھايا ۋە نومۇسچانلىق قىزلارنىڭ قىممىتىدۇر. شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى قىزىنىڭ ھېكايىسى مۇسۇلمان ئاياللار ئۈچۈن شەرم-ھايا بابىدا ئۈلگىدۇر.

3. ئاجىزلارنىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارغا ياردەم قىلىش گۈزەل ئەخلاقتۇر ۋە ئەرلەرنىڭ بۇرچىدۇر. مۇسا ئەلەيھىسسالام شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى قىزىغا ياردەم قىلىش ئارقىلىق بۇ جەھەتتە ئۈلگە كۆرسەتكەن.

4. ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭدىن ھاجەتلەرنى تىلەش ھەم ئىبادەت ھەم پەزىلەتتۇر.

5. مېھماندوستلۇق پەيغەمبەرلەرنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىدىن بولۇپ، شۇئەيب ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھماندوستلۇقى بۇنىڭ مىسالى.

6. ئەرلەر سۈپەتلىنىدىغان سۈپەتلەرنىڭ ئەڭ ئېسىلى «كۈچلۈك ۋە ئىشەنچلىك» بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى سۈپەتتۇر. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى قايىل قىلغان خىسلەتلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىقى ئۇنىڭ مۇشۇ ئىككى سۈپىتى بولسا كېرەك.

7. قىز ئىگىسىنىڭ ئۆزى ئىشەنگەن بىرىگە قىزىنى بېرىش ھەققىدە تەلەپ قويۇشى نورمال ئەھۋالدۇر. شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى بۇنى كۆرسىتىدۇ.

8. ئەھدە-مىساقلارغا ۋە كېلىشىملەرگە ئاللاھ تائالانى گۇۋاھ قىلىش جائىزدۇر.

### ◄ مۇسا ئەلەيھىسسالام مۇقەددەس ۋادىدا

﴿ فَلَمَّا قَضَىٰ مُوسَى ٱلۡأَجَلَ وَسَارَ بِأَهۡلِهِۦٓ ءَانَسَ مِن جَانِبِ
ٱلطُّورِ نَارٗاۖ قَالَ لِأَهۡلِهِ ٱمۡكُثُوٓاْ إِنِّيٓ ءَانَسۡتُ نَارٗا لَّعَلِّيٓ ءَاتِيكُم
مِّنۡهَا بِخَبَرٍ أَوۡ جَذۡوَةٖ مِّنَ ٱلنَّارِ لَعَلَّكُمۡ تَصۡطَلُونَ ٢٩ فَلَمَّآ أَتَىٰهَا
نُودِيَ مِن شَٰطِيِٕ ٱلۡوَادِ ٱلۡأَيۡمَنِ فِي ٱلۡبُقۡعَةِ ٱلۡمُبَٰرَكَةِ مِنَ ٱلشَّجَرَةِ
أَن يَٰمُوسَىٰٓ إِنِّيٓ أَنَا ٱللَّهُ رَبُّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ٣٠ وَأَنۡ أَلۡقِ عَصَاكَۚ فَلَمَّا

رَءَاهَا تَهْتَزُّ كَأَنَّهَا جَآنٌّ وَلَّىٰ مُدْبِرًا وَلَمْ يُعَقِّبْ ۚ يَـٰمُوسَىٰٓ أَقْبِلْ وَلَا
تَخَفْ ۖ إِنَّكَ مِنَ ٱلْأَامِنِينَ ﴿٣١﴾ ٱسْلُكْ يَدَكَ فِى جَيْبِكَ تَخْرُجْ بَيْضَآءَ
مِنْ غَيْرِ سُوٓءٍ وَٱضْمُمْ إِلَيْكَ جَنَاحَكَ مِنَ ٱلرَّهْبِ ۖ فَذَٰنِكَ بُرْهَـٰنَانِ
مِن رَّبِّكَ إِلَىٰ فِرْعَوْنَ وَمَلَإِي۟هِۦٓ ۚ إِنَّهُمْ كَانُوا۟ قَوْمًا فَـٰسِقِينَ ﴿٣٢﴾ قَالَ
رَبِّ إِنِّى قَتَلْتُ مِنْهُمْ نَفْسًا فَأَخَافُ أَن يَقْتُلُونِ ﴿٣٣﴾ وَأَخِى هَـٰرُونُ
هُوَ أَفْصَحُ مِنِّى لِسَانًا فَأَرْسِلْهُ مَعِىَ رِدْءًا يُصَدِّقُنِىٓ ۖ إِنِّىٓ أَخَافُ أَن
يُكَذِّبُونِ ﴿٣٤﴾ قَالَ سَنَشُدُّ عَضُدَكَ بِأَخِيكَ وَنَجْعَلُ لَكُمَا سُلْطَـٰنًا
فَلَا يَصِلُونَ إِلَيْكُمَا ۚ بِـَٔايَـٰتِنَآ أَنتُمَا وَمَنِ ٱتَّبَعَكُمَا ٱلْغَـٰلِبُونَ ﴿٣٥﴾

### ◄ تەرجىمىسى

29ـ مۇسا مۇددەتنى توشقۇزۇپ بولۇپ، ئائىلىسىنى ئېلىپ يولغا چىققان چېغىدا، ئۇ تۇر تېغى تەرەپتە بىر ئوتنى كۆردى، ئۇ ئائىلىسىگە: «سىلەر (بۇ يەردە) تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن ھەقىقەتەن (يىراقتىن) بىر ئوتنى كۆرۈپ قالدىم، بەلكى ئۇ يەردىن سىلەرگە بىرەر خەۋەر ياكى سىلەرنىڭ ئىسسىنىشىڭلار ئۈچۈن ئوتتىن بىر چوغ ئېلىپ كېلەرمەن» دېدى.

30ـ مۇسا ئوتنىڭ يېنىغا كەلگەندە، مۇبارەك جايدىكى ۋادىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى دەرەخ تەرەپتىن: «ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھمەن.

31ـ سەن ھاساڭنى تاشلىغىن» دەپ نىدا كەلدى. مۇسا ھاسىسىنىڭ گويا يىلاندەك تېز ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاچتى، كەينىگە قارىيالمىدى، (بۇ چاغدا مۇنداق نىدا كەلدى): «ئى مۇسا! (مەن تەرەپكە) كەل، قورقمىغىن. سەن ھەقىقەتەن (قورقۇنچتىن) ئەمىن بولغۇچىلاردىنسەن.

32ـ قولۇڭنى قوينۇڭغا سالغىن، ئۇ بىرەر كېسەلدىن ئەمەس، (بەلكى مۆجىزە سۈپىتىدە) ئاپئاق بولۇپ چىقىدۇ، قورقۇنچتىن (ئېچىلغان) قوللىرىڭنى يىغىۋالغىن، بۇ ئىككىسى (ھاسا ۋە قول مۆجىزىسى) پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ (قەۋمىنىڭ) كاتتىباشلىرىغا رەببىڭ تەرىپىدىن كەلگەن پاكىتتۇر. ئۇلار ھەقىقەتەن (يولدىن ئازغان) پاسىق قەۋم ئىدى».

33ـ مۇسا ئېيتتى: «ئى رەببىم! مەن ھەقىقەتەن ئۇلاردىن بىر ئادەمنى ئۆلتۈ-

رۇپ قويغان ئىدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقىمەن.

34ـ قېرىندىشىم ھارۇننىڭ تىلى مېنىڭكىدىن راۋان، شۇڭا ئۇنى مېنى (قوللاپ پەيغەمبەرلىكىمنى) ئىسپاتلايدىغان ياردەمچى قىلىپ مەن بىلەن ئەۋەتكىن، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ مېنى ئىنكار قىلىشىدىن ئەنسىرەيمەن».

35ـ ئاللاھ ئېيتتى: «سېنى قېرىندىشىڭ بىلەن كۈچلەندۈرىمىز، ئىككىڭلارغا شۇنداق (كۈچلۈك) پاكىت ئاتا قىلىمىزكى، ئۇلار سىلەرگە ھەرگىز زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ. سىلەر ۋە سىلەرگە ئەگەشكەن كىشىلەر مۆجىزىلىرىمىز ئارقىلىق چوقۇم غەلىبە قىلىسىلەر».

### ◄ تەپسىرى

مۇسا ئەلەيھىسسالام شۇئەيب ئەلەيھىسسالام بەلگىلەپ بەرگەن مۇددەتنىڭ ھەر ئىككىسىنى تولۇق توشقۇزغاندىن كېيىن، ئائىلىسىنى ئېلىپ مەدىيەندىن مىسىرغا قاراپ يولغا چىقىدۇ ۋە تۇر تېغىغا كەلگىنىدە يىراقتا يېنىۋاتقان بىر ئوتنى كۆرۈپ قالىدۇ.

بۇ سوغۇق كېچىدە ئۇلار يولدىن ئادىشىپ كەتكەن، قاتتىق بوران چىقىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پادىسىنى تارقىتىۋەتكەن ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايالىنىڭ تولغىقى تۇتۇپ قالغان بولۇپ، بۇ ئوت مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇشۇنداق جىددىي بىر ۋاقىتتا كۆرۈنگەن ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئوتنى كۆرۈپ، ئائىلىسىگە: سىلەر بۇ يەردە مېنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار، مەن ئۇ ئوت يانغان جايغا بېرىپ باقاي، بەلكى ئۇ يەردىن سىلەرگە يول توغرۇلۇق بىرەر خەۋەر ياكى ئىسسىنىشىڭلار ئۈچۈن بىرەر پارچە چوغ ئېلىپ كېلەرمەن دەپ، ئائىلىسىنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ئوت كۆرۈنگەن تەرەپكە كېتىپ قالىدۇ.

ئۇ تۇر تېغىدىكى ئوت كۆرۈنگەن جايغا بارغىنىدا، مۇبارەك جايدىكى ۋادىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى دەرەخ تەرەپتىن: ﴿ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھمەن. ھاساڭنى تاشلىغىن﴾ دەپ نىدا كېلىدۇ. تاھا سۈرىسىدە ئاللاھ تائالانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا شۇ ۋاقىتتا يەنە مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: ﴿إِنِّيٓ أَنَا۠ رَبُّكَ فَٱخۡلَعۡ نَعۡلَيۡكَ إِنَّكَ بِٱلۡوَادِ ٱلۡمُقَدَّسِ طُوٗى﴾ يەنى ﴿مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ رەببىڭمەن، كەشىڭنى

سالغىن. چۈنكى، سەن مۇقەددەس تۇۋا[1] ۋادىسىدا تۇرۇۋاتىسەن﴾[2].

مۇسا ئەلەيھىسسالام دەرھال ھاسىسىنى تاشلىشى بىلەنلا بۇ ھاسا چوڭ بىر يىلانغا ئايلىنىپ مىدىرلايدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسىنىڭ يىلاندەك ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قورقۇنچتىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ چېكىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھېچ قارىيالمايدۇ. شۇ ۋاقىتتا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: ﴿ئى مۇسا! (مەن تەرەپكە) كەل، قورقمىغىن. سەن ھەقىقەتەن (قورقۇنچتىن) ئەمىن بولغۇچىلاردىنسەن﴾ دەپ نىدا كېلىدۇ. ئاندىن ئۇ قولىنى قوينىغا سېلىشقا بۇيرۇلىدۇ ۋە قولىنىڭ بىرەر ئەيىبسىز ياكى ئىللەتسىز ھالدا ئاپپاق پارلاپ چىققىنىغانلىقى بىلدۈرۈلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ ھاسىسىنىڭ يىلانغا ئايلىنىشى بىلەن قولىنىڭ ئاپپاق ياندىغان بولۇشىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مۆجىزىنى كۆرسىتىپ، بۇ ئىككىسىنىڭ ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان مۆجىزە ۋە ئاللاھ تائالادىن كەلگەن دەلىل-ئىسپات ئىكەنلىكىنى ئىزاھلايدۇ. ئاندىن ئەقىل ۋە دىنىنىڭ چەك-چېگرالىرىدىن چىقىپ كەتكەن ئازغۇن قەۋم – پىرئەۋن قەۋمىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆزىنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىنى پىرئەۋننىڭ زۇلۇمىدىن ئازاد قىلىش ۋە ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ-دە، ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىپ: «ئى رەببىم! مەن ئۇلارنىڭ بىر ئادىمىنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويغان ئىدىم، بۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ مېنى قىساس ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقىمەن. قېرىندىشىم ھارۇننىڭ تىلى مېنىڭكىدىن ئەلۋەتتە راۋاندۇر، ئۇ مەندىن ياخشى سۆزلەيدۇ ۋە مىسىرلىقلارنىڭ تىلىنى مەندىن ئوبدانراق بىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ مىسىردىن ئايرىلىپ باقمىدى. شۇڭا مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنى ئىسپاتلىشى ۋە پەيغەمبەرلىك ۋەزىپەمنى ئادا قىلىشىمدا ماڭا ياردەمچى بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىمۇ ماڭا قوشۇپ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكىن. ئۇمۇ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ

[1] تۇۋا-جاي ئىسمى بولۇپ، مىسىرنىڭ سىينا رايونىدىكى تۇر تېغىنىڭ يېنىدىكى بىر ۋادىنىڭ نامىدۇر. بۇ جاينىڭ «مۇقەددەس» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەبنى بەزى ئۆلىمالار بۇ جاينىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىككىسىگە ۋەھيي قىلىنغان جاي بولغانلىقى ئۈچۈن دەپ قارايدۇ.

[2] تاھا سۈرىسى: 12-ئايەت.

تەۋەلىرىنىڭ يېنىغا مەن بىللە بارسۇن، چۈنكى، مەن ئۇلارنىڭ مېنى يالغانغا چىقىرىشىدىن ئەنسىرەيمەن» دەيدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ: ﴿سېنى قېرىندىشىڭ بىلەن كۈچلەندۈرىمىز، ئىككىڭلارغا شۇنداق (كۈچلۈك) پاكىت ئاتا قىلىمىزكى، ئۇلار سىلەرگە ھەرگىز زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ. سىلەر ۋە سىلەرگە ئەگەشكەن كىشىلەر مۆجىزىلىرىمىز ئارقىلىق چوقۇم غەلىبە قىلىسىلەر﴾ دەيدۇ. تاھا سۈرىسىدە: ﴿ٱذۡهَبۡ أَنتَ وَأَخُوكَ بِـَٔايَٰتِي وَلَا تَنِيَا فِي ذِكۡرِي﴾ يەنى ﴿(ئى مۇسا!) سەن ۋە قېرىندىشىڭ (ھارۇن) مېنىڭ مۆجىزىلىرىمنى ئېلىپ بېرىڭلار، مېنى ياد ئېتىشتە سۇسلۇق قىلىپ قالماڭلار﴾ [1] دەپ كەلگەن. يەنى ئاللاھ تائالا سىلەر بىللەن بىللە، ئۇ سىلەرگە ياردەم قىلىدۇ، سىلەرنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ زىيانكەشلىكلىرىدىن قوغدايدۇ، سىلەر چوقۇم غەلىبە قىلىسىلەر، چۈنكى، سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ قوشۇنىسىلەر. ئاللاھ تائالانىڭ قوشۇنى چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ، ھەرگىز يېڭىلىپ قالمايدۇ. بۇ ماۋزۇ تاھا، نەمل، قەسەس سۈرىلىرىدە تەكرارلانغان.

مۇسا ئەلەيھىسسالام مۇبارەك جايدىكى ۋادىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى دەرەخ تەرەپتىن چاقىرىلغان. ئۇ ﴿ئى مۇسا! مەن ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھمەن﴾ دەپ چاقىرىلغاندەك، ﴿أَنۢ بُورِكَ مَن فِي ٱلنَّارِ وَمَنۡ حَوۡلَهَا﴾ يەنى ﴿ئوتنىڭ يېنىدىكى كىشىگە ۋە ئوتنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە بەرىكەت ئاتا قىلىنىدى﴾ [2] دەپ نىدا قىلىنغان. بۇ يەردە ئىبارە ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىر خىل بولمىسىمۇ مەنە بىردۇر. شۇنىڭدەك، بۇ سۈرىدىكى: ﴿ٱسۡلُكۡ يَدَكَ فِي جَيۡبِكَ﴾ دېگەن ئايەت بىلەن نەمل سۈرىسىدىكى: ﴿وَأَدۡخِلۡ يَدَكَ فِي جَيۡبِكَ﴾ [3] دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى بىر بولۇپ، ﴿قولۇڭنى قوينۇڭغا سالغىن﴾ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئىنسانلىق بۇرچى بولۇشتىن ئاۋۋال مۇئمىنلىكنىڭ تەلىپىدۇر. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇئەيب ئەلەيھىسسالام بىلەن

[1] تاھا سۈرىسى: 42ـ ئايەت.
[2] نەمل سۈرىسى: 8ـ ئايەت.
[3] نەمل سۈرىسى: 12ـ ئايەت.

توختاملاشقان ھەر ئىككى مۇددەتنى تولۇق ئادا قىلغانلىقى ئۇنىڭ ۋاپادارلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

2. مىسىردىكى تۇرسىنا (تۇر تېغى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا بىۋاستە سۆز قىلغان مۇقەددەس جايدۇر.

3. تەبىئىي قورقۇش ئەيىب ئەمەس. چۈنكى، قورقۇش جىمى ئادەم بالىسىغا ئورتاقتۇر. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇرسىنادا يىلاننى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەنلىكى بۇنىڭ مىسالى.

4. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسىنىڭ يىلانغا ئايلىنىشى بىلەن قولىنىڭ ئاپپاق نۇر چاچىدىغان بولۇشى ئۇنىڭ ئەڭ مەشھۇر مۆجىزىلىرىدىن سانىلىدۇ.

5. قىساس ئېلىش ئىنسانلار يارىتىلغاندىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن تەبىئىي قانۇنىيەت بولۇپ، ئۆلۈم جازاسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش تېخىمۇ كۆپ قان تۆكۈلۈشكە سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا قاتىلنى ئۆلتۈرۈش ئەقىل ۋە دىنىنىڭ بىردەك تەلىپىدۇر. ئەمما مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغىنى سەۋەنلىك بولۇپ، سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگەننىڭ جازاسى ئىسلام شەرىئىتىدە ئايرىم بېكىتىلگەن.

6.كىشىلەرگە چىرايلىق يوسۇندا، سىلىق سۆز قىلىپ مەقسەت-مۇددىئانى ئوتتۇرىغا قويۇش مۇئمىنگە خاس گۈزەل ئەخلاقتۇر. خۇسۇسەن، كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلغۇچىلار تېخىمۇ يۇمشاق، سىلىق ۋە ئىلمىي بولۇشى لازىم.

## ◄ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى ۋە پىرئەۋننىڭ قارشىلىقى

﴿فَلَمَّا جَآءَهُم مُّوسَىٰ بِـَٔايَٰتِنَا بَيِّنَٰتٖ قَالُواْ مَا هَٰذَآ إِلَّا سِحۡرٞ
مُّفۡتَرٗى وَمَا سَمِعۡنَا بِهَٰذَا فِيٓ ءَابَآئِنَا ٱلۡأَوَّلِينَ ٣٦ وَقَالَ مُوسَىٰ رَبِّيٓ
أَعۡلَمُ بِمَن جَآءَ بِٱلۡهُدَىٰ مِنۡ عِندِهِۦ وَمَن تَكُونُ لَهُۥ عَٰقِبَةُ ٱلدَّارِۚ
إِنَّهُۥ لَا يُفۡلِحُ ٱلظَّٰلِمُونَ ٣٧ وَقَالَ فِرۡعَوۡنُ يَٰٓأَيُّهَا ٱلۡمَلَأُ مَا عَلِمۡتُ
لَكُم مِّنۡ إِلَٰهٍ غَيۡرِي فَأَوۡقِدۡ لِي يَٰهَٰمَٰنُ عَلَى ٱلطِّينِ فَٱجۡعَل لِّي
صَرۡحٗا لَّعَلِّيٓ أَطَّلِعُ إِلَىٰٓ إِلَٰهِ مُوسَىٰ وَإِنِّي لَأَظُنُّهُۥ مِنَ ٱلۡكَٰذِبِينَ ٣٨
وَٱسۡتَكۡبَرَ هُوَ وَجُنُودُهُۥ فِي ٱلۡأَرۡضِ بِغَيۡرِ ٱلۡحَقِّ وَظَنُّوٓاْ أَنَّهُمۡ إِلَيۡنَا لَا

يُرْجَعُونَ ﴿٣٩﴾ فَأَخَذْنَـٰهُ وَجُنُودَهُۥ فَنَبَذْنَـٰهُمْ فِى ٱلْيَمِّ ۖ فَٱنظُرْ كَيْفَ
كَانَ عَـٰقِبَةُ ٱلظَّـٰلِمِينَ ﴿٤٠﴾ وَجَعَلْنَـٰهُمْ أَئِمَّةً يَدْعُونَ إِلَى ٱلنَّارِ ۖ وَيَوْمَ
ٱلْقِيَـٰمَةِ لَا يُنصَرُونَ ﴿٤١﴾ وَأَتْبَعْنَـٰهُمْ فِى هَـٰذِهِ ٱلدُّنْيَا لَعْنَةً ۖ وَيَوْمَ
ٱلْقِيَـٰمَةِ هُم مِّنَ ٱلْمَقْبُوحِينَ ﴿٤٢﴾ وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا مُوسَى ٱلْكِتَـٰبَ مِنۢ
بَعْدِ مَآ أَهْلَكْنَا ٱلْقُرُونَ ٱلْأُولَىٰ بَصَآئِرَ لِلنَّاسِ وَهُدًى وَرَحْمَةً
لَّعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ ﴿٤٣﴾

### تەرجىمىسى

36ـ مۇسا ئۇلارغا بىزنىڭ روشەن مۆجىزىلىرىمىزنى ئېلىپ كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بۇ پەقەت ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان سېھىردىن باشقا نەرسە ئەمەس، بىز ئىلگىرىكى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ زامانىدا بۇنداق نەرسىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىدۇق» دېدى.

37ـ مۇسا ئېيتتى: «رەببىم ئۆزىنىڭ دەرگاھىدىن كىمنىڭ ھىدايەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، ئاخىرەتنىڭ ياخشى ئاقىۋىتى كىمگە نېسىپ بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ، شەكسىزكى، زالىملار ھەرگىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ».

38ـ پىرئەۋن ئېيتتى: «ئى كاتتىلار! مەن ئۆزۈمدىن باشقا يەنە بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن. ئى ھامان! سەن خىش پىشۇرۇپ مەن ئۈچۈن ئېگىز بىر بىنا سالغىن، مەن (ئۇنىڭغا چىقىپ) مۇسانىڭ ئىلاھىغا قاراپ باقاي، مەن ئۇنى ھەقىقەتەن يالغانچىلاردىن دەپ ئويلايمەن».

39ـ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى (مىسىر) زېمىنىدا يولسىزلىق قىلىپ كۆرەڭلىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى بىز تەرەپكە قايتۇرۇلمايدۇ دەپ ئويلاشتى.

40ـ نىھايەت، پىرئەۋننى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى جازالاپ دېڭىزغا تاشلىۋەتتۇق. (ئى پەيغەمبەر!) زالىملارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن.

41ـ ئۇلارنى بىز دوزاخقا چاقىرىدىغان باشلامچىلار قىلدۇق، قىيامەت كۈنى ئۇلارغا ياردەم بېرىلمەيدۇ.

42ـ بىز ئۇلارنى بۇ دۇنيادا لەنەتكە ئۇچراپ تۇرىدىغان قىلىپ قويدۇق. قىيامەت كۈنى ئۇلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنغۇچىلاردىن بولىدۇ.

**43-شۇبھىسىزكى، بىز ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، كىشىلەرنى ۋەز-نەسىھەت ئالسۇن دەپ، مۇساغا ئىنسانلارنىڭ ئەقىل كۆزىنى ئاچىدىغان دەلىللەر، ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان كىتابنى (تەۋراتنى) بەردۇق.**

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى قېرىندىشى ھارۇن ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنىڭ يېنىغا بېرىشقا ۋە ئۇلارغا چىرايلىق رەۋىشتە سۆز قىلىشقا بۇيرىدى. ئۇلار پىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىپ، پىرئەۋن باشچىلىقىدىكى مىسىرلىقلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلىشقا باشلاپ، ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىنى، ئىبادەت پەقەت شۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا قىلىنىشى كېرەكلىكىنى بايان قىلىشتى، شۇنداقلا ھەممىگە رىزىق بەرگۈچى ۋە ھەممىنى پەرۋىش قىلىپ تۇرغۇچى، ھاياتلىق بەرگۈچى ۋە ئۇنى ئالغۇچى پەقەت ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشكە تىرىشتى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئەسلىدە پىرئەۋننىڭ يېنىغا تەييارلىقسىز بارمىغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالا ئەۋەتكەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ سۆزىدە راستچىللىقىنى ئىسپاتلايدىغان مۆجىزىلىرىنى ئېلىپ بارغان ئىدى. ئەمما پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالام ئىككىسىنى ئىنكار قىلدى، ئۇلارغا ئىشەنمىدى، ئۇلار كۆرسەتكەن مۆجىزىلەرنى سېھىر دەپ، ئۇيلىدى ۋە ئۇلارنىڭ ھەق سۆزلىرىنى ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئەپسانىلىرى دەپ، مەسخىرە قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن ئەقىل ۋە مەنتىق ئاساسىدا مۇنازىرىلىشىپ كۆرگەن ۋە ئۆزىنىڭ راستچىللىقىنى ئىسپات-لايدىغان دەلىللەرنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ مەۋقەسىدە ھېچبىر ئۆزگىرىش بولمىدى. ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىشنى ۋە ئۇلار كۆرسەتكەن مۆجىزىلەرنى سېھىر دېيىشنى داۋاملاشتۇردى. چۈنكى، ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنى قەتئىي ئىنكار قىلىشقا ئالدىن كېلىشىۋالغان ئىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ تۆھمەتلىرىگە رەددىيە بېرىپ، ئۆزىنىڭ ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلار قىلغان تۆھمەتلەردىن ئەلۋەتتە پاك ئىكەنلىكىنى ۋە كىمنىڭ ھىدايەت بىلەن نۇر ئېلىپ كەلگەنلىكى ۋە كىمنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولىدىغانلىقى ئاللاھ تائالاغا ئايان ئىكەنلىكىنى

بايان قىلىدۇ. شۇنداقلا ھەقىقەتكە قارشى چىققان، ھەق دىنىنى ئىنكار قىلغان زالىملارنىڭ ھەرگىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام يەنە ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا يالغانچىلارنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتمەيدىغانلىقىنى، پەيغەمبەرنىڭ كۆرسەتكەنلىرى سېھىر ئەمەس، بەلكى مۆجىزە ئىكەنلىكىنى، پەيغەمبەرلەر دەۋەت قىلغان ھەق دىنىنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى، ئەمما ھىدايەتنى قوبۇل قىلماي، كۇفرىلىقنى تاللاپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋننى ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈشكە چاقىرغاندا، پىرئەۋن تەكەببۇرلۇقتا تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. چۈنكى، چۈنكى، ئۇ ئۆزىنى مىسىرلىقلارنىڭ ئىلاھى دەپ يۈرگەن بىر زالىم بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىنسانلار توپلانغان چوڭ سورۇندا ئىمانغا دەۋەت قىلىنىشى ئۇ ئۆز نەزىرىدە ئۆزىنىڭ ھەيۋىسىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىگە ۋە ئىناۋىتىنىڭ تۆۋەنلەپ قېلىشىغا سەۋەب بولاتتى. شۇڭا ئۇ ئۇچىغا چىققان تەكەببۇرلۇق بىلەن: ﴿إِنَّ رَسُولَكُمُ ٱلَّذِىٓ أُرۡسِلَ إِلَيۡكُمۡ لَمَجۡنُونٌ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، سىلەرگە ئەۋەتىلگەن بۇ ئەلچى راستتىنلا مەجنۇن ئىكەن﴾ [1] دەيدۇ، ئۇ تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ ۋەزىرى ھامانغا: ﴿ئى ھامان! سەن خىش پىشۇرۇپ مەن ئۈچۈن ئېگىز بىر بىنا سالغىن، بەلكى مەن (ئۇنىڭغا چىقىپ) مۇسانىڭ ئىلاھىنى كۆرىشىم مۇمكىن ﴾ دەيدۇ.

پىرئەۋننىڭ ﴿ئى كاتتىلار! مەن ئۆزۈمدىن باشقا يەنە بىر ئىلاھىڭلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن﴾ دېگەن سۆزى ھاكاۋۇرلۇقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ۋە ئاشكارا يالغانچىلىق ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ﴿ئى ھامان! سەن خىش پىشۇرۇپ مەن ئۈچۈن ئېگىز بىر بىنا سالغىن، بەلكى مەن (ئۇنىڭغا چىقىپ) مۇسانىڭ ئىلاھىنى كۆرىشىم مۇمكىن﴾ دېگەن سۆزى ئۇنىڭ يۇقىرىقى سۆزىنى يالغانغا چىقىرىدىغان سۆز بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ﴿مەن ئۆزۈمدىن باشقا يەنە بىر ئىلاھىڭلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن﴾ دېگەن سۆزىدە چىڭ تۇرالمىغانلىقىنىڭ ئىشارىتىدۇر. ئەگەر شۇنداق بولمىسا، ئۇ قانداقمۇ ئۆزىدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق دەپ تۇرۇپ، ئارقىدىن مۇسانىڭ ئىلاھىنى كۆرەي دەيدۇ؟

---

[1] شۇئەرا سۈرىسى: 27-ئايەت.

بۇ ۋاقىتتا پىرئەۋن ئۆزىنى راستچىل، مۇسا ئەلەيھىسسالامنى يالغانچى دەپ ئېلان قىلغان ئىدى. مىسىرلىقلارمۇ پىرئەۋننىڭ دېگەنـ ـلىرىگە ئىشەنگەن ۋە ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھى دەپ تونۇغان ئىدى. شۇڭا مىسىرلىقلارنىڭ ئارىسىدىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى قوللايدىغان ياكى كىشىلەرنى ياخشىلىققا چاقىرىدىغان ۋەياكى يامانلىقتىن توسىدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىغان ئىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پىرئەۋنگە چوقۇناتتى، ئۇنىڭدىن قورقاتتى ۋە ئۇنىڭ خاھىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشاتتى. ئۇلاردا ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ئەقىدىسى يوق ئىدى، ئۇلار قىيامەتكە ئىشەنمەيتتى. شۇڭا ئۇلار بارلىق يامانلىقلارنى ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن قىلاتتى. كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىشتا تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ئەڭ ئىبرەتلىك ھالاكەت بىلەن خۇلاسىلاندى.

ئاللاھ تائالا پىرئەۋن تەۋەلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتى ھەققىدە: ﴿نەھايەت پىرئەۋننى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى جازالاپ دېڭىزغا تاشلىۋەتتۇق﴾ دەيدۇ. پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى ئاللاھ تائالانىڭ جازاسى بىلەن ھالاك قىلىندى. بۇ تا قىيامەتكىچە ئېغىزدىن ئېغىزغا يۆتكىلىپ تۇرۇش ئارقىلىق زالىملارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئەسلىتىدىغان ئىبرەتلىك قىسسىدۇر.

ئاللاھ تائالا يەنە دەيدۇكى، بىز پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنى كىشىلەرنى دوزاخقا چاقىرىدىغان يامان يولباشچىلاردىن قىلدۇق. چۈنكى، پىرئەۋن كىشىلەرنى باتىلنى قوللاشقا ۋە ئاجىزلارغا زۇلۇم قىلىشقا بۇيرۇيتتى، ئۇنىڭ خەلقىمۇ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئورۇندايتتى. شۇنداق قىلىپ، پىرئەۋن تەۋەلىرى كىشىلەرنى دوزاخقا چاقىرىدىغان يامان يولباشچىلار بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى دوزاخ بولغان. پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىگە بۇ دۇنيادا لەنەت يېغىپ تۇرىدۇ، قىيامەت كۈنىدە بولسا ئۇلارغا ھېچكىم ياردەم قىلمايدۇ، ئۇلار ھېچبىر شاپائەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. ﴿وَأُتْبِعُوا۟ فِى هَـٰذِهِ لَعْنَةً وَيَوْمَ ٱلْقِيَـٰمَةِ ۚ بِئْسَ ٱلرِّفْدُ ٱلْمَرْفُودُ﴾ يەنى ﴿ئۇلار بۇ دۇنيادىمۇ، قىيامەت كۈنىدىمۇ لەنەتكە ئۇچراپ تۇرىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن بۇ سوۋغا نېمىدېگەن يامان!﴾[1]. ياخشى ئۆگىنىپ ۋەز-نەسىھەت ئالسۇن دەپ، بىز مۇساغا ھەقىقەتنىڭ دەلىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان «تەۋرات»نى

[1] ھۇد سۈرىسى: 99-ئايەت.

بەردۇق. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَا أَهْلَكَ اللَّهُ قَوْمًا ، وَلَا قَرْنًا ، وَلَا أُمَّةً ، وَلَا أَهْلَ قَرْيَةٍ مُنْذُ أَنْزَلَ التَّوْرَاةَ عَلَى وَجْهِ الْأَرْضِ بِعَذَابٍ مِنَ السَّمَاءِ غَيْرَ أَهْلِ الْقَرْيَةِ الَّتِي مُسِخَتْ قِرَدَةً» يەنى «ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا «تەۋرات»نى بەرگەن كۈندىن بېرى ھېچقانداق بىر قەۋمنى، ھېچقانداق بىر ئۈممەتنى، ھېچقانداق بىر جامائەنى ۋە ھېچقانداق بىر شەھەر ئاھالىسىنى ئاسماندىن ئازاب ئەۋەتىش بىلەن ھالاك قىلغان ئەمەس. پەقەت ئادەملىرى مايمۇنغا ئۆزگەرتىۋېتىلگەن شەھەر ئاھالىسى بۇنىڭدىن مۇستەسنا»[1].

﴿شۈبھىسىزكى، بىز ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، كىشىلەرنى ۋەز-نەسىھەت ئالسۇن دەپ، مۇساغا ئۇلار ئۈچۈن نۇر، ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان كىتابنى (تەۋراتنى) بەردۇق﴾ دېگەن ئايەتتىن مەلۇمكى، ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى سەۋەبلىك ھالاك قىلىنغان نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى، ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ زامانىدىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا «تەۋرات»نىڭ بېرىلگەنلىكى شۇ زامانلاردا ساماۋى دىنىنىڭ شەرىئەتلىرىدىن ھېچ نەرسە قالمىغانلىقىدىن ۋە كىشىلەرنىڭ ساماۋى تەلىماتلارغا ئىنتايىن زور ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىغانلار ھەقىقەتكە چاقىرغۇچىلارغا ھەر خىل قالپاقلارنى كىيگۈزۈپ ۋە ئۆزلىرىنى ئاقلاپ كەلگەن. پىرئەۋننىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن مۆجىزىلەرنى سېھىر دەۋالغانلىقىمۇ ھەقىقەتنى باتىل قىلىپ كۆرسىتىشنىڭ بىر ھىيلىسى ئىدى.

2. پىرئەۋن ھەقىقىي ئىلاھ ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئەمما ئۇ مەنسەپ ۋە شۆھرەت مەستانىلىكىدە ئاللاھ تائالانى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلىپ، ئۆزىنى ئىلاھ دەپ جاكارلىغان.

3. زالىملارنىڭ ئاقىۋىتى ھالاكەتتۇر. بۇ شەكسىز ھەقىقەت بولۇپ،

---

[1] «المستدرك على الصحيحين» 2- توم 42-بەت،3534-ھەدىس.

ئۆتمۈشتىكى ۋە ھازىرقى ۋەقەلىكلەر بۇنى ئىسپاتلىماقتا.

5. تەكەببۇرلۇق قىلغۇچىلارنى ئاللاھ تائالا كەچۈرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلۇغلۇق ۋە كاتتىلىق ئاللاھ تائالاغىلا خاس ئالاھىدىلىك بولۇپ، ئۇنى تالاشقانلار ھالاك بولىدۇ.

6. ئىمانسىزلارغا، گۇناھكارلارغا ئەگەشكەنلەر ۋە ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولغانلار ئۆزلىرى تۇيمايلا دوزاخنىڭ يولىغا كىرىپ قالىدۇ.

7. «تەۋرات» ئۆز ۋاقتىدا ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ھىدايەت كىتابى ئىدى.

### ◄ پەيغەمبەرلەرگە بولغان ئېھتىياج

﴿وَمَا كُنتَ بِجَانِبِ ٱلۡغَرۡبِيِّ إِذۡ قَضَيۡنَآ إِلَىٰ مُوسَى ٱلۡأَمۡرَ وَمَا كُنتَ
مِنَ ٱلشَّٰهِدِينَ ﴿٤٤﴾ وَلَٰكِنَّآ أَنشَأۡنَا قُرُونٗا فَتَطَاوَلَ عَلَيۡهِمُ ٱلۡعُمُرُۚ
وَمَا كُنتَ ثَاوِيٗا فِيٓ أَهۡلِ مَدۡيَنَ تَتۡلُواْ عَلَيۡهِمۡ ءَايَٰتِنَا وَلَٰكِنَّا كُنَّا
مُرۡسِلِينَ ﴿٤٥﴾ وَمَا كُنتَ بِجَانِبِ ٱلطُّورِ إِذۡ نَادَيۡنَا وَلَٰكِن رَّحۡمَةٗ مِّن
رَّبِّكَ لِتُنذِرَ قَوۡمٗا مَّآ أَتَىٰهُم مِّن نَّذِيرٖ مِّن قَبۡلِكَ لَعَلَّهُمۡ يَتَذَكَّرُونَ
﴿٤٦﴾ وَلَوۡلَآ أَن تُصِيبَهُم مُّصِيبَةُۢ بِمَا قَدَّمَتۡ أَيۡدِيهِمۡ فَيَقُولُواْ رَبَّنَا
لَوۡلَآ أَرۡسَلۡتَ إِلَيۡنَا رَسُولٗا فَنَتَّبِعَ ءَايَٰتِكَ وَنَكُونَ مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ
﴿٤٧﴾ فَلَمَّا جَآءَهُمُ ٱلۡحَقُّ مِنۡ عِندِنَا قَالُواْ لَوۡلَآ أُوتِيَ مِثۡلَ مَآ أُوتِيَ
مُوسَىٰٓۚ أَوَلَمۡ يَكۡفُرُواْ بِمَآ أُوتِيَ مُوسَىٰ مِن قَبۡلُۖ قَالُواْ سِحۡرَانِ تَظَٰهَرَا
وَقَالُوٓاْ إِنَّا بِكُلّٖ كَٰفِرُونَ ﴿٤٨﴾ قُلۡ فَأۡتُواْ بِكِتَٰبٖ مِّنۡ عِندِ ٱللَّهِ هُوَ
أَهۡدَىٰ مِنۡهُمَآ أَتَّبِعۡهُ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿٤٩﴾ فَإِن لَّمۡ يَسۡتَجِيبُواْ لَكَ
فَٱعۡلَمۡ أَنَّمَا يَتَّبِعُونَ أَهۡوَآءَهُمۡۚ وَمَنۡ أَضَلُّ مِمَّنِ ٱتَّبَعَ هَوَىٰهُ بِغَيۡرِ
هُدٗى مِّنَ ٱللَّهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٥٠﴾ ۞ وَلَقَدۡ
وَصَّلۡنَا لَهُمُ ٱلۡقَوۡلَ لَعَلَّهُمۡ يَتَذَكَّرُونَ ﴿٥١﴾﴾

## تەرجىمىسى

44ـ(ئى پەيغەمبەر!) سەن (تۇر تېغىنىڭ) غەرب تەرىپىدە مۇساغا ۋەھيى قىلغاندا سەن يوق ئىدىڭ، (بۇ ۋەقەلىكنى) كۆرگەنلەردىنمۇ ئەمەس ئىدىڭ.

45ـئەمما بىز نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى بارلىققا كەلتۈردۇق، ئۇلارنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولدى. سەن مەديەن ئاھالىسىنىڭ ئىچىدە ئۇلارغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئوقۇپ بېرىپ تۇرغانمۇ ئەمەسسەن، لېكىن (ئۇلارنىڭ قىسسىسىنى ۋەھيى ئارقىلىق ساڭا) بىز ئەۋەتتۇق.

46ـبىز (مۇساغا) نىدا قىلغان چاغدا سەن تۇر تېغىنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ. لېكىن سەندىن ئىلگىرى ھېچبىر ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلمىگەن بىر قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ۋە ئۇلارنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشى ئۈچۈن، بىز سېنى رەببىڭ تەرىپىدىن (كاتتا) بىر رەھمەت (قىلىپ ئەۋەتتۇق).

47ـئۇلارغا قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بىرەر ئازاب ـئوقۇبەت كەلسە، «ئى رەببىمىز! بىزگە بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولساڭ، سېنىڭ ئايەتلىرىڭگە ئەگىشەتتۇق ۋە مۆئمىنلەردىن بولاتتۇق» دېمەسلىكى ئۈچۈن (سېنى ئۇلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق).

48ـئەمما ئۇلارغا بىز تەرەپتىن ھەقىقەت (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلگەندە، ئۇلار: «نېمىشقا ئۇنىڭغا مۇساغا بېرىلگەندەك مۆجىزە بېرىلمىدى؟» دېدى. ئۇلار ئىلگىرى مۇساغا بېرىلگەن مۆجىزىنى ئىنكار قىلغان ئەمەسمىدى؟ ئۇلار: «(تەۋرات بىلەن قۇرئان) بىر-بىرىنى كۈچلەندۈرىدىغان ئىككى سېھىردۇر» دېدى. ئۇلار يەنە: «بىز ئەلۋەتتە (بۇ ئىككى كىتابنىڭ) ئىككىلىسىنى ئىنكار قىلغۇچىلارمىز» دېدى.

49ـ(ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر (بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولىدىغان بولساڭلار، ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇ ئىككى كىتابقا قارىغاندا تېخىمۇ توغرا بىرەر كىتاب كەلتۈرۈپ بېقىڭلارچۇ، مەن ئۇنىڭغا ئەگىشەي».

50ـئەگەر ئۇلار ساڭا جاۋاب بېرەلمىسە، بىلگىنكى، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشىغىلا ئەگىشىدۇ. ئاللاھ ۋەھيى قىلغان توغرا يولنى قويۇپ نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن ئادەمدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟ شەكسىزكى، ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلمايدۇ.

51ـئۇلارنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشى ئۈچۈن، بۇ ئىلاھىي سۆز (قۇرئان)نى ئۇلارغا ئۈزۈلدۈرمەي چۈشۈرۈپ تۇردۇق.

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! بىز مۇساغا مىسىردىكى تۇر تېغىنىڭ غەرب تەرىپىدە ۋەھيى قىلىپ، دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى نازىل قىلغان چاغدا، سەن يوق ئىدىڭ، بۇ ۋەقەلىكنى كۆرگەنلەردىنمۇ ئەمەس ئىدىڭ. چۈنكى، سەن ئۇ ۋاقىتتا يوق ئىدىڭ، شۇڭا سەن مۇسانىڭ قىسسىسىنى كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ ياكى ئىنسانلاردىن ئاڭلاپ بىلگىنىڭ يوق، پەقەت ئۇنى ۋەھيى يولى بىلەن ساڭا بىز بىلدۈردۇق.

پەيغەمبەرلەرنىڭ زامانى يىراق ئۆتمۈشلەردە قالغانلىقى، ۋاقىت ئۆزۈراپ كىشىلەرنىڭ دىللىرى قارىيىپ تاشتەك قېتىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، دۇنيا بىرەر يولباشچىغا زور ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغان ئىدى. چۈنكى، جاھالەت ۋە خۇراپات دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدە ھۆكۈم سۈرگەنلىكتىن، ھەق بىلەن باتىلنى، توغرا بىلەن خاتانى بىلىش قىيىن بولۇپ كەتكەن، ئىنسانلار ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇپ كەتكەن ئىدى. شۇنداق بىر ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھەق دىن بىلەن ئەۋەتىش ئارقىلىق ئىلاھىي ئەھدىنى يېڭىلىغان بولدى. بۇ ئورۇندىكى ئىلاھىي ئەھدىدىن مەقسەت ئاللاھ تائالانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئۆگەتكەن تەلىماتلىرىدۇر. چۈنكى، ساماۋى دىنىنىڭ مەنبەسى ئاللاھ تائالادۇر، بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەقىدىسى بىر خىل بولۇپ، پەقەت شەرىئەتلىرى پەرقلىقتۇر. ﴿يَـٰٓأَهۡلَ ٱلۡكِتَـٰبِ قَدۡ جَآءَكُمۡ رَسُولُنَا يُبَيِّنُ لَكُمۡ عَلَىٰ فَتۡرَةٖ مِّنَ ٱلرُّسُلِ أَن تَقُولُواْ مَا جَآءَنَا مِنۢ بَشِيرٖ وَلَا نَذِيرٖۖ فَقَدۡ جَآءَكُم بَشِيرٞ وَنَذِيرٞۗ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ﴾ يەنى ﴿ئى ئەھلى كىتاب! سىلەرنىڭ «بىزگە خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلمىدى» دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈن، پەيغەمبەرلەر ئۈزۈلۈپ قالغان بىر زاماندا سىلەرگە (ھەقىقەتنى) بايان قىلىپ بېرىدىغان ئەلچىمىز كەلدى. ھەقىقەتەن سىلەرگە خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى (پەيغەمبەر) كەلدى. ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر﴾ [1].

ئى پەيغەمبەر! سەن مەديەن ئاھالىسى ئىچىدە ئۇلارغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئوقۇپ بەرگۈچى بولۇپ تۇرغان ئەمەسسەن، ئۇلارنىڭ يۇرتىدا شۇئەيب ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە پەيغەمبەر بولۇپ تۇرغانمۇ ئەمەسسەن. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سەن مەككىلىكلەرگە ئېيتىپ بېرىۋاتقان قىسسىلەرنى ئۇلاردىن ئاڭلاپ ئۆگەنگىنىڭ يوق. بەلكى بۇ

---

[1] مائىدە سۈرىسى: 19 ـ ئايەت.

قىسسەلەرنى ساڭا بىلدۈرگەن ۋە ئۆگەتكەن بىزدۇرمىز. بىز بۇ قىسسەلەرنى سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە دەلىل قىلىش ئۈچۈن، ۋەھيى يولى بىلەن ساڭا بىلدۈردۇق.

تەپسىرى مۇيەسسەردە ﴿وَلَٰكِنَّآ أَنشَأۡنَا قُرُونٗا فَتَطَاوَلَ عَلَيۡهِمُ ٱلۡعُمُرُۚ وَمَا كُنتَ ثَاوِيٗا فِيٓ أَهۡلِ مَدۡيَنَ تَتۡلُواْ عَلَيۡهِمۡ ءَايَٰتِنَا وَلَٰكِنَّا كُنَّا مُرۡسِلِينَ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ﴿وَلَٰكِنَّا كُنَّا مُرۡسِلِينَ﴾ دېگەن قىسمىغا «لېكىن سەن مۇسا توغرۇلۇق ئېلىپ كەلگەن بۇ خەۋەر ۋەھيىدۇر ۋە سېنىڭ پەيغەمبەر-لىكىڭگە گۇۋاھتۇر»[1] دەپ مەنە ئېيتىلغان.

ئى پەيغەمبەر! بىز مۇسانى ھۇزۇرىمىزغا چاقىرىپ: «ئى مۇسا! بۇ تەۋراتنى چىڭ تۇتقىن» دەپ، ئۇنىڭغا سۆز قىلغان ۋە «تەۋرات»نى بەرگەن چاغدا، سەن تۇر تېغىنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ. ئەمما بىز سېنى ئۆزلىرىگە ۋە ئاتا-بوۋىلىرىغا بىرەر پەيغەمبەر كەلمىگەن قەۋم - ئەرەبلەرنى ئالدى بىلەن ئاگاھلاندۇرسۇن، ئاندىن بارلىق ئىنسانىيەتنى ئاگاھلاندۇرسۇن، ئۇلارنى تەپەككۇر قىلىپ ئەقلىنى ئىشلىتىشكە چاقىرسۇن دەپ، بارلىق جاھان ئەھلىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىن چىققان ۋە ئىسرائىل ئەۋلادى بىلەن پىرئەۋن قەۋمىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەردۇر. ئىيسا ئەلەيھىسسالام بولسا ئىسرائىل ئەۋلادىنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىگە قايتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىدى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، شۇ چاغلاردا پۈتۈن ئىنسانىيەت، جۈملىدىن ئەرەبلەر ساماۋى دىنىنىڭ تەلىماتىغا ئىنتايىن موھتاج بولۇپ قالغان ئىدى.

شۇڭا ئەرەبلەرنىڭ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ: «ئى رەببىمىز! ئەگەر سەن بىزگە بىزنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان ۋە ئىمان ئېيتقانلار-غا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدىغان بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولساڭ ئىدىڭ، بىز ئەلۋەتتە، سېنىڭ پەيغەمبىرىڭگە ئەگىشەتتۇق ۋە مۆئمىنلەردىن بولاتتۇق» دېمەسلىكى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھىدايەتكە ئەگەشمىگەنلىك گۇناھىنى تورلۇك باھانىلەرنى كۆرسىتىپ ئاقلاشقا تىرىشماسلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئومۇمىي پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن. ﴿رُّسُلٗا مُّبَشِّرِينَ وَمُنذِرِينَ لِئَلَّا يَكُونَ لِلنَّاسِ عَلَى ٱللَّهِ حُجَّةُۢ بَعۡدَ ٱلرُّسُلِۚ وَكَانَ ٱللَّهُ

[1] «التفسير الميسر» 391- بەت.

﴿عَزِيزًا حَكِيمًا﴾ يەنى ﴿بىزنىڭ پەيغەمبەرلەرنى خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىمىز كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەرلەر كەلگەندىن كېيىن (ئىمان ئېيتمىغانلىقىغا) ئاللاھنىڭ ئالدىدا باھانە كۆرسەتمەسلىكى ئۈچۈندۇر. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[1]، ﴿أَوۡ تَقُولُواْ لَوۡ أَنَّآ أُنزِلَ عَلَيۡنَا ٱلۡكِتَٰبُ لَكُنَّآ أَهۡدَىٰ مِنۡهُمۡۚ فَقَدۡ جَآءَكُم بَيِّنَةٞ مِّن رَّبِّكُمۡ وَهُدٗى وَرَحۡمَةٞۚ﴾ يەنى ﴿(ئى مۇشرىكلار! سىلەرنىڭ «پەقەت بىزدىن ئىلگىرىكى (يەھۇدىيلار ۋە خرىستىيانلاردىن ئىبارەت) ئىككى تائىپىگىلا كىتاب نازىل قىلىنغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئوقۇغان كىتابلىرىدىن بىزنىڭ زادىلا خەۋىرىمىز يوق ئىدى» دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈن، ياكى سىلەرنىڭ «ئەگەر بىزگە كىتاب نازىل قىلىنغان بولسا، بىز ئەلۋەتتە ئۇلاردىن ئارتۇق ھىدايەت تاپقان بولاتتۇق» دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈن (بىز قۇرئاننى نازىل قىلدۇق). سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق دەلىل، ھىدايەت ۋە رەھمەت كەلدى﴾[2].

يۇقىرىقىلار پەيغەمبەر ئەۋەتىشكە تۈرتكە بولغان سەۋەبلەر ۋە كىشىلەرنىڭ يولباشچىغا بولغان زور ئېھتىياجىنىڭ بايانىدۇر.

مەككىلىكلەرگە ھەق پەيغەمبەر – مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كەلگەن ۋە ئۇنىڭغا نۇرلۇق كىتاب – «قۇرئان كەرىم» نازىل قىلىنغان چاغدا، ئۇلار بۇنىڭغا كۆپايە قىلماي، «نېمىشقا مۇھەممەدكىمۇ ئىلگىرى مۇساغا بېرىلگەن يىلانغا ئايلىنىدىغان ھاسا ۋە قولىنىڭ ئاپپاق يانىدىغان بولۇشىغا ئوخشاش مۆجىزىلەر بېرىلمىدى؟» دېيىشتى.

بۇ كاپىرلارنىڭ ھالىغا ئىسىت! ئۇلار ئىلگىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن مۆجىزىلەرگىمۇ ئىشەنمىگەن ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغان ئەمەسمۇ؟

مۇپەسسىرلەر ﴿قَالُواْ سِحۡرَانِ تَظَٰهَرَا وَقَالُوٓاْ إِنَّا بِكُلّٖ كَٰفِرُونَ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي مۇنداق دېگەن: «مەدىنە ۋە بەسرە شەھەرلىرىنىڭ قارىيلىرى ﴿سِحۡرَانِ﴾ (ئىككى سېھىر) دېگەن ئايەتنى «ساحران» (ئىككى سېھىرگەر) دەپ ئوقۇغان. بۇنىڭغا ئاساسەن، بەزى مۇپەسسىرلەر مەزكۇر ئايەتتە ›ئۇلار «مۇسا بىلەن مۇھەممەد ئىككىسى بىر-بىرىنى كۈچلەندۈ-رىدىغان

[1] نىسا سۈرىسى: 165-ئايەت.
[2] ئەنئام سۈرىسى: 156-157-ئايەتلەر.

ئىككى سېھىرگەردۇر، بىز ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىنى ئىنكار قىلىمىز» دېدى» دەپ مەنە ئېيتقان. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر «ئۇلار ئىككى سېھىرگەردىن مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى كۆزدە تۇتقان» دېگەن. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر «ئۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆزدە تۇتقان» دېگەن. كۇفە شەھىرىنىڭ بارلىق قارىيلىرى ئايەتنى ﴿سِحْرَانِ﴾ (ئىككى سېھىر) دەپ ئوقۇغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ ئىككىسىدىن تەۋرات بىلەن قۇرئاننى كۆزدە تۇتقانلىقىنى بايان قىلغان»[1].

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر ئىش سىلەر دېگەندەك بولىدىغان بولسا، سىلەر بۇ سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، قېنى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل بولغان «تەۋرات» بىلەن «قۇرئان كەرىم»دىن ياخشىراق بىرەر ساماۋى كىتابنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلارچۇ!

يۇقىرىقى «كەلتۈرۈپ بېقىڭلارچۇ» دېگەن ئايەت خۇددى «ئاسمانغا چىقىپ بېقىڭلارچۇ» دېگەنگە ئوخشاش ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشنى تەلەپ قىلغانلىقنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئاسمانغا چىقىشى مۇمكىن بولمىغاندەك، بۇ تەلەپنى ئورۇندىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا ئەگەشتۈرۈپ دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! ئۇلار بۇنى قىلالمىسا – ھەرگىزمۇ قىلالمايدۇ – بىلگىنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باتىل ئەقىدىلىرىگە ۋە نەپسى خاھىشلىرىغىلا ئەگىشىدىغان نادان قەۋمدۇر. ھىدايەتتىن ئىبارەت توغرا يولنى قويۇپ، ئۆزىنىڭ ھاۋايى-ھەۋەسىگە ئەگەشكەن ئادەمدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟ ئاللاھ تائالا نەپسى خاھىشىنى ئۆزىگە ھاكىم قىلىۋېلىش ئارقىلىق ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغانلارنى ھىدايەت قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇلاردا ھىدايەت تېپىشقا ھېچقانداق بىر ئىنتىلىش ياكى تىرىشچانلىق يوق. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نەپسى ھەۋەسىگىلا ئەگىشىدۇ.

بىز ئىنسانلارنى ۋەز-نەسىھەت ئېلىپ توغرا يولغا كىرسۇن دەپ، پەيغەمبەرلەرنى ئارقا-ئارقىدىن ئەۋەتىپ تۇرغاندەك، ئايەتلىرىمىزنىمۇ ئارقا-ئارقىدىن ئۈزۈلدۈرمەي نازىل قىلىپ تۇردۇق. ھەممىنى ئېنىق ۋە ئوچۇق بايان قىلىپ بەردۇق.

---

[1] «تفسير الطبري» 19-توم.

مەلۇمكى، ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەڭ ئاخىرقى ساماۋى كىتاب ـ «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىيەتكە ئاتا قىلغان ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئەڭ مەڭگۈلۈك سوۋغىتىدۇر.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆتمۈشلەردىكى ۋەقەلىكلەرنى ئۆز ئەينى بايان قىلىپ بەرگەنلىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكى ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنىڭ ئوپئوچۇق دەلىلىدۇر. «قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن «ئىرەم»، «مەديەن»، «سەمۇد شەھىرى» قاتارلىق قەدىمىي شەھەرلەرنىڭ ھازىرقى پەن-تېخنىكىنىڭ سايىسىدا قېزىپ چىقىلغانلىقىمۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ خەۋەرلىرىنىڭ راستلىقىنى كۈچلەندۈرىدۇ.

**2.** مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلىشى ئىنسانىيەت بىرەر يولباشچىغا ئەڭ زور ئېھتىياجلىق بولغان بىر پەيتتە ئەمەلگە ئاشقان.

**3.** پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىشنى خالىمىغانلارنىڭ باھانىلىرى كۆپ بولغان. بەزىسى پەيغەمبەرنىڭ پەرىشتىدىن كېلىشىنى تەلەپ قىلسا، بەزىسى باشقا مۆجىزىلەرنى تەلەپ قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئېغىزىغا كەلگەن تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. مەلۇمكى، ئۇلار بۇ تەلەپلەرنى ھەقىقەتنى ئىزدەش ياكى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئەمەس. بەلكى پەيغەمبەرلەرنى مەسخىرە قىلىش ۋە ئۇلارنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش ئۈچۈنلا ئوتتۇرىغا قوياتتى.

**4.** ھىدايەتنى خالىماي، ئازغۇنلۇقتا پېتىپ كەتكەنلەرگە ئاللاھ تائالا ھىدايەت تېپىش پۇرسىتىنى بەرمەيدۇ.

**5.** «قۇرئان كەرىم» ئەقىلگە خىتاب قىلىدۇ. ئۇ ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر قىلىپ چۈشىنىشى ئۈچۈن ھەقىقەتلەرنى ۋە دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى تولۇق بايان قىلىپ بەرگەن كىتابتۇر.

### ئەھلى كىتابتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەر

﴿ٱلَّذِينَ ءَاتَيْنَـٰهُمُ ٱلْكِتَـٰبَ مِن قَبْلِهِۦ هُم بِهِۦ يُؤْمِنُونَ ﴿٥٢﴾ وَإِذَا

يُتۡلَىٰ عَلَيۡهِمۡ قَالُوٓاْ ءَامَنَّا بِهِۦٓ إِنَّهُ ٱلۡحَقُّ مِن رَّبِّنَآ إِنَّا كُنَّا مِن قَبۡلِهِۦ
مُسۡلِمِينَ ﴿٥٣﴾ أُوْلَٰٓئِكَ يُؤۡتَوۡنَ أَجۡرَهُم مَّرَّتَيۡنِ بِمَا صَبَرُواْ وَيَدۡرَءُونَ
بِٱلۡحَسَنَةِ ٱلسَّيِّئَةَ وَمِمَّا رَزَقۡنَٰهُمۡ يُنفِقُونَ ﴿٥٤﴾ وَإِذَا سَمِعُواْ ٱللَّغۡوَ
أَعۡرَضُواْ عَنۡهُ وَقَالُواْ لَنَآ أَعۡمَٰلُنَا وَلَكُمۡ أَعۡمَٰلُكُمۡ سَلَٰمٌ عَلَيۡكُمۡ
لَا نَبۡتَغِي ٱلۡجَٰهِلِينَ ﴿٥٥﴾

## ◄ تەرجىمىسى

52ـ قۇرئاندىن ئىلگىرى بىز كىتاب بەرگەنلەر (ئارىسىدىكى مۆئمىنلەر) قۇرئانغىمۇ ئىمان ئېيتىدۇ.

53ـ ئۇلارغا قۇرئان تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا، ئۇلار: «بىز قۇرئانغا ئىشەندۇق. شەكسىزكى ئۇ رەببىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان ھەقىقەتتۇر، بىز بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ مۇسۇلمان ئىدۇق» دەيدۇ.

54ـ ئەنە شۇلارغا سەۋر-تاقىتى يۈزىسىدىن ئىككى ھەسسە مۇكاپات بېرىلىدۇ. ئۇلار ياخشىلىق ئارقىلىق يامانلىقنى توسىدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ئاللاھ يولىدا) سەرپ قىلىدۇ.

55ـ ئۇلار بىھۇدە سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ: «بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر، بىزدىن سىلەرگە يامانلىق كەلمەيدۇ، بىز نادانلار بىلەن ئىزدەشمەيمىز» دەيدۇ.

## ◄ تەپسىرى

بۇ يەھۇدىيلارنىڭ ۋە خرىستىيانلارنىڭ ئىچىدىكى قەلبىدە ياخشىلىققا مايىللىق بار، ئۆزىدە ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىش تەييارلىقى بار كىشىلەرنىڭ قىسسىسى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، مۇقەددەس كىتابلىرىنى ئۆزگەرتمىگەن، كىتابلىرىدىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق كەلگەن بېشارەتلەرنى ئۆزگەرتىۋەتمىگەن ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا ئىشەنگەن، ئاندىن ئۇ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان كىشىلەردۇر.

ئۇلارغا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا، ئۇلار دەيدۇكى، «بىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتتۇق، ئۇنىڭغا كەلگەن ‹قۇرئان كەرىم›گىمۇ ئىمان ئېيتتۇق. چۈنكى، ئۇ رەببىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان ھەقىقەتتۇر، بىز بۇ ھەقىقەتكە ئىمان كەلتۈرۈشتە ئەلۋەتتە باشقىلاردىن ھەقلىقمىز. چۈنكى، ئۇنىڭ ھەقلىقىنى بىز ھەممىدىن ياخشى بىلىمىز. زادى بىز ئۇ كېلىشتىن بۇرۇنلا ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان ئىدۇق».

ئۇلار ئىيسا ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىمۇ ئىمان ئېيتقانلىقى، بۇ يولدا باشلىرىغا كەلگەن جاپا-مۇشەققەتلەرگە، خەۋپ-خەتەرلەرگە سەۋر قىلىپ، ئىمانىدا چىڭ تۇرغانلىقى، ياخشىلىق ئارقىلىق يامانلىقنى توسقانلىقى، ئاللاھ تائالا ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان نېمەتلەردىن، بايلىقلاردىن ئاللاھ يولىدا ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلغانلىقى ۋە ھەرقانداق قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئىككى ھەسسە ئارتۇق ساۋابقا ئېرىشىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلارغا ئاخىرەتتە قاتمۇقات مۇكاپاتلار بېرىلىدۇ.

ئۇلار شۇنداق ئېسىل زاتلاركى، ئۇلار مۇشرىكلاردىن يامان سۆزلەرنى ئاڭلىسا ياكى ئەزىيەتكە ئۇچرىسا، ئۇلار بىلەن جېدەللەشمەستىن، ئۇلارغا چىرايلىق جاۋاب بېرىپ، «سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن، بىزنىڭ ئەمەلىمىزمۇ ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر. خوش ئەمىسە، سالام سىلەرگە، بىز نادانلار بىلەن گەپ تالىشىپ ۋە تىللىشىپ ئولتۇرمايمىز»، دەپ ئۇلارنى يولغا سېلىپ قويىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ئەھلى كىتابتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى مۇشرىكلار كۆرگەنلا يەردە تىللايتتى ۋە ھاقارەتلەيتتى. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئۇلارنى مۇشرىكلار بىلەن تەڭ بولماسلىققا ۋە ئۇلار بىلەن جېدەللەشمەسلىككە بۇيرۇغان.

«بۇ يەردىكى ﴿سَلَٰمٌ عَلَيۡكُمۡ﴾ دېگەن سۆز سالام بېرىش، قارشى ئېلىش ۋە كۈتۈۋېلىش مەنىسىدىكى سالام ئەمەس، بەلكى تەرك ئېتىش مەنىسىدىكى سالامدۇر. بۇنىڭ مەنىسى: خاتىرجەم بولۇڭلار، بىزدىن سىلەرگە يامانلىق كەلمەيدۇ. چۈنكى، بىز سىلەرنىڭ تىل- ئاھانەتلىرىڭلارغا تىل-ئاھانەت بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ ئولتۇرمايمىز، دېگەنلىكتۇر»[1].

---

[1] «تفسير البغوي» 6- توم، 216- بەت.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئەھلى كىتابتىن ئىسلام دىنىغا كىرگەنلەرنىڭ ئەجرى ئىككى ھەسسە ئارتۇق بېرىلىدىغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىدۇر.

2. يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب بېرىش، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق يامانلىقنى توسۇش پەزىلەتلىك ئەمەل بولۇپ، ئۇنىڭ ساۋابى ناھايىتى چوڭدۇر. چۈنكى، ئاچچىقنى يېگىپ، كۆڭلىدىكى ئىنتىقام ئوتىنى ئۆچۈرۈپ، كىشىلەرنى ئەپۇ قىلىۋېتىش ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئوڭاي ئىش ئەمەس.

3. ئەخمەقلەر بىلەن نادانلارغا بېرىلىدىغان ئەڭ ياخشى جاۋاب سۈكۈتتۇر. بۇ پەزىلەتلىك مۆئمىننىڭ خىسلىتىدۇر.

### مۇشرىكلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە

﴿إِنَّكَ لَا تَهْدِي مَنْ أَحْبَبْتَ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يَهْدِي مَن يَشَآءُۚ وَهُوَ
أَعْلَمُ بِٱلْمُهْتَدِينَ ﴿٥٦﴾ وَقَالُوٓاْ إِن نَّتَّبِعِ ٱلْهُدَىٰ مَعَكَ نُتَخَطَّفْ مِنْ
أَرْضِنَآۚ أَوَلَمْ نُمَكِّن لَّهُمْ حَرَمًا ءَامِنًا يُجْبَىٰٓ إِلَيْهِ ثَمَرَٰتُ كُلِّ شَيْءٍ
رِّزْقًا مِّن لَّدُنَّا وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٥٧﴾ وَكَمْ أَهْلَكْنَا مِن
قَرْيَةٍۭ بَطِرَتْ مَعِيشَتَهَاۖ فَتِلْكَ مَسَٰكِنُهُمْ لَمْ تُسْكَن مِّنۢ بَعْدِهِمْ
إِلَّا قَلِيلًاۖ وَكُنَّا نَحْنُ ٱلْوَٰرِثِينَ ﴿٥٨﴾ وَمَا كَانَ رَبُّكَ مُهْلِكَ ٱلْقُرَىٰ
حَتَّىٰ يَبْعَثَ فِيٓ أُمِّهَا رَسُولًا يَتْلُواْ عَلَيْهِمْ ءَايَٰتِنَاۚ وَمَا كُنَّا مُهْلِكِي
ٱلْقُرَىٰٓ إِلَّا وَأَهْلُهَا ظَٰلِمُونَ ﴿٥٩﴾ وَمَآ أُوتِيتُم مِّن شَيْءٍ فَمَتَٰعُ ٱلْحَيَوٰةِ
ٱلدُّنْيَا وَزِينَتُهَاۚ وَمَا عِندَ ٱللَّهِ خَيْرٌ وَأَبْقَىٰٓۚ أَفَلَا تَعْقِلُونَ ﴿٦٠﴾ أَفَمَن
وَعَدْنَٰهُ وَعْدًا حَسَنًا فَهُوَ لَٰقِيهِ كَمَن مَّتَّعْنَٰهُ مَتَٰعَ ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا
ثُمَّ هُوَ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ مِنَ ٱلْمُحْضَرِينَ ﴿٦١﴾﴾

### تەرجىمىسى

56-(ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، سەن ياخشى كۆرگەن ئادەمنى ھىدايەت

قىلالمايسەن، لېكىن ئاللاھ ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلىدۇ. ئاللاھ ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ.

57-ئۇلار: «ئەگەر بىز سەن بىلەن بىللە توغرا يولغا ماڭىدىغان بولساق، يۇرتىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلىمىز» دېدى. بىز ئۇلارنى ئۆزىمىز تەرەپتىن رىزىق قىلىپ بېرىلگەن تۇرلۇك مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى كەلتۈرۈلىدىغان تىنچ ھەرەمگە يەرلەشتۈرمىدۇقمۇ؟ لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

58-بىز ئاھالىسى كەيىپ-ساپالىق تۇرمۇشتىن خۇدىنى يوقاتقان نۇرغۇن شەھەرلەرنى ھالاك قىلىۋەتتۇق، مانا بۇ ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرى. ئۇلار (ھالاك بولغان)دىن كېيىن، (ئۇ جايلاردا) ئازغىنە ۋاقىتتىن باشقا چاغلاردا ئادەم تۇرغان ئەمەس. بىز (ھەممە نەرسىنىڭ ھەقىقىي) ۋارىسى بولدۇق.

59-رەببىڭ مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسىگە ئايەتلىرىمىزنى ئوقۇپ بېرىدىغان بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ، ئۇ شەھەرلەرنى ھالاك قىلغان ئەمەس. بىز ئاھالىسى (بىزگە ئاسىيلىق قىلىپ ئۆزىگە ئۆزى) زۇلۇم قىلغان شەھەرلەردىن باشقىسىنى ھالاك قىلمىدۇق.

60-سىلەرگە قانداق نەرسە بېرىلسۇن، (ئۇ پەقەت) دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ (ۋاقىتلىق) مەنپەئەتى ۋە ئۇنىڭ زىننىتىدۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى مۇكاپاتلار ئەڭ ياخشىدۇر ۋە مەڭگۈلۈكتۇر، سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟

61-بىز (جەننەتتىن ئىبارەت) گۈزەل بىر ۋەدىنى قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىدىغان ئادەم بىز دۇنيا ھاياتىنىڭ ھۇزۇر-ھالاۋەتلىرىدىن بەھرىمەن قىلغان، ئاندىن قىيامەت كۈنى (ئازابقا) ھازىر قىلىنغانلار قاتارىدىن بولىدىغان ئادەمگە ئوخشامدۇ؟

### ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئالدىنقى ئايەتلەردە بىرى، كۇفرى ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەردە ھەددىدىن ئاشقان، يەنە بىرى، ئىمان ئېيتىپ ھىدايەت تاپقان ئىككى پىرقىنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغان بولسا، بۇ ئايەتلەرنىڭ بېشىدىلا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا شۇنچىلىك بەك ھېرىس بولسىمۇ، يەنىلا ئۇ ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلالمايدىغانلىقىنى، ھىدايەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرىدۇ.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت كىشىلەرنى ھىدايەتكە چاقىرىش، ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ۋە ھەقىقەتنى يەتكۈزۈش ئىكەنلىكىنى، ئەمما ھىدايەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزى خالىغان ئادەمنىلا ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلىپ، ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمانغا ئاچىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ﴿أَوَمَن كَانَ مَيْتًا فَأَحْيَيْنَـٰهُ وَجَعَلْنَا لَهُۥ نُورًا يَمْشِى بِهِۦ فِى ٱلنَّاسِ كَمَن مَّثَلُهُۥ فِى ٱلظُّلُمَـٰتِ لَيْسَ بِخَارِجٍ مِّنْهَا﴾ يەنى ﴿ئەسلىدە (مەنىۋى جەھەتتىن) ئۆلۈك بولۇپ، بىز ئۇنى (ئىمان بىلەن) تىرىلدۈرگەن، ئۇنىڭغا كىشىلەر ئارىسىدا يورۇلەيدىغان نۇر بەرگەن ئادەم بىلەن زۇلمەتلەر ئىچىدە قېلىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىغان ئادەم ئوخشاشمۇ؟﴾[1]، ﴿لَّيْسَ عَلَيْكَ هُدَىٰهُمْ وَلَـٰكِنَّ ٱللَّهَ يَهْدِى مَن يَشَآءُ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنى ھىدايەت قىلىش سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ئەمەس. لېكىن، ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى ھىدايەت قىلىدۇ﴾[2]، ﴿وَمَآ أَكْثَرُ ٱلنَّاسِ وَلَوْ حَرَصْتَ بِمُؤْمِنِينَ﴾ يەنى ﴿سەن گەرچە كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا ھېرىسمەن بولساڭمۇ، (لېكىن) ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمايدۇ﴾[3].

توغرا، ھىدايەت پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالا خالىغان بەندىسىنى ھىدايەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ چەكسىز ئىلمى ۋە مول ھېكمىتى بىلەن ئىشلارنىڭ يوشۇرۇن تەرەپلىرىنى ئېنىق بىلگەندەك، ئىنسانلارنىڭ قەلب قاتلىرىدىكىنى ۋە كىمنىڭ ھىدايەت تاپىدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.

ئىمام بۇخارىي ئىبنى مۇسەييەب ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىسنى بايان قىلىدۇكى، «ئەبۇ تالىب سەكراتقان چۈشكەن چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ يېنىغا كىردى. ئەبۇ جەھىل قاتارلىق مۇشرىكلار ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ تالىبقا ‹ئى تاغا! ﴿لَآ إِلَـٰهَ إِلَّا ٱللَّهُ﴾ دېگەن كەلىمىنى ئېيتقىن، قىيامەت كۈنى مەن ئۇ كەلىمىنى سېنىڭ مەنپەئەتىڭ ئۈچۈن دەلىل قىلىمەن› دېدى. بۇ چاغدا ئەبۇ جەھىل ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئۇمەييە ئۇنىڭغا ‹ئى ئەبۇ

---

[1] 1.ئەنئام سۈرىسى: 122-ئايەت.
[2] 2.بەقەرە سۈرىسى: 272-ئايەت.
[3] 3.يۇسۇپ سۈرىسى: 103-ئايەت.

تالىب! سەن ئاتا- بوۋىلىرىڭنىڭ دىنىدىن ۋاز كېچەمسە؟› دېدى. ئۇلار بۇ سۆزنى تەكرارلاپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ تالىبنىڭ ئاخىرقى سۆزى ‹مەن ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ دىنىدا› دېيىشتىن ئىبارەت بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ‹مەن مەنئى قىلىنمىغان مۇددەت ئىچىدە ساڭا ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيمەن› دېدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاللاھ تائالا ﴿مَا كَانَ لِلنَّبِيِّ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَن يَسۡتَغۡفِرُواْ لِلۡمُشۡرِكِينَ وَلَوۡ كَانُوٓاْ أُوْلِي قُرۡبَىٰ مِنۢ بَعۡدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمۡ أَنَّهُمۡ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَحِيمِ﴾ يەنى ﴿(كاپىر ھالىتىدە ئۆلگەن) مۇشرىكلارنىڭ دوزاخ ئەھلى ئىكەنلىكى پەيغەمبەرگە ۋە مۇئمىنلەرگە ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ مۇشرىكلارغا مەغپىرەت تىلەپ قىلىشى دۇرۇس ئەمەس﴾[1] دېگەن ئايەت بىلەن ﴿إِنَّكَ لَا تَهۡدِي مَنۡ أَحۡبَبۡتَ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يَهۡدِي مَن يَشَآءُۚ وَهُوَ أَعۡلَمُ بِٱلۡمُهۡتَدِينَ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى»[2]. مەلۇمكى، ئەبۇ تالىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەمىشە قوغدايتتى، ئۇنىڭغا كۆيۈنەتتى ۋە ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. گەرچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىمانغا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ئىسلام دىنغا كىرىش مايىللىقى بولمىغانلىقتىن، ئۇ ئىماندىن مەھرۇم قالغان. نەتىجىدە، شۇ كاپىر ھالىتىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

بەزى مۇشرىكلار سەرگە ئولتۇرمايدىغان باھانىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەگەر بىز مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) چاقىرىۋاتقان بۇ دىنغا كىرىپ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتساق، ئەتراپىمىزدىكى ئەرەب قەبىلىلىرى بىزنى جازالايدۇ ۋە بىزنى ئۆز يۇرتىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ، دەيدۇ. ئۇلار شۇنچىلىك ئەقىلسىز ئادەملەركى، ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ جازالىشىدىن قورقىدۇ-يۇ، ھەممىگە قادىر، خالىغىنىنى تۇسالغۇسىز ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان، جازاسى ئەڭ قاتتىق بولغان ئاللاھ تائالانىڭ جازالىشىدىن قورقمايدۇ. بۇ قانداق ئەقىلدۇ؟

ئۇلارنىڭ ھالىغا ۋايكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ مەككىدىن ئىبارەت تىنچ شەھەرگە يەرلەشتۈرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىمۇ؟

ئەرەبلەرنىڭ ھەممىسى مەككە ئاھالىسىنى ھۆرمەتلەيتتى، ئۇلارنى دىندا پېشىۋا دەپ قارايتتى، ئۇلارنى ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن كۆرەتتى. ھەرەمنى

---

[1] تەۋبە سۈرىسى: 113- ئايەت.

[2] «صحيح البخاري» 5-توم، 52-بەت، 3884 - ھەدىس.

ئۇلۇغلايتتى ۋە ئۇنىڭغا كېلىپ ھەج قىلاتتى. ئەرەبلەر ھەرەم زېمىنىغا كىرگەن ئادەمنىڭ جېنىغا ۋە مال-مۈلۈكىگە ھېچقانداق زىيان-زەخمەت يەتمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئەرەبلەرنىڭ ئۇكازغا ئوخشاش بازارلىرى بار بولۇپ، ئۇلار بۇ بازارلارغا سودا-سېتىق قىلىش ۋە شېئىر ئاڭلاش ئۈچۈن تەرەپ-تەرەپتىن كېلەتتى. ئەرەبلەرنىڭ ھەممىسى ھەرەمدە قان تۆكۈشنى راۋا كۆرمەيتتى، خۇسۇسەن، مەلۇم ئايلاردا قان تۆكۈش ئالاھىدە چەكلىنەتتى. بۇ ئايلارنى ئۇلار «قان تۆكۈش چەكلەنگەن ئايلار» دەپ ئاتايتتى. شۇ ۋاقىتتىكى مۇشرىك ئەرەبلەرنىڭ قەلبىمۇ ھەرەمگە تەلپۈنەتتى ۋە ئۇنى زىيارەت قىلىشنى ئارمان قىلاتتى.

ئىسلامدىن كېيىن كەئبە بۇتلاردىن تازىلاندى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىشى پەرز بولۇپ بېكىتىلدى. شۇ چاغدىن باشلاپ ھەرەمنى زىيارەت قىلىش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ تىلىكىدۇر. دۇنيادا ھەرەمگە قەلبى تەلپۈنمەيدىغان ۋە ئۇنى زىيارەت قىلىشنى ئارزۇ قىلمايدىغان مۇسۇلمان بولمىسا كېرەك. ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئايالى ھاجەر بىلەن ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى مەككىدە يەرلەشتۈرگەن چېغىدا ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، كىشىلەرنىڭ دىلىنى ئۇلارغا مايىل قىلىشىنى تىلىگەن. ﴿فَٱجۡعَلۡ أَفۡـِٔدَةٗ مِّنَ ٱلنَّاسِ تَهۡوِيٓ إِلَيۡهِمۡ وَٱرۡزُقۡهُم مِّنَ ٱلثَّمَرَٰتِ لَعَلَّهُمۡ يَشۡكُرُونَ﴾ يەنى ﴿ئى رەببىمىز! ئىنسانلاردىن بىر قىسمىنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن، ئۇلارنىڭ شۈكۈر قىلىشى ئۈچۈن، ئۇلارنى تۈرلۈك مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغىن﴾[1]. مەككىگە ھازىرمۇ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ھەر تۈرلۈك مېۋىلەر قىش ۋە ياز ھەر ۋاقىت كېلىپ تۇرىدۇ.

مەككىلىك ئەرەبلەرنىڭ «بىز مۇھەممەدكە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ دىنىغا كىرسەك، ئەتراپتىكى ئەرەب قەبىلىلىرى بىزنى جازالايدۇ ۋە تىجارەت ئىشلىرىمىزغا دەخلى يېتىدۇ. ئەگەر ئۆزىمىزنىڭ دىنىمىزنى داۋاملاشتۇرۇۋەرسەك، بىخەتەرلىكتە ئېرىشىمىز» دېگەن باھانىلىرى سەرگە ئولتۇرمايدىغان ۋەھىمىلەر بولۇپ، بۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەقىلسىزلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرى ھەقىقەتەن چوڭ ۋە كۆپتۇر. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ تولىسى بۇنى بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرى ۋە ئېتىقادى تۈپتىن خاتا ئىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ خاتا تەسەۋۋۇرىغا ۋە باتىل ئېتىقادىغا رەددىيە بېرىپ، ئەگەر ئۇلار بۇتپە-

[1] ئىبراھىم سۈرىسى: 37-ئايەت.

رەسۇلىنى كېلىپ رەسۇلىكتىن ۋاز كېچىپ، ھەق دىن بولغان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلسا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ خېيىم -خەتەرلىرىدىن مەڭگۈلۈك ئامان بولىدىغانلىقىنى، ئەگەر مۇشۇ بۇتپەرەسلىك ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقەتكە ئەگىشىشتىن باش تارتسا، بۇ دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە ئۇچرايدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ئاندىن ئۆتمىشلەردە ئۆزلىرىگە كەلگەن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىگە ئوخشاش كاپىر قەۋملەرنىڭ قانداق جازالانغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنىڭ قانداق ھالاك قىلىنغانلىقىنى ئۇلارغا ئەسلەتكەن.

ئاللاھ تائالا يەنە مەككە ئەھلىگە ئۇلاردىنمۇ كۈچلۈك ۋە ئۇلاردىنمۇ ئارتۇق باياشاتلىق تۇرمۇشتا ياشايدىغان نۇرغۇنلىغان قەۋملەرنى پەقەت ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقى ۋە پەيغەمبىرىگە قارشى چىققانلىقى سەۋەبلىك جازالاپ، ئۇلارنىڭ باياشاتلىق تۇرمۇشىنى ئاچارچىلىققا، خاتىرجەملىكىنى قورقۇنچقا ئايلاندۇرۇپ ئازابلىغانلىقىنى، ئاندىن پۈتۈنلەي يوق قىلىۋەتكەنلىكىنى، ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا، مەككىلىكلەرنىمۇ شۇنداق جازالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. شۇنداقلا ئاھالىسى كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىش ئارقىلىق ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان، ئىنسانلارغا زۇلۇم قىلىشتا ھەددىدىن ئاشقان شەھەرلەرنى ۋەيران قىلىۋەتكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن.

ئاخىردا، ئاللاھ تائالانىڭ زالىم ئەمەسلىكىنى، ھېچكىمگە قىلچە ئۇۋال قىلمايدىغانلىقىنى، پەقەت ئاھالىسى كۇفرىلىقتا، زۇلۇمدا ۋە ئاسىيلىقتا ھەددىدىن ئاشقان قەۋملەرنىڭ يۇرتلىرىنى ئاھالىسى بىلەن قوشۇپ ھالاك قىلغانلىقىنى، بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرماي تۇرۇپ، ھېچكىمنى جازالىمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

ئاللاھ تائالا يەنە زالالەتنى ھىدايەتتىن ئەۋزەل كۆرىدىغان، ئاخىرەتلىكىنى بۇ دۇنيالىق ئۈچۈن قۇربان قىلىدىغان ۋە بۇ دۇنيا ھاياتىنىلا ھايات دەپ بىلىدىغانلارغا رەددىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيا ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرى ھەققىدە كۆپ نەرسە بىلمەيدىغانلىقىنى، بۇ دۇنيا ھاياتىنىڭ ئۆتكۈنچى مەنپەئەت ۋە ئادەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان ۋاقىتلىق زىبۇزىننەت ئىكەنلىكىنى، ئەمما ئاخىرەت ھاياتىنىڭ ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ مەڭگۈلۈك ھايات ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ تائالانىڭ مۆئمىنلەر ئۈچۈن تەييارلىغان مۇكاپاتلىرىنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھەممە مەنپەئەتلەردىن ۋە جىمى ھۇزۇر-ھالاۋەتلەردىن ئەلۋەتتە ياخشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

ئاخىرىدا، شۇنداق بىر مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرغان: بىز ياخشى ئىش قىلسا مۇكاپات بېرىشنى ۋەدە قىلغان، ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەلى ئارقىلىق بۇ ۋەدىنىڭ نەتىجىسىگە شەكسىز ئېرىشىدىغان ئادەم بىلەن ئۇنىڭغىمۇ شۇنداق ئوخشاش ۋەدىنى قىلغان بولساقمۇ، ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئەمەل قىلمىغان، بىز دۇنيانىڭ بارچە ھۇزۇر-ھالاۋەتلىرىدىن مەنپەئەتلەندۈرگەن ۋە قىيامەت كۈنىدە دوزاخ ئەھلى بولۇپ ئازابقا تېگىشلىك بولغان ئادەم ئوخشاشمۇ؟ بۇ ئىككىسى باراۋەرمۇ؟ ھەرگىز ئوخشاش ئەمەس، بۇ ئىككىسى ھەرگىز باراۋەر بولالمايدۇ. چۈنكى، ئالدىنقىسى ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ۋە ياخشى ئىش قىلغان مۇئمىن، كېيىنكىسى ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنمىگەن ۋە ياخشى ئەمەل قىلمىغان كاپىردۇر. بۇ ئىككىسى قانداقمۇ ئوخشاش بولسۇن؟!

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلىشتىن ئىبارەت بولغان ھىدايەت پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، پەيغەمبەرلەرنىڭ ياكى دەۋەتچىلەرنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. ئەمما يول كۆرسىتىش مەنىسىدىكى ھىدايەت پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ھەرقانداق كىشىنىڭ قولىدىن كېلىدۇ.

2. بەندىلەرنىڭ قەلبى ئاللاھ تائالانىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى خالىغان تەرەپكە چۆرۈيدۇ. مەككىنىڭ مۇشرىك ئەرەبلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغ بەيتى بولغان كەئبىنى ئۇلۇغلاش، قوغداش ۋە رېمونت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلدۇرغان زات ئاللاھ تائالادۇر. شۇڭا ئەرەبلەر گەرچە ئۆزلىرى زالالەتكە پېتىپ كەتكەن بولسىمۇ، ھەرەمنى ئۇلۇغلايتتى.

3. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ رەھمىتى ۋە ئادالىتى يۈزىسىدىن ھېچقانداق بىر قەۋمنى مۇنۇ ئىككى ئىشتىن ئىلگىرى ھالاك قىلمايدۇ:

(1) ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەۋەتىپ ھەقىقەتنى بىلدۈرۈش، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇش.

(2) ئۆزلىرىگە پەيغەمبەر كەلگەن قەۋمنىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇپ، پەيغەمبەرلەرنى ۋە ھەق دىننى ئىنكار قىلىشى ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە چۆكۈشى.

4. «تارىخ قايتىلىنىدۇ» دېگەندەك، ئۆتمۈشلەردىكى مەككىلىكلەر

تىجارىتىنىڭ كاسات بولۇپ قېلىشىدىن ۋە ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ دۈشمەنلىك قىلىشىدىن قورقۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان بولسا، هازىرقى ئاتالمىش ئىسلام دۆلەتلىرى يەلكىسىگە مىنىۋالغان چوڭ دۆلەتلەرنىڭ غەزىپىگە ئۇچراشتىن قورقۇپ ئىسلام شەرىئىتىنى تەتبىق قىلىشتىن باش تارتىدۇ. چۈنكى، ئىمان ئاجىزلاشقان، ئەخلاق سۇسلاشقان، دۇنيالىق ئاخىرەتلىكنىڭ ئالدىغا قويۇلۇۋاتقان مۇشۇ زاماندا، كىشىلەر ئاللاھ تائالادىن ئەمەس، ئىنسانلاردىن قورقىدىغان بولۇپ قالغان.

5. ئەقىلنىڭ رولى تەپەككۇر قىلىش، چۈشىنىش ۋە بىلىشتۇر. ئىنسان ئەقلىدىن پۈتۈنلەي پايدىلىنالمىسا، ئۇنىڭ ئەقلى بولغىنى بىلەن بولمىغىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا هېچبىر پەرق قالمىغان بولىدۇ. چۈنكى، ئۆزىنى قوغدىغۇدەك، نان تېپىپ يېگۈدەك ئەقىل هايۋانلاردىمۇ بار ئەمەسمۇ؟

6. ئاخىرەت هاياتىنى بۇ دۇنيا هاياتىدىن ئالدىنقى ئورۇندا قويغۇچىلار شەكسىز پايدا تاپقۇچىلاردۇر. بۇ ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتتۇر. بۇ دېگەنلىك دۇنيالىقنى ئۇنتۇپ كېتىشنىڭ دېگەنلىك ئەمەس. ئەكسىچە، بۇ دۇنيالىق ئۈچۈنمۇ، ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئىشلەش، ئەمما ئاخىرەتلىكنى دۇنيالىقنىڭ ئالدىدا قويۇش دېگەنلىكتۇر.

7. ئاللاھ تائالانىڭ مۆئمىنلەر ئۈچۈن ئاخىرەتتە بېرىدىغان مۇكاپاتلىرى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە نېمەتلەردىن ئەلۋەتتە ئارتۇقتۇر.

### ◄ مۇشرىكلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى هەسرەت-نادامەتلىرى

﴿وَيَوۡمَ يُنَادِيهِمۡ فَيَقُولُ أَيۡنَ شُرَكَآءِيَ ٱلَّذِينَ كُنتُمۡ تَزۡعُمُونَ ﴿٦٢﴾
قَالَ ٱلَّذِينَ حَقَّ عَلَيۡهِمُ ٱلۡقَوۡلُ رَبَّنَا هَٰٓؤُلَآءِ ٱلَّذِينَ أَغۡوَيۡنَآ أَغۡوَيۡنَٰهُمۡ
كَمَا غَوَيۡنَاۖ تَبَرَّأۡنَآ إِلَيۡكَۖ مَا كَانُوٓاْ إِيَّانَا يَعۡبُدُونَ ﴿٦٣﴾ وَقِيلَ ٱدۡعُواْ
شُرَكَآءَكُمۡ فَدَعَوۡهُمۡ فَلَمۡ يَسۡتَجِيبُواْ لَهُمۡ وَرَأَوُاْ ٱلۡعَذَابَۚ لَوۡ أَنَّهُمۡ
كَانُواْ يَهۡتَدُونَ ﴿٦٤﴾ وَيَوۡمَ يُنَادِيهِمۡ فَيَقُولُ مَاذَآ أَجَبۡتُمُ ٱلۡمُرۡسَلِينَ
﴿٦٥﴾ فَعَمِيَتۡ عَلَيۡهِمُ ٱلۡأَنۢبَآءُ يَوۡمَئِذٖ فَهُمۡ لَا يَتَسَآءَلُونَ ﴿٦٦﴾ فَأَمَّا مَن

تَابَ وَءَامَنَ وَعَمِلَ صَٰلِحٗا فَعَسَىٰٓ أَن يَكُونَ مِنَ ٱلۡمُفۡلِحِينَ ﴿٦٧﴾

## تەرجىمىسى

62ـ شۇ كۈنى ئاللاھ ئۇلارغا: «سىلەر ئۆز گۇمانىڭلارچە ماڭا شېرىك دەپ قوشۇۋالغان نەرسىلىرىڭلار قېنى؟» دەپ نىدا قىلىدۇ.

63ـ ئازابقا لايىق بولغانلار: «ئى رەببىمىز! ئەنە شۇلار بىز ئازدۇرغان كىشىلەردۇر. بىز قانداق ئازغان بولساق، ئۇلارنىمۇ شۇنداق ئازدۇردۇق. (ئى رەببىمىز!) بىز ئەمدى (ئۇلاردىن) ئادا-جۇدا بولۇپ ساڭا سىغىندۇق. ئۇلار ئەسلىدە بىزگە چوقۇنمايتتى (ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغا چوقۇناتتى)» دېيىشىدۇ.

64ـ ئۇلارغا: «(ئاللاھقا قوشۇۋالغان) شېرىكلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار» دېيىلگەن ھامان، ئۇلار شېرىك كەلتۈرگەن مەبۇدلىرىنى چاقىرىدۇ، ئۇ مەبۇدلار ئۇلارغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ؛ ئۇلار ئازابنى كۆرگەن چاغدا، (كاشكى، دۇنيادىكى ۋاقتىمىزدا) توغرا يولغا ئەگەشكەن بولساقچۇ! دېيىشىپ كېتىدۇ.

65ـ ئۇ كۈندە ئاللاھ ئۇلارغا نىدا قىلىپ ئېيتىدۇ: «پەيغەمبەرلەرگە نېمە دەپ جاۋاب بەردىڭلار؟»

66ـ ئۇ كۈندە ئۇلارغا (ئۈمىد بېرىدىغان بارلىق) خەۋەرلەر ئۈزۈلگەن بولىدۇ، (ھەتتا) ئۇلار ئۆزئارا سورىشالمايدۇ.

67ـ تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغان ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭ نىجاتلىققا ئېرىشكۈچىلەردىن بولۇشى مۇقەررەردۇر.

## تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىپ توغرا يولدىن ئازغان ۋە باشقىلارنىمۇ ئازدۇرغان ئاشۇ ئازغۇنلارغا قىيامەت كۈنى يېشىغا كېلىدىغان ئىشلارنى ئەسلەتكىن. ئۇ كۈندە ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھەسرەت-نادامەتلىرىنى ئاشۇرۇش ۋە ئۇلارنى قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا كايىپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر دۇنيادىكى ۋاقتىڭلاردا ماڭا شېرىك قىلىپ قوشۇۋالغان بۇتلىرىڭلار قېنى؟ مېنى قويۇپ چوقۇنغان شۇ ساختا ئىلاھلىرىڭلار قېنى؟ سىلەر ئىبادەت قىلىشقا ھەقلىق دەپ تونۇغان مەبۇدلىرىڭلار قېنى؟ ئەگەر قولۇڭلاردىن كەلسە ئۇلارنى كەلتۈرۈپ باقساڭلارچۇ» دەيدۇ. ئەمما مۇشرىكلار ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ.

بۇ جەرياندا، ئەگەشكۈچىلەر بىلەن ئەگەشتۈرگۈچىلەر، كاتتىباشلار بىلەن بويسۇنغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا جىددىي بىر تالاش- تارتىشلار يۈز بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشى قىيىنلاشقانسېرى ئۆز ئارىسىدىكى جېدەللىرىمۇ كۈچىيىشكە باشلايدۇ. ئىبراھىم سۈرىسىدىكى مۇنۇ ئايەتمۇ بۇ جېدەللەرنىڭ بىر قىسمىنى بايان قىلغان: ﴿وَبَرَزُواْ لِلَّهِ جَمِيعًا فَقَالَ ٱلضُّعَفَٰٓؤُاْ لِلَّذِينَ ٱسْتَكْبَرُوٓاْ إِنَّا كُنَّا لَكُمْ تَبَعًا فَهَلْ أَنتُم مُّغْنُونَ عَنَّا مِنْ عَذَابِ ٱللَّهِ مِن شَىْءٍ ۚ قَالُواْ لَوْ هَدَىٰنَا ٱللَّهُ لَهَدَيْنَٰكُمْ ۖ سَوَآءٌ عَلَيْنَآ أَجَزِعْنَآ أَمْ صَبَرْنَا مَا لَنَا مِن مَّحِيصٍ﴾ يەنى ﴿(قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنىڭ) ھەممىسى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىدۇ، ئاجىزلىرى ھاكاۋۇر باشلامچىلىرىغا: «شۈبھىسىزكى، بىز سىلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىڭلار ئىدۇق، سىلەر بىزدىن ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئازراقنى بولسىمۇ كۆتۈرۈۋېتەلەمسىلەر؟» دەيدۇ. ئۇلار: «ئەگەر ئاللاھ بىزنى ھىدايەت قىلغان بولسا ئىدى، بىزمۇ ئەلۋەتتە سىلەرنى توغرا يولغا باشلىغان بولاتتۇق، بىز نالە-پەرياد قىلساقمۇ، سەۋر قىلساقمۇ، بەرىبىر ئوخشاش، بىزگە ھېچقانداق قاچىدىغان جاي يوق» دەيدۇ﴾ [1] قىيامەت كۈنىدە ئازابقا لايىق بولغانلار ئەسلىدە ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿لَأَمْلَأَنَّ جَهَنَّمَ مِنَ ٱلْجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ أَجْمَعِينَ﴾ يەنى ﴿مەن جەھەننەمنى جىنلار ۋە ئىنسانلار (ئارىسىدىكى گۇناھكارلار)نىڭ ھەممىسى بىلەن چوقۇم تولدۇرىمەن﴾ [2] ۋە ﴿لَأَمْلَأَنَّ جَهَنَّمَ مِنكَ وَمِمَّن تَبِعَكَ مِنْهُمْ أَجْمَعِينَ﴾ يەنى ﴿ئەلۋەتتە سەن بىلەن ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ساڭا ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن چوقۇم جەھەننەمنى توشقۇزىمەن﴾[3] دېگەن سۆزلىرىنىڭ تەقەززاسى بويىچە دوزاختا تاشلىنىپ ئازابلىنىدىغانلىقى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىلىپ بولغانلاردۇر. چۈنكى، ئۇلارغا ئازاب تېگىشلىك بولغان بولۇپ، ئۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدا ئازغۇنلۇقنىڭ يولباشچىلىرى ۋە مۇشرىكلىقنىڭ نەمۇنىلىرى ئىدى. ئۇلار باشقىلارنى ئازدۇرۇپ ئۆزلىرىگە ئەگەشتۈرەتتى. قىيامەت كۈنىدە، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنى ئاقلاش ياكى ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ياردەم سوراشلىرىغا رەددىيە بېرىش مەقسىتى بىلەن دەيدۇكى، ئى رەببىمىز! بىزگە ئەگەشكەنلەرمۇ خۇددى بىزگە ئوخشاش كۇفرنى ئىماندىن ئارتۇق كۆرۈپ زالالەت يولىنى تاللىغان ئىدى، شۇڭا بۇ ئىشتا ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ھېچقانداق پەرق يوق. ئى رەببىمىز! گەرچە

---

(1) [1] ئىبراھىم سۈرىسى: 21-ئايەت.

(1) [2] سەجدە سۈرىسى: 13-ئايەت.

(1) [3] ساد سۈرىسى: 85-ئايەت.

بىز ئۇلارنى كۇفرىغا چاقىرغان بولساقمۇ، سەن ئۇلارنى ئىمانغا چاقىرغان ئىدىڭ، ئۇلارنى ھىدايەت تاپسۇن دەپ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن، كىتابلارنى نازىل قىلغان ۋە ئۇلارغا ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇدەك ئەقىل-ئىدراك ئاتا قىلغان ئىدىڭ. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرى سېنىڭ يولۇڭغا ئەگىشىشنى خالىماي، بىزنىڭ يولىمىزغا ئەگىشىپ ئىزىپ كەتتى. نەتىجىدە، بىز قانداق ئازغان بولساق، ئۇلارنىمۇ شۇنداق ئازدۇردۇق. قىسقىسى، بىز ھەممىمىز بۇ ئازابقا تېگىشلىك بولۇشتا ئوخشاشمىز. ئى رەببىمىز! ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن بىزنى جاۋابكار تۇتماسلىقىڭنى ۋە بىزنىڭ ئۆز گۇناھىمىزنىلا تارتىشىمىزنى ئۈمىد قىلىمىز. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ساڭا ئاسىيلىق قىلىشى ئۇلارنىڭ بىزگە بويسۇنغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ نەپسى ھەۋەسلىرىگە بويسۇنغانلىقىدىن ئىدى. چۈنكى، ئۇلار بىزگە ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ نەپسى ھەۋەسلىرىگە ۋە شەيتانلىرىغا چوقۇناتتى.

كاپىرلارغا دېيىلىدۇكى، سىلەر دۇنيادىكى چاغلىرىڭلاردا ئاللاھ تائالانى قويۇپ چوقۇنغان ساختا ئىلاھلىرىڭلارنى ۋە سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ شېرىكلىرى دەپ گۇمان قىلىپ ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلىرىڭلارنى چاقىرىپ بېقىڭلارچۇ! ئەگەر قولىدىن كەلسە سىلەرنى ئازابتىن قۇتقۇزۇپ باقسۇن!

ئۇ ئەخمەقلەر راستتىنلا مەبۇدلىرىنى چاقىرىپ باقىدۇ، ۋارقىرايدۇ، يالۋۇرىدۇ. ئەمما ئۇلاردىن ھېچبىر جاۋاب كەلمەيدۇ. قانداقمۇ جاۋاب كەلسۇن؟! بۇ دۇنيادا ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان ۋە ھېچكىمگە ياردەم قىلالمايدىغان بۇ ساختا ئىلاھلار، بۇتلار، ھەيكەللەر قىيامەت كۈنىدە قانداقمۇ گەپ قىلسۇن؟ قانداقمۇ زۇۋانغا كەلسۇن؟ بۇ دۇنيادا ئۇلارغا جاۋاب بېرەلمىگەن ساختا ئىلاھلار ئاخىرەتتە جاۋاب بېرەلەمدۇ؟!

كاپىرلار دۇنيادىكى ۋاقتىدا ئىنكار قىلغان دوزاخنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرىدۇ، ئۇنىڭدا ئازابنى يەتكۈچە تېتىيدۇ ۋە ئۆزلىرى بۇ دۇنيادا ئىشەنمىگەن نۇرغۇن ھەقىقەتلەرنى كۆرىدۇ. ئۇلار ئاخىرەتتە ئازابنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن چاغدا قاتتىق ھەسرەت-نادامەت چېكىدۇ ۋە قوللىرىنى چىشلىگەن ھالدا «ۋاي ئىست! كاشكى، بىز بۇنداق ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە قالغۇچە دۇنيادىكى ۋاقتىمىزدا ھىدايەتكە ئەگەشكەن بولساقچۇ! توغرا يولنى ئىزدىگەن بولساقچۇ! ئەقلىمىزنى ئىشلىتىپ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلغان بولساقچۇ!» دېيىشىپ كېتىدۇ

ئى پەيغەمبەر! سەن يەنە ئۇ كاپىرلارغا ئاللاھ تائالانىڭ قىيامەت كۈنىدە كايىغان ۋە ھەسرەت-نادامەت چەكتۈرگەن ھالدا قويىدىغان مۇنۇ سوئالىنى ئەسلەتكىنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا: ﴿پەيغەمبەرلەرگە نېمە دەپ جاۋاب بەردىڭلار؟﴾ دېگەن سوئالنى قويىدۇ.

چۈنكى، بۇ دۇنيادا ھەقىقەتنى كۆرۈشتىن كور بولۇۋالغان ئادەم قىيامەت كۈنىدىمۇ كور قوپىدۇ، قەبرىدىمۇ مۇنكىر-نەكىردىن ئىبارەت ئىككى پەرىشتىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ.

بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر كۈنى ئەنسارلاردىن بىرىنىڭ جىنازە نامىزىغا چىقتۇق، ئۇنى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولتۇردى، بىزمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدا جىم ئولتۇردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا بىر تاياق بار ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن يەرنى تاتىلاپ ئولتۇراتتى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ: «ئاللاھقا سىغىنىپ قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەڭلار» دېدى. ئاندىن يەنە مۇنداق دېدى: «دەپنە قىلغۇچىلار كېتىۋاتقاندا مېيىت ئۇلارنىڭ ئاياق تېۋىشىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، ئاندىن ئىككى پەرىشتە كېلىپ، ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭدىن ‹رەببىڭ كىم؟› دەپ سورايدۇ. ئۇ ‹رەببىم ئاللاھ› دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ئاندىن ‹دىنىڭ نېمە؟› دەپ سورايدۇ. ئۇ ‹دىنىم ئىسلام› دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن ‹سىلەرگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر كىم؟› دەپ سورايدۇ. ئۇ ‹ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام› دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭدىن ‹سەن بۇنى قانداق بىلدىڭ؟› دەپ سورايدۇ، ئۇ ‹ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئوقۇدۇم ۋە ئىمان ئېيتتىم› دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن ئاسماندىن نىدا كېلىپ ‹بەندەم راست ئېيتتى، ئۇنىڭغا جەننەتتىن ئورۇن ھازىرلاڭلار، ئۇنىڭغا جەننەتتىن بىر ئىشىك ئېچىپ بېرىڭلار، جەننەتنىڭ كىيىملىرىدىن كىيگۈزۈڭلار› دەيدۇ. ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ خۇش پۇراقلىرى كېلىپ تۇرىدۇ، كۆزى يەتكەن يەرگە قەدەر جەننەت كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. كاپىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىلىدۇ، جېنى بەدىنىگە قايتۇرۇلىدۇ، ئىككى پەرىشتە كېلىپ ئۇنى ئولتۇرغۇزىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭدىن ‹رەببىڭ كىم؟› دەپ سورايدۇ. ئۇ ‹ھا، ھا (يەنى بىلمەيمەن)› دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ئاندىن ‹دىنىڭ نېمە؟› دەپ سورايدۇ، ئۇ يەنە ‹ھا، ھا› دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ئاندىن ‹سىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن كىشى كىم؟› دەپ سورايدۇ، ئۇ يەنە ‹ھا، ھا›دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن ئاسماندىن بىر

نىدا كېلىپ ‹ئۇ يالغان سۆزلىدى، ئۇنىڭغا دوزاختىن ئورۇن تەييارلاڭلار، دوزاخ ئەھلىنىڭ كىيىمنى كىيگۈزۈڭلار، ئۇنىڭغا دوزاختىن بىر ئىشىك ئېچىپ قويۇڭلار› دەيدۇ. ئۇنىڭغا دوزاخنىڭ هارارىتى ۋە زەھەردەك ئازابى كېلىپ تۇرىدۇ، قەبرىسى تارلىشىپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ قوۋۇرغىلىرى بىر-بىرىگە كىرىشىپ كېتىدۇ»[1].

بۇ بايانلاردىن كېيىن ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئۇ كۈندە ئۇلارغا (ئۈمىد بېرىدىغان بارلىق) خەۋەرلەر ئۈزۈلگەن بولىدۇ، (ھەتتا) ئۇلار ئۆزئارا سورىشالمايدۇ﴾ دېگەنلىكى قىيامەت كۈنىدە كاپىرلارنىڭ ئېيتقۇدەك ئۆزرىسى قالماي، باھانىسى تېپىلماي، ئازابتىن قۇتۇلۇشتىن پۈتۈنلەي ئۈمىدى ئۈزۈلگەنلىكتىن، سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشتىن باشقا چارىسى قالمايدىغانلىقىنى، ھەممە ئۆزىنىڭ دەردى بىلەن قېلىپ بىر-بىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورىشالمايدىغانلىقىنى، قورقۇنچتىن ھېچكىم گەپ قىلالماي قالىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەمدى گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى، نازىل قىلغان كىتابلىرىنى چىن قەلبىدىن ئېتىراپ قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ نىجاتلىققا ئېرىشىدىغانلىقى ۋە مۇرادىغا يېتىدىغانلىقى مۇقەررەردۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا شۇنى ۋەدە قىلغان بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئەنە شۇنداق مىساللارنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق كاپىر، مۇسۇلمان ھەممىسىگە مال-دۇنيا ياكى باللار ئەسقاتمايدىغان، پەقەت ساغلام قەلب بىلەن بارغانلارلا نىجاتلىققا ئېرىشىدىغان قىيامەت كۈنىدە بولىدىغان ئىشلارنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىڭلار!

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. بۇ دۇنيادىكى ساختا ئىلاھلار ئۆزلىرىنىڭ چوقۇنغۇچىلىرىغا ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىگەندەك ئاخىرەتتىمۇ ئەسقاتمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئاتالمىش ئەۋلىيالارمۇ ۋە ئاللاھ تائالاغا ۋاستە قىلىنغان ساختا شاپائەتچىلەرمۇ ھېچكىمگە بىرەر پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ.

[1] «سنن أبي داود» 4- توم 239-بەت،4753-ھەدىس.

2. بۇ دۇنيادا كىشىلەرنى ئازدۇرغانلار ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدىكى سوراقتا، ئۆزلىرى ئازدۇرغان كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ.

3. تەۋبىنىڭ ئىشىكى تا قىيامەتكىچە ئوچۇق بولۇپ، ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ.

## ◄ ئاللاھ تائالانىڭ كامالى قۇدرىتىنىڭ نامايەندىلىرى

﴿وَرَبُّكَ يَخۡلُقُ مَا يَشَآءُ وَيَخۡتَارُۗ مَا كَانَ لَهُمُ ٱلۡخِيَرَةُۚ سُبۡحَٰنَ ٱللَّهِ
وَتَعَٰلَىٰ عَمَّا يُشۡرِكُونَ ٦٨ وَرَبُّكَ يَعۡلَمُ مَا تُكِنُّ صُدُورُهُمۡ وَمَا
يُعۡلِنُونَ ٦٩ وَهُوَ ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۖ لَهُ ٱلۡحَمۡدُ فِي ٱلۡأُولَىٰ وَٱلۡأٓخِرَةِۖ
وَلَهُ ٱلۡحُكۡمُ وَإِلَيۡهِ تُرۡجَعُونَ ٧٠ قُلۡ أَرَءَيۡتُمۡ إِن جَعَلَ ٱللَّهُ عَلَيۡكُمُ
ٱلَّيۡلَ سَرۡمَدًا إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِ مَنۡ إِلَٰهٌ غَيۡرُ ٱللَّهِ يَأۡتِيكُم بِضِيَآءٍۚ
أَفَلَا تَسۡمَعُونَ ٧١ قُلۡ أَرَءَيۡتُمۡ إِن جَعَلَ ٱللَّهُ عَلَيۡكُمُ ٱلنَّهَارَ
سَرۡمَدًا إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِ مَنۡ إِلَٰهٌ غَيۡرُ ٱللَّهِ يَأۡتِيكُم بِلَيۡلٍ تَسۡكُنُونَ
فِيهِۚ أَفَلَا تُبۡصِرُونَ ٧٢ وَمِن رَّحۡمَتِهِۦ جَعَلَ لَكُمُ ٱلَّيۡلَ وَٱلنَّهَارَ
لِتَسۡكُنُواْ فِيهِ وَلِتَبۡتَغُواْ مِن فَضۡلِهِۦ وَلَعَلَّكُمۡ تَشۡكُرُونَ ٧٣ وَيَوۡمَ
يُنَادِيهِمۡ فَيَقُولُ أَيۡنَ شُرَكَآءِيَ ٱلَّذِينَ كُنتُمۡ تَزۡعُمُونَ ٧٤ وَنَزَعۡنَا
مِن كُلِّ أُمَّةٍ شَهِيدًا فَقُلۡنَا هَاتُواْ بُرۡهَٰنَكُمۡ فَعَلِمُوٓاْ أَنَّ ٱلۡحَقَّ لِلَّهِ
وَضَلَّ عَنۡهُم مَّا كَانُواْ يَفۡتَرُونَ ٧٥﴾

### ◄ تەرجىمىسى

68ـ رەببىڭ خالىغىنىنى يارىتىدۇ ۋە (خالىغىنىنى) تاللايدۇ. ئۇلارنىڭ تاللاش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئاللاھ پاكتۇر، ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئەلۋەتتە ئۈستۈندۇر.

69ـ رەببىڭ ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغانلىرىنىمۇ ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ.

70ـئۇ يەككە-يېگانە ئاللاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا (ھەقىقىي) مەبۇد يوقتۇر، دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ بارلىق ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ھۆكۈم چىقىرىش ئۇنىڭغىلا مەنسۇپتۇر. سىلەر پەقەتلا ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.

71ـ(ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «دەپ بېقىڭلارچۇ! ئەگەر ئاللاھ كېچىنى سىلەر ئۈچۈن تا قىيامەت كۈنىگە قەدەر سوزۇلىدىغان قىلسا، ئاللاھتىن باشقا قايسى ئىلاھ سىلەرگە يورۇقلۇق كەلتۈرۈپ بېرەلەيدۇ؟ سىلەر (ھەق سۆزنى) ئاڭلىمامسىلەر؟».

72ـئېيتقىنكى، «دەپ بېقىڭلارچۇ! ئەگەر ئاللاھ كۈندۈزنى سىلەر ئۈچۈن تا قىيامەت كۈنىگە قەدەر سوزۇلىدىغان قىلسا، ئاللاھتىن باشقا قايسى ئىلاھ سىلەرگە ئارام ئالىدىغان كېچىنى كەلتۈرۈپ بېرەلەيدۇ؟ سىلەر (بۇ ھەقىقەتنى) كۆرمەمسىلەر؟».

73ـسىلەرنى كېچىدە ئارام ئالسۇن، كۈندۈزدە (تىرىكچىلىك قىلىپ) ئاللاھنىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلسۇن ۋە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، سىلەر ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنى ياراتقانلىقى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىندۇر.

74ـئۇ كۈندە ئاللاھ ئۇلارغا نىدا قىلىپ: «سىلەر ئۆز گۇمانىڭلارچە ماڭا شېرىك دەپ قوشۇۋالغان نەرسىلىرىڭلار قېنى؟» دەيدۇ.

75ـ(ئۇ كۈندە) بىز ھەر ئۇممەتتىن (ئۆز پەيغەمبىرىنى ئۇلارغا) گۇۋاھچى (قىلىپ) چىقىرىمىز، ئاندىن (ئۇ ئۇممەتكە): «قېنى پاكىتىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار!» دەيمىز، ئۇلار شۇ چاغدىلا ھەقىقەتنىڭ پەقەت ئاللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئويدۇرۇپ چىققان نەرسىلىرى (ساختا مەبۇدلىرى) ئۇلارنىڭ كۆزىدىن غايىب بولىدۇ.

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ رەببىڭ يەككە-يېگانە ئىلاھ بولۇپ، ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئۇ خالىغىنىنى يارىتىدۇ، خالىغىنىنى قىلىدۇ ۋە خالىغىنىنى تاللايدۇ، ئۇ مۇشرىكلارنىڭ مەنسۇپ قىلىۋالغان نەرسىلىرىدىن، بارچە كەمچىلىك ۋە نۇقسانلاردىن پۈتۈنلەي پاك ۋە ئۈستۈندۇر. بارچە مەدھىيە ئۇنىڭغا خاستۇر. ھېچكىم ئۇنىڭ ھۆكمىگە توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ ۋە ئارقىغا قايتۇرالمايدۇ، ئاللاھ تائالا خالىغان ھۆكۈملەرنى چىقىرىدۇ ۋە خالىغانلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇ مۇتلەق ئىختىيار ئىگىسىدۇر.

بۇ ئايەت ئىلگىرىكى ئايەتلەردە رەددىيە بېرىلگەن شېرىك ئەمەللىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ شېرىككە ياكى ياردەمچىگە قەتئىي موھتاج ئەمەسلىكىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ ئايەتنى ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەنىڭ: ﴿لَوۡلَا نُزِّلَ هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانُ عَلَىٰ رَجُلٖ مِّنَ ٱلۡقَرۡيَتَيۡنِ عَظِيمٍ﴾ يەنى ﴿بۇ قۇرئان نېمىشقا (مەككە ۋە تائىف) ئىككى شەھەرنىڭ كاتتىلىرىدىن بىرىگە نازىل قىلىنمىدى؟﴾ [1] دېگەن سوئالىغا رەددىيە ئاساستا كەلگەن دېگۈچىلەرمۇ بار. ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە مەزكۇر سۆزىدە، ئۆزى بىلەن تائىف شەھىرىدىكى سەقىف قەبىلىسىنىڭ كاتتىبېشى ئۇرۋە ئىبنى مەسئۇدنى مەقسەت قىلغان. يەنى نېمىشقا بۇ قۇرئان مەن بىلەن ئۇرۋە ئىككىمىزنىڭ بىرىگە چۈشمىدى؟ دېمەكچى.

بۇ قانداق سوئال؟ ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى تارقىتىشقا مەسئۇل بولغانمۇ ياكى ئۇلار ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرىمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئاللاھ تائالا كىمنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشنى ئۆزى ئوبدان بىلىدۇ. ﴿أَلَا يَعۡلَمُ مَنۡ خَلَقَ وَهُوَ ٱللَّطِيفُ ٱلۡخَبِيرُ﴾ يەنى ﴿ياراتقان زات (ئۆزىنىڭ ياراتقانلىرىنى) بىلمەمدۇ؟ ئۇ شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنىمۇ بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾ [2].

ئاللاھ تائالا مۇشرىكلار مەنسۇپ قىلغان نەرسىلەردىن ئەلۋەتتە ئۈستۈن ۋە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر، ئۇ كىشىلەرنىڭ قەلب قاتلىرىدىكىسىنى بىلىدۇ. ئۇنىڭغا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممىسى ئوخشاشتۇر، چۈنكى، ئۇ ھەممىنى تولۇق بىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا يەككە-يېگانە ئىلاھ بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە، شۇنداقلا ھەممىلا يەردە بارلىق ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ھۆكۈم ئۇنىڭ قولىدا، ھەممە ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ. قىيامەت كۈنى ھەممە ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا ھازىر بولىدۇ. بۇ ھەقىقەتلەرگە «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ۋە كائىنات ئالامەتلىرى بىرلىكتە گۇۋاھ بولماقتا.

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، دەپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر ئاللاھ تائالا كېچىنى تا قىيامەت كۈنىگىچە ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرىدىغان قىلىۋەتسە،

---

[1] زۇخرۇف سۈرىسى: 31-ئايەت.

[2] مۇلك سۈرىسى: 14-ئايەت.

پەقەت كۈندۈز بولمىسا، ئاللاھ تائالادىن باشقا يورۇقلۇقنى كەلتۈرەلەيدىغان بىرەر ئىلاھ بارمۇ؟ سىلەر تېخىچە ھەق سۆزنى ئاڭلىمايۋاتامسىلەر؟

يەنە ئۇلارغا ئېيتقىنكى، دەپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر ئاللاھ تائالا كۈندۈزنى تا قىيامەتكىچە ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرىدىغان، ھېچ كېچە بولمايدىغان قىلىۋەتسە، ئاللاھ تائالادىن باشقا سىلەر ئارام ئالىدىغان ۋە راھەتلىنىدىغان شۇ كېچىنى كەلتۈرەلەيدىغان بىرەر ئىلاھ بارمۇ؟ سىلەر بۇ ھەقىقەتلەرنى كۆرمەيۋاتامسىلەر؟ بۇ ھەقىقەتلەرنى كۆرۈپ، بىلىپ، كېچە بىلەن كۈندۈزدىن ئىبارەت كاتتا نېمەتلەرنى ياراتقان زاتقا شۈكۈر قىلىشنىڭ ۋاقتى كەلمىدىمۇ؟ ئۇنى بارچە نالايىق سۈپەتلەردىن پاكلاپ ئۇلۇغلاشنىڭ ۋاقتى كەلمىدىمۇ؟!

ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالا سىلەرگە بولغان چەكسىز رەھىم-شەپقىتىدىن سىلەرگە كېچىنى ئارام ئالىدىغان، كۈندۈزنى تىرىكچىلىك قىلىپ تۈرلۈك مەنپەئەتلەرگە ۋە پايدىلارغا ئېرىشىدىغان قىلىپ بەردى. بۇ سىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى تونۇپ، ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر.

شىمالىي قۇتۇپنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان دۆلەتلەرگە بارغانلار بىلىدۇكى، بۇ دۆلەتلەردە يىلنىڭ يېرىمى كۈندۈز، يەنە بىر يېرىمى كېچە بولۇپ ئۆتىدۇ، يەنى ئالتە ئاي كۈندۈز بولغاندىن كېيىن، يەنە ئالتە ئاي كېچە بولىدۇ. بۇنىڭدىن بىلىمىزكى، يىگىرمە تۆت سائەت ئىچىدە كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئارقا-ئارقىدىن نۆۋەتلىشىپ كېلىشى ئىنسانلار ئۈچۈن چوڭ رەھمەتتۇر. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ قەدرىنى بىلگەنلەر بۇ ئىككىسىنىڭ سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان كاتتا نېمەت ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ﴿وَهُوَ ٱلَّذِى جَعَلَ ٱلَّيْلَ وَٱلنَّهَارَ خِلْفَةً لِّمَنْ أَرَادَ أَن يَذَّكَّرَ أَوْ أَرَادَ شُكُورًا﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ئىبرەت ئېلىشنى ياكى شۈكۈر قىلىشنى خالىغانلار ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالمىشىپ تۇرىدىغان قىلىپ بەرگەن زاتتۇر﴾[1].

ئەجەبلىنەرلىكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇد-رىتىنى ۋە ئىلىم-ھېكمىتىنى نامايان قىلىپ تۇرۇۋاتقان كائىنات دەلىللىرى بولۇپ، ئاللاھ تائالا زاتىدا، سۈپەتلىرىدە ۋە بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىدە تەڭداشسىز زات ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرسىمۇ،

[1] 1 فۇرقان سۈرىسى: 62-ئايەت.

نۇرغۇن ئىنسانلار ئاللاھ تائالاغا خالىس ئىبادەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆزىگە قونغان چۈشىنى ئۇركىتىۋېتىشكىمۇ كۈچى يەتمەيدىغان نەرسىلەرنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋالىدۇ، ئۆزىگە بىرەر پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا يەنە قىيامەت كۈنىنى ئەسلىتكىنكى، ئاللاھ تائالا ئۇ كۈندە مۇشرىكلارغا نىدا قىلىپ، قېنى سىلەر ماڭا مەنسۇپ قىلىۋالغان شېرىكلىرىم؟ ئۇلارنى ئالدىمغا كەلتۈرۈپ باقمامسىلەر؟ دەيدۇ. ئۇلار بۇ دۇنيادا چوقۇنغان نەرسىلىرىنى چاقىرىدۇ. ئەمما ئۇ نەرسىلەردىن ھېچبىر جاۋاب كەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇ مۇشرىكلارنى چاقىرىدۇ ۋە ئالدىنقى سوئالنى سورايدۇ. ئۇلار بۇ قېتىم سۈكۈت قىلىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئۆزرىلىرى تۈگەپ، دەلىللىرى ئىشقا يارىماي قالغانلىقتىن، سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشتىن باشقا چارىسى قالمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا سوئال قويۇشى پەقەتلا كايىش ۋە ئۇلارنىڭ ھەسرەت-نادامەتلىرىنى كۆپەيتىش ئۈچۈندۇر.

ئەللامە قۇرتۇبىي مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەتلەردە نىدا قىلغۇچى ئاللاھ تائالا ئۆزى ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالا كاپىرلارغا سۆز قىلمايدۇ. ﴿وَلَا يُكَلِّمُهُمُ ٱللَّهُ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ﴾ يەنى ﴿قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇلارغا گەپ قىلمايدۇ﴾ [1] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ. لېكىن ئاللاھ تائالا ھېساب مەيدانىدا كاپىرلارنىڭ ھەسرەت-نادامىتىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىش ئۈچۈن پەرىشتىلەرگە ئۇلاردىن شۇنداق سوئاللارنى سوراشقا بۇيرۇيدۇ»[2]. ئاندىن پەرىشتىلەر ئۇلارنى سوراققا تارتىدۇ. ئەمما بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى نىدانىڭ ئاللاھ تائالادىن كېلىشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى، ﴿قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇلارغا سۆز قىلمايدۇ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ: ﴿قَالَ ٱخۡسَـُٔواْ فِيهَا وَلَا تُكَلِّمُونِ﴾ يەنى ﴿جەھەننەمدە خارلانغان ھالدا قېلىڭلار، (بۇ ھەقتە) ماڭا گەپ قىلغۇچى بولماڭلار﴾ [3] دېيىلگەن ۋاقىتتىكى مەخسۇس ئەھۋاللارغا خاس ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشقان. ﴿وَلَا يُكَلِّمُهُمُ ٱللَّهُ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ﴾ دېگەن ئايەتتىكە كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر ﴿قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇلارغا (ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان) سۆز قىلمايدۇ﴾ دەپ مەنە

[1] بەقەرە سۈرىسى: 174-ئايەت.
[2] «تفسير القرطبي» 13-توم، 309-بەت.
[3] مۆمىنۇن سۈرىسى: 108-ئايەت.

ئېيتقان. يەنى ئاللاھ تائالا كاپىرلارغا سۆز قىلىدۇ، ئەمما ئۇلارنى خۇش قىلىدىغان سۆز قىلمايدۇ، دېگەن.

قىيامەت كۈنىدە، ھەربىر ئۈممەتتىن ئۆز پەيغەمبىرىنى ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى بارلىق ئىشلىرىغا گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن گۇۋاھچى قىلىپ چىقىرىمىز. ئاندىن ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نۆۋەت كېلىدۇ، ئۇ پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ﴿فَكَيۡفَ إِذَا جِئۡنَا مِن كُلِّ أُمَّةِۭ بِشَهِيدٖ وَجِئۡنَا بِكَ عَلَىٰ هَٰٓؤُلَآءِ شَهِيدٗا﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) بىز ھەربىر ئۈممەتتىن بىر پەيغەمبەرنى گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن ۋە سېنىمۇ ئۆز ئۈممىتىڭگە گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چېغىمىزدا ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟﴾ [1]. شۇ قىيامەت كۈنىدە، ئۇلارغا: ئۆزۈڭلارنى ئاقلايدىغان ۋە دۇنيادىكى قىلمىشىڭلارنى توغرىلايدىغان دەلىل-ئىسپاتىڭلار بولسا قېنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار، دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەق ۋە راست ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دۇنيادا چوقۇنغان ساختا ئىلاھلىرى بولسا ئاللىبۇرۇن يوقالغان ۋە ئۇلارنى بۇ قىيىن ئەھۋالدا ئۆز ھالىغا تاشلاپ كەتكەن بولىدۇ.

ئەللامە قۇرتۇبىي ﴿رەببىڭ خالىغىنىنى يارىتىدۇ ۋە (خالىغىنىنى تاللايدۇ)﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «بەزى ئۆلىمالار: ‹ھەرقانداق بىر ئىشقا تۇتۇش قىلماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئىككى رەكئەت ئىستىخارە نامىزى ئوقۇشى ياخشىدۇر. ئالدىنقى رەكئەتتە: ﴿وَرَبُّكَ يَخۡلُقُ مَا يَشَآءُ وَيَخۡتَارُۗ مَا كَانَ لَهُمُ ٱلۡخِيَرَةُۚ سُبۡحَٰنَ ٱللَّهِ وَتَعَٰلَىٰ عَمَّا يُشۡرِكُونَ﴾ دېگەن ئايەتنى، ئىككىنچى رەكئەتتە: ﴿وَمَا كَانَ لِمُؤۡمِنٖ وَلَا مُؤۡمِنَةٍ إِذَا قَضَى ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥٓ أَمۡرًا أَن يَكُونَ لَهُمُ ٱلۡخِيَرَةُ مِنۡ أَمۡرِهِمۡۗ وَمَن يَعۡصِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ فَقَدۡ ضَلَّ ضَلَٰلٗا مُّبِينٗا﴾[2] دېگەن ئايەتنى ئوقۇش، ئاندىن نامازدىن سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئىستىخارە دۇئاسىنى ئوقۇش ئەۋزەلدۇر› دەيدۇ»[3]. ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئىستىخارە قىلىشنى خۇددى قۇرئان ئۆگەتكەندەك ئۆگەتەتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: ‹سىلەر بىرەر

[1] نىسا سۈرىسى: 41-ئايەت.
[2] ئەھزاب سۈرىسى: 36-ئايەت.
[3] «تفسير القرطبي» 13، توم، 282- توم.

ئىشقا تۇتۇش قىلماقچى بولغاندا، ئىككى رەكئەت نەپلە ناماز ئوقۇپ بولۇپ، مۇنۇ دۇئانى ئوقۇڭلار: {اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْتَخِيْرُكَ بِعِلْمِكَ وَأَسْتَقْدِرُكَ بِقُدْرَتِكَ وَأَسْأَلُكَ مِنْ فَضْلِكَ الْعَظِيْمِ فَإِنَّكَ تَقْدِرُ وَلاَ أَقْدِرُ وَتَعْلَمُ وَلاَ أَعْلَمُ وَأَنْتَ عَلَّامُ الْغُيُوبِ اَللَّهُمَّ إِنْ كُنْتَ تَعْلَمُ هَذَا الْأَمْرَ خَيْرًا لِي فِي دِينِي وَمَعَاشِي وَعَاقِبَةِ أَمْرِي وَ عَاجِلِهِ وَآجِلِهِ فَاقْدُرْهُ لِي وَيَسِّرْهُ لِي ثُمَّ بَارِكْ لِي فِيهِ اَللَّهُمَّ إِنْ كُنْتَ تَعْلَمُ أَنَّهُ شَرٌّ لِي فِي دِينِي وَمَعَاشِي وَعَاقِبَةِ أَمْرِي عَاجِلِهِ وَآجِلِهِ فَاصْرِفْهُ عَنِّي وَاصْرِفْنِي عَنْهُ وَاقْدُرْ لِيَ الْخَيْرَ حَيْثُ كَانَ ثُمَّ رَضِّنِي بِهِ}. ئاندىن ئاللاھ تائالادىن ھاجىتىڭلارنى تىلەڭلار»»[1].

دۇئانىڭ تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سېنىڭ چەكسىز ئىلمىڭگە سىغىنىپ سەندىن ياخشىلىق تىلەيمەن، سېنىڭ قۇدرىتىڭگە سىغىنىپ سەندىن كۈچ-قۇۋۋەت تىلەيمەن، سېنىڭ ئۇلۇغ پەزلىڭنى تىلەيمەن. سەن ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىرسەن، مەن ئاجىزمەن. سەن ھەممىنى بىلىسەن، مەن بىلمەيمەن. سەن پۈتۈن غەيبلەرنى بىلگۈچىسەن. ئى ئاللاھ! بۇ ئىش (ھاجىتىنى ئېيتىدۇ) سېنىڭ ئىلمىڭدە مېنىڭ دىنىم، دۇنيالىقىم ۋە ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن ھازىر ۋە كېلەچەكتە ياخشى بولىدىغان بولسا، ئۇنى ماڭا تەقدىر قىلغىن ۋە ماڭا ئۇنى ئاسان قىلغىن، ئاندىن ئۇنىڭدا ماڭا بەرىكەت ئاتا قىلغىن. ئەگەر بۇ ئىش مېنىڭ دىنىم، دۇنيالىقىم ۋە ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن ھازىر ۋە كېلەچەكتە زىيانلىق بولىدىغان بولسا، ئۇنى مەندىن يىراق قىلغىن ۋە مېنىمۇ ئۇنىڭدىن يىراق قىلغىن، نەدىلا بولمىسۇن ماڭا ياخشىلىقنى نېسىپ قىلغىن. ئاندىن مېنى ئۇنىڭ بىلەن مەمنۇن قىلغىن».

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ ئىختىيارى بەندىنىڭ ئىختىيارىنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالا خالىمىغۇچە بەندىنىڭ خالىغانلىرى ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

2. دىن ۋە دۇنيالىق ھەرقانداق ئىشتا ئىستىخارە قىلىش سۈننەتتۇر.

3. تەۋھىد ئەقىدىسى ئىنسانىيەتنىڭ ئەسلى ئەقىدىسى بولۇپ، شېرىك ئەقىدىسى كېيىن پەيدا بولغان خۇراپاتلىقتۇر.

[1] «صحيح البخاري» 9- توم 118-بەت، 7390-ھەدىس.

4. ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىش ھەربىر ئىنساننىڭ بۇرچىدۇر.

5. كائىناتنى ئىدارە قىلىشتا ئاللاھ تائالادىن باشقا پەرۋىشچىنىڭ يوقلۇقى شەكسىز ھەقىقەتتۇر.

6. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ بولغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا نېمەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئەلۋەتتە شۈكۈر قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. كۈندۈز بەك ئۇزۇن بولۇپ كېچە بولمايدىغان ياكى ئاز بولىدىغان ۋە ئەكسىچە بولىدىغان جايلاردا ياشىغانلار كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ قەدرىنى ياخشى بىلىدۇ.

7. قىيامەت كۈنىدە يالغان سۆز ئاقمايدۇ، ئالدامچىلىق پايدا بەرمەيدۇ. پەقەت راستچىللار گۇۋاھلىق بېرىدۇ ۋە ھەقىقەت تولۇق مەنىسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

## ◄ ئىلىمنىڭ پەزىلىتى ۋە تۇزكورلۇقنىڭ ئاقىۋىتى

﴿إِنَّ قَٰرُونَ كَانَ مِن قَوۡمِ مُوسَىٰ فَبَغَىٰ عَلَيۡهِمۡۖ وَءَاتَيۡنَٰهُ مِنَ
ٱلۡكُنُوزِ مَآ إِنَّ مَفَاتِحَهُۥ لَتَنُوٓأُ بِٱلۡعُصۡبَةِ أُوْلِي ٱلۡقُوَّةِ إِذۡ قَالَ لَهُۥ
قَوۡمُهُۥ لَا تَفۡرَحۡۖ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ ٱلۡفَرِحِينَ ٧٦ وَٱبۡتَغِ فِيمَآ ءَاتَىٰكَ
ٱللَّهُ ٱلدَّارَ ٱلۡأٓخِرَةَۖ وَلَا تَنسَ نَصِيبَكَ مِنَ ٱلدُّنۡيَاۖ وَأَحۡسِن كَمَآ
أَحۡسَنَ ٱللَّهُ إِلَيۡكَۖ وَلَا تَبۡغِ ٱلۡفَسَادَ فِي ٱلۡأَرۡضِۖ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ
ٱلۡمُفۡسِدِينَ ٧٧ قَالَ إِنَّمَآ أُوتِيتُهُۥ عَلَىٰ عِلۡمٍ عِندِيٓۚ أَوَلَمۡ يَعۡلَمۡ
أَنَّ ٱللَّهَ قَدۡ أَهۡلَكَ مِن قَبۡلِهِۦ مِنَ ٱلۡقُرُونِ مَنۡ هُوَ أَشَدُّ مِنۡهُ قُوَّةٗ
وَأَكۡثَرُ جَمۡعٗاۚ وَلَا يُسۡـَٔلُ عَن ذُنُوبِهِمُ ٱلۡمُجۡرِمُونَ ٧٨ فَخَرَجَ عَلَىٰ
قَوۡمِهِۦ فِي زِينَتِهِۦۖ قَالَ ٱلَّذِينَ يُرِيدُونَ ٱلۡحَيَوٰةَ ٱلدُّنۡيَا يَٰلَيۡتَ لَنَا مِثۡلَ
مَآ أُوتِيَ قَٰرُونُ إِنَّهُۥ لَذُو حَظٍّ عَظِيمٖ ٧٩ وَقَالَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡعِلۡمَ
وَيۡلَكُمۡ ثَوَابُ ٱللَّهِ خَيۡرٞ لِّمَنۡ ءَامَنَ وَعَمِلَ صَٰلِحٗاۚ وَلَا يُلَقَّىٰهَآ إِلَّا
ٱلصَّٰبِرُونَ ٨٠ فَخَسَفۡنَا بِهِۦ وَبِدَارِهِ ٱلۡأَرۡضَ فَمَا كَانَ لَهُۥ مِن فِئَةٖ

يَنصُرُونَهُۥ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَمَا كَانَ مِنَ ٱلْمُنتَصِرِينَ ﴿٨١﴾ وَأَصْبَحَ
ٱلَّذِينَ تَمَنَّوْا۟ مَكَانَهُۥ بِٱلْأَمْسِ يَقُولُونَ وَيْكَأَنَّ ٱللَّهَ يَبْسُطُ ٱلرِّزْقَ
لِمَن يَشَآءُ مِنْ عِبَادِهِۦ وَيَقْدِرُ ۖ لَوْلَآ أَن مَّنَّ ٱللَّهُ عَلَيْنَا لَخَسَفَ
بِنَا ۖ وَيْكَأَنَّهُۥ لَا يُفْلِحُ ٱلْكَٰفِرُونَ ﴿٨٢﴾ تِلْكَ ٱلدَّارُ ٱلْءَاخِرَةُ نَجْعَلُهَا
لِلَّذِينَ لَا يُرِيدُونَ عُلُوًّا فِى ٱلْأَرْضِ وَلَا فَسَادًا ۚ وَٱلْعَٰقِبَةُ لِلْمُتَّقِينَ
﴿٨٣﴾ مَن جَآءَ بِٱلْحَسَنَةِ فَلَهُۥ خَيْرٌ مِّنْهَا ۖ وَمَن جَآءَ بِٱلسَّيِّئَةِ فَلَا
يُجْزَى ٱلَّذِينَ عَمِلُوا۟ ٱلسَّيِّـَٔاتِ إِلَّا مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿٨٤﴾

### ◄ تەرجىمىسى

76ـ ھەقىقەتەن قارۇن مۇسانىڭ قەۋمىدىن ئىدى. قارۇن ئۇلارغا چوڭچىلىق قىلدى، بىز ئۇنىڭغا خەزىنىلەردىن شۇنچىلىك كۆپ بەرگەن ئىدۇقكى، ئۇنىڭ (خەزىنىلىرىنىڭ) ئاچقۇچلىرى (نى كۆتۈرۈش) كۈچلۈك بىر جامائەگىمۇ ھەقىقەتەن ئېغىر كېلەتتى. ئۆز ۋاقتىدا قەۋمى ئۇنىڭغا ئېيتتى: «كۆرەڭلەپ كەتمە، شەكسىزكى، ئاللاھ كۆرەڭلەپ كەتكۈچىلەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

77ـ ئاللاھ ساڭا بەرگەن (مال-دۇنيا) بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى ئىزدىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەنمۇ (باشقىلارغا) ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى ئىستىمىگىن. شەكسىزكى، ئاللاھ بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ».

78ـ قارۇن: «مەن بۇ بايلىقا پەقەت مەندىكى ئالاھىدە بىلىم بىلەن ئېرىشتىم» دېدى. ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەردىن ئۆزىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك، توپلىغان پۇل-مېلى تېخىمۇ كۆپ بولغانلارنى ئاللاھنىڭ ھالاك قىلىۋەتكەنلىكىنى بىلمىدىمۇ؟ گۇناھكارلار (بەلگىلىرى ئارقىلىق تونۇلغانلىقى ئۈچۈن) گۇناھلىرىدىن سورالمايدۇ.

79ـ قارۇن ئۆز قەۋمىنىڭ ئالدىغا بارلىق زىننىتى بىلەن چىقتى. دۇنيا تىرىكچىلىكىنى كۆزلەيدىغانلار: «كاشكى بىزگىمۇ قارۇنغا بېرىلگەندەك (بايلىق) بېرىلسىچۇ، شەكسىزكى، ئۇ ھەقىقەتەن چوڭ بىر نېسىۋىگە ئىگە ئىكەن» دېدى.

80ـ ئىلىملىك كىشىلەر: «ئىسىت سىلەرگە! ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەل-

ـلەرنى قىلغان كىشىلەر ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ (بېرىدىغان) مۇكاپاتى (ھەممىدىن) ياخشىدۇر. ئۇنىڭغا پەقەت (تائەت-ئىبادەتتە) چىدامچان بولغان كىشىلەرلا ئېرىشەلەيدۇ» دېدى.

81ـنىھايەت، قارۇننى ئۇنىڭ ئۆي-جايى بىلەن قوشۇپ يەرگە يۇتقۇزۇۋەتتۇق. ئۇنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قوغداپ قالىدىغان بىرەر جامائە بولمىدى، قارۇن ئۆزىمۇ ئۆزىنى قوغداپ قالالمىدى.

82ـتۈنۈگۈن تېخى قارۇننىڭ ئورنىدا بولۇشنى ئارزۇ قىلغانلار: «مانا، كۆردۈڭمۇ؟ ئاللاھ بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدىكەن، (خالىغان ئادەمنىڭكىنى) تار قىلىدىكەن، ئاللاھ بىزگە مەرھەمەت قىلمىغان بولسا ئىدى، بىزنىمۇ ئەلۋەتتە يەر يۇتقۇزۇۋەتكەن بولاتتى، مانا كۆردۈڭمۇ؟ كاپىرلار نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدىكەن» دەيدىغان بولدى.

83ـئەنە شۇ ئاخىرەت يۇرتىنى يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلىشنى ۋە بۇز-غۇنچىلىق قىلىشنى كۆزلىمەيدىغانلارغا خاس قىلدۇق، (ئەڭ ياخشى) ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر.

84ـكىمكى (بۇ ئاخىرەت يۇرتىغا) ياخشى ئەمەل بىلەن كېلىدىكەن، ئۇ قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ، كىمكى يامان ئىش بىلەن كېلىدىكەن، يامان ئىشلارنى قىلغانلارغا پەقەت ئۆز قىلمىشلىرىغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

قارۇن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولغان ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولۇپ، ئۇلار بىلەن بىللە ياشايتتى. لېكىن ئۇ ئۇلارغا چوڭچىلىق قىلاتتى، توپلىغان بايلىقىغا كۆرەڭلىگەنلىكتىن غادىيىپ يۈرەتتى ۋە ئۇلارنى كۆزگە ئىلمايتتى. ئاللاھ تائالا قارۇنغا پۇل-مالدىن ۋە يەر-زېمىندىن نۇرغۇن بايلىقلارنى ئاتا قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى كۆتۈرۈپ مېڭىش كۈچلۈك جامائەلەرگىمۇ ھەقىقەتەن ئېغىر كېلەتتى.

ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە قارۇنغا ئۆز قەۋمىنىڭ نەسىھەتلىرىنى بايان قىلىپ بەرگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا قارۇننىڭ قەۋمى ئۇنىڭغا: كۆرەڭلەپ كەتمە، ساڭا ئاللاھ ئاتا قىلغان بايلىقنى ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىپ ئاخىرەتلىكىڭنىڭ ياخشى بولۇشىنى تىلىگىن، بۇ دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، ئاللاھ ساڭا مال-دۇنيا ئاتا قىلىپ ياخشىلىق قىلغاندەك، سەنمۇ ئاللاھنىڭ ھاجەتمەن بەندىلىرىگە خەير-ساخاۋەت

قىلىپ ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىيدىغانلاردىن بولمىغىن، دەپ نەسىھەت قىلغان ئىدى.

«ئۆلىمالار تۆۋەندىكى بەش قائىدىگە ئەمەل قىلغان ئادەم دۇنيادا نەتىجە قازىنىدۇ، دەپ قارايدۇ:

1. ﴿كۆرەڭلەپ كەتمە﴾ يەنى سەن ئېرىشكەن مال-دۇنياغا ئىشىنىپ مەغرۇرلىنىپ كەتمىگىن، بايلىقىڭ سەۋەبلىك كىشىلەرگە چوڭلۇق قىلمىغىن، مۇتەكەببىرلىك قىلمىغىن. چۈنكى، مال-دۇنيانىڭ ھەقىقىي ئىگىسى ئاللاھ تائالادۇر. مال-دۇنيا ئۇنى توغرا ئىشلىتىشنى بىلگەنلەر ئۈچۈن پايدىلىق، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن مەغرۇرلىنىپ ئەس-ھوشىنى يوقاتقانلار ئۈچۈن بالايىئاپەتتۇر. ﴿إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ مَن كَانَ مُخۡتَالٗا فَخُورًا﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ئاللاھ ھاكاۋۇر، ماختانچاقنى ياخشى كۆرمەيدۇ﴾ [1].

2. ﴿ئاللاھ ساڭا بەرگەن (مال-دۇنيا) بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن﴾ يەنى بۇ دۇنيا ئاخىرەتنىڭ ئېكىنزارلىقى بولۇپ، ھەركىم بۇ ئېكىنزارلىقتا نېمە تېرىغان بولسا، ئاخىرەتتە شۇنىڭ مول ھوسۇلىنى ئالىدۇ. خۇددى بۇغداي تېرىغانلار بۇغداي، قوناق تېرىغانلار قوناق ئالغاندەك، ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئاخىرەتتە چوقۇم كۆرىدۇ، يامان ئىشلارنى قىلغانلارمۇ ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ، ئۆمرىنى ياخشى ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەنلەر ئاخىرەتتە مۇكاپاتلانغاندەك، ئۆمرىنى ئۆزلىرىنىڭ نەپسى ھەۋەسلىرىگە قۇل بولۇپ ئۆتكۈزگەنلەر ئەلۋەتتە جازالىنىدۇ. ئەقىللىق ئادەم بۇ دۇنيانى ئاخىرەتلىك ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ ۋە تاپقان مال-دۇنياسىدىن ئاخىرەتلىك ئۈچۈن سەرپ قىلىش ئارقىلىق مەڭگۈلۈك پايدىنى كۆزلەيدۇ. ئاللاھ تائالا كىشىلەردىن تاپقان-تەرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى خەير-ساخاۋەت قىلىشنى تەلەپ قىلمايدۇ، پەقەت ئاز بىر قىسمىنىلا (يەنى قىرىقتىن بىرىنىلا) تەلەپ قىلىدۇ. ئىنسان بۇنىڭغىمۇ بېخىللىق قىلامدۇ؟!

3. ﴿دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن﴾ يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ھەر ئىككىسىگە كۆڭۈل بۆلگىنىكى، دۇنيالىقنى دەپ ئاخىرەتلىكنى ياكى ئاخىرەتلىكنىلا دەپ دۇنيالىقنى تەرك ئەتمىگىن. بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىغان ھالدا، ئوتتۇراھاللىق بىلەن

[1] نىسا سۈرىسى: 36-ئايەت.

ئىش كۆرگىن. ئاخىرەتلىكىڭ ئۈچۈن ئەتە ئۆلىدىغاندەك، دۇنيالىقىڭ ئۈچۈن مەڭگۈ ياشايدىغاندەك ئىشلىگىن. مەلۇمكى، دۇنيالىقتىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈپ تەركىدۇنيا بولۇۋېلىشنى ئاللاھ تائالا ياقتۇرمايدۇ. چۈنكى، ئىشلىمەي باشقىلارغا يۈك بولۇپ ياشاش ئىنسانىيەتنىڭ، خۇسۇسەن، مۇسۇلمانلىقنىڭ شەنىگە ياراشمايدىغان ئىشتۇر. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ باي بولۇشىغا قارشى ئەمەس. ئەمما مال-دۇنياغا بېرىلىپ كېتىپ ئاخىرەتلىكنى ئۇنتۇپ كېتىشكە قارشىدۇر. مال-دۇنيانى هالالدىن تېپىپ، ئىسراپ قىلماي خىراجەت قىلىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلىش نېمىدېگەن ياخشى!

4. ﴿ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەنمۇ (باشقىلارغا) ياخشىلىق قىلغىن﴾ يەنى ئاللاھ تائالا ساڭا مال-دۇنيا ئاتا قىلىش بىلەن ياخشىلىق قىلغاندەك، سەنمۇ ئاللاھ تائالانىڭ هاجەتمەن بەندىلىرىگە خەير-ساخاۋەت قىلىش بىلەن ياخشىلىق قىلغىن.

5. ﴿يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى ئىستىمىگىن﴾ يەنى كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىش، چوڭچىلىق قىلىش، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماسلىق، ئۇلارغا زىيان يەتكۈزۈش قاتارلىق قىلمىشلار بىلەن يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىمىغىن. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بۇزغۇنچىلارنى ۋە چوڭچىلىق قىلغۇچىلارنى ئەسلا ياقتۇرمايدۇ ۋە هەرگىز ياخشى كۆرمەيدۇ.

قارۇن ئۆز قەۋمىنىڭ بۇ نەسىھەتلىرىنى قوبۇل قىلمىدى. ئەكسىچە، ئۇ تېخىمۇ هەددىدىن ئېشىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلغان ئاتا-ئېھسانلىرىنى ئىنكار قىلدى ۋە ﴿مەن بۇ بايلىققا پەقەت مەندىكى ئالاھىدە بىلىم بىلەن ئېرىشتىم﴾ دېدى. بۇ نېمىدېگەن هاكاۋۇرلۇق-ھە!

ئاللاھ تائالا قارۇننىڭ بۇ هاكاۋۇرلۇقىغا رەددىيە بەرگەن ۋە ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بايان قىلغان هالدا دەيدۇكى، راستتىنلا ئۇنىڭدا ئۆزىدىن شۇنچىلىك پەخىرلەنگۈدەك ۋە ئۆزىنى باشقىلاردىن يۇقىرى كۆرگۈدەك ئىلىم بارمۇ؟ ياكى ئۇنىڭدا ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ۋە ئۆزىدىن تېخىمۇ كۈچلۈك، مال-دۇنياسىنىڭ كۆپلۈكىدە تېخىمۇ ئارتۇق قەۋملەرنى هالاك قىلغان ئازابتىن قۇتۇلۇپ قالالايدىغان كۈچ-قۇۋۋەت بارمۇ؟ گۇناھكارلارنىڭ قىلمىشلىرى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ، چۈنكى، ئۇلار دەرهال دوزاخقا تاشلىنىدۇ. زادى ئۇلارنىڭ بارلىق قىلمىشلىرى پەرىشتىلەرنىڭ دەپتەرلىرىدە خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا ئېنىق مەلۇمدۇر.

ئىنسان بۇ دۇنيادا ئېرىشكەن مال-دۇنياسىغا، يۈز-ئابرۇيىغا، مەنسىپىگە ۋە بالىچاقىلىرىغا ئىشىنىپ كۆرەڭلىمەسلىكى لازىم. چۈنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋاقىتلىق مەنپەئەتلەر بولۇپ، ئەسقاتىدىغىنى ئاخىرەتلىك ئۈچۈن قىلغان ئەمەللەردۇر. بۇ دۇنيادا ئامەتلىرىگە كۆرەڭلەپ كەتكۈچىلەرنى ئاللاھ تائالا قەتئىي ياقتۇرمايدۇ. ئاللاھ تائالا چوڭلۇق تالاشقانلارنى ئەزەلدىن ئىبرەتلىك جازالاپ كەلگەن. ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپى كەلگەندە ئۇنى ھېچ نەرسە توسۇپ قالالمايدۇ.

قارۇننىڭ قەۋمى قارۇن توغرۇلۇق ئىككى پىرقىغا ئايرىلغان بولۇپ، بىرىنچى پىرقە نەزەر دائىرىسى تار بولغانلىقتىن، دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتلىرى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرغان، توغرا يولدىن ئاداشقان ۋە قارۇندەك بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار ئىدى. يەنە بىر پىرقە نەزەر دائىرىسى كەڭ بولغانلىقتىن، دۇنيانى ئاخىرەتنىڭ ئېكىنزارلىقى دەپ قارايدىغان ۋە دۇنياغا ئىبرەت كۆزى بىلەن قارايدىغان، ۋاقىتلىق مەنپەئەتلەرنى مەڭگۈلۈك سائادەتتىن يۇقىرى كۆرمەيدىغان كىشىلەر ئىدى.

بىرىنچى پىرقە كىشىلىرى بارلىق زىبۇزىننەتلىرى بىلەن ھەشەمەتلىك كۆرۈنۈپ خەلقنىڭ ئالدىغا چىققان قارۇننى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ھەۋەسلىنىدۇ، كاشكى، بىزمۇ قارۇندەك بولساقكەن دەپ ئارزۇ قىلىدۇ ۋە ئۇنى تولىمۇ تەلەيلىك ئادەم دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ئۇلار نەزەر دائىرىسىنىڭ تارلىقىدىن بەخت-سائادەت مال-دۇنيانىڭ كۆپلۈكىدە دەپ ئويلايتتى. ئۇلار بەخت-سائادەتنىڭ نە مال-دۇنيادا، نە يۈز-ئابرۇيدا، نە مەنسەپتە، نە بالىلارنىڭ كۆپلۈكىدە ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئۇنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىماندا ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. «قۇرئان كەرىم» بۇنداق ئاچكۆزلۈك ئىللىتىنى ئىلاھىي چارىلەر بىلەن داۋالىغان بولۇپ، ئاۋۋالقى مۇئمىنلەرنى باشقىلارنىڭ قولىدىكىسىگە كۆز قىزارتمايدىغان، كىشىلەرگە قارىتا ئۆچمەنلىك ساقلىمايدىغان ۋە باشقىلارغا كەلگەن ئامەتكە كۆز قىزارتمايدىغان قىلىپ تەربىيەلەپ چىققان. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىش ئارقىلىق پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا ئەمر قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَا تَمُدَّنَّ عَيْنَيْكَ إِلَىٰ مَا مَتَّعْنَا بِهِۦٓ أَزْوَٰجًا مِّنْهُمْ زَهْرَةَ ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا لِنَفْتِنَهُمْ فِيهِ ۚ وَرِزْقُ رَبِّكَ خَيْرٌ وَأَبْقَىٰ﴾ يەنى ﴿بىز كاپىرلاردىن تۈرلۈك جامائەنى سىناش ئۈچۈن بەھرىمەن قىلغان دۇنيا نېمەتلىرىگە كۆز سالمىغىن. رەببىڭنىڭ (ئاتا قىلىدىغان) رىزقى

ھەممىدىن ياخشىدۇر ۋە مەڭگۈلۈكتۇر﴾[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»نىڭ جانلىق تەرجىمانى بولۇش سۈپىتى بىلەن «قۇرئان كەرىم»دىكى گۈزەل ئەخلاقلارنى ھاياتىدا تەتبىق قىلىپ ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان ۋە ساھابىلىرىنى شۇنداق تەربىيەلىگەن.

ئىككىنچى پىرقە كىشىلىرى باشقىلارغا نەسىھەت قىلغان ھالدا، دەيدۇكى، ۋاي ئىسىت سىلەرگە! ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ بېرىدىغان مۇكاپاتى ھەممىدىن ياخشىدۇر، بارچە سائادەت ئۇنىڭدىدۇر. چۈنكى، ئۇ مەڭگۈلۈك داۋاملىشىدىغان مۇكاپات. ئەمما دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرى ۋاقىتلىق بولۇپ، ئىنسانلار ئۇنىڭغا جاپا-مۇشەققەتتە ئېرىشىدۇ. ئەمما ئۇزۇن داۋاملاشمايدۇ. مال-دۇنيانىڭ كۆپلۈكى كۆپىنچە ھاللاردا بىئاراملىقنىڭ ۋە ھالاكەتنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ.

قارۇننىڭ ئاقىۋىتى خۇددى ئىككىنچى پىرقە كىشىلىرى دېگەندەك بولۇپ چىققان ئىدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا قارۇننى بارلىق مال-دۇنياسى ۋە قەسىرلىرى بىلەن بىرگە يەرگە يۇتقۇزۇۋەتتى. قارۇنغا ئاللاھ تائالانىڭ جازاسى كەلگەن ۋاقىتتا، ھېچكىم ئۇنىڭغا ياردەم قىلالمىدى، ھېچكىم ئۇنى ئازابتىن قۇتقۇزۇپ قالالمىدى، قارۇن ئۆزىنىمۇ ئۆزى قۇتقۇزالمىدى، ئۇنىڭ يىغقان مال-دۇنياسى ئۆزىگە ئەسقاتمىدى ۋە ھېچ نەرسىگە يارىماي قالدى. چۈنكى، قارۇن تاپقان مال-دۇنياسىنىڭ زاكىتىنى ئايرىمىغان، ياخشى يوللارغا سەرپ قىلمىغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغان ئىدى. مال-دۇنياسىدىن ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ھېچ نەرسە سەرپ قىلمىغان، بۇ مال-دۇنيا بىلەن ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىقمۇ ئىزدىمىگەن ئىدى. بۇلارنى ئاز دېگەندەك، بۇ مال-دۇنياغا مەن پەقەت ئۆزۈمدىكى ئىلىم-قابىلىيەت، تەجرىبە ۋە ئەقىل-پاراسەت بىلەن ئېرىشتىم، دەپ كۆرەڭلىگەن، ئاللاھ تائالانىڭ پەزل-كەرەمىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ غادايغان ئىدى. زادى بۇنداقلارنىڭ جازاسى يەرگە يۇتقۇزۇلۇشتىن باشقا نېمە بولاتتى؟!

ئاللاھ تائالا ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ ۋە ھەممىگە كۈچى يېتىدۇ. ئەمما زالىملارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ، ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلىپ ھەقىقەتكە قايتىشى ياكى تېخىمۇ كۆرەڭلەپ ھەددىدىن ئېشىشى ئۈچۈن يېتەرلىك پۇرسەت بېرىدۇ. ئاندىن ئۇلارنى جازالىغاندا شۇنداق قاتتىق جازالايدۇكى،

[1] تاھا سۈرىسى: 131-ئايەت.

ئۇلارنىڭ قىسسىسى تا قىيامەتكىچە تىللاردا داستان بولىدۇ. پىرئەۋن، قارۇن، ئەبۇ جەھل قاتارلىقلارنىڭ ئاقىۋىتى بۇنىڭ مىسالى.

تۇنۇگۈن تېخى قارۇنغا ھەۋەس قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا بولۇشنى، ئۇنىڭدەك مال-دۇنيالىق، شۆھرەتلىك بولۇشنى ئارمان قىلغانلار شۇنداق دېيىشكە باشلىغانىكى: مانا، كۆردۈڭلارمۇ؟ راستتىنلا ئاللاھ تائالا بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدىكەن ۋە خالىغان ئادەمنىڭكىنى تار قىلىدىكەن. ئاللاھ تائالا بىراۋنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىپ، ئۇنى باي قىلسا، ئۇنىڭ ئىلىم سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن ۋە ئەقلىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆز پەزلىدىن شۇنداق قىلىدىكەن، ئاللاھ تائالا بىراۋنىڭ رىزقىنى تار قىلسا، ئۇنىڭ بىلىمسىزلىكىدىن ياكى ئەقلىنىڭ كەملىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ھېكمىتىگە ئاساسەن شۇنداق قىلىدىكەن.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلاردا ئاللاھ تائالاغا تايىنىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەش، نەپسى خاھىشىنى يېڭىپ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداش، ئېرىشكەن ئاز-تولا ئامەتلەرگە كۆرەڭلىمەي كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھ تائالاغا بويسۇنۇش تولىمۇ زۆرۈر ئىكەن.

ئاللاھ تائالا بىزگە رەھىم-شەپقەت قىلمىغان بولسا ئىدى، بىزنىمۇ ئەلۋەتتە يەر يۇتقان بولاتتى. مانا كۆردۈڭلارمۇ؟ ئاخىرەت ھاياتىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلغان كاپىرلار ھەرگىزمۇ نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدىكەن. ئەنە شۇ ئاخىرەت يۇرتىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۇنى كەمتەرلىك قىلغۇچىلارغا خاس قىلغان بولۇپ، چوڭچىلىق قىلىپ يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى كۆزلەيدىغانلارنىڭ ئۇنىڭدىن نېسىۋىسى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئەزەلدىن تەقۋادارلارنىڭ يۇرتىدۇر.

بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، تا قىيامەتكىچە قەتئىي ئۆزگەرمەيدىغان بىر ئىلاھىي قانۇن باركى، ئۇ بولسىمۇ: ﴿كىمكى (بۇ ئاخىرەت يۇرتىغا) ياخشى ئەمەل بىلەن كېلىدىكەن، ئۇ قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ، كىمكى يامان ئىش بىلەن كېلىدىكەن، يامان ئىشلارنى قىلغانلارغا پەقەت ئۆز قىلمىشلىرىغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ﴾ دىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھ تائالا شۇنداق كاتتا پەزل-كەرەم ئىگىسى بولغان زاتكى، ئۇ ياخشى ئىشنىڭ مۇكاپاتىنى ئۆزى خالىغانچە ئاشۇرۇپ بېرىدۇ. ئەمما يامانلىقنىڭ جازاسىنى ئاشۇرمايدۇ،

بەلكى بىر يامانلىققا بىر يامانلىقنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە بولغان چەكسىز رەھىم-شەپقىتى بۇنى تەقەززا قىلىدۇ»[1].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مال-دۇنيانىڭ كۆپ بولۇشى ۋە ئالىي مەنسەپ كۆپ ھاللاردا ئادەمنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسىدە بولغانلارلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

2. ۋاقىتلىق ئامەتلەرگە كۆرەڭلەپ كېتىش مۇسۇلمانلارغا ياراشمايدىغان قىلىق بولۇپ، ئۇ پۇشايماننىڭ ئەلچىسىدۇر.

3. ھەرقانداق بىر مىللەتتە، ھەرقانداق بىر جامائەتتە كىشىلەرگە يول كۆرسىتىدىغان ئالىملارنىڭ بولۇشى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا قىلغان چوڭ پەزل-كەرەمىدۇر.

4. ئەقىللىق كىشىلەر مال-دۇنيانى ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

5. پۇل-مالغا چوقۇنىدىغانلار ئەڭ تېز ئېزىپ كېتىدىغانلاردۇر.

6. دىنىي ئالىملار ئىشەنچلىك يولباشچىلاردۇر.

7. ئىمانى ئاجىز، ھەتتا يوقنىڭ ئورنىدا بولسىمۇ، ئىمانى بار ئادەملەر ئىمانسىزلاردىن ئەلۋەتتە ئەۋزەلدۇر. شۇ ئازغىنە ئىمان ئۇلارنىڭ دوزاختا مەڭگۈ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشقا يېتەرلىكتۇر.

8.كىشىلەرگە تەكەببۇرلۇق قىلىدىغانلار ئاللاھ تائالا ئەڭ ياقتۇرمايدىغان ئادەملەر بولۇپ، ئۇلار ئىلاھىي رەھمەتتىن مەھرۇم قالغۇچىلاردۇر.

9. بىر ياخشىلىققا ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە مۇكاپات بېرىش ۋە بىر گۇناھقا بىرلا جازا بېرىش ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا ئىلتىپاتىدۇر.

10. ياخشى ئاقىۋەتنىڭ مۇئمىنلەرگە خاس ئىكەنلىكى ئويئوچۇق ھەقىقەتتۇر.

## ◄ مەككىگە قايتىش ھەققىدىكى بىشارەت

﴿إِنَّ ٱلَّذِى فَرَضَ عَلَيْكَ ٱلْقُرْءَانَ لَرَآدُّكَ إِلَىٰ مَعَادٍۚ قُل رَّبِّىٓ أَعْلَمُ

[1] «التفسير الواضح» 2- توم، 848- 851- بەتلەر.

مَن جَآءَ بِٱلْهُدَىٰ وَمَنْ هُوَ فِى ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ ﴿٨٥﴾ وَمَا كُنتَ تَرْجُوٓا۟ أَن
يُلْقَىٰٓ إِلَيْكَ ٱلْكِتَٰبُ إِلَّا رَحْمَةً مِّن رَّبِّكَ ۖ فَلَا تَكُونَنَّ ظَهِيرًا
لِّلْكَٰفِرِينَ ﴿٨٦﴾ وَلَا يَصُدُّنَّكَ عَنْ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ بَعْدَ إِذْ أُنزِلَتْ إِلَيْكَ ۖ
وَٱدْعُ إِلَىٰ رَبِّكَ ۖ وَلَا تَكُونَنَّ مِنَ ٱلْمُشْرِكِينَ ﴿٨٧﴾ وَلَا تَدْعُ مَعَ ٱللَّهِ
إِلَٰهًا ءَاخَرَ ۘ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ۚ كُلُّ شَىْءٍ هَالِكٌ إِلَّا وَجْهَهُۥ ۚ لَهُ ٱلْحُكْمُ
وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ ﴿٨٨﴾

## ◄ تەرجىمىسى

**85**-(ئى پەيغەمبەر!) ساڭا قۇرئاننى (يەتكۈزۈشنى ۋە ئەمەل قىلىشنى) پەرز قىلغان زات ئەلۋەتتە سېنى قايتىدىغان يەر (مەككە) گە قايتۇرىدۇ، ئېيتقىنكى، «كىمنىڭ ھىدايەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، كىمنىڭ ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىنى رەببىم ئوبدان بىلىدۇ».

**86**-سەن ئىلگىرى قۇرئاننىڭ ساڭا ۋەھيى قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلمىغان ئىدىڭ، پەقەت رەببىڭ رەھمەت قىلىپ (ساڭا ئۇنى ۋەھيى قىلدى)، سەن كاپىر-لارغا ھەرگىز ياردەمچى بولمىغىن.

**87**-ساڭا ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى نازىل قىلىنغاندىن كېيىن، (كاپىرلار) سېنى ئۇ ئايەتلەر (گە ئەمەل قىلىش)دىن ھەرگىز توسۇپ قويمىسۇن. (كىشىلەرنى) رەببىڭگە دەۋەت قىلغىن، ھەرگىزمۇ مۇشرىكلاردىن بولمىغىن.

**88**-ئاللاھقا قوشۇپ باشقا بىر (ساختا) ئىلاھقا ئىبادەت قىلمىغىن. ئاللاھتىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھنىڭ زاتىدىن باشقا ھەممە نەرسە يوقالغۇچىدۇر، ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقا خاستۇر، سىلەر ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دەيدۇكى، ساڭا «قۇرئان كەرىم»نى نازىل قىلىپ، ئۇنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈشنى ۋە ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىشنى پەرز قىلىپ بەلگىلىگەن زات-ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە سېنى سۆيۈملۈك يۇرتۇڭ مەككىگە قايتۇرىدۇ.

ئايەتتىكى ﴿مَعَادٍ﴾ يەنى «قايتىدىغان يەر» دېگەن كەلىمە توغرۇلۇق

مۇپەسسىرلەر ئىختىلاپ قىلىشقان بولۇپ، ئايەتتىكى «قايتىدىغان يەر»نى ئاخىرەت، جەننەت، دەپ تەپسىر قىلغانلارمۇ بار. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: ئى پەيغەمبەر! ساڭا «قۇرئان كەرىم»نى نازىل قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنى پەرز قىلغان زات ئەلۋەتتە سېنى ئاخىرەتتە ساڭا ۋەدە قىلىنغان ئالىي مەرتىۋىگە يەتكۈزىدۇ. ئەمما ئىكرىمە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئايەتتىكى «قايتىدىغان يەر»نى مەككە دەپ تەپسىر قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان[1]. مۇقاتىل، مۇجاھىد، زەھھاك قاتارلىق مۇپەسسىرلەرمۇ شۇنداق تەپسىر قىلغان.

«أيسر التفاسير»دىمۇ شۇ مەنىدە تەپسىر قىلىنغان ۋە مۇنداق دېيىلگەن: «سەن مەككىگە ئۇنى فەتھى قىلغان هالدا قايتىسەن»[2]. بۇ ئايەتتىكى «قايتىدىغان يەر»نى مەككە دەپ تەپسىر قىلغاندا، «قۇرئان كەرىم»نىڭ غەيبلەردىن خەۋەر بېرىشتەك بىر مۆجىزىسى ئوتتۇرىغا چىققان بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ ئانا يۇرتى بولغان مەككىگە قايتۇرىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇ ۋەدە ئەمەلگە ئاشقان. شۇڭا بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىگە زەپەر قۇچقان هالدا كىرىدىغانلىقى ھەققىدە ئالدىن بېرىلگەن بېشارەت بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقىنى ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ۋەدىلىرىنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى، بۇ ئايەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن ئىلگىرى نازىل بولغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن يەنە مەككىگە زەپەر بىلەن قايتىپ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە ئالدىن خەۋەر بەرگەن. بۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ غەيبلەردىن خەۋەر بېرىشتىكى مۆجىزىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! بۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، رەببىم ئاشكارىنى، يوشۇرۇننى، بولغان ۋە بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېنىق بىلىدۇ، ئۇ كىمنىڭ ھىدايەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ۋە كىمنىڭ ئازغۇنلۇق ئىچىدە تېڭىرقاپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلىدۇ. ئالدىنقىسىنى كىشىلەرنىڭ سۆيۈقەستلىرىدىن قوغدايدۇ ۋە ئۇنىڭغا نۇسرەت ئاتا

[1] «تفسير الطبري» 19ـتوم، 641ـبەت.
[2] «أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير» 4ـ توم، 105ـ بەت.

قىلىدۇ. ئەمما كېيىنكىسىنى ئۇنىڭ ئازغۇنلۇقى سەۋەبلىك جازالايدۇ.

ئى پەيغەمبەر! سەن ئىلگىرى ساڭا بۇنداق بىر قۇرئاننىڭ نازىل قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلىپمۇ باقمىغان ۋە ئۇنىڭدىن ئۈمىدمۇ كۈتمىگەن ئىدىڭ. ئەمما ئاللاھ تائالا ساڭا ئۆز تەرىپىدىن كاتتا بىر رەھمەت ۋە ئەڭ ئېسىل سوۋغات سۈپىتىدە ئۇنى ساڭا نازىل قىلدى. شەكسىزكى، ساڭا نازىل قىلىنغان بۇ ئۇلۇغ كىتاب ھەقىقەتنىڭ ئۆزىدۇر، كىشىلەر ئۈچۈن ھىدايەتتۇر، تەقۋادارلارغا خۇش بېشارەتتۇر.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سەن ئىككى ئالەملىك غەلىبىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان تۆۋەندىكى بەش چوڭ پىرىنسىپقا ئەمەل قىلغىن:

**1.** قانداقلا شارائىتتا ۋە قانداقلا شەكىلدە بولسۇن، كاپىرلارنىڭ تەرىپىنى تۇتمىغىن، ئۇلارغا ياردەمچى بولۇپ قالمىغىن. ئەكسىچە، ھەمىشە مۇئمىنلەرنىڭ تەرىپىدە ۋە ئۇلارنىڭ ياردىمىدە بولغىن. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا سېنى كىشىلەرنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن چوقۇم قوغدايدۇ.

**2.** ساڭا نازىل قىلىنغان ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى كىشىلەرگە تولۇق يەتكۈزۈشۈڭ ئۈچۈن ساڭا ھېچقانداق نەرسە توسالغۇ بولمىسۇن، يەنى كاپىرلارنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشىغا ھەرگىز يول قويمىغىن. ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلرَّسُولُ بَلِّغۡ مَآ أُنزِلَ إِلَيۡكَ مِن رَّبِّكَۖ وَإِن لَّمۡ تَفۡعَلۡ فَمَا بَلَّغۡتَ رِسَالَتَهُۥۚ وَٱللَّهُ يَعۡصِمُكَ مِنَ ٱلنَّاسِۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡكَٰفِرِينَ﴾ يەنى ﴿ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنى (تولۇق) يەتكۈزگىن، ئەگەر (شۇنداق) قىلمىساڭ، ئاللاھنىڭ دىنىنى يەتكۈزمىگەن بولىسەن. ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[1].

**3.** قولۇڭدىن كەلگەن دەۋەت ئۇسۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا چاقىرىشنى داۋاملاشتۇرغىن. دەۋەت ئىشىدا ھەرگىز سۇسلۇق قىلمىغىن.

**4.** مۇشرىكلاردىن بولۇپ قالمىغىن. چۈنكى، مۇشرىكلارنىڭ ئىشلىرىغا رازى بولغان ياكى ئۇلارغا مايىل بولغان ئادەم ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ قالىدۇ.

---

[1] مائىدە سۈرىسى: 67-ئايەت.

5. ھەرقانداق بىر ئەمەل-ئىبادەتنى ئاللاھ تائالاغىلا قىلغىن، ساختا ئىلاھلاردىن بىرەرسىنى قوشۇپ قىلمىغىن. يەنى ئىبادەتنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا خالىس قىلغىن.

مەلۇمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىقى مەنئى قىلىنغان ئىشلارنىڭ بىرەرسىنى قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇ كىشىلەرنى يۇقىرىقى ئىشلاردىن توسۇپ كېلىۋاتقان بىر پەيغەمبەر تۇرسا، ئۆزى بۇ ئىشلارنى قانداقمۇ قىلسۇن؟! ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن بۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دېيىلىدى؟ بۇنىڭ جاۋابى شۇكى، يۇقىرىقىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خۇددى «قىزىم سىزگە ئېيتاي، كېلىنىم سىز ئاڭلاڭ» دېگەن تەرىقىدە قىلىنغان تەۋسىيەلەردۇر.

ئى ئىنسانلار! سىلەر بارلىق ئىبادەتنى يېگانە رەببىڭلار بولغان ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە قىلماي، قانداقمۇ ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنىسىلەر؟ ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىلاھ يوق تۇرسا، ئۇنىڭ زاتىدىن باشقا ھەممە نەرسە بىر كۈنى چوقۇم يوقىلىدىغان تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنىڭغا خالىس ئىبادەت قىلمايسىلەر؟

ھەقىقەت شۇكى، دۇنيادىكى ھەممە نەرسە بىر كۈنى چوقۇم يوقىلىدۇ. پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ زاتىلا مەڭگۈ قالىدۇ، چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ھاياتى مەڭگۈلۈك ھايات بولۇپ، ئۇنىڭ باشلىنىشى بولمىغاندەك، تۈگەنچىسىمۇ يوقتۇر. مەخلۇقاتلار ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىش پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، مۇتلەق ھاكىمىيەت ئۇنىڭغا خاستۇر. ئى ئىنسانلار! سىلەر ھەممىڭلار بۇ دۇنيادىكى ياخشى-يامان بارلىق ئىشلىرىڭلاردىن ھېساب بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ دەرگاھىغا چوقۇم قايتۇرۇلىسىلەر. شۇ چاغدا سىلەر ياخشى قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ مۇكاپاتىنى، يامان قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ جازاسىنى كۆرىسىلەر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىلىرى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ۋەدىسىگە ئەسلا خىلاپلىق قىلمايدۇ.

2. جېدەل-ماجىرالاردا ئۆزىنى بېسىۋېلىش، مۇنازىرىلەردە سىلىق ۋە يۇمشاق بولۇش مۇسۇلمانىنىڭ ئەخلاقىدۇر.

3. كاپىرلار بىلەن بىرلىشىش، ئۇلارغا مۇسۇلمانلارغا قارشى ياردەم

بېرىش ئەڭ ئېغىر گۇناھتۇر.

4. كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش قىيىن ۋە شەرەپلىك يول بولۇپ، بۇ يولدا يۈرگەنلەرنىڭ سەۋرچان، چىداملىق ۋە سىلىق بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

5. قىيامەت قايىم بولغاندا، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەممە پانىي بولىدۇ.

# ئەنكەبۇت سۈرىسى

ئەنكەبۇت سۈرىسى 69 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، ئىكرىمە، ھەسەن، جابىر، ئەتا قاتارلىقلارنىڭ قارىشىچە، بۇ سۈرىنىڭ ھەممىسى مەككىدە نازىل بولغان. قەتادە ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ھەممىسى مەدىنىدە نازىل بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇلاردىن يەنە سۈرىنىڭ ئالدىنقى ئون ئايىتىدىن باشقىلىرى مەككىدە نازىل بولغان دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ سۈرە مەككە بىلەن مەدىنە ئوتتۇرىسىدا نازىل بولغان، دېگەن[1].

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: سىناقلارغا، پىتنىلەرگە ۋە زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەندە مۇستەھكەم تۇرۇشقا ئۈندەش ۋە ئۇنىڭ گۈزەل نەتىجىلىرىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى 41-ئايەتتە كەلگەن ئۆمۈچۈك مەنىسىدىكى ﴿ٱلۡعَنكَبُوتِ﴾ دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ، مەزكۇر ئايەتتە كاپىرلارنىڭ ئىشلىرى ئۆمۈچۈكنىڭ تورىغا ئوخشىتىلغان. شۇڭا بۇ سۈرە «ئەنكەبۇت سۈرىسى» دەپ ئاتالغان.

بۇ سۈرىدە قىيىن سىناقلارنىڭ ۋە قىيىنچىلىقلارنىڭ مۇئمىنلەرنى قانداق تاۋلاپ يېتىشتۈرىدىغانلىقى، ئاللاھ يولىدا قىلىنىدىغان جىھادلارنىڭ ئالدى بىلەن مۇجاھىدلار ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكى، ياخشى ئەمەللەرنىڭ گۇناھلارنى ئۆچۈرىدىغانلىقى، ئاتا-ئانىغا قېتىرقىنىپ، ياخشى خىزمەت قىلىشنىڭ پەرزلىكى، مۇناپىقلارنىڭ ئاللاھ يولىدىكى قىيىنچىلىقلارغا ھەرگىز بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقى، بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىسى، مۇشرىكلارنىڭ ۋە ئەھلى كىتابنىڭ ئازغۇنلۇقىغا بەزى مىساللارنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سەپسە-تىسىنى بىتچىت قىلىش، پەيغەمبەرلەرنىڭ راستچىللىقىنى ئىسپاتلاش ۋە كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەرلەر ھەققىدىكى شۈبھىلىرىگە رەددىيە بېرىش

[1] «تفسير القرطبي» 13-توم، 323-بەت.

قاتارلىق مەسىلىلەر بايان قىلىنغان.

ئاخىردا، ياخشى ئاقىۋەتنىڭ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۆئمىنلەرگە خاس ئىكەنلىكى، ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىگە رىزىق بېرىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقى، ھەقىقىي ھاياتلىق ئاخىرەتتىكى ھاياتلىق ئىكەنلىكى، قۇرەيشنىڭ ھەرەمنىڭ قوشنىسى بولۇش شەرىپىگە ئېرىشكەن تۇرۇقلۇق ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلمىغانلىقى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان.

## ◄ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىرادىسىنى كۈچەيتىش ۋە كاپىرلارنى قورقۇتۇش

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿الٓمٓ ۝١ أَحَسِبَ ٱلنَّاسُ أَن يُتۡرَكُوٓاْ أَن يَقُولُوٓاْ ءَامَنَّا وَهُمۡ لَا
يُفۡتَنُونَ ۝٢ وَلَقَدۡ فَتَنَّا ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡۖ فَلَيَعۡلَمَنَّ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ
صَدَقُواْ وَلَيَعۡلَمَنَّ ٱلۡكَٰذِبِينَ ۝٣ أَمۡ حَسِبَ ٱلَّذِينَ يَعۡمَلُونَ
ٱلسَّيِّـَٔاتِ أَن يَسۡبِقُونَاۚ سَآءَ مَا يَحۡكُمُونَ ۝٤ مَن كَانَ يَرۡجُواْ لِقَآءَ
ٱللَّهِ فَإِنَّ أَجَلَ ٱللَّهِ لَأٓتٖۚ وَهُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ ۝٥ وَمَن جَٰهَدَ فَإِنَّمَا
يُجَٰهِدُ لِنَفۡسِهِۦٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَغَنِيٌّ عَنِ ٱلۡعَٰلَمِينَ ۝٦ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ
وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَنُكَفِّرَنَّ عَنۡهُمۡ سَيِّـَٔاتِهِمۡ وَلَنَجۡزِيَنَّهُمۡ أَحۡسَنَ
ٱلَّذِي كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ۝٧﴾

### ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ ئەلىف، لام، مىيم(بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

2ـ ئىنسانلار «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي قېلىۋېرىمىز، دەپ ئويلاپ قالدىمۇ؟

3ـبىز ھەقىقەتەن ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرنىمۇ سىنىغان. ئاللاھ (ئىمانىدا) راستچىللارنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ، يالغانچىلارنىمۇ ئەلۋەتتە بىلىدۇ.

4ـيامان ئىش قىلىدىغانلار بىزدىن قېچىپ قۇتۇلالايمىز دەپ ئويلاپ قالدىمۇ؟ ئۇلارنىڭ چىقارغان ھۆكمى نېمىدېگەن يامان!

5ـكىمكى ئاللاھنىڭ ئالدىغا بېرىشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، (بىلسۇنكى) ئاللاھنىڭ (قىيامەت ئۈچۈن بەلگىلىگەن) ۋاقتى چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

6ـكىمكى جىھاد قىلىدىكەن، ئۇ پەقەت ئۆزى ئۈچۈن جىھاد قىلغان بولىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ جاھان ئەھلىدىن بىھاجەتتۇر.

7ـئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ گۇناھلىرىنى چوقۇم ئۆچۈرىۋېتىمىز ۋە ئەلۋەتتە ئۇلارنى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بويىچە مۇكاپاتلايمىز.

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئەللامە فەخرۇددىن رازىي بۇ سۈرىنىڭ بىرىنچى ئايىتىنىڭ ﴿الٓمٓ﴾ بىلەن باشلانغانلىقىنىڭ ھېكمىتى توغرۇلۇق كۆپلىگەن مۇھىم مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. «التفسير الواضح» نىڭ مۇئەللىپى دوكتۇر مەھمۇد ھىجازى بۇنى تۆۋەندىكىدەك ئىخچاملىغان:

«سۆزنى جايىدا ئىشلىتىشنى بىلىدىغان ماھىر غەپلەتتىكى ئادەملەرگە خىتاب قىلماقچى بولغىنىدا، سۆزنى ئۇلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان ۋە ئۇلارنى غەپلەتتىن ئويغىتىدىغان بىر باشلىنىش بىلەن باشلايدۇ. بۇ باشلىنىش گاھىدا «دىققەت!» ياكى«ئاڭلا!» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بولسا، گاھىدا «ئى پەيغەمبەر!» ياكى «قارىغىنا ئى پالانى!» دېگەنگە ئوخشاش نىدا بولۇشى مۇمكىن، ھەتتا گاھىدا ئىسقىرتىش ياكى چاۋاك چېلىشقا ئوخشاش ئاۋاز چىقىرىش ئارقىلىق دىققەتنى جەلپ قىلىدىغان ھەرىكەتلەر بولۇشى مۇمكىن. ئەرەب تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن مەلۇمكى، بايان قىلىنماقچى بولغان مەسىلە ئالاھىدە مۇھىم بولغاندا، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش ۋە ئۇلارنى سەگەك ھالغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشتا قوللىنىلىدىغان سۆزلەر ئىشلىتىلىدۇ.

ناۋادا سۆزلىگۈچى سۆزنى بەزى ئۇزۇك ھەرپلەر بىلەن باشلىسا، بۇ

ئاڭلىغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى بەكرەك سەگەك ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دىكى سۈرىلەرنىڭ بەزىسىنىڭ بېشىدا كەلگەن ﴿الٓمٓ﴾، ﴿الٓر﴾، ﴿الٓمٓر﴾، ﴿حمٓ﴾ قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئۈزۈك ھەرپلەر ئەنە شۇنداق ۋەزىپىنى ئۆتەيدۇ.

ئەمدى بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال كېلىشى مۇمكىن، نېمە ئۈچۈن بەزى سۈرىلەر شۇنداق مەنىسى مۇئەييەن بولمىغان ھەرپلەر بىلەن باشلانغان؟ بۇنىڭغا شۇنداق جاۋاب بېرىمىزكى، ئىنساننىڭ ئەقلى بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىشتىن ئاجىز كېلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ياخشى بىلىدۇ، دېيىشتىن باشقىسىنى ئېيتالمايمىز. شۇنداقتىمۇ ئاللاھ تائالا كۆڭلىمىزگە سالغانلارنى دېگۈمىز كېلىدۇ. بىز دەيمىزكى، ھەرپلەر بىلەن باشلانغان سۈرىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بېشىدا كىتاب ياكى قۇرئان توغرىسىدا سۆز ئېچىلغان. مەسىلەن: بەقەرە، ئال ئىمران، ئەئراف، ياسىن، قاف سۈرىلىرى ۋە ھامىيم بىلەن باشلانغان سۈرىلەرگە ئوخشاش. پەقەت مەريەم، ئەنكەبۇت ۋە رۇم قاتارلىق ئۈچ سۈرىلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

بۇنىڭدىكى ھېكمەتلەردىن بىرى شۇكى، «قۇرئان كەرىم» ئادەتتىكى كىتاب ئەمەس، ئۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادىتىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئۇ ھاياتلىقنىڭ دەستۇرىدۇر. شۇڭا «قۇرئان كەرىم» ئۆزى توغرۇلۇق بايانلىرىنى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغايدىغان ھەرپلەر بىلەن باشلىغان.

بېشىدا كىتاب ياكى قۇرئان ھەققىدە بايان بولمىغان رۇم، مەريەم ۋە ئەنكەبۇت سۈرىلىرىنىڭمۇ مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس ھەرپلەر بىلەن باشلانغانلىقى سۈرىدىكى بايانلارنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. مەسىلەن: ئەنكەبۇت سۈرىسىدە مۇسۇلمان ئادەمنىڭ بېشىغا كېلىدىغان سىناقلار، مەريەم سۈرىسىدە زەكەرىييا، يەھيا ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قىسسىلىرى بايان قىلىنغان، رۇم سۈرىسىدە بولسا يېقىن كېلەچەكتە بولىدىغان ئىشلاردىن خەۋەر بېرىلگەنگە ئوخشاش. بۇلارنىڭ ھەممىسى دىققەتنى جەلپ قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بايانلاردۇر»[1].

---

[1] «التفسير الواضح» 2-توم، 855-بەت، «مفاتيح الغيب للرازي» 25-توم، 23-بەت.

بىز مەنىسى مۇئەييەن بولمىغان بۇ خىلدىكى ئۈزۈك ھەرپلەرنىڭ بەزى سۈرىلەرنىڭ باشلىرىغا كەلتۈرۈلگەنلىكى ئەلۋەتتە بىرەر ھېكمەت ياكى بىرەر مەقسەت بىلەن بولغانلىقىغا چىن ئىشىنىمىز ۋە ھېچ شەكلەنمەيمىز. ﴿هُوَ ٱلَّذِيٓ أَنزَلَ عَلَيۡكَ ٱلۡكِتَٰبَ مِنۡهُ ءَايَٰتٌ مُّحۡكَمَٰتٌ هُنَّ أُمُّ ٱلۡكِتَٰبِ وَأُخَرُ مُتَشَٰبِهَٰتٌۖ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمۡ زَيۡغٌ فَيَتَّبِعُونَ مَا تَشَٰبَهَ مِنۡهُ ٱبۡتِغَآءَ ٱلۡفِتۡنَةِ وَٱبۡتِغَآءَ تَأۡوِيلِهِۦۖ وَمَا يَعۡلَمُ تَأۡوِيلَهُۥٓ إِلَّا ٱللَّهُۗ وَٱلرَّٰسِخُونَ فِي ٱلۡعِلۡمِ يَقُولُونَ ءَامَنَّا بِهِۦ كُلٌّ مِّنۡ عِندِ رَبِّنَاۗ وَمَا يَذَّكَّرُ إِلَّآ أُوْلُواْ ٱلۡأَلۡبَٰبِ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھ ساڭا قۇرئاننى نازىل قىلغان زاتتۇر. ئۇنىڭدا مۇھكەم (مەنىسى ئېنىق) ئايەتلەر باركى، ئۇلار قۇرئاننىڭ ئاساسىدۇر؛ يەنە باشقا مۇتەشابىھ (كۆپ مەنىلەرگە دالالەت قىلىدىغان) ئايەتلەر بار. دىللىرىدا ئەگرىلىك بولغان كىشىلەر پىتنە قوزغاش ۋە ئۆز رايى بويىچە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىكى مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ. ھالبۇكى، بۇنداق ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ. ئىلىمدا توشقانلار ئېيتىدۇكى: «ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، ھەممىسى رەببىمىز تەرىپىدىن كەلگەن» (بۇنىڭدىن) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا پەند-نەسىھەت ئالىدۇ﴾.[1]

### ◄ تەپسىرى

ئىنسانلار «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالمايمىز، ھەقىقىي مۇئمىنلەرنى ئالدامچى مۇناپىقلاردىن ئايرىپ چىقىدىغان قىيىن سىناقلار-غا، ئېغىر كۆلپەتلەرگە ئۇچرىمايمىز ۋە زور ئىمتىھانلاردىن ئۆتكۈزۈلمەي قېلىۋېرىمىز، دەپ ئويلامدۇ؟ ﴿وَلِيَبۡتَلِيَ ٱللَّهُ مَا فِي صُدُورِكُمۡ وَلِيُمَحِّصَ مَا فِي قُلُوبِكُمۡۚ وَٱللَّهُ عَلِيمُۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ﴾ يەنى ﴿(ئاللاھنىڭ بۇنداق قىلىشى) كۆڭلۈڭلاردىكىنى سىناش ۋە قەلبىڭلاردىكى نەرسىلەرنى تازىلاش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ كۆڭۈللەردىكىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر﴾[2].

بۇ ئايەتلەر مەككىدە كاپىرلار تەرىپىدىن چىدىغۇسىز ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە ۋە تۈرلۈك ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىغان ئەممار، ياسىر، سۇمەييە، ئەيياش، سەلەمە، ۋەلىد ئىبنى ۋەلىد قاتارلىق مۇئمىنلەر ھەققىدە نازىل بولغان. قۇرەيش كاپىرلىرى ھەمىشە ئۇلارغا ئەزىيەت قىلاتتى ۋە ئۇلارنى ئەڭ ۋەھشىي جىسمانىي ئازابلار بىلەن ئازابلايتتى. بۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ

---

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 7ـ ئايەت.
[2] ئال ئىمران سۈرىسى: 154ـ ئايەت.

كۆڭلى قاتتىق بىئارام بولاتتى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بۇ كاپىرلارغا مۇسۇلمانلارنى بوزەك قىلىش ئىمكانىيىتى بەرگەنلىكىگە ھەيرانلىق ھېس قىلاتتى. شۇڭا بۇ ئايەتلەر ئۇلارغا تەسەللى بېرىش ۋە مۇئمىنلەرنى قىيىن سىناقلار بىلەن سىناش ئاللاھ تائالانىڭ ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كەلگەن قانۇنىيىتى ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن نازىل بولغان[1]. ﴿وَلِيُمَحِّصَ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَيَمۡحَقَ ٱلۡكَٰفِرِينَ﴾ يەنى ﴿بۇ يەنە ئاللاھنىڭ مۇئمىنلەرنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىشى ۋە كاپىرلانى ھالاك قىلىشى ئۈچۈندۇر﴾ [2].

مۇپەسسىرلەر شۇنداق دەيدۇكى، گەرچە بۇ ئايەتلەر ئۆز ۋاقتىدا مەككىدە كاپىرلار تەرىپىدىن بوزەك قىلىنغان ساھابىلەر ھەققىدە نازىل بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھۆكمى تا قىيامەتكىچە باقىيدۇر. يەر يۈزىدە ئىسلام دىنى ۋە ئۇنى مۇداپىئە قىلىدىغان مۇئمىنلەر مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن، ئۇلارنىڭ بېشىغا ھەر خىل قىيىن سىناقلارنىڭ ۋە جاپا-مۇشەققەتلەرنىڭ كېلىدىغانلىقى مۇقەررەردۇر. چۈنكى، جەننەتكە كىرىش ئوڭاي ئەمەس. ئاللاھ تائالا بۇنداق قىلىش ئارقىلىق مۇئمىنلەرنى تېخىمۇ كۆپ ئەجىر-ساۋابقا ئېرىشتۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئاخىرەتلىك مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلىشنى ۋە ئۇلارغا ئاتالغان مۇكاپاتلارنى كۆپەيتىشنى خالايدۇ. بۇ شۇنداق ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتتۇر.

﴿ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرنىمۇ بىز ھەقىقەتەن سىنىغان﴾. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ زالىم نەمرۇد تەرىپىدىن ئوتقا تاشلانغانلىقى، زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام بىلەن يەھيا ئەلەيھىسسالامنىڭ يەھۇدىيلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، بەزى مۇئمىنلەرنىڭ كاپىرلار تەرىپىدىن ۋەھشىي ئۇسۇلدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكى قاتارلىقلار بۇنىڭ مىسالى. ئەمما ئۇلار شۇنچىلىك قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە ئۇچرىغان بولسىمۇ ئىمانىدىن ۋە ئىرادىسىدىن قەتئىي قايتمىغان. ئىمام بۇخارىي خەبباب ئىبنى ئەرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «بىز ئەھۋالىمىزنى بايان قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا باردۇق. ئۇ زات كەئبىنىڭ سايىسىدا ئولتۇراتتى، بىز ئۇنىڭغا: ‹يارەسۇلۇللاھ! بىزگە ئاللاھتىن ياردەم سورىمامسىلا؟ بىز ئۈچۈن دۇئا قىلمامسىلا؟› دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە جاۋاب بېرىپ: «قَدْ

[1] «تفسير القرطبي» 13-توم، 323-بەت، «التفسير الواضح» 2-توم، 856-بەت.
[2] ئال ئىمران سۈرىسى: 141-ئايەت.

كَانَ مَنْ قَبْلَكُمْ ، يُؤْخَذُ الرَّجُلُ فَيُحْفَرُ لَهُ فِي الأَرْضِ ، فَيُجْعَلُ فِيهَا ، فَيُجَاءُ بِالْمِنْشَارِ فَيُوضَعُ عَلَى رَأْسِهِ فَيُجْعَلُ نِصْفَيْنِ ، وَيُمْشَطُ بِأَمْشَاطِ الحَدِيدِ ، مَا دُونَ لَحْمِهِ وَعَظْمِهِ ، فَمَا يَصُدُّهُ ذَلِكَ عَنْ دِينِهِ ، وَاللَّهِ لَيَتِمَّنَّ هَذَا الأَمْرُ ، حَتَّى يَسِيرَ الرَّاكِبُ مِنْ صَنْعَاءَ إِلَى حَضْرَمَوْتَ ، لاَ يَخَافُ إِلَّا اللَّهَ ، وَالذِّئْبَ عَلَى غَنَمِهِ ، وَلَكِنَّكُمْ تَسْتَعْجِلُونَ» يەنى «سىلەردىن ئىلگىرىكىلەر چوڭقۇر ئازگالغا تاشلىناتتى، ئاندىن ھەرە بىلەن بېشىدىن ئايىغىغا قەدەر ھەرىدىلىپ ئىككى پارچىغا بۆلۈنەتتى، ئاندىن تېنى تۆمۈر تارغاقلار بىلەن تارىلاتتى، سۆڭەكلىرى گۆشلىرىدىن ئاجرىتىلاتتى، ئەمما بۇ ئازابلار ئۇلارنى ئىماندىن ياندۇرالمايتتى. ئاللاھ بۇ دىننى چوقۇم غالىب قىلىدۇ. ھەتتا سەنئادىن ماڭغان كارۋان ھەزرەمەۋتكە قەدەر ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمىغان، بۆرىنىڭ قويلارغا ھۇجۇم قىلىشىدىن خاتىرجەم ھالدا سەپەر قىلىدىغان بولىدۇ. لېكىن سىلەر ئالدىراپ كېتىۋاتىسىلەر» دېدى[1].

بەزى مۇپەسسىرلەر يۇقىرىقى: ﴿فَلَيَعۡلَمَنَّ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ صَدَقُواْ وَلَيَعۡلَمَنَّ ٱلۡكَٰذِبِينَ﴾ دېگەن ئايەتنى مۇنداق دەپ تەپسىر قىلغان: ئاللاھ تائالا سىناش ئارقىلىق ئىماندا راستچىل بولغان مۇئمىنلەرنى چوقۇم ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ، ئىماندا يالغانچى بولغان مۇناپىقلارنىمۇ چوقۇم ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۇلارنى سىناشتىن ئىلگىرىمۇ بىلەتتى.

يامان ئىشلارنى قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنى بىزنىڭ ئازابىمىزدىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيمىز، دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇلار بىزنىڭ قولىمىزدىن قېچىپ چىقىپ كېتەلەيمىز، دەپ خام خىيال قىلامدۇ؟ ئىش ھەرگىز ئۇلار ئويلىغاندەك ۋە ئۇلار خام خىيال قىلغاندەك ئەمەس. بەلكى رەببىڭ ئۇلارنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىغا يېتەرلىك جازا بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ بارلىق قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ، بۇنىڭ جازاسىنى تارتماي قۇتۇلۇپ كېتىمىز، دەپ ئويلاپ چىقارغان بۇ ھۆكمى، بۇ خام خىيالى نېمىدېگەن يامان!

كىمكى ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا بارىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن ۋە ئۇنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، شۇنداقلا ئۇنىڭ جازاسىدىن قورقىدىكەن، ئۇ ئاللاھ تائالا بىلەن ئۇچرىشىدىغان شۇ قىيامەت كۈنى ئۈچۈن چوقۇم تەييارلىق كۆرسۇن، ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ

[1] «صحيح البخاري» 9ـ توم 20ـ بەت،6943ـبەت.

قىلىسۇن، ياراتقۇچىغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن، ئەمەل-ئىبادەتلەرنى پەقەت ئۇنىڭ ئۈچۈنلا خالىس قىلسۇن ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلسۇن! ئاللاھ تائالا ئۈچرىشىش ئۈچۈن بەلگىلىگەن ۋاقىت-قىيامەت چوقۇم كېلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلىش تولىمۇ زۆرۈردۇر. ئاللاھ تائالا بارلىق مۇناجاتلارنى، ھەرقانداق پىچىرلاشلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ئىنسانلارنىڭ قىلغان بارلىق ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

يۇقىرىدا ئۈچ ھەقىقەت ئۆتتى. ئۇلار: مۇئمىن ئادەمنىڭ قىيىنچىلىقلار بىلەن سىنىلىدىغانلىقى، گۇناھكارلارنىڭ جازاسىنى چوقۇم تېتىيدىغانلىقى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ مۇكاپاتىنى ئۈمىد قىلىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ مۇكاپاتلىرىغا تولۇق ئېرىشىدىغانلىقىدىن ئىبارەتتۇر.

﴿إِنَّ ٱللَّهَ لَغَنِيٌّ عَنِ ٱلْعَٰلَمِينَ﴾ دېگەن ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتقا قىلچە ھاجىتى يوقلۇقىنى ۋە ھەممىنىڭ ئاللاھ تائالاغا موھتاج ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ﴿عَنِ ٱلْعَٰلَمِينَ﴾ دېگەن سۆز ئىنسان، جىن، پەرىشتە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندەك، بارچە مەخلۇقاتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[1]. خۇلاسىسى شۇكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ تائەت-ئىبادەتلىرىدىن ئەلۋەتتە بىھاجەتتۇر. چۈنكى، ئىتائەتمەنلەرنىڭ ئىبادەتلىرىدىن ئاللاھ تائالاغا بىرەر پايدا يەتمەيدۇ، گۇناھكارلارنىڭ ئاسىيلىقلىرىدىنمۇ ئۇنىڭغا ھېچبىر زىيان يەتمەيدۇ. شۇڭا كىمكى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدىكەن، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن جىھاد قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، بۇنىڭ پايدىسى پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ. شۇنىڭدەك، كىمكى نەپسى خاھىشىنى يېڭىپ، ھەقىقەت ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇش يولىدا ئۆز نەپسى ۋە شەيتان بىلەن كۈرەش قىلىدىكەن، ئۇمۇ پەقەت ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، بۇنىڭ پايدىسى ئۇنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ. ﴿مَّنْ عَمِلَ صَٰلِحًا فَلِنَفْسِهِۦ ۖ وَمَنْ أَسَآءَ فَعَلَيْهَا ۗ﴾ يەنى ﴿كىمكى ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ پايدىسى ئۆزىگىدۇر، كىمكى يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ زىيىنىمۇ ئۆزىگىدۇر﴾[2]، ﴿إِنْ أَحْسَنتُمْ أَحْسَنتُمْ لِأَنفُسِكُمْ ۖ وَإِنْ أَسَأْتُمْ فَلَهَا ۚ﴾ يەنى ﴿(ئى ئىسرائىل ئەۋلادى!) ئەگەر ياخشى ئىش قىلساڭلار، ئۆزۈڭلار

[1] مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسى ئۆز ئالدىغا بىردىن ئالەمدۇر. مەسىلەن: ئىنسانلار ئالىمى، پەرىشتىلەر ئالىمى دېگەنگە ئوخشاش («أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير»4-توم، 110-بەت).

[2] فۇسسىلەت سۈرىسى: 46-ئايەت.

ئۆچۈن ياخشى ئىش قىلغان بولىسىلەر، يامان ئىش قىلساڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن يامان ئىش قىلغان بولىسىلەر﴾ [1].

ئىمان ئېيتىپ، ئاندىن شۇ ئىماننىڭ تەقەززاسى بويىچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە كەلسەك، ئەلۋەتتە بىز ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشتىن ئىلگىرىكى بارلىق گۇناھلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىپ يوققا چىقىرىمىز. چۈنكى، ئىمان ئېيتقان ئادەم ئۆزىنىڭ ھاياتى ئۈچۈن يېڭى بىر بەت ئاچقان بولىدۇ، ئىلگىرىكىسى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇلار يامان ئىشلارنى تاشلاپ، ياخشى ئىشلارنى قىلسا، ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتقاندىن كېيىنكى بەزى گۇناھلىرىنى ۋە خاتالىقلىرىنىمۇ كەچۈرۈم قىلىمىز. بۇ ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلنىڭ مۇكاپاتىدۇر.

ئىنسان ئۆزىنى قانچىلىك پاك تۇتسىمۇ بەربىر بەزى خاتالىقلاردىن ۋە گۇناھلاردىن خالىي بولالمايدۇ. بەزى كىشىلەر ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن بىرلىكتە يامان ئەمەللەرنىمۇ قىلىپ قويىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلغان بەندىسىنىڭ گۇناھلىرىنى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلىدۇ. ﴿وَءَاخَرُونَ ٱعْتَرَفُواْ بِذُنُوبِهِمْ خَلَطُواْ عَمَلًا صَٰلِحًا وَءَاخَرَ سَيِّئًا عَسَى ٱللَّهُ أَن يَتُوبَ عَلَيْهِمْ﴾ يەنى ﴿گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە ياخشى ئىشنى يامان ئىش بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قىلغان يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر باركى، ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشى ئۈمىدلىكتۇر﴾[2].

﴿ئەلۋەتتە ئۇلارنى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بويىچە مۇكاپاتلايمىز﴾ يەنى ئۇلارنى قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا بېرىلىدىغان مۇكاپات بىلەن مۇكاپاتلايمىز. بۇنىڭ مەنىسى، ئاللاھ تائالا ئەڭ ياخشى ئەمەللەرگە مۇكاپات بېرىپ، ئەڭ ياخشى بولماي قالغانلىرىنى مۇكاپاتسىز قويىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى ئۇلارنىڭ بارلىق ياخشى ئەمەللىرىنى ئەڭ ياخشى ئەمەللەر قاتارىدا باھالاپ، ئەڭ ياخشى ئەمەلنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىمان ياخشى ئەمەلدىن بىھاجەت بولالمايدۇ. چۈنكى، ئىمان ياخشى

---

[1] ئىسرا سۈرىسى: 7-ئايەت.
[2] تەۋبە سۈرىسى: 102-ئايەت.

ئەمەللەر ئارقىلىقلا ئۆزىنى نامايان قىلالايدۇ.

2. دىنىي مەجبۇرىيەتلەر ئىنسانلار ئۈچۈن بىر تۈرلۈك سىناقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، دىنىمىزدا ئىنساننىڭ تاقىتى يەتمەيدىغان مەجبۇرىيەتلەر يوقتۇر.

3. زالىملارنىڭ دەرھال جازالانماسلىقى ئۇلارنىڭ جازالانمايدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇنتۇپ قالمايدۇ ۋە جازالاشقا ئالدىراپمۇ كەتمەيدۇ، بىراق جازاسىز قويمايدۇ.

4. ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان ۋە نەپسىنىڭ يولسىز تەلەپلىرىنى يېڭىش يولىدا كۈرەش قىلغانلار بۇ ئىشلارنى پەقەت ئۆزلىرى ئۈچۈن قىلىدۇ. چۈنكى، پايدىسىنى ئۆزلىرى كۆرىدۇ.

### ◄ مۇسۇلمانلارغا سىناق، كاپىرلار بىلەن مۇناپىقلارغا ئاگاھلاندۇرۇش

﴿وَوَصَّيۡنَا ٱلۡإِنسَٰنَ بِوَٰلِدَيۡهِ حُسۡنٗاۖ وَإِن جَٰهَدَاكَ لِتُشۡرِكَ بِي مَا
لَيۡسَ لَكَ بِهِۦ عِلۡمٞ فَلَا تُطِعۡهُمَآۚ إِلَيَّ مَرۡجِعُكُمۡ فَأُنَبِّئُكُم بِمَا
كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ٨ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَنُدۡخِلَنَّهُمۡ
فِي ٱلصَّٰلِحِينَ ٩ وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَقُولُ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ فَإِذَآ أُوذِيَ
فِي ٱللَّهِ جَعَلَ فِتۡنَةَ ٱلنَّاسِ كَعَذَابِ ٱللَّهِۖ وَلَئِن جَآءَ نَصۡرٞ مِّن رَّبِّكَ
لَيَقُولُنَّ إِنَّا كُنَّا مَعَكُمۡۚ أَوَلَيۡسَ ٱللَّهُ بِأَعۡلَمَ بِمَا فِي صُدُورِ ٱلۡعَٰلَمِينَ
١٠ وَلَيَعۡلَمَنَّ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَلَيَعۡلَمَنَّ ٱلۡمُنَٰفِقِينَ ١١ وَقَالَ
ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لِلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّبِعُواْ سَبِيلَنَا وَلۡنَحۡمِلۡ خَطَٰيَٰكُمۡ
وَمَا هُم بِحَٰمِلِينَ مِنۡ خَطَٰيَٰهُم مِّن شَيۡءٍۖ إِنَّهُمۡ لَكَٰذِبُونَ ١٢
وَلَيَحۡمِلُنَّ أَثۡقَالَهُمۡ وَأَثۡقَالٗا مَّعَ أَثۡقَالِهِمۡۖ وَلَيُسۡـَٔلُنَّ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ
عَمَّا كَانُواْ يَفۡتَرُونَ ١٣﴾

### ◄ تەرجىمىسى

8-ئىنساننى ئاتا-ئانىسىغا (قىلىشقا تېگىشلىك ياخشىلىق ۋە خىز-

مەتنى) ﻗﯧﺘﯩﺮﻗﯩﻨﯩﭗ قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئەگەر ئاتا-ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، سىلەرنىڭ قايتىشىڭلار مەن تەرەپكىدۇر. شۇ چاغدا مەن سىلەرگە قىلمىشلىرىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن.

9-ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى چوقۇم ياخشىلار قاتارىغا كىرگۈزىمىز.

10-بەزى كىشىلەر: «ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ، ئاللاھنىڭ يولىدا بىرەر ئەزىيەت تارتسا، كىشىلەردىن يەتكەن ئەزىيەتنى ئاللاھنىڭ ئازابىغا ئوخشاش قىلىۋېلىپ (ۋايساپ كېتىدۇ ۋە ئىماندىن يېنىۋالىدۇ)، ئەگەر رەببىڭدىن بىرەر مەدەت كەلسە: «بىز ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە ئىدۇق» دەيدۇ. ئاللاھ جاھان ئەھلىنىڭ قەلبىدىكىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان زات ئەمەسمۇ؟

11-ئاللاھ مۇئمىنلەرنى ئوبدان بىلىدۇ، مۇناپىقلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.

12-كاپىرلار ئىمان ئېيتقانلارغا: «بىزنىڭ يولىمىزغا ئەگىشىڭلار، سىلەر-نىڭ گۇناھىڭلارنى بىز ئۈستىمىزگە ئالىمىز» دېدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار مۇئمىنلەرنىڭ گۇناھلىرىدىن ھېچ نەرسىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ. شەكسىزكى، ئۇلار ئەلۋەتتە يالغانچىلاردۇر.

13-ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ (ئۆزى ئازدۇرغان كىشىلەرنىڭ) گۇناھلىرىنىمۇ ئۆزىگە يۈكلىۋالىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلار ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىققان يالغان سۆزلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە سوراققا تارتىلىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

بىز ھەقىقەتەن ئىنسانىنى ئاتا-ئانىسىغا قىلىدىغان خىزمەتلەرنى قېتىرقىنىپ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ، مۇكەممەل قىلىشقا، ئۇلارغا ئەڭ ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشقا ۋە ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى قايتۇرۇشقا بۇيرۇدۇق.

﴿وَوَصَّيۡنَا ٱلۡإِنسَٰنَ بِوَٰلِدَيۡهِ حُسۡنٗاۖ﴾ يەنى ﴿ئىنسانىنى ئاتا-ئانىسىغا (قىلىشقا تېگىشلىك ياخشىلىقلارنى ۋە خىزمەتنى) قېتىرقىنىپ قىلىشقا بۇيرۇدۇق﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿حُسۡنٗا﴾ دېگەن سۆز «اِحْسَانْ» دېگەن سۆز بىلەن بىر مەنىدە بولۇپ، قېتىرقىنىش، جان-دىل بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىش دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆز ئاتا- ئانا ھەققىدە كەلگەندە، ئۇلارغا قېتىرقىنىپ، جان دىل بىلەن

كۆيۈنۈپ خىزمەت قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ سۆز يەنە خەير-ساخاۋەت قىلىش، ياردەم قىلىش، ياخشىلىق قىلىش دېگەن مەنىلەردىمۇ كېلىدۇ. ئەمما ئاتا-ئانىغا بۇ مەنىدە ئىشلىتىلمەيدۇ. چۈنكى، ئاتا-ئانىغا خىزمەت قىلىش باشقىلارغا قىلىپ قويىدىغان خالىسانە ياخشىلىق ئەمەس، بەلكى ئۇ دىنىي ۋە ئىنسانىي مەجبۇرىيەتتۇر. ﴿حُسْنًا﴾ دېگەن بۇ سۆز ﴿وَأَحْسِن كَمَآ أَحْسَنَ ٱللَّهُ إِلَيْكَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەنمۇ (باشقىلارغا) ياخشىلىق قىلغىن﴾ [1] دېگەن ئايەتتە ياخشىلىق قىلىش دېگەن مەنىدە كەلگەن.

ئىنسانغا يەنە شۇنى دېدۇقكى، ئەگەر ئاتا-ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان، يەنى ئىلاھلىقتا يارىمايدىغان قانداقلا بىر نەرسىنى ماڭا شېرىك قىلىپ قوشۇۋېلىشقا زورلىسا، سەن ئۇلارغا ھەرگىز ئىتائەت قىلمىغىن. چۈنكى، ھەممىڭلار ئاخىرى مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىپ كېلىسىلەر. مەن شۇ چاغدا سىلەردىن ھېساب ئالىمەن. شۇ ۋاقىتتا مەن ھەر كىمگە ئۆزىنىڭ ياخشىلىق ياكى يامانلىقتىن قىلغانلىرىغا قاراپ مۇكاپات ۋە جازا بېرىمەن.

شۇڭا ھېچكىم ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشلاردا ئاتا-ئانىسىغا ئىتائەت قىلمىسۇن، ئاتا-ئانىسى ئۇنى ئىمانغا زىت كېلىدىغان ئىشلارغا مەجبۇرلىسا، ئۇلارغا قەتئىي بويسۇنمىسۇن. ئەمما ئۇلارغا كامالىي ئېھتىرام بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى ۋە قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىشنى ئۇنتۇمىسۇن. ھەركىم ئۆزىنىڭ دىنىي ئەقىدىسىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ، توغرا يولدا مېڭىشنى داۋاملاشتۇرسۇن. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاتا-ئانىسىنى تاشلىۋەتمەي، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلغانلىقىنىڭ ھەممىسىگە كاتتا ساۋاب بېرىدۇ ۋە ئۇنى قىيامەت كۈنىدە ئەڭ ئېسىل مۇكاپاتلار بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. چۈنكى، ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، قىيىنچىلىقلارغا چىدامچانلىق كۆرسەتكەن، ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا يەتكەن ئەزىيەت ۋە زىيان-زەخمەتلەرگە سەۋر قىلغان كىشىلەر ئاخىرەتتە ئەلۋەتتە سالىھلار، پەيغەمبەرلەر ۋە شېھىتلەر بىلەن بىرلىكتە ئېسىل جەننەتلەردە بولىدۇ.

ئى مۇسۇلمان قېرىندىشىم! سالىھلاردىن بولۇشنى ئاسان ئىش دەپ ئويلىماڭ. «سالىھ»لىق مەرتىۋىسىنى ھەرگىز ئاددىي مەرتىۋە دەپ ئويلىماڭ. ئىمام شافىئىي ئۆزى شۇنچىلىك تەقۋادار زات تۇرۇپ: «مەن

[1] قەسەس سۈرىسى: 77- ئايەت.

سالىھلاردىن ئەمەس، ئەمما سالىھلارنىڭ قاتارىدىن بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن»[1] دېگەن ئىكەن. بارلىق پەيغەمبەرلەر ئاللاھ تائالادىن ئۆزىنىڭ سالىھلارنىڭ قاتارىدا بولۇشنى تىلەيتتى. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالاممۇ دۇئاسىدا ئۆزىنىڭ سالىھ ۋە ياخشى بەندىلەر قاتارىدىن بولۇشنى تىلەيتتى. ئۇ مۇنداق دەيتتى: ﴿وَأَدۡخِلۡنِي بِرَحۡمَتِكَ فِي عِبَادِكَ ٱلصَّٰلِحِينَ﴾ يەنى ﴿رەھمىتىڭ بىلەن مېنى سالىھ بەندىلىرىڭ قاتارىغا كىرگۈزگىن﴾[2]. ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەققىدە: ﴿وَإِنَّهُۥ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ لَمِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ئاخىرەتتە ئۇ ئەلۋەتتە سالىھلار قاتارىدا بولىدۇ﴾[3] دەيدۇ.

ھەقىقىي مۇئمىنلەر تۈرلۈك سىناقلاردىن ئۆتۈش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىمانىنى ئىسپاتلايدۇ. ئىسلام تارىخى بۇنداق ئەزىمەتلەرنىڭ ئۆرنەكلىرىگە بايدۇر. مەسىلەن: بىلال، سۇھەيب، ياسىر قاتارلىق ساھابىلەر ئۆز ئەقىدىسىنى قوغداش يولىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەزىز جېنىنى پىدا قىلغان ۋە ئىمانى بىلەن غەلىبە قىلغان زاتلار ئىدى.

ئەمما مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە، مۇناپىقلارنىڭمۇ بارلىقىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك. چۈنكى، ئۇلار ئازراق ئۆزگىرىش بولسا ياكى ئاددىيلا بىر سىناققا دۇچ كەلگەن ھامان ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى ھېچبىر زامان مۇناپىقلاردىن خالىي بولغان ئەمەس، ھەر زامان ۋە ھەر يەردە، مۇسۇلمانلار تېپىلغانلا يەردە مۇناپىقلارمۇ تېپىلىدۇ.

مۇناپىقلار ئۆزلىرىنى مۇئمىنلەرنىڭ قاتارىدىن كۆرسىتىپ يۈرىدۇ، ئۇلارمۇ خۇددى مۇئمىنلەرگە ئوخشاش ئىمان ئېيتتۇق دەيدۇ ۋە مۇسۇلمانچە يۈرىدۇ، ئەمما ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا بەدەل تۆلەشكە دۇچ كەلگەن چاغدا، ھامان ئۆزلىرىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ ۋە ئىچكى دۇنياسىنى نامايان قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار چىن قەلبىدىن ئورۇن ئالمىغان ئېغىزاكى بىر ئىمان يولىدا بەدەل تۆلەشنى خالىمايدۇ. شۇڭا دىندا سىنىلىش ھەقىقىي مۇئمىنلەرنى تاۋلاپ چىقىدىغان، مۇناپىقلارنى شاللاپ چىقىدىغان چوڭ ئىمتىھاندۇر.

[1] «التفسير الواضح» 2ـتوم، 860ـبەت.
[2] نەمل سۈرىسى: 19ـئايەت.
[3] بەقەرە سۈرىسى: 130ـئايەت.

مۇناپىقلار شۇنداق رەزىل مەخلۇقلاركى، مۇسۇلمانلارغا ئاللاھ تائالادىن ياردەم ۋە نۇسرەتلەر كەلگەندە، ئۇلار مۇسۇلمانلارغا: «بىز ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە ئىدۇق، بىزمۇ دىندا مۇستەھكەم تۇرغۇچىلاردىن ئىدۇق، شۇڭا غەنىيمەتلەردىن بىزگىمۇ بېرىڭلار» دەيتتى. ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ قەلب قاتلىرىدىكىنى ئېنىق بىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇلار كىمنى ئالدىماقچى؟ ئۇلار پەقەت مۇشۇ دۇنيادا مۇسۇلمانلارنى ئالدىماقچى بولىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالانى ھەرگىز ئالدىيالمايدۇ. ئاللاھ تائالا چىن دىلدىن ئىمان ئېيتقانلارنى ئوبدان بىلگەندەك، ئىككى يۈزلىمچىلىك قىلىپ يالغاندىن ئېغىزاكى ئىمان ئېيتىپ قويغان مۇناپىقلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ، ئۇلارنى چوقۇم ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇلارنى دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىدە ئازابلايدۇ. ﴿إِنَّ ٱلۡمُنَٰفِقِينَ فِي ٱلدَّرۡكِ ٱلۡأَسۡفَلِ مِنَ ٱلنَّارِ﴾ يەنى ﴿مۇناپىقلار چوقۇم دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە تاشلىنىدۇ﴾[1].

كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان يامانلىقلىرى ۋە زىيانكەشلىكلىرى ئاز بولمىغاندەك، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى يولدىن چىقىرىش ئۈچۈن قوللانغان رەزىل قىلمىشلىرى ۋە ھىيلە-مىكىرلىرىمۇ ئاز بولمىغان. بۇ ئەھۋال ھازىرمۇ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ھەر خىل شەكىلدە داۋاملاشماقتا. ئىسلام تارىخى دىننى قوغداش ۋە ئۆز ئەقىدىسىدە مۇستەھكەم تۇرۇش يولىدا ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە دۇچ كەلگەنلەرنىڭ قىسسىلىرى بىلەن تولغان. دىن يولىدا كاپىرلارنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىگە ئۇچراش قىسمىتى ساھابىلەرنىڭ دەۋرىدىن باشلاپ تا ھازىرغىچە مەۋجۇتتۇر. ساھابىلەر مەككە كاپىرلىرىنىڭ قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەتلىرى ۋە جىسمانىي ھەم مەنىۋى ھەر خىل قىيناشلىرى سەۋەبلىك ئۆز دىنىنى قوغداش يولىدا ھەبەشىستانغا ۋە مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان.

ئۆز ۋاقتىدىكى مەككىلىك كاپىرلار مۇسۇلمانلارنى جىسمانىي ئازابلاش بىلەنمۇ ئۇلارنى دىنىدىن قايتۇرۇش غەرىزىگە يېتەلمىگەن ۋە بارلىق پىلانلىرى سۇغا چىلاشقاندىن كېيىن، ئۇلارنى ھىيلە-مىكىرلەر بىلەن ئالدىماقچى بولغان. قاراڭ بۇ كاپىرلار نېمە دەۋاتىدۇ؟ ئۇلار مۇسۇلمانلارغا دەيدۇكى، «ئى دوستلار! سىلەر دىنىڭلاردىن يېنىڭلار، بىزنىڭ ۋە ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ دىنىغا قايتىپ كېلىڭلار. ئەگەر سىلەر ئېتىقاد قىلغاندەك، ئاخىرەتتە قىلمىشلاردىن ھېساب بېرىدىغان ئىش بولسا،

[1] نىسا سۈرىسى: 145-ئايەت.

سىلەرنىڭ خاتالىقلىرىڭلارنى ۋە جىمى گۇناھلىرىڭلارنى بىز ئۈستىمىزگە ئالىمىز، شۇڭا سىلەر خاتىرجەم بولۇپ بىزگە قايتىڭلار». ئەمەلىيەتتە ھېچكىم ھېچكىمنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ. كاپىرلار باشقىلار-نىڭ جازاسىنى تارتىشىپ بېرەلمەيدۇ ياكى گۇناھىنى ئۈستىگە ئېلىپ باشقىسىنى قۇتقۇزۇپ قويالمايدۇ. بەلكى ھەركىم ئۆز گۇناھىنى ئۆزى ئۈستىگە ئالىدۇ. قۇرەيش كاپىرلىرى ئۆزلىرىمۇ ئىشەنمەيدىغان بۇ يالغان-ياۋىداق سۆزلەر بىلەن مۇسۇلمانلارنى ئالدىماقچى بولغان بولسىمۇ، ئۇلار بۇ رەزىل مەقسەتلىرىگە يېتەلمىگەن. مۇسۇلمانلار ئۇلارغا ئالدانمىغان ۋە ئۆز ئەقىدىسىدىن ھېچ قايتمىغان.

كىشىلەرنى ئاستىرتىن ئازدۇرىدىغان مۇناپىقلار ۋە ئاشكارا ئازدۇرىدىغان كاپىرلار ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرى سەۋەبلىك جازالانغاننىڭ سىرتىدا، باشقىلارنى ئازدۇرغانلىقىنىڭ گۇناھى ئۈچۈنمۇ جازالىنىدۇ. ئەمما بۇ باشقىلارغا ۋەدە قىلىپ: ﴿سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى بىز ئۈستىمىزگە ئالىمىز﴾ دېگەن ۋەدىسىگە ئاساسەن ئەمەس. بەلكى ئۇ كىشىلەرنى ئازدۇرغانلىقى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن گۇناھتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مَنْ سَنَّ فِي الْإِسْلَامِ سُنَّةً حَسَنَةً ، فَعُمِلَ بِهَا بَعْدَهُ ، كُتِبَ لَهُ مِثْلُ أَجْرِ مَنْ عَمِلَ بِهَا ، وَلَا يَنْقُصُ مِنْ أُجُورِهِمْ شَيْءٌ ، وَمَنْ سَنَّ فِي الْإِسْلَامِ سُنَّةً سَيِّئَةً ، فَعُمِلَ بِهَا بَعْدَهُ ، كُتِبَ عَلَيْهِ مِثْلُ وِزْرِ مَنْ عَمِلَ بِهَا ، وَلَا يَنْقُصُ مِنْ أَوْزَارِهِمْ شَيْءٌ» يەنى «ئىسلامدا كىمكى بىر ياخشى ئىشنى باشلاپ بەرسە، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ ئۇ ئىشقا ئەمەل قىلىنسا، ئۇ كىشىگە بۇ ئىشنىڭ ساۋابى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغانلارغا يېزىلغاندەك تولۇق يېزىلىدۇ، كىمكى بىر يامان ئىشنى باشلاپ بەرسە، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ ئۇ يامان ئىش داۋاملاشسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۈستىگە ئۇ يامان ئىشنىڭ گۇناھى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يامان ئىش قىلغانلارنىڭ گۇناھى بىلەن قوشۇلۇپ تولۇق يېزىلىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە: ﴿لِيَحۡمِلُوٓاْ أَوۡزَارَهُمۡ كَامِلَةٗ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ وَمِنۡ أَوۡزَارِ ٱلَّذِينَ يُضِلُّونَهُم بِغَيۡرِ عِلۡمٍۗ أَلَا سَآءَ مَا يَزِرُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىغا تولۇق جاۋابكار بولۇشى ۋە نادانلىقتىن ئۆزلىرى ئازدۇرغانلارنىڭ بىر قىسىم گۇناھلىرىنىمۇ ئۈستىگە ئېلىشى ئۈچۈن (شۇنداق دەيدۇ). ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلىۋالغان (گۇناھ

---

[1] «صحيح مسلم» 4ـ توم 2059ـ بەت، 1017ـ ھەدىس.

لىرى نېمىدېگەن يامان!﴾[1]. بۇ كاپىرلار ئۆزلىرىنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرى توغرۇلۇق قىيامەت كۈنى چوقۇم سوراققا تارتىلىدۇ ۋە تېگىشلىك جازاسىنى تولۇق تارتىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاتا-ئانىغا ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشلاردىن باشقا پۈتۈن ئىشلاردا ئىتائەت قىلىش پەرزدۇر.

2. ئىماندا راستچىل بولۇپ، ئۇنى ياخشى ئەمەللەر بىلەن نامايان قىلغان مۆئمىنلەر ئاخىرەتتە جەننەتلەردە پەيغەمبەرلەر بىلەن ۋە شېھىتلەر بىلەن بىللە بولىدۇ.

3. مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ رەزىللىرى مۇناپىقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ خەتىرى كاپىرلارنىڭكىدىن يامان، گۇناھى كاپىرلارنىڭكىدىن ئېغىردۇر.

4. ياخشى ئىشقا سەۋەبچى بولغان ئادەم ئۇنىڭ ساۋابىدىن بەھرىمەن بولغىنىدەك، يامان ئىشقا سەۋەبچى بولغان ئادەممۇ ئۇنىڭ گۇناھىدىن نېسىۋىدار بولىدۇ.

### نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمى

﴿وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا نُوحًا إِلَىٰ قَوْمِهِۦ فَلَبِثَ فِيهِمْ أَلْفَ سَنَةٍ إِلَّا خَمْسِينَ عَامًا فَأَخَذَهُمُ ٱلطُّوفَانُ وَهُمْ ظَٰلِمُونَ ﴿١٤﴾ فَأَنجَيْنَٰهُ وَأَصْحَٰبَ ٱلسَّفِينَةِ وَجَعَلْنَٰهَآ ءَايَةً لِّلْعَٰلَمِينَ ﴿١٥﴾﴾

### تەرجىمىسى

14-شەكسىزكى، بىز نۇھنى قەۋمىگە (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، نۇھ ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەللىك يىل كەم مىڭ يىل تۇردى. ئۇلار (كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىپ ئۆزىگە) زۇلۇم قىلىۋاتقان پەيتتە ئۇلارنى توپان (بالاسى) ھالاك قىلىۋەتتى.

15-بىز نۇھنى ۋە كېمىدىكىلەرنى قۇتقۇزدۇق ۋە بۇنى ئالەملەرگە ئىبرەت قىلدۇق.

[1] نەھل سۈرىسى: 25-ئايەت.

## تەپسىرى

شەكسىزكى، بىز نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىنىڭ قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە ئىبادەتلەرنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلىدىغان ھەق دىنغا دەۋەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە توققۇز يۈز ئەللىك يىل تۇردى. ئەمما نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلمىدى، ھەدەپ ئۇنى مەسخىرە قىلدى ۋە ئۇنىڭ دەۋىتىگە قارشى قولىدىن كەلگەن رەزىللىكلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلدى. شۇنداقتىمۇ نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى ھىدايەتكە باشلاش يولىدا بارلىقىنى ئاتىغان، دەۋەتنىڭ پۈتۈن يوللىرىنى تەجرىبە قىلىپ باققان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قەۋمى زادى ئىمانغا كەلمىدى ۋە بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، كۇفرىدا ۋە زۇلۇمدا چىڭ تۇرۇۋالدى.

نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى كېچە-كۈندۈز ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشتىن زېرىكمىدى، ئۇنىڭ قەۋمىمۇ ئۇنى ئىنكار قىلىشتىن ۋە ئۇنىڭ دەۋىتىگە قارشى تۇرۇشتىن زېرىكمىدى، ئۇلار قولىدىن كەلگەن يامانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قىلدى. شۇنداق قىلىپ، نۇھ ئەلەيھىسسا-لامنىڭ دەۋىتى بارغانسېرى ئۇلاردا ئەكس تەسىر قوزغايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتىدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالدى. بۇ چاغدا، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ: ﴿رَّبِّ إِنَّهُمْ عَصَوْنِي وَٱتَّبَعُواْ مَن لَّمْ يَزِدْهُ مَالُهُۥ وَوَلَدُهُۥٓ إِلَّا خَسَارًا ۝٢١ وَمَكَرُواْ مَكْرًا كُبَّارًا﴾ يەنى ﴿ئى رەببىم! ئۇلار ھەقىقەتەن ماڭا ئاسىيلىق قىلدى، پۇل-مېلى ۋە باللىچاقىلىرى ئۆزلىرىگە زىياندىن باشقىسىنى زىيادە قىلمايدىغان كىشىلەرگە ئەگەشتى. ئۇلار (ماڭا ۋە مۇئمىنلەرگە قارشى) ناھايىتى چوڭ ھىيلە-مىكىر ئىشلەتتى﴾ [1] دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامغا: ﴿لَن يُؤْمِنَ مِن قَوْمِكَ إِلَّا مَن قَدْ ءَامَنَ﴾ يەنى ﴿سېنىڭ قەۋمىڭدىن ئىلگىرى ساڭا ئىمان ئېيتقانلاردىن باشقا ئىمان ئېيتىدىغانلار چىقمايدۇ﴾ [2] دېيىش ئارقىلىق ئۇنىڭ قەۋمى ئىچىدىن ئىمان ئېيتقانلاردىن باشقا ئىمان ئېيتىدىغانلارنىڭ چىقمايدىغانلىقىنى ۋەھيى يولى بىلەن بىلدۈردى. ئۇنىڭ قەۋمى كۇفرىدا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىرگە بارچە يامانلىقلارنى قىلىشتا تازا ئۇچىغا چىققان بىر ۋاقىتتا، نۇھ

[1] نۇھ سۈرىسى: 21-22-ئايەت.
[2] ھۇد سۈرىسى: 36-ئايەت.

ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ: ﴿رَّبِّ لَا تَذَرْ عَلَى ٱلْأَرْضِ مِنَ ٱلْكَٰفِرِينَ دَيَّارًا﴾ يەنى ﴿ئى رەببىم! يەر يۈزىدە كاپىرلاردىن بىرىنىمۇ قويمىغىن﴾ [1] دەپ دۇئا قىلدى.

نۇھ ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۆزى ۋە ئۆزىگە ئەگەشكەن مۆئمىنلەر ئۈچۈن بىر يوغان كېمە ياساپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزى ۋە مۆئمىنلەر كېمىگە چىقىدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەربىر جانلىقتىن بىرەر جۈپتىن ئېلىۋالىدۇ. ئۇلار تولۇق چىقىپ بولغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن توپان بالاسى كېلىدۇ ۋە كاپىرلارنىڭ ھەممىسى، ھەتتا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى بىلەن بىر ئوغلىمۇ توپان بالاسىدا غەرق بولىدۇ. كېمىگە چىقىۋالغانلار قۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئاللاھ تائالا توپان ۋەقەسىنى ئۆزىنىڭ كامالىي قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان مۆجىزىلەر قاتارىدا ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئەسلىتىپ كەلمەكتە. بۇ قىسسىدىن ئىبرەت ئالىدىغانلار بارمۇ؟

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى توغرا يولنىڭ يېتەكچىسى قىلىپ ئەۋەتكەن.

2. بىرەر پەيغەمبەرگە ناھايىتى ئازلا كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە زىيان يەتكۈزمەيدۇ ۋە مەرتىۋىسىنى تۆۋەنلەتمەيدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى توققۇز يۈز ئەللىك يىل ئىمانغا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار ئىنتايىن ئاز بولغان. ئەمما بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ ئۇلۇل ئەزىم (ئەزىمەتلىك) بەش چوڭ پەيغەمبەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشىغا توسقۇنلۇق قىلمىغان.

3. ئاللاھ تائالانىڭ زالىملارنى توپان بالاسىدا ھالاك قىلىپ، مۆئمىنلەرنى قۇتقۇزغانلىقى كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئىبرەتتۇر.

### ◄ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمى

﴿وَإِبْرَٰهِيمَ إِذْ قَالَ لِقَوْمِهِ ٱعْبُدُوا۟ ٱللَّهَ وَٱتَّقُوهُ ۖ ذَٰلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ

[1] نۇھ سۈرىسى: 26-ئايەت.

إِن كُنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ١٦ إِنَّمَا تَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ أَوۡثَٰنٗا وَتَخۡلُقُونَ
إِفۡكًاۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ تَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ لَا يَمۡلِكُونَ لَكُمۡ رِزۡقٗا
فَٱبۡتَغُواْ عِندَ ٱللَّهِ ٱلرِّزۡقَ وَٱعۡبُدُوهُ وَٱشۡكُرُواْ لَهُۥٓۖ إِلَيۡهِ تُرۡجَعُونَ ١٧
وَإِن تُكَذِّبُواْ فَقَدۡ كَذَّبَ أُمَمٞ مِّن قَبۡلِكُمۡۖ وَمَا عَلَى ٱلرَّسُولِ إِلَّا
ٱلۡبَلَٰغُ ٱلۡمُبِينُ ١٨ أَوَلَمۡ يَرَوۡاْ كَيۡفَ يُبۡدِئُ ٱللَّهُ ٱلۡخَلۡقَ ثُمَّ يُعِيدُهُۥٓۚ
إِنَّ ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرٞ ١٩ قُلۡ سِيرُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَٱنظُرُواْ كَيۡفَ
بَدَأَ ٱلۡخَلۡقَۚ ثُمَّ ٱللَّهُ يُنشِئُ ٱلنَّشۡأَةَ ٱلۡأٓخِرَةَۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ
قَدِيرٞ ٢٠ يُعَذِّبُ مَن يَشَآءُ وَيَرۡحَمُ مَن يَشَآءُۖ وَإِلَيۡهِ تُقۡلَبُونَ ٢١
وَمَآ أَنتُم بِمُعۡجِزِينَ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَلَا فِي ٱلسَّمَآءِۖ وَمَا لَكُم مِّن دُونِ
ٱللَّهِ مِن وَلِيّٖ وَلَا نَصِيرٖ ٢٢ وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَلِقَآئِهِۦٓ
أُوْلَٰٓئِكَ يَئِسُواْ مِن رَّحۡمَتِي وَأُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ٢٣ فَمَا كَانَ
جَوَابَ قَوۡمِهِۦٓ إِلَّآ أَن قَالُواْ ٱقۡتُلُوهُ أَوۡ حَرِّقُوهُ فَأَنجَىٰهُ ٱللَّهُ مِنَ ٱلنَّارِۚ
إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ يُؤۡمِنُونَ ٢٤ وَقَالَ إِنَّمَا ٱتَّخَذۡتُم مِّن دُونِ
ٱللَّهِ أَوۡثَٰنٗا مَّوَدَّةَ بَيۡنِكُمۡ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۖ ثُمَّ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ يَكۡفُرُ
بَعۡضُكُم بِبَعۡضٖ وَيَلۡعَنُ بَعۡضُكُم بَعۡضٗا وَمَأۡوَىٰكُمُ ٱلنَّارُ وَمَا
لَكُم مِّن نَّٰصِرِينَ ٢٥ ۞ فَـَٔامَنَ لَهُۥ لُوطٞۘ وَقَالَ إِنِّي مُهَاجِرٌ إِلَىٰ رَبِّيٓۖ
إِنَّهُۥ هُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ٢٦ وَوَهَبۡنَا لَهُۥٓ إِسۡحَٰقَ وَيَعۡقُوبَ وَجَعَلۡنَا
فِي ذُرِّيَّتِهِ ٱلنُّبُوَّةَ وَٱلۡكِتَٰبَ وَءَاتَيۡنَٰهُ أَجۡرَهُۥ فِي ٱلدُّنۡيَاۖ وَإِنَّهُۥ فِي
ٱلۡأٓخِرَةِ لَمِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ٢٧

### تەرجىمىسى

**16**-ئىبراھىمنى (قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدۇق)، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ قەۋمىگە مۇنداق دېگەن ئىدى: « ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن قورقۇڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار بۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر.

17ـسىلەر ئاللاھنى قويۇپ پەقەتلا بۇتلارغا چوقۇنۇۋاتىسىلەر ۋە يالغاننى ئويدۇرۇپ چىقىرىۋاتىسىلەر. ھەقىقەت شۇكى، سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلار سىلەرگە رىزىق بېرىشكە قادىر ئەمەس. شۇڭا سىلەر رىزىقنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن تەلەپ قىلىڭلار، ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىڭلار، سىلەر ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.

18ـئەگەر سىلەر مېنى ئىنكار قىلساڭلار، سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرمۇ (پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلغان (شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھالاك بولغان) ئىدى. پەيغەمبەرنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت دىنىنى روشەن يەتكۈزۈشتۇر».

19ـئۇلار ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتنى دەسلەپتە قانداق يارىتىپ، ئاندىن ئۇنى (پانىي بولغاندىن كېيىن) قانداق ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟ بۇ ئاللاھقا تولىمۇ ئاساندۇر.

20ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «سىلەر زېمىننى كېزىپ، ئاللاھنىڭ (مەخلۇقاتنى) يارىتىشنى قانداق باشلىغانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار، ئاندىن ئاللاھ ئۇلارنى (قىيامەتتە) قايتا پەيدا قىلىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.

21ـئاللاھ خالىغان ئادەمنى جازالايدۇ، خالىغان ئادەمگە رەھمەت قىلىدۇ، (ئاخىرى) سىلەر ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.

22ـسىلەر مەيلى زېمىندا بولۇڭلار، مەيلى ئاسماندا بولۇڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا بىرەر ئىگە بولغۇچىمۇ، بىرەر مەدەتكارمۇ يوق».

23ـئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىشنى ئىنكار قىلغانلار ـ ئەنە شۇلار مېنىڭ رەھمىتىمدىن ئۈمىد ئۈزگەنلەردۇر، ئەنە شۇلارغا دەردلىك ئازاب بار.

24ـئىبراھىمنىڭ قەۋمىنىڭ جاۋابى: «ئىبراھىمنى ئۆلتۈرۈڭلار ياكى (ئوتقا تاشلاپ) كۆيدۈرۈڭلار!» دېيىشتىنلا ئىبارەت بولدى. ئاللاھ ئۇنى ئوتتىن قۇتقۇزدى. شەكسىزكى، بۇنىڭدا ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار.

25ـئىبراھىم ئېيتتى: «سىلەر پەقەت ئاراڭلاردىكى دۇنيا ھاياتىغا خاس دوستلۇقنى دەپلا ئاللاھنى قويۇپ بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالدىڭلار، ئاندىن قىيامەت كۈنى بىر-بىرىڭلارنى تونۇماس بولۇۋالىسىلەر، بىر-بىرىڭلارغا لەنەت ئوقۇيسىلەر، سىلەرنىڭ بارىدىغان يېرىڭلار دوزاخ بولىدۇ، سىلەرگە

ھېچقانداق ياردەم قىلغۇچى بولمايدۇ».

26ـ ئىبراھىمغا (بىرىنچى بولۇپ) لۇت ئىمان ئېيتتى. ئىبراھىم ئېيتتى: «مەن چوقۇم رەببىم (بۇيرۇغان) تەرەپكە ھىجرەت قىلىمەن. چۈنكى، ئۇ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر».

27ـ بىز ئىبراھىمغا (ئوغلى) ئىسھاقنى، (نەۋرىسى) يەئقۇبنى ئاتا قىلدۇق. (شۇنىڭدىن كېيىن) پەيغەمبەرلىكنى، (ساماۋى) كىتابنى ئۇنىڭ نەسلى (دىن كەلگەنلەر) ئىچىدە قىلدۇق، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئۇنىڭغا دۇنيادا بەردۇق، شەكسىزكى، ئۇ ئاخىرەتتىمۇ ئەلۇەتتە ياخشىلار قاتارىدىن بولىدۇ.

## تەپسىرى

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىلىم ـ ھېكمەتتە، ئەقىل ـ پاراسەتتە كامالىغا يەتكەن بىر ۋاقىتتا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا كاتتا نېمەت ئاتا قىلىپ، ئۇنى ئۆز قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدى.

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، بىز ئىنسانىيەتنى كۇفرى ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ زۇلمەتلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىماننىڭ ۋە ھىدايەتنىڭ نۇرىغا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەندەك، ئىبراھىمنىمۇ ئۆز قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدۇق. ئىبراھىم ئۆز ۋاقتىدا قەۋمىگە مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئى قەۋمىم! سىلەر ئىبادەتنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا قىلىڭلار، ئۇنىڭدىنلا قورقۇڭلار، چۈنكى، سىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھىڭلار يوقتۇر، ئەگەر بىلسەڭلار، بۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر. سىلەر ھازىر ھېچكىمگە پايدا ياكى زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بۇتلارغا، تاشلارغا چوقۇنۇۋاتىسىلەر، سىلەر بۇ قىلمىشىڭلار بىلەن يالغاننى توقۇۋاتىسىلەر» دېگەن ئىدى.

ئۇلارنىڭ يالغاننى توقۇغانلىقىنىڭ مەنىسى: ئۇلارنىڭ ئۆز قوللىرى بىلەن ياسىۋالغان بۇتلىرىنى ئىلاھلىرىمىز ياكى ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى ۋەياكى شاپائەتچىلىرىمىز دەپ ئاتىۋالغانلىقى ئىدى. گويا ئۇلار بۇ بۇتلارنى پەقەت يالغاننى توقۇش ۋە تۆھمەتلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىش ئۈچۈنلا ياساپ چىققان.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ دەيدۇكى، سىلەر ئاللاھ تائالانى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلار سىلەرگە رىزىق بېرەلمەيدۇ، ئۇلار سىلەرگە ئازراق مەنپەئەت يەتكۈزۈشكىمۇ قادىر ئەمەس.

ئەھۋال بولىدىغان ئىكەن، سىلەر رىزىقنى ئاللاھ تائالادىن تىلەڭلار. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىگە رىزىق بەرگۈچى، ئاسمان-زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەممە نەرسىنىڭ پادىشاھلىقى، بايلىقى ۋە ھۆكۈمرانلىقى ئىلكىدە بولغان زاتتۇر. ئۇ خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنىڭكىنى تار قىلىدۇ. ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، شەيئىلەرنىڭ ئەڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك تەرەپلىرىنىمۇ ئېنىق بىلگۈچىدۇر.

ئەگەر سىلەر بۇ ھەقىقەتلەرنى چۈشەنگەن بولساڭلار، ئىبادەتنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار، ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە لايىقىدا شۈكۈر قىلىڭلار. چۈنكى، سىلەر چوقۇم ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر. شۇڭا سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا بارىدىغان قىيامەت كۈنى ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھەقىقىي رەۋىشتە شۈكۈر قىلىش بىلەن تەييارلىق كۆرۈڭلار.

بىلىمەنكى، سىلەر مېنى ئىنكار قىلىۋاتىسىلەر، سۆزلىرىمگە ئىشەنمەيۋاتىسىلەر. ئەمما شۇنى ئۇنتۇماڭلاركى، سىلەرنىڭ مېنى ئىنكار قىلىشىڭلار ماڭا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، مېنى دەۋەت يولۇمدىن توسۇپ قالالمايدۇ. چۈنكى، ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرمۇ ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى شۇنداق ئىنكار قىلغان. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىنكارى پەيغەمبەرلەرگە قىلچە زىيان يەتكۈزەلمىگەن، ئۇلارنى دەۋەت يولىدىن توسالمىغان. بەلكى ئىنكار قىلغان قەۋملەر ئۆزلىرى زىيان تارتقان ۋە ئەڭ ئىبرەتلىك شەكىلدە جازالانغان. چۈنكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى ھەق دىننى تولۇق يەتكۈزۈشتۇر. ئەمما ھىدايەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇنى خالىغان ئادەمگە نېسىپ قىلىدۇ. ئىنكارچىلاردىن ھېساب ئېلىش ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. پەيغەمبەرلەر ئۆزلىرى ئۈستىگە ئالغان دەۋەت قىلىش ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلغان ئىكەن، ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتقان ياكى ئېيتمىغانلىقىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ. چۈنكى، كىشىلەرگە ھىدايەت ئاتا قىلىش ئۇلارنىڭ قولىدا ئەمەس، ئۇلارنىڭ قولىدىكىسى كىشىلەرنى ھىدايەت يولىغا يېتەكلەشتۇر.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەردە ئاۋۋال تەۋھىد ئەقىدىسىنى بايان قىلغان، ئاندىن ﴿پەيغەمبەرنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتۇر﴾ دېگەن ئايەت ئارقىلىق دەۋەتكە ئىشارەت قىلغان. بۇ ئىككىسىدىن كېيىن، ﴿ئۇلار ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتنى دەسلەپتە قانداق بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) قانداق

تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى (ئويلاپ) كۆرمىدىمۇ؟ بۇ ئاللاھقا تولىمۇ ئاساندۇر﴾ دېگەن ئايەت ئارقىلىق قىيامەت كۈنىدىكى توپلاشنى (ھەشرنى) بايان قىلغان. چۈنكى، تەۋھىد، دەۋەت ۋە ھەشردىن ئىبارەت بۇ ئۈچ ھەقىقەت بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدۇ.

ئۇلار كور بولۇپ قالدىمۇ؟ ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ دەسلەپتە مەخلۇقاتنى قانداق ياراتقانلىقىنى ۋە بۇ ھەقىقەتنىڭ دەلىللىرىنى كۆرمەيۋاتامدۇ؟ ئەقىل ئۆزى يالغۇزلا يارىتىلىشنىڭ مەنبەسى ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىنى ۋە ھەممە ئاللاھ تائالانىڭ يارىتىشى بىلەن بار بولغانلىقىنى بىلىدۇ. چۈنكى، سەنئەتكارسىز سەنئەت، ئاپتورسىز ئەسەر مەيدانغا چىقمىغاندەك، ياراتقۇچىسىز مەۋجۇدات بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا بارچە مەخلۇقاتنى ئۆزى ياراتقانلىقىنى جاكارلىدى، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم مەخلۇقاتنى مەن ياراتتىم دەپ ئوتتۇرىغا چىققان ئەمەس ۋە چىقالمايدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ياراتقۇچىنىڭ ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش ھەممىدىن ئاۋۋال ئەقىلنىڭ تەلىپىدۇر، ئاندىن ۋىجداننىڭ تەلىپىدۇر. شۇڭا بۇ ئايەتتە، بۇ ھەقىقەتنى ﴿بىلمىدىمۇ؟﴾ دېيىشنىڭ ئورنىغا ﴿كۆرمىدىمۇ؟﴾ دېيىلگەن. گويا بۇ ھەقىقەت خۇددى كۆز بىلەن كۆرۈپ تولۇق قانائەت ھاسىل قىلغاندەك جەزملەشكەن.

ياراتقۇچىنىڭ ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىنى، قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەشتىن مەقسەت مەخلۇقاتنى يوقتىن بارلىققا كەلتۈر-گەن زاتنىڭ مەخلۇقات ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنى تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتۇر. زادى شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بىر نەرسىنى دەسلەپتە ئىجاد قىلغان ئادەم ئۈچۈن ئۇ نەرسىنى چۇۋۇپ قايتا قۇراشتۇرۇش ئۇنى يوقتىن ئىجاد قىلىشتىن ئاسان ئەمەسمۇ؟ ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ھەممە ئىش ناھايىتى ئاسان بولسىمۇ، يوقتىن بار قىلىشقا قارىغاندا، بارنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش تېخىمۇ ئاساندۇر. كاپىرلار گەرچە ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلسىمۇ، ئۇلار ئۆزىنى ئۆزى ياراتمىغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ چوقۇم بىر تاشقى سەۋەبنىڭ تۈرتكىسى بىلەن پەيدا بولغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، بۇ كاپىرلارنىڭ ئۆزىنىڭ يارىتىلغانلىقىغا ئىشىنىپ تۇرۇپ، ياراتقۇچىنى ئىنكار قىلىشى نېمىدېگەن ئەخمەقلىق؟ بۇ نېمىدېگەن ئەقىلسىزلىق؟ ئۇلار قانداقمۇ قىيامەتنى، بولۇپمۇ، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلىدۇ؟

ئاندىن ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بۇ ئىنكارچى

كاپىرلارغا دەيدۇكى، سىلەر يەر يۈزىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىنى كېزىپ چىقىڭلار، شۇ ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ يېگانە ياراتقۇچى ئىكەنلىكىگە ۋە چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەرنى، كائىنات دەلىللىرىنى كۆرۈپ تەپەككۇر قىلىڭلار. ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، مەخلۇقاتنى يوقتىن بار قىلىشقا قادىر بولغان زاتنىڭ ئۇلارنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىپ يېتىسىلەر. قىسقىسى، ئاللاھ تائالانىڭ سۈسىزلىقتىن ئۆلگەن ۋە دەشتى چۆلگە ئايلىنىپ قالغان قاقاس زېمىننى يامغۇر بىلەن قانداق تىرىلدۈرۈپ ياشارتىدىغانلىقىنى كۆرگەن ئادەم ئەلۋەتتە بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يېتىدۇ.

قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرۈپ، ھېساب مەيدانىغا توپلىغاندىن كېيىن، جازاغا ھەقلىق بولغانلاردىن خالىغان كىشىنى جازالايدۇ، خالىغان كىشىگە رەھىم-شەپقەت قىلىپ، ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈۋېتىدۇ.

ئى ئىنسان ئەۋلادى! سىلەر ھەرگىز ئاللاھ تائالانى ئاجىزلاشتۇرالمايسىلەر، ئۇنىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر. ئاللاھ تائالادىن باشقا سىلەرگە ياردەم قىلغۇچى ۋە ئازابتىن قۇتۇلدۇرغۇچى يوقتۇر.

بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ۋە قىيامەت كۈنىدىكى ئۇچرىشىشنى يالغانغا چىقارغان، ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا بارىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلار ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدىنى ئۈزگەن كىشىلەردۇر. چۈنكى: ﴿إِنَّهُۥ لَا يَاْيْـَٔسُ مِن رَّوْحِ ٱللَّهِ إِلَّا ٱلْقَوْمُ ٱلْكَـٰفِرُونَ﴾ يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن پەقەت كاپىر قەۋملا ئۈمىدسىزلىنىدۇ﴾ [1]. مۇنداقلارغا ئاخىرەتتە خار قىلغۇچى ئازابلار بار.

ئەمدى ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان، ئۇنىڭ ئالدىغا بارىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن مۆئمىنلەرگە كەلسەك، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا ئەلۋەتتە يېقىندۇر.

ئەمدى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىگە قايتىمىز:

[1] يۈسۈف سۈرىسى: 87-ئايەت.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىگە ۋەز-نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى بۇتلارغا چوقۇنۇشنى تاشلاپ بىر ئاللاھ تائالاغىلا ئىبادەت قىلىشقا، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا دەۋەت قىلغىنىدا ۋە ئۆزىنىڭ پەقەت ھەق دىننى يەتكۈزۈش ۋەزىپىسى بارلىقىنى، قىيامەت ئىسىملىك بىر كۈن بولۇپ، ئۇ كۈندە ئاللاھ تائالانىڭ جىمى ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈپ ئۇلاردىن ھېساب ئالىدىغانلىقىنى، ئىمان ئېيتقانلارنىڭ بۇ كۈندە نىجاتلىققا ئېرىشىدىغانلىقىنى ۋە ئىنكار قىلغانلارنىڭ جازاغا تارتىلىدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتقىنىدا، ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ جاۋابى «ئىبراھىمنى ئۆلتۈرۈڭلار ياكى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋېتىڭلار» دېيىشتىنلا ئىبارەت بولدى. دېمەك، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازغۇن قەۋمى ئۇنىڭ شۇنچىلىك چىرايلىق، شۇنچىلىك قايىل قىلارلىق نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇشۇ جاۋابنى بەردى.

بىرى ياخشىلىققا دەۋەت قىلسا، رەھمەت ئېيتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭغا ئۆلتۈرىمىز دەپ تەھدىت سېلىش نېمىدېگەن ئەجەبلىنەرلىك ھە! دەۋەت قىلغۇچىنىڭ نېمە گۇناھى ئۈچۈن ئۇلار شۇنداق قىلىدۇ؟ پەقەت ئۇلارغا كۆيۈنگەنلىكى ۋە ياخشىلىق تىلىگەنلىكى ئۈچۈنلا شۇنداق قىلامدۇ؟

ئاللاھ تائالا بۇ ناھەقچىلىككە سۈكۈت قىلىپ تۇرامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ.

نەتىجىدە، ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى نەمرۇدنىڭ ئوت دۆۋىسىدىن ساق-سالامەت قۇتقۇزۇپ قالدۇ. ئەسلىدە زالىم نەمرۇد تولىمۇ چوڭ ۋە ھەيۋەتلىك بىر ئوتنى يېقىپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭغا ئاتقان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئوتقا ئەمر قىلىپ، ئۇنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن سالقىن ۋە ئامانلىق بولۇپ بېرىشكە بۇيرۇغان. شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوت دۆۋىسىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ھېچبىر يېرى كۆيمىگەن ھالدا، ساق-سالامەت چىققان. بۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلىنغان مۆجىزە بولۇپ، بۇنىڭدا ھەقىقەتكە ئىشىنىدىغان، ھەق دىنغا ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئەلۋەتتە نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار، ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىگە ئوپئوچۇق دەلىللەر بار. بۇنىڭدىنمۇ روشەن مۆجىزە بارمۇ؟!

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتنىڭ ئىچىدىن سالامەت چىققاندىن كېيىن، يەنە دەۋىتىنى قالغان يېرىدىن داۋاملاشتۇرۇپ دەيدۇكى، ئى قەۋمىم!

سىلەر ئاللاھ تائالانى قويۇپ، ھېچكىمگە پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان بۇتلارغا چوقۇنۇۋاتىسىلەر، سىلەر بۇ ساختا ئىلاھلارنى بۇزۇقلۇق ۋە چىرىكلىك بىلەن تولغان بۇ جەمئىيىتىڭلاردا ئۆزئارا ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىڭلارنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنلا ئىلاھ قىلىۋالدىڭلار. بۇ قىلغىنىڭلارنىڭ سىلەرگە پايدىسى ئەمەس، بەلكى زىيىنى كۆپ بولىدۇ. قىيامەت كۈنىدە سىلەرنىڭ بۇ دۇنيادىكى دوستلۇقۇڭلار دۈشمەنلىككە، مۇھەببىتىڭلار نەپرەتكە ئايلىنىدۇ، ھەتتا بىر-بىرىڭلارنى تونۇماس بولۇۋالىسىلەر ۋە بىر-بىرىڭلارغا لەنەت ئوقۇيسىلەر. ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىڭلارنى ساقلاپ قېلىش يۈزىسىدىن بۇتلارغا بىللە چوقۇنغان ئاشۇ دوستلىرىڭلار سىلەرگە ئەنە شۇندا دۈشمەن بولىدۇ، دوستلۇقۇڭلار ئەنە شۇنداق ۋەيران بولىدۇ. ئۇ چاغدا سىلەرنىڭ بارىدىغان جايىڭلار دوزاخ بولىدۇ. بۇ سىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانى قويۇپ بۇتلاردىن ئىبارەت ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنغانلىقىڭلار ۋە ھەقىقەتكە قارشى چىققانلىقىڭلارنىڭ جازاسىدۇر.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ زالىم نەمرۇدنىڭ ئوتىدىن ساق-سالامەت چىققانلىقىنى كۆرگەن لۇت ئەلەيھىسسالام دەرھال ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى بىرىنچى بولۇپ ئېتىراپ قىلىدۇ. لۇت ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكى بۇ ۋەقەدىن كېيىن بولغان.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتتىن چىقىپ ئۆزىنىڭ ئاللاھ يولىدا، ئاللاھ كۆرسەتكەن تەرەپكە ھىجرەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئايالى سارەنى ۋە قېرىندىشىنىڭ ئوغلى لۇتنى ئېلىپ ئىراقتىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئىراقتىن ھەرران دېگەن جايغا، ئاندىن پەلەستىنگە يېتىپ بارىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەلەستىندە قالىدۇ، ئەمما لۇت ئەلەيھىسسالام سەدۇم[1] دېگەن جايغا بېرىپ ماكانلىشىدۇ.

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، بىز ئىبراھىمغا ئىسمائىلدىن كېيىن ئىسھاقنى ئاتا قىلدۇق، ئىسھاقنىڭ نەسلىدىن يەئقۇبنى چىقاردۇق. شۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرنى ئۇنىڭ نەسلىدىن چىقىدىغان قىلدۇق. ئۇلارغا ساماۋى كىتابلارنى نازىل قىلدۇق.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممى-

---

[1] سەدۇم-ئىئوردانىيەدىكى ئۆلۈك دېڭىز ئەتراپىدىكى جاي.

سى ئۇنىڭ نەسلىدىن كەلگەن. ساماۋى كىتابلاردىن «تەۋرات»، «ئىنجىل»، «زەبۇر» ۋە «قۇرئان كەرىم» قاتارلىق كىتابلارمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرگە نازىل بولغان. چۈنكى، مۇسا، ئىيسا، داۋۇد ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن كەلگەن پەيغەمبەر-لەردۇر.

ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئۇنىڭغا دۇنيادا بەردۇق، شەكسىزكى، ئۇ ئاخىرەتتىمۇ ئەلۋەتتە ياخشىلار قاتارىدىن بولىدۇ﴾. پۈتۈن ساماۋى دىن ئەھلىنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئۇلۇغلىشى، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنى مەنسۇپ قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىشى بۇ مۇكاپاتنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرەتتىمۇ ئەڭ ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر-لەرنىڭ قاتارىدا ئەڭ ئېسىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشىدىغانلىقىدا شەك يوق. چۈنكى، ئۇ جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ۋە «قۇرئان كەرىم» دە ﴿ئەزىمەتلىك پەيغەمبەرلەر﴾ دەپ ئاتالغان بەش كاتتا پەيغەمبەرنىڭ بىرىدۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ۋە تەقۋالىق قىلىش دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئامانلىقنىڭ كاپالىتىدۇر.

2. بۇتلارغا ۋە ھەرقانداق بىر ساختا ئىلاھقا چوقۇنغۇچىلار ئاللاھ تائالانى تونۇمىغانلىقتىن ۋە نادانلىقتىن شۇنداق قىلىدۇ. دېمەك، ئاللاھ تائالانى قويۇپ باشقىلارغا چوقۇنغۇچىلار نادان ئىنسانلاردۇر.

3. ھەقىقەتنىڭ دۈشمەنلىرى ھەمىشە ۋە ھەر يەردە تېپىلىدۇ. مۇھىم بولغىنى ئۇلارغا كىشىلەرنى ئازدۇرۇش پۇرسىتىنى بەرمەسلىك ۋە ئۇلارغا قارشى كۈرەشتە بوشاشماسلىقتۇر.

4. ئۆلگەنلەرنى تىرىلدۈرۈش ئاللاھ تائالا ئۈچۈن قىيىن ئەمەس. چۈنكى، مەخلۇقاتنى يوقتىن بار قىلغان زات ئۇلارنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر.

5. ئىنسان قانچىلىك قۇدرەت تېپىپ كەتسۇن، ئۇ بەرىبىر ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ئاجىز ۋە بىچارە مەخلۇقتۇر. ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ قولىدىن

قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

6. ئىمان ئېيتمىغان ئادەم دوزاختا مەڭگۈ قېلىشقا مەھكۇمدۇر.

7. زالىملار مۇنازىرىدە يېڭىلگەندە ھەمىشە كۈچ ئىشلىتىشكە ئالدىرايدۇ.

8. ئاللاھ تائالانىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ئوتنىڭ كۆيدۈرۈش خۇسۇسىيىتىنى يوق قىلغانلىقى ئۇنىڭ كائىناتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

9. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا كاتتا ئىلتىپاتلارنى قىلىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن لۇت ئەلەيھىسسالام تۇنجى مۇھاجىرلاردۇر.

### ◄ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

﴿وَلُوطًا إِذۡ قَالَ لِقَوۡمِهِۦٓ إِنَّكُمۡ لَتَأۡتُونَ ٱلۡفَٰحِشَةَ مَا سَبَقَكُم بِهَا
مِنۡ أَحَدٖ مِّنَ ٱلۡعَٰلَمِينَ ٢٨ أَئِنَّكُمۡ لَتَأۡتُونَ ٱلرِّجَالَ وَتَقۡطَعُونَ
ٱلسَّبِيلَ وَتَأۡتُونَ فِي نَادِيكُمُ ٱلۡمُنكَرَۖ فَمَا كَانَ جَوَابَ قَوۡمِهِۦٓ إِلَّآ
أَن قَالُواْ ٱئۡتِنَا بِعَذَابِ ٱللَّهِ إِن كُنتَ مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ٢٩ قَالَ رَبِّ
ٱنصُرۡنِي عَلَى ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡمُفۡسِدِينَ ٣٠ وَلَمَّا جَآءَتۡ رُسُلُنَآ إِبۡرَٰهِيمَ
بِٱلۡبُشۡرَىٰ قَالُوٓاْ إِنَّا مُهۡلِكُوٓاْ أَهۡلِ هَٰذِهِ ٱلۡقَرۡيَةِۖ إِنَّ أَهۡلَهَا كَانُواْ
ظَٰلِمِينَ ٣١ قَالَ إِنَّ فِيهَا لُوطٗاۚ قَالُواْ نَحۡنُ أَعۡلَمُ بِمَن فِيهَاۖ لَنُنَجِّيَنَّهُۥ
وَأَهۡلَهُۥٓ إِلَّا ٱمۡرَأَتَهُۥ كَانَتۡ مِنَ ٱلۡغَٰبِرِينَ ٣٢ وَلَمَّآ أَن جَآءَتۡ رُسُلُنَا
لُوطٗا سِيٓءَ بِهِمۡ وَضَاقَ بِهِمۡ ذَرۡعٗاۖ وَقَالُواْ لَا تَخَفۡ وَلَا تَحۡزَنۡ إِنَّا
مُنَجُّوكَ وَأَهۡلَكَ إِلَّا ٱمۡرَأَتَكَ كَانَتۡ مِنَ ٱلۡغَٰبِرِينَ ٣٣ إِنَّا مُنزِلُونَ
عَلَىٰٓ أَهۡلِ هَٰذِهِ ٱلۡقَرۡيَةِ رِجۡزٗا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ بِمَا كَانُواْ يَفۡسُقُونَ ٣٤
وَلَقَد تَّرَكۡنَا مِنۡهَآ ءَايَةَۢ بَيِّنَةٗ لِّقَوۡمٖ يَعۡقِلُونَ ٣٥﴾

## تەرجىمىسى

28ـ لۇتنىمۇ (پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدۇق)، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ قەۋمىگە ئېيتتى: «سىلەر ھەقىقەتەن قەبىھ ئىش قىلىۋاتىسىلەر، سىلەردىن ئىلگىرى جاھان ئەھلىدىن ھېچكىم (مۇنداق قەبىھ ئىشنى) قىلغان ئەمەس.

29ـ سىلەر ھەقىقەتەن (قەبىھ ئىشلارنى قىلىۋاتىسىلەر. سىلەر ھالا) بەچچىۋازلىق قىلامسىلەر؟ يوللارنى توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلامسىلەر؟ سو- رۇنلىرىڭلاردا ئوپئوچۇق قەبىھ ئىشلارنى قىلامسىلەر؟». ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ جاۋابى: «ئەگەر (سۆزۈڭدە) راستچىللاردىن بولساڭ، بىزگە ئاللاھنىڭ ئازابىنى كەلتۈرۈپ باققىن» دېيىشتىنلا ئىبارەت بولدى.

30ـ لۇت: «ئى رەببىم! بۇزغۇنچى قەۋمگە قارشى ماڭا ياردەم بەرگىن» دېدى.

31ـ بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز ئىبراھىمغا (ئوغلى ئىسھاق توغرۇلۇق) خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بىز شۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسىنى چوقۇم ھالاك قىلىمىز. چۈنكى، ئۇنىڭ ئاھالىسى ھەقىقەتەن زالىم ئىدى » دېدى.

32ـ ئىبراھىم: «ئۇ شەھەردە لۇت بارغۇ؟» دېۋىدى. پەرىشتىلەر: «بۇ شەھەردە كىملەرنىڭ بارلىقىنى بىز ئوبدان بىلىمىز، بىز لۇتنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى ئەلۋەتتە قۇتقۇزىمىز، پەقەت ئۇنىڭ ئايالى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇ ھالاك بولغۇچىلار ئىچىدە قالىدۇ» دېدى.

33ـ بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز لۇتنىڭ ئالدىغا كەلگەن چاغدا، لۇت (قەۋمىنىڭ چېقىلىپ قويۇشىدىن) ئەنسىرەپ چوڭقۇر قايغۇغا پاتتى ۋە يۈرىكى سىقىلدى، ئۇلار ئېيتتى: «قورقمىغىن ۋە قايغۇرمىغىن، بىز سېنى ۋە ئائىلەڭنى چوقۇم قۇتقۇزىمىز، پەقەت ئايالىڭلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇ ھالاك بولغۇچىلار ئىچىدە قالىدۇ.

34ـ بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسى بۇزۇقچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا بىز چوقۇم ئاسماندىن ئازاب چۈشۈرىمىز».

35ـ ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن، بىز بۇ شەھەر (خارابىسى)دە ئوپئوچۇق بىر ئالامەت قالدۇردۇق.

## تەپسىرى

لۇتنى سەدۇم ئاھالىسىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدۇق. لۇت ئۆز ۋاقتىدا سەدۇم ئاھالىسىگە كايىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: ئى قەۋمىم! سىلەر ھەقىقەتەن ئىلگىرى ئىنسان ۋە جىندىن ھېچكىم قىلىپ باقمىغان

ئەڭ يىرگىنىشلىك ۋە ئەڭ قەبىھ بىر قىلىقنى قىلىۋاتىسىلەر. ئىنسان تەبىئىتى سىلەرنىڭ بۇ قىلىقىڭلاردىن ئەلۋەتتە يىرگىنىدۇ. سىلەر ئاياللارنى قويۇپ جىنسىي ھەۋەسىڭلارنى ئەرلەردىن قاندۇرۇشنى تىلەمسىلەر؟ تېخىچە بۇ بەچچىۋازلىقنى قىلىۋاتامسىلەر؟ يوللارنى توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلامسىلەر؟ كىشىلەرنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى بۇلاپ-تالامسىلەر؟ سورۇنلىرىڭلاردا ئەقىل ۋە دىن قوبۇل قىلمايدىغان، ھەتتا ئۆرپ-ئادىتىڭلارمۇ يول قويمايدىغان قەبىھ ئىشلارنى ۋە ئوپئوچۇق ئەدەبسىزلىكلەرنى قىلامسىلەر؟

راستتىنلا لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بەچچىۋازلىقتىن ئىبارەت ئىلگىرى جاھان ئەھلىدىن ھېچكىم قىلىپ باقمىغان ئەڭ قەبىھ قىلىقنى قىلاتتى. لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا گاھىدا چىرايلىق ۋەز-نەسىھەت بىلەن، گاھىدا كايىش بىلەن نەسىھەت قىلغان ۋە بۇ يامان قىلىقنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، ئۇلار ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىغان ۋە يامان ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا نەسىھەت قىلىشنى تەرك ئەتمىگەن ۋە ھەر پۇرسەتتە ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ كەلگەن ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئادىتى بويىچە قەۋمىگە ۋەز-نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارغا بۇ يامان قىلىقلىرى سەۋەبلىك قاتتىق ئازاب يۈزلىنىدىغانلىقىنى ئېيتقىنىدا، ئۇلارنىڭ جاۋابى: ئى لۇت! سەن بىزنى توختىماي ئاگاھلاندۇرۇپ كېلىۋاتقان شۇ ئازابنى بىزگە بىر كەلتۈرۈپ باقمامسەن؟ ئەگەر سۆزۈڭدە راستچىل بولساڭ، قېنى شۇ ئازابنى كەلتۈرمەمسەن؟ دېيىشتىن ئىبارەت بولدى. لۇت ئەلەيھىسسالام يەنە قەۋمىگە چىرايلىق ۋەز-نەسىھەت قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ جاۋابى يەنە ئۇنى مەسخىرە قىلىش ۋە سۆزلىرىنى ئىنكار قىلىشتىنلا ئىبارەت بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ سەۋر-تاقىتى تولۇپ تاشتى ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، ئۆزىنى مەسخىرە قىلىۋاتقان بۇ ئەخلاقسىز كاپىرلارغا ۋەدە قىلغان ئازابنى چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. نەتىجىدە، ئاللاھ تائالا لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، لۇت قەۋمىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ئازاب پەرىشتىلىرىنى ئەۋەتتى. پەرىشتىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئاساسەن، ئاۋۋال ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ ئىسھاق ئىسىملىك بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلىدىغانلىقى ۋە ئىسھاقتىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ نەسلىدىن سالىھ كىشىلەرنى چىقىرىدىغانلىقى توغرۇلۇق خۇش بېشارەت بېرىدۇ. ئاندىن بۇ

پەرىشتىلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئۆزلىرىنىڭ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى يۇرت-ماكانلىرى بىلەن قوشۇپ ھالاك قىلىۋېتىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى، بۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرىنىڭ كۇفرىلىقتا، ئەخلاقسىزلىقتا ۋە زۇلۇمدا ھەددىدىن ئاشقانلىقى سەۋەبلىك، ئۇلارغا ئازابنىڭ تېگىشلىك بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، قېرىندىشىنىڭ ئوغلى لۇت ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرنىڭ ئەھۋالىدىن ئەنسىرەيدۇ-دە، دەرھال ئۇلاردىن سورايدۇ: ئۇ جايدا لۇت بارغۇ؟

ئەمما پەرىشتىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇ جايدا كىملەرنىڭ بارلىقىنى ئوبدان بىلىدىغانلىقىنى، لۇت ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرنى چوقۇم قۇتقۇزىدىغانلىقىنى، پەقەت كاپىر قەۋمگە تەرەپدار بولغان ئايالىنىڭ ئازابتا قېلىپ ھالاك بولغۇچىلاردىن بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بايان قىلىپ چۈشەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلى ئارام تاپىدۇ.

ئازاب پەرىشتىلىرى لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلگەن چاغدا، لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ پەرىشتىلەر ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكتىن، ئۇلارنى قەۋمىنىڭ چېقىلىپ قويۇشىدىن قوغداپ قالالمايدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ بىردىنلا ئوڭايسىزلىنىدۇ، قاتتىق غەم-قايغۇغا پاتىدۇ ۋە كۆڭلى سىقىلىدۇ. چۈنكى، بۇ پەرىشتىلەر ئىنتايىن كېلىشكەن ياش يىگىتلەرنىڭ سۈرىتىدە كەلگەن بولۇپ، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بۇنداق يىگىتلەرنى كۆرگەن چاغدا ھەرگىز جىم تۇرمايتتى، ئۇلاردىن ئۆزلىرىنىڭ جىنسىي ھەۋەسلىرىنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا يىرتقۇچلاردەك ئېتىلاتتى.

دېگەندەك، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە مېھمان كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان قەۋم لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن بۇ مېھمانلارنى چىقىرىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ. لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ناھايىتى چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىپ، ئۇلاردىن ئۆزىنى مېھمانلىرىنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراتماسلىقىنى ئۆتۈنىدۇ، ئەمما جىنسىي ھەۋەس كۆزلىرىنى كور قىلىپ قويغان بۇ تەلۋىلەر ئىشىك تۈۋىدىن قەتئىي قايتقىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالىدۇ. بۇ جەرياندا لۇت ئەلەيھىسسالام چارىسىزلىكتىن، ئۇلارغا: ئەگەر شۇنچە زۆرۈر بولغان بولسا، مانا بۇ قىزلىرىمنى نىكاھلاپ ئېلىپ كېتىڭلار، دەپ باقىدۇ. ئەمما ئۇلار

ئۆيدىكى مېھمان يىگىتلەرنى تەلەپ قىلىشتا چىڭ تۇرۇۋالدى. لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئوڭايسىزلىقنى ۋە چىرايىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: سەن ھەرگىز قورقمىغىن، ھېچ قايغۇرمىغىن، بىز ئۇلارنى جازالاش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئازاب پەرىشتىلىرى، بىز سېنى ۋە ئائىلەڭدىكىلەرنى چوقۇم قۇتقۇزىمىز. پەقەت بۇنىڭدىن ئايالىڭلا مۇستەسنا، چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ كاپىرلىقى سەۋەبلىك ھالاك بولغۇچىلار قاتارىدا قالىدۇ. بىز ئۇلارغا چوقۇم ئاسماندىن ئازاب چۈشۈرىمىز. بۇ ئۇلارنىڭ بۇزۇقچىلىقى ۋە شۇ يىرگىنىشلىك قەبىھ قىلىقىنىڭ جازاسىدۇر.

نىھايەت، پەرىشتىلەر لۇت ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئىككى قىزىنى ۋە ئايالىنى ئېلىپ شەھەردىن چىقىپ كېتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئارقىغا قارىماسلىقىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇلار شەھەردىن چىقىپ بولغان ھامان لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە ئەۋەتىلگەن ئازاب چۈشىدۇ-دە، ئۇلار تۇرۇۋاتقان سەدۇم شەھىرى ئازاب پەرىشتىلىرى تەرىپىدىن كۆمتۈرۈلىدۇ، ئارقىدىن دەھشەتلىك تاش يامغۇرى ياغىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شەھەر ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ. ﴿فَلَمَّا جَآءَ أَمۡرُنَا جَعَلۡنَا عَٰلِيَهَا سَافِلَهَا وَأَمۡطَرۡنَا عَلَيۡهَا حِجَارَةٗ مِّن سِجِّيلٖ مَّنضُودٖ ٨٢ مُّسَوَّمَةً عِندَ رَبِّكَۖ وَمَا هِيَ مِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ بِبَعِيدٖ﴾ يەنى ﴿بىزنىڭ ئەمرىمىز كەلگەندە، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتۇق (كۆمتۈرۈۋەتتۇق)، بىز ئۇ يۇرتلارغا رەببىڭنىڭ دەرگاھىدا بەلگە سېلىنغان ساپال تاشلارنى ئۈستى-ئۈستىلەپ ياغدۇردۇق. بۇ (ئازاب) زالىملاردىن يىراق ئەمەس﴾ [1]. لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى يۇرتتا قالغانلارغا نېمە بولدىكىن دەپ ئارقىسىغا بىر قاراش بىلەنلا شۇ ھامان ئۆلىدۇ ۋە ھالاك بولغۇچىلار بىلەن بىللە ھالاك بولۇپ تۈگىشىدۇ.

نېمە ئۈچۈن ئۇلار شۇنداق قاتتىق ئازابقا ئۇچرىدى؟ بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق: ئاللاھ تائالا ئىنسانىيەتنى ئەر-ئايال قىلىپ ياراتقان بولۇپ، ئەر ئايالغا، ئايال ئەرگە موھتاجدۇر. ھەربىر جىنس قارشى تەرەپكە مايىل بولۇپ، ئۆزىنىڭ جىنسىي ھەۋەسىنى ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالا بەلگىلىۋەتكەن تەبىئىي قانۇنىيەتتۇر. ئەمما لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئىچىدىكى ئەرلەر بۇ قانۇنىيەتنى بۇزۇپ، ئۆزلىرىنىڭ جىنسىي ھەۋەسىنى ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئەرلەردىن تەلەپ قىلىدىغان، ئىلگىرى

[1] ھۇد سۈرىسى: 82-83-ئايەتلەر.

ھېچكىم قىلىپ باقمىغان بىر قەبىھ قىلمىشنى سادىر قىلغان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى يۇرتلىرى بىلەن قوشۇپ كۆمتۈرۈۋېتىش ئارقىلىق ھېچكىمنى جازالاپ باقمىغان بىر جازا بىلەن جازالاپ ھالاك قىلىۋەتكەن.

ئاللاھ تائالا بۇ قىسسىدىن كېيىن دەيدۇكى، بىز ئەقلىنى ئىشلىتىپ، مەسىلىلەرنى توغرا چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇرتى بولغان سەدۇم شەھرىدە ئىبرەتلىك ئىزلارنى ۋە ئوپئوچۇق ئالامەتلەرنى قالدۇردۇق.

مەلۇمكى، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ياشىغان سەدۇم شەھرىنىڭ خارابىسى ئاللاھ تائالانىڭ زالىملارنى ۋە ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان ئەخلاقسىزلارنى قانداق جازالىغانلىقىغا جانلىق شاھىت بولۇپ ھېلىھەم شۇ پېتى تۇرماقتا.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. زۇلۇم ۋە يولسىزلىقنىڭ ئاقىۋىتى ھالاكەت بولغىنىدەك، ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ نەتىجىسى سالامەتلىك ۋە خاتىرجەملىكتۇر.
2. ئەرنىڭ ئەرگە جىنسىي تەلەپ قويۇشتەك بەچچىۋازلىق ئەڭ قەبىھ ۋە ئەڭ يىرگىنىشلىك قىلىقتۇر
3. ئىمان بولمىسا ئىنساني يېقىنلىقلار ھېچكىمگە پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ ئايالىنى، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئوغلىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قوغداپ قالالمىغانلىقى بۇنىڭ مىسالى.
4. مېھماننى ھۆرمەتلەش ۋە قوغداش ھەقىقىي مۇئمىنلىكنىڭ ئالامىتىدۇر.
5. ئەقىل ئىنساندىكى ئەڭ قىممەتلىك نېمەت بولۇپ، ئۇنى ئىشلىتىشنى بىلمىگەنلەرگە ئۇنىڭ ھېچبىر قىممىتى يوقتۇر.

### ◄ مەديەن، ئاد ۋە سەمۇد قىسسىلىرى

﴿وَإِلَىٰ مَدْيَنَ أَخَاهُمْ شُعَيْبًا فَقَالَ يَٰقَوْمِ ٱعْبُدُوا۟ ٱللَّهَ وَٱرْجُوا۟
ٱلْيَوْمَ ٱلْءَاخِرَ وَلَا تَعْثَوْا۟ فِى ٱلْأَرْضِ مُفْسِدِينَ ﴿٣٦﴾ فَكَذَّبُوهُ

فَأَخَذَتۡهُمُ ٱلرَّجۡفَةُ فَأَصۡبَحُواْ فِي دَارِهِمۡ جَٰثِمِينَ ﴿٣٧﴾ وَعَادٗا وَثَمُودَاْ
وَقَد تَّبَيَّنَ لَكُم مِّن مَّسَٰكِنِهِمۡۖ وَزَيَّنَ لَهُمُ ٱلشَّيۡطَٰنُ أَعۡمَٰلَهُمۡ
فَصَدَّهُمۡ عَنِ ٱلسَّبِيلِ وَكَانُواْ مُسۡتَبۡصِرِينَ ﴿٣٨﴾ وَقَٰرُونَ وَفِرۡعَوۡنَ
وَهَٰمَٰنَۖ وَلَقَدۡ جَآءَهُم مُّوسَىٰ بِٱلۡبَيِّنَٰتِ فَٱسۡتَكۡبَرُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ
وَمَا كَانُواْ سَٰبِقِينَ ﴿٣٩﴾ فَكُلًّا أَخَذۡنَا بِذَنۢبِهِۦۖ فَمِنۡهُم مَّنۡ أَرۡسَلۡنَا
عَلَيۡهِ حَاصِبٗا وَمِنۡهُم مَّنۡ أَخَذَتۡهُ ٱلصَّيۡحَةُ وَمِنۡهُم مَّنۡ خَسَفۡنَا بِهِ
ٱلۡأَرۡضَ وَمِنۡهُم مَّنۡ أَغۡرَقۡنَاۚ وَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيَظۡلِمَهُمۡ وَلَٰكِن كَانُوٓاْ
أَنفُسَهُمۡ يَظۡلِمُونَ ﴿٤٠﴾

### ◄ تەرجىمىسى

36ـ مەديەن (ئاھالىسى) گە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتكەن ئىدۇق. شۇئەيب: «ئى قەۋمىم! ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار، ئاخىرەت كۈنىگە ئۈمىد باغلاڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ يۈرمەڭلار» دېدى.

37ـ ئۇلار شۇئەيبنى ئىنكار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا قاتتىق زىلزىلە يۈزلەندى ـ دە، ئۇلار ئۆيلىرىدە تىزلىنىپ ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قېلىشتى.

38ـ ئاد ۋە سەمۇد (قەۋملىرىنىمۇ ھالاك قىلدۇق. ئۇلارنىڭ قانداق ھالاك قىلىنغانلىقى) ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرىدىن سىلەرگە ئوپئوچۇق مەلۇم بولۇپ تۇرماقتا، شەيتان ئۇلارغا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ، ئۇلارنى توغرا يولدىن توستى. ھالبۇكى، ئۇلار بۇنى چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئىدى.

39ـ قارۇننى، پىرئەۋننى ۋە (ئۇنىڭ ۋەزىرى) ھامانىنى (ھالاك قىلدۇق)، شۈبھىسىزكى، مۇسا ئۇلارغا روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى، ئۇلار يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلدى. ئۇلار (بىزنىڭ ئازابىمىزدىن) قېچىپ كېتەلمىدى.

40ـ بىز ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى گۇناھى تۈپەيلىدىن ئازابقا تۇتتۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسىگە تاش ياغدۇردۇق، بەزىسىنى قاتتىق ئاۋاز ھالاك قىلدى، بەزىسىنى (مال ـ مۈلۈكى بىلەن قوشۇپ) يەرگە يۇتقۇزدۇق، بەزىسىنى (سۇدا) غەرق قىلدۇق. ئاللاھ ئۇلارغا ئۇۋال قىلمىدى، بەلكى ئۇلار ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلدى.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئۆز ۋاقتىدا مەديەن ئاھالىسىگە شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن بولۇپ، شۇئەيب ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى ئىمانغا چاقىرىپ ئۇلارغا مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئى قەۋمىم! رەببىڭلار بولغان ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئىبادەتنى ئۇنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە قىلىڭلار، چۈنكى، سىلەرگە ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، سىلەر ئاخىرەت كۈنىگە ئۈمىد باغلاڭلار، ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقۇڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، پىتنە-پاسات تېرىپ يۈرمەڭلار، يەنى سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇت ۋە ھەيكەللەردىن ئىبارەت بۇ ساختا ئىلاھلارنى تاشلاپ، جىمى ئالەملەرنىڭ ۋە جۈملىدىن سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولغان ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىڭلار، ئاخىرەتلىكىڭلارنىڭ ياخشى بولۇشىنى ئۈمىد قىلغۇدەك ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، بۇتلارغا چوقۇنۇشنى قەتئىي تاشلاڭلار، گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى سادىر قىلىش بىلەن يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، پىتنە-پاسات تېرىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار. چۈنكى، مۇنداق قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى ھەقىقەتەن يامان بولىدۇ».

ئەمما شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ بۇ چىرايلىق سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىدى، ئۇنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمىدى ۋە ھەممىسى بىرلىشىپ شۇئەيب ئەلەيھىسسالامغا قارشى چىقىشتى، ئۇلار ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن كەلگەن قاتتىق بىر ئاۋاز بىلەن تۇرغان يېرىدىلا قېتىپ قېلىپ مۇردىلارغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇلارنىڭ يۇرتى خۇددى ھېچقاچان ئادەم ئولتۇرۇپ باقمىغاندەك بولۇپ قالدى.

ئاللاھ تائالا ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىمۇ ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقى، گۇناھ-مەئسىيەتتە ھەددىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ھەر خىل ئازابلار بىلەن جازالاپ ھالاك قىلىۋەتكەن ئىدى. ئى مەككىلىكلەر! سىلەر نېمەڭلارغا ئىشىنىپ كۇفرىدا بۇنچىلىك چىڭ تۇرىسىلەر؟ سىلەردىن كۈچلۈك ۋە سىلەردىن ماھارەتلىك بولغان ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنى، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى ئەڭ ئىبرەتلىك جازالار بىلەن جازالىغان، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆي-ماكانلىرىنىمۇ تۈپتۈز قىلىۋەتكەن ئاللاھ تائالا سىلەرنى جازالىيالامدۇ؟ شەيتان ئۇلارنىڭ يامان قىلمىشلىرىنى ئۆزلىرىگە چىرايلىق ۋە توغرا قىلىپ كۆرسەتكەن، ئۇلار بولسا شەيتانغا ئەگەشكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھالاك بولۇشىغا شەرت-شارائىت ھازىرلىغان ئىدى. گەرچە ئۇلار تەپەككۇر قىلالايدىغان ۋە ئەقىل ئىشلىتىپ

بىر نەرسىلەرنى چۈشىنىدىغان قەۋم بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىدىن پايدىلانمىغان، تەپەككۇر قىلمىغان ئىدى. بۇ قىسسىلەر ئىبرەت ئېلىشقا ئەرزىمەمدۇ؟!

ئاللاھ تائالا بۇ مەنىدە دەيدۇكى، بىز قارۇننى، پىرئەۋننى ۋە پىرئەۋننىڭ زۇلۇمدا يان تايىقى بولغان ۋەزىرى هامانىنىمۇ ئەڭ ئىبرەتلىك هالدا هالاك قىلىۋەتتۇق. ئۇلارنىڭ هەممىسىنى هەددىدىن ئاشقانلىقى ۋە بىزنىڭ ئەمرىمىزگە بويسۇنمىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق جازالىدۇق. مۇسا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىگە بىز تەرەپتىن ئوپئوچۇق مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەندە، پىرئەۋن تەرەپدارلىرى چوڭچىلىق قىلدى، ئۇنى ئىنكار قىلدى ۋە ئۇ دەۋەت قىلغان ھەقىقەتكە ئەگىشىشنى خالىمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ئىبرەتلىك جازالىدۇق. ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى ياكى بىزنى ئۆزلىرىنى جازالاشتىن ئاجىز قالدۇرالمىدى.

ئۇلاردىن ھەربىرىنى ئۆزىنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن جازالىدۇق. چۈنكى، ھەركىم ئۆزىنىڭ قىلمىشىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسىنى قاتتىق بوران بىلەن، بەزىسىنى قاتتىق ئاۋاز بىلەن، بەزىسىنى مال-مۈلۈكى بىلەن قوشۇپ يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىش بىلەن، بەزىسىنى سۇدا غەرق قىلىش بىلەن جازالىدۇق. زالىملارنىڭ ھېچقايسىسى بىزنىڭ ئازابىمىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ قۇتۇلالمايدۇ.

بۇ ئىشتا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا قىلچە ئۇۋال قىلغان ئەمەس. بەلكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىلىقى ۋە سادىر قىلغان گۇناھ-مەئسىيەتلىرى سەۋەبلىك ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھېچكىمگە قىلچىلىكمۇ زۇلۇم قىلمايدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى سادىر قىلىش ئوپئوچۇق بۇزغۇنچىلىقتۇر.

2. ئازاب تۈرىنىڭ ھەر خىل بولغانلىقى ئىبرەت ئېلىش ئۈچۈن پايدىلىقتۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا قارشى چىققۇچىلار چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ.

4. شەيتان ئىنساننى پەقەت ئۇنىڭغا يامان ئىشلارنى چىرايلىق كۆرسىتىش ۋە يامان ئىشلارغا كۈشكۈرتۈش ئارقىلىقلا ئازدۇرىدۇ.

5. تەكەببۇرلۇق قىلغۇچىلارنى ئاللاھ تائالا ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ.

6. ئاللاھ تائالا ھېچقانداق بىر قەۋمنى ئاگاھلاندۇرماي تۇرۇپ جازالىغان ئەمەس.

### ◄ بۇتلارنى ئىلاھ قىلىۋالغانلارنىڭ مىسالى

﴿مَثَلُ ٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُواْ مِن دُونِ ٱللَّهِ أَوۡلِيَآءَ كَمَثَلِ ٱلۡعَنكَبُوتِ ٱتَّخَذَتۡ
بَيۡتٗاۖ وَإِنَّ أَوۡهَنَ ٱلۡبُيُوتِ لَبَيۡتُ ٱلۡعَنكَبُوتِۚ لَوۡ كَانُواْ يَعۡلَمُونَ ٤١ إِنَّ
ٱللَّهَ يَعۡلَمُ مَا يَدۡعُونَ مِن دُونِهِۦ مِن شَيۡءٖۚ وَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ٤٢
وَتِلۡكَ ٱلۡأَمۡثَٰلُ نَضۡرِبُهَا لِلنَّاسِۖ وَمَا يَعۡقِلُهَآ إِلَّا ٱلۡعَٰلِمُونَ ٤٣ خَلَقَ
ٱللَّهُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ بِٱلۡحَقِّۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗ لِّلۡمُؤۡمِنِينَ ٤٤﴾

### ◄ تەرجىمىسى

41ـ ئاللاھنى قويۇپ بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالغانلارنىڭ ئەھۋالى ئۆي ياسىغان ئۆمۈچۈكنىڭ ئەھۋالىغا. شەكسىزكى، ئۆيلەرنىڭ ئەڭ ئاجىزى ھەقىقەتەن ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيىدۇر. ئەگەر ئۇلار (بۇ ھەقىقەتنى) بىلسە ئىدى (بۇتلارغا چوقۇنمايتتى).

42ـ شەكسىزكى، ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىسىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

43ـ بۇ مىساللارنى بىز ئىنسانلار(نىڭ پايدىلىنىشى) ئۈچۈن كەلتۈرۈۋاتىمىز. بۇلارنى پەقەت ئالىملارلا چۈشىنەلەيدۇ.

44ـ ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھېكمەت بىلەن ياراتتى. ھەقىقەتەن بۇنىڭدا ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بار.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالانى قويۇپ بۇتلارنى، ھەيكەللەرنى، بەزى جانلىقلارنى ۋە بەزى تەبىئەت كۈچلىرىنى ئۆزلىرىگە مەبۇد قىلىۋېلىپ ئۇلاردىن ياخشىلىق كۈتكەن ۋە ئۇلارغا يالۋۇرۇپ چوقۇنغان ئىنسانلار تورماي تور ياسايدىغان

ئۆمۈچۈكلەرگە ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرى خۇددى ئۆمۈچۈكلەر مىڭبىر جاپادا توقۇپ چىققان بولسىمۇ، ئازراق شامالغا بەرداشلىق بېرەلمەي بۇزۇلۇپ بىتچىت بولۇپ كەتكەن ئۆمۈچۈك تورلىرىغا ئوخشايدۇ. شەكسىزكى، تورلارنىڭ ئەڭ ئاجىزى ئۆمۈچۈكلەرنىڭ تور-لىرىدۇر.

ئايەتتە «ئۆمۈچۈكنىڭ تورى» دېمەستىن، ﴿ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيى﴾ دېيىشتىكى سىر شۇكى، تور دېگەن ئىسسىق-سوغۇقتىن ساقلىيالمايدۇ، ئەمما ئۆي دېگەن قىشتا سوغۇقتىن، يازدا ئىسسىقتىن قوغدايدۇ، زىيان-زەخمەتتىن ساقلايدۇ ۋە ئىچىدە ئولتۇرۇپ ئارام ئالغىلى بولىدۇ. ئەمما ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيى يا خەتەردىن ساقلىيالمايدۇ ياكى ئىسسىق-سوغۇقتىن قوغدىيالمايدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، مۇشرىكلارنىڭ مەبۇدلىرىمۇ چوقۇنغۇ-چىلارغا ھېچ نەرسە قىلىپ بېرەلمەيدۇ، ئۇلارنى زىيان-زەخمەتتىن قوغدىيالمايدۇ، چوقۇنغانلارغا بىرەر پايدا-مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدۇ، چوقۇنمىغانلارغا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالانى قويۇپ، ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنغۇچىلار بۇ ھەقىقەتنى بىلسە ئىدى، ھەرگىزمۇ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنمىغان بولاتتى.

﴿شەكسىزكى، ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىسىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق، ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنۇپ، ئۇلارغا يالۋۇرۇۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىگە غالىب ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئەقىللىق ئادەم شۇنداق ھەممىگە قادىر، ھەممىگە غالىب، ھەممە ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلىدىغان ۋە ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغان زاتنى قويۇپ، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان، ھەتتا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنسا بولامدۇ؟

بۇلار ھەقىقەتەن تەسىرى كۈچلۈك، ئادەمنى ئويغا سالىدىغان، چوڭقۇر مەنىلىك مىساللار بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ مىساللارنى ھايۋانلارغا ئەمەس ياكى جانسىز نەرسىلەرگە ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارغا كەلتۈرۈۋاتىدۇ. بۇلارنى پەقەت ھەقىقەتنى بىلىدىغانلار چۈشىنەلەيدۇ.

ئەللامە فەخرۇددىن رازىي مۇنداق دېگەن: «تەجرىبە ئىلىمنى ئەقلى بار ئادەم بىلىدۇ. ئەمما پىكرىي ئىلىمنى ئالىم بولغان ئادەملا بىلىدۇ. بۇنىڭدىن بىز ﴿بۇلارنى پەقەت ئالىملارلا چۈشىنەلەيدۇ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ

سىرىغا يېتەلەيمىز»[1].

ئاللاھ تائالانىڭ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھېكمەت، ئادالەت ۋە ئالىي مەقسەت بىلەن ياراتقانلىقى ئوپئوچۇق ھەقىقەتتۇر. گەرچە كاپىرلار بۇ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلسىمۇ، ئۇ مۆئمىنلەر ئۈچۈن خۇددى قۇياشتەك روشەن ئەمەلىيەتتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىلىقىنىڭ ئۆزىلا ھەرقانداق بىر ئەقلى بار ئىنسان ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ۋە چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەردىن بىرىدۇر. ﴿إِنَّ فِي خَلْقِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَٱخْتِلَٰفِ ٱلَّيْلِ وَٱلنَّهَارِ لَءَايَٰتٍ لِّأُو۟لِى ٱلْأَلْبَٰبِ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقلى ساغلام كىشىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئوپئوچۇق دەلىللەر بار﴾[2].

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىشەنچ بىلەن تايانغانلار ھەرگىز زىيان تارتمايدۇ.

2. بىلگەنلەر بىلەن بىلمىگەنلەر ھېچقاچان باراۋەر بولمايدۇ. دىنىي ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر.

3. كۈندىلىك ئىبادەتلەر روھنىڭ غىزاسى ۋە كۆڭۈلنىڭ شادلىقىدۇر.

4. ئىنسان ئەخلاق ۋە تەقۋالىق بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە كاتتا مەرتىۋىلەرگە يۈكسىلىدۇ.

### ◄ ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاق

﴿ٱتْلُ مَآ أُوحِىَ إِلَيْكَ مِنَ ٱلْكِتَٰبِ وَأَقِمِ ٱلصَّلَوٰةَ ۖ إِنَّ ٱلصَّلَوٰةَ تَنْهَىٰ عَنِ ٱلْفَحْشَآءِ وَٱلْمُنكَرِ ۗ وَلَذِكْرُ ٱللَّهِ أَكْبَرُ ۗ وَٱللَّهُ يَعْلَمُ مَا تَصْنَعُونَ ﴿٤٥﴾﴾

---

[1] «مفاتيح الغيب للرازي» 25-توم، 59-بەت.

[2] ئال ئىمران سۈرىسى: 190-ئايەت.

### تەرجىمىسى

45-(ئى پەيغەمبەر!) قۇرئاندىن ساڭا ۋەھيى قىلىنغان ئايەتلەرنى تىلاۋەت قىلغىن ۋە نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلغىن. شەكسىزكى، (مۇكەممەل ئادا قىلىنغان) ناماز قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ. ئاللاھنى ياد ئېتىش (ئىبادەتلەرنىڭ) ئەڭ كاتتىسىدۇر، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان (ھەممە ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.

### بۇ ئايەتنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلى بىرەر ئىش سەۋەبلىك سىقىلسا ياكى ئۇنى غەم-قايغۇ بېسىۋالسا، دەرھال ناماز ئوقۇيتتى ۋە ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىش ئارقىلىق كۆڭلىنى تىنىدۇراتتى. بولۇپمۇ مەككە كاپىرلىرىنىڭ «قۇرئان كەرىم»دىكى قىسسىلەردىن ۋە ئۆتمۈشلەردە ھالاك قىلىنغان ئۈممەتلەرنىڭ ئاقىۋەتلىرىدىن ئىبرەت ئالمىغانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بەكمۇ قايغۇغا سالاتتى. ئاللاھ تائالا بۇنداق ئەھۋاللاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بولىدىغان ئايەتلەرنى نازىل قىلغان بولۇپ، بۇ ئايەتمۇ ئەنە شۇنداق ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر.

شەكسىزكى، ھەرقانداق قىيىنچىلىقتىن ۋە ھەرقانداق غەم-قايغۇدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» ئەڭ ياخشى شىپادۇر. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك خەۋپ-خەتەرلەردىن ساقلىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسىدۇر.

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! رەببىڭنىڭ سۆزى بولغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلغىن، ساھابىلىرىڭگە ئوقۇپ بەرگىن، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلغىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىلسۇن. چۈنكى، سىلەرنىڭ ئىككىلا ئالەملىك بەخت-سائادىتىڭلار پەقەت «قۇرئان كەرىم»گە ئەمەل قىلىشىڭلارغا باغلىقتۇر. نامازنى پۈتۈن شەرتلىرىگە رىئايە قىلغان ھالدا تولۇق ۋە مۇكەممەل ئوقۇغىن. چۈنكى، ناماز دىنىنىڭ تۈۋرۈكى، بەندە بىلەن ياراتقۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىنى باغلاپ تۇرىدىغان ھالقىدۇر. قانداقلا بىر ئىشتىن كۆڭلۈڭ سىقىلغان ياكى سېنى غەم-قايغۇ بېسىۋالغان ۋاقىتتا، كۆڭلۈڭنى قۇرئان بىلەن ۋە ناماز بىلەن

شاد قىلغىن. چۈنكى، قۇرئان بىلەن ناماز ساڭا شىپادۇر. ئەگەر سەن مەنۋىيىتىڭنى قۇرئان ۋە ناماز بىلەن بېيىتساڭ، سەن يېڭەلمەيدىغان قىيىنچىلىق قالمايدۇ. بۇ ئىككىسى سېنى سەن كۆزلىگەن نىشانغا يەتكۈزىدۇ ۋە نىجاتلىققا ئېرىشتۈرىدۇ. ﴿وَمَن يَتَّقِ ٱللَّهَ يَجۡعَل لَّهُۥ مَخۡرَجٗا﴾ يەنى ﴿كىمكى ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ﴾[1].

ناماز ئادەمنى گۇناھلاردىن، خاتالىقلاردىن پاكلايدىغان، ئۇنىڭ قەلبىنى ساپلاشتۇرىدىغان، تەقۋالىقىنى ئاشۇرىدىغان، ئۇنى ئاللاھ تائالاغا تېخىمۇ يېقىن قىلىدىغان تەربىيە خاراكتېرلىك ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا، ناماز ئادەمنى گۇناھلاردىن پاكلاشتا خۇددى بەدەننى كىرلاردىن تازىلايدىغان مۇنچىغا ئوخشاشتۇر. ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ساھابىلىرىدىن: «أَرَأَيْتُمْ لَوْ أَنَّ نَهْرًا بِبَابِ أَحَدِكُمْ يَغْتَسِلُ مِنْهُ كُلَّ يَوْمٍ خَمْسَ مَرَّاتٍ ، هَلْ يَبْقَى مِنْ دَرَنِهِ شَيْءٌ؟» يەنى «ئېيتىڭلارچۇ! ئەگەر سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلارنىڭ ئالدىدا ئۆستەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەر كۈنى بەش قېتىم يۇيۇنساڭلار، سىلەرنىڭ بەدىنىڭلاردا كىر قالامدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ساھابىلەر: «ياق، كىر قالمايدۇ» دەپ جاۋاب بېرىشتى. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «فَذَلِكَ مَثَلُ الصَّلَوَاتِ الْخَمْسِ ، يَمْحُو اللهُ بِهِنَّ الْخَطَايَا» يەنى «بەش ۋاخ ناماز ئەنە شۇنىڭغا ئوخشايدۇكى، ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن گۇناھلارنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ»[2] دېدى.

تاھارەتنى كامىل ۋە تولۇق ئېلىپ، پۈتۈن شەرتلىرىگە رىئايە قىلىپ، پەرز، ۋاجىپ ۋە سۈننەتلىرىنى تولۇقلاپ، چىن ئىخلاس ۋە تولۇپ تاشقان سەممىيەت بىلەن ئوقۇلغان ناماز ھەقىقىي نامازدۇر. بۇنداق ناماز ئۇنى ئوقۇغان كىشىنى يامان ئىشلاردىن، گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن ۋە بارلىق ئەخلاقسىزلىقلاردىن توسۇپ، گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل پەزىلەت دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىدىغان قىلىپ چىقىشقا كېپىلدۇر.

قەتادە مۇنداق دېگەن: «ئۆزىنى يامان ئىشلاردىن توسالمىغان

[1] تەلاق سۈرىسى: 2-ئايەت.

[2] «صحيح مسلم»1- توم 462-بەت، 283-ھەدىس.

ئادەمنىڭ نامىزى ئۇنىڭغا ئاپەتتۇر»[1].

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بەش ۋاخ نامازنى تولۇق ئوقۇيدىغانلاردىن بەزىلىرىنىڭ گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقى ئۇلارنىڭ ئوقۇغان نامازلىرىنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى ناماز ئەمەس، پەقەت شەكلىي جەھەتتىكى جانسىز نامازلار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق جانسىز نامازلارنىڭ كىشىلەرنى گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن توسالىشى ناتايىن.

كۆندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇغان ئادەم ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىتائەتمەنلىكىنى، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئىشلارنى ئورۇنداپ، توسقان ئىشلارغا يېقىن كەلمەيدىغانلىقى ھەققىدىكى ئەھدىسىنى كۈندە بەش قېتىم يېڭىلىغان ۋە تەكىتلىگەن بولىدۇ. مۇسۇلمان ئادەم نامازنى ئىخلاس بىلەن ئادا قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا قارىتا سەممىي بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ گۇناھتىن توسۇلىدىغانلىقى مۇقەررەردۇر.

ناماز ئۆزىنىڭ قىيامى، رۇكۇسى ۋە سەجدىسى بىلەنلا كىشىلەرنى گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن توسۇپ قالالمايدۇ. بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ زىكرى ۋە ئۇنىڭ يادى بىلەن توسالايدۇ. ﴿أَلَا بِذِكْرِ ٱللَّهِ تَطْمَئِنُّ ٱلْقُلُوبُ﴾ يەنى ﴿بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ﴾[2]. شۇڭا بۇ ئورۇندا: ﴿ئاللاھنى ياد ئېتىش ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر﴾ دېگەن ئايەت كەلگەن.

ئاللاھ تائالا يوشۇرۇننى ۋە ئاشكارىنى تولۇق بىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ قەلب قاتلىرىدىكىنىسىمۇ ئېنىق بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ تۇرىدۇ.

زىكىر-ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش، ئۇنى ئەسكە ئېلىش دېگەن مەنىدە بولۇپ، زىكىر تىل ۋە دىل بىلەن بولغاندەك، ئىش-ھەرىكەتلەر ۋە ئېتىقاد بىلەنمۇ بولىدۇ. ئىش-ھەرىكەت ۋە ئېتىقاد بىلەن بولىدىغان زىكىر ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ئەسكە ئالغان ۋە ياد ئەتكەن ھالدا، ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ئەمەللەرنى قىلىش، يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ موھتاج بەندىلىرىگە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم قىلىش قاتارلىقلار بىلەن بولىدۇ.

---

[1] «تفسير الطبري» 20 - توم، 41-42 - بەتلەر.

[2] رەئد سۈرىسى: 28-ئايەت.

ئەڭ ياخشى زىكىر ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تونۇپ، ئۇنى لايىقىدا قەدىرلىگەن ھالدا، ئۇنى چىن قەلبىدىن ياد ئېتىشتۇر. ئەمما قەلب باشقا ئىشلار بىلەن بەند بولۇپ تۇرۇپ ئېيتىلغان ئېغىزاكى زىكىرلەر رەسمىيەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەمەل -ئىبادەتلەرنى رەسمىيەت شەكلىدە قىلىپ قويۇشنىڭ قىلچە پايدىسى يوقتۇر. ئەپسۇسكى، زامانىمىزدا نۇرغۇن كىشىلەر قەلبى غەپلەتتە، كۆڭلى باشقا ياقتا تۇرۇپ ئېغىزاكى زىكىر ئېيتىشنى ئادەت ھالىغا كەلتۈرۈۋالغان.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قۇرئان ئوقۇش ئەڭ كاتتا ئىبادەتلەردىن سانىلىدۇ.

2. پۈتۈن شەرتلىرىگە رىئايە قىلغان ھالدا، سەمىمىي نىيەت بىلەن، مۇكەممەل ئوقۇلغان ناماز كىشىنى ئەلۋەتتە قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن توسىدۇ.

3. ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىش تىل ۋە دىل بىلەن بولغىنىدەك، ئىش-ھەرىكەتلەر ۋە ئېتىقاد بىلەنمۇ بولىدۇ.

### ◄ ئەھلى كىتابنى ئىسلامغا قانداق دەۋەت قىلىش كېرەك؟

﴿ وَلَا تُجَٰدِلُوٓاْ أَهۡلَ ٱلۡكِتَٰبِ إِلَّا بِٱلَّتِي هِيَ أَحۡسَنُ إِلَّا ٱلَّذِينَ
ظَلَمُواْ مِنۡهُمۡۖ وَقُولُوٓاْ ءَامَنَّا بِٱلَّذِيٓ أُنزِلَ إِلَيۡنَا وَأُنزِلَ إِلَيۡكُمۡ وَإِلَٰهُنَا
وَإِلَٰهُكُمۡ وَٰحِدٞ وَنَحۡنُ لَهُۥ مُسۡلِمُونَ ﴿٤٦﴾ وَكَذَٰلِكَ أَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ
ٱلۡكِتَٰبَۚ فَٱلَّذِينَ ءَاتَيۡنَٰهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ يُؤۡمِنُونَ بِهِۦۖ وَمِنۡ هَٰٓؤُلَآءِ مَن
يُؤۡمِنُ بِهِۦۚ وَمَا يَجۡحَدُ بِـَٔايَٰتِنَآ إِلَّا ٱلۡكَٰفِرُونَ ﴿٤٧﴾ وَمَا كُنتَ تَتۡلُواْ
مِن قَبۡلِهِۦ مِن كِتَٰبٖ وَلَا تَخُطُّهُۥ بِيَمِينِكَۖ إِذٗا لَّٱرۡتَابَ ٱلۡمُبۡطِلُونَ
﴿٤٨﴾ بَلۡ هُوَ ءَايَٰتُۢ بَيِّنَٰتٞ فِي صُدُورِ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡعِلۡمَۚ وَمَا يَجۡحَدُ
بِـَٔايَٰتِنَآ إِلَّا ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٤٩﴾ ﴾

### ◄ تەرجىمىسى

46ـ(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر ئەھلى كىتاب بىلەن ئەڭ چىرايلىق

رەۋىشتىلا مۇنازىرىلىشىڭلار، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زالىملار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەر ئېيتىڭلاركى، «بىز ئۆزىمىزگە نازىل قىلىنغان (قۇرئان)غا ۋە سىلەرگە نازىل قىلىنغان (كىتابلار)غا ئىمان ئېيتتۇق، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار ۋە بىزنىڭ ئىلاھىمىز بىردۇر، بىز ئۇ ئىلاھقا بويسۇنغۇچىلارمىز».

47ـ(ئى پەيغەمبەر!) شۇنىڭدەك (يەنى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە كىتاب نازىل قىلغاندەك) ساڭىمۇ كىتاب نازىل قىلدۇق. بىز كىتاب بەرگەنلەر ئىچىدە قۇرئانغا ئىشىنىدىغانلار بار، بۇلار (ئەرەبلەر) ئىچىدىمۇ قۇرئانغا ئىشىنىدىغانلار بار، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى پەقەت كاپىرلارلا ئىنكار قىلىدۇ.

48ـسەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى كىتاب ئوقۇشنىمۇ بىلمەيتتىڭ، خەت يېزىشنىمۇ بىلمەيتتىڭ، (مۇبادا سەن بىلگەن بولساڭ) ئۇ چاغدا، ھەقىقەتكە قارشى چىققۇچىلار (قۇرئاننىڭ ئىلاھىي كىتاب ئىكەنلىكىدىن) چوقۇم گۇمانلىناتتى.

49ـبەلكى بۇ (قۇرئان) ئىلىم بېرىلگەنلەرنىڭ كۆكرەكلىرىدە ساقلانغان روشەن ئايەتلەردۇر. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى پەقەت (ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا بوي ئەگمەيدىغان) زالىملارلا ئىنكار قىلىدۇ.

### ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

﴿(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر ئەھلى كىتاب بىلەن ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتىلا مۇنازىرىلىشىڭلار، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زالىملار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەر ئېيتىڭلاركى، «بىز ئۆزىمىزگە نازىل قىلىنغان (قۇرئان) غا ۋە سىلەرگە نازىل قىلىنغان (كىتابلار)غا ئىمان ئېيتتۇق، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار ۋە بىزنىڭ ئىلاھىمىز بىردۇر، بىز ئۇ ئىلاھقا بويسۇنغۇچىلارمىز»﴾ دېگەن ئايەتتە، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەھلى كىتابنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگەتكەن بولۇپ، ئەھلى كىتابتىن خىرىستىيانلار بىلەن يەھۇدىيلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار مۇسا ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالاملارنىڭ ئۈممەتلىرى بولۇپ، ھەممىسى ئاللاھ تائالاغا، قىيامەت كۈنىگە، پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ساماۋى كىتابلارنىڭ بەزىسىگە ئىشىنىدۇ. مانا بۇلار ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئەقىدىسىدۇر.

بۇ ئايەت بىزنى ئەھلى كىتابنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشتا مۇناسىپ يولنى تۇتۇپ، پەقەت سىلىقلىق بىلەن ھېكمەتلىك ئۇسۇلدا ئۇلارنى قايىل قىلىشقا چاقىرىدۇ. مەيلى ئەھلى كىتاب بولسۇن، مەيلى باشقا دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەر بولسۇن، مەيلى دىنسىزلار بولسۇن، ئۇلارنى چىرايلىقچە ۋە مەنتىقىلىق يوسۇندا ئىسلامغا دەۋەت قىلىمىز. ئۇلار

ئىمان ئېيتىپ بولمىزغا ئەگەشسە، ئۇلار بىزنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىمىزغا ئايلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئىسلام دەۋىتىگە قارشى چىقىپ، بىزگە بىرىنچى بولۇپ ئۇرۇش ئاچسا ۋە دەۋەت يولىنى توسۇۋالماقچى بولسا، بىزمۇ ئۇلار بىلەن ئۇرۇشىمىز. ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئالدى بىلەن چىرايلىق سۆز، ئىلمىي ئۇسۇل ۋە چۈشىنىشلىك ۋەز-نەسىھەت بىلەن بولىدۇ.

شۇڭا «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدە كىشىلەرنى چىرايلىق ئۇسۇللار بىلەن ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا چاقىرىدىغان ئايەتلەرنى ۋە ﴿مۇشرىكلارنى تاپقان يەردە ئۆلتۈرۈڭلار﴾ دېگەنگە ئوخشاش ئايەتلەرنىمۇ ئۇچرىتىمىز. چۈنكى، چىرايلىق دەۋەت ئاساسلىق ئۇسۇل، ئۇرۇش قىلىش بولسا ئەڭ ئاخىرقى چارە.

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! كىشىلەرنى رەببىڭنىڭ يولىغا دەۋەت قىلغىن. رەببىڭنىڭ دىنىنى ھېكمەتلىك ۋەز-نەسىھەتلەر ۋە چىرايلىق ئۇسۇل بىلەن تارقاتقىن. ناۋادا ئۇلار سېنىڭ دەۋىتىڭدىن يۈز ئۆرۈسە ياكى ساڭا قارشى چىقسا ۋەياكى ساڭا ئەگىشىشنى رەت قىلسا، ئۇلار بىلەن ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن. شۇنى ئېسىڭدىن چىقارمىغىنكى، رەببىڭ كىمنىڭ ئازغۇن ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ ۋە ئاخىرەتتە شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ. ئىمان ئېيتمىغانلار توغرۇلۇق ساڭا ھېچبىر جاۋابكارلىق كەلمەيدۇ. چۈنكى، سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ پەقەت دەۋەت قىلىشتۇر. ناۋادا، ئۇلارغا چىرايلىق ۋەز-نەسىھەتلەر كار قىلماي، ئۆزلىرى بىرىنچى بولۇپ سىلەرگە قارشى ئۇرۇش ئاچسا، ئۇ چاغدا سىلەرمۇ ئۇلارنى قىلغان يامانلىقىغا لايىق ھالدا جازالاڭلار، ئەمما ئاشۇرۇۋەتمەڭلار. چۈنكى، ئاللاھ تائالا جازالاشتا ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەرنى ياقتۇرمايدۇ. ئەگەر سەۋر قىلساڭلار سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر. مانا بۇلار ئىسلام دىنىنىڭ تىنچلىق ۋە ئۇرۇش پرىنسىپىدۇر.

سىلەر يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلاردىن ئىبارەت ئەھلى كىتاب بىلەن پەقەت ئەڭ چىرايلىق ئۇسۇلدا مۇنازىرىلىشىڭلار. دەۋەت ئىشىدا مۇنۇ ئايەتنى ئۆلچەم قىلىڭلار: ﴿ٱدْفَعْ بِٱلَّتِى هِىَ أَحْسَنُ فَإِذَا ٱلَّذِى بَيْنَكَ وَبَيْنَهُۥ عَدَٰوَةٌ كَأَنَّهُۥ وَلِىٌّ حَمِيمٌ﴾ يەنى ﴿(سەن يامانلىققا) ئەڭ ياخشى خىسلەت بىلەن تاقابىل تۇرغىن. (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا

ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ﴾[1].

ئەھلى كىتاب بىر خىل ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پىكىر جەھەتتە ئوتتۇراھال، ئېتىقاد جەھەتتە ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرمەيدىغان، «ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دېمەيدىغان ۋە ئۈنى ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرى دەپ ئېتىقاد قىلمايدىغان پىرقىلەرمۇ بار. ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ۋە كىتابلىرىغا، شۇنداقلا قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىدۇ. ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشلا قالىدۇ. ئەگەر ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتسا جىمى پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتقان بولىدۇ. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى جىمى پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇيدۇ. ئەھلى كىتابنىڭ بۇ تۈردىكىلىرى – ئەگەر ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دىلىنى ئېچىۋەتسە – كۆپ مۇنازىرە تەلەپ قىلماستىنلا ئاسانلا ئىسلامغا كىرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكىلەردىن كۆپلىرى شۇنداق قىلغان.

ئەھلى كىتابتىن يەنە شۇنداق بىر تۈركۈملىرى باركى، ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى ئۈچ ئىلاھنى بىر گەۋدە قىلىش[2] ئېتىقادىغا مەركەزلەشكەن. ئەسلىدە ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىشتىن ئىبارەت تەۋھىد ئەقىدىسىنى بۇددىستلارنىڭ ۋە مۇشرىكلارنىڭ كۆپ ئىلاھلىق ئەقىدىسىگە ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىدىكى كۆپلىگەن ھەقىقەتلەرنى ئۆزگەرتىۋەتكەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈپ، «ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇپ قالغان. مۇنداقلار ھەقىقەتەن ئازغۇنلاردۇر. شۇنداقتىمۇ يەنە ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى ئۇلارنىمۇ ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇغان. چۈنكى، ئىسلام دىنى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق دىنى بولۇش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان دىن بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ دەۋىتى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى ئىنسانلارنىڭ پىكىر ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىشقا، ھېچكىمنى دىنغا كىرىشكە زورلىماسلىققا بۇيرۇغان يېگانە دىندۇر. شۇڭا مۇسۇلمانلار باشقا دىندىكىلەرگە ئەنە شۇنداق كەڭ قورساق بولىدۇ، ئادالەتلىك مۇئامىلە قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭمۇ

[1] فۇسسىلەت سۈرىسى 34-ئايەت.

[2] ئۈچ ئىلاھنى بىرگەۋدە قىلىش- ئىلاھ ئاللاھ، ئىسا ۋە مۇقەددەس روھتىن ئىبارەت ئۈچىدىن تەركىب تاپقان دەيدىغان خىرىستىيانلارنىڭ ئەقىدە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

مۇسۇلمانلارغا شۇنداق كەڭ قورساق بولۇشنى ۋە ئادىل مۇئامىلە قىلىشنى كۈتىدۇ.

ئەھلى كىتاب ئەگەر دۈشمەنلىك يولىنى تاللاپ، مۇسۇلمانلار بىلەن تۈزگەن ئەھدىلىرىنى بۇزسا ياكى كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا قارشى كۈشكۈرتسە ياكى كىشىلەرگە تەھدىت سېلىپ ئۇلارنى ئىسلامغا كىرىشتىن توسۇۋالسا ۋەياكى مۇسۇلمانلارغا قارشى بىرىنچى بولۇپ ئۇرۇش ئاچسا، بۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارغا تېگىشلىك رەددىيە بېرىشى ۋە ئۇلارنىڭ ھەددىنى بىلدۈرۈپ قويۇشى پەرزدۇر. چۈنكى، چىرايلىق ۋەز-نەسىھەتكە قارشى قورال تەڭلىگەن، چىرايلىق مۇنازىرە قىلىشنىڭ ئورنىغا سۈيىقەستلەرنى پىلانلىغان ۋە قېرىنداشلىق تەكلىپىنى چۆرۈپ تاشلاپ چېشلىرىنى غۇچۇرلاتقان دۈشمەننىڭ ئەدىپىنى بەرمەسلىك ئاجىزلىق سانىلىدۇ. ھالبۇكى، مۇسۇلمانلار بۇنداق ئاجىز شارائىتقا چۈشۈپ قالماسلىقى لازىم.

«قۇرئان كەرىم» مۇسۇلمانلارغا دەۋەتنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنى ئەھلى كىتاب بىلەن مۇنازىرىلەشكەندە، ﴿بىز ئۆزىمىزگە نازىل قىلىنغان (قۇرئان)غا ۋە سىلەرگە نازىل قىلىنغان (كىتابلار)غا ئىمان ئېيتتۇق، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار ۋە بىزنىڭ ئىلاھىمىز بىردۇر، بىز ئۇ ئىلاھقا بويسۇنغۇچىلارمىز﴾ دېيىشكە بۇيرۇيدۇ، يەنى ئى ئەھلى كىتاب! بىز بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە نازىل قىلىنغان «قۇرئان كەرىم»گىمۇ ۋە سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلارغا نازىل قىلىنغان «تەۋرات»، «ئىنجىل» قاتارلىق كىتابلارغىمۇ ئىشەندۇق ۋە ئىمان كەلتۈردۇق. چۈنكى، بىز پەيغەمبەرلەرنىڭ ئارىسىنى ئايرىمايمىز، بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلمايمىز، ساماۋى كىتابلارنىڭمۇ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلمايمىز. بەلكى ھەممىسىگە ئىمان كەلتۈرىمىز. سىلەرمۇ ۋە بىزمۇ ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىمىز. بىز ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنغۇچىلارمىز، يەنى مۇسۇلمانلارمىز. سىلەرنىڭمۇ شۇنداق قىلىشىڭلارغا نېمە توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ؟ سىلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتىشىڭلاردىكى سەۋەب زادى نېمە؟ سىلەرمۇ كىتابلىرىڭلارنىڭ بېشارەتلىرى ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىسىلەر. ئۇ پەيغەمبەرلىك زەنجىرىنى تاماملىغۇچى پەيغەمبەر بولۇپ، ئۇنىڭ دىنى بارچە دىنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ دەستۇرى بولغان «قۇرئان كەرىم» ئىلگىرىكى «تەۋرات»، «ئىنجىل» ۋە «زەبۇر» قاتارلىق

ساماۋى كىتابلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى باسىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ دەيدۇكى، بىز ئىلگىرى مۇسا ۋە ئىيسا قاتارلىق پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلىپ كىتابلارنى نازىل قىلغاندەك، ساڭىمۇ «قۇرئان كەرىم»نى شۇنداق ۋەھيى ئارقىلىق نازىل قىلدۇق. شۇڭا يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلاردىن ئىبارەت ئەھلى كىتاب ۋەھيىنىڭ ھەقىقىگە ئىشىنىدۇ. ئەھلى كىتابتىن سەن بىلەن زامانداش بولۇپ ياشىغانلىرى ئىچىدە، يەھۇدىي ئۆلىمالىرىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى سالامغا ئوخشاش ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن قاچمايدىغان، ساڭا ئىمان ئېيتىدىغان، ئاخىرەت ھاياتىنى كۆزلەيدىغان ياخشىلارمۇ بار. شۇ ئېنىقكى، زالىم قەۋمدىن باشقىسى بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلمايدۇ. ئەھلى كىتاب ساماۋى دىنغا مەنسۇپ بولغان كىشىلەر بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ھەممىدىن ئاۋۋال تونۇشى ۋە بىرىنچى بولۇپ ئىمان ئېيتىشى كۈتۈلەتتى. ئەمما ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ مۇتەئەسسىپلىكى ئۇلارنىڭ ئېزىپ كېتىشىگە ۋە ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈشىگە سەۋەب بولدى.

ئى ئەھلى كىتاب! پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە يەنە بىر دەلىل شۇكى، سىلەرنىڭ كىتابلىرىڭلاردىمۇ قەيت قىلىنغاندەك، خەت يېزىشنى ياكى ئوقۇشنى بىلمەيدىغان، قولى بىرەر ھەرپ چاغلىق بىر نەرسىنى يېزىپ باقمىغان، بىرەر مۇئەللىمنىڭ يېنىغا بېرىپ ئوقۇمىغان، ئىلىم-مەرىپەتتىن تامامەن يىراق بىر مۇھىتتا ئاددىيغىنە ياشاپ ئۆتكەن بىر كىشىگە «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت مۆجىزىسىنىڭ ھەر خىللىقى، بايانلىرىنىڭ ئېسىللىكى، پاساھەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى، قىسسىلىرىنىڭ راستلىقى، ۋەز-نەسىھەتلىرىنىڭ تەسىرلىكلىكى قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەردىن ئۆز زامانىسىدىكى ئاتاقلىق ئەدىبلەرنى، تالانتلىق شائىرلارنى ھەيران قالدۇرغان ۋە ھەممىنى قايىل قىلغان بىر ئۇلۇغ كىتابنىڭ نازىل قىلىنغانلىقى ئۇنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يېتەرلىك دەلىل ئەمەسمۇ؟!

ناۋادا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىتاب ئوقۇيالايدىغان، خەت يازالايدىغان ئالىم بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان بۇ مۆجىزىلىك كىتابنى يەنىلا ھېچكىم ئىنكار قىلالمايتتى. چۈنكى، پۈتۈن يەر يۈزىنىڭ ئالىملىرى، يازغۇچىلىرى، ئەدىبلىرى ۋە شائىرلىرى بىرلەشكەن تەقدىردىمۇ «قۇرئان كەرىم»گە ئوخشاش ھەر تەرەپتىن مۆجىزىلىك

مۇنداق بىر كىتابنى مەيدانغا كەلتۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس. مۇنداق بىر كىتابنىڭ ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان، ھاياتىدا بىرەر قېتىم بولسىمۇ بىرەر مەكتەپ ياكى بىرەر مۇئەللىم كۆرمىگەن بىر ئىنسانغا نازىل بولغانلىقى مۆجىزە ئۈستىگە مۆجىزە ئەمەسمۇ؟ قانداقمۇ ئۇنى ئۆزى ئويدۇرۇپ چىقارغان دېگىلى بولسۇن؟! ئوقۇمىغان ئادەم بۇنى قىلالامدۇ؟

بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقىغا، ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئەڭ كۈچلۈك دەلىل-ئىسپات بولۇشقا يېتەرلىكتۇر. شۇڭا دەيمىزكى، «قۇرئان كەرىم» ھەرگىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ئەمەس، ئەكسىچە، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قەلبلىرىدە ساقلانغان روشەن ئايەتلەردۇر. بۇ ئايەتلەرنى پەقەت ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ، ھەسەت، دۈشمەنلىك ۋە يولسىزلىق قىلىپ، ھەقىقەتتىن باش تارتقان زالىملاردىن باشقىسى ئىنكار قىلمايدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. خرىستىيانلار بىلەن يەھۇدىيلاردىن ھەقىقەتنى ئىزدەيدىغان كىشىلەر بىلەن چىرايلىقچە مۇنازىرىلىشىشكە بولىدۇ.

2. ئەھلى كىتابنىڭ رىۋايەتلىرىنى ئېتىراپمۇ قىلماسلىق ۋە ئىنكارمۇ قىلماسلىق لازىم. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دەپ تەلىم بەرگەن [1].

3. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان پەيغەمبەر ئىكەنلىكى ئۇنىڭ «تەۋرات» ۋە «ئىنجىللار»دا بايان قىلىنغان سۈپەتلىرىگە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ.

### ◄ بەزى شۇبھىلەرگە رەددىيەلەر

﴿وَقَالُواْ لَوۡلَآ أُنزِلَ عَلَيۡهِ ءَايَٰتٞ مِّن رَّبِّهِۦۖ قُلۡ إِنَّمَا ٱلۡأٓيَٰتُ عِندَ ٱللَّهِ
وَإِنَّمَآ أَنَا۠ نَذِيرٞ مُّبِينٌ ۝٥٠ أَوَلَمۡ يَكۡفِهِمۡ أَنَّآ أَنزَلۡنَا عَلَيۡكَ ٱلۡكِتَٰبَ

[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لا تُصَدِّقُوْا أَهْلَ الكِتَابِ وَلا تُكَذِّبُوهُمْ» وَقُولُوا: ‹آمَنَّا بِاللّٰهِ وَمَآ أُنْزِلَ إِلَيْنَا وَمَآ أُنْزِلَ إِلَيْكُمْ› يەنى يەنى «ئەھلى كىتابنىڭ رىۋايەتلىرىنى ئېتىراپمۇ قىلماڭلار، ئىنكارمۇ قىلماڭلار، بەلكى ‹ئاللاھقا ئىمان كەلتۈردۇق، بىزگە نازىل قىلىنغان قۇرئانغا ۋە سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىمان كەلتۈردۇق› دەڭلار» دېگەن («صحيح البخاري» 9-توم، 111-بەت، 7362- ھەدىس).

يُتۡلَىٰ عَلَيۡهِمۡۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَرَحۡمَةٗ وَذِكۡرَىٰ لِقَوۡمٖ يُؤۡمِنُونَ ﴿٥١﴾ قُلۡ
كَفَىٰ بِٱللَّهِ بَيۡنِي وَبَيۡنَكُمۡ شَهِيدٗاۖ يَعۡلَمُ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۗ
وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِٱلۡبَٰطِلِ وَكَفَرُواْ بِٱللَّهِ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡخَٰسِرُونَ
﴿٥٢﴾ وَيَسۡتَعۡجِلُونَكَ بِٱلۡعَذَابِ وَلَوۡلَآ أَجَلٞ مُّسَمّٗى لَّجَآءَهُمُ ٱلۡعَذَابُۚ
وَلَيَأۡتِيَنَّهُم بَغۡتَةٗ وَهُمۡ لَا يَشۡعُرُونَ ﴿٥٣﴾ يَسۡتَعۡجِلُونَكَ بِٱلۡعَذَابِ وَإِنَّ
جَهَنَّمَ لَمُحِيطَةُۢ بِٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٥٤﴾ يَوۡمَ يَغۡشَىٰهُمُ ٱلۡعَذَابُ مِن فَوۡقِهِمۡ
وَمِن تَحۡتِ أَرۡجُلِهِمۡ وَيَقُولُ ذُوقُواْ مَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿٥٥﴾

### ◄ تەرجىمىسى

50ـ ئۇلار: «نېمىشقا رەببى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا (باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭكىگە ئوخشايدىغان) مۆجىزىلەر چۈشۈرۈلمىدى؟» دېدى. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «مۆجىزىلەر پەقەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، مەن بولسام پەقەت ئوپئوچۇق بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن».

51ـ ئۇلارغا ئوقۇپ بېرىلىۋاتقان قۇرئاننى ساڭا نازىل قىلغانلىقىمىز كۇپايە قىلمامدۇ؟ بۇ كىتابتا ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن شەك-شۈبھىسىز رەھمەت ۋە نەسىھەت بار.

52ـ ئېيتقىنكى، «مەن بىلەن سىلەر- ئىككى تەرەپ ئارىسىدا (مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە) گۇۋاھ بولۇشقا ئاللاھ يېتەرلىكتۇر، ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ. باتىلغا ئىشەنگەن، ئاللاھنى ئىنكار قىلغانلار- ئەنە شۇلار (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) زىيان تارتقۇچىلاردۇر».

53ـ ئۇلار سەندىن ئازابنىڭ تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەگەر ئالدىن بەلگىلەنگەن مۇئەييەن ۋاقىت بولمىسا ئىدى، ئازاب ئەلۋەتتە ئۇلارغا (تەلەپ قىلغان ۋاقتىدىلا) كەلگەن بولاتتى، ئۇ ئازاب ئۇلارغا چوقۇم ئۇلار تۇيماي قالغاندا ئۇشتۇمتۇت كېلىدۇ.

54ـ ئۇلار سەندىن ئازابنىڭ تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، جەھەننەم (مۇنداق) كاپىرلارنى چوقۇم قورشىۋالىدۇ.

55ـ ئۇ كۈندە ئازاب ئۇلارنى ھەم ئۈستىدىن ھەم ئاياغلىرىنىڭ ئاستىدىن ئورىۋالىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا: «قىلمىشلىرىڭلارنىڭ جازاسىنى تېتىڭلار» دەيدۇ.

## تەپسىرى

گويا مۇشرىكلارغا «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت بۇ كاتتا مۆجىزە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان باشقا مۆجىزىلەر يەتمىگەندەك، ئۇلار: ﴿نېمىشقا رەببى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا (باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭكىگە ئوخشايدىغان) مۆجىزىلەر چۈشۈرۈلمىدى؟﴾ دېيىشتى.

مۆجىزە تەلەپ قىلغانلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا-لامنى مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇغان: سىلەر تەلەپ قىلىۋاتقان مۆجىزىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇنى ئۆزى خالىغانچە چۈشۈرىدۇ. ئەمما مەن پەقەتلا كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلغۇچىمەن. مۆجىزە كەلتۈرۈش مېنىڭ ئىشىم ئەمەس. ئەگەر ئاللاھ تائالا بەرسە ئۇنى ئۆزى بەلگىلىگەن بويىچە كۆرسىتىمەن. ئىمان ئېيتىش ياكى كاپىرلىق ھالىتىدە قېلىش ھەركىمنىڭ ئۆز ئىختىيارىدۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن مۆجىزە تەلەپ قىلغۇچىلار ئۇنىڭدىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىگە ئوخشاش دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىن قۇرۇقلۇق يول ئاچىدىغان، ھاسىسىنى ئەجدىھاغا ئايلاندۇرالايدىغان مۆجىزىلەرنى ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىگە ئوخشاش ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدىغان، ئاق كېسەلنى ساقايتىدىغان ۋە تۇغما كورنىڭ كۆزىنى ئاچىدىغان مۆجىزىلەرنى تەلەپ قىلغان. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېگەن: سەن ئۇلارغا ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىپ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىۋاتقان «قۇرئان كەرىم»نى نازىل قىلغانلىقىمىز كۇپايە قىلمامدۇ؟ بۇ مۆجىزە ئۇلارغا يەتمەمدۇ؟ رەببىڭ ئۇلارغا مۇنازىرە ئېلان قىلغان ھالدا، ئۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»گە ئوخشايدىغان مۆجىزىلىك ۋە پاساھەتلىك بىرەر كىتابنى كەلتۈرۈپ بېقىشىنى ياكى ھېچبولمىغاندا «قۇرئان كەرىم»نىڭ سۈرىلىرىگە ئوخشايدىغان بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىشىنى، ئۇنىمۇ كەلتۈرەلمىسە، پۈتۈن ياردەمچىلىرىنى يىغىپ بولسىمۇ ئون ئايەتنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈپ بېقىشىنى تەلەپ قىلدى. ئەمما ئۇلار كەلتۈرەلمىدى، ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇنازىرىسى ئالدىدا يېڭىلدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتى. ئەرەبلەر ئاسانلىقچە سۆزدە يېڭىلمەيدىغان ۋە سۆزدە يېڭىلىشنى جەڭدە يېڭىلگەندىمۇ بەك يامان كۆرىدىغان بىر خەلق تۇرۇپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۆجىزىسى ئالدىدا يېڭىلىپ قالدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۆجىزە بولۇشقا يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ زادى مۆجىزە دېمەك ئاجىز قالدۇرۇش ۋە باشقىلارنىڭ ئاجىزلىقىنى

ئۆزلىرىگە ئېتىراپ قىلدۇرۇش دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟

ئەگەر رەببىڭ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا مۇسا ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالاملارنىڭ مۆجىزىلىرىگە ئوخشاش مۆجىزىلەرنى كەلتۈرۈپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئىشەنمەيتتى ۋە كۆزلىرىمىزنى سېھىر قىلىپ باغلىۋالدى، دەپ بىلجىرلاشقان بولاتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ مۆجىزە تەلەپ قىلىشتىكى مەقسىتى ھەقىقەتنى ئىزدەش ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلىش ئەمەس، چۈنكى، ئۇلار بۇنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ، پەقەت ئۇنى مەسخىرە قىلىش ۋە قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش ئۈچۈنلا شۇنداق تەلەپلەرنى قويىدۇ. خۇددى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسىنىڭ ئەجدىھاغا ئايلانغانلىقىنى كۆرگەن سېھىرگەرلەر ئۇنىڭ چوقۇم مۆجىزە ئىكەنلىكىگە جەزم قىلغىنىدەك، ئەرەب مۇشرىكلىرى بىلەن ئەھلى كىتابنىڭ كاپىرلىرىمۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ كاتتا مۆجىزە ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى ۋە ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە جەزم قىلاتتى. ئەمما ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك بايلىقتا يوق، مەنسەپ تەمەسىدە يوق، يېتىملىكتە ئۆسۈپ ئاددىيغىنە ھايات كەچۈرۈپ كېلىۋاتقان بىر كىشىگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپ، ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا بويسۇنغانلىقتىن ۋە ئابرۇي-شۆھرەتلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلغانلىقتىن، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلاتتى ۋە ئۇنىڭغا قارشى چىقاتتى.

شەكسىزكى، «قۇرئان كەرىم» پۈتۈن كائىنات ئۈچۈن رەھمەت، ئىنسانىيەت ئۈچۈن ھىدايەت مەنبەسى ۋە مۇئمىنلەر ئۈچۈن شىپادۇر. ﴿وَنُنَزِّلُ مِنَ ٱلْقُرْءَانِ مَا هُوَ شِفَآءٌ وَرَحْمَةٌ لِّلْمُؤْمِنِينَ وَلَا يَزِيدُ ٱلظَّٰلِمِينَ إِلَّا خَسَارًا﴾ يەنى ﴿بىز قۇرئاندىن مۇئمىنلەرگە شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان ئايەتلەرنى نازىل قىلىمىز. بۇ ئايەتلەر زالىملارغا زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمايدۇ﴾[1].

«قۇرئان كەرىم» راستتىنلا مەڭگۈلۈك مۆجىزىدۇر. چۈنكى، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ كاتتا ۋە ئەڭ چوڭ مۆجىزىلىرىمۇ پەقەت شۇ زامانلارغىلا خاس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ مۆجىزىلىرىمۇ تۈگىگەن. ئەمما «قۇرئان كەرىم» ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» 14 ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى نازىل بولغان

[1] ئىسرا سۈرىسى: 82-ئايەت.

مۆجىزە بولسىمۇ، ئۇنىڭ مۆجىزىسى كۆچىدىن قالمىغان، كونىراپ زامانغا ماسلاشمايدىغان بولۇپ قالمىغان ياكى كىشىلەرنى قايىل قىلالمايدىغان بولۇپمۇ قالمىغان. بەلكى زاماننىڭ ئىلگىرىلىشى ۋە پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ يېڭى-يېڭى مۆجىزىلىرى ۋە ئاجايىپ ئىلمىي ھەقىقەتلىرى تېخىمۇ كۆچلۈك، تېخىمۇ قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇرماقتا. «قۇرئان كەرىم»دىنمۇ كۆچلۈك مۆجىزە بارمۇ دۇنيادا؟!

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەقىقەتى ئوپئوچۇق مەيداندىدۇر. ﴿سَنُرِيهِمۡ ءَايَٰتِنَا فِي ٱلۡأٓفَاقِ وَفِيٓ أَنفُسِهِمۡ حَتَّىٰ يَتَبَيَّنَ لَهُمۡ أَنَّهُ ٱلۡحَقُّۗ﴾ يەنى ﴿ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغانغا قەدەر، بىز ئۇلارغا ئاسمان-زېمىن ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىپ تۇرىمىز﴾ [1]. شەكسىزكى، «قۇرئان كەرىم» مۇئمىنلەر ئۈچۈن رەھمەت، پەندە-نەسىھەت ۋە ئىبرەتتۇر.

ئى پەيغەمبەر! ئۇ كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، ئاللاھ تائالا مېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھ بولۇشقا ۋە سىلەر بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا ئادالەتلىك ھۆكۈم چىقىرىشقا ئەلۋەتتە يېتەرلىكتۇر. چۈنكى، ئۇ ئىشلارنىڭ ئەڭ نازۇك تەرەپلىرىنى ۋە كىشىلەرنىڭ قەلب قاتلىرىدىكىنى ئېنىق بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زاتتۇر. ئاسمان ۋە زېمىندىكى ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا مەخپىي ئەمەس. مەن ئۆزۈمنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمنى جاكارلايمەن. چۈنكى، مەن ئاللاھ تائالانىڭ راستچىل ئەلچىسىمەن. ئەگەر يالغانچىلاردىن بولغان بولسام، ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە مېنىڭ جان تومۇرۇمنى ئۈزۈپ تاشلىغان ۋە مېنى تۇرغان يېرىمدىلا ھالاك قىلىۋەتكەن بولاتتى. ئەمما كۆرۈۋاتىسىلەركى، ئاللاھ تائالا مېنى سىلەرنىڭ سۇيىقەستلىرىڭلاردىن ھىمايە قىلىۋاتىدۇ، مېنى قوغداۋاتىدۇ ۋە دەۋىتىمنى كۈچلەندۈرۈۋاتىدۇ.

بىلىڭلاركى، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ باتىلغا ئىشىنىدىغانلار، راست سۆزنى قويۇپ خۇراپاتلارغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ۋە ئاللاھ تائالانى قويۇپ ساختا مەبۇدلارغا چوقۇنىدىغانلار چوقۇم زىيان تارتىدۇ. ئەھلى كىتابتىن ھەقىقەتكە ئەگەشمىگەنلەر، ئەرەبلەردىن بۇتپەرەسلىك ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇۋالغانلار چوقۇم زىيان تارتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار راستتىنلا ئازغۇنلاردۇر.

---

[1] فۇسسىلەت سۈرىسى: 53-ئايەت.

ئى پەيغەمبەر! بۇ كاپىرلار ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان ۋە ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەرنى ھالاك قىلغۇەتكەن ئازابنىڭ تېزرەك كېلىشىنى سوراپ سېنى ئالدىرىتىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇلارنى جازالاشنىڭ ۋاقتى رەببىڭنىڭ دەرگاھىدا مەلۇم بىر ۋاقىتقا بەلگىلىنىپ كەتمىگەن بولسا ئىدى، ئۇ ئازاب ئۇلارنى دەرھال قورشىغان ۋە ئەلۋەتتە ھالاك قىلغۇەتكەن بولاتتى. چۈنكى، ھەر ئىشنىڭ بەلگىلەنگەن ۋاقتى بولغىنىدەك، رەببىڭ ئۇلارغا ئەۋەتىدىغان ئازابنىڭمۇ بەلگىلەنگەن ۋاقتى بار. ئۇلارغا بەلگىلەنگەن ئازابنىڭ ۋاقتى-سائىتى كەلگەن ھامان بۇ ئازاب ئۇلارنى قورشاپ ھالاك قىلىدۇ.

كاپىرلارنىڭ ھالىغا ئەجەبكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھالاكىتىگە ئالدىراپ كېتىۋاتىدۇ. ھالبۇكى، جەھەننەم بۇنداق كاپىرلارنى چوقۇم قورشىۋالىدۇ. ئۇ كۈندە بۇ كاپىرلارغا ئازابلار ھەر تەرەپتىن كېلىشكە باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاستىدىن، ئۈستىدىن ئوت يالقۇنلىرى كېلىدۇ. بۇ ئوت يېقىلغۇسى ئىنسان ۋە تاشلاردىن بولغان دەھشەتلىك ئوت بولۇپ، ناھايىتى شىددەتلىك ۋە قاتتىقتۇر. ئاندىن ئۇلارنى مەنىۋى تەرەپتىنمۇ ئازابلاش ئۈچۈن «سىلەر دۇنيادا ئالدىراپ كېتىۋاتقان ئازابنى ئەمدى بىر تېتىپ بېقىڭلار. بۇ سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلارنىڭ جازاسىدۇر» دېيىلىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كاپىرلارغا ۋەدە قىلىنغان ئازابنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا ئەمەسلىكى، ئۇنىڭ پەقەت خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى ئەلچى ئىكەنلىكى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ھەقىقەتلەرگە گۇۋاھ ئىكەنلىكى قاتارلىق تۆت چوڭ دەلىل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر.

2. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئەڭ چوڭ مۆجىزە «قۇرئان كەرىم»دۇر.

3.«قۇرئان كەرىم» مۇئمىنلەر ئۈچۈن رەھمەت ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ھىدايەت مەنبەسىدۇر.

4. ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ قوبۇل قىلمىغانلار ئەڭ قاتتىق زىيان تارتقۇچىلار بولۇپ، قىيامەت كۈنىدە ئۇلارنىڭ پۇشايمىنى پايدا بەرمەيدۇ.

5. ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇمىغان ئادەمدىنمۇ تۇزكور ۋە ئەقىلسىز ئادەم يوقتۇر.

6. كاپىرلارنىڭ جازاسىنىڭ كېچىكتۈرۈلگەنلىكى ئۇلارنى جازالاشتىن ئاجىز كەلگەنلىك ياكى ئۇنتۇپ قالغانلىق ۋەياكى ئەھمىيەت بەر-مىگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن ۋاقتىنىڭ تېخى يېتىپ كەلمىگەنلىكىدىندۇر.

## ◄ مۇسۇلمانلارغا ئىلاھىي تەلىماتلار

﴿يَٰعِبَادِيَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِنَّ أَرۡضِي وَٰسِعَةٞ فَإِيَّٰيَ فَٱعۡبُدُونِ ﴿٥٦﴾ كُلُّ
نَفۡسٖ ذَآئِقَةُ ٱلۡمَوۡتِۖ ثُمَّ إِلَيۡنَا تُرۡجَعُونَ ﴿٥٧﴾ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ
ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَنُبَوِّئَنَّهُم مِّنَ ٱلۡجَنَّةِ غُرَفٗا تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ
خَٰلِدِينَ فِيهَاۚ نِعۡمَ أَجۡرُ ٱلۡعَٰمِلِينَ ﴿٥٨﴾ ٱلَّذِينَ صَبَرُواْ وَعَلَىٰ رَبِّهِمۡ
يَتَوَكَّلُونَ ﴿٥٩﴾ وَكَأَيِّن مِّن دَآبَّةٖ لَّا تَحۡمِلُ رِزۡقَهَا ٱللَّهُ يَرۡزُقُهَا وَإِيَّاكُمۡۚ
وَهُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ ﴿٦٠﴾ وَلَئِن سَأَلۡتَهُم مَّنۡ خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَٱلۡأَرۡضَ وَسَخَّرَ ٱلشَّمۡسَ وَٱلۡقَمَرَ لَيَقُولُنَّ ٱللَّهُۖ فَأَنَّىٰ يُؤۡفَكُونَ ﴿٦١﴾
ٱللَّهُ يَبۡسُطُ ٱلرِّزۡقَ لِمَن يَشَآءُ مِنۡ عِبَادِهِۦ وَيَقۡدِرُ لَهُۥٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ بِكُلِّ
شَيۡءٍ عَلِيمٞ ﴿٦٢﴾ وَلَئِن سَأَلۡتَهُم مَّن نَّزَّلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءٗ فَأَحۡيَا بِهِ
ٱلۡأَرۡضَ مِنۢ بَعۡدِ مَوۡتِهَا لَيَقُولُنَّ ٱللَّهُۚ قُلِ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِۚ بَلۡ أَكۡثَرُهُمۡ
لَا يَعۡقِلُونَ ﴿٦٣﴾ وَمَا هَٰذِهِ ٱلۡحَيَوٰةُ ٱلدُّنۡيَآ إِلَّا لَهۡوٞ وَلَعِبٞۚ وَإِنَّ ٱلدَّارَ
ٱلۡأٓخِرَةَ لَهِيَ ٱلۡحَيَوَانُۚ لَوۡ كَانُواْ يَعۡلَمُونَ ﴿٦٤﴾﴾

## ◄ تەرجىمىسى

56ـ ئى ئىمان ئېيتقان بەندىلىرىم! شەكسىزكى، مېنىڭ زېمىنىم كەڭدۇر، شۇڭا سىلەر (نەدە بولساڭلار) ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار.

57ـ ھەربىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر، ئاندىن سىلەر بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلىسىلەر.

58ـئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەت سارايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرىمىز، ئۇلار ئۇ جايلاردا مەڭگۈ تۇرىدۇ. (ياخشى) ئەمەللەرنى قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپات نېمىدېگەن ياخشى!

59ـئۇلار (تائەت-ئىبادەتتە) چىدامىلىق بولغان ۋە رەببىگىلا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەردۇر.

60ـ(يەر يۈزىدە) نۇرغۇن هايۋانلار باركى، ئۇلار ئۆز رىزقىنى يېنىدا كۆتۈرۈپ يۈرمەيدۇ، ئۇلارنىمۇ، سىلەرنىمۇ ئاللاھ رىزىقلاندۇرىدۇ. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر ۋە ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

61ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتتى، كۈننى ۋە ئاينى كىم (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن) كىم بويسۇندۇرۇپ بەردى؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم: «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇلار قانداقمۇ (ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشتىن) بۇرۇلۇپ كېتىدۇ؟

62ـئاللاھ رىزىقنى بەندىلىرىدىن ئۆزى خالىغان كىشىگە كەڭ قىلىپ بېرىدۇ، (خالىغان كىشىگە) تار قىلىپ بېرىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

63ـئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسماندىن يامغۇر چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرگەن كىم؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم: «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئېيتقىنكى، جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر، ئەمما ئۇلارنىڭ تولىسى ئەقلىنى ئىشلەتمەيدۇ.

64ـبۇ دۇنيا ھاياتى پەقەت بىخۇتلۇق ۋە ئويۇن-تاماشادىنلا ئىبارەتتۇر. شەكسىزكى، ھەقىقىي ھاياتلىق ئاخىرەت يۇرتىدىكى ھاياتلىقتۇر. ئەگەر ئۇلار (بۇنى) بىلسە ئىدى (دۇنيالىقنى ئاخىرەتلىكتىن ئارتۇق كۆرمەيتتى).

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە ئەھلى كىتاب بىلەن مۇشرىكلارغا خىتاب قىلىپ، ئۇلارغا تېگىشلىك رەددىيەلەرنى بەرگەندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە مۇسۇلمانلارغا تەلىمات بېرىشكە باشلايدۇ. چۈنكى، مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ تەلىماتلىرىغا ۋە يول كۆرسىتىشىگە ھەممىدىن بەك ئېھتىياجلىقتۇر.

ئۆز ۋاقتىدا مەككىدىكى مۇسۇلمانلار مۇشرىكلارنىڭ تۈرلۈك قىيىن-

قىستاقلىرى ۋە ئەزىيەتلىرىگە بەرداشلىق بېرىپ، ئىسلام دەۋىتىنى قانات يايدۇرۇش ئىشلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك ئاتلانغان ئىدى. بۇ تەلىماتلار ئەزىز جېنىنى، مال-مۈلۈكىنى ۋە قىممەتلىك ھەر نەرسىسىنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى تارقىتىش، مۇسۇلمانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ دىيارىنى قوغداش يولىغا ئاتاشنى بىلىدىغان گۈزەل ئەخلاقلىق مۇئمىنلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

بۇ ئۆز ۋاقتىدا مەككىدە كاپىرلار تەرىپىدىن ئېزىلگەن، ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى قوغداش يولىدا كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلارغا ۋە خەتەرلەرگە ئۇچرىغان مۇسۇلمانلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا تەشەببۇس قىلغان ئايەتلەردۇر. چۈنكى، مەككە فەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش پەرز ئىدى. ئەمما مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن، مەككىدىن ھىجرەت قىلىشنىڭ پەرزلىكى ئەمەلدىن قالغان. چۈنكى، مەككە ئىسلام دىيارىغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا ھىجرەت قىلىش زۆرۈر بولۇپ قالغان ئىدى. شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «لاَ هِجْرَةَ بَعْدَ الفَتْحِ ، وَلَكِنْ جِهَادٌ وَنِيَّةٌ ، وَإِذَا اسْتُنْفِرْتُمْ فَانْفِرُوا» يەنى «مەككە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن ھىجرەت يوق، پەقەت ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ۋە نىيەتلا قالدى. ئەگەر جىھادقا چاقىرىلساڭلار دەرھال چىقىڭلار»[1] دېگەن مەشھۇر سۆزىنى جاكارلىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىنى ئۆلىمالار مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشنىڭ ۋاقتى تۈگىدى، دەپ شەرھلەيدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئومۇمىي ھىجرەتنىڭ ۋاقتى تۈگىمىدى. ئۇ تا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ. ھەقىقىي زۆرۈرىيەت تېپىلسا مۇسۇلمانلار ئۆز يۇرتلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ دىنىنى ۋە ھاياتىنى قوغدىيالايدىغان بىرەر ئىسلام يۇرتىغا ھىجرەت قىلسا بولىدۇ. زۆرۈرىيەتنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ ھىجرەتنىڭ ھۆكمىمۇ ئۆزگىرىدۇ، يەنى بەزىدە پەرز، بەزىدە، مۇستەھەب بولۇپ بەلگىلىنىدۇ. ئەمما ئۆلىمالارنىڭ نەزىرىدە، دىنىنى ۋە جانىنى قوغداش ئىمكانىيىتى بار جايلارنى تاشلاپ كېتىش ھىجرەت ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىنى كاپىرلارغا تاشلاپ بېرىپ قېچىپ كېتىشى ھىجرەت ئەمەس.

[1] «صحيح البخاري» 4- توم 15-بەت،2783-ھەدىس.

يۇقىرىقى ئايەت مەككە فەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى نازىل بولغان بولۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى ھىجرەتنىڭ پەرزلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما ئۇ مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىنكى پۈتۈن ھىجرەتلەرنى مەقسەت قىلمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا ۋە ھىجرەت قىلىشقا ئۈندەپ دەيدۇكى، ھەرقانداق جان ئىگىسى چوقۇم بىر كۈنى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىماي قالمايدۇ. چوقۇم بىر كۈنى ئۆلمەي چارە يوق. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئۆلۈمدىن قورقۇپ خورلۇققا رازى بولۇپ ياشاش نومۇستۇر. دۇنيالىق مەنپەئەتنى دەپ كاپىرلارنىڭ يۇرتىدا تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىنى ۋە ئەخلاقىنى قۇربان قىلىدىغانلار زىيان تارتىدۇ. بىر كۈنى ھەممە خالايىق ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ، بۇ دۇنيادىن ئايرىلىدۇ. ئېرىشكەن مەنپەئەتلەر بۇ دۇنيادا قېلىپ قالىدۇ. ئاخىرەتتە ئەسقاتىدىغىنى پەقەت ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەلدۇر. ئەقىللىق ئادەملەر ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك ھاياتلىق ئۈچۈن ھارماي ئىشلەيدۇ، تىرىشىدۇ ۋە تەييارلىق قىلىدۇ.

ئىمان ئېيتقان ۋە شۇ ئىمانىنىڭ تەلىپى بويىچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ھاياتىنى ياخشى ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن كىشىلەر ئۈچۈن جەننەتلەردە ياخشى تۇرالغۇلار، قەسىرلىرىنىڭ ۋە دەل-دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان ئالىي جەننەت سارايلىرى تەييارلىنىدۇ. ئۇلار بۇ جايلاردا مەڭگۈلۈك تۇرۇپ ھۇزۇرلىنىدۇ، ئاخىرەتتە ئۆلۈم يوق، جەننەتلەردە كۆڭۈلسىزلىك، غەم-قايغۇ دېگەنلەر قەتئىي يوق. مانا بۇلار ياخشى ئەمەل قىلغانلارنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتىدۇر. ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپات نېمىدېگەن ياخشى! نېمىدېگەن ئېسىل! ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى قانات يايدۇرۇش يولىدا باشلىرىغا كەلگەن جاپا-مۇشەققەتلەرگە، ھەر تۈرلۈك ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلغان، تائەت-ئىبادەتلەردە ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر- پەرمانلىرىنى ئورۇنداشتا چىداملىق ۋە مۇستەھكەم بولغان، نەدىلا بولسۇن، ئىنسانىيەتكە، خۇسۇسەن، مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق ئىشلارنى قىلغان كىشىلەردۇر.

ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولغان ئىكەن، ئۇ ھەممىگە رىزىق بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. پۈتۈن جانلىقلارنىڭ رىزقىنى ئاللاھ تائالا بېرىدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ كۈندىلىك ئوزۇقلىرىنى تېپىپ يېيەلمەيدىغان جانلىقلارنىڭ رىزقىنىمۇ ئاللاھ تائالا ئۆزى ھازىرلاپ بېرىدۇ. قۇشلار

ئەتىگەن ئۇۋۇلىرىدىن ئاچ قورساق چىقىپ كېتىپ، كەچتە تـوق قايتىدۇ. يەنە نۇرغۇنلىغان جانلىقلارنىڭ رىزقىنى ئاللاھ تائالا ھەر خىل يوللار بىلەن تەمىنلەپ بېرىدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئـى مەككىلىك مۇسۇلمانلار! گەرچە سىلەر ئوزۇقسىز، پۇل ـ مالسىز بولساڭلارمۇ چوقۇم ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئاچ قويمايدۇ، رىزقىڭلارنى بېرىدۇ. شۇڭا سىلەر ئاللاھ تائالاغا ئىشەنچ قىلىڭلار، ئۇنىڭغا تايىنىڭلار. چۈنكى، ئـۇ ھەرقانداق مۇناجاتنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممە ئەھۋاللىرىڭلارنى كۆرۈپ ۋە بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلار تەۋەككۇلنىڭ ھەقىقىي مەنىسىگە ئەمەل قىلىپ ئاللاھ تائالاغا چىن قەلبىدىن ئىشەنچ باغلىغان ۋە ھەممە ئىشتا ئۇنىڭغا تايانغان ئىدى. شۇڭا ئۇلار بارچە مال ـ دۇنياسىنى مەككىدە تەرك ئېتىپ، مەدىنىگە قۇرۇق قول بارغان. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆز پەزلىدىن باي قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ياردىمىدىن بىھاجەت قىلغان.

ئـى پەيغەمبەر! سەن مۇشرىكلاردىن ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان كىم؟ ياراتقۇچىدىن باشقا ھېچكىم ھېسابىنى بىلىپ بولالمايدىغان نۇرغۇنلىغان ئالەملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ كاتتا كائىناتنى ياراتقان كىم؟ ئاي بىلەن كۈننى ئۆز ئوربىتىلىرىدا شۇنداق ئىنتىزاملىق ئايلىنىدىغان قىلغان كىم؟ قۇرغاقچىلىقتىن ئۆلگەن زېمىننى ياشار- تىدىغان يامغۇرنى بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدىن چۈشۈرۈپ بەرگەن كىم؟ دەپ سورىساڭ، ئۇلار ھېچ ئىككىلەنمەستىنلا چوقۇم: «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ. ئەمەلىيەت شۇنداق تۇرسا، ئۇلار قانداقمۇ بۇ ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈيدۇ، قانداقمۇ ياراتقۇچى ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىشتىن بۇرۇلۇپ كېتىدۇ، قانداقمۇ ئۇنى قويۇپ شۇ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان بۇتلارغا چوقۇنىدۇ؟

ئـى مۇشرىكلار! سىلەر بۇ كائىناتنى ياراتقان ۋە ئۇنى ئىدارە قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئاللاھتۇر، دەپ ئىقرار قىلىپ تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن ئىبادەتلەردە ئۇنىڭغا بۇتلاردىن ئىبارەت ساختا ئىلاھلارنى شېرىك قىلىۋالىسىلەر؟ ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان ۋە ھېچ نەرسىگە پايدىسى يوق، ئۆزلىرىنىمۇ قوغدىيالمايدىغان بۇتلارنى قانداقمۇ ھەممىگە قادىر ئاللاھ تائالاغا تەڭ قىلىۋالىسىلەر؟ بۇ ئۇچىغا چىققان ئەقىلسىزلىق ۋە ئەخمەقلىق ئەمەسمۇ؟!

ئاللاھ تائالا رىزىقنى بەندىلىرىنىڭ ئارىسىدا ھېكمەت ۋە ئادالەت بىلەن تەقسىم قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆزى خالىغان بەندىسىنىڭ رىزقىنى

كەڭ قىلىدۇ، خالىغان بەندىسىنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى توغرۇلۇق سوئال قويۇپ: نېمە ئۈچۈن بىرىنىڭ رىزقىنى كەڭ، تۇرمۇشىنى باياشات قىلىدۇ، نېمە ئۈچۈن يەنە بىرىنىڭ رىزقىنى تار ۋە تۇرمۇشىنى جاپالىق قىلىدۇ؟ دەپ سوراش بىمەنىلىكتۇر. چۈنكى، ياراتقۇچى زات كىمگە قانچىلىك مىقداردا بەرسە ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۈنىمۇ ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، رىزىقنىڭ كەڭ بولۇشى بەزى كىشىلەر ئۈچۈن پايدىلىق بولسا، يەنە بەزى كىشىلەر ئۈچۈن زىيانلىق بولۇپ، بەزى ھاللاردا ئۇلارنى توغرا يولدىن ئازدۇرۇپ قويىدۇ. زامانىمىزدا كۆرۈۋاتىمىزكى، كۆپىنچە بايلارنىڭ بالىلىرى بەتخەجلىك قىلىپ تۇرلۇك يامان يوللارغا كىرىپ كېتىۋاتىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بايلىقى تۈپەيلىدىن خاتىرجەمسىز ۋە ئازابلىق ھايات كەچۈرۈۋاتىدۇ.

دېمەك، رىزىق ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇنى بەندىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن تەقسىم قىلىدۇ. ئىنسان مەيلى ھىجرەت دىيارىدا بولسۇن، مەيلى ئۆز يۇرتىدا بولۇپ ئائىلىسىنىڭ يېنىدا بولسۇن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا تەقدىر قىلغان رىزقىنى ئەلۋەتتە تولۇق بېرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق ئېھتىياجلىرىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر.

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئاللاھ تائالاغا قاتمۇقات شۈكۈرلەر بولسۇنكى، سىلەر ئىنكار قىلالمايدىغان كەسكىن پاكىتلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە سىلەر ھەممىنى ئىقرار قىلدىڭلار. ئاللاھ تائالاغا قاتمۇقات شۈكۈرلەر بولسۇنكى، ئۇ سىلەرنى جانلىقلارنىڭ ھاياتى بولغان يامغۇر بىلەن سۇغىرىپ تۇرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئەقىل ئىشلەتمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار بۇ ھەقىقەتلەرنى بىلمەيدۇ ۋە چۈشىنەلمەيدۇ.

كىشىلەر تىرىشىپ، تىرمىشىپ ئىشلەۋاتقان ۋە چىن كۆڭلىدىن بېرىلىۋاتقان بۇ دۇنيا ھاياتى پەقەت ئويۇن-تاماشا ۋە غەپلەتتىنلا ئىبارەتتۇر. ئۇ ئەرزىمەسلىكىدە، باقىي ئەمەسلىكىدە ۋە تېز تۈگەپ كېتىشىدە خۇددى ئويۇن-تاماشاغا ئوخشايدۇ. ھەقىقىي ھاياتلىق ئاخىرەت ھاياتىدۇر. چۈنكى، ئۇ مۇكەممەل بىر ھايات بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆلۈم يوق، ئېرىشكەنلەردىن ئايرىلىپ قېلىش يوق، زېرىكىش يوق، جاپا تارتىش يوق. ئەگەر ئىنسانلار ئۆزلىرى ئۈچۈن نېمىنىڭ پايدىلىق ۋە نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ۋە ئاخىرەتنىڭ دۇنيالىقتىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بىلسە ئىدى، ئۇلار ھەرگىز دۇنيالىقنى ئاخىرەتلىكتىن ئارتۇق كۆرمىگەن

ۋە ئەلۋەتتە ئاخىرەت ھاياتىنى ھەممىدىن ئالدىنقى ئورۇندا قويغان بولاتتى.

بۇ ئايەتلەر مۇسۇلمانلارنى دۇنياغا جان-دىلى بىلەن بېرىلىپ كېتىپ، ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ كېتىشتىن توسۇپ، ئاخىرەت ھاياتىنى سۆيدۈرۈش، ياخشى ئەمەللەرگە قىزىقتۇرۇش ۋە ئۇلارنى ئىسلامىي ئەخلاق دائىرىسىدە مۇكەممەل مۇئمىن قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش، ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ «بەندىلىرىم» دەپ سۆيۈپەتلىگەنلىكىگە لايىق قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن يېتەرلىك ئۈگۈتتۇر ۋە ۋەز-نەسىھەتتۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** ئاللاھ تائالانى تونۇش ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش ھەربىر ئىنساننىڭ بۇرچى بولۇپ، بۇنىڭدا ھېچقانداق ئۆزرە قوبۇل قىلىنمايدۇ.

**2.** جىھاد ۋە ھىجرەت يولىدا ئۆلۈش ئەڭ شەرەپلىك ئۆلۈم بولۇپ، مۇسۇلمان ئادەم مۇنداق شەرەپلىك ئۆلۈمدىن قاچماسلىقى، قورقماسلىقى، بەلكى ئۇنى ئارزۇ قىلىشى لازىم.

**3.** ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا سەۋرچانلىق بىلەن چىدامچانلىق كۆر-ستىشنىڭ مۇكاپاتى ئىنتايىن چوڭدۇر.

**4.** مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ئىشىنىپ، ئۇنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشى ھەقىقەتەن ئەجەبلىنەرلىك ئىشتۇر.

**5.** ئاللاھ تائالانىڭ بىراۋنى باي قىلغانلىقى ئۇنى ياخشى كۆر-گەنلىكىدىن بولمىغاندەك، بىراۋنى يوقسۇل قىلغانلىقىمۇ ئۇنى يامان كۆرگەنلىكىدىن ئەمەس. چۈنكى، بايلىق ۋە يوقسۇللۇق ھەر ئىككىسى سىناقتۇر.

## ◄ كاپىرلارنىڭ ئاسايىشلىق ۋە قىيىنچىلىق ۋاقىتلىرىدىكى ئەھۋالى

﴿فَإِذَا رَكِبُواْ فِى ٱلْفُلْكِ دَعَوُاْ ٱللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ ٱلدِّينَ فَلَمَّا نَجَّىٰهُمْ
إِلَى ٱلْبَرِّ إِذَا هُمْ يُشْرِكُونَ ﴿٦٥﴾ لِيَكْفُرُواْ بِمَآ ءَاتَيْنَٰهُمْ وَلِيَتَمَتَّعُواْۚ
فَسَوْفَ يَعْلَمُونَ ﴿٦٦﴾ أَوَلَمْ يَرَوْاْ أَنَّا جَعَلْنَا حَرَمًا ءَامِنًا وَيُتَخَطَّفُ

ٱلنَّاسُ مِنۡ حَوۡلِهِمۡۚ أَفَبِٱلۡبَٰطِلِ يُؤۡمِنُونَ وَبِنِعۡمَةِ ٱللَّهِ يَكۡفُرُونَ ﴿٦٧﴾
وَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّنِ ٱفۡتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا أَوۡ كَذَّبَ بِٱلۡحَقِّ لَمَّا جَآءَهُۥٓۚ
أَلَيۡسَ فِي جَهَنَّمَ مَثۡوٗى لِّلۡكَٰفِرِينَ ﴿٦٨﴾ وَٱلَّذِينَ جَٰهَدُواْ فِينَا
لَنَهۡدِيَنَّهُمۡ سُبُلَنَاۚ وَإِنَّ ٱللَّهَ لَمَعَ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿٦٩﴾

### ◄ تەرجىمىسى

65ـ ئۇلار كېمىگە چىقىپ (غەرق بولۇشتىن قورققان) چاغلىرىدا، دىنىنى ئاللاھقا خاس قىلغان ھالدا ئۇنىڭغا چىن ئىخلاسى بىلەن ئىلتىجا قىلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى ئامان-ئېسەن قۇرۇقلۇققا چىقارغان چاغدا بولسا، ئۇلار شۇ ھامان (ئاللاھقا) شېرىك كەلتۈرىدۇ.

66ـ ئۇلار بىزنىڭ بەرگەنلىرىمىزگە تۇزكورلۇق قىلسۇن ۋە كەيپ-ساپا سۈرۈۋالسۇن! (قىلمىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى) يېقىندا بىلىپ قالىدۇ.

67ـ ئۇلار كۆرمەمدۇكى، بىز (ئۇلارغا مەككىنى) چېقىلىشقا بولمايدىغان ئامان (جاي) قىلىپ بەردۇق. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئىنسانلار (قاراقچىلار تەرىپىدىن) ئېلىپ قېچىلىۋاتىدۇ. ئۇلار باتىلغا ئىشىنىپ، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلامدۇ؟

68ـ ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان ياكى ھەقىقەت كەلگەندە ئۇنى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ جەھەننەمدە (بۇنداق) كاپىرلارغا جاي يوقمۇ؟

69ـ بىزنىڭ يولىمىزدا كۈرەش قىلغانلارنى بىز ئەلۋەتتە يوللىرىمىزغا يېتەكلەيمىز. شەكسىزكى، ئاللاھ (بۇيرۇلغان ھەر ئىشنى) قېتىرقىنىپ قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئويۇن-تاماشا ۋە غەپلەتتىن ئىبارەت بولغان بۇ دۇنيا ھاياتى كۆپلىگەن كىشىلەرنى ئالداپ قويىدۇ. كاپىرلارنىڭ كاپىرلىقىغا، مۇشرىكلارنىڭ مۇشرىكلىقىغا سەۋەب بولغان نەرسىمۇ، ئۇلارنىڭ دۇنياغا ئالدىنىپ كەتكەنلىكىدۇر. چۈنكى، ئۇلار بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەندە ياكى ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغان چاغدا، ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىدۇ، شۇ چاغدىلا ئاللاھ تائالانى ئېسىگە ئالىدۇ. كاپىرلار شۇنداق مەخلۇقلاركى،

ئۇلار دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىپ بارغىنىدا توساتتىن دولقۇنلار ئۆرلەپ كېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ سۇدا غەرق بولۇپ ئۆلىدىغانلىقىغا جەزم قىلغىنىغا ئوخشاش بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كېلىپ، دۇنيادىن ۋە ئىنسانلارنىڭ ياردىمىدىن ئۈمىدى پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن، ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىشتىن باشقا چارىسى قالمىغان ۋاقىتتا، ئۇلار ئەسلى تەبىئىتىگە قايتىدۇ ۋە ئاللاھ تائالاغا چىن دىلىدىن دۇئا قىلىپ ئىلتىجا قىلىشقا باشلايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ قەلبى كۇفرىلىق بىلەن تولغان بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بېشىغا كەلگەن ئېغىر كۈلپەتلەردىن قۇتۇلغاندىن كېيىنلا يەنە بۇرۇنقى كۇفرىلىقىغا قايتىپ كېتىدۇ. ﴿ئۇلار كېمىگە چىقىپ (غەرق بولۇشتىن قورققان) چاغلىرىدا، ئاللاھقا چىن ئىخلاسى بىلەن ئىلتىجا قىلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى ئامان-ئېسەن قۇرۇقلۇققا چىقارغان چاغدا، ئۇلار دەرھال (ئاللاھقا) شېرىك كەلتۈرۈشكە باشلايدۇ﴾ دېگەن بۇ ئايەت ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بەرگەن ئايەتتۇر.

كاپىرلار ئاللاھ تائالانىڭ شۇنچىلىك كۆپ نېمەتلىرىگە ۋە سان-ساناقسىز ئاتا-ئېھسانلىرىغا ئېرىشىپ تۇرۇپ، يەنە ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلدى، ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلدى، نېمەتكە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولمىدى، بەلكى نانكورلۇق قىلغۇچىلاردىن بولدى. ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ لەززەتلىرىدىن، هالاۋەتلىرىدىن ۋە بارلىق مەنپەئەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرسۇن، ئۇلار قىلمىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئاخىرەتكە بارغاندا بىلىپ قالىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئۇ چاغدا بىلگەنلىكىنىڭ ئۇلارغا قىلچە پايدىسى بولمايدۇ.

مۇشرىكلار كۆرمەمدۇ؟ بىلمەمدۇ؟ ئاڭلىمامدۇ؟ ئاللاھ تائالا ئۇلار تۇرغان مەككە مۇكەررەمە شەھىرىنى چېقىلىشقا بولمايدىغان، قان تۆكۈش چەكلەنگەن، ئامانلىق ۋە خاتىرجەملىك يۇرتى بولغان مۇقەددەس ھەرەم قىلىپ بەردى. ئۇلارغا ھەرەمدە ھېچكىم يامانلىق قىلالمايدۇ، زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ھەتتا ئۇلار مەككىنىڭ سىرتىغا چىققان چاغلىرىدىمۇ ئۇلارغا ھېچكىم چېقىلمايدۇ، ئۇلارنى بوزەك قىلىش خىيالىدا بولمايدۇ. چۈنكى، ئەتراپتىكى ئەرەبلەر ھەممىسى ھەرەمنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ھەرەم ئەھلىنى قاتتىق ھۆرمەتلىگەنلىكتىن ئۇلارغا زىيان يەتكۈزۈش خىيالىدا بولمايدۇ، ئەمما ھەرەمنىڭ ئەھلى بولمىغان ئەرەبلەر قاراقچىلارنىڭ بۇلاڭ-تالاڭلىرىغا، تاجاۋۇزچى قەبىلىلەرنىڭ ھۇجۇملىرىغا دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدۇ، ھەتتا ئادەملەر مال-دۇنياسى بىلەن ئېلىپ قېچىلىپ تۇرىدۇ. ھالبۇكى، ھەرەمنىڭ ئەھلى بولغان مەككىلىكلەر بۇ

تەلەيسىزلىكلەرگە ئۇچرىمايدۇ، بەلكى خاتىرجەملىك ۋە ئامانلىق ئىچىدە ياشايدۇ.

مەككىلىكلەر نېمە ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ بۇ كاتتا نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلمايدۇ؟ نېمىشقا ئىبادەت ۋە دۇئالىرىنى بېشىغا كۈن چۈشكەندىلا ئەمەس، بەلكى ھەممىلا ۋاقىتتا ئاللاھ تائالاغا خاس قىلمايدۇ؟

ياكى ئۇلار بۇ نېمەتلەرنى راستتىنلا كۆرمەمدۇ ۋە بىلمەمدۇ؟ ئاللاھ تائالانىڭ بۇ پەزل-كەرەملىرىنى ھېس قىلمامدۇ؟ ئۇلار نېمىدېگەن تۇزكور خەلق، ھە!

ئۇلار ساختا ئىلاھلاردىن ئىبارەت باتىلغا ئىشىنىپ، ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلامدۇ؟ بۇ نېمىدېگەن ئەقىلسىزلىق؟

ئاللاھ تائالا جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان توغرا يولنى ۋە دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغان ئەگرى يولنى بايان قىلىپ، كىشىلەرنى جەننەتنىڭ يولىغا دەۋەت قىلغان ۋە دوزاخنىڭ يولىدىن ئاگاھلاندۇرغاندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەمر قىلىپ، ئۇنى مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇيدۇ: ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇپ، ئاللاھ تائالا دېمىگەن سۆزلەرنى دېدى دەپ يۇرگەن ياكى ئۆزىنىڭ ئازغۇنلۇقىنى ۋە كاپىرلىقىنى ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىگە ئارتىپ قويۇپ، ئاللاھ تائالا مېنىڭ شۇنداق ئازغۇن ۋە كاپىر بولۇشۇمنى ئىرادە قىلغان دەپ ئۇنىڭغا تۆھمەت چاپلىغان ياكى ھەقىقەت بارلىق دەلىل-پاكىتلىرى بىلەن ئۇنىڭغا يەتكەن چاغدا، ئۇنى ئىنكار قىلغان يالغانچى، تۆھمەتچى ۋە ئىنكارچى ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟

بۇ نېمىدېگەن چوڭ يالغانچىلىق-ھە! مانا مەن ئۆزۈمنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھەق پەيغەمبىرى ۋە سىلەرگە ئەۋەتكەن راستچىل ئەلچىسى ئىكەنلىكىمنى، مەن سىلەرگە ئوقۇپ بېرىۋاتقان كىتابنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى بولغان «قۇرئان كەرىم» ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىشەنچ بىلەن جاكارلايمەن. بەزىلىرىڭلار مېنى ئىنكار قىلدىڭلار. ئۇنداقتا، ئىككىمىزنىڭ بىرى چوقۇم يالغانچىدۇر. يەنى يا مەن يالغانچى ياكى سىلەر يالغانچىسىلەر. لېكىن مەن ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغان ئېيتمىغانلىقىمنى ۋە سۆزۈمدە راستچىل ئىكەنلىكىمنى سىلەرگە قايتا-قايتا تەكىتلىدىم. مېنىڭ بالىلىق چاغلىرىمدىن باشلاپ راست سۆزلۈك ئىكەنلىكىمنى ھەممىڭلار ئوبدان بىلىسىلەر، ماڭا كەلگەن مۆجىزىلەرمۇ

مېنىڭ راستچىللىقىمنى كۆچلەندۈرىدۇ. ئەمما سىلەر دەلىلسىز هالدا مېنى ئىنكار قىلىۋاتىسىلەر، سۆزلىرىمگە ئىشەنمەيۋاتىسىلەر. ئەگەر مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنى يالغان دېگەن سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار دەلىل-ئىسپاتىڭلارنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلارچۇ! مەن ﴿جەهەننەمدە بۇ كاپىرلارغا جاي يوقمۇ؟﴾ دېگەن ئايەتنى ئوبدان بىلىمەن. يالغاندىن پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغۇچىنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلىمەن. ئەمما سىلەر ئاللاھ تائالانى ۋە قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلىۋاتىسىلەر. سىلەرگە ئوخشاش كاپىرلارغا جەهەننەمدە ئەلۋەتتە جاي بار. بولغاندىمۇ تازا قىينايدىغان ۋە كۆيۈپ بولغان تېرەڭلەرنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ كۆيدۈرۈش بىلەن ئازابلايدىغان جاي ئەلۋەتتە بار.

ئاللاھ تائالا ئاخىرقى ئايەتتە دەيدۇكى، بىز ئۈچۈن، بىزنىڭ دىنىمىزنى قوغداش ۋە ئۇنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، ئاللاھ تائالانىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى جىهاد قىلغان، دىندا مۇستەهكەم تۇرۇپ بىزنىڭ رازىلىقىمىزغا ئېرىشىش يولىدا، يامانلىققا بۇيرۇيدىغان نەپسىگە ۋە ئازدۇرغۇچى شەيتانغا قارشى كۈرەش قىلغان كىشىلەرنى ئەلۋەتتە بىزنىڭ يوللىرىمىزغا يېتەكلەيمىز، ئۇلارنى ئەلۋەتتە توغرا ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلىمىز.

شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا دىن ۋە دۇنيالىق هەرقانداق ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىدىغان، ئەمەل - ئىبادەتلەرنى ئىخلاس بىلەن ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندايدىغان ۋە بارلىق جانلىقلارغا رەهىم-شەپقەت قىلىدىغان، ياخشىلىق قىلىدىغان مۇئمىن بەندىلىرى بىلەن بىللىدۇر، ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ، ئۇلارنى هىدايەتكە يېتەكلەيدۇ، ئۇلارنى گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن يىراق قىلىدۇ، خەتەرلەردىن قوغدايدۇ ۋە هەمىشە ئۆز هىمايىسى ئاستىدا تۇتىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ كاتتا ئىلتىپات بارمۇ؟!

بۇ ئاللاھ تائالانىڭ پەزل-كەرەمى بولۇپ، ئۇنى خالىغان بەندىلىرىگە ئاتا قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا كاتتا پەزل-كەرەم ئىگىسىدۇر.

### ◄ مۇهىم نۇقتىلىرى

1. هەقىقىي هايات ئاخىرەت هاياتىدۇر. دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرى ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە تولىمۇ ئەرزىمەس نەرسىلەردۇر. ئەمما ئاخىرەت هاياتى ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرى هەقىقەتەن چوڭدۇر.

2. ئەرەب مۇشرىكلىرى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ئىشەنسىمۇ، ئۇنىڭ

يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان ۋە ئىبادەتتە مەخلۇقاتنى ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرىدىغان كاپىرلار ئىدى.

3. ئەڭ چوڭ گۇناھ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش بولۇپ، بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغان ئېيتقانلىق ۋە ئۇنىڭغا ئۇنىڭ شەنىگە لايىق كەلمەيدىغان سۈپەتلەرنى مەنسۇپ قىلغانلىق بولىدۇ.

4. ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ شەخسىي مەنپەئەتلەر تۈپەيلى ئۇنى ئىنكار قىلغانلار ھەقىقىي مەنىدىكى ئىنكارچىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ جايى مەڭگۈلۈك دوزاختۇر.

5. ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلغان، شەيتاننىڭ نەيرەڭلىرىگە ۋە نەپسىنىڭ ئازدۇرۇشلىرىغا قارشى كۈرەش قىلغانلارنى ئاللاھ تائالا ئىككىلا ئالەمدە ياخشىلىق يوللىرىغا ۋە نىجاتلىققا ئېرىشتۈرىدۇ.

# رۇم سۈرىسى

رۇم سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 60 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، سۈرىنىڭ 17-ئايىتى مەدىنىدە، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى مەككىدە نازىل بولغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ھەرقانداق ئىشنىڭ، ھەرقانداق ۋەقەلىكنىڭ ۋە ھەرقانداق ئۆزگىرىشنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى ۋە ئىرادىسى بىلەن بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىدە پۈتۈن ئىشلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكى، ئىسلام دىنىنىڭ بارچە ئىنسانلارنىڭ تۇغۇلۇشتىكى تەبىئىي ھالىتى بولغان بىردىنبىر ھەق دىن ئىكەنلىكى، ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە ۋە ئىلمىگە دالالەت قىلىدىغان كائىنات دەلىللىرى بايان قىلىنغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتە كەلگەن ﴿ٱلرُّومُ﴾ يەنى «رۇم» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ، سۈرىنىڭ ئالدىنقى بەش ئايىتىدە رىملىقلارنىڭ ئىرانلىقلار بىلەن ئۇرۇشۇپ يېڭىلىدىغانلىقى ۋە يېڭىلگەندىن كېيىن يېڭىدىغانلىقى ھەققىدە بېشارەت بېرىلگەن. رىم ئەرەب تىلىدا «رۇم» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. رىملىقلار ئەينى ۋاقىتتىكى كونستانتىن (ئىستانبۇل)نى مەركەز قىلغان ۋىزانتىيە (قەدىمقى شەرقىي رىم ئىمپېراتورلۇقىنى)نى كۆرسىتىدۇ.

## ◄ غەيبنىڭ خەۋەرلىرىدىن

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿الٓمٓ ۝١ غُلِبَتِ ٱلرُّومُ ۝٢ فِيٓ أَدۡنَى ٱلۡأَرۡضِ وَهُم مِّنۢ بَعۡدِ غَلَبِهِمۡ

سَيَغْلِبُونَ ﴿٣﴾ فِي بِضْعِ سِنِينَ ۗ لِلَّهِ ٱلْأَمْرُ مِن قَبْلُ وَمِنۢ بَعْدُ ۚ
وَيَوْمَئِذٍ يَفْرَحُ ٱلْمُؤْمِنُونَ ﴿٤﴾ بِنَصْرِ ٱللَّهِ ۚ يَنصُرُ مَن يَشَآءُ ۖ وَهُوَ
ٱلْعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٥﴾ وَعْدَ ٱللَّهِ ۖ لَا يُخْلِفُ ٱللَّهُ وَعْدَهُۥ وَلَـٰكِنَّ أَكْثَرَ
ٱلنَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٦﴾ يَعْلَمُونَ ظَـٰهِرًا مِّنَ ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا وَهُمْ عَنِ
ٱلْـَٔاخِرَةِ هُمْ غَـٰفِلُونَ ﴿٧﴾

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ ئەلىف، لام، مىيم(بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

2ـ5ـ رىملىقلار يېقىن بىر جايدا يېڭىلدى، ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ، ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، بۇ كۈندە مۆئمىنلەر ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ، ئاللاھ خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىدۇ، ئاللاھ غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

6ـ بۇنى ئاللاھ ۋەدە قىلدى. ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

7ـ ئۇلار دۇنيا ھاياتىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا بىلىدۇ، ئەمما ئاخىرەتتىن غەپلەتتىدۇر.

## نازىل بولۇش سەۋەبى

ۋاھىدىي بايان قىلىدۇكى، ئىرانلىقلار رىملىقلارغا قارشى ئۇرۇش ئېچىپ، ئۇلارنى شام ئەتراپىدا يەڭگەندىن كېيىن، مۇشرىك ئەرەبلەر قاتتىق خۇشال بولۇشىدۇ ۋە مۇسۇلمانلارنى غەمكىن قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا: ئىرانلىقلار بىزگە ئوخشايدۇ، چۈنكى، ئۇلار ساماۋى دىنغا ئېتىقاد قىلمايدۇ. ئەمما رىملىقلار ساماۋى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان خرىستىيانلاردۇر. ئىرانلىقلار رىملىقلارنى يەڭگەندەك بىزمۇ چوقۇم سىلەرنى يېڭىمىز، دېيىشىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاللاھ تائالا ﴿رىملىقلار يېقىن بىر جايدا يېڭىلدى، ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر

قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىدۇ[1].

مۇپەسسىرلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىملىقلارنىڭ ئىرانلىقلارنى چوقۇم يېڭىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ قەسەم ئىچىدۇ. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم»دە بېرىلگەن ۋەدىلەرنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىدا قىلچە شەك يوقتۇر. بۇ ۋاقىتتا مۇشرىك ئەرەبلەر ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە: ئۇنداقتا ئۇنىڭغا مۇئەييەن ۋاقىت توختىتىپ بەرگىن، سېنىڭ سۆزۈڭ ئەمەلگە ئاشامدۇ ياكى ئاشمامدۇ؟ قېنى كۆرىمىز، دەيدۇ. ئاندىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەھۋالنى بايان قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ئايەتتىكى «بىر قانچە يىل» ئۈچ يىل بىلەن توققۇز يىل ئوتتۇرىسىدىكى ۋاقىتنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئاندىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇشرىكلارغا ئۈچ يىلدىن توققۇز يىلغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە رىملىقلارنىڭ ئىرانلىقلارنى يېڭىۋالىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. راست دېگەندەك، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەسەم قىلغاندىن ساق توققۇز يىلدىن كېيىن رىملىقلار ئىرانلىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ راستچىللىقىغا قايىل بولۇشىدۇ. رىملىقلارنىڭ ئىرانلىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان كۈنى دەل مۇسۇلمانلار بەدرى ئۇرۇشىدا غەلىبە قازىنىدۇ. بۇ كۈندە مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن خۇشال بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بۇنىڭدىن ئىلگىرى: ﴿بۇ كۈندە مۇئمىنلەر ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ﴾ دەپ خەۋەر بەرگەن ئىدى.

### ◄ تەپسىرى

ئەلىف، لام، مىيم. ئىرانلىقلار رىملىقلارنى يەڭدى. ئەمما رىملىقلار يېڭىلگەندىن كېيىن، ئىرانلىقلارنى چوقۇم يېڭىدۇ. بۇ بىر قانچە يىل ئىچىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئۆز ۋاقتىدا شەرقتە ئىران ئىمپېراتورلۇقى بىلەن غەربتە رىم ئىمپېراتورلۇقى ئەڭ چوڭ ئىككى دۆلەت بولۇپ، دۇنيا ئۇلارنىڭ سايىسىدىن قورقۇپ تۇراتتى. ئۇلار دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن ھەدەپ

[1] «تفسير الطبري» ٢٠ ـ توم، ٦٤ ـ بەت، «التفسير المنير» 21ـتوم 41ـبەت.

بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇراتتى.

ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىلگىرىمۇ ۋە كېيىنمۇ ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ھەممە ئىش ئۇنىڭ تەقدىرى ۋە ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ. ئى قۇرەيش كاپىرلىرى! سىلەر ئۆزۈڭلارنى كۈچلۈك ۋە مۇسۇلمانلارنى ئاجىز ساناپ كۆرەڭلىمەڭلار. سىلەردە ماددىي كۈچ-قۇۋۋەت بولسا، مۇسۇلمانلاردا مەنىۋى كۈچ-قۇۋۋەت بار. ئەمما سىلەرمۇ ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىڭلار، ئۇنىڭ ياردىمىگە ئىشەنچ بىلەن تايىنىڭلار. چۈنكى، ئۇ سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مەدەتكار ۋە ئەڭ ياخشى ئىگىدۇر.

رىملىقلار ئىرانلىقلارنى يەڭگەن كۈنى مۆئمىنلەر خۇشال بولىدۇ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىدىن سۆيۈنىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا خالىغان كىشىلەرگە ياردەم قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ، ئۇ مۆئمىنلەرنىڭ مەدەتكارىدۇر. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە تولىمۇ رەھىم-شەپقەتلىك، ھەقىقىي مۆئمىنلەرنى كاپىرلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا پۇرسەت بەرمەيدىغان زاتتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى، بۇ ۋەدە ۋەدىسىگە قەتئىي خىلاپلىق قىلمايدىغان، ئىشلارنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن تەرەپلىرىنى ئېنىق بىلىدىغان، ھەممىگە كۈچى يېتىدىغان، ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بارلىق ئىشلار ئۆز ئىلكىدە بولغان قۇدرەتلىك زاتنىڭ ۋەدىسىدۇر.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سىلەر ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنچ قىلىڭلار. سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا كېلىدىغان ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىق ئاللاھ تائالانىڭ سىناقلىرى ۋە چېنىقتۇرۇشىدۇر. ﴿وَلِيُمَحِّصَ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَيَمۡحَقَ ٱلۡكَٰفِرِينَ﴾ يەنى ﴿بۇ يەنە ئاللاھنىڭ مۆئمىنلەرنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىشى ۋە كاپىرلارنى ھالاك قىلىشى ئۈچۈندۇر﴾[1]. ئەمما ئىنسانلارنىڭ تولىسى بۇ ھەقىقەتنى بىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار دۇنيا ھاياتىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا بىلىدۇ. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىگە نېمىنىڭ پايدىلىق ۋە نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ۋە ئىشلارنىڭ ئىچكى يۈزىنى بىلمەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ تولىسى دۇنيا ھاياتىدا يەپ-ئىچىش، كەلگەن ئامەتلىرىدىن مەغرۇرلىنىش قاتارلىقلارنىلا بىلىدۇ. ئەمما ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ پەقەت ئاخىرەتلىك ئۈچۈن تەييارلىق قىلىدىغان

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 141-ئايەت.

جاي ئىكەنلىكىنى، بۇ دۇنيا ھاياتىنىڭ ئاخىرەتنىڭ ئېكىنزارلىقى ئىكەنلىكىنى، دۇنيانىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە مەنپەئەتلەرنىڭ پانىي ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاخىرەتتىن ۋە ئاخىرەت ھەققىدىكى ھەقىقەتلەردىن غەپلەتتىدۇر.

بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى: ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ساقلايدىغان، دۇنيادىمۇ ئۇلارنى بەخت-سائادەتلىك قىلىدىغان مەنپەئەتلىك ئىلىمنى بىلمەيدۇ، پەقەت دۇنيالىقتىكى ماددىي ئىلىملەرنىلا بىلىدۇ، دەپ تەپسىر قىلىدۇ.

ئۇلار ئاخىرەت ھاياتىدىن، ئۇنىڭدىكى ھېساب، مۇكاپات ۋە جازا قاتارلىق ئىشلاردىن، ئاخىرەتتە مۇئمىنلەر ئۈچۈن تەييارلانغان كاتتا مۇكاپاتلاردىن ۋە گۇناھكارلارغا ھازىرلانغان قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەتلەردىن غەپلەتتىدۇر. شۇڭا ئۇلار ئاخىرەتلىكىنىڭ غېمىنى قىلمايدۇ ۋە ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئەمەل قىلمايدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم» ئۆزىنىڭ شانلىق مۆجىزىسى، پۈتۈن بايانلىرى، كېلەچەك ۋە ئاخىرەت توغرۇلۇق بەرگەن بارچە خەۋەرلىرى ئارقىلىق ئىسلام دىنىنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

2. ئاتەشپەرەسلەرنى ئەمەس، ئاتېئىزمچىلار بىلەن مۇشرىكلارنىڭ كاپىرلىقى يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارنىڭ كاپىرلىقىدىن ياماندۇر.

3. ئىنسانلارنىڭ تولىسى دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ يوللىرىنى ياخشى بىلگىنى بىلەن ئاخىرەتتە بەختلىك بولۇشنىڭ يوللىرىنى بىلمەيدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئىلاھىي تەلىماتلاردىن غەپلەتتە قالغانلىقى سەۋەبىدىندۇر. چۈنكى، بەزى ئىنسانلار بىر ئۆمۈر غەپلەت ئىچىدە ياشاپ ئۆتىدۇ. بۇنداق ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنىڭ باشقا جانلىقلارنىڭ ھاياتىدىن قىلچە پەرقى يوقتۇر.

### ◄ مۇشرىكلارنى تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەش

﴿أَوَلَمۡ يَتَفَكَّرُواْ فِيٓ أَنفُسِهِمۗ مَّا خَلَقَ ٱللَّهُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ وَمَا

بَيْنَهُمَآ إِلَّا بِٱلْحَقِّ وَأَجَلٍ مُّسَمًّى ۗ وَإِنَّ كَثِيرًا مِّنَ ٱلنَّاسِ بِلِقَآئِ رَبِّهِمْ
لَكَٰفِرُونَ ﴿٨﴾ أَوَلَمْ يَسِيرُوا۟ فِى ٱلْأَرْضِ فَيَنظُرُوا۟ كَيْفَ كَانَ عَٰقِبَةُ
ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ ۚ كَانُوٓا۟ أَشَدَّ مِنْهُمْ قُوَّةً وَأَثَارُوا۟ ٱلْأَرْضَ وَعَمَرُوهَآ
أَكْثَرَ مِمَّا عَمَرُوهَا وَجَآءَتْهُمْ رُسُلُهُم بِٱلْبَيِّنَٰتِ ۖ فَمَا كَانَ ٱللَّهُ
لِيَظْلِمَهُمْ وَلَٰكِن كَانُوٓا۟ أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ ﴿٩﴾ ثُمَّ كَانَ عَٰقِبَةَ ٱلَّذِينَ
أَسَٰٓـُٔوا۟ ٱلسُّوٓأَىٰٓ أَن كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَكَانُوا۟ بِهَا يَسْتَهْزِءُونَ ﴿١٠﴾ ٱللَّهُ
يَبْدَؤُا۟ ٱلْخَلْقَ ثُمَّ يُعِيدُهُۥ ثُمَّ إِلَيْهِ تُرْجَعُونَ ﴿١١﴾ وَيَوْمَ تَقُومُ ٱلسَّاعَةُ
يُبْلِسُ ٱلْمُجْرِمُونَ ﴿١٢﴾ وَلَمْ يَكُن لَّهُم مِّن شُرَكَآئِهِمْ شُفَعَٰٓؤُا۟ وَكَانُوا۟
بِشُرَكَآئِهِمْ كَٰفِرِينَ ﴿١٣﴾ وَيَوْمَ تَقُومُ ٱلسَّاعَةُ يَوْمَئِذٍ يَتَفَرَّقُونَ ﴿١٤﴾
فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ فَهُمْ فِى رَوْضَةٍ يُحْبَرُونَ ﴿١٥﴾
وَأَمَّا ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ وَكَذَّبُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا وَلِقَآئِ ٱلْءَاخِرَةِ فَأُو۟لَٰٓئِكَ فِى
ٱلْعَذَابِ مُحْضَرُونَ ﴿١٦﴾

### تەرجىمىسى

**8**ـئۇلار ئۆزلىرى توغرۇلۇق پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئاللاھ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى پەقەت ھېكمەت بىلەن ۋە مۇئەييەن مۇددەت بىلەن ياراتتى. شەك-شۈبھىسىزكى، ئىنسانلارنىڭ تولىسى رەببىنىڭ ئالدىغا بارىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلغۇچىدۇر.

**9**ـئۇلار يەر يۈزىدە كېزىپ ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ ئىلگىرىكىلەر قۇۋۋەتتە بۇلاردىن كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار زىرائەت تېرىشتا، ئىمارەت سېلىشتا بۇلاردىن ئۈستۈن ئىدى. ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. (ئۇلار بۇ مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلىپ ھالاك بولدى). ئاللاھ ئۇلارغا ئۇۋال قىلمىدى، لېكىن ئۇلار ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلدى.

**10**ـئاندىن يامان ئىش قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتى ئەڭ يامان بولدى. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە داۋاملىق مەسخىرە قىلغان ئىدى.

11ـ ئاللاھ مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقتىن) بارلىققا كەلتۈرىدۇ، ئاندىن ئۇنى (پانىي بولغاندىن كېيىن) يەنە ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، ئاندىن ھەممىڭلار ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.

12ـ قىيامەت قايىم بولغان كۈندە گۇناھكارلار (ئازابتىن قۇتۇلۇشتىن) ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ.

13ـ ئۇلار (ئاللاھقا) شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىنىڭ ھېچبىرىدىن شاپائەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇلار (ئۇ كۈندە) ئۆزلىرى شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن تانىدۇ.

14ـ قىيامەت قايىم بولغان كۈندە (مۇئمىنلەر بىلەن كاپىرلار) بىر-بىرىدىن ئايرىلىدۇ.

15ـ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، ئۇلار (جەننەت باغچىلىرىدا (دائىملىق نازۇنېمەتلەر بىلەن) خۇشاللىققا چۆمدۈرۈلىدۇ.

16ـ (ئاللاھنى) ئىنكار قىلىپ، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ۋە ئاخىرەتتىكى ئۈچرىشىشنى يالغانغا چىقارغانلارغا كەلسەك، ئەنە شۇلار داۋاملىق ئازابتا قالىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئۇلار ئۆزلىرى توغرۇلۇق ۋە ئۆزلىرىنى يوقتىن يارىتىپ مۇشۇنداق چىرايلىق شەكىلگە كىرگۈزگەن زات توغرۇلۇق پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ توغرا، ئۇلار ئۆزلىرى ئۈستىدە ھېچبىر پىكىر يۈرگۈزمىدى، ئۆزلىرىنى يوقتىن ياراتقان زاتنىڭ ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ئۆزلىرىدىكى سانسىز ئالامەتلەر ئۈستىدىمۇ ھېچبىر پىكىر يۈرگۈزمىدى. ئۇلار ئىنسانىنىڭ بۇنداق چىرايلىق ۋە يارىشىملىق يارىتىلغانلىقىنىڭ پەقەت ھەممىنى ياخشى بىلىدىغان ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغان بىر ماھىر ياراتقۇچى تەرىپىدىنلا ئەمەلگە ئاشقانلىقى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىپ كۆرمىدى.

ئەگەر سىز ئۆز ئەزالىرىڭىز توغرۇلۇق پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولسىڭىز، ئۇنىڭدا ئاجايىپ ئالامەتلەرنى كۆرىسىز. سەزگۈ ئەزالىرىڭىز، قان ئايلىنىش ئورگانلىرىڭىز، نەپەس ئېلىش سىستېمىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرى مۆجىزە بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي قۇدرىتىنى ۋە چەكسىز ئىلىم-ھېكمىتىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا. ﴿وَفِي ٱلۡأَرۡضِ ءَايَٰتٌ

لِّلۡمُوقِنِينَ ﴿٢٠﴾ وَفِيٓ أَنفُسِكُمۡۚ أَفَلَا تُبۡصِرُونَ﴾ يەنى ﴿زېمىندا ۋە ئۆزۈڭلاردا (ئاللاھقا) چىن ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر بار، سىلەر (بۇلارنى) كۆرمەيۋاتامسىلەر؟﴾ [1]

بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿أَوَلَمۡ يَتَفَكَّرُواْ فِيٓ أَنفُسِهِمۗ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىنى: ئۇلار ئۆزلىرى توغرۇلۇق تەپەككۇر قىلمىدىمۇ؟ ئەگەر ئۇلار تەپەككۇر قىلسا ئىدى، ئاللاھ تائالانىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى جىمى مەۋجۇداتنى بىرەر مەقسەت، غايە بىلەن ياراتقانلىقىنى، ھېچ نەرسىنى بىكارغا ياراتمىغانلىقىنى ۋە ھېكمەت بىلەن ياراتقانلىقىنى بىلگەن بولاتتى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بارلىق كائىناتنى بىرەر مەقسەت ۋە ھېكمەت بىلەن ياراتتى. ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ھەر نەرسىنىڭ مۇئەييەن مۇددىتى بولۇپ، ئۇ قىيامەت قايىم بولغانغا قەدەر شۇنداق داۋاملىشىدۇ. مۇشۇ روشەن ھەقىقەتلەردىن كېيىن يەنىلا نۇرغۇن كىشىلەر قىيامەت كۈنىدىن ئىبارەت ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا بارىدىغان كۈننى ئىنكار قىلىشىدۇ.

مۇپەسسىرلەر ﴿مَّا خَلَقَ ٱللَّهُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ وَمَا بَيۡنَهُمَآ إِلَّا بِٱلۡحَقِّ وَأَجَلٖ مُّسَمّٗىۗ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿بِٱلۡحَقِّ﴾ دېگەن سۆزگە ھەر خىل مەنىلەرنى ئېيتقان بولۇپ، بەزىسى «ھەقىقەت ئۈچۈن» دېسە، يەنە بەزىسى «ھەقىقەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن» دەپ مەنە ئېيتقان، يەنە بەزىسى «ھەق ۋە ئادالەت بىلەن» دېسە، يەنە بەزىسى «ھېكمەت بىلەن» دەپ مەنە ئېيتقان. بۇ مەنىلەر بىر-بىرىگە يېقىندۇر[2].

«قۇرئان كەرىم» بۇ بايانلاردىن كېيىن، كۈچ - قۇۋۋەت جەھەتتە مەككە كاپىرلىرىدىن ئەلۋەتتە كۈچلۈك ۋە بايلىق جەھەتتىمۇ ئۇلاردىن ئارتۇق بولغان نۇرغۇن ئۈممەتلەرنىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرغانلىقى ۋە پەيغەمبەرلەرگە قارشى تۇرغانلىقى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلىنغانلىقى قاتارلىق تارىخىي ۋەقەلىكلەرنى بايان قىلىشقا باشلايدۇ. بۇ ۋەقەلىكلەرنى بايان قىلىشتىن مەقسەت مەككىلىكلەرنى ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئېلىشقا ئۈندەشتۇر.

ئۇلار يەر يۈزىنى كېزىپ كۆرمىدىمۇ؟ ئەگەر ئۇلار يەر يۈزىنى كېزىپ كۆرسە ئىدى، ئەلۋەتتە ئاد ۋە سەمۇد قاتارلىق نۇرغۇنلىغان قەۋملەرنىڭ

[1] زارىيات سۈرىسى: 21-ئايەت.
[2] «تفسير القرطبي» 14- توم، 10- بەت.

ھالاك قىلىنغان شەھەرلىرىنىڭ خارابىلىرىنى كۆرەتتى. بۇ قەۋملەر كۈچ-قۇۋۋەت جەھەتتە مەككىلىكلەردىن كۈچلۈك، بايلىق تەرەپتىنمۇ ئارتۇق ئىدى. ئۇلار زىرائەت تېرىيدىغان، ھەشەمەتلىك بىنالارنى سالىدىغان قەۋم بولۇپ، ئۆز يۇرتلىرىنى مەككىلىكلەردىنمۇ بەك گۈللەندۈرگەن ۋە ئاۋات قىلغان خەلقلەر ئىدى. پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرىنى ۋە روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كېلىپ ئۇلارنى ئىمانغا چاقىرغان، بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن توسقان ۋە ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇغان ئىدى. ئەمما ئۇلار دەۋەتكە قۇلاق سالماي پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى ئۇلارغا تېگىشلىك بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەڭ ئىبرەتلىك ھالدا ھالاك قىلىنغان ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا قەتئىي ئۇۋۇال قىلغان ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھېچكىمگە قىلچىلىكمۇ ئۇۋۇال قىلمايدۇ. لېكىن ئۇلار كۇفرىلىق يولىنى تاللاش ۋە ھەقىقەتكە قارشى چىقىش بىلەن ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان زالىملار ئىدى.

ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتى ھەقىقەتەن بەكمۇ يامان بولدى. ئۇلار بۇ دۇنيادا پۈتۈنلەي ھالاك بولۇپ تۈگەشتى، ئاخىرەتتە بولسا ئۇلار جەھەننەمنىڭ قاتتىق ئازابىغا تاشلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بىزنىڭ پەيغەمبەرلىرىمىزنى ۋە ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ھەم مەسخىرە قىلغان گۇناھكار قەۋملەردۇر. ئى مەككىلىكلەر! ئۆزۈڭلارغا بىر قاراپ باقمامسىلەر؟ سىلەرنىڭ ئۇلاردىن ئەۋزەل تەرىپىڭلار بارمۇ؟ ياكى سىلەر ئۇلاردىن كۈچلۈكمۇ؟ شەكسىزكى، سىلەر ئۇلاردىن ئەۋزەل ئەمەس، كۈچلۈكمۇ ئەمەس. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، يامانلىقنى ئۇلاردىن كۆپرەك قىلىۋاتىسىلەر. شۇڭا سىلەر بۇ دۇنيانىڭ خارلىقىغا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا باشقىلاردىن بەكرەك ھەقلىق بولىسىلەر. بۇنى چۈشەندىڭلارمۇ؟ بۇنى ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟

بۇنىڭدا ھېچبىر ئەجەبلىنىدىغان ئىش يوق. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتنى يوقتىن بارلىققا كەلتۈرىدۇ، ئاندىن ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلارنى تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن ھەممىڭلار ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر. ئى پەيغەمبەر! بۇ مۇشرىكلارغا ھەممىڭلار ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدىغان قىيامەت كۈنىنى ئەسلەتكىنكى، قىيامەت كۈنى گۇناھكار-لارنىڭ ئازابتىن قۇتۇلۇشتىن ۋە ياخشىلىققا ئېرىشىشتىن ئۈمىدى پۈتۈنلەي ئۈزۈلىدۇ ۋە كۆرسىتىدىغان ھېچبىر ئۆزرىسى بولمىغانلىقتىن جىم بولىدۇ. ئۇلار باشلىرىغا كېلىدىغان ئازاب-ئوقۇبەتلەرنىڭ قور-

قۇنچىسىدىن سۈكۈت قىلىدۇ، ھېچ نەرسە دېيەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا شاپائەتچىلىرىمىز، دەپ ئىشەنچ قىلغان ساختا ئىلاھلىرى ۋە ئاتالمىش شاپائەتچىلىرى ئۇ كۈندە ئۇلارغا قىلچە ئەسقاتمايدۇ. شۇڭا ئۇ كۈندە بۇ مۇشرىكلار بارچە شاپائەتچىلىرىدىن ئادا-جۇدا بولىدۇ، مۇناسىۋىتى بۈزۈلىدۇ، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكىدىن تېنىۋالىدۇ.

قىيامەت كۈنى ئىنسانلار بىر-بىرىدىن ئايرىلىدۇ، مۆئمىنلەردىن ئىبارەت بەختلىكلەر بىلەن كاپىرلاردىن ئىبارەت بەختسىزلەرنىڭ يولى ئايرىلىدۇ. چۈنكى، شۇنىڭدىن كېيىن مۆئمىنلەر جەننەتكە، كاپىرلار دوزاخقا قاراپ يول ئالىدۇ.

ئاللاھ تائالاغا، قىيامەت كۈنىگە ۋە ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇلغان ھەقىقەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىمان ئېيتىپ، شۇ ئىمانىغا يارىشا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئەلۋەتتە جەننەتلەردىكى ئېسىل تۇرالغۇلاردا تۇرىدۇ، گۈزەل باغلاردا يايرىتىلىدۇ ۋە تۈرلۈك نېمەتلەر بىلەن نېمەتلەندۈرۈلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار مەڭگۈلۈك خۇشاللىققا ئېرىشكەن كىشىلەر بولۇپ، ھەمىشە شۇنداق تۇرىدۇ. ئۇلارغا جەننەتلەردە كۆڭلى تارتقان جىمى نازۇنېمەتلەر بار. ﴿فَلَا تَعۡلَمُ نَفۡسٞ مَّآ أُخۡفِيَ لَهُم مِّن قُرَّةِ أَعۡيُنٖ جَزَآءَۢ بِمَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن (ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا) ئۇلار ئۈچۈن ساقلانغان ھۇزۇر- ھالاۋەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ﴾[1].

ئەمدى، ئاللاھ تائالانى، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان، ئاخىرەتتە تىرىلدۈرۈلۈپ ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا چىقىرىلىدىغانلىقىنى يالغانغا چىقارغان كاپىرلارغا كەلسەك، ئۇلارغا مەڭگۈلۈك ئازاب بار، ئۇلار ئازابتا دائىملىق قالىدۇ، ئۇلار دوزاختىن چىقىپ كېتىشنى ئارزۇ قىلغانسېرى ئۇلارغا بولغان ئازاب تېخىمۇ ئاشۇرۇلىدۇ. ئاندىن ئۇلارغا: ﴿فَذُوقُواْ ٱلۡعَذَابَ بِمَا كُنتُمۡ تَكۡفُرُونَ﴾ يەنى ﴿كاپىر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئازابنى تېتىڭلار﴾[2] دېيىلىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئەقىل بىر ھېساب كۈنىنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى،

[1] سەجدە سۈرىسى: 17-ئايەت.

[2] ئەنئام سۈرىسى: 30-ئايەت.

ھەرقانداق ئادەم ئادالەتكە تەلپۈنىدۇ، ئەمما بۇ دۇنيادا ھەقىقىي ئادالەتنى تاپالمايدۇ. بۇ ئادالەت پەقەت قىيامەت كۈنىدىلا ھەقىقىي ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

2. ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ راستلىقى توغرۇلۇق كەلگەن ئەقلىي ۋە نەقلىي دەلىللەر شۇنچىلىك كۆپ، شۇنچىلىك كۈچلۈك تۇرسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ كۆپ سانلىقى ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە ئىشەنمەيدۇ ياكى ئۇنىڭغا شەك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئىنسانلارنىڭ تولىسىنىڭ ئاقىۋەت مەسىلىسىدە تەپەككۇر قىلىش ۋە ئىزدىنىشتىن يىراق بىر ھاياتتا ياشىغانلىقىدىندۇر. چۈنكى، بۇنداق ئىنسانلارنىڭ پىكىر-خىيالى ۋە تەپەككۇر ماۋزۇسى مۇشۇ پانىي دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرى بىلەن چەكلىنىپ قالغان.

3. سەيلە-ساياھەت قىلىشنىڭ ئەڭ چوڭ پايدىسى كۆرگەن ۋە بىلگەنلىرىدىن ئىبرەت ئېلىشتۇر.

4. «قۇرئان كەرىم»نى ياكى ئىسلام دىنىنى مەسخىرە قىلغانلار شەكسىز كاپىر بولىدۇ.

5. قىيامەت كۈنى مۇشرىكلارغا ۋە ھەرقانداق بىر كاپىرغا قەتئىي شاپائەت قىلىنمايدۇ.

### ◄ ئىبادەت قىلىش ۋە تەسبىھ ئېيتىش ۋاقىتلىرى

﴿فَسُبۡحَـٰنَ ٱللَّهِ حِينَ تُمۡسُونَ وَحِينَ تُصۡبِحُونَ ﴿١٧﴾ وَلَهُ ٱلۡحَمۡدُ فِي
ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَعَشِيّٗا وَحِينَ تُظۡهِرُونَ ﴿١٨﴾ يُخۡرِجُ ٱلۡحَيَّ مِنَ
ٱلۡمَيِّتِ وَيُخۡرِجُ ٱلۡمَيِّتَ مِنَ ٱلۡحَيِّ وَيُحۡيِ ٱلۡأَرۡضَ بَعۡدَ مَوۡتِهَاۚ وَكَذَٰلِكَ
تُخۡرَجُونَ ﴿١٩﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

17-(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر ئاخشامدا ۋە ئەتىگەندە ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىڭلار.

18-ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى بارلىق ھەمدۇسانالار ئاللاھقا خاستۇر.

كەچ ۋە پېشىن ۋاقىتلىرىدىمۇ (ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىڭلار).

19ـ ئاللاھ جانسىزدىن جانلىقنى چىقىرىدۇ، جانلىقتىن جانسىزنى چىقىرىدۇ، (قۇرغاقچىلىقتىن) ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدۇ، سىلەرمۇ (تىرىلدۈرۈلۈپ قەبرەڭلاردىن) شۇنداق چىقىرىلىسىلەر.

### ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتتە ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ مۇكاپاتىنى بايان قىلىپ: ﴿فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ فَهُمۡ فِي رَوۡضَةٖ يُحۡبَرُونَ﴾ يەنى ﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، ئۇلار (جەننەت) باغچىلىرىدا (دائىملىق نازۇنېمەتلەر بىلەن) خۇشاللىققا چۆمدۈرۈلىدۇ﴾ [1] دېگەندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە، شۇنى ئۇچۇقلايدۇكى، سىلەر ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتىنى ۋە يۈكسەك دەرىجىسىنى بىلگەن بولساڭلار، شۇنىمۇ ياخشى بىلىڭلاركى، ئىمان دېگەن ئېغىزدىلا بولمايدۇ، بەلكى ئۇ چىن قەلبتە ئورۇن ئالىدىغان، تىل بىلەن جاكارلىنىدىغان ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەن نامايان قىلىنىدىغان نەرسىدۇر. چۈنكى، «ياخشى ئەمەل» دېگەن سۆز تىلنىڭ، دىلنىڭ ۋە بەدەننىڭ ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاش، ئۇنى جىمى نۇقسانلاردىن پاك دەپ تەسبىھ ئېيتىش، ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئېيتىپ مەدھىيىلەش قاتارلىق ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى ئىمان، تەۋھىد ۋە ياخشى ئەمەل قاتارىدىن سانىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننى بەختلىك قىلىشقا، ئۇنىڭغا سائادەت بېغىشلاشقا يېتەرلىكتۇر. شەكسىزكى، بۇ ئەمەللەر ئۇنى جەننەتلەردە مەڭگۈ قېلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئەتىگەندە، ئاخشامدا ۋە پېشىن ۋاقىتلىرىدا ئاللاھ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىپ، ئۇنىڭ جىمى كەمچىلىكلەردىن ۋە بارلىق نۇقسانلاردىن ئەلۋەتتە پاك ئىكەنلىكىنى جاكارلاڭلار. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «بەش ۋاخ نامازنىڭ ۋاقتى ‹قۇرئان كەرىم›دە بايان قىلىنغان» دېگەندە، ساھابىلەردىن بىرى ئۇنىڭدىن: «ئۇ

[1] رۇم سۈرىسى: 15ـ ئايەت.

قايسى ئايەتلەردە بايان قىلىنغان؟» دەپ سورىغان. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «﴿ئاخشامدا﴾ دېگەندىن شام بىلەن خۇپتەن، ﴿ئەتىگەندە﴾ دېگەندىن بامدات، ﴿كەچ﴾ ۋاقتىدىن ئەسىر نامىزى، ﴿پېشىن﴾ ۋاقتىدىن پېشىن نامىزى مەقسەت قىلىنىدۇ»[1] دېگەن.

بۇنىڭغا بىنائەن، ئايەتتىكى تەسبىھتىن ناماز ئوقۇش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ جىمى نۇقسانلاردىن، بارلىق كەمچىلىكلەردىن پاك ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ: «سُبْحَانَ اللّٰهِ وَبِحَمْدِهِ» يەنى «ئاللاھ بارچە نۇقسانلاردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر، ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن» دېيىش ۋە ئۇنى مۇكەممەل سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى، شۇنداقلا پۈتۈن كائىناتتىكى جىمى ھەمدۇسانا، يەنى بارچە مەدھىيە ۋە ماختاشلار ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. چەكسىز ماختىلىش ۋە مەدھىيەلىنىش ئاللاھ تائالانىڭلا ھەققىدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە لايىق زاتتۇر. ئاللاھ تائالاغا ئۇ ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلەرگە تەڭ كەلگۈدەك دەرىجىدە تەسبىھ ۋە تەھلىل ئېيتىش ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ قولىمىزدىن كەلگەنچە، چامىمىزنىڭ يېتىشىچە كۆپ تەسبىھ ۋە تەھلىل ئېيتىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشىمىز لازىم.

ئاللاھ تائالا ئۆز قۇدرىتى بىلەن جانسىز نەرسىلەردىن جانلىقنى ۋە جانلىقتىن جانسىز نەرسىلەرنى چىقىرىدۇ، ئۇ يەنە قۇرغاقچىلىقتىن ئۆلگەن زېمىنغا يامغۇر ياغدۇرۇش ئارقىلىق ئۇنى كۆكەرتىپ، ئۇنىڭدا تۈرلۈك زىرائەتلەرنى ئۇندۇرۇش بىلەن ئۇنى تىرىلدۈرىدۇ. ئى ئىنسانلار! ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى سىلەرنى ئەنە شۇنداق تىرىلدۈرىدۇ. يەنى سىلەر ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن، گەرچە جىسمىڭلار چىرىپ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتسىمۇ، ئاللاھ تائالا سىلەرنى قايتىدىن ھاياتقا ئەنە شۇنداق قايتۇرىدۇ. دېمەك، سىلەر ئۆلگەندىن كېيىن چوقۇم تىرىلىسىلەر، ئاندىن بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى-يامان بارلىق ئەمەللىرىڭلاردىن ھېساب بېرىسىلەر ۋە مۇكاپات ياكى جازادىن ئىبارەت ئۆزۈڭلارغا تېگىشلىك بولغانىنى ئالىسىلەر.

---

[1] «تفسير القرطبي» 14- توم 14-بەت.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ۋە تەسبىھ ئېيتىش كىشىنى ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىبادەتلەرنىڭ بىرىدۇر. ئاللاھ تائالانى ئۆزىگە لايىق كەلمەيدىغان سۈپەتلەردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش ھەربىر ئىنسان ئۈچۈن پەرزدۇر.

3. ناماز ئىسلام ئىبادەتلىرىنىڭ ئەڭ ئالدىنقىسى ۋە ئەڭ ئەھمىيەتلىكىدۇر.

4. ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي قۇدرىتىگە ۋە چەكسىز ئىلمىگە دالالەت قىلىدىغان كائىنات دەلىللىرى ئاخىرەتنىڭ تىرىلىشنى ئىسپاتلايدۇ.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان بەزى ئايەتلەر

﴿وَمِنْ ءَايَٰتِهِۦٓ أَنْ خَلَقَكُم مِّن تُرَابٍ ثُمَّ إِذَآ أَنتُم بَشَرٌ تَنتَشِرُونَ
٢٠ وَمِنْ ءَايَٰتِهِۦٓ أَنْ خَلَقَ لَكُم مِّنْ أَنفُسِكُمْ أَزْوَٰجًا لِّتَسْكُنُوٓا۟
إِلَيْهَا وَجَعَلَ بَيْنَكُم مَّوَدَّةً وَرَحْمَةً ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّقَوْمٍ
يَتَفَكَّرُونَ ٢١ وَمِنْ ءَايَٰتِهِۦ خَلْقُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَٱخْتِلَٰفُ
أَلْسِنَتِكُمْ وَأَلْوَٰنِكُمْ ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّلْعَٰلِمِينَ ٢٢ وَمِنْ
ءَايَٰتِهِۦ مَنَامُكُم بِٱلَّيْلِ وَٱلنَّهَارِ وَٱبْتِغَآؤُكُم مِّن فَضْلِهِۦٓ ۚ إِنَّ فِى
ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّقَوْمٍ يَسْمَعُونَ ٢٣ وَمِنْ ءَايَٰتِهِۦ يُرِيكُمُ ٱلْبَرْقَ خَوْفًا
وَطَمَعًا وَيُنَزِّلُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَيُحْىِۦ بِهِ ٱلْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَآ ۚ إِنَّ فِى
ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ ٢٤ وَمِنْ ءَايَٰتِهِۦٓ أَن تَقُومَ ٱلسَّمَآءُ
وَٱلْأَرْضُ بِأَمْرِهِۦ ۚ ثُمَّ إِذَا دَعَاكُمْ دَعْوَةً مِّنَ ٱلْأَرْضِ إِذَآ أَنتُمْ
تَخْرُجُونَ ٢٥ وَلَهُۥ مَن فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ كُلٌّ لَّهُۥ قَٰنِتُونَ ٢٦
وَهُوَ ٱلَّذِى يَبْدَؤُا۟ ٱلْخَلْقَ ثُمَّ يُعِيدُهُۥ وَهُوَ أَهْوَنُ عَلَيْهِ ۚ وَلَهُ ٱلْمَثَلُ

ٱلۡأَعۡلَىٰ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ وَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿٢٧﴾

**تەرجىمىسى**

20ـ ئاللاھنىڭ سىلەرنى تۇپراقتىن ياراتقانلىقى، ئاندىن سىلەرنىڭ ئىنسان بولۇپ (يەر يۈزىگە) تارقىلىپ يۈرۈشۈڭلار ئۇنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىدىندۇر.

21ـ ئاياللاردىن ئۇنىسى ـ ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ ئۆلارنى ئۆز تېپىڭلاردىن يارىتىپ، ئاراڭلاردا مېھىر ـ مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئۇنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىدىندۇر. پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار.

22ـ ئاللاھنىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقانلىقى، تىلىڭلارنىڭ، رەڭگىڭ ـ لارنىڭ خىلمۇخىل بولۇشى ئۇنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىدىندۇر. بۇنىڭدا ھەربىر ئىلىم ئىگىسى ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار.

23ـ سىلەرنىڭ كېچىسى ئۇخلىشىڭلار، كۈندۈزى ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىدىن (رىزقىڭلارنى) ئىزدىشىڭلار ئۇنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىدىندۇر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا ئاڭلايدىغان قەۋم ئۈچۈن، (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆر ـ سىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار.

24ـ ئاللاھنىڭ سىلەرگە چاقماقنى قورقۇنچ ۋە ئۈمىد قىلىپ كۆرسىتىشى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرۈشى ئۇنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىدىندۇر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن، (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار.

25ـ ئاسماننىڭ ۋە زېمىننىڭ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى ئاستىدا تۇرۇشمۇ ئۇنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىدىندۇر. ئاندىن (قىيامەت كۈنى) سىلەرنى (تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن، سىلەر كۆمۈلگەن) يەر ئاستىدىن چاقىرسا دەرھال چىقىسىلەر.

26ـ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭدۇر. ھەممە ئۇنىڭغا بويسۇنغۇچىدۇر.

27ـ ئاللاھ مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقتىن) بارلىققا كەلتۈرىدىغان، ئاندىن ئۇنى (پانىي بولغاندىن كېيىن) ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان زاتتۇر، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن

بەكمۇ ئوڭايدۇر. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ئەڭ ئالىي سۈپەت ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

### تەپسىرى

ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا، بىرلىكىگە ۋە ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان ئالامەتلەر، كائىنات دەلىللىرى ئەتراپىڭلارنى قورشاپ تۇرماقتا. ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرنى تۇپراقتىن ياراتقانلىقى ئاشۇ ئالامەتلەر ۋە دەلىللەرنىڭ قاتارىدىندۇر. مەلۇمكى، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى تۇپراقتىن ياراتقان، ئاندىن ئۇنىڭ ئەۋلادى بولغان سىلەرنى ئەرزىمەس سۇ (ئىسپېرما) دىن ياراتقان.

بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ ئېيتىدىغان بولساق دەيمىزكى، ھەممىمىز تۇپراقتىن يارىتىلغانمىز. چۈنكى، ئاتىمىز ئادەمنىڭ تۇپراقتىن يارىتىلغانلىقى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرى بىلەن تەكىتلەنگەن بىر ھەقىقەتتۇر. ئۇنىڭ ئەۋلادى بولغان ئىنسانلار «ئىسپېرما» دەپ ئاتىلىدىغان شۇ ئەرزىمەس سۇدىن يارىتىلغان بولۇپ، بۇ سۇ قاندىن، قان ئوزۇقلۇقتىن، ئوزۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەردىن، ئۆسۈملۈكلەر زېمىندىن بارلىققا كېلىدۇ. نەتىجىدە، ئىنسان تۇپراقتىن يارىتىلغان بولىدۇ.

ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئەسلىڭلارنى ھەرىكەت قىلمايدىغان، ئۆسمەيدىغان، ھاياتلىقتىن، ئەقىل-ئىدراكتىن خالىي جانسىز تۇپراقتىن ياراتقان تۇرۇقلۇق، سىلەر تومۇرۇڭلاردا ھاياتلىقنىڭ نىشانى بولغان قېنىڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان، تەبىئەت كۈچلىرىنى ئۆز مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن بويسۇندۇرۇشنى بىلىدىغان، تىرىكچىلىك ئىشلىرىڭلارنى جايىدا ئېلىپ بارالايدىغان، يەر يۈزىنى گۈللەندۈرىدىغان، ئەقىل-ئىدراكلىق ئىنسان بولۇپ چىقتىڭلار. جانسىز تۇپراقتىن مۇشۇنداق كارامەتلىك ئىنساننى ياراتقان زات ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە قادىردۇر!

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىبسىل تەبىرلىرىدىن يەنە بىرى شۇكى، ئۇ ئىنساننىڭ تۇپراقتىن يارىتىلغانلىقىنى بايان قىلغان ئايەتكە ئەگەشتۈرۈپلا: ﴿ئاندىن سىلەرنىڭ ئىنسان بولۇپ (يەر يۈزىگە) تارقىلىپ يۈرۈشۈڭلار﴾ دېگەن. بۇ مۇئمىنۇن سۈرىسى ۋە باشقا سۈرىلەردە بايان قىلىنغان ئىنساننىڭ ئانا قورسىقىدىكى تەرەققىيات باسقۇچلىرىغا

ئىشارەت قىلىش ئۈچۈن بولۇپ، بۇنىڭدا ئىنساننىڭ دەسلەپتە ئىسپېرما، ئاندىن ئەلەق، ئاندىن گۆش پارچىسى، ئاندىن ئىنسان بولۇشى قاتارلىق باسقۇچلاردىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەقىللىق، ھەرىكەتچان ۋە تەدبىرلىك مەۋجۇدات بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقى ۋە تەبىئەت كۈچلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەقلى ۋە بىلىمى بىلەن بويسۇندۇرىدىغانلىقى يورۇتۇپ بېرىلگەن.

﴿كۆڭلۈڭلارنى ئارام تاپقۇزۇشۇڭلار ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئۆز تىپىڭلاردىن جۈپلەرنى ياراتقانلىقى ۋە ئۇلار بىلەن ئاراڭلاردا مۇھەببەت ۋە مېھرىبانلىق ئورناتقانلىقى ئۇنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىدىندۇر. شەك-شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار﴾. ئاللاھ تائالا ئىنسانلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆز تىپىدىن جۈپلەرنى يارىتىپ بەردى. ئۇلار ئەر-ئايال ھەممىسى ئىنسانلىق خۇسۇسىيىتىدە ۋە ئادىمىيلىك ھۆرمەتتە، شۇنداقلا ئىنسانلارغا خاس تەلەپ ۋە ئىستەكلەردە ئوخشاشتۇر. چۈنكى، ئىنسان مىجەز-خاراكتېردا ئۆزىگە ماسلىشىدىغاننى ياقتۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قىزىقىدۇ. ئۆزىنىڭ ھالال جورىسى بىلەن بىللە بولغان ئادەم خاتىرجەملىك ۋە ھۇزۇر ئىچىدە بولىدۇ. مۇنداق ئىنسان ئايەتتىكى «مېھىر-مۇھەببەت»نىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىدۇ ۋە ھېس قىلىدۇ.

ئەمما ئارىسىدا نىكاھ بولمىغان ئەر بىلەن ئايال ھارام ئىشتا بۇنداق ھۇزۇر ۋە خاتىرجەملىككە ئېرىشەلەمدۇ؟ بۇ ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئايەتتە نىكاھلىق ئەر-ئاياللار بىر-بىرى ئۈچۈن خۇددى ئارام ئالىدىغان جايغا ئوخشاش قىلىپ كۆرسىتىلگەن. چۈنكى، مەخسۇس ئارامگاھقا كىرگەن ئادەم تولۇق خاتىرجەملىك ۋە ھۇزۇرنى ھېس قىلغاندەك، نىكاھلىق ئەر-ئاياللارمۇ بىر-بىرىدىن شۇنداق ھۇزۇرنى تاپىدۇ.

نىكاھلىق ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنلىقنى ۋە مېھىر-مۇھەببەتنى باشقا ھېچكىمدە تاپقىلى بولمايدۇ. چۈنكى، نىكاھ دېگەن شۇنداق سېھىرلىك نەرسە بولۇپ، ئۇ يات كىشىلەرنى يېقىن تۇغقانلاردىن، ھەتتا قېرىنداشلاردىنمۇ يېقىن قىلىۋېتىدۇ، ئىلگىرى بىر-بىرىنى كۆرۈپ باقمىغان قىز-يىگىتلەر نىكاھنىڭ شاراپىتى ۋە بەرىكىتى بىلەن ئەڭ يېقىن قەدىناسلاردىن بولۇپ قالىدۇ، ھەتتا ئۇلار ئاتا-ئانىسىغا، قېرىنداشلىرىغا ۋە يېقىن دوستلىرىغا دېمىگەن گەپلىرىنى بىر-بىرىگە دېيىشىدۇ، ئۇلارغا ئېيتمايدىغان سىرلارنى ئۆزئارا بىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ

يېقىنلىقىنىڭ مەنبەسى جىنسىي ھەۋەس ئەمەس ئەلۋەتتە. بەلكى ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان مەنىۋى نېمەتتۇر. شۇڭا نىكاھتا تەنلەر بىرلىشىشتىن ئاۋۋال روھلار، كۆڭۈللەر ۋە ھېسسىياتلار بىرلىشىدۇ. بۇ كارامەت نىكاھتىن باشقا ھېچبىر نەرسىدە تېپىلمايدۇ.

قىسقىسى، ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر-مۇھەببەتنى باشقا ھېچكىمدىن تاپقىلى بولمايدۇ ۋە ھېچ نەرسىگە تەڭ قىلغىلى بولمايدۇ. ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئۇل تېمى بولغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا ساغلام بىر جەمئىيەتنى بەرپا قىلىش يولىدا ئائىلىنى مېھىر-مۇھەببەت ۋە كۆيۈمچانلىق ئۈستىگە بەرپا قىلىشنى ئىرادە قىلغان. شۇڭا نىكاھلىق ئەر- ئاياللارنىڭ ئوتتۇرىسىغا بۇنداق چەكسىز مۇھەببەتنى ۋە يېقىنلىقنى سېلىۋەتكەن. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنىڭ ۋە كاتتا ئالامەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

ئايەتنىڭ ئاخىرىنى: ﴿پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك-شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆر-سىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار﴾ دەپ تۈگىتىشىنىڭ سىرى شۇكى، ساغلام پىكىر ئادەمنى كۆپلىگەن ھەقىقەتلەرنى بىلىشكە ئېلىپ بارىدۇ. ئەر-ئاياللىق ھاياتى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەن ساغلام پىكىرلىك ھەرقانداق ئادەم نىكاھتىكى مۆجىزىسىنى ئەلۋەتتە كۆرىدۇ ۋە ھېس قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى ۋە كامالىي قۇدرىتىنى كۆر-سىتىدىغان ئالامەتلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلەلمەيدىغان ئالەملەرنى ياراتقانلىقى، ئىنسانلارنىڭ تىلىنىڭ، رەڭگىنىڭ خىلمۇخىل بولۇشىدۇر. چۈنكى، پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى كېلىپ چىقىشى بىر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ بالىلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ تىلىدىكى ۋە شېۋىلىرىدىكى ئوخشىماسلىقنى كىم پەيدا قىلدى؟ تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلارنىڭ تىلى ۋە شېۋىسى ئۇلار ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھىتتا ئاڭلاش ۋە سۆزلەش ئارقىلىق يېتىلىدۇ. بۇغۇ توغرا. ئەمما ئىنسانغا شۇنداق ئاڭلاش ۋە سۆزلەش قابىلىيىتىنى، سۆزلەش، ئاڭلاش ئىلھامىنى كىم ئاتا قىلدى؟ ئۇنى ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان ئەمەسمۇ؟!

مانا بۇ يەردە، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنىڭ تىلىنى ۋە رەڭگىنى

خىلمۇخىل ياراتقانلىقىنى ئۇنىڭ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانلىقىغا ئەگەشتۇرۇپ كەلتۈرگەنلىكىنىڭ سىرى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇچۇن ئاسماننى يارىتىش بىلەن چۈمۈلىنى يارىتىش ئوخشاشتۇر. ئاللاھ تائالاغا ھەممىسى ئوڭايدۇر.

بۇنىڭدىن باشقا، بىر ئائىلىدە چوڭ بولغان باللار ئوتتۇرىسىدىمۇ رەڭ، پىكىر، ئەقىل، مىجەز-خاراكتېر قاتارلىق تەرەپلەردىن ئوخشىماسلىقلار بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەربىرى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە گۈزەل سەنئىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەردىن سانىلىدۇ. شەكسىزكى، بۇنىڭدا كائىناتنىڭ سىرلىرىنى، جەمئىيەت ۋە ئەخلاق ئىلىملىرىنى بىلىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن، ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار، ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان كۆپلىگەن دەلىللەر بار. «قۇرئان كەرىم» بۇنداق دېيىش ئارقىلىق ئومۇمىي ئىنسانلارغا خىتاب قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى ئالىملار ئەڭ تولۇق ۋە ئەڭ مۇكەممەل چۈشىنەلەيدۇ. ھەرقانداق ئادەم گەرچە ئالىم بولمىسىمۇ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىدىن ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى ۋە ئىلىم سەۋىيەسىگە لايىق نېسىۋە ئالالايدۇ، بىلىمگە يارىشا چۈشىنەلەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدىكى ئالدىنقى ئايەتنى: ﴿بۇنىڭدا پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن...﴾ دەپ تۈگەتكەن بولسا، بۇ ئايەتنىڭ ئاخىرىنى: ﴿بۇنىڭدا ھەربىر ئىلىم ئىگىسى ئۈچۈن...﴾ دەپ تۈگەتكەن. بۇ تەپەككۇر قىلىش ھەربىر ئىنساننىڭ خىسلىتى بولغىنىدەك، كائىناتنىڭ سىرلىرىنى بىلىش ئالىملارنىڭ ۋە ھەربىر ئىلىم ئەھلىنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىش ئۈچۈندۇر.

يەنە ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلىرىدىن بىرى، كېچىدە ئۇخلاپ ئارام ئېلىشىڭلار ۋە كۈندۈزلىرى تىرىكچىلىك يولىدا ئىشلەپ ئاللاھ تائالانىڭ مەرھەمىتىدىن رىزقىڭلارنى تەلەپ قىلىشىڭلاردۇر. چۈنكى، «ئۇيقۇ كىچىك ئۆلۈمدۇر» دېيىلىدۇ. ئىنسان ئۇخلىغاندا دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن ئۈزۈلۈپ، مەلۇم مۇددەت ئارام ئېلىشتا بولىدۇ. ئۇيقۇدىن كېيىن، ئىنساننىڭ پائالىيەتچانلىقى ئەسلىگە كېلىدۇ ۋە ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تىرىكچىلىك ئىشلىرىغا كىرىشىدۇ. ئادەم ئۇخلىغان ۋاقتىدا ئۇنىڭدىكى ئەقىل-ئىدراك ۋە ھېس-تۇيغۇ پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتكەن تۇرسا، ئۇ ئۇيقۇدىن ئويغانغاندىن كېيىنلا بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭغا قانداق تېز قايتىپ كېلىدۇ؟ ئەلۋەتتە بۇنىڭدا ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ كارامىتى بار ئەمەسمۇ؟ شۇڭا ئايەتنىڭ ئاخىرى ﴿بۇنىڭدا ئاڭلايدىغان

قەۋم ئۈچۈن، (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار﴾ دەپ تۈگىتىلگەن. يەنى ھەق سۆزگە قۇلاق سېلىپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغان قەۋم ئۈچۈن، بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان ئىشلاردا ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇنلىغان دەلىللەر ۋە كۆپلىگەن ئالامەتلەر ھەم ئىبرەتلەر بار دېگەنلىكتۇر.

يەنە ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى، كامالىي قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلىرىدىن بىرى، سىلەرگە بۇلۇتلارنىڭ بىر-بىرىگە سوقۇلۇشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كېلىدىغان چاقماقنى قورقۇنچ ۋە ئۈمىد قىلىپ كۆرسىتىشى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن قۇرغاقچىلىقتىن ئۆلگەن زېمىننى كۆكەرتىپ تىرىلدۇرۇپ بېرىشىدۇر. يەنى سىلەر قاتتىق چاقماق چاققاندا، بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ سىلەرگە زىيان-زەخمەت يەتكۈ-زۈشىدىن قورقىسىلەر، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن يامغۇر يېغىشىنى، نەتىجىدە، زىرائەتلىرىڭلارنىڭ سۇغۇرۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىسىلەر. ئەمما پايدا-زىياننى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە پايدا-زىياننى بەلگىلىگۈچىدۇر. شۇڭا ئىنسانلارنىڭ بەزىسى يامغۇردىن قورقسا، بەزىسى ئۇنىڭدىن ياخشىلىق كۈتىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەربىر ئىنساننىڭ قەلبىگە ئوخشاش بولمىغان ھېس-تۇيغۇلارنى سالغان.

ئەمما شۇ ئېنىقكى، ئاللاھ تائالا ياغدۇرغان يامغۇر بىلەن قۇرغاقچىلىقتىن ئۆلگەن زېمىن تىرىلىدۇ ۋە ياپيېشىل ئۆسۈملۈكلەر ئۈنۈپ چىقىدۇ. شەك-شۈبھىسىزكى، ئەقلىنى ئىشلىتىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتىنى چۈشىنەلەيدىغان قەۋم ئۈچۈن، بۇنىڭدا ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى، چوڭقۇر ئىلىم-ھېكمىتىنى، مەخلۇقاتىغا بولغان چەكسىز مېھىر-شەپقىتىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇنلىغان دەلىللەر بار.

سۇ پارلىرىدىن تەركىب تاپقان بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدىن چاقماقتىن ئىبارەت ئوتنى پەيدا قىلىش كىمنىڭ ئىشى؟ ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ئىشىدۇر! ئەقلىنى ئىشلىتىپ پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، بۇنىڭدا ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان ئالامەتلەر بار ئەمەسمۇ؟!

ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن بەرپا بولۇپ تۇرۇشىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ يەككە-يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ۋە چەكسىز

قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، بۇ ئىككىسىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان، ئاسماننى ئېگىز، زېمىننى كەڭ قىلغان، كائىناتنى ئىدارە قىلىپ تۇرۇۋاتقان زات ئاللاھ تائالادۇر.

ئاندىن قىيامەت كۈنى سىلەرنى ھېساب مەيدانىغا يىغىش ئۈچۈن چاقىرغان ھامان سىلەر قەبرىلىرىڭلاردىن دەرھال چىقىپ ئۈلگۈرىسىلەر. ئاندىن سىلەر ھېساب مەيدانىغا يىغىلىپ، بۇ دۇنيادا قىلغان بارلىق ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرىڭلاردىن ھېساب بېرىسىلەر.

ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە مەۋجۇدات ئاللاھ تائالانىڭدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىنىڭ ئىگىسى، پەرۋىشچىسى ۋە ئىدارە قىلغۇچىسىدۇر. شۇڭا ھەممە ئاللاھ تائالاغا ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز ھالدا مۇتلەق بويسۇنماقتىدۇر. قىيامەت كۈنىنى ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلار بۇ ئىشنى ئېھتىمالدىن يىراق سانايدۇ.

بۇنى دۇنيا ئىشلىرىغا قىياس قىلغاندىمۇ، بىر نەرسىنى يوقتىن بار قىلالىغان ئادەم ئۇنى بۇزۇلغاندىن كېيىن تۈزۈشكە قادىر بولغاندەك، ئىنساننى يوقتىن ياراتقان ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈش ئۇنى يوقتىن يارىتىشقا نىسبەتەن تولىمۇ ئوڭايدۇر. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۈچۈن قىيىن ئىش يوق. چۈنكى، ھەممە ئىش ئۇنىڭغا ئوڭايدۇر.

ئاسمانلاردا، زېمىندا ۋە كائىناتتىكى ھەرقانداق جايدا نامايان بولۇپ تۇرۇۋاتقان بارلىق چىرايلىق كۆرۈنۈشلەر، گۈزەل سەنئەتلەر ۋە ئېسىل سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالاغا ئائىتتۇر. ئەڭ گۈزەل سەنئەت ئاللاھ تائالانىڭ سەنئىتىدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا زاتىدا، جىمى سۈپەتلىرىدە ۋە بارلىق ئىش-پائالىيەتلىرىدە تەڭداشسىز زات بولۇپ، بارچە نۇقسانلاردىن ۋە ھەرقانداق كەمچىلىكلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر. ئۇ ھەممىگە غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مېھىر-مۇھەببەت ئائىلىنىڭ جېنى بولۇپ، مېھىر-مۇھەببەتسىز ئائىلە قۇرۇپ قالغان گۈلگە ئوخشايدۇ.

2. ھالال كەسىپ بىلەن تىرىكچىلىك قىلىش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ

شەرەپلىك ۋەزىپىسىدۇر.

3. ھەقىقەتنى چۈشىنىدىغانلار ۋە ئۇنى كۆرەلەيدىغانلار قەلبى ھايات ۋە ئەقلى ئويغاق كىشىلەر بولۇپ، شۇنداق كىشىلەرلا ھەقىقىي مەنىدىكى ھايات كىشىلەردۇر.

4. ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرگەندىن كېيىنكى، ئەڭ مۇھىم ئىمان ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشتۇر.

5. كائىناتتا ۋە ئۆزىمىزدە ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەر ئىنتايىن كۆپتۇر.

6. ئاللاھ تائالانىڭ ھېچبىر مەخلۇقاتىغا ئوخشىمايدىغانلىقىغا چىن دىلىدىن ئىشىنىش ۋە ئۇنىڭ گۈزەل ئىسىم-سۈپەتلىرىنى تەۋىل قىلماي، ئۇلارغا كەلگەن پېتى ئىمان كەلتۈرۈش ئەڭ ساغلام ئەقىدىدۇر.

### ◄ ئىنساندىن بىر مىسال

﴿ضَرَبَ لَكُم مَّثَلًا مِّنْ أَنفُسِكُمْ ۖ هَل لَّكُم مِّن مَّا مَلَكَتْ أَيْمَانُكُم مِّن شُرَكَاءَ فِي مَا رَزَقْنَاكُمْ فَأَنتُمْ فِيهِ سَوَاءٌ تَخَافُونَهُمْ كَخِيفَتِكُمْ أَنفُسَكُمْ ۚ كَذَٰلِكَ نُفَصِّلُ الْآيَاتِ لِقَوْمٍ يَعْقِلُونَ ﴿٢٨﴾ بَلِ اتَّبَعَ الَّذِينَ ظَلَمُوا أَهْوَاءَهُم بِغَيْرِ عِلْمٍ ۖ فَمَن يَهْدِي مَنْ أَضَلَّ اللَّهُ ۖ وَمَا لَهُم مِّن نَّاصِرِينَ ﴿٢٩﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

28-ئاللاھ سىلەرگە ئۆزۈڭلاردىن بىر مىسال كەلتۈرىدۇ، بىز سىلەرگە ئاتا قىلغان مال-مۈلۈككە قول ئاستىڭلاردىكى قۇللىرىڭلارنىڭ شېرىك بولۇشىغا، بۇنىڭدا ئۇلارنىڭ سىلەر بىلەن باراۋەر بولۇشىغا، ئۇلاردىن ئۆزۈڭلار (يەنى سىلەرگە ئوخشاش ئازاد كىشىلەر) بىر-بىرىڭلاردىن تەپ تارتقاندەك تەپ تارتىشقا رازىمۇسىلەر؟ ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز.

29-بەلكى (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغانلار ئىلىمسىز ھالدا نەپسى خاھىشىغا ئەگەشتى. ئاللاھ ئازدۇرغان ئادەمنى كىم توغرا ھىدايەت قىلالايدۇ؟ ئۇلارنىڭ

ھېچقانداق ياردەم قىلغۇچىلىرى بولمايدۇ.

### ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ بىرلىكىگە ۋە چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان كائىنات دەلىللىرىنى، ئىنسانىنىڭ يارىتىلىش باسقۇچىدىكى ئالامەتلەرنى، شۇنداقلا ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ زاتىدا، سۈپەتلىرىدە ۋە جىمى ئىش-پائالىيەتلىرىدە تەڭداشسىز، يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالاغا ساختا ئىلاھلارنى شېرىك قىلىۋالغان مۇشرىكلارغا ئۆزلىرىدىن بىر مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق شېرىك ئەقىدىسىگە ئەجەللىك رەددىيە بەرگەن.

### ◄ تەپسىرى

ئى مۇشرىكلار! ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئۆزۈڭلاردىن بىر مىسال كەلتۈرىدۇ. چۈنكى، سىلەرگە ئەڭ يېقىن بولغىنى ئۆزۈڭلاردۇر. قېنى ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! بىز سىلەرگە ئاتا قىلغان مال-مۈلۈككە قول ئاستىڭلاردىكى قۇللىرىڭلارنىڭ شېرىك بولۇۋېلىشىغا، ئۇلارنىڭ سىلەر بىلەن ھەممە ئىشتا باراۋەر بولۇشىغا، سىلەر ئازاد ئادەملەر بىر-بىرىڭلاردىن تەپ تارتقاندەك ئۇلاردىن تەپ تارتىشقا رازىمۇسىلەر؟ ياكى ئۇلار سىلەردىن تەپ تارتقاندەك ۋە قورققاندەك سىلەرمۇ ئۇلاردىن قورقۇشقا ۋە تەپ تارتىشقا رازىمۇ؟ ھەرگىز رازى بولمايسىلەر. قۇللىرىڭلاردىن، چۆرىلىرىڭلاردىن سىلەرنىڭ مال-مۈلۈكۈڭلارغا شېرىك بولۇۋالغانلار بارمۇ؟ ئۇلارنى مال-مۈلۈكىڭلارغا شېرىك قىلىپ باقتىڭلارمۇ؟ سىلەر ئۇلار بىلەن باراۋەر بولۇشقا رازىمۇ؟

ئەمدى ئويلاپ بېقىڭلارچۇ، سىلەر خالىغان ۋاقىتتا بازارغا ئاپىرىپ سېتىۋېتىدىغان قۇللىرىڭلارنىڭ سىلەرنىڭ مال-مۈلۈكۈڭلارغا شېرىك بولۇشىنى ئۆزۈڭلار قەتئىي ياقتۇرمايدىغان، ئۇلار بىلەن ھەق-ھوقۇقتا ۋە ھۆرمەتتە باراۋەر بولۇشقا ۋە سىلەر ئۆزۈڭلاردەك ھۆر ئادەملەردىن تەپ تارتقاندەك ئۇلاردىن تەپ تارتىشقا رازى بولمايدىغان تۇرۇپ، ئاللاھ تائالاغا مەخلۇقاتنىڭ شېرىك بولۇشىغا قانداق رازى بولىسىلەر؟ سىلەر بۇتلاردىن ئىبارەت ساختا ئىلاھلىرىڭلارنى ئاللاھ تائالاغا قانداقمۇ شېرىك قىلىۋالىسىلەر؟ بۇ ناھەقچىلىككە قانداقمۇ رازى بولىسىلەر؟ سىلەر ئۆز تېپىڭلاردىن يارىتىلغان ئىنسان بىلەن پەقەت ئۇنىڭ قۇل بولغانلىقى ئۈچۈنلا باراۋەر بولۇشقا رازى بولمىغان يەردە، ئاللاھ تائالاغا ئۆزى ياراتقان

مەخلۇقاتنى شېرىك قىلىپ، تەڭ قىلىشقا قانداقمۇ رازى بولىسىلەر؟ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن راۋا كۆرمىگەن بۇ ناھەقچىلىكنى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن قانداقمۇ راۋا كۆرىسىلەر؟ سىلەر ئاز-تولا مال-دۇنيايىڭلارغا قۇللىرىڭلارنى شېرىك قىلىشقا رازى بولمايدىغان تۇرۇپ، قانداقمۇ مەخلۇقاتنى ئاللاھ تائالانىڭ مۇتلەق ھاكىمىيىتىگە ۋە تەڭداشسىز پادىشاھلىقىغا شېرىك قىلىۋالىسىلەر؟

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئەقلى بار ئىنسان بۇتلارنى ۋە ھەرقانداق بىر ساختا ئىلاھنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش كۆرۈشنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ. قانداقمۇ قوبۇل قىلسۇن؟ بۇ ئوپئوچۇق ناھەقچىلىك ۋە ئەقىلسىزلىق ئەمەسمۇ؟!

ئەقلىنى ئىشلىتىپ، مەسىلىلەرنى توغرا مۇھاكىمە قىلالايدىغان ئىنسانلارغا ئەنە شۇنداق كەسكىن دەلىللەرنى ۋە كۈچلۈك مىساللارنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ھەقىقەتنى شۇنداق ئوچۇق ۋە روشەن بايان قىلىمىز.

بەلكى بۇ مۇشرىكلار ئەقىل ئىشلىتىپ توغرا تەپەككۇر قىلىش ۋە ئىشلارنى توغرا مۇھاكىمە قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئاتا-بوۋىلىرىنى تەقلىد قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگىشىپ كەتتى. ئۇلار بۇ سەۋەبتىن ئۆزلىرىنى ۋە باشقىلارنى ئازدۇرۇپ ئازغۇنلۇق پاتقاقلىرىغا پېتىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئېتىقاد سىستېمىسى بىرەر ئىلىم ياكى بىرەر دەلىل-ئىسپاتقا ئەمەس، پەقەتلا ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ يولىدا قارىغۇ-لارچە مېڭىشتىن ئىبارەت كۆڭۈل ھەۋەسلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەقىقەتكە ئەگىشىشى ۋە توغرا يولدا يۈرۈشى ئوڭاي ئەمەس.

ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالى بۇنداق بولغان ئىكەن، ئاللاھ تائالا ئازغۇنلۇقتا قالدۇرغان ۋە ھىدايەتنى نېسىپ قىلمىغان بۇنداق ئادەملەرنى كىممۇ ھىدايەت قىلالىسۇن؟! كەسكىن ھەقىقەت شۇكى، ئاللاھ تائالا ھىدايەت قىلمىغان ئادەمنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ، ئاللاھ تائالا ھىدايەت قىلغان ئادەمنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئازغۇنلۇقتا قالدۇرغان ئادەملەرگە ھېچبىر ياردەم قىلغۇچى ياكى مەدەتكار بولمايدۇ، قىيامەت كۈنىدىمۇ ئۇلارغا ھېچقانداق مەدەتكار ياكى شاپائەتچى يوقتۇر، ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ قويغۇچى چىقمايدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم»دە بايان قىلىنغان مىساللار كىشىلەرگە بىلدۈرۈش

مەقسەت قىلىنغان مەسىلىلەرنى ئۇلارنىڭ ئەقلىگە يېقىنلاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈش ئۈچۈندۇر.

2. ئازغۇنلۇقنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرى بىلىمسىزلىك ۋە نەپسى خاھىشقا ئەگىشىشتۇر.

3. ھىدايەت يولىنى ئىزدىمىگەنلەر ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالىدۇ. چۈنكى، ھىدايەت ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە بولۇپ، ئۇ ئىزدەنمەستىن ۋە ئىنتىلمەستىن قولغا كەلمەيدۇ.

## ئىسلام ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي دىنىدۇر

﴿فَأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفًا فِطْرَتَ ٱللَّهِ ٱلَّتِى فَطَرَ ٱلنَّاسَ عَلَيْهَا
لَا تَبْدِيلَ لِخَلْقِ ٱللَّهِ ذَٰلِكَ ٱلدِّينُ ٱلْقَيِّمُ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ لَا
يَعْلَمُونَ ﴿٣٠﴾ مُنِيبِينَ إِلَيْهِ وَٱتَّقُوهُ وَأَقِيمُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ وَلَا تَكُونُوا۟
مِنَ ٱلْمُشْرِكِينَ ﴿٣١﴾ مِنَ ٱلَّذِينَ فَرَّقُوا۟ دِينَهُمْ وَكَانُوا۟ شِيَعًا كُلُّ حِزْبٍۭ
بِمَا لَدَيْهِمْ فَرِحُونَ ﴿٣٢﴾﴾

### تەرجىمىسى

30ـ(ئى پەيغەمبەر!) سەن توغرا دىنغا ـ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىنىكى، ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان. ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، بۇ توپتوغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

31ـ32ـ (ھەممىڭلار) ئاللاھقا (تەۋبە ۋە ئىخلاس بىلەن) يۈزلەنگۈچىلەر بولۇڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، نامازنى مۇكەممەل ئوقۇڭلار، مۇشرىكلاردىن، يەنى دىنىنى ئۆزگەرتىپ (ئۇنىڭ بىر قىسمىغا ئىشىنىپ، بىر قىسمىنى ئىنكار قىلىپ)، پىرقە ـ پىرقە بولۇپ كەتكەنلەردىن بولماڭلار. (ئۇلاردىن) ھەربىر پىرقە ئۆزىدىكى (ئەقىدە ۋە قاراشلىرى) بىلەن خۇشالدۇر.

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ھەقىقەت ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھەق دىنىنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتلىرى كۈچلۈك كېلىپ، شېرىك ئەقىدىسى ۋە ئۇنىڭ خۇراپاتلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ئىكەن، سەن بارچە باتىل (ساختا) دىنلارنىڭ

ھەممىسىنى ئىنكار قىلغان ھالدا، بىرلا ھەق دىن-ئىسلام دىنىغا پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن يۈزلەنگىن. ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرمۇ شۇنداق قىلسۇن.

تەبىئىيكى، ھەق دىنغا يۈزلىنىش دېگەن ئۇنىڭ پىرىنسىپلىرىدا چىڭ تۇرۇش، ئۇنىڭغا تولۇق مەنسۇپ بولۇش، ئۇنىڭ يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش ۋە پۈتۈن يۈرۈش-تۇرۇشلىرىنى، ھايات تەرزىنى شۇ دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئۇدۇللاش دېگەنلىك بولىدۇ.

ئايەتتىكى خىتاب گەرچە پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارىتىلغان بولسىمۇ، بۇيرۇق پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان، ھەتتا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان. چۈنكى، ئاللاھ تائالا پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىدۇ، ئۇلارنى ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشىنى خالايدۇ. ئەمما ئىمان مەسىلىسى زورلاش بىلەن ئەمەلگە ئاشمىغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ئىمان ئېيتىپ ھىدايەت تېپىش ياكى كۇفرىلىقتا قېلىش ئىختىيارىنى بەرگەن. شۇڭا ئىنسانلار دىن تاللاشتا ئىختىيار ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىرەتتە بۇ ئىختىيارىنىڭ جاۋابكارلىقىدىن سورىلىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا چىڭ ئېسىلغىن ۋە ئىزچىل ئەگەشكىنكى، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، يەنى ئىسلام دىنىغا ئەگەشكىن ۋە ئۇنى چىڭ تۇتقىنكى، ئۇ ئىنسانلارنىڭ تۇغۇلۇشتىكى تەبىئىي ھالىتى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى شۇ تەبىئىتى بىلەن ياراتقان ۋە ئۇلارنى ھەق دىنىنى قوبۇل قىلىشقا تەييار بولغان ھالدا ياراتقان. ئەگەر ئىنسان تۇغۇلۇشتىكى تەبىئىي ھالىتىگە قويۇپ بېرىلىدىغان بولسا، ئۇ چوقۇم ئىسلام دىنىنى تاللايدۇ. ئەمما تەربىيە ۋە مۇھىت ئىنسانلارنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. بۇ مەسىلىدە ئىنساننىڭ ئۆزى ئۆسۈپ يېتىلگەن ئائىلىسىنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كُلُّ مَوْلُودٍ يُولَدُ عَلَى الفِطْرَةِ ، فَأَبَوَاهُ يُهَوِّدَانِهِ ، أَوْ يُنَصِّرَانِهِ ، أَوْ يُمَجِّسَانِهِ» يەنى «ھەرقانداق بوۋاق ئىسلامنى قوبۇل قىلىدىغان بولۇپ تۇغۇلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنى يا يەھۇدىي قىلىۋېتىدۇ ياكى خىرىستىيان قىلىۋېتىدۇ ۋەياكى مەجۇسىي قىلىۋېتىدۇ»[1] دېگەن سۆزى بۇنى ئىسپاتلايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ

[1] «صحيح البخاري» 1- توم 100-بەت،1385-ھەدىس.

ھەدىس قۇدسىيدا مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: «وَإِنِّي خَلَقْتُ عِبَادِي حُنَفَاءَ كُلَّهُمْ ، وَإِنَّهُمْ أَتَتْهُمُ الشَّيَاطِينُ فَاجْتَالَتْهُمْ عَنْ دِينِهِمْ ، وَحَرَّمَتْ عَلَيْهِمْ مَا أَحْلَلْتُ لَهُمْ ، وَأَمَرَتْهُمْ أَنْ يُشْرِكُوا بِي مَا لَمْ أُنْزِلْ بِهِ سُلْطَانًا» يەنى «بەندىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى توغرا دىندا قىلىپ ياراتتىم. پەقەت شەيتانلار ئۇلارنى توغرا دىندىن ئازدۇرۇپ كەتتى، مەن ھالال قىلغان نەرسىلەرنى ھارام قىلىۋالدى ۋە ئۇلارنى مەخلۇقاتنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە بۇيرىدى»[1].

مۇپەسسىرلەرنىڭ كۆپ سانلىقى ﴿لَا تَبْدِيلَ لِخَلْقِ ٱللَّهِۚ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ﴿خَلْقِ﴾ يەنى «ئاللاھنىڭ ياراتقىنى» دېگەن بۆلۈكىنى ئاللاھنىڭ دىنى دەپ تەپسىر قىلغان. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئايەتنىڭ مەنىسى: «ئاللاھ تائالانىڭ دىنى ئۆزگەرتىلمەيدۇ ۋە ئۆزگەرتىشكىمۇ بولمايدۇ»[2] دېگەنلىك بولىدۇ.

بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿لَا تَبْدِيلَ لِخَلْقِ ٱللَّهِۚ﴾ دېگەن ئايەتنى مەنئىي مەنىسىدىكى خەۋەر جۈملە دەپ قارىغان بولۇپ، بۇنىڭغا ئاساسەن ئايەتنى «ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۆزگەرتمەڭلار، ئۇنىڭغا مەھكەم ئەمەل قىلىڭلار، ئۇنىڭدىن باشقا دىنلارغا ئەگەشمەڭلار، تەۋھىد ئەقىدىسىنى تاشلاپ، مۇشرىكلىككە قايتماڭلار»[3] دەپ تەپسىر قىلغان.

ئى ئىنسانلار! پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ تۇغۇلما ئەقىدىسى بولغان ئىسلام دىنىغا يۈزلىنىڭلار، ئۇنى چىڭ تۇتۇڭلار، تۇغۇلۇشتىكى تەبىئىي ھالىتىڭلار بولغان ئىسلام دىنىدىن يۈز ئۆرۈپ باشقا دىنلارغا ئېتىقاد قىلماڭلار، شەيتانغا ئەگىشىپ پاك تەبىئىتىڭلارنى بۇلغىماڭلار. ئەسلى دىنىڭلارغا مەھكەم بولۇڭلار. چۈنكى، ئۇ توپتوغرا دىندۇر. ئەمما ئىنسانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى بۇ ھەقىقەتنى بىلمەيدۇ.

ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىپ، ئىخلاس قىلىپ، ئۇنىڭغا يۈزلەنگەن، ئەسلىدىكى پاك ھالىتىڭلارغا قايتقان ھالدا، تۇغۇلۇشتىكى دىنىڭلار بولغان ئىسلام دىنىغا ئەگىشىڭلار، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشتىن، ئۇنىڭ دىنىغا قارشى چىقىشتىن ساقلىنىڭلار، نامازنى بارلىق قائىدە-تەرتىپلىرىگە رىئايە قىلىپ مۇكەممەل ئوقۇڭلار، سىلەر ھەرگىز ئۆز-

[1] «صحيح مسلم» 3- توم 2197-بەت، 2865-ھەدىس.

[2] «تفسير الطبري» 20- توم، 98- بەت.

[3] «تفسير البغوي» 6- توم، 270- بەت.

لىرىنىڭ تۇغۇلۇشتىكى ئەسلى دىنىدىن ۋاز كېچىپ تۇرلۇك خۇراپاتلارنى دىن قىلىۋالغان ۋە ھەر خىل خۇراپىي پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ شۇنىڭ بىلەن پەخىرلەنگەنلەردىن، باتىلنى ھەق دەپ ئېتىقاد قىلغانلاردىن بولماڭلار. بىلىڭلاركى، ھەقىقەت ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدا، ياخشىلىق ئاللاھ تائالانىڭ تاللاپ بەرگىنىدىدۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** ئىسلام دىنى ئىنسان تەبىئىتىگە ۋە ئۇنىڭ ئەقلىگە تامامەن ماس كېلىدىغان ئىلغار دىن بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى بۇ دىننى قوبۇل قىلىدىغان ھالىتىدە ياراتقان.

**2.** ھەمىشە ئاللاھ تائالاغا موھتاج ئىكەنلىكىمىزنى ئىزھار قىلىپ تۇرۇش ئىبادەتتىن سانىلىدۇ.

**3.** ئىسلام دىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە كەلگەن دىندۇر.

**4.** دىندا ئىختىلاپلىشىپ پىرقىلەرگە بۆلۈنۈش ئاجىزلىشىشنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر.

## ◄ ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرى

﴿وَإِذَا مَسَّ ٱلنَّاسَ ضُرٌّ دَعَوْاْ رَبَّهُم مُّنِيبِينَ إِلَيْهِ ثُمَّ إِذَآ أَذَاقَهُم
مِّنْهُ رَحْمَةً إِذَا فَرِيقٌ مِّنْهُم بِرَبِّهِمْ يُشْرِكُونَ ﴿٣٣﴾ لِيَكْفُرُواْ بِمَآ
ءَاتَيْنَٰهُمْۚ فَتَمَتَّعُواْ فَسَوْفَ تَعْلَمُونَ ﴿٣٤﴾ أَمْ أَنزَلْنَا عَلَيْهِمْ سُلْطَٰنًا
فَهُوَ يَتَكَلَّمُ بِمَا كَانُواْ بِهِۦ يُشْرِكُونَ ﴿٣٥﴾ وَإِذَآ أَذَقْنَا ٱلنَّاسَ رَحْمَةً
فَرِحُواْ بِهَاۖ وَإِن تُصِبْهُمْ سَيِّئَةُۢ بِمَا قَدَّمَتْ أَيْدِيهِمْ إِذَا هُمْ يَقْنَطُونَ
﴿٣٦﴾ أَوَلَمْ يَرَوْاْ أَنَّ ٱللَّهَ يَبْسُطُ ٱلرِّزْقَ لِمَن يَشَآءُ وَيَقْدِرُۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ
لَأَيَٰتٍ لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ ﴿٣٧﴾ فَـَٔاتِ ذَا ٱلْقُرْبَىٰ حَقَّهُۥ وَٱلْمِسْكِينَ وَٱبْنَ
ٱلسَّبِيلِۚ ذَٰلِكَ خَيْرٌ لِّلَّذِينَ يُرِيدُونَ وَجْهَ ٱللَّهِۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ
ٱلْمُفْلِحُونَ ﴿٣٨﴾ وَمَآ ءَاتَيْتُم مِّن رِّبًا لِّيَرْبُوَاْ فِىٓ أَمْوَٰلِ ٱلنَّاسِ فَلَا
يَرْبُواْ عِندَ ٱللَّهِۖ وَمَآ ءَاتَيْتُم مِّن زَكَوٰةٍ تُرِيدُونَ وَجْهَ ٱللَّهِ فَأُوْلَٰٓئِكَ

هُمُ ٱلۡمُضۡعِفُونَ ﴿٣٩﴾

## تەرجىمىسى

33ـ ئىنسانلارغا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكەن چاغدا، ئۇلار دەرھال رەببىگە يۈزلىنىپ، ئۇنىڭغا مۇناجات قىلىشقا باشلايدۇ، ئاندىن ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز دەرگاھىدىن بىر رەھمەتنى تېتىتسا، شۇ ھامان ئۇلاردىن بىر تۈركۈمى رەببىگە شېرىك كەلتۈرىدۇ.

34ـ ئۇلار بىز بەرگەن نېمەتلەرگە تۇزكورلۇق قىلىش ئۈچۈن (شۇنداق قىلىدۇ). (ئى مۇشرىكلار!) سىلەر (دۇنيا ھاياتىدىن) بەھرىمەن بولۇۋېلىڭلار، سىلەر (بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى) يېقىندا بىلىپ قالىسىلەر.

35ـ ياكى بىز ئۇلارغا ئۇلارنىڭ (ئاللاھقا) شېرىك كەلتۈرۈشىنىڭ (توغرىلىقىنى) سۆزلەيدىغان بىرەر دەلىل ـ ئىسپات چۈشۈردۇقمۇ؟

36ـ بىز ئىنسانلارغا بىرەر نېمەتنى تېتىتساق، ئۇلار بۇنىڭدىن خۇشاللىنىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇلارغا قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتسە، دەرھال ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ.

37ـ ئاللاھنىڭ خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ، (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدىغانلىقىنى ئۇلار بىلمەمدۇ؟ شەكسىزكى، بۇنىڭدا ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ ھېكمىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار.

38ـ (ئى مۇئمىن!) يېقىن تۇغقانلارغا، يوقسۇللارغا، (يول خىراجىتى ئۈزۈلۈپ قالغان) مۇساپىرلارغا (ياخشىلىقتىن) ھەققىنى بەرگىن، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەيدىغانلار ئۈچۈن مۇنداق قىلىش ياخشىدۇر، ئەنە شۇلار مەقسەتكە يەتكۈچىلەردۇر.

39ـ سىلەر ئىنسانلارنىڭ پۇل ـ مېلى ئىچىدە كۆپەيسۇن دەپ، ئۆسۈم ئۈچۈن بەرگەن ھەرقانداق نەرسەڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كۆپەيمەيدۇ. ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بەرگەن سەدىقەڭلارغا كەلسەك، ئەنە شۇنداق قىلغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ (ساۋابىنى ۋە پۇل ـ مېلىنى) ھەسسىلەپ كۆپەيتكۈچىلەردۇر.

## بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، تەۋھىد ئەقىدىسىنى روشەن ئايەتلەر، كۈچلۈك دەلىل ـ ئىسپاتلار ۋە تۈرلۈك مىساللار بىلەن بايان قىلىش

ئارقىلىق تەۋھىد ئەقىدىسىنىڭ ئىنسانلارنىڭ تۇغۇلۇشتىكى ئەسلى دىنى بولغان ئىسلام دىنىدا تولۇق ئىپادىسىنى تاپقانلىقىنى بايان قىلغان بولۇپ، بۇ ئايەتلەردە ئىنسانلارنىڭ بۇ دىنغا قارىتا تۇتقان مەۋقەسىنىڭ ئاجايىبلىقىنى – بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەندە ھەممىنى ئۇنتۇپ بىر ئاللاھقىلا ئېسىلىدىغانلىقىنى، خۇشاللىق ۋە خاتىرجەملىك ۋاقىتلىرىدا بۇتلارغا چوقۇنىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

## ◀ تەپسىرى

ئىنسانلارغا، بولۇپمۇ مۇشرىكلارغا بالا-قازا ياكى ئاغرىق-سىلاق ۋەياكى يوقسۇللۇق دېگەندەك بىرەر زىيان-زەخمەت يەتسە، ئۇلار دەرھال ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىپ، ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ساختا ئىلاھلىرى ئەقلىغىمۇ كەلمەيدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇلارغا رەھىم-شەپقەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەرگەندىن كېيىنلا، ئۇلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى باتىل ۋە خۇراپىي ئەقىدىسىگە قايتىپ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشكە باشلايدۇ، ئاللاھ تائالاغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ئۆزلىرىنىڭ ساختا مەبۇدلىرىنى شېرىك قىلىۋېلىپ، ئۇلارغا چوقۇنىدۇ.

ئى مۇشرىكلار! سىلەرنىڭ ئىشىڭلار ھەقىقەتەن ئەجەبلىنەرلىكتۇر. چۈنكى، سىلەر قورقۇنچقا ياكى زور زىيان- زەخمەتكە ئۇچرىغاندا دەرھال ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىسىلەر، خاتىرجەملىككە ئېرىشكەندە بولسا ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇغان ھالدا ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرىسىلەر، بۇتلارغا چوقۇنىسىلەر. سىلەر گويا ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزغانلىق نېمىتىگە تۈزكورلۇق قىلىش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلىۋاتىسىلەر. قېنى سىلەر كەيپ-ساپايىڭلارنى ۋە ئازغۇنلۇقۇڭلارنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىڭلار! سىلەر بۇنىڭ جازاسىنى چوقۇم تېتىيسىلەر. بۇ قىلمىشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى يېقىندا بىلىپ قالىسىلەر. ئەمما ئۇ ۋاقىتتا بىلگىنىڭلارنىڭ سىلەرگە قىلچە پايدىسى بولمايدۇ.

﴿سىلەر (دۇنيا ھاياتىدىن) بەھرىمەن بولۇۋېلىڭلار﴾ دېگەن ئايەت ﴿ٱعۡمَلُواْ مَا شِئۡتُمۡ﴾ يەنى ﴿خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار﴾[1] دېگەن ئايەتكە ئوخشاش ئاگاھلاندۇرۇش ۋە قورقۇتۇش ئايىتىدۇر.

[1] فۇسسىلەت سۈرىسى: 40-ئايەت.

بىز ئۇلارغا ئۇلارنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشىنىڭ توغرىلىقىنى بايان قىلغان بىرەر دەلىل-ئىسپات ياكى بىرەر كىتاب چۈشۈردۇقمۇ؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق قىلمىدۇق. ئەمەلىيەتتە بىز ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن توسىدىغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا يېتەكلەيدىغان ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق. بىز يەنە ئۇلارغا ئۇلارنىڭ بارلىق يامان قىلمىشلىرىغا گۇۋاھ بولىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ زىتىغا سۆزلەيدىغان ھۆججەت ۋە دەلىل-ئىسپات چۈشۈردۇق. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بۇددىستلىق ئەقىدىسىنىڭ خاتالىقىدا ۋە ئۆزلىرىنىڭ چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك بولمىغاندەك، ئۇلارغا بۇ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن قاتتىق ئازابنىڭ يۈزلىنىدىغانلىقىدىمۇ قىلچە شەك يوقتۇر.

يۇقىرىقىلار مۇشرىكلارنىڭ قاتتىقچىلىق ۋە باياشاتلىق كۈنلەردىكى ئەھۋالى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بېشىغا كۈن كەلگەندە ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىپ، باياشاتلىق كۈنلەردە ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىشتىن ئىبارەت تۇزكورلۇقى ئۇپئوچۇق ئازغۇنلۇق ۋە ئىنساپسىزلىقتۇر. ئىنسانلاردىن يەنە بىر خىللىرى باركى، ئۇلار ئۆزلىرىگە بىرەر ياخشىلىق كەلگەندە، خۇشاللىقتىن ئۆزلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ ۋە ئاللاھ تائالادىن مەمنۇن بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرى سەۋەبلىك بىرەر زىيان-زەخمەت يەتسە، ئۇلار ئاللاھ تائالادىن ئاغرىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ رەھمىتىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ. ﴿مَّآ أَصَابَكَ مِنۡ حَسَنَةٖ فَمِنَ ٱللَّهِۖ وَمَآ أَصَابَكَ مِن سَيِّئَةٖ فَمِن نَّفۡسِكَۚ وَأَرۡسَلۡنَٰكَ لِلنَّاسِ رَسُولٗاۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ شَهِيدٗا﴾ يەنى ﴿(ئى ئىنسان!) ساڭا كەلگەن (ھەرقانداق) ياخشىلىق ئاللاھنىڭ پەزلىدىندۇر، ساڭا يەتكەن يامانلىق ئۆزۈڭنىڭ خاتالىقىدىندۇر. (ئى پەيغەمبەر!) سېنى بىز ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، (بۇنىڭغا) گۇۋاھ بولۇشقا ئاللاھ يېتەرلىكتۇر﴾[1]. چۈنكى، ئۇلار ئەسلىدە سەۋر قىلىشنى بىلمەيدۇ. ئەگەر باشلىرىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقلارغا ئازراق سەۋر قىلىدىغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدلىرىنى ئۈزمەيدىغان بولسا ئىدى، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ۋە ئاتا-ئېھسانلىرىدىن ئەلۋەتتە نېسىۋە ئالغان بولاتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى پىششىپ يېتىلمىگەن، ئىمان قەلبىگە چوڭقۇر ئورنىمىغان ۋە نەق مەنپەئەتلەرگە كۆنۈپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلار سەۋر قىلىشقا چىدىمايدۇ. ئەمما ھەقىقىي مۇئمىنلەر ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىگە رازىلىق بىلدۈرۈپ باشلىرىغا قانداقلا ئېغىرچىلىق كەلسە

[1] نىسا سۈرىسى: 79-ئايەت.

سەۋر قىلىدۇ ۋە ساۋاب كۈتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار باياشاتلىق كۈنلەردە ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىدۇ، قىيىنچىلىق كۈنلەردە سەۋر قىلىدۇ.

ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلار شۈكۈر قىلامدۇ ياكى تۇزكورلۇق قىلامدۇ، دەپ سىناش ئۈچۈن، خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى – گەرچە ئۇ ئادەم كاپىر، ئاسىي-گۇناھكار بەندە بولسىمۇ، – كەڭ ۋە مول قىلىدىغانلىقىنى ۋە خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى – گەرچە ئۇ ئادەم ئىتائەتمەن مۇئمىن بولسىمۇ، – تار قىلىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى يوقسۇللۇق بىلەن سىنىغاندەك، باياشاتلىق بىلەنمۇ سىنايدۇ. دېمەك، بايلىق ۋە يوقسۇللۇق ھەممىسى سىناقتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ خالىغان بەندىسىنىڭ رىزقىنى كەڭ، خالىغان بەندىسىنىڭ رىزقىنى تار قىلىشىدا، مۇئمىن قەۋم ئۈچۈن، ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتىنى ۋە رەھىم-شەپقىتىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇنلىغان ئالامەتلەر ۋە دەلىللەر بار.

بۇ دۇنيا پۈتۈن نېمەتلىرى ۋە مەنپەئەتلىرى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە چىۋىننىڭ بىر تال قانىتىچىلىكمۇ قەدرى يوق نەرسە. بۇ دۇنيا مۇكاپات ۋە جازا بېرىش ئورنى ئەمەس، مۇكاپات بىلەن جازانىڭ ئورنى ئاخىرەتتۇر. مۇئمىن ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىگە رازى بولىدۇ، ئۇنىڭ رەھمىتىدىن، پەزل-كەرەمىدىن ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ. چۈنكى، ئۈمىدسىزلىك كاپىرلارنىڭ سۈپىتىدۇر.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر رىزىقنىڭ ئاللاھ تائالادىن كېلىدىغانلىقىغا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ، خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى تار قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن بولساڭلار، كىشىلەرنىڭ بېرىشكە تېگىشلىك ھەققىنى ئادا قىلىشقا ھەرگىز بېخىللىق قىلماڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئاتا قىلغان نېمەتلەرگە تۇزكورلۇق قىلماڭلار.

ئى مۇئمىن! ھەق ئىگىلىرىنىڭ بېرىشكە تېگىشلىك ھەقلىرىنى تولۇق بەرگىن، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭنىڭ، خۇسۇسەن، يېقىن تۇغقانلىرىڭنىڭ تۇغقاندارچىلىق ھەققىنى، يېتىمنىڭ، پېقىرنىڭ، مۇساپىرنىڭ خەير-ئېھساندىن ئىبارەت ھەققىنى بېرىشكە ھەرگىز بېخىللىق قىلمىغىن. ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنى كۆزلەيدىغانلار ئۈچۈن بۇنداق قىلىش ئەڭ ياخشىدۇر. مۇنداق كىشىلەر دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر، مۇرادىغا يەتكۈچىلەردۇر.

ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: كىشىلەرنىڭ پۇل-مېلى ئىچىدە ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا پۇل-مال بېرىش ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى، بىراۋنىڭ تىجارىتىگە پايدا مىقدارىنى بېكىتمەي پۇل-مال قوشۇپ قويغانغا ئوخشاش، يەنە بىرى، مەلۇم مىقداردا پۇل ئۆستۈرۈپ بېرىشنى شەرت قىلىپ ئۆسۈم ئېلىش مەقسىتى بىلەن بىراۋغا پۇل-مال بېرىشتۇر. ئاۋۋالقىسىنىڭ جائىزلىقىدا شەك بولمىغاندەك، ئىككىنچىسىنىڭ ھاراملىقىدىمۇ قىلچە شەك يوقتۇر. چۈنكى، ئاۋۋالقىسى يوللۇق ئىش، كېيىنكىسى جازانىدۇر. ﴿يَمۡحَقُ ٱللَّهُ ٱلرِّبَوٰاْ وَيُرۡبِي ٱلصَّدَقَٰتِۗ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ جازىنىنى (بەرىكەتسىز، پايدىسىنى يوق قىلىپ، ئۇنىڭغا ئارىلاشقان مالنى) تۇزۇتۇۋېتىدۇ، سەدىقىنى (ئۆستۈرۈپ، پايدىسىنى) زىيادە قىلىپ بېرىدۇ﴾ [1].

شۇ ئېنىقكى، بىراۋدىن زىيادىسى بىلەن قايتۇرۇۋېلىش نىيىتى بىلەن ئۇنىڭغا ھەدىيە ياكى سوۋغات دېگەندەك ئىسىملار بىلەن پۇل-مال بېرىش جازانىغا ئوخشاپ قالغان بىر ئىشتۇر. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ۋە ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلەپ موھتاجلارغا زاكات ۋە سەدىقە بېرىش مۇكاپاتى نەچچە ھەسسە ئارتۇق بېرىلىدىغان ئەمەلدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق قىلغۇچىلارغا ھەسسىلەپ ساۋاب بەرگەندەك، ئۇلارنىڭ پۇل-مېلىنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ پەزلى بىلەن بىرەر ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتىنى ئون ھەسسىدىن 700 ھەسسىگىچە، گاھىدا ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە قىلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلغان. بۇ يەردىكى مۇكاپات ساۋابنى ئىپادىلىگەندەك، پۇل-مالنى ئۆستۈرۈپ بېرىشنىمۇ ئىپادىلەيدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىنسانلار ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان ئەقىل-پاراستىنى جايىدا ئىشلەتمىگەنلىك سەۋەبىدىنلا دۇنيادا كۇفرىلىق ۋە ئازغۇنلۇق دېگەنلەر مەۋجۇت.

2. كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار ئۆزىنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا تۇتقان كىشىلەردۇر.

3. ئامەت كەلگەندە كۆرەڭلەپ كېتىش، قىيىنچىلىق ئالدىدا ۋايساپ كېتىش مۇئمىنلەرنىڭ سۈپىتى ئەمەس.

---

[1] بەقەرە سۈرىسى: 276-ئايەت.

**4.** رىزىقنىڭ كەڭ ياكى تار بولۇشى ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى ۋە سىنىقى بولۇپ، مۇسۇلمان ئادەم بۇنى ياخشى چۈشىنىدۇ.

**5.** ئۇرۇق-تۇغقانچىلىقنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىدۇر.

**6.** مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە يېتىم-يېسىرلارنىڭ ۋە يوقسۇللارنىڭ كاپالەتسىز قېلىشى چوڭ بىر يېتەرسىزلىكتۇر. بۇنىڭدىن مۇسۇلمانلار ئاممىسى جاۋابكار بولىدۇ.

**7.** ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا سەرپ قىلىنغان مال-دۇنياغا ھەسسىلەپ مۇكاپات بېرىش ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىدۇر.

## ◄ تەۋھىد دەلىللىرى ۋە ئەمەللەرنىڭ نەتىجىلىرى

﴿ٱللَّهُ ٱلَّذِي خَلَقَكُمۡ ثُمَّ رَزَقَكُمۡ ثُمَّ يُمِيتُكُمۡ ثُمَّ يُحۡيِيكُمۡۖ هَلۡ
مِن شُرَكَآئِكُم مَّن يَفۡعَلُ مِن ذَٰلِكُم مِّن شَيۡءٖۚ سُبۡحَٰنَهُۥ وَتَعَٰلَىٰ
عَمَّا يُشۡرِكُونَ ٤٠ ظَهَرَ ٱلۡفَسَادُ فِي ٱلۡبَرِّ وَٱلۡبَحۡرِ بِمَا كَسَبَتۡ أَيۡدِي
ٱلنَّاسِ لِيُذِيقَهُم بَعۡضَ ٱلَّذِي عَمِلُواْ لَعَلَّهُمۡ يَرۡجِعُونَ ٤١ قُلۡ سِيرُواْ
فِي ٱلۡأَرۡضِ فَٱنظُرُواْ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلُۚ كَانَ أَكۡثَرُهُم
مُّشۡرِكِينَ ٤٢ فَأَقِمۡ وَجۡهَكَ لِلدِّينِ ٱلۡقَيِّمِ مِن قَبۡلِ أَن يَأۡتِيَ يَوۡمٞ لَّا
مَرَدَّ لَهُۥ مِنَ ٱللَّهِۖ يَوۡمَئِذٖ يَصَّدَّعُونَ ٤٣ مَن كَفَرَ فَعَلَيۡهِ كُفۡرُهُۥۖ
وَمَنۡ عَمِلَ صَٰلِحٗا فَلِأَنفُسِهِمۡ يَمۡهَدُونَ ٤٤ لِيَجۡزِيَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ
وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ مِن فَضۡلِهِۦٓۚ إِنَّهُۥ لَا يُحِبُّ ٱلۡكَٰفِرِينَ ٤٥﴾

### ◄ تەرجىمىسى

**40**-ئاللاھ سىلەرنى ياراتقان، ئاندىن سىلەرگە رىزىق بەرگەن زاتتۇر. ئاندىن ئاللاھ سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ. (سىلەر ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان) نەرسىلىرىڭلار ئىچىدە بۇ ئىشلاردىن بىرەرسىنى قىلالايدىغان بىرى بارمۇ؟ ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر.

41ـ ئىنسانلارنى (ئاللاھ تەرەپكە) قايتسۇن دەپ، ئۇلارغا بىر قىسىم قىلـ-ـمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تېتىتىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ سادىر قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت [1] يۈز بەردى.

42ـ (ئى پەيغەمبەر! سېنى ئىنكار قىلغانلارغا) «يەر يۈزىنى كېزىپ، ئىلـ-ـگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار» دېگىن. ئۇلارنىڭ تولىسى مۇشرىك ئىدى.

43ـ ئاللاھ تەرىپىدىن كېلىدىغان، قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان (قىيامەت) كۈنى كېلىشتىن ئىلگىرى، سەن توغرا دىنغا يۈزلەنگىن، بۇ كۈندە، (ئىنسانلار) پىرقە-پىرقە بولۇپ بۆلۈنۈپ كېتىدۇ.

44ـ كىمكى كاپىر بولغان بولسا، كاپىرلىقىنىڭ جازاسىنى ئۆزى تارتىدۇ، كىمكى ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بولسا، بۇنداق كىشىلەر ئۆزلىرى ئۈچۈن (جەننەتتىن) ئورۇن ھازىرلىغان بولىدۇ.

45ـ (بۇ) ئاللاھنىڭ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئۆز پەزلىدىن مۇكاپاتلىشى ئۈچۈندۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ كاپىرلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ ۋە ھېچبىر ياراتقۇچى يوقتۇر. ئى ئىنسانلار! سىلەرنى ياراتقان ۋە مۇشۇنداق چىرايلىق سۈرەتكە كىرگۈزگەن زات ئاللاھ تائالادۇر. ئۇ سىلەرنى ياراتقاندىن كېيىن، زېمىننىڭ تۈرلۈك نازۇنېمەتلىرى بىلەن سىلەرنى رىزىقلاندۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا بارلىق مەۋجۇداتنى سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن ياراتقان بولۇپ، ئەجىلىڭلار توشقاندا سىلەرنى ۋاپات قىلدۇرىدۇ، ئاندىن ھەركىم ئۆزىنىڭ ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى كۆرسۇن دەپ، سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ. سىلەرنى دەسلەپتە يوقتىن بارلىققا كەلتۈرگەن زات ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. سىلەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىپ قوشۇۋالغان نەرسىلىرىڭلار بۇ ئىشلاردىن بىرەرسىنى قىلالامدۇ؟ ھەرگىزمۇ قىلالمايدۇ. چۈنكى، سىلەر ئاللاھ تائالاغا

[1] ﴿الْفَسَادُ﴾ دېگەن سۆز لۇغەتتە بىر نەرسىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئايەتنى مۇپەسسىرلەرنىڭ بەزىسى گۇناھ-مەئسىيەت ئوتتۇرىغا چىقتى، دەپ تەپسىر قىلسا، يەنە بەزىسى، ھۆل-يېغىننىڭ تەڭپۇڭلىقى بۇزۇلۇپ قۇرغاقچىلىق، مول ھوسۇلنىڭ كېمىيىشى دېگەندەك ئاپەتلەر يۈز بەردى، دەپ تەپسىر قىلغان.

شېرىك قىلىنۋالغان بۇ بۇتلىرىڭلار ئۈستىگە قونغان چىۋىننىمۇ ئۈركۈتەلمەيدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارنىڭ سۈپەتلىگەن ۋە مەنسۇپ قىلغان نەرسىلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر. ئاللاھ تائالا ئۆز زاتىدا، جىمى سۈپەتلىرىدە ۋە بارلىق ئىشلىرىدا تەڭداشسىزدۇر، يېگانىدۇر.

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ كۇفرىلىق، تۇزكورلۇق، گۇناھ-مەئسىيەت قاتارلىق تۈرلۈك قىلمىشلىرىدىن يېنىپ ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىشى، ئۆزىنى تۈزىتىشى ۋە توغرا يولغا كىرىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ بىر قىسىم گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنى مۇشۇ دۇنيادا تېتىتىدۇ. قۇرغاقچىلىقتا ۋە دېڭىزدا، قۇرغاقچىلىق، قەھەتچىلىك، ئاغرىق-سىلاق قاتارلىق ئاپەتلەر ۋە يوقسۇللۇقتا ئوخشىغان بەختسىزلىكلەرنىڭ يۈز بېرىشى دەل ئاشۇ ئىنسانلارنىڭ قىلمىشلىرى سەۋەبلىك ئۇلارغا بېرىلگەن جازادۇر.

بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى ﴿ٱلۡفَسَادُ﴾ دېگەن سۆزگە لۇغەتتىكى مەنىسى بويىچە، «بۇزۇلۇش» دەپ مەنە ئېيتقان بولۇپ، ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلغان: بىر زامانلاردا دۇنيا سائادەتكە چۆمگەن، ئىنسانلار ئازادىچىلىك ۋە كەڭتاشاچىلىق ھەم خاتىرجەملىك ئىچىدە ھۇزۇرلۇق ھايات كەچۈرەتتى. چۈنكى، ئۇ زامانلاردا كىشىلەرنىڭ مال-دۇنياغا بولغان تەمەسى ئاز ئىدى. زاماننىڭ ئىلگىرىلىشى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقى ئۆزگەردى، ئاچكۆزلۈك باش كۆتۈردى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، ھەسەتخورلۇق، دۈشمەنلىك دېگەندەك ئىللەتلەر ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئومۇملاشتى. شۇنىڭ بىلەن يەر يۈزىدىكى سائادەتنىڭ نىزامى بۇزۇلدى. ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا ئومۇميۈزلۈك بىر بۇزۇلۇش باش كۆتۈردى. ئىنسانلار توغرا يولدىن ئازدى. ئاخىرى بېرىپ بۇتلارنى، دەل-دەرەخلەرنى، ئوتنى، ئىنسانلارنى ۋە پەرىشتىلەرنى مەبۇد قىلىۋېلىپ، ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا تەڭ قىلىۋالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئارقا-ئارقىدىن ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۇلارنى شېرىك ئەقىدىسىنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇردى ۋە تەۋھىد ئەقىدىسىگە دەۋەت قىلدى. پەيغەمبەرلەر كاپىرلارنى دوزاختىن ئاگاھلاندۇرۇپ، مۇئمىنلەرگە جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىپ دەۋەتلىرىنى داۋاملاشتۇردى.

ھەر زامان ھەقىقەت بىلەن ساختىلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەر ئۈزۈلمەستىن داۋاملىشىپ كەلدى. بۇ كۈرەشلەردە ھەر ۋاقىت ئاللاھ

تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرى ۋە مۇئمىنلەر غەلىبە قىلىپ كەلدى. توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەنلەرگە ئىبرەت بولسۇن ۋە بۇنىڭ بىلەن ئۇلار گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ ھەقىقەتكە قايتىۋالسۇن دەپ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى قۇرغاقچىلىق، ئاچارچىلىق، ئاغرىق-سىلاق، يوقسۇللۇق قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر بىلەن جازالىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئاسىيلىقى ۋە تۈرلۈك يامان قىلمىشلىرى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا بەرىكەت قاچتى، مال-دۇنياسى ئازىيىشقا باشلىدى، ئۇلار قۇرغاقچىلىق سەۋەبلىك ئاچارچىلىققا يۈزلەندى. شۇنداق قىلىپ، ئاللاھ تائالا بۇ گۇناھكار زالىملارنىڭ بەزىسىگە ئۆزلىرىنىڭ بەزى قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى مۇشۇ دۇنيادىلا تېتىتتى ۋە نۇرغۇنلىرىنىڭ جازاسىنى ئاخىرەتكە قالدۇردى.

ئاندىن ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى يەر يۈزىنى كېزىش، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ سەير قىلىش ۋە ساياھەت ئارقىلىق ئىلگىرى ھالاك قىلىنغان قەۋملەرنىڭ قۇم بارخانلىرى ئاستىدا قالغان شەھەر خارابىلىرىنى ۋە ئۆي-جايلىرىنى كۆرۈپ، ئىبرەت ئېلىشقا ۋە ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ۋە نېمە سەۋەبتىن ھالاك قىلىنغانلىقىنى بىلىشكە بۇيرىدى. ئايەتتىكى ﴿ئۇلارنىڭ تولىسى مۇشرىكلار ئىدى﴾ دېگەن جۈملە ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ھالاك قىلىنغانلىقىنىڭ جاۋابى ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىشقا چاقىرىدىغان ھەق دىنىنى ئىنكار قىلىپ، ئۆزلىرى ۋە ئاتا-بوۋىلىرى تاللىۋالغان ساختا ئىلاھلىرىنى ئاللاھ تائالاغا تەڭ قىلىشتا چىڭ تۇرغان، پەيغەمبەرلەرنى يالغانچىلار قاتارىدىن سانىغان ۋە ئۇلارغا قارشى چىققان بەختسىز قەۋملەر ئىدى.

يەنە ﴿ئۇلارنىڭ تولىسى مۇشرىكلار ئىدى﴾ دېگەن ئايەتتىن ھالاك بولۇشنىڭ سەۋەبى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشلا بولماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئاددىي سانىلىپ كەلگەن گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭمۇ ھالاكەتكە سەۋەب بولىدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى، ئايەتنىڭ: ﴿ئۇلارنىڭ تولىسى مۇشرىكلار ئىدى﴾ دېگەن قىسمى ھالاك بولغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكى سەۋەبىدىنلا ھالاك بولمىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ﴿وَمَآ أَصَبَكُم مِّن مُّصِيبَةٍ فَبِمَا كَسَبَتْ أَيْدِيكُمْ وَيَعْفُواْ عَن كَثِيرٍ﴾ يەنى ﴿(ئى ئىنسانلار!) بېشىڭلارغا كەلگەن ھەرقانداق بىر مۇسىبەت سىلەرنىڭ ئۆز قولۇڭلار (بىلەن) قىلغان (گۇناھىڭلار) تۈپەيلىدىندۇر. ئاللاھ (گۇناھىڭلاردىن) نۇرغۇنلىرىنى ئەپۇ

قىلىۋېتىدۇ﴾[1].

زامانىمىزدىكى مۇسۇلمانلارمۇ ئاللاھ تائالاغا ئىمانى بولغىنى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ خارلىق ۋە زەبۇنلۇقتا دۇچار بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان بەزى گۇناھلاردىن خالىي بولالمىغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ياخشى بولالمىغان. بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالىدىغانلار بارمۇ؟!

ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارغا تەلىمات بېرىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: ﴿ئاللاھ تەرىپىدىن كېلىدىغان، قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان (قىيامەت) كۈنى كېلىشتىن ئىلگىرى، سەن توغرا دىنغا يۈزلەنگىن﴾، يەنى كېلىدىغانلىقى ئېنىق بولغان قىيامەت كۈنى كېلىشتىن ئىلگىرى سەن ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت توغرا ۋە ھەق دىنغا پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن يۈزلەنگىن، ئۇنى مەڭگۈلۈك دىن قىلىپ تۇتقىن. چۈنكى، ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ تۇغما دىنى بولۇپ، ئىنسانلار شۇ دىن بىلەن يارىتىلغان، بۇ دىن تا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ.

قىيامەت كۈنى ئىنسانلار پىرقە-پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ يولى ئايرىلىدۇ. جەننەتكە كىرىدىغانلار جەننەتلەردە، دوزاخقا تېگىشلىك بولغانلار دوزاختا ئورۇنلىرىنى تاپىدۇ.

بۇ دۇنيادا ھەق دىننى ئىنكار قىلىپ، كۇفرىنىڭ يولىنى تۇتقان ۋە كۇفرىدا چىڭ تۇرغانلارنىڭ بۇ كاپىرلىقىنىڭ زىيىنى ۋە ئاقىۋىتى ئۇلارنىڭ ئۆزىگىدۇر. ئەمما ئىمان ئېيتقانلارغا كەلسەك، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىپ شۇ ئىمانىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن جەننەتلەردىن ئېسىل تۇرالغۇلارنى تەييارلىغان بولىدۇ. چۈنكى، بۇ دۇنيا ئاخىرەتنىڭ ئېكىنزارلىقى بولۇپ، ھەركىم بۇ دۇنيادا قىلغانلىرىنىڭ نەتىجىسىنى ئاخىرەتتە كۆرىدۇ، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئاخىرەتتىكى تۇرالغۇسىنى مۇشۇ دۇنيادا ئۆزى بىنا قىلىدۇ، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر ئۆزىنىڭ تۇرالغۇسىنى جەننەت باغچىلىرى ئارىسىغا بىنا قىلغاندەك، كۇفرىلىقنى تاللاپ، ئاللاھ تائالانى ۋە ھەق دىننى ئىنكار قىلغانلار تۇرالغۇسىنى دوزاخنىڭ دەھشەتلىك ئوت دۆۋىسى ئارىسىغا بىنا قىلىدۇ.

قىيامەت كۈنىدە ئىنسانلارنىڭ پىرقە-پىرقىلارغا بۆلۈنۈشى، ھەربىر

---

[1] شۇرا سۈرىسى: 30-ئايەت.

پىرقىنىڭ يولى ئايرىلىپ، بارىدىغان جايى بەلگىلىنىشى ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ جەننەتلەردىن ئۆزلىرىگە ئورۇن ھازىرلىغان بولۇشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ بۇ دۇنيادا ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى مۇكاپاتلىشى ئۈچۈندۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ پەزل-كەرەمى بىلەن بولىدۇ. چۈنكى، ھېچكىم ئۆز ئەمەلى بىلەن جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلتىپاتى ۋە رەھمىتى بىلەن كىرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ياخشىلىقلىرى ۋە ئاتا-ئېھسانلىرى ئالدىدا ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەل-ئىبادەتلىرى ۋە شۈكۈرلىرى ھېچ نەرسە سانالمايدۇ.

ئاللاھ تائالا كاپىرلارنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار كاپىرلىقى سەۋەبلىك ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ۋە جازاسىغا لايىق بولغان كىشىلەردۇر. ئەسلىدە، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئۇۋال قىلغان ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھېچكىمگە ئۇۋال قىلمايدۇ. بەلكى كاپىرلار كۇفرىلىق يولىنى تاللاش ئارقىلىق ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان كىشىلەردۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** ئاچارچىلىق، ئۇرۇش ۋە ھەر خىل بالايىئاپەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە كۇفرى-مەئسىيەت ۋە زۇلۇم سەۋەب بولىدۇ.

**2.** ئىنسانلارنىڭ قىيامەت كۈنىدە پىرقىلەرگە بۆلۈنۈشى ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەمەللىرىگە ئاساسەن بولىدۇ.

**3.** بۇ دۇنيا ئاخىرەتنىڭ ئېكىنزارلىقى بولۇپ، ئاخىرەتتە ھەركىم ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا تېرىغان نەرسىسىنىڭ مول ھوسۇلىنى ئالىدۇ.

**4.** ھېچكىم ئۆزىنىڭ ئەمەلى بىلەنلا جەننەتكە كىرەلمەيدۇ.

### ◄ شامال بىلەن يامغۇر ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدۇ

﴿وَمِنْ ءَايَٰتِهِۦٓ أَن يُرْسِلَ ٱلرِّيَاحَ مُبَشِّرَٰتٍ وَلِيُذِيقَكُم مِّن رَّحْمَتِهِۦ
وَلِتَجْرِىَ ٱلْفُلْكُ بِأَمْرِهِۦ وَلِتَبْتَغُوا۟ مِن فَضْلِهِۦ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ
﴿٤٦﴾ وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا مِن قَبْلِكَ رُسُلًا إِلَىٰ قَوْمِهِمْ فَجَآءُوهُم بِٱلْبَيِّنَٰتِ
فَٱنتَقَمْنَا مِنَ ٱلَّذِينَ أَجْرَمُوا۟ ۖ وَكَانَ حَقًّا عَلَيْنَا نَصْرُ ٱلْمُؤْمِنِينَ

﴿٤٧﴾ ٱللَّهُ ٱلَّذِى يُرْسِلُ ٱلرِّيَٰحَ فَتُثِيرُ سَحَابًا فَيَبْسُطُهُۥ فِى ٱلسَّمَآءِ
كَيْفَ يَشَآءُ وَيَجْعَلُهُۥ كِسَفًا فَتَرَى ٱلْوَدْقَ يَخْرُجُ مِنْ خِلَٰلِهِۦ ۖ فَإِذَآ
أَصَابَ بِهِۦ مَن يَشَآءُ مِنْ عِبَادِهِۦٓ إِذَا هُمْ يَسْتَبْشِرُونَ ﴿٤٨﴾ وَإِن
كَانُوا۟ مِن قَبْلِ أَن يُنَزَّلَ عَلَيْهِم مِّن قَبْلِهِۦ لَمُبْلِسِينَ ﴿٤٩﴾ فَٱنظُرْ
إِلَىٰٓ ءَاثَٰرِ رَحْمَتِ ٱللَّهِ كَيْفَ يُحْىِ ٱلْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَآ ۚ إِنَّ ذَٰلِكَ لَمُحْىِ
ٱلْمَوْتَىٰ ۖ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿٥٠﴾ وَلَئِنْ أَرْسَلْنَا رِيحًا فَرَأَوْهُ
مُصْفَرًّا لَّظَلُّوا۟ مِنۢ بَعْدِهِۦ يَكْفُرُونَ ﴿٥١﴾ فَإِنَّكَ لَا تُسْمِعُ ٱلْمَوْتَىٰ
وَلَا تُسْمِعُ ٱلصُّمَّ ٱلدُّعَآءَ إِذَا وَلَّوْا۟ مُدْبِرِينَ ﴿٥٢﴾ وَمَآ أَنتَ بِهَٰدِ ٱلْعُمْىِ
عَن ضَلَٰلَتِهِمْ ۖ إِن تُسْمِعُ إِلَّا مَن يُؤْمِنُ بِـَٔايَٰتِنَا فَهُم مُّسْلِمُونَ ﴿٥٣﴾

### ◄ تەرجىمىسى

**46**-ئاللاھنىڭ سىلەرنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ، سىلەرگە رەھمىتىدىن تېتىتىشى ئۈچۈن، ئەمرى بىلەن كېمىلەرنىڭ دېڭىزلاردا مېڭىشى ئۈچۈن، (كېمىلەر ئارقىلىق تىجارەت قىلىپ) ئۇنىڭ پەزلىدىن (رىزقىڭلارنى) تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن، شاماللارنى (يامغۇردىن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى قىلىپ ئەۋەتكەنلىكى ئۇنىڭ (بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللىرىدىندۇر.

**47**-شۈبھىسىزكى، سەندىن ئىلگىرى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئۆز قەۋمىگە ئەۋەتتۇق، ئۇ پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا كۆپلىگەن روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. (ئۇلارغا قۇلاق سالماي) گۇناھقا پاتقانلارغا تېگىشلىك جازا بەردۇق. مۇئمىنلەرگە ياردەم بېرىش بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىزدۇر.

**48**-ئاللاھ شاماللارنى ئەۋەتىپ بۇلۇتنى قوزغايدىغان، ئاندىن ئۇنى ئاسماندا خالىغىنى بويىچە تارقىتىدىغان ۋە ئۇنى ئۇششاق پارچىلارغا بۆلىدىغان زاتتۇر. شۇنىڭ بىلەن سەن يامغۇرنىڭ بۇلۇتنىڭ ئارىسىدىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن، ئاللاھ يامغۇرنى خالىغان بەندىلىرىنىڭ ئۈستىگە ياغدۇرغان چاغدا، ئۇلار دەرھال خۇشال بولۇپ كېتىدۇ.

**49**-ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە يامغۇر ياغدۇرۇلۇشىدىن بۇرۇن ھەقىقەتەن ئۈمىدسىزلىنىپ كەتكەن ئىدى.

50ـ ئاللاھنىڭ رەھمىتىنىڭ نەتىجىلىرىگە – زېمىننى ئۆلگەندىن كېيىن قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىغا قاراپ باققىن. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى چوقۇم (ئاشۇنداق) تىرىلدۈرگۈچىدۇر. ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.

51ـ ئەگەر بىز (زىرائەتكە زىيانلىق) بوراننى ئەۋەتسەك، ئۇلار (بوران سە-ۋەبلىك) زىرائەتنىڭ سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسە، شۇ ئاپەتتىن كېيىن ئۇلار تۇزكورلۇق قىلىشقا باشلايدۇ.

52ـ شەكسىزكى، سەن ئۆلۈكلەرگە (يەنى قەلبى ئۆلگەن كاپىرلارغا ھەقنى) ئاڭلىتالمايسەن، ئارقىسىنى قىلىپ (سەندىن) يۈز ئۆرۈگەن گاسلارغىمۇ دەۋەتنى ئاڭلىتالمايسەن.

53ـ سەن (دىلى) كورلارنى ئازغۇنلۇقىدىن (چىقىرىپ) ھىدايەتكە ئېرىشتۈر-گۈچى ئەمەسسەن. سەن (دەۋىتىڭنى) پەقەت بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغانلارغىلا ئاڭلىتالايسەن.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە ئىلىم-ھېكمىتىنى، شۇنداقلا ھەممىگە قادىر ۋە خالىغان ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغانلىقىنى نامايان قىلىدىغان كائىنات دەلىللىرىدىن بىرى شاماللاردۇر. شاماللار ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقى بىلەن ياخشىلىق ۋە مولچىلىقنىڭ خەۋەرچىسى بولغان ھالدا، يامغۇرنىڭ يېغىشى ئۈچۈن بۇلۇتلارنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. شاماللار يەنە دېڭىزدىكى كېمىلەرنى ماڭدۇرۇش رولىغا ئىگە.

ئاللاھ تائالا شاماللارنى كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ يامغۇردىن ئىبارەت رەھمىتىنىڭ چۈشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىش ئۈچۈن، كېمىلەرنىڭ سۇنىڭ ئۈستىدە سالامەت مېڭىشى ئۈچۈن، يەنە نۇرغۇنلىغان پايدىلىق ئىشلار ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ. مەلۇمكى، ھەرقانداق شامال كېمىنى ماڭدۇرمايدۇ. بەزىدە ئەكسىچە ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرىدۇ. ئەمما ئومۇمەن ئېيتقاندا كېمىلەر شاماللارنىڭ ھەرىكىتى بىلەن ماڭىدۇ. شاماللارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇرۇقلىنىش ئىشلىرىمۇ ئەمەلگە ئاشىدۇ، ئىنسانلار كېمىلەرگە چىقىپ دېڭىز-دەريالاردا قاتناپ يۈرۈپ تىجارەت قىلىش ئارقىلىق تىرىكچىلىك قىلىدۇ. دېمەك، ئاللاھ تائالا شاماللارنى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ. شۇڭا شاماللارمۇ ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ساناپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ دەيدۇكى، بىز سەندىن ئىلگىرى ھەقىقەتەن كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەرنى ئۆز قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق. بۇ پەيغەمبەرلەردىن ھەربىرى ئۆز قەۋمىگە ئۆزىنىڭ راستچىللىقى ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى ۋە ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان مۆجىزىلەر بىلەن كەلگەندە، بۇ قەۋملەردىن بەزىسى ئىمان ئېيتىپ، پەيغەمبەر دەۋەت قىلغان دىنغا كىردى، يەنە بەزىسى ئۇنى ئىنكار قىلىپ كاپىرلىقىدا قالدى. ئەمما بۇ پەيغەمبەرلەردىن ھەربىرى ئۆز قەۋمىگە قىلىشقا تېگىشلىك دەۋەتنى ۋە ۋەز-نەسىھەتلەرنى تولۇق قىلدى، ئۆزىگە نازىل بولغان ساماۋى كىتابنىڭ ئايەتلىرىنى ئۇلارغا يەتكۈزدى ۋە ئۇلارنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇندىدى.

شۇنداق روشەن دەۋەتنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ ئىمان ئېيتماستىن، ھەق دىنىنى ئىنكار قىلىش ۋە پەيغەمبەرگە دۈشمەنلىك قىلىش يولىنى تاللىغانلارنى ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى سەۋەبلىك جازالىدى. ئەمما ئىمان ئېيتىپ توغرا يولغا كىرگەن ۋە ئىماندا مۇستەھكەم تۇرغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ تائالا بۇنداق مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىشنى، ئۇلارنى قوغداشنى ۋە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىشنى ۋەدە قىلدى.

ئەي ئەقىل ئىگىلىرى! ئىلگىرىكىلەرنىڭ قىسسىلىرىدىن ۋە ئۇلارنىڭ باشلىرىغا كەلگەنلەردىن ئىبرەت ئېلىڭلار. كېلىدىغانلىقى ئېنىق بولغان ۋە ئىمانى بولمىغانلارغا ھېچقانداق ياردەم قىلغۇچى ياكى شاپائەتچى چىقمايدىغان قىيامەت كۈنى كېلىشتىن بۇرۇن، يولۇڭلارنى تېپىۋېلىڭلار، تەۋبە قىلىپ ھەقىقەتكە قايتىۋېلىڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ ھەق دىنىغا ئېتىقاد قىلىڭلار.

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ، ئۇلارغا ياخشى-يامانىنى بىلدۈرگەنلىكى كاتتا نېمەت ئەمەسمۇ؟ پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن ھەقىقەتلەر خۇددى سۇسىز يەرنى يېشىللىققا ئايلاندۇرىدىغان يامغۇردەك مەنىۋى ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى ئەمەسمۇ؟ ئىنسانلارنىڭ ھىدايەت تېپىشى ئۈچۈن بۇلار يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە يېتەرلىكتۇر.

شاماللارنى ئەۋەتىپ بۇلۇتلارنى قوزغىتىدىغان ۋە ھەرىكەتلەندۈرۈپ ماڭدۇرىدىغان زات ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھ تائالا بۇلۇتلارنى ئاسماندا ئۆز ئىرادىسى بويىچە تارقىتىدۇ، گاھىدا بۇلۇتلارنى تارقاق ۋە ئۇششاق

پارچىلارغا بۆلۈۋېتىدۇ. نەتىجىدە، يامغۇر بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدىن چۈشىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇلارنىڭ رىزقىنى ھېكمەت بىلەن تەقسىم قىلغاندەك يامغۇرنىمۇ ھېكمەت بىلەن تەقسىم قىلىدۇ ۋە ئۇنى خالىغان بەندىلىرىنىڭ يۇرتىغا ياغدۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارنى سۈدىن بەھرىمەن قىلىدۇ. بۇ ئىشلار ئەلۋەتتە ھەر ئىشنىڭ مەلۇم قانۇنىيەت ئاساسىدا ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى، بەندىلەرنىڭ رىزقى شۇنداق تەقسىمات بىلەن بېرىلىدىغانلىقىنى نامايان قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ئىپادىلەشكە يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە يېتەرلىكتۇر.

ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن جايلارغا يامغۇر يېغىپ، ئۇ جايدىكىلەرنىڭ ھاجىتى راۋا بولغىنىدا، ئۇلار قاتتىق خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى يامغۇرنى كۈتۈپ بارا-بارا ئۈمىدىنى يوقاتقىلى ئاز قالغان ۋە غەمكىنلىكتە قالغان خەلق ئۈچۈن توساتتىن يامغۇرنىڭ شارقىراپ چۈشۈشى ئۇلارنى راستتىنلا ھاياجانغا سالىدىغان ئىشتۇر. ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئاھالىسىغا ئوخشاش يىلدا بىر ياكى ئىككى قېتىملا يامغۇردىن بەھرىمەن بولالايدىغان خەلقلەر ئۈچۈن يامغۇرنىڭ يېغىشى ھەقىقەتەن چوڭ خۇشاللىق سانىلىدۇ.

دېمەك، سۇسىزلىقتىن قۇرۇپ، قاقاسلىققا ئايلىنىپ قالغان زېمىننىڭ ئۈستىگە يامغۇر ياغدۇرۇش ئارقىلىق ئۇ زېمىننى تىرىلدۈرۈپ، ياپيېشىل قىلغان زاتنىڭ قىيامەت كۈنىدە ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشىمۇ شۈنچىلىك ئوڭايدۇر ۋە ئەلۋەتتە مۇمكىن ئىشتۇر. سۇسىزلىقتىن ئۆلگەن زېمىننى يامغۇر بىلەن تىرىلدۈرۈشنىڭ ئۆزى ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتقا قىلغان رەھمىتىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئاللاھ تائالا يەنە دەيدۇكى، ئىنسانلار شۇنداق تۇزكور يارىتىلغان بولۇپ، ناۋادا بىز ئۇلارنىڭ زىرائەتلىرىگە ۋە باغ-بوستانلىرىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئاپەتلىك بوراننى ئەۋەتسەك، ئاندىن ئۇلار ئەۋەتىلگەن شۇ بوران تۈپەيلىدىن زىرائەتلىرىنىڭ سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسە، دەرھال تۇزكورلۇق قىلىشقا باشلايدۇ ۋە بىز بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئاتا قىلغان سانسىزلىغان نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلىدۇ. گوياكى ئۇلار ھېچقانداق ياخشىلىق كۆرمىگەندەك بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئىمانسىز قەۋم بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ياخشىلىقىنى تونۇمايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىگە بىرەر ياخشىلىق يەتسە، خۇشاللىقتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشىدۇ، بىرەر يامانلىق يەتسە، دەردلىنىپ تۈگىشىپ كېتىدۇ.

ئەگەر ئۇلار ھەقىقىي مۆئمىنلەردىن بولسا ئىدى، ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىشنى بىلگەن بولاتتى، ياخشىلىق يەتكەندە شۈكۈر قىلىدىغان، زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىغاندا سەۋر قىلىدىغان، قۇرغاقچىلىققا ئوخشىغان بىرەر ئاپەتكە ئۇچرىسا، ھامان ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىپ، ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلىدىغان، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىدىغان، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيدىغان بولاتتى. ئۇلار ھەقىقىي مۆئمىنلەردىن بولسا ئىدى، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەيتتى، ئۆزلىرىگە، پۇل-مېلىغا، زىرائەتلىرىگە بىرەر زىيان-زەخمەت يېتىپ قالسا، سەۋر قىلىپ ئاۋۋال ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلاتتى، ئاندىن يېتەرلىك ماددىي سەۋەبلەرنى قىلىش ئارقىلىق زىياندىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى قىلاتتى. پايدا-مەنپەئەت يەتكەندە، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلاتتى ۋە ھەمدۇسانا ئېيتاتتى. چۈنكى، ھەقىقىي ئىمان كىشىنى شۇنداق قىلىشقا يېتەكلەيدۇ.

ئەمما سەن ئى پەيغەمبەر! ئۇلارنى ھەقىقەتكە قايىل قىلىش يولىدا يېتەرلىك دەلىل-ئىسپاتلارنى كەلتۈردۈڭ، ھەر خىل مىساللارنى بايان قىلدىڭ، ئىمان ئېيتقانلارغا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەردىڭ، كۇفرىدا چىڭ تۇرغۇچىلارنى ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىدىن ئاگاھلاندۇردۇڭ. دېمەك، ئۇلارنى ھىدايەتكە باشلاش يولىدا قولۇڭدىن كەلگەن چارە-تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ۋە سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلدىڭ. ئەمما سېنىڭ دەۋىتىڭ ئۇلارنىڭ كۆپلىرىنىڭ تەرسالىقىنى ۋە مۇتەكەببىرلىكىنى ئاشۇرۇۋەتتى. ئۇلار ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشتى، ئۇنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتتى. شۇڭا سەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى سەۋەبلىك غەمكىن بولمىغىن، قايغۇرمىغىن، ئۈمىدسىزلەنمىگىن. چۈنكى، سەن ھەق دىنغا دەۋەت قىلىۋاتساڭ ئارقىسىغا قاراپ قېچىۋاتقان ۋە دەۋىتىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن، قەلبى ئۆلگەن ئاشۇ مەنىۋى مۇردىلارغا دەۋىتىڭنى ئاڭلىتالمايسەن، مەنىۋى گاسلارغىمۇ دەۋىتىڭنى ئاڭلىتالمايسەن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ھەقىقەتنى كۆرمەيدۇ، قۇلاقلىرى ھەق سۆزنى ئاڭلىمايدۇ، دىللىرى گۇناھلىرى سەۋەبلىك پېچەتلەنگەن. يەنە سەن كۆز ئالدىدا خۇددى قۇياشنىڭ نۇرىدەك پارلاپ تۇرغان ئوپئوچۇق ھەقىقەتنىمۇ كۆرەلمەيدىغان، قەلب كۆزى پەردىلىنىپ قالغان مەنىۋى كورلارنىمۇ ئازغۇنلۇقتىن قۇتقۇزۇپ توغرا يولغا سالالمايسەن، چۈنكى، سەن دەۋىتىڭنى ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان، ھەق سۆزگە قۇلاق سالىدىغان ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىشىنىدىغان كىشىلەرگىلا ئاڭلىتالايسەن، شەكسىزكى، ئۇلار مۇسۇلمانلاردۇر. سەن پەقەت ئۆزىدە ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشقا ۋە

ھەقىقەتنى ئىزدەشكە مايىللىقى بولغان كىشىلەرگىلا سۆزۈڭنى ئاڭلىتالايسەن. شۇنداق كىشىلەرلا ساغلام قۇلاق سالىدۇ ۋە سۆزۈڭنى ئاڭلايدۇ. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم»دىن مەنپەئەت ئالىدىغانلار ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان مۇئمىنلەردۇر. ﴿ذَٰلِكَ ٱلْكِتَٰبُ لَا رَيْبَ فِيهِ هُدًى لِّلْمُتَّقِينَ﴾ يەنى ﴿بۇ ئۇلۇغ كىتابتۇر، ئۇنىڭدا قىلچە شەك يوقتۇر، تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر﴾ [1].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش ئىبادەتتۇر. نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلغۇچىلار ئەلۋەتتە جازاغا لايىقتۇر.

2. ئاللاھ تائالا زالىملارنى جازالىماي قويمايدۇ. جازانىڭ كېچىكىپ كەلگەنلىكى زالىملار ئۈچۈن ياخشىلىق ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. چۈنكى، زالىم بۇ ئارىدا كۆپرەك گۇناھقا چۆكىدۇ-دە، ئۆزىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىبرەتلىك ئازابىغا تېخىمۇ لايىق قىلىدۇ.

3. دېڭىز، ئوكيانلاردىن پارغا ئايلىنىپ ئاسمانغا ئۆرلىگەن سۇنىڭ چوڭ بۇلۇتلارغا ئايلىنىپ يەنە يەر يۈزىگە يامغۇر بولۇپ چۈشۈشىدە ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي قۇدرىتىنى ۋە چەكسىز ئىلمىنى نامايان قىلىدىغان نۇرغۇن ئالامەتلەر بار.

4. ئاللاھ تائالاغا ئىمانى يوق ئادەملەر باياشاتلىق ۋاقىتلىرىدا گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە چۆكىدۇ، قىيىنچىلىق ۋاقىتلىرىدا ئۈمىدسىزلىككە چۆمىدۇ.

5. كاپىرلىق مەنىۋى ئۆلۈم بولغىنىدەك، مۇئمىنلىك ھاياتلىقتۇر. شۇڭا ھەقىقىي مۇئمىنلەر ھەمىشە قەلبى ھايات، ۋىجدانى ئويغاق تۇرىدىغان كىشىلەردۇر.

## ◄ ئىنسان ئەنە شۇنداق يارىتىلغان

﴿۞ ٱللَّهُ ٱلَّذِى خَلَقَكُم مِّن ضَعْفٍ ثُمَّ جَعَلَ مِنۢ بَعْدِ ضَعْفٍ قُوَّةً

[1] بەقەرە سۈرىسى: 2-ئايەت.

ثُمَّ جَعَلَ مِنۢ بَعۡدِ قُوَّةٖ ضَعۡفٗا وَشَيۡبَةٗۚ يَخۡلُقُ مَا يَشَآءُۚ وَهُوَ ٱلۡعَلِيمُ
ٱلۡقَدِيرُ ﴿٥٤﴾ وَيَوۡمَ تَقُومُ ٱلسَّاعَةُ يُقۡسِمُ ٱلۡمُجۡرِمُونَ مَا لَبِثُواْ غَيۡرَ
سَاعَةٖۚ كَذَٰلِكَ كَانُواْ يُؤۡفَكُونَ ﴿٥٥﴾ وَقَالَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡعِلۡمَ وَٱلۡإِيمَٰنَ
لَقَدۡ لَبِثۡتُمۡ فِي كِتَٰبِ ٱللَّهِ إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلۡبَعۡثِۖ فَهَٰذَا يَوۡمُ ٱلۡبَعۡثِ
وَلَٰكِنَّكُمۡ كُنتُمۡ لَا تَعۡلَمُونَ ﴿٥٦﴾ فَيَوۡمَئِذٖ لَّا يَنفَعُ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ
مَعۡذِرَتُهُمۡ وَلَا هُمۡ يُسۡتَعۡتَبُونَ ﴿٥٧﴾ وَلَقَدۡ ضَرَبۡنَا لِلنَّاسِ فِي هَٰذَا
ٱلۡقُرۡءَانِ مِن كُلِّ مَثَلٖۚ وَلَئِن جِئۡتَهُم بِـَٔايَةٖ لَّيَقُولَنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ
إِنۡ أَنتُمۡ إِلَّا مُبۡطِلُونَ ﴿٥٨﴾ كَذَٰلِكَ يَطۡبَعُ ٱللَّهُ عَلَىٰ قُلُوبِ ٱلَّذِينَ لَا
يَعۡلَمُونَ ﴿٥٩﴾ فَٱصۡبِرۡ إِنَّ وَعۡدَ ٱللَّهِ حَقّٞۖ وَلَا يَسۡتَخِفَّنَّكَ ٱلَّذِينَ لَا
يُوقِنُونَ ﴿٦٠﴾

### ◄ تەرجىمىسى

54ـ ئاللاھ سىلەرنى ئاجىز ياراتقان، ئاندىن ئاجىزلىقتىن كۈچلۈك قىلغان، ئاندىن كۈچلۈكلۈكتىن ئاجىز قىلغان ۋە (سىلەرگە) قېرىلىقنى يەتكۈزگەن زاتتۇر. ئاللاھ خالىغىنىنى يارىتىدۇ، ئۇ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر.

55ـ قىيامەت قايىم بولغان كۈندە گۇناھكارلار (دۇنيادا) پەقەت ئازغىنە ۋاقىت تۇرغانلىقىغا قەسەم قىلىدۇ، ئۇلار (دۇنيادىكى چاغلىرىدىمۇ) مۇشۇنداق يالغانچىلىق قىلاتتى.

56ـ (دۇنيادا ئۆزلىرىگە) ئىلىم ۋە ئىمان ئاتا قىلىنغان كىشىلەر: «شەكسىزكى، سىلەر ئاللاھنىڭ كىتابىدا (ۋەدە قىلىنغان) تىرىلىش كۈنىگە قەدەر تۇردۇڭلار، مانا بۇ تىرىلىش كۈنىدۇر، ئەمما سىلەر (بۇنى) بىلمەيتتىڭلار» دەيدۇ.

57ـ بۇ كۈندە زالىملارنىڭ ئۆزرىسىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ، ئۇلاردىن ئاللاھنى رازى قىلىشمۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ.

58ـ شەك-شۈبھىسىزكى، بىز بۇ قۇرئاندا كىشىلەرگە تۈرلۈك مىساللارنى بايان قىلدۇق، (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر سەن ئۇلارغا بىرەر ئايەتنى كەلتۈرسەڭ، بۇ

كاپىرلارنىڭ ئەلۋەتتە: «سىلەر پەقەت باتىلغا ئەگەشكۈچىلەرسىلەر» دەيدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ.

59ـ(دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى) بىلمەيدىغانلارنىڭ دىللىرىنى ئاللاھ مۇشۇنداق پېچەتلىۋېتىدۇ.

60ـ(ئى پەيغەمبەر!) چىدامىلىق بولغىن، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى شەكسىز ھەقتۇر، (ئاخىرەتكە) چىن ئىشەنمەيدىغانلار (نىڭ قىلمىشى) سېنى ھەرگىز يەڭگىللىك قىلىشقا ئېلىپ بارمىسۇن.

### تەپسىرى

يۇقىرىقى بىرىنچى ئايەت ھەربىر ئىنساننىڭ بېشىدىن ئۆتىدىغان باسقۇچلارغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى، ئىلىم-ھېكمىتىنى ۋە مۇكەممەل ئىش قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى، ئىنساننىڭ ئاجىزلىقتىن، كۈچلۈكلۈككە، ئاندىن كۈچلۈكلۈكتىن ئاجىزلىققا ئۆزگىرىشى ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە، ئاندىن قىيامەت كۈنىنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، سىلەرنى ئاجىز ياراتقان، ئاندىن ئاجىزلىقتىن كېيىن كۈچلۈك قىلغان، ئاندىن كۈچلۈكلۈكتىن ئاجىز قىلغان ۋە سىلەرگە قېرىلىقنى يەتكۈزگەن زات-ئاللاھ تائالادۇر. ئىنسان «ئەرزىمەس سۇ» دەپ ئاتالغان ئاشۇ ئىسپېرمىدىن تۆرىلىدۇ. بىر قېتىملىق ئىسپېرمىدا مىليونلارچە ئۇرۇقچىلار بولۇپ، ئۇلاردىن بىرەرسى ھاياتلىقنى شەكىللەندۈرىدۇ، قالغانلىرى ئۆلىدۇ. ھاياتلىقنى شەكىللەندۈرگەن مەزكۇر ئۇرۇق ئىنتايىن ئاجىز ۋە كىچىك بىر جانلىقتۇر. ئىنسان ئەنە شۇ جانلىقنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئىنسان شۇنداق ئاجىزلىق بىلەن يارىتىلىپ، ئاجىزلىقتىن كۈچلۈكلۈككە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. ئاۋۋال ئۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىدا، ئاندىن ئۇنىڭ قولىدا ۋە قوينىدا بولىدۇ. بۇ باسقۇچلارنىڭ ھەممىسىدە ئىنسان بەكمۇ ئاجىز ھالەتتە بولىدۇ. ئاندىن تەدرىجىي چوڭىيىش جەريانىدا كۈچلىنىشكە باشلايدۇ. ئۇ قىرانىغا يەتكەندە ئۇنىڭ كۈچى تاكامۇللىشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ كۈچى تەدرىجىي ئازىيىشقا ۋە ئاجىزلىشىشقا قاراپ يول ئالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئادەم بالىسى ئاجىز تۇغۇلىدۇ، ئاندىن يەنە شۇ ئاجىزلىقىغا قايتىپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

بۇلارنى بايان قىلىشتىكى مەقسەت، ئىنسان بېشىدىن ئۆتكۈزىدىغان

بۇ باسقۇچلارنىڭ دىنسىزلار ۋە ئاتېئىزمچىلار ئېتىقاد قىلغاندەك تەبىئەتنىڭ قانۇنى بولماستىن، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىشلار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ﴿يَخْلُقُ مَا يَشَآءُ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ خالىغىنىنى يارىتىدۇ﴾[1].

ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتنىڭ ئىشلىرىنى، جىمى ئەھۋالىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇ ھەممىگە قادىر بولۇپ، ھەممىنى ئۆز قۇدرىتى بىلەن ئىدارە قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ يەردە قىيامەتنىڭ بەزى ئالامەتلىرىنى بايان قىلىدۇ ۋە دەيدۇكى، قىيامەت بولغان كۈنى گۇناھكارلار دۇنيادا بىر سائەتتىن ئارتۇق تۇرمىدۇق دەپ، قەسەم قىلىشىدۇ. چۈنكى، كاپىرلار ۋە گۇناھكارلار قىيامەت كۈنىدە ئۆزلىرىنىڭ بارىدىغان جايى دوزاخ ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇلار دۇنيادا تۇرغان ۋاقىتلىرىنى شۇنداق ئاز كۆرىدۇ. ﴿كَأَنَّهُمْ يَوْمَ يَرَوْنَهَا لَمْ يَلْبَثُوٓاْ إِلَّا عَشِيَّةً أَوْ ضُحَىٰهَا﴾ يەنى ﴿ئۇلار قىيامەتنى كۆرگەن كۈندە، ئۆزىنى (دۇنيادا) پەقەت بىر كەچقۇرۇن ياكى بىر ئەتىگەن تۇرغاندەكلا ھېس قىلىدۇ﴾[2]. ئۇلار دۇنيادىمۇ شۇنداق يالغان سۆزلەيتتى ۋە ھەقىقەتنى شۇنداق قوبۇل قىلمايتتى.

ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىدىن ئىلىم بېرىلگەن ۋە ئىمانى كامىل كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ تا قىيامەت كۈنىگە قەدەر تۇرغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جەننەت ئەھلىدىن بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، دۇنيادا تۇرغان ۋاقىتلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى بىلىدۇ. ئاندىن ئۇلار كاپىرلارغا دەيدۇكى، تىرىلىدىغان كۈن مانا مۇشۇ كۈندۇر. ئەمما سىلەر دۇنيادا بۇ كۈننى ئىنكار قىلاتتىڭلار. چۈنكى، سىلەر ھەقىقەتنى بىلمەيتتىڭلار.

قىيامەت كۈنى ھېچكىمنىڭ ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەگەشمەسلىك ئارقىلىق ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغان كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ تەۋبىسىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، قىيامەت كۈنىدە تەۋبە قىلىشقا پۇرسەت يوق. تەۋبە قىلىش پۇرسىتى مۇشۇ دۇنيادا بولىدۇ. بۇ دۇنيادا تەۋبە قىلماي ئۆلگەنلەرگە قايتا تەۋبە قىلىش پۇرسىتى يوقتۇر. ﴿حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءَ أَحَدَهُمُ ٱلْمَوْتُ قَالَ رَبِّ ٱرْجِعُونِ ﴿٩٩﴾ لَعَلِّيٓ أَعْمَلُ صَٰلِحًا فِيمَا تَرَكْتُۚ كَلَّآۚ إِنَّهَا كَلِمَةٌ

[1] مائىدە سۈرىسى: 17_ئايەت.
[2] نازىئات سۈرىسى: 46_ئايەت.

﴿هُوَ قَآئِلُهَاۖ وَمِن وَرَآئِهِم بَرۡزَخٌ إِلَىٰ يَوۡمِ يُبۡعَثُونَ﴾ يەنى ﴿كاپىرلارنىڭ بىرىگە ئۆلۈم كەلسە، ئۇ: «ئى رەببىم! مېنى (دۇنياغا) قايتۇرغىن، مەن قويۇپ كەلگەنلىرىم بىلەن ياخشىلىق قىلىۋالسام» دەيدۇ. بۇ مۇمكىن ئەمەس، بۇ ئۇنىڭ قۇرۇق گېپىدۇر. ئۇلار قەبرىلىرىدىن تۇرغۇزۇلغان كۈنگە قەدەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا (ئۇلارنى دۇنياغا قايتىشتىن توسىدىغان) بىر توساق بولىدۇ﴾ [1].

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئىنسانلار ئۈچۈن تۇرلۇك پايدىلىق مىساللارنى بايان قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى تولۇق يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. مۇشۇنداق روشەن ۋە تەپسىلىي باياندىن كېيىنمۇ پەيغەمبەردىن مۆجىزە ياكى گۇۋاھلىق ۋەياكى ئوچۇقلۇق تەلەپ قىلغۇچىلار بۇنى ئۆزلىرىنىڭ گەدەنكەشلىكىدىن قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىش ۋە ھەقىقەتكە ئەگىشىش خىيالى يوق، پەقەت پەيغەمبەرگە قارشى چىقىشنىلا ئويلايدۇ. مۇنداقلارغا ھەرقانچە كۆپ ۋە ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى كەلتۈرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار يەنىلا پەيغەمبەرلەرنى ۋە دىنغا دەۋەت قىلغۇچىلارنى «سىلەر پەقەت باتىلغا ئەگىشىدىغان، سېھىرگە ئەگىشىدىغان ئادەملەرسىلەر» دەيدۇ.

ئۇلارنىڭ مۇنداق دېيىشى ۋە ئوپئوچۇق ھەقىقەتكە ئاساسسىز ھالدا مۇنداق قارشى چىقىشى باشقا سەۋەبتىن ئەمەس، پەقەت ئۇلارنىڭ قەلبىنىڭ پېچەتلەنگەنلىكىدىن ئىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ پەيلىنىڭ يامانلىقىدىن، نىيىتىنىڭ بۇزۇقلۇقىدىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قەلب كۆزلىرىنى پەردىلىۋەتكەن بولۇپ، شۇڭا ئۇلارنىڭ قەلب كۆزلىرى ھەقىقەتنىڭ نۇرىنى كۆرەلمەيدۇ، دىلى قارىيىپ ۋە قاتتىقلىشىپ كەتكەنلىكتىن ھەقىقەتنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ دىلىغا كىرەلمەيدۇ. شۇڭا ئىمان ۋە ھەقىقەت بىلەن تولۇشقا تېگىشلىك بولغان بۇ قەلبلەر خۇراپات ۋە ئازغۇنلۇقلار بىلەن تولۇپ كەتكەن. بۇ سەۋەبتىن ئۇلارغا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرى تەسىر قىلمايدۇ، مۆجىزىلەر پايدا بەرمەيدۇ.

ئى پەيغەمبەر! چىدامىلىق بولغىن، سەۋرچان بولغىن، دەۋەت ئىشلىرىڭدا بوشىشىپ قالمىغىن، سەن چوقۇم نىشانغا يېتىسەن. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر. ئۇنىڭ بارلىق ۋەدىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ، ئۇنىڭ ساڭا نۇسرەت ئاتا قىلىش ۋە ئىسلام دىنىنى بارلىق دىنلاردىن

[1] مۇئمىنۇن سۈرىسى: 99-100- ئايەتلەر.

غالىب ھەم ئۈستۈن قىلىش ھەققىدىكى ۋەدىسىمۇ ئەلۋەتتە ئەمەلگە ئاشىدۇ. قىيامەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان كاپىرلار سېنى يولۇڭدىن بوشاشتۇرۇپ قويمىسۇن ياكى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى سېنى يەڭگىلتەك قىلىپ قويمىسۇن ۋە سېنى دىققەتسىزلىككە ئېلىپ بارمىسۇن! يولۇڭدا مۇستەھكەم بولغىن، رەببىڭنىڭ ياردىمى سەن بىلەن بىللىدۇر.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىنساننىڭ يارىتىلىش باسقۇچى چوڭ بىر مۆجىزىدۇر. تەرەققىي قىلغان ئىلىم-پەن ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى ۋە ئىلىم-ھېكمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىسپاتلىماقتا.

2. ھەقىقىي ئىلىم بىلەن ئىمان ئەڭ قىممەتلىك ئىككى جەۋھەر بولۇپ، بۇ ئىككىسى بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. چۈنكى، ھەقىقىي ئالىم رەببىنى تونۇيدۇ، رەببىنى تونۇغان ئالىمنىڭ قەلبى ئىمان بىلەن تولغان بولىدۇ.

3. كاپىرلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى يالۋۇرۇشلىرى ۋە ئۆزرە ئېيتىشلىرى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ.

4. ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ بەختسىز ۋە ئەڭ يامان ھالەت ئۇنىڭ گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى قىلىۋېرىپ قەلبى قارىيىپ كەتكەن ھالىتىدۇر.

# لۇقمان سۈرىسى

لۇقمان سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 34 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، 27-ۋە 28-ئايەتلىرىنىڭ مەدىنىدە نازىل بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: لۇقمان ھەكىمنىڭ قىسسىسىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى «قۇرئان كەرىم»دىكى ھېكمەتلەرگە ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىدە، لۇقمان ھەكىمنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغانلىقتىن، سۈرىنىڭ ئىسمى «لۇقمان» دەپ ئاتالغان. سۈرىدە، قىيامەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ راستچىللىقى قاتارلىق ھەقىقەتلەر بايان قىلىنغان.

بۇ سۈرىمۇ خۇددى باشقا مەككە سۈرىلىرىنىڭ كۆپلىرىگە ئوخشاش ھەرپلەر بىلەن باشلانغان بولۇپ، بەقەرە سۈرىسىنىڭ باشلىنىشىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. چۈنكى، بۇ سۈرىمۇ ئالدى بىلەن «قۇرئان كەرىم» ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرى ھەققىدە توختالغان.

## ◄ قۇرئان ۋە ئۇنىڭ تەپسىرى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿الٓمٓ ١ تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱلۡكِتَٰبِ ٱلۡحَكِيمِ ٢ هُدٗى وَرَحۡمَةٗ
لِّلۡمُحۡسِنِينَ ٣ ٱلَّذِينَ يُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ وَيُؤۡتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ وَهُم
بِٱلۡأٓخِرَةِ هُمۡ يُوقِنُونَ ٤ أُوْلَٰٓئِكَ عَلَىٰ هُدٗى مِّن رَّبِّهِمۡۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ
ٱلۡمُفۡلِحُونَ ٥﴾

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ ئەلىف، لام، مىيم (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

2ـ3ـ بۇلار (دىنغا) ئىخلاس بىلەن ئەمەل قىلغۇچىلار[1] ئۈچۈن ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان ھېكمەتلىك كىتابنىڭ ئايەتلىرىدۇر.

4ـ ئۇلار ئاخىرەت كۈنىگە جەزمەن ئىشەنگەن ھالدا، نامازنى تولۇق ئادا قىلىدىغان، زاكات بېرىدىغان كىشىلەردۇر.

5ـ ئەنە شۇلار رەببىنىڭ ھىدايىتى ئۈستىدە بولغۇچىلاردۇر، ئەنە شۇلار مەقسەتكە يەتكۈچىلەردۇر.

## تەپسىرى

بۇ سۈرىنىڭ ئايەتلىرى ئىلىم-ھېكمەت مەنبەسى بولغان ئۇلۇغ كىتاب ـ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىدىندۇر. «قۇرئان كەرىم» شۇنداق مۇكەممەل كىتابكى، ئۇنىڭدا ئەگرىلىك يوق، ئايەتلىرىنىڭ ئارىسىدا زىتلىق يوق، بايانلىرىنىڭ توغرىلىقىدا، ھۆكۈملىرىنىڭ ئادىللىقىدا قىلچە شەك يوق كىتابتۇر. ئۇ ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قەلبىدە ئورۇن ئالغان روشەن ئايەتلەردۇر. ﴿ٱللَّهُ نَزَّلَ أَحۡسَنَ ٱلۡحَدِيثِ كِتَٰبٗا مُّتَشَٰبِهٗا مَّثَانِيَ تَقۡشَعِرُّ مِنۡهُ جُلُودُ ٱلَّذِينَ يَخۡشَوۡنَ رَبَّهُمۡ ثُمَّ تَلِينُ جُلُودُهُمۡ وَقُلُوبُهُمۡ إِلَىٰ ذِكۡرِ ٱللَّهِۚ ذَٰلِكَ هُدَى ٱللَّهِ يَهۡدِي بِهِۦ مَن يَشَآءُۚ وَمَن يُضۡلِلِ ٱللَّهُ فَمَا لَهُۥ مِنۡ هَادٍ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ئەڭ گۈزەل سۆز (قۇرئان)نى (ئايەتلىرى) بىر-بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان، (مەزمۇنلىرى) تەكرارلىنىدىغان بىر كىتاب قىلىپ نازىل قىلدى. (ئۇ تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا) رەببىدىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ بەدەنلىرى ئۇنىڭ (تەسىرى)دىن تىترەپ كېتىدۇ، ئاندىن ئاللاھنىڭ (مۆئمىنلەرگە بولغان) رەھمىتىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ۋە دىللىرى ئارام تاپىدۇ. ئەنە شۇ ئاللاھنىڭ ھىدايىتىدۇر. ئاللاھ شۇ (قۇرئان) بىلەن خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ،

[1] بۇ ئايەتتىكى ﴿ٱلۡمُحۡسِنِينَ﴾ دېگەن سۆز «ھەربىر ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلغۇچىلار»، «مۇكەممەل ئەمەل قىلغۇچىلار» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلىگەندەك، «ياخشى ئىش قىلغۇچىلار»، «خەير-ساخاۋەت قىلغۇچىلار» دېگەن مەنىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. بەقەرە سۈرىسىنىڭ 58ـ ئايىتىنىڭ بەت ئاستىدىكى ئىزاھاتقا قارالسۇن.

ئاللاھ ئازدۇرغان ئادەمگە ھېچبىر يول كۆرسەتكۈچى بولمايدۇ﴾ [1].

ئەللامە ئىبنى قەييىم جەۋزىي ھېكمەتنى مۇنداق تەرىپلىگەن: «ھېكمەت- قىلىشقا تېگىشلىكنى قىلىش، ئۇنى جايىدا ۋە ۋاقتىدا قىلىش دېگەنلىكتۇر»[2]. ئايەتتىكى ﴿ٱلۡحَكِيمِ﴾ «قۇرئان كەرىم»دىكى ھەربىر ھۆكۈم، ھەربىر قىسسە ۋە ھەربىر مەلۇماتنىڭ ئىنتايىن توغرا ۋە مۇكەممەل ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

شەكسىزكى، «قۇرئان كەرىم» پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ھىدايەت بولغىنىدەك، ئۇ رەھىم-شەپقەتنىڭ ۋە بارچە ياخشىلىقنىڭ مەنبەسىدۇر. ﴿شَهۡرُ رَمَضَانَ ٱلَّذِيٓ أُنزِلَ فِيهِ ٱلۡقُرۡءَانُ هُدٗى لِّلنَّاسِ وَبَيِّنَٰتٖ مِّنَ ٱلۡهُدَىٰ وَٱلۡفُرۡقَانِۚ﴾ يەنى ﴿(روزا تۇتۇش پەرز قىلىنغان ساناقلىق كۈنلەر) ئىنسانلارغا يېتەكچى، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى روشەن (ئايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىغان رامىزان ئېيىدۇر﴾ [3]. «قۇرئان كەرىم»نىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ھىدايەتنىڭ، رەھىم-شەپقەتنىڭ ۋە بارچە ياخشىلىقنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك يوق. بۇ ھەقىقەت ھازىرقى ئىلىم-پەن ئەسىرىدە تېخىمۇ نامايان بولماقتا. چۈنكى، زامان ئىلگىرىلىگەنسېرى ۋە ئىلىم-پەننىڭ ساھەلىرى كېڭەيگەنسېرى ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانىيەتنى بەختسىزلىكلەردىن قۇتۇلدۇرغۇچى يېگانە دىن ئىكەنلىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە رېئاللىققا ئايلانماقتا. ئەمما نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرى چەكلىك مۇھىتنىڭ تەسىرىدە قالغانلىقتىن، توغرا دىنغا ئەگىشىشتىن مەھرۇم قالماقتا.

«قۇرئان كەرىم» پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن نازىل قىلىنغان ھىدايەت مەنبەسى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھىدايىتىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلار پەقەت ئاللاھ تائالاغا، قىيامەت كۈنىگە ئىمانى بار ۋە ھەربىر ئىشنى ئاللاھ تائالا مېنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، دېگەن ئېتىقاد بىلەن قىلىدىغان ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر.

ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ خىسلەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇلار ئاللاھ تائالا پەرز قىلغان بەش ۋاخ نامازلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا، مۇكەممەل ئوقۇيدۇ،

[1] زۇمەر سۈرىسى: 23-ئايەت.
[2] «مدارج السالكين».
[3] بەقەرە سۈرىسى: 185-ئايەت.

ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان پۇل-مالنىڭ زاكىتىنى تولۇق ئايرىيدۇ، قىيامەت كۈنىگە بولغان ئىمانىدا ھەمىشە مۇستەھكەم تۇرىدۇ. ئۇلار ئاشۇ قىيامەت كۈنى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ ۋە تەييارلىق كۆرىدۇ. چۈنكى، ناماز شەخسلەرنىڭ مەنىۋىيىتىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى مۇكەممەللىككە ئېلىپ بارسا، زاكات مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىكى يوقسۇللارنىڭ ھالىنى ئوڭشاپ، ئۆزئارا ھەمكارلىشىش، بىر-بىرىنى يۆلەش ۋە بىر-بىرىگە كۆيۈنۈش روھىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنى بىر پۈتۈنلۈككە ئېلىپ بارىدۇ. ئاخىرەت ئېتىقادى بولسا ئىنساننىڭ قەدىمىنى ھەق يولىدا مۇستەھكەم قىلىدۇ. چۈنكى، ئاخىرەتتە ھېساب بېرىشتىن قورققان ئادەم يامان ئىشتىن ئەلۋەتتە قول ئۈزىدۇ ۋە تەقۋالىق دائىرىسىدە ئىش كۆرىدۇ. ھەقىقىي مۇئمىنلەر ئەنە شۇنداق بولىدۇ. ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ھەر تەرەپتىن قورشاپ تۇرىدۇ، ئۇلار ھەمىشە ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتى ئۈستىدە ۋە توغرا يولدا بولىدۇ. مۇشۇنداق كىشىلەر چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ مۇكەممەل ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، بايانلىرىنىڭ ئېنىق ۋە ئوچۇقلۇقى، مەزمۇنىنىڭ موللىقى، بەدىئىيلىك ۋە پاساھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى قاتارلىق ھەممە جەھەتتىن مۆجىزىلىك كىتابتۇر.

2. «قۇرئان كەرىم» ھەقىقەتەن ھەممىنى مۇكەممەل ۋە توغرا بايان قىلغان ھېكمەتلىك كىتابتۇر.

3. «قۇرئان كەرىم» پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ھىدايەت مەنبەسى، مۇئمىنلەر ئۈچۈن بەخت-سائادەتنىڭ كېپىلىدۇر.

### ◄ «قۇرئان كەرىم»نى ئىنكار قىلغۇچىلار ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقۇچىلار

﴿وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَشۡتَرِي لَهۡوَ ٱلۡحَدِيثِ لِيُضِلَّ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ
بِغَيۡرِ عِلۡمٖ وَيَتَّخِذَهَا هُزُوًاۚ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ عَذَابٞ مُّهِينٞ ٦ وَإِذَا تُتۡلَىٰ
عَلَيۡهِ ءَايَٰتُنَا وَلَّىٰ مُسۡتَكۡبِرٗا كَأَن لَّمۡ يَسۡمَعۡهَا كَأَنَّ فِيٓ أُذُنَيۡهِ وَقۡرٗاۖ

فَبَشِّرْهُ بِعَذَابٍ أَلِيمٍ ﴿٧﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَهُمْ جَنَّٰتُ ٱلنَّعِيمِ ﴿٨﴾ خَٰلِدِينَ فِيهَا ۖ وَعْدَ ٱللَّهِ حَقًّا ۚ وَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ﴿٩﴾

## ◄ تەرجىمىسى

6ـ بەزى كىشىلەر نادانلىقتىن، (ئىنسانلارنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ۋە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن بىھۇدە گەپلەرنى سېتىۋالىدۇ[1]. ئەنە شۇلارغا خارلىغۇچى ئازاب بار.

7ـ ئۇنىڭغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلگەندە، ئۇ گويا ئۇنى ئاڭلىمىغاندەك، ئىككى قۇلىقى ئېغىرلىشىپ قالغاندەك تەكەببۇرلۇق قىلغان هالدا يۈز ئۆرۈيدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابتىن بېشارەت بەرگىن.

8ـ شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئۈچۈن نازۇنېمەتلىك جەننەتلەر بار.

9ـ ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ ھەق ۋەدىسىدۇر. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

﴿وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَشْتَرِى لَهْوَ ٱلْحَدِيثِ لِيُضِلَّ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ بِغَيْرِ عِلْمٍ وَيَتَّخِذَهَا هُزُوًا﴾ دېگەن ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە مۇنداق ئىككى خىل رىۋايەت بار: بىرى، نەزر ئىبنى هارىس ئىسىملىك كاپىر ئادەمنىڭ ئىراندىن ئەپسانىلەرنى سېتىۋېلىپ كەلگەنلىكى، يەنە بىرى، قۇرەيش قەبىلىسىدىن بىر كىشىنىڭ ناخشا ئېيتىدىغان بىر چۆرە (دېدەك) سېتىۋالغانلىقىدۇر[2]. ئەمما سەۋەب نېمە بولسا بولسۇن، ئايەتنىڭ هۆكمى ئومۇملىقنى ئىپادىلەيدۇ.

---

[1] بۇ يەردە نەزر ئىبنى هارىس ئىسىملىك بىر كاپىر ئادەمنىڭ ئىرانغا تىجارەت ئۈچۈن بارغاندا، ھەرخىل ئەپسانە ۋە قوشاق-داستانلارغا دائىر كىتابلارنى سېتىۋېلىپ كېلىپ، «مۇھەممەد سىلەرگە ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ قىسسىلىرىنى سۆزلەپ بەرسە، مەن سىلەرگە رۇستەم ۋە كىسرا قاتارلىق پادىشاھلارنىڭ هېكايىلىرىنى سۆزلەپ بېرىمەن» دېيىش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئىسلام دەۋىتىگە قۇلاق سېلىشتىن توسماقچى بولغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

[2] «أحكام القرآن لإبن العربي»، 3ـ توم 526ـ بەت.

## تەپسىرى

«قۇرئان كەرىم» ئىنسانىيەت ئۈچۈن ھىدايەت مەنبەسى، مۆئمىنلەر ئۈچۈن رەھمەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ روشەن بايانلىرى ۋە ھېكمەتلىك ئۇسلۇبى ئارقىلىق ئىنسانلارغا ئۇلار دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلىرىدا ھاجەت بولىدىغان مەسىلىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ بەخت-سائادىتىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ئەھكاملارنى ناھايىتى ئېنىق ۋە تەپسىلىي بايان قىلىپ بەرگەن تۇرسىمۇ، بەزى كىشىلەر ئىنسانلارنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن ئازدۇرۇش ۋە «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن، بىھۇدە گەپلەرنى، ئەپسانىلەرنى ۋە خۇراپىي قىسسىلەرنى سېتىۋالىدۇ.

مۇپەسسىرلەر ﴿وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَشۡتَرِي لَهۡوَ ٱلۡحَدِيثِ لِيُضِلَّ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ بِغَيۡرِ عِلۡمٖ وَيَتَّخِذَهَا هُزُوًاۚ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿لَهۡوَ ٱلۡحَدِيثِ﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي مۇنداق دېگەن: «ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ سۆزگە ‹يالغان سۆز، ناخشا قاتارلىق نەرسىلەردۇر› دەپ مەنە ئېيتقان. مۇجاھىد ۋە ئىكرىمە ‹ناخشا› دەپ مەنە ئېيتقان. زەھھاك ‹شېرىك› دەپ مەنە ئېيتقان. يەنە بەزىسى ‹داپ› دەپ مەنە ئېيتقان. بۇ مەسىلىدىكى ئەڭ توغرا سۆز شۇكى، ﴿لَهۡوَ﴾ دېگەن سۆزدىن كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىدىن توسىدىغان، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداشتىن توسۇپ قويىدىغان ھەرقانداق بىھۇدە نەرسە مەقسەت قىلىنىدۇ. چۈنكى، ﴿لَهۡوَ ٱلۡحَدِيثِ﴾ دېگەن سۆز مۆئەييەن بىر نەرسىگە قارىتىلغان سۆز بولماستىن، بارلىق بىھۇدە سۆزلەرنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا بۇ سۆز خاسلىقنى بەلگىلەيدىغان بىرەر دەلىل كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئومۇملىقىدا قالىدۇ. بۇ سۆز ناخشا ۋە شېرىك سۆزلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»[1]. چۈنكى، ﴿لَهۡوَ ٱلۡحَدِيثِ﴾ دېگەن سۆزگە ئەرەب تىلىنىڭ قامۇسلىرىدا، «كۆڭۈلنى مەشغۇل قىلىدىغان، ۋاقىتنى ئالىدىغان ۋە ھېچبىر ياخشىلىق كەلتۈرمەيدىغان ھەرقانداق سۆزدۇر» دەپ مەنە ئېيتىلغان. «تەپسىرى مۇيەسسەر»دە بۇ سۆز «ئاللاھقا تائەت-ئىبادەت قىلىشتىن مەشغۇل قىلىدىغان، ئاللاھ رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشتىن توسۇپ قويىدىغان ھەرقانداق بىھۇدە ئىشتۇر»[2] دەپ تەپسىر قىلىنغان.

---

[1] «تفسير الطبري» 20-توم، 131-بەت.

[2] «التفسير الميسر» 411- بەت.

ئىسلام ئۆلىمالىرى ناخشا-مۇزىكا ئاڭلاش مەسىلىسىدە ئىككى خىل قاراشتا بولۇپ، بەزىسى ھەرقانداق ناخشا-مۇزىكىنى ھارام دەيدۇ، يەنە بەزىسى ناخشا-مۇزىكىنى ئاڭلاشقا بولىدىغان ۋە ئاڭلاشقا بولمايدىغان ناخشا- مۇزىكىلار دەپ ئايرىيدۇ. ئاڭلاشقا بولىدىغان ناخشا-مۇزىكىلار ئومۇمەن مەزمۇنى ساغلام، ئەنئەنىۋى ناخشىلاردۇر[1]. ھەر قانداق ناخشا-مۇزىكىنى ئاڭلاش ھارام دەيدىغان ئۆلىمالارنىڭ ئاساسلىق دەلىلى بۇ ئايەت بىلەن قەسەس سۈرىسىدىكى مۇنۇ ئايەتتۇر: ﴿وَإِذَا سَمِعُواْ ٱللَّغْوَ أَعْرَضُواْ عَنْهُ وَقَالُواْ لَنَآ أَعْمَٰلُنَا وَلَكُمْ أَعْمَٰلُكُمْ سَلَٰمٌ عَلَيْكُمْ لَا نَبْتَغِي ٱلْجَٰهِلِينَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار بىھۇدە سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ: «بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر، بىزدىن سىلەرگە ئامانلىق كەلمەيدۇ، بىز نادانلار بىلەن ئىزدىشمەيمىز» دەيدۇ﴾[2].

بۇ ئىككى ئايەت ھەرقانداق ناخشا-مۇزىكىلارنىڭ ھاراملىقىغا دەلىل بولالمايدۇ. چۈنكى، بىرىنچى ئايەت بىھۇدە گەپلەرنى كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىدىن ئازدۇرۇش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن سېتىۋالغۇچىلارنى ئەيىبلەيدۇ. شۈبھىسىزكى، مۇنداق قىلغۇچىلارنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقىدا ھېچ ئىختىلاپ يوق. چۈنكى، كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن ئازدۇرۇش ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلىش كاپىرلارنىڭ قىلىقىدۇر.

ئىككىنچى ئايەتمۇ ھەرقانداق ناخشا-مۇزىكىنىڭ مۇتلەق ھارام ئىكەنلىكىگە دەلىل بولالمايدۇ. بۇ ئايەت ھەقىقىي مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلغان بولۇپ، ئايەتتىكى ﴿ٱللَّغْوَ﴾ دېگەن سۆز ناخشا-مۇزىكىنى ئىپادىلىمەيدۇ، بەلكى بىھۇدە گەپ-سۆز دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. ﴿ٱللَّغْوَ﴾ دېگەن سۆز ﴿لَّا يَسْمَعُونَ فِيهَا لَغْوًا وَلَا كِذَّٰبًا﴾ يەنى ﴿ئۇلار جەننەتتە بىھۇدە گەپ ۋە يالغان سۆز ئاڭلىمايدۇ﴾ [3] دېگەن ئايەتتىمۇ بىھۇدە گەپ-سۆز دېگەن مەنىدە كەلگەن. يەنە ﴿ٱللَّغْوَ﴾ دېگەن سۆز سەۋەنلىك بىلەن قىلىنغان قەسەمنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. ﴿لَا يُؤَاخِذُكُمُ ٱللَّهُ بِٱللَّغْوِ فِيٓ أَيْمَٰنِكُمْ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ سىلەرنى سەۋەنلىك بىلەن قىلغان

---

[1] دوكتور يۇسۇپ ئەل قەرداۋىينىڭ «ئىسلامدا ھالال-ھارام» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 389 - بەت.

[2] قەسەس سۈرىسى 55- ئايەت.

[3] نەبەئ سۈرىسى: 35-ئايەت.

قەسەمـلىرىڭلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ﴾[1] دېگەن ئايەت بۇنىڭ مىسالى.

ئايەتتىكى ﴿ٱللَّغۡوَ﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ناخشا-مۇزىكا دەپ چۈشەنگەن تەقدىردىمۇ، ئايەتتە، ئۇنى ئاڭلاشتىن ئۆزىنى تارتىشنى ماختىغان، خالاس. بۇنىڭدىن ئۇنى ئاڭلاشنىڭ هاراملىقى ئىپادىلەنمەيدۇ. ئىمام غەززالىي، ئىبنى ھەزم، ئىبنى نەھۋى قاتارلىق كاتتا ئۆلىمالار ناخشىلارنى پەرقلەندۈرمەي، ھەرقانداق ناخشىنى ئاڭلاش هارام دېگۈچىلەرنىڭ دەلىل قىلىپ كەلتۈرگەن ھەدىسلىرىنىڭ ھېچقايسىسى دەلىل - پاكىت بولۇشقا يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى بايان قىلغان[2].

﴿لَهۡوَ ٱلۡحَدِيثِ﴾ ياكى ﴿ٱللَّغۡوَ﴾ ئەپسانىلەرنى ۋە يالغان قىسسىلەرنى ئېيتىشىپ كۆڭۈل ئېچىشىش، ھېچ نەرسىگە پايدىسى بولمايدىغان، بىھۇدە گەپلەر بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈش دېگەنلىك بولۇپ، ياشلارنىڭ جىنسىي ھەۋىسىنى قوزغايدىغان، ئۇلارنى ھەر تۈرلۈك يامان خىياللارغا ئېلىپ بارىدىغان، ھاياسىز ناخشىلارمۇ بۇنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ. مۇنداق ئىشلار بىھۇدە سۆزلەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ دىلىنى قارايتىدىغان، ئۇلارنى تۇيدۇرماستىن زەھەرلەيدىغان پالاكەتتۇر.

كۆپ سانلىق ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، مەزمۇنى ساغلام ناخشىلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولۇپ، مەزمۇنى ۋە ئورۇندىلىشى ساغلام بولغان ناخشىلارنى ئاڭلاپ ھۇزۇرلىنىشتا گۇناھ يوق. چۈنكى، بەزىدە ناخشا بىلەن ئىنساننىڭ كۆڭلى ئېچىلىدۇ ۋە شادلىنىدۇ. دېمەك، بۇمۇ ئىنساننىڭ تەبىئىي ئېھتىياجلىرىدىن بىرىدۇر. ئىسلام دىنى ئىنساننىڭ تەبىئىي ئېھتىياجلىرىنىڭ ھەممىسىنى مەنئى قىلمايدۇ، بەلكى ئۇلارغا چەك قويىدۇ. ئىنسانلار ئۈچۈن پايدىلىق بولغان تۈرىنى قوللايدۇ، ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىق بولغان تۈرلىرىنى رەت قىلىدۇ ۋە مەنئى قىلىدۇ. چۈنكى، ئىسلام دىنى كىشىلەرنى بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن دىن بولغانلىقتىن، ئۇلارغا زىيانلىق بولغان نەرسىلەرنى ئەلۋەتتە مەنئى قىلىدۇ.

ناخشىلارنىڭ مەزمۇن ۋە ئورۇندىلىش جەھەتتىن ساغلام بولۇشىدىن تاشقىرى كىشىلەرنى قىلىدىغان ئىشلىرىدىن توسۇپ قويۇشقا، ئۇلارنىڭ

---

[1] مائىدە سۈرىسى: 89-ئايەت.

[2] دوكتور يۇسۇپ ئەل قەرداۋىينىڭ «هازىرقى زامان پەتىۋالىرى» 1- توم 691- بەت.

پەرزلەرنى كىچىكتۇرۇشكە ۋە گۇناھ قىلىشقا سەۋەبچى بولۇپ قالماسلىقى شەرتتۇر. ئەگەر ناخشا-مۇزىكا كىشىلەرنى ئاللاھ تائالاغا تائەت-ئىبادەت قىلىشتىن توسۇپ قويسا ياكى ئۇلارنى ناماز ۋاقىتلىرىدىن مەشغۇل قىلىپ قويسا، ئۇنى ئاڭلاش قەتئىي ھارامدۇر. ھازىرقى زاماندا تېلېۋىزور قانالىرىدىن ۋە رادىيو دولقۇنلىرىدىن بېرىلىۋاتقان ناخشىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى ھارام تۈرىگە كىرىدۇ. چۈنكى، بۇ نەرسىلەر دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە قويغان شەرتلىرىگە ئۇيغۇن ئەمەس.

ئەمما ئىنسانلارنىڭ مەنىۋىيىتىنى كۈچەيتىدىغان، ئۇلارنى ئەخلاق-پەزىلەتلەرگە ئۈندەيدىغان، مەزمۇنى ياخشى بولغان، ئىسلام كۆرسەتمىلىرىگە ئۇيغۇن ۋە مىللىي ناخشىلارنى ئاڭلاش جائىز ئىشلاردىن سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الْبِرُّ حُسْنُ الْخُلُقِ ، وَالْإِثْمُ مَا حَاكَ فِي صَدْرِكَ ، وَكَرِهْتَ أَنْ يَطَّلِعَ عَلَيْهِ النَّاسُ» يەنى «ياخشىلىق - گۈزەل ئەخلاقتۇر، گۇناھ - سېنىڭ كۆڭلۈڭنى بىئارام قىلىدىغان ۋە سەن باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى ياقتۇرمايدىغان ئىشتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن. چۈنكى، ئىنسان ئۆزىدىكى تۇغۇلۇشتىن بېرى كەلگەن ئاڭ ۋە ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان ئەقىل-پاراسەت بىلەن نېمىنىڭ ياخشى ۋە نېمىنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ.

ئەللامە قۇرتۇبىي بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرگە يامان ئىشلارنى خىيال قىلدۇرىدىغان، ئۇلارنىڭ شەھۋىتىنى ئۆرلىتىدىغان ناخشىلارنى ۋە ئاياللارنىڭ جامالىنى سۈپەتلەيدىغان، ھاراق ۋە قىمار قاتارلىق ھارام نەرسىلەرنى ماختايدىغان ناخشىلارنى ۋە شېئىرلارنى ئاڭلاشنىڭ ۋە ئېيتىشنىڭ ھاراملىقىدا شەك يوق. چۈنكى، بۇلار ھاراملىقى ھەققىدە بىرلىككە كېلىنگەن ئويۇن- تاماشا ۋە ناخشىلارنىڭ قاتارىغا كىرىدۇر. ئەمما يۇقىرىقىلاردىن باشقا ساغلام بولغان ناخشا ۋە شېئىرلارنى توي-تۆكۈنلەردە، ھېيت كۈنلىرىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى خەندەك كولاۋېتىپ ئېيتقانغا ئوخشاش جاپالىق ئەمگەكلەرگە تەشەببۇس قىلىش ۋاقىتلىرىدا ۋە قانداقلا بىر خۇشاللىق ۋاقىتلاردا ئاڭلىسا بولىدۇ. ئەمما سوپىلارنىڭ ئادەت قىلىۋالغان نەغمە-ناۋالىرىنىڭ ۋە رەقسلىرىنىڭ ھەممىسى ھارامدۇر»[2]. چۈنكى، ئۇلار بۇ خۇراپاتلىرىنى ئىبادەت قىلىۋاتىمىز، دەپ قىلىدۇ. ئىبادەتتە ئاللاھ تائالا كۆرسەتمىگەن

---

[1] «صحيح مسلم» 4- توم 1980-بەت، 2553- ھەدىس.

[2] «تفسير القرطبي» 14-توم، 54-بەت.

ئۇسۇل ۋە شەكىللەرنى پەيدا قىلىش ھارام ۋە بىدئەتتۇر.

ئەپسانىلەرنى، يالغان- ياۋىداق ھېكايىلەرنى ۋە خۇراپىي رىۋايەتلەرنى سېتىپ ئالىدىغانلار ۋە بۇ نەرسىلەرنى بىلەن كىشىلەرنى ئازدۇرماقچى بولغانلار ياخشىلىق بەدىلىگە يامانلىقنى، ساۋاب بەدىلىگە گۇناھنى سېتىپ ئالغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ يولىدىن توسقانلىقى ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئاخىرەتتە ناھايىتى قاتتىق ۋە خارلىغۇچى ئازابلار بار. چۈنكى، مۇنداقلارغا ئەخلاق-پەزىلەتكە ۋە ياخشىلىققا چاقىرىدىغان، مۆكەممەل بىر ئۈممەتنى بەرپا قىلىپ چىقىشقا ئۈندەيدىغان ئايەتلەر تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا، ئۇلار بۇ ئايەتلەرنى ئاڭلاشتىن يۈز ئۆرۈيدۇ ۋە خۇددى ئارقىسىدىن بىرلىرى قوغلاۋاتقاندەك ئارقىغا داجىپ قاچىدۇ. ئۇلار بۇ ھالەتتە ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمايدىغان ۋە قۇلىقى ئېغىر ئادەملەرگە ئوخشايدۇ. ئى پەيغەمبەر! مۇنداقلارغا ئاخىرەتتىكى قاتتىق ئازابتىن بېشارەت بەرگىن.

ئەمما «قۇرئان كەرىم»دىن مەنپەئەت ئالىدىغانلار ئاللاھ تائالاغا، قىيامەت كۈنىگە ۋە ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇلغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە چىن ئىمان ئېيتقان ۋە شۇ ئىماننىڭ تەقەززاسى بويىچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىغان مۆئمىنلەر بولۇپ، ئۇلارغا ئاخىرەتتە نازۇنېمەتلىك ۋە مەڭگۈلۈك جەننەتلەر بار. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. ۋەدىسىگە ئاللاھ تائالادىنمۇ تولۇق ئەمەل قىلىدىغان كىم بولسۇن؟! شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان دەرىجىدە كۈچلۈكتۇر، ئۇ بارلىق ئىشلارنى ھېكمەت ۋە دانالىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مەزمۇنى ساغلام بولمىغان ياكى ئورۇندىلىشى ئەخلاققا مۇناسىپ بولمىغان ناخشىلارنى ئاڭلاش، سېتىپ ئېلىش ۋە بىراۋغا سوۋغا قىلىش ھارامدۇر.

2. مۇتەكەببىرلىك قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئاڭلاشتىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەر جەھەننەمنىڭ ئازابىغا تېگىشلىك بولغۇچىلاردۇر.

3. ئىمانىغا لايىق ھايات كەچۈرگەن مۆئمىنلەر ئاخىرەتتە ئاللاھ

تائالانىڭ ئەڭ ئېسىل ۋە مۇكەممەل مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشىشلىك بولىدۇ.

### ◄ بۇ ئاللاھنىڭ ياراتقىنىدۇر

﴿خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ بِغَيۡرِ عَمَدٖ تَرَوۡنَهَاۖ وَأَلۡقَىٰ فِي ٱلۡأَرۡضِ رَوَٰسِيَ
أَن تَمِيدَ بِكُمۡ وَبَثَّ فِيهَا مِن كُلِّ دَآبَّةٖۚ وَأَنزَلۡنَا مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءٗ
فَأَنۢبَتۡنَا فِيهَا مِن كُلِّ زَوۡجٖ كَرِيمٍ ١٠ هَٰذَا خَلۡقُ ٱللَّهِ فَأَرُونِي مَاذَا
خَلَقَ ٱلَّذِينَ مِن دُونِهِۦۚ بَلِ ٱلظَّٰلِمُونَ فِي ضَلَٰلٖ مُّبِينٖ ١١﴾

### ◄ تەرجىمىسى

10ـ ئاللاھ ئاسمانلارنى سىلەر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك تۈۋرۈكسىز ياراتتى، سىلەرنى تەۋرىتىۋەتمىسۇن دەپ، يەر يۈزىدە مۇستەھكەم تاغلارنى ئورناتتى، زېمىندا تۈرلۈك جانلىقلارنى تارقاتتى. بىز بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن زېمىندا تۈرلۈك پايدىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق.

11ـ مانا بۇ ئاللاھنىڭ ياراتقانلىرىدۇر. ماڭا كۆرسىتىپ بېرىڭلارچۇ، ئاللاھتىن باشقا مەبۇدلىرىڭلار زادى نېمىنى ياراتتىپتۇ؟ بەلكى بۇ زالىملار ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتىدۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئى ئىنسانلار! سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولغان ئاللاھ تائالا سىلەر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان ئاشۇ ئاسمانلارنى تۈۋرۈكسىز ياراتتى، يەر تەۋرەپ سىلەرنى بىئارام قىلمىسۇن دەپ، زېمىندا تەۋرەنمەيدىغان، مۇستەھكەم تاغلارنى ئورناتتى. بۇ تاغلار زېمىننى خۇددى قوزۇقتەك تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە يەر يۈزىدە ئىنسان، هايۋان، ئۇچارقانات قاتارلىق ھەر خىل ۋە ھەر تۈرلۈك جانلىقلارنى تارقىتىۋەتتى، سىلەرنىڭ ئىچىشىڭلار ۋە زىرائەتلىرىڭلارنى سۇغىرىشىڭلار ئۈچۈن، ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، سىلەرگە پايدىلىق بولغان ھەر خىل ۋە ھەر رەڭلىك ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقانلىرى بولۇپ، ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە گۈزەل سۈپەتلىرىنى ئوچۇق-ئاشكارا نامايان قىلىپ تۇرماقتا. ئاللاھ تائالاغا

مەخلۇقاتنى شېرىك قىلىۋالغان ئاشۇ مۇشرىكلارنىڭ ساختا مەبۇدلىرى زادى نېمىنى يارىتىپتۇ؟

ئى ئۆزلىرىنىڭ ياراتقۇچىسىنى ئىنكار قىلىۋاتقان كاپىرلار! ئى ئۆزلىرىنىڭ ياراتقۇچىسىنى قويۇپ، بۇتلارغا چوقۇنۇۋاتقان مۇشرىكلار! ئەگەر ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرى ياراتقان بىرەر نەرسە بولسا ئۇنى ماڭا بىر كۆرسىتىپ باقامسىلەر؟ ئەگەر راستتىنلا بولسا كۆرسىتىڭلارچۇ، مەنمۇ كۆرۈپ باقاي! ھەقىقەت شۇكى، ئۇلار ھەرگىزمۇ كۆرسىتەلمەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالادىن باشقا ياراتقۇچى يوق! ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، ئاللاھ تائالاغا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان مۇشرىكلار ئازراقمۇ ئەقلىنى ئىشلەتمەيدۇ، تەپەككۇر قىلمايدۇ، شۇڭا ئۇلار ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كائىناتتا ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە، چەكسىز ئىلمىگە ۋە گۈزەل سەنئەتلىرىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەر ئىنتايىن كۆپتۇر.

2. بەزى كىشىلەرنىڭ ھەقىقەتنى بىلمەسلىكىدىكى كەمچىلىك ئىلاھىي ھەقىقەتلەرنىڭ بايانىدا ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتنى چۈشەنمىگەن ئەقىللەردىدۇر. ئىنسانلارنىڭ ھەقىقەتنى توغرا چۈشەنمەسلىكى ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا توسالغۇ بولىدۇ.

3. ئاللاھ تائالادىن باشقا ياراتقۇچىنىڭ يوقلۇقى ئەقىل ۋە دىن مۇئەييەنلەشتۈرگەن شەكسىز ھەقىقەتتۇر.

### ◄ لۇقمان ھەكىمنىڭ ئوغلىغا قىلغان ۋەسىيىتى

﴿وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا لُقْمَٰنَ ٱلْحِكْمَةَ أَنِ ٱشْكُرْ لِلَّهِ ۚ وَمَن يَشْكُرْ فَإِنَّمَا
يَشْكُرُ لِنَفْسِهِۦ ۖ وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَنِىٌّ حَمِيدٌ ﴿١٢﴾ وَإِذْ قَالَ لُقْمَٰنُ
لِٱبْنِهِۦ وَهُوَ يَعِظُهُۥ يَٰبُنَىَّ لَا تُشْرِكْ بِٱللَّهِ ۖ إِنَّ ٱلشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ ﴿١٣﴾
وَوَصَّيْنَا ٱلْإِنسَٰنَ بِوَٰلِدَيْهِ حَمَلَتْهُ أُمُّهُۥ وَهْنًا عَلَىٰ وَهْنٍ وَفِصَٰلُهُۥ فِى
عَامَيْنِ أَنِ ٱشْكُرْ لِى وَلِوَٰلِدَيْكَ إِلَىَّ ٱلْمَصِيرُ ﴿١٤﴾ وَإِن جَٰهَدَاكَ عَلَىٰٓ أَن

تُشۡرِكَ بِي مَا لَيۡسَ لَكَ بِهِۦ عِلۡمٞ فَلَا تُطِعۡهُمَاۖ وَصَاحِبۡهُمَا فِي ٱلدُّنۡيَا مَعۡرُوفٗاۖ وَٱتَّبِعۡ سَبِيلَ مَنۡ أَنَابَ إِلَيَّۚ ثُمَّ إِلَيَّ مَرۡجِعُكُمۡ فَأُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿١٥﴾ يَٰبُنَيَّ إِنَّهَآ إِن تَكُ مِثۡقَالَ حَبَّةٖ مِّنۡ خَرۡدَلٖ فَتَكُن فِي صَخۡرَةٍ أَوۡ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ أَوۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ يَأۡتِ بِهَا ٱللَّهُۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَطِيفٌ خَبِيرٞ ﴿١٦﴾ يَٰبُنَيَّ أَقِمِ ٱلصَّلَوٰةَ وَأۡمُرۡ بِٱلۡمَعۡرُوفِ وَٱنۡهَ عَنِ ٱلۡمُنكَرِ وَٱصۡبِرۡ عَلَىٰ مَآ أَصَابَكَۖ إِنَّ ذَٰلِكَ مِنۡ عَزۡمِ ٱلۡأُمُورِ ﴿١٧﴾ وَلَا تُصَعِّرۡ خَدَّكَ لِلنَّاسِ وَلَا تَمۡشِ فِي ٱلۡأَرۡضِ مَرَحًاۖ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ كُلَّ مُخۡتَالٖ فَخُورٖ ﴿١٨﴾ وَٱقۡصِدۡ فِي مَشۡيِكَ وَٱغۡضُضۡ مِن صَوۡتِكَۚ إِنَّ أَنكَرَ ٱلۡأَصۡوَٰتِ لَصَوۡتُ ٱلۡحَمِيرِ ﴿١٩﴾

### تەرجىمىسى

12ـ بىز لۇقمانغا ھەقىقەتەن ھېكمەت ئاتا قىلدۇق، (ئۇنىڭغا ئېيتتۇقكى) «ئاللاھقا شۈكۈر قىلغىن، كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، پەقەت ئۆزى ئۈچۈن شۈكۈر قىلغان بولىدۇ، كىمكى كۇفرىلىق قىلىدىكەن، شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىدىن بىھاجەتتۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر».

13ـ ئۆز ۋاقتىدا لۇقمان ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: «ئى ئوغلۇم! ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگىن. چۈنكى، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ زۇلۇمدۇر» دېگەن ئىدى.

14ـ بىز ئىنساننى ئاتا-ئانىسىغا (قىلىدىغان خىزمەتنى) ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنىڭغا قاتمۇقات ئاجىزلاپ يۈرۈپ قورساق كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (بىز ئۇنىڭغا دېدۇقكى) ماڭا ۋە ئاتا-ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر.

15ـ ئەگەر ئاتا-ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن، ماڭا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يۈزلەنگەن ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن، ئاندىن قايتىدىغان جايىڭلار مېنىڭ دەرگاھىمدۇر، شۇ چاغدا مەن سىلەرگە قىلغان-ئەتكەنلىرىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن».

16ـ (لۇقمان ئېيتتى) «ئى ئوغلۇم! قىلمىشىڭ قىچا چاغلىق نەرسە بولۇپ،

ئۇ ئۇيۇل تاشنىڭ ئىچىدە يا ئاسمانلارنىڭ قېتىدا ياكى زېمىننىڭ ئاستىدا بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ئىنچىكە كۆزەتكۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.

17-ئى ئوغلۇم! نامازنى مۇكەممەل ئوقۇغىن، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن. شەكسىزكى، بۇلار مۇستەھكەم ئىرادە تەلەپ قىلىدىغان ئىشلاردىندۇر.

18-تەكەببۇرلۇق قىلىپ كىشىلەردىن يۈز ئۆرۈمىگىن، يەر يۈزىدە غادىيىپ ماڭمىغىن. چۈنكى، ئاللاھ ھەرقانداق ھاكاۋۇر، ماختانچاقنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

19-يول يۈرگەندە ئوتتۇراھال بولغىن، ئاۋازىڭنى پەسەيتكىن. شەكسىزكى، ئاۋازلارنىڭ ئەڭ يىرگىنچلىكى ھەقىقەتەن ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازىدۇر».

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، شەكسىزكى، بىز لۇقمان ھەكىمگە دىنىي مەسىلىلەرنى ياخشى بىلىدىغان، توغرا سۆز قىلىدىغان، ئادالەتلىك مۇھاكىمە قىلىدىغان ئىلىم-ھېكمەت ۋە ئەقىل-پاراسەت ئاتا قىلدۇق، ئۇنى بىلگەنلىرىگە ئەمەل قىلىدىغان قىلدۇق ۋە ساغلام مەرىپەتكە باشلىدۇق. لۇقمان ھەكىم تولىمۇ دانا ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى ۋە ئوغلىغا قىلغان نەسىھەتلىرى ئۆزى ئېرىشكەن ئىلىم-ھېكمەت دۇردانىلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. بۇلار ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىلھام يولى بىلەن بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ سالىھ بەندىسى ئىدى.

بىز لۇقمان ھەكىمگە ئېيتتۇقكى، ئاللاھ تائالانىڭ ساڭا ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرى يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلغىن، چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلغان ئادەم پەقەت ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن شۈكۈر قىلغان بولىدۇ، يەنى قىلغان شۈكرىسىنىڭ پايدىسى ۋە مۇكاپاتى ئۇنىڭ ئۆزىگە قايتىدۇ. ئاللاھ تائالا شۈكۈر قىلغۇچىلارغا تېخىمۇ زىيادە، تېخىمۇ كۆپ بېرىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا تۇزكورلۇق قىلىدىغان، ھەممىنى ئۆز ئىقتىدارىم ۋە ئۆز كۈچۈم بىلەن ھاسىل قىلدىم دەيدىغان تۇزكور مەخلۇقلار بىلىپ قويسۇنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ شۈكۈر-تەشەككۈرلىرىگە قىلچە ھاجىتى يوق. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتىغا موھتاج ئەمەس، ئەكسىچە، ھەممە مەخلۇقات ئاللاھ تائالاغا موھتاجدۇر. شۇڭا شۈكۈر قىلغۇچىلارنىڭ

شۈكرىسى بىلەن ئاللاھ تائالاغا پايدا بولۇپ كەتمەيدۇ، ئۇلارنىڭ تۇزكورلۇقى سەۋەبلىك ئاللاھ تائالاغا زىيان يەتمەيدۇ. بەلكى پايدا-زىيان ھەممىسى بەندىلەرنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ. بۇ ﴿مَّنْ عَمِلَ صَٰلِحًا فَلِنَفْسِهِۦ ۖ وَمَنْ أَسَآءَ فَعَلَيْهَا ۗ وَمَا رَبُّكَ بِظَلَّٰمٍ لِّلْعَبِيدِ﴾ يەنى ﴿كىمكى ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ پايدىسى ئۆزىگىدۇر، كىمكى يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ زىيىنىمۇ ئۆزىگىدۇر. رەببىڭ بەندىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر﴾[1] دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىگە مۇۋاپىقلىشىدۇ.

لۇقمان ھەكىم ئوغلىغا شۇنداق ھېكمەتلىك ۋە تولىمۇ مەنىلىك ۋەسىيەتلەرنى قىلغان ئىدى. چۈنكى، ھەرقانداق بىر ئاتا-ئانا ئۆز پەرزەنتلىرىگە كۆيۈنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ياخشىلىقىنى تىلەيدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ياخشى ھالىتىنى شۇنداق داۋاملاشتۇرۇشى ۋە بەخت-سائادەتلىك بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياخشى نەسىھەتلەرنى قىلىشقا ۋە پايدىلىق ئۈگۈتلەرنى بېرىشكە تىرىشىدۇ. ھەركىم ئۆز پەرزەنتلىرىگە لۇقمان ھەكىمدەك نەسىھەت قىلىدىغان بولسا ئاقىۋەتنىڭ نەقەدەر گۈزەل بولىدىغانلىقىدا شەك يوق.

لۇقمان ھەكىم ئوغلىغا ۋەسىيەت قىلىپ شۇنداق دەيدۇ: ئى ئوغلۇم! ئاللاھ تائالاغا مەيلى ئېتىقادتا، مەيلى ئىبادەتتە، مەيلى دۇئادا، مەيلى قانداقلا بىر ئىشتا بولسۇن، ھېچكىمنى ۋە ھېچقانداق نەرسىنى شېرىك قىلىپ قوشۇۋالمىغىن. بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ۋە ھېچبىر شېرىكى ياكى ياردەمچىسى يوقلۇقىغا چىن ئېتىقاد قىلغان ھالدا، بارلىق ئىبادەت ۋە دۇئالارنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلغىن. چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش تولىمۇ چوڭ ھەقسىزلىقتۇر، ئېغىر گۇناھتۇر ۋە ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغانلىقتۇر.

بۇنىڭدىنمۇ چوڭ ناھەقچىلىك بارمۇ دۇنيادا؟ ناھەقچىلىك دېگەن بىراۋنىڭ ھەققىنى بەرمەسلىك ۋە ئىشلارنى ئۆز جايىدا ۋە ئۆز يولى بىلەن قىلماسلىق دېگەنلىك بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ يالغۇز ئېتىقاد قىلىنىش ۋە يالغۇز ئىبادەت قىلىنىش ھەققىنى ئادا قىلماستىن، ئۇنىڭ مەخلۇقاتىنى ئۇنىڭغا شېرىك قىلىپ قوشۇۋېلىش ئەڭ چوڭ ناھەقچىلىك ۋە ئېغىر گۇناھتۇر. ھەممىگە قادىر ياراتقۇچىنى ھېچ ئىش قىلالمايدىغان بۇتلارغا تەڭ قىلىش قانداقمۇ ھەقسىزلىق بولمىسۇن؟!

---

[1] فۇسسىلەت سۈرىسى: 46-ئايەت.

لۇقمان ھەكىمنىڭ ئوغلىغا قىلغان ۋەسىيەتلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا: ﴿بىز ئىنساننى ئاتا-ئانىسىغا (قىلىدىغان خىزمەتنى) ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنىڭغا قاتمۇقات ئاجىزلاپ يۈرۈپ قورساق كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (بىز ئۇنىڭغا دېدۇقكى) ماڭا ۋە ئاتا-ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر﴾ دېگەن ئايەت كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن مەقسەت ئاتا-ئانىنىڭ ھەققىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىدىن كېيىنلا كېلىدىغان ئەڭ چوڭ ھەق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش، ئاتا-ئانا بىلەن بالىنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ئاتا-ئانىنىڭ بالىلار ئۈستىدىكى ھەق-ھوقۇقلىرىنى بىلدۈرۈش، بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرىنى ۋە قىلماسلىقى تېگىشلىكلىرىنى بەلگىلەش، شۇنداقلا ئاتا-ئانىغا ئىتائەت قىلىشنىڭ چەك-چېگراسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر.

ئەللامە قۇرتۇبىي بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «ئاتا-ئانا ئىتائەت قىلىش چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلىشتا ۋە پەرزلەرنى تەرك ئېتىشتە بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش مۇباھ ئىشلاردا بولىدۇ»[1] يەنى ئەگەر ئاتا-ئانا بالىلىرىنى گۇناھ قىلىشقا ياكى پەرز، ۋاجىپ ئەمەللەرنى تەرك ئېتىشكە بۇيرۇسا، ئۇلارنىڭ سۆزىگە كىرمەسلىك لازىم. بۇ ھالەتتە ئۇلارنىڭ سۆزىگە كىرمەي، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش زۆرۈر.

بىز ئىنساننى ئاتا-ئانىسىغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇپ، ئۇلارغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىنىڭ ھەققى ئاتىنىڭ ھەققىدىن ئەلۋەتتە چوڭدۇر. ئانىلار كۆپرەك مېھىر-شەپقەتكە ۋە ئاسراشقا موھتاجدۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «جَاءَ رَجُلٌ إِلَى رَسُولِ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّٰهِ ، مَنْ أَحَقُّ النَّاسِ بِحُسْنِ صَحَابَتِي؟ قَالَ: «أُمُّكَ» قَالَ: ثُمَّ مَنْ؟ قَالَ: «ثُمَّ أُمُّكَ» قَالَ: ثُمَّ مَنْ؟ قَالَ: «ثُمَّ أُمُّكَ» قَالَ: ثُمَّ مَنْ؟ قَالَ: «ثُمَّ أَبُوكَ» يەنى «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ‹ياخشىلىق قىلىشىمغا ئەڭ تېگىشلىك كىشى كىم؟› دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ‹ئاناڭ› دەپ جاۋاب بەرگەن. ئادەم بۇ سوئالنى ئۈچ قېتىم قايتىلاپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىمدا، ‹ئاناڭ› دەپ جاۋاب

---

[1] «تفسير القرطبي» 14-توم، 64-بەت.

بېرىپ، تۆتىنچى قېتىمىدا، ‹ئاتاڭ› دەپ جاۋاب بەردى»[1]. چۈنكى، ئانا بالىلارنىڭ جاپاسىنى ئاتىلاردىن كۆپرەك تارتىدۇ ۋە بالىسىغا قاتمۇقات ئاجىزلاپ يۈرۈپ قورساق كۆتۈرىدۇ، تۇغۇت كارۋىتىدا ھايات-ماماتلىق تولغاق ئازابىنى يېگەچ پەرزەنتىنى دۇنياغا كەلتۈرىدۇ، ئاندىن بالىسىنى ئەمچەكتىن ئايرىغۇچىلىك بولغان ئىككى يىل جەريانىدا ھەم قۇچىقىدا كۆتۈرۈپ ھەم ئېمىتىپ باقىدۇ. بالا ئەمچەكتىن ئايرىلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ يەنە ئۇنى يىگۈزۈپ، ئىچكۈزۈپ، ئاستىنى قۇرۇقداپ باقىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىنسانىنى ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىغا، ئاندىن ئۆزىنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە سەۋەب بولغان ئاتا-ئانىسىغا شۈكۈر قىلىشقا بۇيرۇغان. ئېنىقكى، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىپ ئۇنىڭغا تولۇق ئىتائەت قىلىش بىلەن، ئاتا-ئانىغا شۈكۈر قىلىش ئۇلارغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىش، ئۇلارنى ئاسراش ۋە گۇناھ بولمايدىغان بارلىق ئىشلاردا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىش بىلەن بولىدۇ.

بالىلارنىڭ گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردا ئاتا-ئانىسىغا ئىتائەت قىلىشى پەرزدۇر. ئەمما ناۋادا ئاتا-ئانىسىدىن بىرەرسى ئۇنى ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان پەرزلەردىن بىرەرسىنى تەرك ئېتىشكە بۇيرۇسا ياكى ئاللاھ تائالا توسقان گۇناھ، ھارام ئىشلاردىن بىرەرسىنى قىلىشقا بۇيرۇسا، بۇ چاغدا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: ئاتا-ئانا بالىلىرىنى پارا ئېلىش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، كىشىلەرنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش، بىراۋغا قارا چاپلاش ياكى ناماز ئوقۇماسلىق، زاكات بەرمەسلىك دېگەندەك ئىشلارغا بۇيرۇسا، بالىلارنىڭ ئۇلارغا قەتئىي ئىتائەت قىلماسلىقى لازىم.

ئاتا-ئانىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قېتىرقىنىپ قىلىش ۋە ئۇلارنى مەمنۇن قىلىش ھەربىر مۇسۇلماندىن تەلەپ قىلىنىدىغان ئەڭ ئەقەللىي تەلەپتۇر. دۇنيالىق ئىشلىرىدا ئۇلارغا شەرتسىز ئىتائەت قىلىنىدۇ. ئەمما دىن ئىشلىرىدا ئۇلارغا ئەمەس، دىننىڭ ئىگىسىگە ئىتائەت قىلىنىدۇ. چۈنكى، دىننىڭ ئىگىسى ئاللاھ تائالادۇر.

لۇقمان ھەكىم ئوغلىغا يەنە شۇنداق ۋەسىيەت قىلىدۇكى، سەن دىنىدا مۇستەھكەم بولغان ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن رەببى تەرەپكە يۈزلەنگەن

---

[1] «صحيح البخاري» 8- توم، 2- بەت،5971-ھەدىس.

ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن. بۇنداق كىشىلەر ھەرقانداق جەمئىيەتتە ۋە ھەرقانداق زاماندا ئاز تېپىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ سەن ئاشۇ ئاز جامائەتكە قوشۇلغىن، ئۇلارغا ئارىلاشقىن ۋە ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ يولداش بولغىن. چۈنكى، ئۇلار ئارقىلىق كۆپ ياخشىلىقلارنى قولغا كەلتۈرەلەيسەن. سىلەرنىڭ ئاخىر قايتىدىغان جايىڭلار ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدۇر. چۈنكى، سىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىن باشقا بارىدىغان يېرىڭلار يوق. شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا سىلەرگە بۇ دۇنيادا قىلغان بارلىق ياخشى-يامان ئىشلىرىڭلاردىن خەۋەر بېرىدۇ، شۇنىڭغا قاراپ سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بەلگىلەيدۇ.

لۇقمان ھەكىم ئوغلىغا قىلغان ۋەسىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئى ئوغلۇم! ياخشىلىقتىن ياكى يامانلىقتىن قىلغىنىڭ ئاددىيلىقتا، ئازلىقتا ۋە كىچىكلىكتە قىچا چاغلىق نەرسە بولۇپ، ئۇ ئۇيۇل تاشنىڭ ئىچىدە يوشۇرۇپ قويۇلغان يا ئاسمانلارنىڭ قېتىدا ياكى زېمىننىڭ ئاستىدا بولۇپ ھېچكىم كۆرمىگەن ۋە بىلمىگەن بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئەلۋەتتە ئېلىپ كېلىپ، سېنىڭ ئالدىڭغا ھازىر قىلىدۇ، چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇنى كۆرۈپ ۋە بىلىپ تۇرىدۇ. ئاندىن شۇنىڭغا قاراپ ساڭا مۇكاپاتتىن ياكى جازادىن تېگىشلىك بولغىنىنى تولۇق بېرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئاشكارىنى ۋە يوشۇرۇننى ئوخشاشلا بىلىدۇ، ئاللاھ تائالا ئىنتايىن ئىنچىكە كۆزەتكۈچىدۇر ۋە ھەممىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر.

ئى ئوغلۇم! نامازنى بارلىق قائىدە-تەرتىپلىرىگە تولۇق رىئايە قىلىپ مۇكەممەل ئوقۇغىن، چۈنكى، ناماز دىنىنىڭ تۈۋرۈكىدۇر. ئەتراپىڭدىكىلەرنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسقىن.

بۇ يەردە لۇقمان ھەكىم ئوغلىنى ناماز ئوقۇش بىلەن كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشقا بۇيرۇغان بولۇپ، ئالدىنقىسى ئۆزىنىڭ، كېيىنكىسى جەمئىيەتنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئامىللاردىن ئىدى. چۈنكى، ناماز ئادەمنى ئىسلاھ قىلسا، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش بولسا جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىدۇ.

ئەگەر ساڭا ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا بىرەر كۈلپەت ياكى بىرەر مۇسىبەت يەتسە، ئۇنىڭغا سەۋر قىلغىن ۋە بۇ يولدا چىداملىق بولغىن. چۈنكى، سەۋرچانلىق بىلەن چىدامچانلىق گۈزەل ئەخلاقنىڭ سەرخىللىرىدىن

بىرى بولغىنىدەك، ئىرادىلىك كىشىلەرنىڭ خىسلىتىدۇر، يەنى ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا خىزمەت قىلىمەن، دېگەن ئادەمنىڭ ئالدىغا مىڭلارچە توسالغۇلار، كېلىشمەسلىكلەر ۋە قىيىنچىلىقلار چىقىپ تۇرىدىغانلىقى ئېنىقتۇر. چۈنكى، جەننەتنىڭ يولى تىكەنلەر بىلەن تولغان بولۇپ، چىدامىلىق بولغانلار يولىنى داۋاملاشتۇرالايدۇ ۋە ئاخىرقى نىشانىغا يېتەلەيدۇ.

ئىنسانلارغا گەپ قىلغاندا ياكى ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندا، ئۇلارنى كىچىك سانىغانلىقتىن ياكى كۆزگە ئىلمىغانلىقتىن، چوڭلۇق قىلىپ يۈزۈڭنى ئۇلاردىن چۆرۈمىگىن، ئۇلارغا ھەر زامان سەمىمىي تەبەسسۇم ۋە ئوچۇق چىراي بىلەن مۇئامىلە قىلغىن. يەر يۈزىدە ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتۇپ غادىيىپ ماڭمىغىن. بۇ ئاللاھ تائالانى غەزەپلەندۈرىدىغان يامان قىلىقتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەرقانداق ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان ماختانچاقنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ، ھەرگىز ياخشى كۆرمەيدۇ. شۇڭا يول يۈرگەندە كەمتەرلىك بىلەن ماڭغىن، مېڭىشىڭدا تەبىئىي بول، ئاۋازىڭنى پەسەيتكىن، ئۇنى كىشىلەرنى راھەتسىز قىلىدىغان شەكىلدە يۇقىرى قىلما. چۈنكى، بەك يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەش ياكى ۋارقىراپ چاقىرىش باشقىلارنى كۆزگە ئىلمىغانلىق بولىدۇ. بۇمۇ تەكەببۇرلۇقنىڭ بىر تۈرىدۇر. ئاۋازنى ئېھتىياجدىن ئارتۇق يۇقىرى كۆتۈرۈپ سۆز قىلغان ئادەمنىڭ ئاۋازى خۇددى ئېشەكنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش كىشىلەرنى راھەتسىز قىلىپ قويىدۇ. ئۇنتۇمىغىنكى، ئاۋازلارنىڭ ئەڭ يىرگىنچلىكى ۋە ئەڭ يېقىمسىزى ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازىدۇر. ئەرەبلەر ئەقىلسىز ئادەمنى ئېشەككە ئوخشات-قاندەك، ئاۋازى سەت ئادەمنىمۇ ئېشەككە ئوخشىتاتتى. بۇ يەردىكى: ﴿شەكسىزكى، ئاۋازلارنىڭ ئەڭ يىرگىنچلىكى ھەقىقەتەن ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازىدۇر﴾ دېگەن ئايەتمۇ ئۇلارنىڭ تەبىرىگە مۇۋاپىقلاشقان ھالدا كەلگەن.

يۇقىرىقى ئايەتلەردە كۆرگىنىمىزدەك، لۇقمان ھەكىم ئوغلىغا ئاۋۋال ئاللاھ تائالاغا مەيلى يوشۇرۇن، مەيلى ئاشكارا، ھېچقانداق بىر ئىشتا شېرىك كەلتۈرمەسلىكنى تەۋسىيە قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ ئاشكارا ھەم يوشۇرۇن ھەممىنى ئېنىق بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئاخىرەت كۈنى شۇ بىلگىنىگە ئاساسەن، ئۇلارغا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدىغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ. ئاندىن نامازنى مۇكەممەل ئوقۇشنى ۋە كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئاندىن ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا بېشىغا كېلىدىغانلارغا سەۋر قىلىپ چىدامچانلىق كۆرسىتىشكە بۇيرۇيدۇ. ئاندىن ئۇنى ناچار ئىللەتلەردىن،

خۇسۇسەن، مۇتەكەببىرلىكتىن يىراق تۇرۇشقا، كىشىلەرگە ئىللىق چىراي ئېچىپ، تەبەسسۇم بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوغلىنى ناچار قىلىقلاردىن يىراق قىلىش ۋە گۈزەل ئەخلاق بىلەن تەربىيەلەش ئۈچۈن ئىدى.

لۇقمان ھەكىمنىڭ يۇقىرىقى ۋەسىيەتلىرى ھەقىقەتەن ئورۇنلۇق ۋە تولىمۇ ھېكمەتلىك ۋەسىيەتلەر بولۇپ، بۇلار لۇقمان ھەكىمنىڭ راستتىنلا ئىسمى جىسمىغا لايىق «ھەكىم» ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. پەرزەنت-لىرىگە ياخشىلىقنى تەۋسىيە قىلغۇچىلار لۇقمان ھەكىمنى ئۈلگىلىرىگە ئۈلگە قىلسا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ بۇ تەۋسىيەلىرى دىنىنىڭ تەۋسىيەسى، ئاللاھ تائالانىڭ تەۋسىيەسى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋسىيە-سىدۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** ھېكمەت – توغرا ئىش ۋە توغرا سۆز دېگەنلىك بولۇپ، ھېكمەتلىك ئىش قىلىش ھەقىقەتكە يېتەكلەنگەن كىشىلەرنىڭ خىسلىتىدۇر.

**2.** ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىشمۇ ھېكمەتنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلغان ئىنسان ئەقلىنى تاپقان ئىنسان بولۇپ، ھېكمەت پەقەت ئەقىللىق كىشىلەردىلا كۆرۈلىدۇ.

**3.** قولىدىن كېلىشىچە كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلىش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر.

**4.** ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش چوڭ يولسىزلىقتۇر ۋە ئېغىر گۇناھتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ شېرىكى يوقتۇر.

**5.** شەرىئەتتە بالىلارنى ئېمىتىشنىڭ ۋاقتى ئىككى يىلدىن ئاشمايدۇ.

**6.** ئاتا-ئانىغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىش ھەربىر ئىنسان ئۈچۈن پەرزدۇر.

**7.** ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشتا ئىنسانلارغا بويسۇنۇشقا بولمايدۇ.

**8.** مەيلى ياخشىلىق بولسۇن، مەيلى يامانلىق بولسۇن، ھەرقانداق بىر ئەمەلنى ئاددىي ساناشقا بولمايدۇ، بەلكى ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە كىچىك سانالغان ئىشلار ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە چوڭ بولۇشى مۇمكىن.

**9.** نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇش، كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامان-لىقتىن توسۇش پەرزدۇر.

**10.** ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغانلارنى ئاللاھ تائالا يامان كۆرىدۇ.

### ◄ ئاللاھقا قانداقمۇ تۆزكورلۇق قىلىسىلەر؟

﴿أَلَمْ تَرَوْا۟ أَنَّ ٱللَّهَ سَخَّرَ لَكُم مَّا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ وَأَسْبَغَ عَلَيْكُمْ نِعَمَهُۥ ظَٰهِرَةً وَبَاطِنَةً ۗ وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يُجَٰدِلُ فِى ٱللَّهِ بِغَيْرِ عِلْمٍ وَلَا هُدًى وَلَا كِتَٰبٍ مُّنِيرٍ ﴿٢٠﴾ وَإِذَا قِيلَ لَهُمُ ٱتَّبِعُوا۟ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ قَالُوا۟ بَلْ نَتَّبِعُ مَا وَجَدْنَا عَلَيْهِ ءَابَآءَنَآ ۚ أَوَلَوْ كَانَ ٱلشَّيْطَٰنُ يَدْعُوهُمْ إِلَىٰ عَذَابِ ٱلسَّعِيرِ ﴿٢١﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

20-شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى، سىلەرگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن نېمەتلەرنى كەڭتاشا بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟ بەزى كىشىلەر ھېچ نەرسىنى بىلمەي، ھىدايەتكە ۋە نۇرلۇق كىتابقا ئېرىشمەي تۇرۇپ ئاللاھ ھەققىدە جېدەللىشىدۇ.

21-ئەگەر ئۇلارغا: «ئاللاھ نازىل قىلغان (قۇرئان)غا ئەگىشىڭلار» دېيىلسە، ئۇلار: «ياق، بىز ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىغا ئەگىشىمىز» دەيدۇ. شەيتان ئۇلارنى دوزاخ ئازابىغا چاقىرغان تۇرسىمۇ (ئۇلارغا شۇنداق دەمدۇ؟).

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھنىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى مەۋجۇداتنىڭ ھەممىسىنى سىلەر ئۈچۈن يارىتىپ، سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى، سىلەرگە سىلەر بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان سانسىزلىغان نېمەتلەرنى ئاتا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟ بۇلارنى بىلمىدىڭلارمۇ؟

ئى ئىنسانلار! سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى ۋە ئۇنىڭ

چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان ئالامەتلەرنى ۋە كائىنات دەلىللىرىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟ بۇ دەلىللەر كائىناتتىكى ھەممىلا نەرسىدە ئۆزىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. مەلۇمكى، سىلەر كۆپلىگەن تەبىئەت كۈچلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆز مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن ئىشلىتىۋاتىسىلەر. سۇ، ھاۋا، يار، مەدەن قاتارلىقلار بۇنىڭ مىسالى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟ بىلمىدىڭلارمۇ؟

ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالا سىلەرگە سانسىزلىغان نېمەتلەرنى ئاتا قىلىپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئىنئاملىرىنى ساناپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ نېمەتلىرى ئىچىدىن سىلەر بىلىدىغانلىرىمۇ بار، سىلەر بىلمەيدىغانلىرىمۇ بار. ئەمما سىلەر بىلمەي مەنپەئەتلىنىۋاتقان نېمەتلەر سىلەرنىڭ بىلىدىغانلىرىڭلاردىن ئەلۋەتتە كۆپتۇر. ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلغانسېرى ئاللاھ تائالانىڭ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان نۇرغۇنلىغان يوشۇرۇن نېمەتلىرى ئاشكارا بولماقتا. بۈگۈن بىلىنمىگەنلىرى كېلەچەكتە چوقۇم بىلىنىدۇ ۋە ئىنسانلار چوقۇم بىلىپ قالىدۇ.

ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، بەزى ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقىنى تەن ئالماي، ھېچ نەرسىنى بىلمەي ۋە بىرەر ھىدايەت يېتەكچىسىگە ياكى بىرەر نۇرلۇق كىتابقا ئېرىشمەي تۇرۇپ، ئاللاھ تائالا ھەققىدە باشقىلار بىلەن جېدەللىشىدۇ ۋە تالاش-تارتىش قىلىدۇ، ئاللاھ تائالاغا قارىتا خاتا ئېتىقادتا بولىدۇ ۋە ھەر خىل گۇمانلارنى قىلىدۇ.

ئۇلار ئۆزلىرى ئۆسۈپ يېتىلگەن سەلبىي مۇھىتنىڭ يامان تەسىرى ۋە دىنسىزلىق تەربىيەسىنىڭ پالاكىتى تۈپەيلى ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىدىغان، خۇراپاتقا ئىشىنىدىغان ئەقىلسىز ئىنسانلار بولۇپ، ئۇلار دىنغا قارشى قېلىپلىشىپ قالغان بىر قانچە سەپسەتە سۆزلىرىدىن باشقىسىنى بىلمەيدۇ. ئۇلاردا توغرا ئىلىم-مەرىپەت يوق، مۇددىئاسىنى كۈچكە ئىگە قىلىدىغان بىرەر نەقلىي ياكى ئەقلىي دەلىل-ئىسپاتىمۇ يوق ۋەياكى ئۇلارنىڭ يولىنى يورۇتىدىغان بىرەر نۇرلۇق كىتابىمۇ يوق. ئۇلار پەقەت ئاتا-بوۋىلىرىغا ئەگىشىپ ئۇلارنى تەقلىد قىلىشتىن باشقىسىنى بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالا ھەققىدىكى تالاش-تارتىشلىرىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئەقلىنى ئىشلەتمەسلىك، تەقلىدچىلىك ۋە شەيتانغا ئەگىشىشتۇر.

شۇڭا مۇنداقلارغا: «سىلەر ئەمدى ئەقلىڭلارنى ئىشلىتىپ، ئاللاھ

تائالا پەيغەمبەرگە نازىل قىلغان ھەق دىنغا، ھىدايەتنىڭ يېتەكچىسى بولغان نۇرلۇق كىتاب ـ «قۇرئان كەرىم»گە ئەگىشىڭلار، ئىسلام دىنىغا كىرىپ مۇسۇلمان بولۇڭلار» دېيىلسە، ئۇلار: «ياق! بىز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرىمىز، بىز پەقەت ئۇلارنىڭ تۇتۇپ ماڭغان يولىغا ئەگىشىمىز» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ھەقىقەتنى چۈشەنمەيدىغان، ھىدايەت تاپمىغان، ئۆمرىنى ئازغۇنلۇقتا ئۆتكۈزگەن نادان ئادەملەر تۇرسا، بۇلار قانداقمۇ ئۇلارغا ئەگىشىدۇ؟ بۇلار قانداقمۇ بۇ سۆزنى قىلىدۇ؟ شەيتان ئۇلارنى دوزاخنىڭ يولىغا چاقىرىپ تۇرسىمۇ، ئۇلار تەپەككۇر قىلىپ، ئۆزىنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى بىلمەي يەنە شۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىغا ئەگىشەمدۇ؟

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىشنىڭ يوللىرى كۆپ بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدا ئىزچىل مېڭىشمۇ شۈكۈرنىڭ تۈرىگە كىرىدۇ.

2. بىلمىگەن نەرسە ئۈستىدە جېدەللىشىش جاھالەت ئەھلىنىڭ ئىشى بولۇپ، مۇسۇلمانغا ياراشمايدۇ.

3. مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ ئادەتلىرىنى تەقلىد قىلىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھارامدۇر.

### ◄ مۇئمىن ۋە كاپىر

﴿ وَمَن يُسۡلِمۡ وَجۡهَهُۥٓ إِلَى ٱللَّهِ وَهُوَ مُحۡسِنٞ فَقَدِ ٱسۡتَمۡسَكَ
بِٱلۡعُرۡوَةِ ٱلۡوُثۡقَىٰۗ وَإِلَى ٱللَّهِ عَٰقِبَةُ ٱلۡأُمُورِ ﴿٢٢﴾ وَمَن كَفَرَ فَلَا يَحۡزُنكَ
كُفۡرُهُۥٓۚ إِلَيۡنَا مَرۡجِعُهُمۡ فَنُنَبِّئُهُم بِمَا عَمِلُوٓاْۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمُۢ بِذَاتِ
ٱلصُّدُورِ ﴿٢٣﴾ نُمَتِّعُهُمۡ قَلِيلٗا ثُمَّ نَضۡطَرُّهُمۡ إِلَىٰ عَذَابٍ غَلِيظٖ ﴿٢٤﴾ ﴾

### ◄ تەرجىمىسى

22 ـ كىمكى (تائەت ـ ئىبادەتنى) قېتىرقىنىپ قىلغان ھالدا، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھقا يۈزلىنىدىكەن، ئۇ مەھكەم تۇتقۇغا ئېسىلغان بولىدۇ. ئىشلارنىڭ

ئاقىۋىتى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر.

23ـ كىمكى كاپىر بولىدىكەن، ئۇنىڭ كاپىرلىقى سېنى قايغۇغا سالمىسۇن، ئۇلارنىڭ قايتىدىغان جايى بىزنىڭ دەرگاھىمىزدۇر. شۇ چاغدا ئۇلارغا قىلمىشـلىرىنى ئېيتىپ بېرىمىز. ئاللاھ ھەقىقەتەن دىللاردىكىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

24ـ ئۇلارنى (دۇنيالىقتىن) ئازغىنە بەھرىمەن قىلىمىز، ئاندىن قاتتىق ئازابقا ھەيدەيمىز.

## تەپسىرى

ئىمان ماۋزۇسىدا ئىنسانلار ئىككى پىرقە بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى، ئۆزىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭغا چىن ئىخلاسى بىلەن يۈزلەنگەن، ئېتىقادتا، ئىبادەتتە ۋە دۇئادا ھېچكىمنى ۋە ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلىپ قوشمايدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ، بارلىق ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىر دەقىقىمۇ ئېسىدىن چىقارمىغان ھالدا، ھەربىر ئىشنى قېتىرقىنىپ سەمىمىيەت بىلەن مۇكەممەل قىلىدىغان كىشىلەردۇر.

كىمكى ئۆزىنى ئاللاھ تائالاغا مۇشۇ رەۋىشتە تاپشۇرىدىكەن ۋە ئۇنىڭغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يۈزلىنىپ قەلبىدىن باغلىنىدىكەن، ئۇ ئەڭ مەھكەم ۋە ئەڭ ساغلام تۇتقىغا ئېسىلغان بولىدۇ. بۇ ئايەت مۇئمىن ئادەمنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان باغلىنىشىنى ۋە كامالەت دەرىجىلەرگە يۈكسىلىشىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، مۇنداق ساغلام ۋە سۇنماس بىر تۇتقىغا ئېسىلغان ئادەم بوران-چاپقۇنلاردىن ۋە بارچە خەتەرلەردىن ئامان قالغانغا ئوخشاش ئاللاھ تائالاغا شۇنداق باغلانغان، ئۇنىڭ دىنىدا شۇنداق مۇستەھكەم تۇرغان ئادەممۇ ئۆزىنى ئاللاھ تائالانىڭ تولۇق ھىمايىسى ئاستىغا قويغان بولىدۇ.

ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ بولۇپ، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ھەر كىمگە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك بولغىنىنى بېرىدۇ، يەنى ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا مۇكاپات، يامان ئىش قىلغانلارغا جازا بېرىدۇ.

يەنە بىر پىرقە ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغان كاپىرلار بولۇپ، ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش ئىشى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت ھەقىقەتنى ئۇز ئەينى يەتكۈزۈشتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىمان ئېيتمىغانلار توغرۇلۇق قايغۇرماسلىققا بۇيرۇغان. ئاخىر ھەممە ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ. شۇ ۋاقىتتا

ئاللاھ تائالا ھەممىگە ئۇلارنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن قىلغانلىرىنى تولۇق ئېيتىپ بېرىدۇ، ئاندىن شۇنىڭغا ئاساسەن، ئۇلارغا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىنى تولۇق بىلىدۇ، ھەتتا كىشىلەرنىڭ قەلب قاتلىرىدىكىنىمۇ ئېنىق بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا كاپىرلارنى بۇ دۇنيادا ۋاقىتلىق مەنپەئەتلەندۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ كاپىرلىقى سەۋەبلىك بۇ دۇنيادا ئۇلارنى نېمەتلىرىدىن مەھرۇم قىلمايدۇ، چۈنكى، بۇ دۇنيا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدىغان جاي ئەمەس. ئاندىن ئۇلارنى قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابقا ھەيدەيدۇ ۋە ئەڭ ئەلەملىك ئازابلار بىلەن جازالايدۇ.

ئايەتتىكى ﴿مُحۡسِنٞ﴾ دېگەن سۆز «خۇددى ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ھېس-تۇيغۇ بىلەن بېرىلىپ ئىبادەت قىلغۇچى»، «ھەربىر ئىشنى پۇختىلاپ مۇكەممەل قىلغۇچى» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلىگەندەك، «ياخشى ئىش قىلغۇچى، ياخشىلىق قىلغۇچى» دېگەن مەنىلەرنىمۇ ئىپادىلەيدۇ.

مۇپەسسىرلەر ﴿وَمَن يُسۡلِمۡ وَجۡهَهُۥٓ إِلَى ٱللَّهِ وَهُوَ مُحۡسِنٞ فَقَدِ ٱسۡتَمۡسَكَ بِٱلۡعُرۡوَةِ ٱلۡوُثۡقَىٰۗ﴾ دېگەن ئايەتكە ھەر خىل مەنە ئېيتقان بولۇپ، ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي بۇ ئايەتكە «كىمكى ئاللاھ تائالاغا ئۆزىنىڭ ئاجىز بەندە ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىپ، ئۇنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى چىن قەلبى بىلەن ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭ بارلىق ئەمر-پەرمانلىرىغا تولۇق بويسۇنىدىكەن، ئۇ قەتئىي ئۈزۈلۈپ كەتمەيدىغان مەھكەم تۇتقىغا ئېسىلغان بولىدۇ»[1] دەپ مەنە ئېيتقان.

ئەللامە قۇرتۇبىي مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋايىغا يەتكەن ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلسا ۋە قىلغان ئىشلىرىدا ئاللاھ رازىلىقىنىلا كۆزلىسە، ئۇ مەھكەم تۇتقىغا ئېسىلغان بولىدۇ. چۈنكى، ۋايىغا يەتكەن ئىخلاس ۋە قەلبنىڭ ئويغاقلىقى بىلەن قىلىنمىغان ئىبادەت پايدىسىزدۇر»[2].

يۇقىرىقى مۇپەسسىرلەرنىڭ تەپسىرلىرىگە ئاساسەن دېيەلەيمىزكى، كىمكى ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغان ھالدا ئۇنىڭغا ئۆزىنى تاپشۇرىدىكەن، ئەمەل-ئىبادەتلىرىنى ئۇنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ھېس-تۇيغۇ بىلەن قىلىدىكەن ۋە ئۇنىڭغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يۈزلىنىپ قەلبى بىلەن

[1] «تفسير الطبري» 20-توم، 150-بەت.
[2] «تفسير القرطبي» 14-توم، 74-بەت.

باغلىنىدىكەن، ئۇ ئەڭ مەھكەم ۋە ئەڭ ساغلام تۇتقىغا ئېسىلغان بولىدۇ.

كاپىرلار بۇ دۇنيادا ھەر قانچە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئاخىرەتتە بۇ دۇنيادا تۇرغان ۋاقتىنى ئىنتايىن ئاز سانايدۇ. چۈنكى، بۇ دۇنيانىڭ كۈنلىرىنى ئاخىرەتنىڭ كۈنلىرىگە سېلىشتۇرغاندا، بۇ دۇنيانىڭ كۈنلىرى ئىنتايىن ئاز ۋە تولىمۇ قىسقا تۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۇنيا ھاياتى قانچىلىك ئۇزۇن بولۇپ كەتسىمۇ بەربىر ۋاقىتلىق ھايات بولۇپ، ئۇ چوقۇم ئاخىرلىشىدۇ. ئەمما ئاخىرەتتىكى ھايات مەڭگۈلۈك ھايات بولۇپ، ئۇنىڭ تۈگەنچىسى يوقتۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىمان ھەقىقىي نىجاتلىقنىڭ كاپالىتىدۇر.

2. ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغۇچىلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى ئاخىرەتتە كۆرىدۇ. شۇڭا بۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالا ئۇلارنى نېمەتلىرىدىن مەھرۇم قىلمايدۇ ۋە ئۇلارغا رىزىق بېرىشنى توختاتمايدۇ.

3. كاپىرلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى باياشاتلىق تۇرمۇشى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلاردىن مەمنۇن ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. چۈنكى، بۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالا ھەممە بەندىلىرىنى نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن قىلىدۇ. ئەمما ئاخىرەتتە پەقەت ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغىلا رەھىم-شەپقەت قىلىدۇ.

## ◄ يېگانە ياراتقۇچى ئاللاھ تائالادۇر

﴿وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّنْ خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ لَيَقُولُنَّ ٱللَّهُۚ قُلِ
ٱلْحَمْدُ لِلَّهِۚ بَلْ أَكْثَرُهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٢٥﴾ لِلَّهِ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَٱلْأَرْضِۚ إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلْغَنِىُّ ٱلْحَمِيدُ ﴿٢٦﴾ وَلَوْ أَنَّمَا فِى ٱلْأَرْضِ مِن
شَجَرَةٍ أَقْلَٰمٌ وَٱلْبَحْرُ يَمُدُّهُۥ مِنۢ بَعْدِهِۦ سَبْعَةُ أَبْحُرٍ مَّا نَفِدَتْ
كَلِمَٰتُ ٱللَّهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٢٧﴾ مَّا خَلْقُكُمْ وَلَا بَعْثُكُمْ إِلَّا
كَنَفْسٍ وَٰحِدَةٍۚ إِنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌۢ بَصِيرٌ ﴿٢٨﴾ أَلَمْ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ يُولِجُ ٱلَّيْلَ

فِي ٱلنَّهَارِ وَيُولِجُ ٱلنَّهَارَ فِي ٱلَّيۡلِ وَسَخَّرَ ٱلشَّمۡسَ وَٱلۡقَمَرَۖ كُلّٞ يَجۡرِيٓ
إِلَىٰٓ أَجَلٖ مُّسَمّٗى وَأَنَّ ٱللَّهَ بِمَا تَعۡمَلُونَ خَبِيرٞ ﴿٢٩﴾ ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱللَّهَ هُوَ
ٱلۡحَقُّ وَأَنَّ مَا يَدۡعُونَ مِن دُونِهِ ٱلۡبَٰطِلُ وَأَنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلۡعَلِيُّ ٱلۡكَبِيرُ
﴿٣٠﴾ أَلَمۡ تَرَ أَنَّ ٱلۡفُلۡكَ تَجۡرِي فِي ٱلۡبَحۡرِ بِنِعۡمَتِ ٱللَّهِ لِيُرِيَكُم مِّنۡ
ءَايَٰتِهِۦٓۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّكُلِّ صَبَّارٖ شَكُورٖ ﴿٣١﴾ وَإِذَا غَشِيَهُم
مَّوۡجٞ كَٱلظُّلَلِ دَعَوُاْ ٱللَّهَ مُخۡلِصِينَ لَهُ ٱلدِّينَ فَلَمَّا نَجَّىٰهُمۡ إِلَى ٱلۡبَرِّ
فَمِنۡهُم مُّقۡتَصِدٞۚ وَمَا يَجۡحَدُ بِـَٔايَٰتِنَآ إِلَّا كُلُّ خَتَّارٖ كَفُورٖ ﴿٣٢﴾

### ◄ تەرجىمىسى

25ـئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتقان؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. سەن (ئۇلارغا): «ئاللاھقا شۈكرىكى (ئاخىر ئېتىراپ قىلدىڭلار)» دېگىن. لېكىن، ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

26ـئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى مەۋجۇداتنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىدىن بىھاجەتتۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر.

27ـ(ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى يېزىش ئۈچۈن) ئەگەر يەر يۈزىدىكى دەل-دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى قەلەم بولغان، دېڭىز-ئوكيان (سىياھ بولغان)، ئۇنىڭغا يەنە يەتتە دېڭىز قوشۇلغان تەقدىردىمۇ، (قەلەملەر ئۇپراپ، سىياھلار قۇرۇپ تۈگەيدۇ) ئاللاھنىڭ سۆزلىرى ھەرگىز تۈگىمەيدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

28ـ(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ يارىتىلىشىڭلار ۋە (قىيامەت كۈنى) تىرىلدۈرۈلۈشۈڭلار (ئوڭايلىقتا) پەقەت بىر ئادەمنىڭ يارىتىلىشى ۋە تىرىلدۈرۈلۈشىگە ئوخشاشتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

29ـكۆرمەمسەنكى، ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ (يەنى كېچىنى قىسقا، كۈندۈزنى ئۇزۇن قىلىدۇ)، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ (يەنى كۈندۈزنى قىسقا، كېچىنى ئۇزۇن قىلىدۇ)، ئاللاھ كۈن بىلەن ئاينى (سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن) بويسۇندۇرۇپ بەرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (ئۆز ئوربىتىسىدا) ئايلىنىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان

ئىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

30ـبۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئاللاھ ھەقتۇر، ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چو-قۇنغان نەرسىلىرى باتىلدۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، ناھايىتى بۈيۈكتۇر.

31ـكۆرمەمسەنكى، كېمىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ نېمىتى (ۋە ئەمرى) بىلەن دېڭىزدا يۈرۈشى ئاللاھنىڭ سىلەرگە (ئۆز قۇدرىتىنىڭ) بىر قىسىم دەلىللىرىنى كۆرسىتىشى ئۈچۈندۇر. ھەقىقەتەن بۇنىڭدا (تائەت-ئىبادەتتە) ناھايىتى چىدامىلىق، (ئاللاھقا) كۆپ شۈكۈر قىلغۇچى ھەربىر (مۆئمىن) بەندە ئۈچۈن ئەلۋەتتە نۇرغۇن دەلىللەر بار.

32ـ(دېڭىزدا) ئۇلارنى تاغلاردەك دولقۇنلار ئورىۋالغان چاغدا، ئۇلار چىن ئىخلاسى بىلەن ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇپ قۇرۇقلۇققا چىقارغان چاغدا، ئۇلارنىڭ بەزىسى ئوتتۇرىدا تۇرۇۋالىدۇ (يەنى ئاللاھقا لايىقىدا شۈكۈر قىلمايدۇ). بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى پەقەت بىۋاپا، تۇزكور ئادەملا ئىنكار قىلىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالانىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە بارچە مەۋجۇداتنى ئۆرنەكسىز ياراتقان يېگانە ياراتقۇچى ئىكەنلىكى، ئىنسانلارغا ئۇلار بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان سانسىزلىغان نېمەتلەرنى ئاتا قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى ئوپئوچۇق ھەقىقەتتۇر. ئۆز ۋاقتىدىكى مۇشرىكلار گەرچە بۇتلارغا چوقۇنسىمۇ، بۇ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتالمىغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغان. بۇ يەردە مۇشرىكلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئېتىراپى بايان قىلىنغان. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: ﴿ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتقان؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ﴾ دېيىش ئارقىلىق مۇشرىكلارنىڭمۇ بۇ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلالمايدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

ئاللاھ تائالاغا مىڭلارچە شۈكۈرلەر بولسۇنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ياراتقۇچى ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل-پاكىتلىرىنى ئوچۇق ۋە روشەن بايان قىلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقىقەتنى ئەڭ ئەقىلسىز مۇشرىكلارمۇ ئىنكار قىلالمىدى ۋە ئېتىراپ قىلدى. چۈنكى، «ھەرقانداق بىر سەنئەتنىڭ سەنئەتكارى، ھەرقانداق بىر ئەسەرنىڭ ئاپتورى ۋە

ھەرقانداق بىر ئىجادنىڭ ئىجادكارى بار» دەيدىغان ئەقلىي قائىدىگە سالغاندىمۇ، بۇ كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى بارلىقىنى ھەرقانداق بىر ئىنكارچى، تۈزكور، مۇتەكەببىرمۇ ئىنكار قىلالمايدۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، كاپىرلارنىڭ تولىسى بۇ دەلىللەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دىنسىزلىق سەپسەتىسىنى يېڭىپ چۇشۇشكە يېتەرلىك كۈچلۈك دەلىللەر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ زىتىغا ھۆججەت ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، بۇ ھەقتە تەپەككۇر قىلمايدۇ.

ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى، شۇنداقلا كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭدۇر، ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىدۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، بارچە مەدھىيە ۋە جىمى ماختاشلار ئاللاھ تائالاغىلا خاستۇر، ئۇ ھەممىدىن بىھاجەتتۇر، ھەممە ئۇنىڭغا موھتاجدۇر. ئۇنىڭغا ھېچكىم مەدھىيە ئوقۇمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئەڭ ئېسىل مەدھىيەگە ۋە سەمىمىي ماختاشقا تامامەن ھەقلىقتۇر، يەنى ئەسلى مەدھىيە ۋە سەمىمىي ماختاش ئاللاھ تائالاغىلا خاس ۋە ئۇنىڭلا ھەققىدۇر. ئەمما ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتىنىڭ مەدھىيە ۋە ماختاشلىرىدىن بىھاجەتتۇر. چۈنكى، ماختىغۇچىلارنىڭ ماختىشى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ مەرتىۋىسى كۆتۈرۈلىدىغان ياكى ماختىماسلىقى بىلەن ئۇنىڭ مەرتىۋىسى تۆۋەنلەپ قالىدىغان ئىش يوق.

ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمى، ھېكمىتى ۋە قۇدرىتى چەكسىز بولۇپ، بۇلارنىڭ تۈگەنچىسى يوقتۇر. پۈتۈن يەر يۈزىدىكى دەل-دەرەخ ۋە ئورمانلارنىڭ ھەممىسى قەلەم بولۇپ، جىمى دېڭىز- ئوكيانلارنىڭ سۈيى سىياھ بولغان تەقدىردىمۇ، قەلەملەر ئۇپراپ، سىياھلار قۇرۇپ تۈگەيدۇ، ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ سۆزلىرى ھەرگىز تۈگىمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئىلىم-ھېكمىتىنى، چەكسىز قۇدرىتىنى، گۈزەل سەنئەتلىرىنى ۋە ئۇلۇغ سۆزلىرىنى يېزىپ تۈگىتىپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىگە قادىردۇر. ئۇ خالىغان ئىشنى قىلالايدۇ، ھېچقانداق ئىش ئۇنىڭ ئىلمىدىن ۋە قۇدرىتىدىن تاشقىرى بولمايدۇ، ئۇ ھەمىشە ھېكمەت بىلەن ۋە دانالىق بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

يۇقىرىقىلار ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي قۇدرىتىنىڭ ۋە چەكسىز ئىلمى-ىنىڭ دەلىللىرى بولۇپ، كاپىرلارنىڭ ئاخىرەت كۈنىنى ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلىشىنىڭ ئۇيۇقچۇق ئازغۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ۋە ئاساسسىز ئىنكار ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا

يېتەرلىكتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا نىسبەتەن جىمى ئىنسانلارنى يارىتىش ۋە تىرىلدۈرۈش بىلەن بىرلا جاننى يارىتىش ۋە تىرىلدۈرۈشنىڭ ھېچبىر پەرقى يوقتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا قانداقلا بىر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولسا، ﴿بول!﴾ دەيدۇ-دە، ئۇ ئىش شۇ ھامان بولىدۇ ۋە ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ يارىتىشى ۋە بارلىق ئىشى ئەنە شۇنداق چاقماق تېزلىكىدە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئاڭلاپ تۇرىدۇ ۋە قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ ۋە بىلىپ تۇرىدۇ.

ئى ئىنسانلار! سىلەر كۆرمەمسىلەركى، ئاللاھ تائالا پەسىللەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، كېچىنىڭ ۋاقتىنى كۈندۈزنىڭ ۋاقتىغا كىرگۈزۈپ، كېچىنى قىسقا، كۈندۈزنى ئۇزۇن قىلىدۇ ۋە كۈندۈزنىڭ ۋاقتىنى كېچىنىڭ ۋاقتىغا كىرگۈزۈپ، كۈندۈزنى قىسقا، كېچىنى ئۇزۇن قىلىدۇ. مەسىلەن: كېچە 12 سائەت، كۈندۈزمۇ 12 سائەت بولسا، كۈندۈزنىڭ ۋاقتىنى ئۇزىتىش ئۈچۈن كېچىنىڭ ۋاقتىدىن 2 سائەتنى ئېلىپ كۈندۈزنىڭ ۋاقتىغا قوشۇپ، كۈندۈزنى 14سائەت، كېچىنى 10سائەت قىلغانغا ۋە ئەكسىچە قىلىپ، كېچىنىڭ ۋاقتىنى ئۇزىتىش ئۈچۈن كۈندۈزنىڭ ۋاقتىدىن 2 سائەتنى ئېلىپ، كېچىنى 14سائەت، كۈندۈزنى10 سائەت قىلىپ قويغانغا ئوخشاش. مانا بۇ، ﴿كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىدۇر.

ئاللاھ تائالا يەنە كۈن بىلەن ئاينى مەخلۇقاتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئوربىتىسىدا تا قىيامەتكىچە شۇنداق ئايلىنىپ تۇرىدۇ. ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ياخشى ۋە يامان بارلىق ئىشلىرىڭلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىدۇ.

مۇشۇ بايانلاردىن كېيىن شۇ ئايدىڭلاشتىكى، ياراتقۇچىنى قويۇپ، قۇياشقا، ئايغا، يۇلتۇزلارغا ۋە تەبىئەت كۈچلىرىدىن قانداقلا بىرسىگە چوقۇنغۇچىلار ئۇيۇچۇق ئازغۇنلۇق پاتقاقلىرىغا پاتقانلاردۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەقتۇر، ئۇ ھەقىقەتنىڭ ئۆزىدۇر، ئۇ ھەقىقىي ئىلاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر. مۇشرىكلارنىڭ چوقۇنغان نەرسىلىرى ئۇيۇچۇق باتىلدۇر. ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن ناھايىتى ئۈستۈن، تولىمۇ بۈيۈك زاتتۇر. مۇشرىكلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن ئەلۋەتتە پاك ۋە ئۈستۈندۇر.

**ئاللاھ تائالا:** ﴿كۆرمەمسەنكى، ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ ۋە كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ، ئاللاھ كۈن بىلەن ئاينى (سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن) بويسۇندۇرۇپ بەردى، ئۇلارنىڭ ھەربىرى مۇئەييەن مۇددەتكىچە ئايلىنىپ تۇرىدۇ﴾ دېگەن سۆزى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بىرلىكى، بارلىقى ۋە كامالىي قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان يۇقىرى ئۇپۇقلاردىكى كائىنات ئالامەتلىرىنى بايان قىلغان بولسا، ﴿كۆرمەمسەنكى، كېمىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ نېمىتى (ۋە ئەمرى) بىلەن دېڭىزدا يۈرۈشى ئۇنىڭ سىلەرگە (ئۆز قۇدرىتىنىڭ) بىر قىسىم دەلىللىرىنى كۆرسىتىشى ئۈچۈندۇر﴾ دېگەن سۆزى ئارقىلىق زېمىندىكى ئالامەتلەرنى بايان قىلغان.

ئى ئىنسان! كۆرمىدىڭمۇ؟ بىلمىدىڭمۇ؟ دېڭىزدا يۈرىدىغان كېمىلەر پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى، پەزل-كەرەمى، قوغدىشى ۋە ھىمايىسى بىلەنلا شۇنداق يۈرىدۇ ۋە كۆزلىگەن نىشانىغا يېتىپ بارىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان بەزى دەلىللەرنى كۆرسىتىشنى خالايدۇ. ئەلۋەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسىدە، قىيىنچىلىق تارتقاندا سەۋر قىلىشنى بىلىدىغان، باياشاتقا چىققاندا شۈكۈر قىلىشنى بىلىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن، ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان نۇرغۇن دەلىللەر بار.

ئۇلارنى دېڭىزدا تاغدەك ئېگىز دولقۇنلار ئورىۋالغان چاغدا، ئۇلار سۇدا غەرق بولۇپ كېتىشتىن دۇنيانىڭ سەۋەبلىرى بىلەن قۇتۇلۇپ قېلىشقا كۆزى يەتمىگەن، ئىنسانلارنىڭ ياردىمىدىن ئۈمىدى پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن ۋە قاتتىق قورقۇپ كەتكەندە، ئۆزلىرىنىڭ يارىتىلىشتىكى تەبىئىي ھالىتىگە قايتىپ ئاللاھ تائالانى ئەسكە ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا چىن ئىخلاسى بىلەن ئىلتىجا قىلىشقا باشلايدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇلارنى دېڭىزدا غەرق بولۇپ كېتىشتىن قۇتقۇزۇپ، قۇرۇقلۇققا سالامەت چىقىرىپ قويسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بەزىسى بېشىغا كەلگەنلەردىن ئىبرەت ئېلىپ ئوتتۇرا يول تۇتىدۇ، يەنى ئەشەددىي كۇفرىلىقىدىن بىر ئاز كەينىگە قايتىپ ئوتتۇراھاللىققا كېلىپ قالىدۇ، يەنە بەزىسى بېشىغا كەلگەنلەردىن ھېچ ئىبرەت ئالمايدۇ ۋە كۇفرىلىقىدا چىڭ تۇرىدۇ، شۇ ئەشەددىي كۇفرىلىقىنى ۋە ئىنكارچىلىقىنى داۋاملاشتۇ-
رىدۇ.

بىزنىڭ كائىناتتىكى ئالامەتلىرىمىزنى ۋە «قۇرئان كەرىم»دىكى ئايەتلىرىمىزنى پەقەت نېمەت بەرگۈچىگە، ياخشىلىق قىلغۇچىغا

تۇزكورلۇق قىلىدىغان ۋە ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇشتىكى ئەسلى تەبىئىتىنىڭ تەلىپىگە خىيانەت قىلىدىغان ۋاپاسىزلاردىن باشقىسى ئىنكار قىلمايدۇ. چۈنكى، ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىدە ياخشىلىق قىلغۇچىغا ياخشىلىق قىلىش، نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلماسلىق خىسلىتى بار. ئەمما بۇ تۈردىكى ئىنكارچى كاپىرلار ئۆزىنىڭ تەبىئىتىگە ۋە يارىتىلىشتىكى تەبىئىي ھالىتىگە خىلاپلىق قىلىپ، نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلىدىغان بۇۋاپا مەخلۇقلاردۇر.

ئىنسان نېمىدېگەن تۇزكور-ھە! كائىناتتىكى ھەر نەرسە ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ تۇرسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقلۇقى ھەر قەدەمدە ئىسپاتلىنىپ تۇرسىمۇ، كاپىر ئىنسان يەنىلا ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلىدۇ. ئەمما بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلسە ياكى ئۆلۈم گىردابىغا كېلىپ قېلىپ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ياردىمىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلسە، دەرھال ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. ئاندىن تەلىپى قوبۇل بولۇپ، بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەردىن قۇتۇلۇپ چىققان ھامان يەنە ئىلگىرىكى كۇفرىلىقىغا قايتىدۇ ۋە يېگانە ياراتقۇچى، ھەممىگە نېمەت بەرگۈچى، ھالاكەت گىردابىغا چۈشۈپ قالغانلارنى قۇتقۇزغۇچى بولغان ئۇلۇغ رەببىنى ئىنكار قىلىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مازارلارنى تاۋاپ قىلىش ۋە مازاردىكى ئاتالمىش ئەۋلىيالار ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىش جاھىلىيەت دەۋرىدىكى مۇشرىكلارنىڭ قىلىقىدۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ سۆزلىرى چەكسىز بولۇپ، پۈتۈن دەل-دەرەخلەر قەلەم ۋە دېڭىز- ئوكيانلارنىڭ سۈيى سىياھ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنى يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

3. ئىنسانلارنىڭ بىلگەنلىرى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمىگە نىسبەتەن بىر تامچە سۇچىلىكمۇ بولالمايدۇ.

3. تەۋھىد ئەقىدىسى ئىنسان بىلەن بىرگە بارلىققا كەلگەن ئەسلى ئەقىدە، ئەمما شېرىك ئەقىدىسى ۋە دىنسىزلىق سىرتتىن كىرگەن بۇزۇق ئەقىدىدۇر.

4. سەۋر بىلەن شۈكۈر تولىمۇ پەزىلەتلىك ئەمەللەردىن بولۇپ، بۇ ئىككىسى بىر ئادەمدە جەم بولغاندا، ئۇنىڭدا بارچە ياخشىلىق جەم

بولغان بولىدۇ.

5. ئىنسانلارنىڭ ئەڭ رەزىلى تۆزكور ۋە ۋاپاسىز بولغىنىدۇر.

6. تۆزكورلۇق بىلەن بىۋاپالىق كاپىرلارنىڭ سۈپەتلىرىدىندۇر.

### ◄ ئاخىرەتتە ئەسقاتىدىغىنى ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەلدۇر

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ ٱتَّقُواْ رَبَّكُمْ وَٱخْشَوْاْ يَوْمًا لَّا يَجْزِى وَالِدٌ عَن وَلَدِهِۦ وَلَا مَوْلُودٌ هُوَ جَازٍ عَن وَالِدِهِۦ شَيْـًٔا ۚ إِنَّ وَعْدَ ٱللَّهِ حَقٌّ ۖ فَلَا تَغُرَّنَّكُمُ ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَا وَلَا يَغُرَّنَّكُم بِٱللَّهِ ٱلْغَرُورُ ﴿٣٣﴾ إِنَّ ٱللَّهَ عِندَهُۥ عِلْمُ ٱلسَّاعَةِ وَيُنَزِّلُ ٱلْغَيْثَ وَيَعْلَمُ مَا فِى ٱلْأَرْحَامِ ۖ وَمَا تَدْرِى نَفْسٌ مَّاذَا تَكْسِبُ غَدًا ۖ وَمَا تَدْرِى نَفْسٌۢ بِأَىِّ أَرْضٍ تَمُوتُ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌۢ ﴿٣٤﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

33ـ ئى ئىنسانلار! رەببىڭلاردىن قورقۇڭلار. شۇنداق بىر كۈندىن قورقۇڭلاركى، (ئۇ كۈندە) ئاتا بالىسىغا قىلچە ئەسقاتمايدۇ، بالىمۇ ئاتىسىغا ئەسقاتمايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر. شۇڭا دۇنيا تىرىكچىلىكى سىلەرنى ھەرگىز ئالداپ قويمىسۇن، شەيتاننىڭ سىلەرنى ئاللاھ (نىڭ مەغپىرىتىنىڭ كەڭلىكى) بىلەن ئالدىشىغا يول قويماڭلار.

34ـ شەكسىزكى، قىيامەتنىڭ ۋاقتى توغرىسىدىكى بىلىم ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر. يامغۇرنى ئاللاھ ياغدۇرىدۇ، بالىياتقۇدىكىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئاللاھ بىلىدۇ. ھېچكىم ئەتە نېمىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ھېچكىم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

### ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئالدىنقى ئايەتلەردىكى بايانلار ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى، شېرىكى يوقلۇقىنى، قىيامەت كۈنىنىڭ ھەقلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھەققىدە كەلگەن بولۇپ، بۇ سۈرە كىشىلەرنى ئاللاھ تائالادىن قورقۇشقا، ئۇنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەشكە، ئۇنىڭ جازاسىدىن

ساقلىنىشقا ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغان ھالدا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ياشاشتىن ئىبارەت تەقۋالىققا دەۋەت قىلىش بىلەن ئاخىرلاشقان.

### ◄ تەپسىرى

ئى ئىنسانلار! سىلەرنى ئەڭ چىرايلىق ۋە ئەڭ گۈزەل سۈرەتتە ياراتقان، ئەزايىڭلارنى ساغلام قىلغان، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سىلەر ئۈچۈن يارىتىپ بېرىپ، كائىناتنى سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلارغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن رەببىڭلاردىن قورقۇڭلار، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىپ غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار، ئۇنىڭ ئاسىي-گۇناھكارلار ئۈچۈن تەييارلىغان ئازابىدىن قورقۇڭلار. ئىنسان ئىنسانغا ياردەم قىلالمايدىغان، ھەتتا ئاتا بالىسىغا، بالىمۇ ئاتىسىغا ئەسقاتمايدىغان، ھەممە ئۆز دەردىدە قېلىپ، ئۆزىنىڭ غېمى بىلەنلا بولۇپ كېتىدىغان، ھېچكىم ھېچكىمنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالالمىغاندەك، ئۆزىنىڭ گۇناھىنى باشقىلارغا يۈكلەپمۇ قويالمايدىغان، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى تولۇق كۆرىدىغان قىيامەت كۈنىدىن قورقۇڭلار.

﴿(ئۇ كۈندە) ئاتا بالىسىغا ئەسقاتمايدۇ﴾ دېگەن ئايەت توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مَا مِنَ النَّاسِ مِنْ مُسْلِمٍ ، يُتَوَفَّى لَهُ ثَلاَثٌ لَمْ يَبْلُغُواْ الحِنْثَ ، إِلَّا أَدْخَلَهُ اللَّهُ الجَنَّةَ بِفَضْلِ رَحْمَتِهِ إِيَّاهُمْ» يەنى «قانداقلا بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۈچ بالىسى بالاغەتكە يەتمەي تۇرۇپ ۋاپات بولۇپ كەتكەن بولسا، ئاللاھ ئۇلارغا رەھىم قىلغانلىقتىن ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ»[1] دېگەن. يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «أَيُّمَا امْرَأَةٍ مَاتَ لَهَا ثَلاَثَةٌ مِنَ الوَلَدِ ، كَانُواْ حِجَابًا مِنَ النَّارِ» ، قَالَتِ امْرَأَةٌ: وَاثْنَانِ؟ قَالَ: «وَاثْنَانِ» يەنى «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ‹قانداقلا بىر ئايالنىڭ ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ ئايال دوزاختا كىرمەيدۇ› دېگەندە، ئاياللاردىن بىرى: ‹يارەسۇلۇللاھ! ئىككى بالىسى ئۆلۈپ كەتسىچۇ؟› دەپ سورىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ‹ئىككى بالىسى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالمۇ جەننەتكە كىرىدۇ› دەپ جاۋاب بەرگەن»[2]. ئەللامە قۇرتۇبىي بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «ئاتا بالىسىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە

---

[1] «صحيح البخاري» 2- توم 73-بەت،1248-بەت.

[2] «صحيح البخاري» 2- توم 73-بەت،١٢٤٩ - بەت.

ئالالمايدۇ، بالىمۇ ئاتىسىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ. ھېچكىم باشقا بىرىنىڭ گۇناھى سەۋەبلىك جازالانمايدۇ»[1].

ئى ئىنسانلار! ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ئەلۋەتتە ھەقتۇر، ئۇ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، بۇ دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرى، لەززەتلىرى ۋە ھۇزۇر-ھالاۋەتلىرى سىلەرنى ئاخىرەتتىن غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن، دۇنياغا بېرىلىپ كېتىپ ئاخىرەتلىككە كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلاردىن قىلىپ قويمىسۇن. قىسقىسى، دۇنيا تىرىكچىلىكى سىلەرنى ھەرگىز ئاخىرەتلىكتىن ئالداپ قويمىسۇن. ئۇنتۇماڭلاركى، ئاخىرەت ھاياتى ھەقىقىي ھاياتتۇر، ئۇ بۇ دۇنيا ھاياتىدىن ئەلۋەتتە ياخشى ۋە مەڭگۈلۈكتۇر. يەنە سىلەر شەيتاننىڭ ۋە قانداقلا بىر ئازدۇرغۇچىنىڭ سىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ مەغپىرىتىنىڭ ۋە مەرھەمىتىنىڭ كەڭلىكى ۋە بارلىق گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدىغانلىقى بىلەن ئالداپ، گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلدۇرۇشىغا ۋە ئاللاھ تائالادىن يىراقلاشتۇ-رۇۋېتىشىگە يول قويماڭلار. چۈنكى، شەيتان بارلىق ئادەم ئەۋلادىنى ئازدۇرۇشقا قەسەم قىلغان رەزىل مەخلۇق بولۇپ، پۇرسەت تاپسىلا سىلەرنى ئازدۇرۇپ، ئۆزىگە ئوخشاش دوزاخ ئەھلىنىڭ قاتارىدىن قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. شۇڭا سىلەر شەيتاننىڭ ۋە ھەرقانداق بىر ئالدامچىنىڭ سىلەرنى ئازدۇرۇشىغا پۇرسەت بەرمەڭلار. ئۇنتۇماڭلاركى، شەيتانلار ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىگە ھەرخىل ۋەسۋەسىلەرنى سېلىش ۋە ئۇلارغا يامان ئىشلارنى ياخشى قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئالدايدۇ. شەيتانلار يەنە ئىنسانلارغا كۆپلىگەن چىرايلىق ۋەدىلەرنى بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى توغرا يولدىن ئازدۇرىدۇ.

بىلىڭلاركى، شەيتانلارنىڭ ۋەدىلىرى پەقەتلا ئالدامچىلىقتۇر. ئۇلار كىشىلەرنى تولىراق مەغرۇرلۇق بىلەن ئالدايدۇ. مەسىلەن: بەزى كىشىلەرنىڭ قىلغان ئاز-تولا ياخشى ئەمەلى بىلەن مەغرۇرلىنىپ ئۆزىگە ئىشىنىپ كېتىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا بولغان ھاجىتىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئاجىز بەندە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ كەتكىنىگە ئوخشاش. شەكسىزكى، مۇنداق مەغرۇرلۇقنىڭ پالاكىتى بەكمۇ ياماندۇر. بۇ تارىختى ئۇزۇن ئىللەت بولۇپ، ئىلگىرىكى ساماۋى دىنىنىڭ مەنسۇپلىرىمۇ بۇ ئىللەتكە مۇپتىلا بولغان. ﴿لَّيۡسَ بِأَمَانِيِّكُمۡ وَلَآ أَمَانِيِّ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِۗ مَن يَعۡمَلۡ سُوٓءٗا يُجۡزَ بِهِۦ وَلَا يَجِدۡ لَهُۥ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَلِيّٗا وَلَا نَصِيرٗا ١٢٣ وَمَن يَعۡمَلۡ مِنَ ٱلصَّٰلِحَٰتِ مِن

[1] «تفسير القرطبي» 14-توم، 81-بەت.

ذَكَرٍ أَوۡ أُنثَىٰ وَهُوَ مُؤۡمِنٞ فَأُوْلَٰٓئِكَ يَدۡخُلُونَ ٱلۡجَنَّةَ وَلَا يُظۡلَمُونَ نَقِيرٗا﴾ يەنى ﴿جەننەت سىلەرنىڭ ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرۇق ئارزۇسى بىلەن قولغا كەلمەيدۇ. كىمكى بىرەر يامانلىق قىلىدىكەن، ئۇ بۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ، ئۆزى ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ. ئەر ياكى ئاياللاردىن مۆئمىنلىك ھالىتىدە تۇرۇپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، ئەنە شۇلار جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴾ [1].

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەريي ﴿شەيتان سىلەرنى ئاللاھ (نىڭ مەغپىرىتىنىڭ كەڭلىكى) بىلەن ئالدىمىسۇن﴾ دېگەن ئايەتكە: «سىلەرنى ھېچقانداق بىر ئالدامچى ئالداپ كەتمىسۇن، ئۇ ئالدامچى شەيتان بولۇشى مۇمكىن بولغاندەك، ئىنسان ۋە مال-دۇنيا بولۇشىمۇ مۇمكىن» دەپ مەنە ئېيتقان. ئاندىن سەئىد ئىبنى جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «ئايەتنىڭ مەنىسى: ئاللاھنىڭ گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىغا ئېسىلىۋېلىپ گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلماڭلار، دېگەنلىكتۇر» دېگەن سۆزىنى بايان قىلغان[2].

قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىنساننىڭ ئىلمىنىڭ سىرتىدىكى ئىشتۇر. ئاللاھ تائالا يەنە يامغۇرنىڭ قاچان ۋە نەگە ياغىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلىدۇ. چۈنكى، ئۇنى تەقدىر قىلغۇچى ۋە بەلگىلىگۈچى زات ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھ تائالا سۇسىزلىقتىن ئۆلگەن قاقاس زېمىنلارنى يامغۇر بىلەن تىرىلدۈرۈپ ياپيېشىللىققا ئايلاندۇرغىنىدەك، قىيامەت كۈنىدە جىمى ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈپ ھېساب مەيدانىغا توپلايدۇ.

ئاللاھ تائالا يەنە ئانا رەھمىدىكى تۆرەلمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى – ئوغۇلمۇ ياكى قىزمۇ؟ بەختلىكمۇ ياكى بەختسىزمۇ؟ ياخشىمۇ ياكى يامانمۇ؟ ھەممىنى- ئېنىق بىلىدۇ. ھېچكىم ئۆزىنىڭ ئەتە نېمىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى ۋە نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. چۈنكى، ئىنسانلار پەقەت ئەتە قىلىدىغان ئىشلىرىنى پىلانلىيالايدۇ، ئەمما قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنىڭ راستتىنلا ئەمەلگە ئېشىش ياكى ئاشماسلىقىنى بىلمەيدۇ. شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ نەدە ئۆلىدىغانلىقىنىمۇ

[1] نىسا سۈرىسى: 123ـ124ـ ئايەتلەر.
[2] «تفسير الطبري» 20ـتوم، 159ـبەت.

ھېچكىم بىلمەيدۇ.

ئىنسان ئۆزى ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان ئىشلىرىنى بىلمەيدىغان تۇرسا، ئۇ قىيامەت كۈنىنىڭ ۋاقتىنى قانداق بىلسۇن؟!

ئەمما ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن ھەممىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر، بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇ قىيامەت كۈنىدە شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇلاردىن ھېساب ئالىدۇ ۋە ئۇلارغا مۇكاپات ياكى جازادىن تېگىشلىكىنى بېرىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** چىن ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەل تەقۋالىقنىڭ ئاساسىدۇر.

**2.** قىيامەتنىڭ بولۇشى ئەقىل ۋە دىنىنىڭ بىردەك تەلىپىدۇر.

**3.**دۇنيا مەنپەئەتلىرىگە ئالدىنىپ كېتىپ ئاخىرەتنى ئۇنتۇغانلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر. شەيتان ئىنسانىيەتنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولۇپ، ھەمىشە ئۇنى ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ.

**4.** ئايەتتە بايان قىلىنغان بەش تۈرلۈك غەيبنى بىلىش ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: [مفاتيحُ الغيبِ خَمْسٌ لا يعلَمُها إلَّا اللهُ : لا يعلَمُ ما تغيضُ الأرحامَ أحَدٌ إلَّا اللهُ ولا ما في غَدٍ إلَّا اللهُ ولا يعلَمُ متى يأتي المَطَرُ إلَّا اللهُ ولا تدري نفسٌ بأيِّ أرضٍ تموتُ ولا يعلَمُ متى تقومُ السَّاعةُ أحَدٌ إلَّا اللهُ] «غەيبنىڭ ئاچقۇچلىرى بەش بولۇپ، ئۇلارنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. بالىياتقۇلاردىكىلەرنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئەتە نېمە بولىدىغانلىقىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، يامغۇرنىڭ قاچان ياغىدىغانلىقىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، بىراۋنىڭ نەدە ئۆلىدىغانلىقىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ»[1].

---

[1] «صحيح البخاري» 6-توم، 4627- ھەدىس.

# سەجدە سۈرىسى

سەجدە سۈرىسى 30 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، 18-، 19-ۋە 20-ئايەتلىرى مەدىنىدە، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى مەككىدە نازىل بولغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: مەۋجۇداتنىڭ يارىتىلىشى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالى قاتارلىقلارنى بايان قىلىش ئارقىلىق «قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن ھەقىقەتلەرنىڭ بەزى نامايەندىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

سۈرىنىڭ ئىسمى مۇشۇ سۈرىنىڭ 15-ئايىتى بولغان ﴿إِنَّمَا يُؤۡمِنُ بِـَٔايَٰتِنَا ٱلَّذِينَ إِذَا ذُكِّرُواْ بِهَا خَرُّواْ سُجَّدٗاۤ وَسَبَّحُواْ بِحَمۡدِ رَبِّهِمۡ وَهُمۡ لَا يَسۡتَكۡبِرُونَ۩﴾ يەنى ﴿بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە پەقەت شۇنداق كىشىلەرلا ئىمان ئېيتىدۇكى، ئۇلارغا شۇ ئايەتلەر بىلەن ۋەز- نەسىھەت قىلىنسا، چوڭچىلىق قىلماستىن، سەجدىگە باش قويىدۇ ۋە رەببىنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ﴾ دېگەن ئايەتتىن ئېلىنغان. ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇما: «كَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقْرَأُ فِي الجُمُعَةِ فِي صَلاَةِ الفَجْرِ الم تَنْزِيلُ السَّجْدَةَ ، وَهَلْ أَتَى عَلَى الإِنْسَانِ حِينٌ مِنَ الدَّهْرِ» يەنى «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمە كۈنلۈكتە بامدات نامىزىنىڭ پەرزىدە سەجدە سۈرىسى بىلەن ئىنسان سۈرىسىنى ئوقۇيتتى»[1] دېگەن.

سەجدە سۈرىسى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ تۇرۇۋاتقان كائىنات ئالامەتلىرى، ئىنساننىڭ يارىتىلىش قىسسىسى، قىيامەت كۈنىدە بولىدىغان ئىشلار ۋە ياخشىلارنىڭ غەلىبىلىك نەتىجىسى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكى، قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقى قاتارلىقلارنىڭ بايانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئەللامە سەييىد قۇتۇب بۇ سۈرىنىڭ غايىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ سۈرە ئىنسان قەلبىگە ئىسلام ئەقىدىسىنى ئورنىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ

---

[1] «صحيح البخاري» 2- توم 5-بەت، 891-ھەدىس.

تۇغۇلۇشتىكى ئىپتىنى ئويغىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ قەلبىگە خىتاب قىلغان مەككە سۈرىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ يەككە-يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكى، كائىناتنى ۋە ئىنسانلارنى ياراتقانلىقى، ھەممىنى پەرۋىش قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىنسانىيەتكە ئەۋەتىلگەن ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكى، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنىڭ راستلىقى ۋە قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقى قاتارلىق تۆت چوڭ ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى مەقسەت قىلغان»[1].

## ◄ قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىدۇر

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿الٓمٓ ۝١ تَنزِيلُ ٱلۡكِتَٰبِ لَا رَيۡبَ فِيهِ مِن رَّبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ۝٢ أَمۡ
يَقُولُونَ ٱفۡتَرَىٰهُۚ بَلۡ هُوَ ٱلۡحَقُّ مِن رَّبِّكَ لِتُنذِرَ قَوۡمٗا مَّآ أَتَىٰهُم مِّن
نَّذِيرٖ مِّن قَبۡلِكَ لَعَلَّهُمۡ يَهۡتَدُونَ ۝٣ ٱللَّهُ ٱلَّذِي خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَٱلۡأَرۡضَ وَمَا بَيۡنَهُمَا فِي سِتَّةِ أَيَّامٖ ثُمَّ ٱسۡتَوَىٰ عَلَى ٱلۡعَرۡشِۖ مَا لَكُم
مِّن دُونِهِۦ مِن وَلِيّٖ وَلَا شَفِيعٍۚ أَفَلَا تَتَذَكَّرُونَ ۝٤ يُدَبِّرُ ٱلۡأَمۡرَ
مِنَ ٱلسَّمَآءِ إِلَى ٱلۡأَرۡضِ ثُمَّ يَعۡرُجُ إِلَيۡهِ فِي يَوۡمٖ كَانَ مِقۡدَارُهُۥٓ أَلۡفَ
سَنَةٖ مِّمَّا تَعُدُّونَ ۝٥ ذَٰلِكَ عَٰلِمُ ٱلۡغَيۡبِ وَٱلشَّهَٰدَةِ ٱلۡعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ
۝٦ ٱلَّذِيٓ أَحۡسَنَ كُلَّ شَيۡءٍ خَلَقَهُۥۖ وَبَدَأَ خَلۡقَ ٱلۡإِنسَٰنِ مِن طِينٖ
۝٧ ثُمَّ جَعَلَ نَسۡلَهُۥ مِن سُلَٰلَةٖ مِّن مَّآءٖ مَّهِينٖ ۝٨ ثُمَّ سَوَّىٰهُ وَنَفَخَ
فِيهِ مِن رُّوحِهِۦۖ وَجَعَلَ لَكُمُ ٱلسَّمۡعَ وَٱلۡأَبۡصَٰرَ وَٱلۡأَفۡـِٔدَةَۚ قَلِيلٗا
مَّا تَشۡكُرُونَ ۝٩﴾

## ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

[1] «في ظلال القرآن» 6-توم، 20-بەت.

1ـ ئەلىف، لام، مىيم (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

2ـ (بۇ) كىتابنىڭ ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن نازىل بولغانلىقىدا قىلچە شەك يوقتۇر.

3ـ مۇشرىكلار: «ئۇنى (يەنى قۇرئاننى مۇھەممەد) ئۆزى ئويدۇرۇپ چىققان دېيىشەمدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇ (قۇرئان) سەندىن ئىلگىرى ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر كەلمىگەن بىر قەۋمنى ھىدايەت تاپسۇن دەپ، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، رەببىڭ تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتتۇر.

4ـ ئاللاھ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئالتە كۈندە ياراتقان، ئاندىن (ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە) ئەرشكە ئۆرلىگەن زاتتۇر. سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىگە يوق، شاپائەت قىلغۇچىمۇ يوق. سىلەر (بۇنىڭدىن) نەسىھەت ئالماسىلەر؟

5ـ ئاسماندىن زېمىنغىچە بولغان (ھەممە) ئىشنى ئاللاھ ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ، ئاندىن بۇ (ئىشلار) ئۇزۇنلۇقى سىلەر ساناۋاتقان مىڭ يىلدەك كېلىدىغان بىر كۈندە ئۇنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ.

6ـ ئەنە شۇ غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى، مۇتلەق غالىب ۋە ناھايىتى مېھرىبان ئاللاھتۇر.

7ـ ئاللاھ ھەر نەرسىنى ئەڭ مۇكەممەل ياراتقان زاتتۇر، ئۇ ئىنساننى يا-رىتىشنى دەسلەپتە لايدىن باشلىدى.

8ـ ئاندىن ئۇنىڭ نەسلىنى ئەرزىمەس سۇنىڭ جەۋھىرى (بولغان مەني)دىن ياراتتى.

9ـ ئاندىن ئۇنى بېجىرىم (ئىنسان) قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزى (ياراتقان) روھتىن پۈۋلىدى (يەنى جان كىرگۈزدى). يەنە سىلەر ئۈچۈن قۇلاقلارنى، كۆزلەرنى ۋە يۈرەكلەرنى ياراتتى، سىلەر تولىمۇ ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر.

### ◄ تەپسىرى

بۇ سۈرىمۇ باشقا مەككە سۈرىلىرىگە ئوخشاشلا ئەقىدە مەسىلىسىگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى دەلىللەش، مۇشرىكلارنىڭ خۇراپاتلىرىغا رەددىيە بېرىش، قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنىڭ دەلىللىرىنى بايان قىلىش ۋە كىشىلەرنى ئىسلامي ئەخلاق-پەزىلەتكە چاقىرىش قاتارلىق

مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئەلىف. لام. مىيم. بۇ خىلدىكى ئۈزۈك ھەرپلەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ سىرلىرىدىن بولۇپ، بۇ ھەرپلەرگە مەنە ئېيتىلمايدۇ. چۈنكى، بۇلارنىڭ مەنىسىنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ. (بۇ ھەقتە بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا توختالدۇق).

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە يەتكۈزگەن بۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتاب ئىكەنلىكىدە ھېچقانداق شەك-شۈبھە يوق. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، مۇشرىكلار بۇ ئۇلۇغ كىتابنى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ئۆزى توقۇپ چىقتى دېيىشەمدۇ؟ ياق! ئىش ھەرگىز ئۇلار ئويلىغاندەك ئەمەس، چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ئەمەس. بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىدۇر. بۇ مۇشرىكلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇنازىرىسىگە تەڭ كېلەلمىگەن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىرەر كىتابنى ياكى بىرەر سۈرىنى ۋەياكى ئۇنىڭ ئايەتلىرىگە ئوخشايدىغان 10 ئايەتنى ئىجاد قىلالماستىن، ئۆزلىرىنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى، ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقان تۇرۇپ، يەنە بۇ كىتابنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزى توقۇپ چىقتى، دەپ بىلجىرلامدۇ؟ بۇ قانداق ئەقىلسىزلىق؟ بۇ قانداق قاملاشمىغان گەپ؟

ئىش ھەرگىز ئۇ مۇشرىكلار گۇمان قىلغاندەك ۋە ئۇلار بىلجىرلىغاندەك ئەمەس. بەلكى ئۇ «قۇرئان كەرىم» شەك قوبۇل قىلمايدىغان ھەقىقەتتۇر. ئۇنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكى ئۇنىڭ بايانلىرىدىكى راستچىللىقىدا، توغرىلىقىدا، ھەققانىيلىقىدا، كائىناتنى چۈشەندۈرۈشتىكى چىنلىقىدا، كائىنات بىلەن ئىنساننى بىر-بىرىگە باغلاشتىكى مۆجىزىسىدە، ئەھكاملىرىنىڭ ئادالەتلىك، كۆرسەتمىلىرىنىڭ ھېكمەتلىك ئىكەنلىكىدە ۋە باشقا نۇرغۇن تەرەپلىرىدە نامايان بولۇپ تۇرماقتا.

ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ تائالا بۇ ئۇلۇغ كىتاب - «قۇرئان كەرىم»نى ئاتا-بوۋىلىرىغا پەيغەمبەر كەلمىگەن، جاھالەت پاتقاقلىرىغا پېتىپ كەتكەن ئەرەبلەر ئالدى بىلەن ھىدايەت تاپسۇن، ئاندىن باشقا مىللەتلەرگە يەتكۈزسۇن دەپ، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن ساڭا نازىل قىلدى.

ئەرەبلەرگە ئىلگىرى بىرمۇ پەيغەمبەر كېلىپ باقمىغانمۇ؟ ئەلۋەتتە

كەلگەن. فاتىر سۈرىسىدە: ﴿وَإِن مِّنۡ أُمَّةٍ إِلَّا خَلَا فِيهَا نَذِيرٞ﴾ يەنى ﴿قانداقلا بىر ئۈممەت بولسۇن، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر كەلگەن﴾ [1] دېگەن ئايەت ۋە مۇشۇ مەنىدە كەلگەن باشقا ئايەتلەر بۇنى ئىسپاتلايدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە ئەرەبلەردىن چىققان بەش پەيغەمبەرنىڭ ئىسىملىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار: ھۇد، سالىھ، شۇئەيب، ئىسمائىل ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قاتارلىقلاردۇر.

1. ھۇد ئەلەيھىسسالام ئاد قەۋمىگە ئەۋەتىلگەن. ئاد قەۋمى ئومان، يەمەن ۋە ھەزرەموت ئارىسىدىكى ئەھقاف دېگەن جايدا ياشايتتى.

2. سالىھ ئەلەيھىسسالام سەمۇد قەۋمىگە ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئۇلار ھىجاز بىلەن تەبۇك ئارىسىدىكى ھىجر دېگەن جايدا ياشايتتى.

3. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام مەديەن ئاھالىسىغا ئەۋەتىلگەن بولۇپ، مەديەن ئاھالىسى ھىجازنىڭ شامغا يېقىن بولغان جايلىرىدا ياشايتتى.

4. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام جۇرھۇم، ئەمالىقە، قەبىلىلىرىگە ۋە يەمەنلىك بەزى قەبىلىلەرگە ئەۋەتىلگەن.

5. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ ھەممىسىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەردۇر.

«كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ﴿ئىلگىرى ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر كەلمىگەن بىر قەۋم...﴾ دېگەن ئايەتتىكى «قەۋم»دىن مەقسەت ئەرەبلەرنىڭ قۇرەيش قەبىلىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى قەبىلىلەردۇر. ئۇلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن ھېچقانداق پەيغەمبەر كەلمىگەن. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەجدادلىرىدىن بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەن زامانلاردا قۇرەيش قەبىلىسى يوق ئىدى. چۈنكى، قۇرەيش قەبىلىسى ئەدنان ئەرەبلىرىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئەدنان ئەرەبلىرى بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن ئەسىرلەر ئۆتكەن»[2].

﴿(بۇ) كىتابنىڭ ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن نازىل بولغانلىقىدا قىلچە شەك يوقتۇر﴾ دېگەن ئايەتتىكى بەدىئىي ئۇسلۇبنىڭ ئىپسىل-

---

[1] فاتىر سۈرىسى: 24-ئايەت.

[2] «ئىسلام ۋېب» 57669- نومۇرلۇق پەتىۋا.

لىكىگە قاراڭ! ئالدى بىلەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتاب ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك يوقلۇقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەق ۋە توغرا ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. ئاندىن «قۇرئان مۇھەممەدنىڭ سۆزىدۇر» دېگۈچىلەرگە رەددىيە بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇنازىرىسى ئالدىدا ئاجىز قالغانلىقىنى ئەمەلىي ئىسپات بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىنكارىدىن ئىسپاتقا يۆتكىلىپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ جىمى ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ھەق كىتاب ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان.

ئۇنداقتا، ئالەملەرنىڭ رەببى كىم؟ شەكسىزكى، ئالەملەرنىڭ رەببى ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارلىق مەۋجۇداتنى ئالتە كۈندە ياراتقان، ئاندىن ئەرشنىڭ ئۈستىگە ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئۆرلىگەن زاتتۇر.

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى «قۇرئان كەرىم»گە قۇلاق سېلىپ، ئۇنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، مەنىسىنى ياخشى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالسۇن دەپ، ئالدى بىلەن ئۆزىنى تونۇشتۇرغان، ئۆزىنىڭ پۈتكۈل كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى بايان قىلغان، ئاندىن «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت بۇ ساماۋى كىتابنىڭ پۈتۈن كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاشۇ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان.

ئېنىقكى، ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىگە قادىر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى، ئاسمان ۋە زېمىننى، شۇنداقلا جىمى ئالەملەرنى يوقتىن بارلىققا كەلتۈرگەن قۇدرەتلىك ئىلاھ ئىكەنلىكىنى تونۇغان ئادەم ئۇنىڭ سۆزى بولغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ قەدرىنى بىلىدۇ، ئۇنى ئۇلۇغلايدۇ.

ئاللاھ تائالا ئەنە شۇنداق قۇدرەتلىك، يېگانە ئىلاھتۇر. سىلەرگە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچقانداق ياردەم قىلغۇچى ياكى شاپائەتچى تېپىلمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى كەلگەن ۋاقىتتا سىلەرنى ئۇنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان ھېچكىم چىقمايدۇ.

ئاللاھ تائالا دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ ۋە رەتكە سېلىپ تۇرىدۇ، مەخلۇقاتنى پەرۋىش قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ۋە ئەھۋالىنى باشقۇرۇپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزى ئالدىن بېكىتتۈەتكەن تەقدىر

بويىچە بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئىدارە قىلىشى ۋە باشقۇرۇشى ئاسمانلاردىن زېمىنغىچە بولغان ھەممە ئىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەنى ئاللاھ تائالا بارلىق ئالەملەرنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، رەتكە سېلىپ ۋە پەرۋىش قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ ئىش تاكى قىيامەت قايىم بولغان كۈنگە قەدەر شۇنداق داۋاملىشىدۇ. شۇ كۈندە بۇ ئىشلار ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇزۇنلۇقتا مۇشۇ دۇنيانىڭ مىڭ يىلىغا تەڭ كېلىدۇ.

ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، بۇ كائىناتنى ئىدارە قىلىپ تۇرۇۋاتقان، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغان رەببىڭلار ئەنە شۇدۇر. ئۇنىڭدىن قورقۇڭلار، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار، توغرا يول تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭ كىتابىغا تەپەككۇر نەزىرىڭلار بىلەن قاراپ ئىبرەت ۋە ئۈگۈت ئېلىڭلار. رەببىڭلار شۇنداق قۇدرەتلىك، ھەممىگە مۇتلەق غالىب، جازاسى قاتتىق تۇرۇقلۇق، يەنە بىر تەرەپتىن مەخلۇقاتىغا ناھايىتى مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك زاتتۇر. بەندىلىرىنى ياخشىلىققا چاقىرىدۇ، ئۇلارغا ياخشىلىق ئاتا قىلىدۇ، ئۇلارغا ئۇلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلسۇن دەپ، پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىدۇ، پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن رەھمەت بولغان، ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن شىپا بولغان ئۇلۇغ كىتابنى نازىل قىلىدۇ.

﴿ٱلَّذِيٓ أَحۡسَنَ كُلَّ شَيۡءٍ خَلَقَهُۥ﴾ دېگەن ئايەتنى بەزى مۇپەسسىرلەر: ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ئەڭ چىرايلىق ياراتقان زاتتۇر، دەپ تەپسىر قىلغان بولسىمۇ، ئەللامە ئىبنى كەسىر، ئەللامە تەبەرىي ۋە ئەللامە قۇرتۇبىي قاتارلىق مەشھۇر مۇپەسسىرلەر مەزكۇر ئايەتنى ﴿ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ئەڭ مۇكەممەل ياراتقان زاتتۇر﴾ دەپ تەپسىر قىلغان. كائىناتتىكى ھەربىر مەۋجۇدات ئەڭ مۇكەممەل ئىنتىزام ۋە تەرتىپ بويىچە داۋام قىلماقتا. ئاللاھ تائالا ھېچقانداق بىر نەرسىنى بىكارغا ياراتقان ئەمەس. ھەتتا ئادەمنى چىشلەيدىغان غالجىر ئىت بىلەن ئادەمنى چاقىدىغان زەھەرلىك چايانىمۇ بىكارغا ياراتقان ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالا جىمى ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە پەرۋىشچىسى بولغاچقا، ئۇ ھەر خىل ۋە ھەر تىپتىكى مەخلۇقاتلارنى يارىتىش ئارقىلىق تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدۇ. مەسىلەن: بەزى ھايۋانلارنىڭ ۋە ئۇچارقاناتلارنىڭ سانى ئازىيىپ كەتسە ياكى ئۇلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ تۈگەپ كەتسە، تەبىئەتنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلىدۇ، غەيرى نورمال ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا بەزى دۆلەتلەر نەسلى قۇرۇپ كېتىش گىردابىغا كېلىپ قالغان بەزى ھايۋانلارنىڭ نەسلىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەر يىلى كۆپ مىقداردا پۇل سەرپ

قىلىدۇ. ئاددىي بىر مىسالنى ئالساق، بەزى مەھەللىلەردە مۈشۈكنىڭ ئاز قېلىشى سەۋەبلىك چاشقانلارنىڭ سانى كۆپىيىپ قالىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. چۈنكى، تەبىئەتتە ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى زۆرۈردۇر. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئاللاھ تائالا ھېچبىر نەرسىنى مەقسەتسىز ياراتمىغان، ھېچقانداق بىر مەۋجۇدات بىكارغا يارىتىلمىغان ۋە ھېچقانداق نەرسە ئەھمىيەتسىز ئەمەس.

ئاللاھ تائالا كائىناتنى ئەنە شۇنداق ئىدارە قىلىپ، پەرۋىش قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ياراتقانلىرىدا مەنىسىزلىك يوق. بۇلارنى پەقەت ئەقلىنى ئىشلىتىپ تەپەككۇر قىلغانلار بىلىدۇ. بەزى ئىنسانلار كائىناتتىكى بەزى جانلىقلارنى ۋە بەزى نەرسىلەرنى ئەھمىيەتسىز دەپ ئويلىشى مۇمكىن. ئەمما بۇ ھەقتە ئىزدەنگەن كىشىلەر ئۇزۇنغا قالماي ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھېكمىتىنى ۋە پايدىسىنى چۈشىنىپ قالىدۇ. خۇسۇسەن پەن-تېخنىكا تەرەققىي قىلغانسېرى نۇرغۇنلىغان مەۋجۇداتنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدىكى ھېكمەتلەر ئوتتۇرىغا چىقماقتا. ئاللاھ تائالا ھەر نەرسىنى ۋاقتى كەلگەندە بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، ئۇ بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا دەسلەپكى ئىنسان ئادەم ئەلەيھىسسالامنى لايدىن يارىتىپ، ئۇنى چىرايلىق سۈرەتكە كىرگۈزگەن، ئاندىن ئۇنىڭ يارىتىلىشىنى تاماملاپ بولۇپ، ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن، ئاندىن يەنە ئىنسان ئۈچۈن قۇلاقلارنى، كۆزلەرنى ۋە يۈرەكنى ياراتقان، ئىنسان نەسلىنى شۇ ئەرزىمەس سۇدىن (يەنى ئىسپېرمىدىن) ياراتقان ئۇلۇغ زاتتۇر. ئى ئىنسانلار! سىلەر ناھايىتى ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر.

ئى ئىنسانلار! سىلەر بەدىنىڭلار تۇپراقتىن، روھىڭلار ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ئالاھىدە ھۆرمەتلىك مەۋجۇداتتۇر. ئاللاھ تائالا سىلەرنى كائىناتتىكى ئالامەتلەرنى كۆرسۇن، ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالسۇن ۋە تەپەككۇر قىلىپ ھەقىقەتنى تاپسۇن، شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز ھېكمىتىنى ۋە كامالىي قۇدرىتىنى تونۇسۇن دەپ، سىلەرگە كۆز، قۇلاق ۋە يۈرەك قاتارلىق ئەزالارنى ئاتا قىلدى. شەكسىزكى، بۇ ئۈچ ئەزا ھەقىقەتنى ئىزدەپ تېپىشنىڭ ۋە توغرا ئىلىمنى ھاسىل قىلىشنىڭ قورالىرىدۇر. ئەپسۇسكى، ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ قەلبى قارىيىپ كەتكەن، قۇلاقلىرى ھەقىقەتنىڭ ساداسىنى ئاڭلىمايدىغان، كۆزلىرى ھەقىقەتنى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغان. شۇڭا مۇنداق ئىنسانلار ئەسلا توغرا يول تاپالمايدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەرنىڭ ئەڭ چوڭىدۇر.

2. «قۇرئان كەرىم» ئۆز ۋاقتىدىكى مۇشرىكلار بىلجىرلىغاندەك شېئىر ياكى سېھىر ئەمەس، بەلكى مۆجىزىدۇر.

3. «قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل قىلىنىشىدىكى ھېكمەتلەرنىڭ بىرى كىشىلەرنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.

4. ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ تائالا ھەممىنى ئەڭ مۇكەممەل ياراتقان زاتتۇر.

5. ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش پەرزدۇر. ئىنسانلار ئاللاھ تائالاغا قانچىلىك كۆپ شۈكۈر قىلسىمۇ، ئۇلار ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان نېمەتلەردىن بىرەرسىنىڭمۇ شۈكرانىسىنى ئادا قىلالمايدۇ.

### تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلار

﴿وَقَالُوٓاْ أَءِذَا ضَلَلۡنَا فِى ٱلۡأَرۡضِ أَءِنَّا لَفِى خَلۡقٖ جَدِيدِۢۚ بَلۡ هُم بِلِقَآءِ
رَبِّهِمۡ كَٰفِرُونَ ١٠ ۞ قُلۡ يَتَوَفَّىٰكُم مَّلَكُ ٱلۡمَوۡتِ ٱلَّذِى وُكِّلَ
بِكُمۡ ثُمَّ إِلَىٰ رَبِّكُمۡ تُرۡجَعُونَ ١١ وَلَوۡ تَرَىٰٓ إِذِ ٱلۡمُجۡرِمُونَ نَاكِسُواْ
رُءُوسِهِمۡ عِندَ رَبِّهِمۡ رَبَّنَآ أَبۡصَرۡنَا وَسَمِعۡنَا فَٱرۡجِعۡنَا نَعۡمَلۡ صَٰلِحًا
إِنَّا مُوقِنُونَ ١٢ وَلَوۡ شِئۡنَا لَأٓتَيۡنَا كُلَّ نَفۡسٍ هُدَىٰهَا وَلَٰكِنۡ حَقَّ
ٱلۡقَوۡلُ مِنِّى لَأَمۡلَأَنَّ جَهَنَّمَ مِنَ ٱلۡجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ أَجۡمَعِينَ ١٣ فَذُوقُواْ
بِمَا نَسِيتُمۡ لِقَآءَ يَوۡمِكُمۡ هَٰذَآ إِنَّا نَسِينَٰكُمۡۖ وَذُوقُواْ عَذَابَ ٱلۡخُلۡدِ
بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ١٤﴾

### تەرجىمىسى

10-ئۇلار: «بىز يەر ئاستىدا (تۇپراققا ئايلىنىپ) يوقىلىپ كەتكەندىن كېيىن راستتىنلا قايتا يارىتىلامدۇق؟» دەيدۇ، بەلكى ئۇلار رەببىنىڭ ئالدىغا

بارىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلغۇچىلاردۇر.

11ـئېيتقىنكى، «جېنىڭلارنى ئېلىشقا مەسئۇل قىلىنغان ئۆلۈم پەرىشتىسى سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر».

12ـئەگەر سەن گۇناھكارلارنىڭ رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا: «ئى رەببىمىز! (بىز ھەقىقەتنى) كۆردۇق، ئاڭلىدۇق. بىزنى (دۇنياغا) قايتۇرغىن، بىز ياخشى ئەمەللەرنى قىلايلى، بىز ھەقىقەتەن (ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە) قەتئىي ئىشەندۇق» دەپ باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغان ۋاقتىدىكى ھالىنى كۆرىدىغان بولساڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق بىر ھالەتنى كۆرگەن بولاتتىڭ).

13ـئەگەر بىز خالىساق، ھەربىر كىشىگە ئەلۋەتتە ھىدايەت ئاتا قىلاتتۇق، لېكىن مېنىڭ « جىنلار ۋە ئىنسانلار (ئارىسىدىكى گۇناھكارلار) نىڭ ھەممىسى بىلەن جەھەننەمنى چوقۇم تولدۇرىمەن» دېگەن ھۆكۈمۈم بېكىتىلىپ بولدى.

14ـ(ئۇ كۈنى دوزاخ ئەھلىگە مۇنداق دېيىلىدۇ:) «مۇشۇ كۈنگە يولۇقىدىغانلىقىڭلارنى ئۇنتۇغانلىقىڭلار ئۈچۈن (بۇ ئازابنى) تېتىڭلار، بىزمۇ ھەقىقەتەن سىلەرنى ئۇنتۇدۇق، قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىن مەڭگۈلۈك ئازابنى تېتىڭلار».

## ◄ تەپسىرى

ئاخىرەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشىگە ئىشەنمىگەنلىكىدىن، ﴿بىز يەر ئاستىدا (تۇپراققا ئايلىنىپ) يوقىلىپ كەتكەندىن كېيىن راستتىنلا قايتا يارىتىلامدۇق؟﴾ دېيىشتى. ئەسلىدە ئۇلار بۇ سۆزلىرى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا بارىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشتىن ئىبارەت قۇدرىتىنىلا ئىنكار قىلمايدۇ، بەلكى قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدۇ، شۇنداقلا ساۋاب، گۇناھ، ئاخىرەتتە ھېساب بېرىش، مۇكاپات، جازا، جەننەت ۋە دوزاخ دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! ئۇ كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، ئەجىلىڭلار توشقان كۈنى سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئېلىشقا تەيىنلەنگەن ئۆلۈم پەرىشتىسى (ئەزرائىل) چوقۇم سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىڭلارنى ئۆزۈڭلارمۇ بىلىسىلەر. چۈنكى، ھامان بىر كۈنى ئۆلىدىغانلىقىڭلارنى ئىنكار قىلالمايسىلەر. ئاندىن سىلەر چوقۇم رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر. مانا بۇ، سىلەر ئىنكار

قىلىنغاتقان چوڭ ئۆچرىشىش بولۇپ، ئاۋۋال ئەزرائىل جېنىڭلارنى ئالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سىلەر بۇ دۇنيادىن ئايرىلىسىلەر، ئاندىن قىيامەت قايىم بولغان كۈنى تىرىلىپ ھېساب مەيدانىغا توپلىنىسىلەر ۋە ئاللاھ تائالاغا ھېساب بېرىسىلەر. ئاللاھ تائالاغا ئۆچرىشىش دېگەن مانا مۇشۇدۇر.

بۇ مەنە ئەنئام سۈرىسىدە: ﴿وَيُرۡسِلُ عَلَيۡكُمۡ حَفَظَةً حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءَ أَحَدَكُمُ ٱلۡمَوۡتُ تَوَفَّتۡهُ رُسُلُنَا وَهُمۡ لَا يُفَرِّطُونَ﴾ يەنى ﴿نىھايەت، بىرىڭلارغا ئۆلۈم كەلگەندە، بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز قىلچە بىپەرۋالىق قىلماستىن ئۇنىڭ جېنىنى ئالىدۇ﴾[1] دەپ كەلگەن بولسا، زۇمەر سۈرىسىدە: ﴿ٱللَّهُ يَتَوَفَّى ٱلۡأَنفُسَ حِينَ مَوۡتِهَا﴾ يەنى ﴿ئىنسانلار ئۆلىدىغان چاغلىرىدا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالىدۇ﴾ [2] دەپ كەلگەن. بۇ ئايەتلەر ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق زىتلىق يوق. چۈنكى، گەرچە جاننى ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام ئالسىمۇ، ئۇنى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەنلا ئالىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي جان ئالغۇچى ئاللاھ تائالادۇر. چۈنكى، ئۆلۈمنى ياراتقان ۋە پەرىشتىلەرنى جان ئېلىشقا بۇيرۇغان زات ئاللاھ تائالادۇر. جان ئالغۇچى ئەزرائىلنىڭمۇ ياردەمچىلىرى بولۇپ، جان ئېلىش ئىشلىرىدا ئۇنىڭغا ياردەملىشىدۇ.

ئى ئىنسان! ئەگەر سەن گۇناھكار كاپىرلارنىڭ قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا : «ئى رەببىمىز! بىز دۇنيادىكى ۋاقتىمىزدا ئىشەنمىگەن بۇ ئاخىرەت ھاياتىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئەمدى ئۆز كۆزلىرىمىز بىلەن كۆردۇق ۋە ئۆز قۇلاقلىرىمىز بىلەن ئاڭلىدۇق، بىزگە يەنە بىر قېتىم پۇرسەت بەرگىن، بىزنى دۇنياغا قايتۇرغىن، بىز دۇنياغا قايتىپ بېرىپ، سېنىڭ ئەمر-پەرمانىڭ بويىچە ياشاپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلايلى، بىز ھەقىقەتەن ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ راست ئىكەنلىكىگە چىن قەلبىمىز بىلەن ئىشەندۇق» دەپ يالۋۇرۇپ، خار- زەبۇنلۇق ۋە قاتتىق قورقۇنچ ئىچىدە باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغان ھالىتىنى كۆرىدىغان بولساڭ، ئاجايىپ قورقۇنچلۇق بىر ھالەتنى كۆرگەن بولاتتىڭ. كاپىرلارنىڭ ئۇ چاغدىكى تىلىكى قەتئىي ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئۇلار دۇنيادىكى ۋاقىتلىرىدا ھەقىقەتنى كۆرمەستىن، ئۇنىڭغا قۇلاق سالماستىن، خۇددى ھايۋانلارغا ئوخشاش يېيىش-ئىچىش ۋە كۆڭۈل ئېچىش بىلەنلا ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغان بەختسىزلەردۇر. ئۇلارنىڭ

[1] ئەنئام سۈرىسى: 61-ئايەت.
[2] زۇمەر سۈرىسى: 42-ئايەت.

ئاخىرەت ھاياتىغا يۆتكىلىپ بولغاندىن كېيىن ھەقىقەتنى كۆرگەنلىكىنىڭ، ئاڭلىغانلىقىنىڭ ۋە بىلگەنلىكىنىڭ نېمىگە پايدىسى بولسۇن؟! ئۇ كۈندىكى پۇشايمان ئۇلارغا قانداقمۇ پايدا بەرسۇن؟! كۆرۈش، ئاڭلاش ۋە بىلىشنىڭ ئورنى دۇنيا ھاياتى ئەمەسمۇ؟

ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ناۋادا ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى دۇنيا ھاياتىغا قايتا ئەۋەتسە، ئۇلار يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىلىقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. دېمەك، ئۇلار دۇنيا ھاياتىدىمۇ يالغان ئېيتىش، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۆزلىرىنى ئالداش قاتارلىقلار بىلەن ئۆتكەن بولۇپ، ئاخىرەتتىمۇ يالغان ئېيتىدۇ ۋە يالغان ۋەدىلەرنى قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار تەلەپ قىلغان بۇ ئىشىدىمۇ شەكسىز يالغانچىلاردۇر.

ئاللاھ تائالا شۇ مەنىدە دەيدۇكى، ئەگەر بىز خالىغان بولساق، جىمى ئىنسانىيەتنى ھەقىقەتكە، ھەق دىنغا يېتەكلىگەن ۋە ئۇلارنى ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلغان بولاتتۇق، ئۇلارنى يامان ئىشلارنى قىلمايدىغان ۋە ھەمىشە ياخشى ئىش قىلىدىغان قىلغان بولاتتۇق. ئەمما ئىنسانلارغا ھىدايەتنى ياكى ئازغۇنلۇقنى تاللاش ئەركىنلىكىنى بەردۇق. شۇڭا ئازغۇنلۇقتىن ۋاز كېچىپ، ھىدايەت يولىنى تاللىغانلار جەننەتكە تېگىشلىك بولسا، ھىدايەتنى خالىماي، ئازغۇنلۇقتا قېلىشنى خالىغان كىشىلەر جەھەننەمگە تېگىشلىك بولىدۇ. ﴿مەن جەھەننەمنى جىنلار ۋە ئىنسانلار (ئارىسىدىكى گۇناھكارلار) نىڭ ھەممىسى بىلەن چوقۇم تولدۇرىمەن﴾ دېگەن سۆز مەندىن چىققان ئىكەن، مەن ئەلۋەتتە ئۇ سۆزۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن.

بەزى ئۆلىمالار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىز ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى ھىدايەت قىلىشنى خالىغان بولساق، ئەلۋەتتە شۇنداق قىلاتتۇق. لېكىن بىزنىڭ ھېكمىتىمىز جەننەتكىمۇ ۋە دوزاخقىمۇ كىرىدىغان ئىنسانلارنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلدى. شۇڭا بىز ئىنسانلارغا ئۇلارنى جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان ھىدايەت بىلەن، ئۇلارنى دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغان ئازغۇنلۇقتىن ئىبارەت ئىككى يولنى كۆرسىتىپ قويدۇق. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ: ﴿مەن جەھەننەمنى جىنلار ۋە ئىنسانلار (ئارىسىدىكى گۇناھكارلار) نىڭ ھەممىسى بىلەن چوقۇم تولدۇرىمەن﴾ دېگەن ھۆكۈمنى چىقاردىم.

دوزاخقا تېگىشلىك بولغانلار دوزاخقا كىرگەندە، دوزاخنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل ئازاب پەرىشتىلىرى ئۇلارغا: ﴿مۇشۇ كۈنگە يولۇقىدىغانلىقىڭلارنى

ئۈنتۈغانلىقىڭلار ئۈچۈن (بۇ ئازابنى) تېتىڭلار. چۈنكى، (بۈگۈن) بىزمۇ سىلەرنى ئۇنتۇدۇق، قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىن مەڭگۈلۈك ئازابنى تېتىڭلار﴾ دەيدۇ. يەنى دۇنيادىكى ۋاقتىڭلاردا مۇنداق بىر كۈننىڭ بولۇشىغا ئىشەنمەيتتىڭلار، شۇڭا بۇ كۈن ئۈچۈن تەييارلىق قىلمىدىڭلار. ئەمدى مانا دۇنيادىكى كۇفرىلىقىڭلارنىڭ ۋە بارلىق قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنى بۇ يەردە تېتىڭلار. بۇ ئازاب سىلەرگە مەڭگۈ شۇنداق داۋام قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئورۇندىكى: ﴿وَلَوْ شِئْنَا لَآتَيْنَا كُلَّ نَفْسٍ هُدَاهَا﴾ يەنى ﴿ئەگەر بىز خالىساق، ئەلۋەتتە ھەممە كىشىگە ھىدايەت ئاتا قىلاتتۇق﴾ دېگەن سۆزى ۋە باشقا ئايەتلەردىكى: ﴿وَلَوْ شَاءَ رَبُّكَ لَآمَنَ مَن فِي الْأَرْضِ كُلُّهُمْ جَمِيعًا﴾ يەنى ﴿ئەگەر رەببىڭ خالىسا ئىدى، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتقان بولاتتى﴾[1] ۋە ﴿وَمَا تَشَاءُونَ إِلَّا أَن يَشَاءَ اللَّهُ رَبُّ الْعَالَمِينَ﴾ يەنى ﴿پەقەت ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ خالىغان چاغدىلا سىلەر (شۇ يولنى تۇتۇشنى) خالىيالايسىلەر﴾[2] دېگەن سۆزلىرى توغرۇلۇق ئۆلىمالار ئوتتۇرىسىدا، بەندىنىڭ ئىختىيارى بارمۇ ياكى يوقمۇ دېگەن ماۋزۇدا تالاش-تارتىشلار بولۇپ ئۆتكەن.

ئىنساننىڭ خاھىشى ۋە ئىرادىسى توغرىسىدىكى مەسىلە ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ پىكرىنى ئەڭ كۆپ مەشغۇل قىلىپ كەلگەن مەسىلىلەر-نىڭ بىرىدۇر. بۇ مەسىلە ئىسلامنىڭ ئاۋۋالقى ئەسىرىدىلا ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىن «جەبرىيە» ۋە «قەدەرىيە» دەپ ئاتالغان، بىر-بىرىگە قارشى ئىككى ئېقىم ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. «جەبرىيە» ئېقىمىدىكىلەر بەندىنىڭ خاھىشىنى ۋە ئىختىيارىنى پۈتۈنلەي ئىلىپ تاشلايدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بەندە خۇددى شامال ئۇچۇرتقان پەيگە ئوخشاش قەدەر ئۇنى نەگە ئۇچۇرتسا شۇ تەرەپكە ئۇچىدۇ، ئۇنىڭدا ھېچبىر ئىختىيار يوق. ئەمما «قەدەرىيە» ئېقىمىدىكىلەر ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىنى ۋە خاھىشىنى ئىنكار قىلى-دىغانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، پۈتۈن خاھىش، ئىرادە ۋە ئىختىيار بەندىنىڭ قولىدا بولىدۇ. ئىنسان چەكسىز ئىختىيار ئىگىسىدۇر.

بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ئىككىلىسى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسنىڭ

---

[1] يۇنۇس سۈرىسى: 99-ئايەت.

[2] تەكۋىر سۈرىسى: 29-ئايەت.

روھىدىن چەتنەپ كەتكەن ئازغۇن پىرقىلەر بولغانلىقتىن، ئۇلار ئەينى زاماندىكى ھەققانىي ئۆلىمالارنىڭ قاتتىق تەنقىدىگە ئۇچرىغان ۋە ئۇزاققا قالماي تۈگەشكەن.

﴿پەقەت ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ خالىغان چاغدىلا سىلەر (شۇ يولنى تۇتۇشنى) خالايسىلەر﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشى ئىچىدىلا ھەرىكەت قىلالايدۇ ۋە ئاللاھ تائالا يول قويمىغۇچە ئۆزىنىڭ خالىغانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. چۈنكى، ئىنساننىڭ خاھىشى ئاللاھ تائالانىڭ خاھىشىدىن مۇستەقىل بىر خاھىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ خاھىشى ئاللاھ تائالانىڭ خاھىشىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنسان ئۈچۈن ھىدايەت يولى بىلەن ئازغۇنلۇق يولىدىن ئىبارەت ئىككى يولنىڭ بىرىنى تاللاش ئىختىيارىنى بېرىۋەتكەن بولۇپ، ئىنسان بۇ ئىككى يولنىڭ قايسىبىرىنى تاللىسۇن، ئۇ چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلغان بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ ماۋزۇدا كەلگەن ئايەتلىرى بۇ مەنىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ.

ئىنساندا ئىمان ئېيتىش ياكى كاپىر بولۇش، ياخشى ئەمەل قىلىش ياكى گۇناھ قىلىش دېگەندەك ئۆز ئىختىيارىدىكى ئىشلار بولغىنىدەك، قاچان تۇغۇلۇش، نەدە تۇغۇلۇش، كىمنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلۇش دېگەندەك ئۆزىنىڭ ئىختىيارىدا بولمىغان ئىشلارمۇ بار. ئىنساننىڭ ئىختىيارىدا بولغان ۋە ئىختىيارىدا بولمىغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىدىن تاشقىرى بولمايدۇ. ئەلۋەتتە بەندىنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلغان ئىشى بىلەن ئىختىيارىدا بولمىغان ئىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق بار. ئالدىنقىسىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ساۋاب ياكى گۇناھ يېزىلىدۇ. ئەمما كېيىنكىسى ئۆز ئىختىيارىدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا نە گۇناھ، نە ساۋاب يېزىلمايدۇ. دېمەكچىمىزكى، ھەر ئىككى ئىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا بېرىشنى ئىنكار قىلىش بارچە گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ بېشىدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا بېرىشقا ۋە قىلمىشلىرىدىن ھېساب بېرىشكە ئىشەنمىگەن ئىنساننىڭ قولىدىن

ھەممە يامانلىقلار كېلىدۇ.

2. گۇناھكارلارنىڭ قىيامەت كۈندىكى پۇشايمانلىرى پايدا بەرمەيدۇ. شۇڭا پۇشايماننى ئۆلمەستىن بۇرۇن مۇشۇ دۇنيادا قىلىش كېرەك.

3. سەكراتقا چۈشكەندە ياكى ئۆلۈمنىڭ شەپىسىنى كۆرگەندە ئېيتقان ئىماننىڭ ۋە قىلغان تەۋبىنىڭ قەتئىي پايدىسى بولمايدۇ.

### ◄ مۇئمىنلەرنىڭ مۇكاپاتى ۋە كاپىرلارنىڭ جازاسى

﴿إِنَّمَا يُؤۡمِنُ بِـَٔايَٰتِنَا ٱلَّذِينَ إِذَا ذُكِّرُواْ بِهَا خَرُّواْ سُجَّدٗا وَسَبَّحُواْ
بِحَمۡدِ رَبِّهِمۡ وَهُمۡ لَا يَسۡتَكۡبِرُونَ۩ ١٥ تَتَجَافَىٰ جُنُوبُهُمۡ عَنِ
ٱلۡمَضَاجِعِ يَدۡعُونَ رَبَّهُمۡ خَوۡفٗا وَطَمَعٗا وَمِمَّا رَزَقۡنَٰهُمۡ يُنفِقُونَ ١٦
فَلَا تَعۡلَمُ نَفۡسٞ مَّآ أُخۡفِيَ لَهُم مِّن قُرَّةِ أَعۡيُنٖ جَزَآءَۢ بِمَا كَانُواْ
يَعۡمَلُونَ ١٧ أَفَمَن كَانَ مُؤۡمِنٗا كَمَن كَانَ فَاسِقٗاۚ لَّا يَسۡتَوُۥنَ ١٨ أَمَّا
ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ فَلَهُمۡ جَنَّٰتُ ٱلۡمَأۡوَىٰ نُزُلَۢا بِمَا
كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ١٩ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ فَسَقُواْ فَمَأۡوَىٰهُمُ ٱلنَّارُۖ كُلَّمَآ أَرَادُوٓاْ أَن
يَخۡرُجُواْ مِنۡهَآ أُعِيدُواْ فِيهَا وَقِيلَ لَهُمۡ ذُوقُواْ عَذَابَ ٱلنَّارِ ٱلَّذِي
كُنتُم بِهِۦ تُكَذِّبُونَ ٢٠ وَلَنُذِيقَنَّهُم مِّنَ ٱلۡعَذَابِ ٱلۡأَدۡنَىٰ دُونَ
ٱلۡعَذَابِ ٱلۡأَكۡبَرِ لَعَلَّهُمۡ يَرۡجِعُونَ ٢١ وَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّن ذُكِّرَ بِـَٔايَٰتِ
رَبِّهِۦ ثُمَّ أَعۡرَضَ عَنۡهَآۚ إِنَّا مِنَ ٱلۡمُجۡرِمِينَ مُنتَقِمُونَ ٢٢﴾

### ◄ تەرجىمىسى

15ـ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە پەقەت شۇنداق كىشىلەرلا ئىمان ئېيتىدۇكى، ئۇلارغا شۇ ئايەتلەر بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنغان ھامان، ئۇلار چوڭچىلىق قىلماي، سەجدىگە باش قويىدۇ، رەببىنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ.

16ـ ئۇلار (كېچىلىرى ئىبادەت قىلىپ، ئاز ئۇخلىغانلىقتىن) ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن ـ كۆرپىلەردىن يىراقلىشىدۇ، ئۇلار قورقۇنچ ۋە ئۈمىد ئىچىدە رەببىگە دۇئا قىلىدۇ، بىزنىڭ ئاتا قىلغانلىرىمىزدىن (ئاللاھ يولىدا) چىقىم

قىلىدۇ.

17 ـ ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن (ئاللاھنىڭ ھوزۇ-رىدا) ئۇلار ئۈچۈن ساقلانغان ھوزۇر- ھالاۋەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

18 ـ (ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپ) مۆئمىن بولغان ئادەم (توغرا يولدىن چەتنەپ) پاسىق بولغان ئادەمگە ئوخشامدۇ؟ ئۇلار باراۋەر ئەمەس.

19 ـ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ قارارگاھى جەننەت بولىدۇ. (جەننەت) ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن (ھازىرلانغان جايدۇر).

20 ـ توغرا يولدىن ئازغانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ. ئۇلار ھەر قاچان دوزاختىن چىقىشقا تەمشەلسە، دەرھال دوزاخقا قايتۇرۇلىدۇ ۋە ئۇلارغا «سىلەر ئۆزۈڭلار ئىنكار قىلغان دوزاخنىڭ ئازابىنى تېتىڭلار» دېيىلىدۇ.

21 ـ بىز ئۇلارنى (كۇفرىدىن) يانسۇن دەپ، ئۇلارغا (ئاخىرەتتىكى) ئەڭ چوڭ ئازابتىن ئىلگىرى (بۇ دۇنيادىكى) ئەڭ يېقىن ئازابنى چوقۇم تېتىتىمىز.

22 ـ رەببىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ۋەز-نەسىھەت قىلىنغان، ئاندىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ شەكسىزكى، بىز گۇناھكارلارنى چوقۇم جازالايمىز.

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئالدىنقى ئايەتلەردە كاپىرلارنىڭ قىلمىشلىرى ۋە قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئايەتلەردىكى بايانلار مۆئمىنلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى بىلەن كاپىرلارنىڭ جازالىرى ئۈستىدە بولغان.

## ◄ تەپسىرى

قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان كائىنات ئالامەتلىرىمىزگە ۋە «قۇرئان كەرىم»دىكى ئايەتلىرىمىزگە، شۇنداقلا بۇ ھەقىقەتلەرنى بايان قىلغان پەيغەمبەرلىرىمىزگە پەقەت شۇنداق كىشىلەرلا ئىمان ئېيتىدۇكى، ئۇلارغا رەببىنىڭ ئايەتلىرى ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇنى ئۇلۇغلىغانلىقتىن ۋە ھۆرمەتلىگەنلىكتىن، كەمتەرلىك بىلەن باشلىرىنى ئېگىپ سەجدىگە بارىدۇ، رەببىنى ئۇلۇغلاپ ۋە مەدھىيەلەپ: «سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ ، سُبْحَانَ اللهِ الْعَظِيمِ» يەنى «ئاللاھنى مەدھىيەلەپ ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىمەن، ئۇلۇغ ئاللاھ پۈيۈكتۇر» دېگەن ھالدا ئۇنىڭغا تەسبىھ ۋە ھەمدۇسانا

ئېيتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئىمان ۋە ئىتائەتمەنلىك بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن ھۇزۇر-ھالاۋەت ھاسىل قىلىدۇ ۋە ۋىجدانى راھەتلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە «مۇئمىن»لىكتىن ئىبارەت بۇ كاتتا ئۇنۋاننىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى بايان قىلغان بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» تىلاۋەت قىلىنسا ياكى ئۇنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ۋەز-نەسىھەت قىلىنسا، ئۇلار پېشانىسىنى، بۇرنى، ئىككى ئالقىنىنى، ئىككى تىزىنى ۋە ئىككى پۇتىنىڭ ئۇچلىرىدىن ئىبارەت يەتتە ئەزاسىنى يەرگە قويۇپ، ئاللاھ تائالاغا تۆۋەنچىلىك بىلەن سەجدە قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ تىلى ئاللاھ تائالانى مەدھىيەلەپ تەسبىھ، تەھلىل ۋە تەكبىر ئېيتىدۇ، دىلى بولسا ئاللاھ تائالاغا بولغان چىن ئىخلاسى ۋە سەممىي مۇھەببىتىنىڭ تۈرتكىسىدە يۇمشاپ كېتىدۇ ۋە ئىتائەتمەنلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇش ۋە رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش بىلەن بىرلىكتە كېچىلىرى ئۇخلىماي ئىبادەت قىلغانلىقتىن، يانلىرى يوتقان-كۆرپىگە تەگمەيدىغان، ئاللاھ يولىدا ئايىماي پۇل-مال سەرپ قىلىدىغان كىشىلەردۇر.

كېچىدە تۇرۇپ تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش كاتتا ئىبادەت بولۇپ، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئاللاھ تائالانىڭ چوڭ ئىلتىپاتىدۇر. چۈنكى، بۇنداق كاتتا ئەمەلگە ئاللاھ تائالا مۇۋەپپەق قىلمىسا، كىشىلەر كېچىدە تاتلىق ئۇيقۇسىدىن كېچىپ نامازغا تۇرمايدۇ. كېچىدە تۇرۇپ تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ يولىدا ئىزچىل يۈرگەن ياخشىلارنىڭ ئادىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَفْضَلُ الصَّلَاةِ ، بَعْدَ الصَّلَاةِ الْمَكْتُوبَةِ ، الصَّلَاةُ فِي جَوْفِ اللَّيْلِ ، وَأَفْضَلُ الصِّيَامِ بَعْدَ شَهْرِ رَمَضَانَ ، صِيَامُ شَهْرِ اللهِ الْمُحَرَّمِ» يەنى «پەرز نامازلاردىن قالسا ئەڭ ئەۋزەل ناماز كېچىنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا ئوقۇلغان (تەھەججۇد) نامىزىدۇر، رامىزان روزىسىدىن قالسا ئەڭ ئەۋزەل روزا ئاللاھنىڭ ئېيى بولغان مۇھەررەم ئېيىدا تۇتقان روزىدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «أَلاَ أَدُلُّكَ عَلَى أَبْوَابِ الخَيْرِ: الصَّوْمُ

[1] «صحيح مسلم» 2- توم 821-بەت، 1163- ھەدىس.

جُنَّةٌ ، وَالصَّدَقَةُ تُطْفِئُ الخَطِيئَةَ كَمَا يُطْفِئُ الْمَاءُ النَّارَ ، وَصَلاَةُ الرَّجُلِ مِنْ جَوْفِ اللَّيْلِ› يەنى ‹سېنى ياخشىلىقنىڭ يوللىرىغا باشلاپ قويايمۇ؟ ئۇنداقتا ياخشى قۇلاق سالغىن: روزا تۇتۇش ئادەمنى گۇناھتىن ساقلايدۇ، سەدىقە خۇددى سۇ ئوتنى ئۆچۈرگەندەك گۇناھلارنى ئۆچۈرىدۇ. ياخشىلىقنىڭ تۈرلىرىدىن يەنە بىرى كېچىدە تۇرۇپ تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشتۇر› دېگەن، ئاندىن ﴿ئۇلار (كېچىلىرى ئىبادەت قىلىپ، ئاز ئۇخلىغانلىقتىن) ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن-كۆرپىلەردىن يىراقلىشىدۇ، ئۇلار قورقۇنچ ۋە ئۈمىد ئىچىدە رەببىگە دۇئا قىلىدۇ، بىزنىڭ ئاتا قىلغانلىرىمىزدىن (ئاللاھ يولىدا) چىقىم قىلىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلغان»[1].

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەتنى «ئۇلار ناماز شام بىلەن ناماز خۇپتەن ئوتتۇرىسىدىكى بوش ۋاقىتتا ناماز ئوقۇيتتى»[2] دەپ تەپسىر قىلغان. بەزى ئۆلىمالار بۇ ئايەتتىن خۇپتەن نامىزى بىلەن بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇش ئىپادىلىنىدۇ، دېگەن. چۈنكى، مەسجىدلەردە جامائەت ھازىر بولغانغا قەدەر مەسجىدتە ساقلاش جەريانىدا نەپلە ناماز ئوقۇلىدۇ، ئاللاھ تائالاغا تەسبىھ ۋە ھەمدۇسانا ئېيتىلىدۇ.

نېمىلا بولمىسۇن، كېچىدە تاتلىق ئۇيقۇسىدىن تۇرۇپ تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش ياكى خۇپتەن بىلەن بامدات ۋاقتىدا ئەزاننىڭ چىقىشى بىلەن مەسجىدكە بېرىپ، ناماز باشلانغانغا قەدەر ناماز ئوقۇش ۋە تەسبىھ، تەھلىللەرنى ئېيتىش بىلەن بولۇش ساۋابى چوڭ، قەدرى ئۇلۇغ ئىبادەتتۇر. خۇسۇسەن بۇ ئىبادەت كىشىلەر ئۇخلاۋاتقان ۋاقىتلاردا قىلىنغانلىقتىن، رىيادىن يىراق، ئىخلاسقا يېقىن ئىبادەتلەردۇر. مۇنداق كىشىلەردە نىفاق ياكى رىيا دېگەنلەرنىڭ تېپىلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ پەقەتلا ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش نىيىتى بىلەن شۇنداق ئېسىل ئەمەللەرنى قىلغانلىقىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا جەننەتتە ئۇلارغا قانداق ئىكەنلىكىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان، كۆزلەر كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاقلار ئاڭلاپ باقمىغان ۋە ھېچكىم ئويلاپ باقمىغان ئېسىل مۇكاپاتلارنى تەييارلايدۇ. ئۇلار ئىخلاسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ياخشى ئەمەللىرىنى كىشىلەرنىڭ كۆز-لىرىدىن يوشۇرغان ئىكەن، ئاللاھ تائالامۇ ئۇلارنىڭ مۇكاپاتىنى باشقىلاردىن

[1] «سنن الترمذي» 4 ـ توم 308ـ بەت،2616 ـ ھەدىس.
[2] «سنن أبي داود» 2ـتوم، 35ـبەت، 1321 ـ ھەدىس.

يوشۇرغان. شۇڭا بۇ مۇكاپاتلارنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. تابىئىن ئۆلىمالىرىدىن ھەسەن بەسرى مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: ‹رەببىڭلار «ماڭا ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بەندىلىرىمگە كۆزلەر كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاقلار ئاڭلاپ باقمىغان ۋە ھېچكىم ئويلاپ باقمىغان مۇكاپاتلارنى تەييارلىدىم» دېدى›»[1].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: قَالَ اللهِ ‹أَعْدَدْتُ لِعِبَادِي الصَّالِحِينَ مَا لاَ عَيْنٌ رَأَتْ ، وَلاَ أُذُنٌ سَمِعَتْ ، وَلاَ خَطَرَ عَلَى قَلْبِ بَشَرٍ› فَاقْرَءُواْ إِنْ شِئْتُمْ ﴿فَلَا تَعْلَمُ نَفْسٌ مَّآ أُخْفِيَ لَهُم مِّنْ قُرَّةِ أَعْيُنٍ﴾» يەنى «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللاھ مۇنداق دېدى ‹مەن ياخشى بەندىلىرىم ئۈچۈن كۆزلەر كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاقلار ئاڭلاپ باقمىغان ۋە ھېچكىم ئويلاپ باقمىغان مۇكاپاتلارنى تەييارلىدىم› خالىساڭلار، ﴿ئۇلارنى (ياخشى) ئەمەللىرى يۈزىسىدىن مۇكاپاتلاش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا مۇكاپاتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇڭلار»[2].

يانلىرى يوتقان-كۆرپىگە تەگمەيدىغان ئاشۇ كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورققان، رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغان ھالدا، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا بۇ كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈپ، ياخشى ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا ئەڭ كاتتا مۇكاپاتلارنى بېرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا ۋەدە قىلغان. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، ئۇ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ.

يۇقىرىدا سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان مۇئمىنلەر دەرىجىلىرىنىڭ پەرقلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولغان بەندىلىرى ۋە دوستلىرىدۇر. مۇنداق كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنىڭ چەك-چېگراسىنى بىلمەيدىغان، پاسىق، كاپىر ئادەملەر بىلەن باراۋەرمۇ؟ ئۇلار شۇنداق ئادەملەر بىلەن ئوخشاش مۇئامىلە كۆرەمدۇ؟ ياق! ئەلۋەتتە ياق! ئۇلار دۇنيادا ئوخشىمىغاندەك ئاخىرەتتىمۇ ھەرگىز ئوخشاش بولمايدۇ ۋە ئوخشاش مۇئامىلە كۆرمەيدۇ.

---

[1] «تفسير الطبري» 20-توم، 186-بەت.

[2] «صحيح البخاري» 4 - توم 118- بەت،3244-ھەدىس.

ئىمان ئېيتقان ۋە شۇ ئىماننىڭ تەقەززاسى بويىچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ھايات كەچۈرگەنلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتى يۇزىسىدىن، ئاخىرەتتىكى قارارگاھى نازۇنېمەتلىك جەننەت بولىدۇ. ئەمما ئەقلىنىڭ ۋە دىنىنىڭ تەلىپىگە زىت ھالدا ئىش كۆرگەن، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت توغرا يولغا كىرىشنى خالىمىغان ئازغۇنلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى چوقۇم دوزاخ بولىدۇ. ئۇلار دوزاخقا كىرگەندە، ئۆزلىرىنىڭ قاتتىق ئوت دۆۋىسىگە تاشلانغانلىقىنى بىلىدۇ ۋە دوزاختىن چىقماقچى بولغىنىدا قاتتىق قول پەرىشتىلەر تەرىپىدىن دوزاخقا قايتۇرۇلىدۇ. ئۇلار دوزاختىن قانداقمۇ چىقالىسۇن؟! ئۇلارنى جىسمانىي جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى مەنىۋى جەھەتتىنمۇ ئازابلاش ئۈچۈن ئۇلارغا: ئەمدى سىلەر ئۆزۈڭلار ئىنكار قىلغان دوزاخنىڭ ئازابىنى تېتىڭلار، دېيىلىدۇ.

بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَمۡ حَسِبَ ٱلَّذِينَ ٱجۡتَرَحُواْ ٱلسَّيِّـَٔاتِ أَن نَّجۡعَلَهُمۡ كَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ سَوَآءٗ مَّحۡيَاهُمۡ وَمَمَاتُهُمۡۚ سَآءَ مَا يَحۡكُمُونَ﴾ يەنى ﴿يامان ئىشلارنى قىلغانلار بىزنىڭ ئۇلارنى ھاياتلىقىدا ۋە ئۆلگىنىدە ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بىلەن ئوخشاش قىلىشىمىزنى ئويلامدۇ؟ ئۇلارنىڭ چىقارغان بۇ ھۆكمى نېمىدېگەن يامان!﴾[1]، ﴿أَمۡ نَجۡعَلُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ كَٱلۡمُفۡسِدِينَ فِي ٱلۡأَرۡضِ أَمۡ نَجۡعَلُ ٱلۡمُتَّقِينَ كَٱلۡفُجَّارِ﴾ يەنى ﴿بىز ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار بىلەن ئوخشاش قىلامدۇق؟ ياكى تەقۋادارلارنى گۇناھكارلار بىلەن ئوخشاش قىلامدۇق؟﴾[2].

كاپىرلارنىڭ ۋە گۇناھكارلارنىڭ ئۆز قىلمىشلىرىغا تەۋبە قىلىپ، ھەقىقەتكە قايتىشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بېرىش يۈزىسىدىن، ئۇلارنى ئاخىرەتتىكى ئەڭ چوڭ ئازابقا ھەيدەشتىن ئاۋۋال مۇشۇ دۇنيادا ئۇلارنى بەزى مۇسىبەتلەر، مەغلۇبىيەتلەر ۋە بالايىئاپەتلەر بىلەن جازالايمىز. ئۇلار راستتىنلا تەۋبە قىلىپ، توغرا يولغا كىرسە، ئۇلار ئۈچۈن نېمىدېگەن ياخشى! ئەگەر كۇفرىلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىمانغا ۋە ھەقىقەتكە كەلمىسە، ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئازابى ھەقىقەتەن ئېغىر بولىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىيىتى بولۇپ، ئۇ ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ

[1] جاسىيە سۈرىسى 21-ئايەت.
[2] ساد سۈرىسى 28-ئايەت.

تائالا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەنلەردىن ئىبرەت ئېلىپ ھەق دىنغا قايتىشى ئۈچۈن پۇرسەت بېرىش يۈزىسىدىن ئۇلارنى ئاۋۋال كىچىك ئازابلار بىلەن جازالىغان. بۇنى مۇنۇ ئايەت ئۇچۇقلايدۇ: ﴿فَأَرْسَلْنَا عَلَيْهِمُ ٱلطُّوفَانَ وَٱلْجَرَادَ وَٱلْقُمَّلَ وَٱلضَّفَادِعَ وَٱلدَّمَ ءَايَٰتٍ مُّفَصَّلَٰتٍ﴾ يەنى ﴿بىز ئۇلارغا كەلكۈن، چېكەتكە، پىت، پاقا، قان (ئايەتلىرى)نى ئوپئوچۇق مۆجىزە قىلىپ ئەۋەتتۇق﴾ [1]. بۇ جازالار ئۇلارغا كار قىلمىغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى سۇدا غەرق قىلىپ ھالاك قىلىۋەتكەن. ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئازابى بۇنىڭدىنمۇ قاتتىق بولىدۇ.

رەببىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ۋەز-نەسىھەت قىلىنغاندىن كېيىن، مۇتەكەببىرلىك قىلىپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم يوقتۇر. مۇنداقلارنىڭ جازاسى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ دوزاخ ئازابىدۇر. چۈنكى، ئادالەت شۇنى تەقەززا قىلىدۇ. ئەقىل ۋە دىن بۇنى تەستىقلايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق گۇناھكارلارغا چوقۇم تېگىشلىك جازاسىنى بەرمەي قالمايدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا كەمتەرلىك قىلغۇچىلارنى ياقتۇرىدۇ ۋە ئۇلارغا رەھمىتىنى ئاتا قىلىدۇ. ئەمما ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان مۇتەكەببىرلەرنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ ۋە ئۇلارنى چوقۇم خار قىلىدۇ.

2. كېچىلەردە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى ناھايىتى كاتتا بولۇپ، تەھەججۇد بارلىق نەپلى ئىبادەتلەرنىڭ ئەۋزىلىدۇر.

3. ئىماندا راستچىل بولغان مۆئمىنلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ ئاخىرەتتە تەييارلىغان مۇكاپاتلىرى كۆزلەر كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاقلار ئاڭلاپ باقمىغان ۋە ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ئاجايىپ كاتتا مۇكاپاتلاردۇر.

4. ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە مۆئمىن بىلەن كاپىر باراۋەر بولمىغاندەك، تەقۋادار بىلەن گۇناھكارمۇ ھەرگىز باراۋەر ئەمەس.

5. زالىملارنىڭ ئەڭ يامىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئىنكار قىلغانلاردۇر.

[1] ئەئراف سۈرىسى 133-ئايەت.

## نەسىھەت ۋە ئىبرەت

﴿وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا مُوسَى ٱلْكِتَٰبَ فَلَا تَكُن فِى مِرْيَةٍ مِّن لِّقَآئِهِۦ
وَجَعَلْنَٰهُ هُدًى لِّبَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ ﴿٢٣﴾ وَجَعَلْنَا مِنْهُمْ أَئِمَّةً يَهْدُونَ
بِأَمْرِنَا لَمَّا صَبَرُوا۟ وَكَانُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا يُوقِنُونَ ﴿٢٤﴾ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ يَفْصِلُ
بَيْنَهُمْ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ فِيمَا كَانُوا۟ فِيهِ يَخْتَلِفُونَ ﴿٢٥﴾ أَوَلَمْ يَهْدِ لَهُمْ كَمْ
أَهْلَكْنَا مِن قَبْلِهِم مِّنَ ٱلْقُرُونِ يَمْشُونَ فِى مَسَٰكِنِهِمْ ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ
لَءَايَٰتٍ ۖ أَفَلَا يَسْمَعُونَ ﴿٢٦﴾ أَوَلَمْ يَرَوْا۟ أَنَّا نَسُوقُ ٱلْمَآءَ إِلَى ٱلْأَرْضِ
ٱلْجُرُزِ فَنُخْرِجُ بِهِۦ زَرْعًا تَأْكُلُ مِنْهُ أَنْعَٰمُهُمْ وَأَنفُسُهُمْ ۖ أَفَلَا
يُبْصِرُونَ ﴿٢٧﴾ وَيَقُولُونَ مَتَىٰ هَٰذَا ٱلْفَتْحُ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ﴿٢٨﴾ قُلْ
يَوْمَ ٱلْفَتْحِ لَا يَنفَعُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓا۟ إِيمَٰنُهُمْ وَلَا هُمْ يُنظَرُونَ ﴿٢٩﴾
فَأَعْرِضْ عَنْهُمْ وَٱنتَظِرْ إِنَّهُم مُّنتَظِرُونَ ﴿٣٠﴾﴾

## تەرجىمىسى

23 ـ شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز مۇساغا تەۋراتنى ئاتا قىلدۇق. (ئى پەيغەمبەر!) سەن (مىراج كېچىسىدە) مۇسا بىلەن ئۇچرىشىشتىن شەكلەنمىگىن، بىز تەۋراتنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا يېتەكچى قىلدۇق.

24 ـ ئۇلار (ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇنداشتا) چىداملىق بولغان ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە جەزمەن ئىشەنگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىزنىڭ ئەمرىمىز بىلەن توغرا يول كۆرسىتىدىغان پېشۋالارنى چىقاردۇق.

25 ـ شەكسىزكى، رەببىڭ قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ (ئىچىدىكى مۇئمىنلەر بىلەن كاپىرلار) ئوتتۇرىسىدا ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان (دىنىي) ئىشلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

26 ـ ئۇلار ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن قانچىلىغان ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغانلىقىمىزنى بىلمەمدۇ؟ (ھالبۇكى) ئۇلار (ھالاك بولغان) بۇ ئۈممەتلەرنىڭ يۇرتىدىن ئۆتۈپ تۇرىدۇ. شەكسىزكى، بۇنىڭدا (پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە) نۇرغۇن دەلىللەر بار، ئۇلار (بۇنىڭغا) قۇلاق سالمامدۇ؟

27ـ ئۇلار كۆرمەمدۇكى، بىز قۇرۇپ كەتكەن زېمىنغا يامغۇرنى ھەيدەپ ئېلىپ بارىمىز، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھايۋانلىرى ۋە ئۆزلىرى يەيدىغان زىرائەتلەرنى ئۈندۈرۈپ چىقىرىمىز. ئۇلار (بۇنى) كۆرمەمدۇ؟

28ـ ئۇلار (يەنى مەككىلىك مۇشرىكلار ئازابقا ئالدىراپ): «(سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا چىقىرىلىدىغان) بۇ ھۆكۈم قاچان ئەمەلگە ئاشىدۇ؟ ئەگەر راستچىل بولساڭلار (ئېيتىپ بېرىڭلارچۇ)» دەيدۇ.

29ـ (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈندە كاپىرلارنىڭ ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ، ئۇلارغا (تەۋبە قىلىۋېلىش ئۈچۈن) مۆھلەتمۇ بېرىلمەيدۇ».

30ـ سەن ئۇلارغا پەرۋا قىلمىغىن، (ئاللاھنىڭ ئۇلارنى قانداق قىلىدىغانلىقىنى) كۈتكىن، ئۇلارمۇ ھەقىقەتەن (سىلەرگە بىرەر يامانلىق كېلىشىنى) كۈتۈپ تۇرغۇچىلاردۇر.

### ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

بۇ مۇشۇ سۈرىنىڭ غايىسى قىلىنغان تۆت چوڭ ھەقىقەتنىڭ بىرىگە قايتىش بولۇپ، بۇ تۆت چوڭ ھەقىقەت: ئاللاھ تائالانىڭ يەككە-يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكى، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ راستلىقى ۋە قىيامەت كۈندىكى ھېساب بېرىشنىڭ ھەق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ يەردە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنىڭ ئالاھىدە بايان قىلىنىشى ئۇنىڭ كۆپلىگەن تەرەپلەردىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئوخشايدىغانلىقى، شۇ ۋاقىتتىكى مەدىنە جەمئىيىتىدە بۇ ئىككى پەيغەمبەرنىڭ تەسىرى دائىرىسىنىڭ چوڭ ئىكەنلىكى سەۋەبىدىندۇر.

### ◄ تەپسىرى

مۇپەسسىرلەر ﴿فَلَا تَكُن فِى مِرْيَةٍ مِّن لِّقَآئِهِۦ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئىبنى كەسىر، بەغەۋىي، تەبەرىي ۋە مۇپەسسىر قاتارلىق تەپسىرلەردە بۇ ئايەتكە: ﴿(ئى پەيغەمبەر!) سەن (مىراج كېچىسىدە) مۇسا بىلەن ئۇچرىشىشتىن شەكلەنمىگىن﴾ دەپ مەنە ئېيتىلغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسرا-مىراج كېچىسىدە مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىدىن ئالدىن بېرىلگەن بېشارەتتۇر. بۇ ئىبنى ئابباس

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ تەپسىرىگە ئاساسلانغان[1].

يەنە بەزى تەپسىرلەردە بۇ ئايەتكە: «ئى پەيغەمبەر! سەن مۇسانىڭ بېشىغا كەلگەنلەرنىڭ سېنىڭمۇ بېشىڭغا كېلىدىغانلىقىدىن ھەرگىز شەكلەنمىگىن» دەپ مەنە ئېيتىلغان. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق بولىدۇ: ئى پەيغەمبەر! شۇنى ئۇنتۇمىغىنكى، مۇسا كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىش يولىدا كۆپ ئەزىيەتلەرنى چەككەن، ئىنكار قىلىنغان، مەسخىرە قىلىنغان ۋە تۈرلۈك دۈشمەنلىكلەرگە، ھەتتا سۇيىقەستلەرگە ئۇچرىغان ئىدى. سەنمۇ كىشىلەرنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلىۋاتقان بىر پەيغەمبەر بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن مۇسانىڭ بېشىغا كەلگەنلەرنىڭ سېنىڭمۇ بېشىڭغا كېلىدىغانلىقىدىن ھەرگىز شەكلەنمىگىن. چۈنكى، سېنىڭ بېشىڭغىمۇ شۇ قىيىنچىلىقلار ۋە شۇ ئەزىيەتلەر كېلىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتا بېكىتتۇەتكەن قانۇنىيىتى بولۇپ، ھەقىقەت بىلەن ساختىلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش ئەنە شۇنداق داۋاملىشىدۇ.

مۇپەسسىرلەر يەنە ﴿وَجَعَلْنَـٰهُ هُدًى لِّبَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ﴾ دېگەن ئايەتتىكى «ه» دېگەن ئالماشنىڭ قايتىدىغان يېرى توغرۇلۇق ئىختىلاپ قىلىشقان بولۇپ، تەبەرىي ۋە ئىبنى كەسىر قاتارلىق تەپسىرلەردە، بۇ ئالماشنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قايتىدىغانلىقى جەزملەشتۈرۈلۈپ، ئايەتنىڭ مەنىسى: «بىز مۇسانى ئىسرائىل ئەۋلادى ئۈچۈن توغرا يولنىڭ يېتەكچىسى قىلدۇق»[2] دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. قەتادەمۇ شۇنداق تەپسىر قىلغان. تەپسىرى بەغەۋىيدە ئالماشنىڭ تەۋراتقا قايتىدىغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭغا ئاساسەن، ئايەتنىڭ مەنىسى: ﴿بىز تەۋراتنى ئىسرائىل ئەۋلادى ئۈچۈن ھىدايەت مەنبەسى قىلدۇق﴾ دېگەنلىك بولىدۇ[3]، دېگەن. يەنە تەبەرىي، تەنۋىر قاتارلىق تەپسىرلەردە ئالماشنى مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن تەۋرات ئىككىسىنىڭ قايسىبىرىگە قايتۇرۇشقا بولىدىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. چۈنكى، تەۋرات بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىككىلىسى ھىدايەت مەنبەسىدۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق بولىدۇ: بىز مۇسا بىلەن تەۋراتنى ئىسرائىل ئەۋلادى ئۈچۈن يېتەكچى قىلدۇق. ئىسرائىل ئەۋلادى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداشتا چىداملىق بولغان، ئاللاھ يولىدا

[1] «تفسير الطبري» 6-توم، 373-بەت.
[2] «تفسير الطبري» 20-توم، 194-بەت.
[3] «تفسير البغوي» 6-توم، 309-بەت.

بېشىغا كەلگەن ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلغان، دىننى چىڭ تۇتۇشتا مۇستەھكەم تۇرغان ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە جەزمەن ئىشەنگەن چاغدا، بىز ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىزنىڭ ئەمرىمىز بىلەن توغرا يول كۆرسىتىدىغان پېشۋالارنى چىقاردۇق. بۇ پېشۋالار ئىسرائىل ئەۋلادىدىن چىققان پەيغەمبەرلەر بولۇپ، ئۇلار كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلاتتى، ئۇلارنى ھەق دىنغا يېتەكلەيتتى. ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە چىن ئىشىنىدىغان زاتلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ دىننى يەتكۈزۈش يولىدا باشلىرىغا كەلگەن جاپالارغا، قىيىنچىلىقلارغا، ئەزىيەتلەرگە ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە سەۋر قىلغان، دىننىڭ ئەھكاملىرىنى ئورۇنداشتا چىداملىق بولغان، دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن كىشىلەر ئىدى.

رەببىڭ دىنغا ئىشىنىدىغان مۆئمىنلەر بىلەن دىننى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادالەتلىك ھۆكۈمنى چوقۇم چىقىرىدۇ، بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ھەربىرىگە ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرىگە قاراپ مۇكاپات ياكى جازادىن تېگىشلىك بولغان نېسىۋىلىرىنى تولۇق بېرىدۇ.

مەككە كاپىرلىرى ھەقىقەتتەن غەپلەت ئىچىدە تۇرماقتا. بىزنىڭ ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن قانچىلىغان ئۇممەتلەرنى پەيغەمبەرلەرگە قارشى تۇرغانلىقى ۋە ھەق دىننىڭ دەۋىتىنى توسقانلىقى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلىۋەتكەنلىكىمىزنى ئۇلار بىلمىدىمۇ؟ بۇ ئىشلاردىن ھېچبىر ئىبرەت ئالمىدىمۇ؟ ھالبۇكى، مەككىلىكلەر ئاد، سەمۇد قەۋملىرىنىڭ خارابىگە ئايلىنىپ قالغان يۇرتلىرىدىن قىش ۋە ياز سەپەرلىرىدە ھەمىشە دېگۈدەك ئۆتۈپ تۇرىدۇ، بۇ خارابىلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، ئۇلار بۇرۇنقىلارنىڭ ھالاكىتىدىن ئىبرەت ئالمامدۇ؟ ئىمان ئېيتمامدۇ؟

ئەگەر ئۇلار ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان بولسا، بۇ ۋەقەلىكلەردە ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان، ئۇنىڭ مۆئمىنلەرگە ياردەم بېرىپ، ھەددىدىن ئاشقان كاپىرلارنى ھالاك قىلىشقا قادىر ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان ئالامەتلەرنىڭ بارلىقىنى بىلگەن بولاتتى. ئۇلار بۇ ھەقىقەتلەرگە تېخىچە قۇلاق سالمامدۇ؟

بىز گىياھسىز، قۇرۇپ كەتكەن قاقاس زېمىنغا يامغۇرنى ھەيدەپ ئېلىپ بارىمىز، سۇنى ئۇلارغا دەريا، ئۆستەڭ ياكى سەل ئارقىلىق

يەتكۈزىمىز-دە، بۇ سۇ بىلەن ئۇلارنىڭ ھايۋانلىرى يەيدىغان ئوت-چۆپلەرنى ۋە ئۆزلىرى يەيدىغان زىرائەتلەرنى، مېۋە ھەم كۆكتاتلارنى ئۈندۈرۈپ چىقىرىپ بېرىمىز. ئۇلار بۇنى كۆرمەمدۇ؟

مەسىلەن: مىسىردىكى نىل دەرياسى ئاللاھ تائالانىڭ مىسىرلىقلارغا ۋە قوشنا دۆلەتلەرگە ئاتا قىلغان كاتتا نېمىتىدۇر. ئەگەر نىل بولمايدىغان بولسا ئىدى، مىسىرمۇ ئەتراپىدىكى چۆللۈكلەرگە ئوخشاش ئادەم ياشىمايدىغان چۆللۈككە ئايلىنىپ قالغان بولار ئىدى. ئۇلار بۇنى كۆرۈپ، ئويلاپ ئىبرەت ئالمامدۇ؟ بۇ ھەقىقەتنى كۆرمەمدۇ؟

مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالاغا بولغان چىن ئىشەنچىسى بىلەن كاپىرلارغا: «ئاللاھ تائالا بىزگە يېقىن كېلەچەكتە چوقۇم چوڭ غەلىبىلەرنى ئاتا قىلىدۇ، ئۇ يەنە سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئادالەتلىك ھۆكۈم چىقىرىدۇ» دەيتتى. مەككە مۇشرىكلىرى مۇسۇلمانلارغا: «قېنى ئۇ غەلىبە؟ قېنى ئۇ ھۆكۈم؟ ئەگەر بۇ سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، قېنى ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئۇ ھۆكۈم قاچان ئەمەلگە ئاشىدۇ؟» دەپ ئۇلارنى مەسخىرە قىلاتتى ۋە ئۇلارنىڭ غەلىبە قىلىشىغا قەتئىي ئىشەنمەيتتى.

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارغا مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇيدۇ: ئى كاپىرلار! سىلەر تېزرەك چىقىرىلىشىغا ئالدىراۋاتقان ھۆكۈم قىيامەت كۈندە چىقىرىلىدۇ. ئەمما ئۇ كۈندە سىلەردەك كاپىرلارنىڭ ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ، تەۋبە قىلىۋېلىشى ئۈچۈن مۆھلەتمۇ بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇ دۇنيادا ھەق يولغا ئەگەشمەستىن، ئۆزلىرىنىڭ زالالەت يولىنى تاللىدى، شەيتانغا ۋە ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئازغۇنلۇققا پاتتى. ئەگەر ئۇلار دۇنيادا ئىمان ئېيتىپ، شۇ ئىمانىغا يارىشا ھاياتىنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن بولسا ئىدى، ئاخىرەتتە بۇ ئىمان ئۇلارغا ئەلۋەتتە ئەسقاتقان بولاتتى. ئۇلار ئاخىرەتتە ئىمان ئېيتايلى ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلايلى دېسىمۇ ئۇلارغا پۇرسەت بېرىلمەيدۇ، ئۇلار ئۇدۇل دوزاخقا ھەيدىلىدۇ. چۈنكى، دۇنيادا ئۇلارغا بىر ئۆمۈر پۇرسەت ۋە مۆھلەت بېرىلگەن ئىدى.

ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇ مۇشرىكلارغا پەرۋا قىلمىغىن، ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، ئۇلار بىلەن كارىڭ بولمىسۇن. سەن رەببىڭنىڭ ۋەدىسىنى ۋە ساڭا كېلىدىغان غەلىبىلەرنى كۈتكىن، بۇ كاپىرلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئازابلىق كۈنلەرنى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى قانداق جازالايدىغانلىقىنى

كۆتكەن، زادى ئۇلارمۇ سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا يامانلىق كېلىشىنى كۈتىدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئۇلار يەنە سېنىڭ ئۆلۈمىڭنى ياكى ئۆلتۈرۈلۈشۈڭنى كۈتۈۋاتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار سېنى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق سۈيىقەستلەردىن قوغدايدىغانلىقىنى ۋە پەيغەمبەرلىك ۋەزىپەڭنى تولۇق ئادا قىلىشىڭ ئۈچۈن سېنى چوقۇم قوللاپ-قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىسرا-مىراج قىسسىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەرنىڭ بىرىدۇر.

2. ھىدايەتنى ئىزدىگەنلەر ئۈچۈن، «قۇرئان كەرىم» بىلەن سەھىھ ھەدىس ھەقىقىي يېتەكچىدۇر.

3. ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ ياردىمىگە چىن ئىشەنچ قىلىپ چىدامچان بولۇش دىندا پېشۋا بولۇشنىڭ يولىدۇر.

4. دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر ئىختىلاپ قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكۈم چىقىرىشى بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

5. ئىلگىرى ھالاك قىلىنغان ئۇممەتلەرنىڭ قىسسىلىرىدە ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار.

6. كاپىرلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئازاب چۈشۈشىنى تەلەپ قىلىشى ئۇلارنىڭ دىننى مەسخىرە قىلغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. چۈنكى، ئۇلار ئىشەنمىگەنلىكتىن شۇنداق قىلىدۇ.

7. جان ھەلقۇمغا يەتكەندە ئېيتقان ئىمان قوبۇل بولمىغاندەك، بۇ ۋاقىتتا قىلىنغان تەۋبىنىڭمۇ پايدىسى بولمايدۇ.

# ئەھزاب سۈرىسى

ئەھزاب سۈرىسى مەدىنىدە نازىل بولغان، 73 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بۇ سۈرە ئالدى بىلەن بالا بېقىۋېلىشتىكى ئىسلام كۆرسەتمىسىنى بىلدۈرىدۇ، ئاندىن مۇناپىقلارنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلغان يامانلىقلىرى، سۇيىقەستلىرى، تۆھمەتلىرى، پىتنە-پاسات تېرىشقا ئۇرۇنۇشلىرى قاتارلىق بىر يۈرۈش رەزىللىكلىرىنى بايان قىلىدۇ، شۇنداقلا مۇناپىقلار بىلەن كاپىرلارنىڭ خەندەك ئۇرۇشىدىكى مەۋقەسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، زەيد ئىبنى ھارىسەنىڭ قىسسىسى ۋە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئىسلامىي ئەخلاقنىڭ ئۆرنەكلىرى قاتارلىقلارنى بايان قىلىدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ھىمايە قىلىشتىن ئىبارەت كاتتا نېمىتىنى بايان قىلىشتۇر.

سۈرىنىڭ ئىسمى بۇ سۈرىدە بايان قىلىنغان «ئەھزاب» ئۇرۇشىنىڭ نامىدىن ئېلىنغان بولۇپ، «الأحزاب» (ئەھزاب) «گۇرۇھلار» ياكى «ئىتتىپاقداش قوشۇن» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. «ئەھزاب» دېگەن سۆز «گۇرۇھ» سۆزىنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، بىرلىك شەكلى «الحزب» (ھىزب) دېيىلىدۇ. ھىزب-گۇرۇھ، پارتىيە، گۇرۇپپا، بۆلۈك دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. مۇسۇلمانلار ھەر كۈنى ئوقۇشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلىۋالغان زىكىر ۋە تەسبىھلەرمۇ «ھىزب» دەپ ئاتىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەربىر پارىسىنىڭ تۆتتىن بىرىمۇ «ھىزب» دېيىلىدۇ.

ھىجرىيەنىڭ 5 - يىلى شەۋۋال ئايدا (627م) مەدىنىگە يېقىن بىر جايدىكى سەل تېغىنىڭ ئېتەكلىرىدە بولغان ئۇرۇش «غەزۋەتۇل ئەھزاب» يەنى (ئىتتىپاقداش قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمى) دەپ ئاتالغانىدەك، خەندەك ئۇرۇشى دەپمۇ ئاتالغان.

بۇ ئۇرۇشنىڭ «ئىتتىپاقداش قوشۇننىڭ ھۇجۇمى» دەپ ئاتىلىشى مەككە ۋە ھىجاز رايونىدىكى ئەرەب مۇشرىك كۈچلىرىنىڭ مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار بىلەن ئاستىرىتتىن تىل بىرىكتۈرۈپ، 10،000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن مەدىنە ئىسلام دۆلىتىگە ئىتتىپاقداش ھۇجۇم قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئىدى. ئۇ چاغدا ئۇلار مۇسۇلمانلارنى پۈتۈنلەي تارمار قىلىپ، ئىسلام دىنىغا خاتىمە بېرىشنى خام خىيال قىلغان ئىدى.

بۇ ئۇرۇشتا ئىرانلىق سەلمان فارسىي ئىسىملىك بىر ساھابە مەدىنىگە بېسىپ كەلمەكچى بولغان دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن مەدىنە شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا خەندەك كولاش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. سەلماننىڭ بۇ پىكرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا بىردەك قوبۇل قىلىنىپ، مەدىنە شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا چوڭقۇر خەندەك قېزىلغان. خەندەكنىڭ ئىتتىپاقداش دۈشمەن قوشۇنىنىڭ مەدىنە شەھىرىگە كىرىشىنى توسۇپ قالغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى يوق قىلىش پىلانىنىڭ بىتچىت بولۇشىغا سەۋەب بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئۇرۇش «خەندەك ئۇرۇشى» دەپمۇ ئاتالغان.

### ◄ كۆرسەتمىلەر ۋە قائىدە-يوسۇنلار

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ ٱتَّقِ ٱللَّهَ وَلَا تُطِعِ ٱلۡكَٰفِرِينَ وَٱلۡمُنَٰفِقِينَۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ
عَلِيمًا حَكِيمًا ١ وَٱتَّبِعۡ مَا يُوحَىٰٓ إِلَيۡكَ مِن رَّبِّكَۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِمَا
تَعۡمَلُونَ خَبِيرًا ٢ وَتَوَكَّلۡ عَلَى ٱللَّهِۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ وَكِيلًا ٣ مَّا جَعَلَ
ٱللَّهُ لِرَجُلٖ مِّن قَلۡبَيۡنِ فِي جَوۡفِهِۦۚ وَمَا جَعَلَ أَزۡوَٰجَكُمُ ٱلَّٰٓـِٔي تُظَٰهِرُونَ
مِنۡهُنَّ أُمَّهَٰتِكُمۡۚ وَمَا جَعَلَ أَدۡعِيَآءَكُمۡ أَبۡنَآءَكُمۡۚ ذَٰلِكُمۡ قَوۡلُكُم
بِأَفۡوَٰهِكُمۡۖ وَٱللَّهُ يَقُولُ ٱلۡحَقَّ وَهُوَ يَهۡدِي ٱلسَّبِيلَ ٤ ٱدۡعُوهُمۡ
لِأٓبَآئِهِمۡ هُوَ أَقۡسَطُ عِندَ ٱللَّهِۚ فَإِن لَّمۡ تَعۡلَمُوٓاْ ءَابَآءَهُمۡ فَإِخۡوَٰنُكُمۡ فِي
ٱلدِّينِ وَمَوَٰلِيكُمۡۚ وَلَيۡسَ عَلَيۡكُمۡ جُنَاحٞ فِيمَآ أَخۡطَأۡتُم بِهِۦ وَلَٰكِن
مَّا تَعَمَّدَتۡ قُلُوبُكُمۡۚ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورٗا رَّحِيمًا ٥﴾

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1. ئى پەيغەمبەر! سەن ئاللاھتىن قورققىن، كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا بويسۇنمىغىن. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

2. ساڭا رەببىڭ تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنىۋاتقان (قۇرئان)غا ئەگەشكىن. شەكسىزكى، ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

3. سەن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن، ئاللاھ ھامىي بولۇشقا يېتەرلىكتۇر.

4. ئاللاھ ھېچقانداق ئادەمنىڭ ئىچىدە ئىككى يۈرەك ياراتقان ئەمەس، سىلەر زىھار[1] قىلغان ئاياللىرىڭلارنى سىلەرگە ئانا قىلغانمۇ ئەمەس، سىلەر بالا قىلىۋالغانلارنى ئۆز بالاڭلار (نىڭ ھۆكمىدە) قىلغانمۇ ئەمەس، بۇ پەقەت سىلەرنىڭ ئېغىزىڭلاردىكى سۆزۈڭلاردۇر، ئاللاھ ھەقىقەتنى ئېيتىدۇ، توغرا يولغا باشلايدۇ.

5. ئۇلارنى ئۆز ئاتىسىنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىڭلار، بۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئادالەتلىكتۇر، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاتىسىنى بىلمىسەڭلار، ئۇ چاغدا ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلار ۋە دوستۇڭلاردۇر. سەۋەنلىكتىن قىلىپ قويغان ئىشلىرىڭلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن قەستەن قىلغان ئىشىڭلاردا (سىلەرگە گۇناھ بولىدۇ)، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

## نازىل بولۇش سەۋەبى

مۇپەسسىرلەر ﴿ئى پەيغەمبەر! سەن ئاللاھتىنلا قورققىن، كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا بويسۇنمىغىن﴾ دېگەن ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە كۆپلىگەن رىۋايەتلەرنى بايان قىلغان بولۇپ، ۋاھىدىي مۇنداق دېگەن: «ئۆز ۋاقتىدىكى مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ كاتتىباشلىرىدىن ئەبۇ سۇفيان، ئەبۇ جەھلنىڭ ئوغلى ئىكرىمە ۋە ئەبۇ ئەئۋەر سىلەمى قاتارلىق

[1] جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەردە «زىھار» دەيدىغان بىر ئادەت بار ئىدى. بىرى ئۆزىنىڭ ئايالىنى تالاق قىلىۋەتمەكچى بولسا، «سېنىڭ ئۇچاڭ مېنىڭ ئانامنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشايدۇ» دەيتتى، بۇ گەپنى دېگەن ھامان بۇ ئايال ئېرىگە ھارام بولۇپ كېتەتتى. ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئادەت ھارام قىلىنغان ۋە بۇنداق سۆزنى قىلغان ئەرلەرگە جازا بەلگىلەنگەن.

كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئىككى تەرەپ ئوتتۇ-رىسىدىكى كېلىشىم ھەققىدە سۆزلىشىشكە كەلگەن بولۇپ، ئۇلارغا مۇناپىقلارنىڭ كاتتىبېشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي، مۇئەتتەب ئىبنى قۇشەير ۋە جەد ئىبنى قەيس قاتارلىقلارمۇ قوشۇلىدۇ. ئاندىن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەكلىپ قويۇپ، «سەن بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىزنى سۆكمىگىن ۋە ئۇلارنى شاپائەت قىلىدۇ، مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدۇ، دەپ بەرگىن، بىزمۇ سېنىڭ ئىشىڭغا ئارىلاشمايلى» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ رەزىل تەكلىپىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق بىئارام بولىدۇ، ھەتتا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ‹يارەسۇلۇللاھ! ماڭا رۇخسەت قىلسىلا بۇ كاپىرلارنى ئۆلتۈرىۋېتەي› دەيدۇ. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ‹مەن ئۇلارغا ئامانلىق بەردىم› دەيدۇ. ئۆمەر ئۇ كاپىرلارغا ‹سىلەرگە ئاللاھ لەنەت قىلسۇن! چىقىپ كېتىڭلار› دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىشكە بۇيرۇيدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۇقىرىقى ئايەت نازىل بولىدۇ»[1].

ئەللامە مەھمۇد ھىجازىي مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغىنىدا، ئۇ مەدىنىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى ۋە ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزمىگەن ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئەھلى كىتاب بولغانلىقتىن، مۇشرىك ئەرەبلەردىن ئەۋزەل ئىدى. ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتە ئورنى ۋە ئابرۇيىمۇ بار بولۇپ، سۆزلىرى ئاقاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدىن ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېلان قىلىپ قويۇپ، دىلىدا كۇفرىنى يوشۇرىدىغان مۇناپىقلارغىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى، دۇنيالىق ئىشلارنىڭ بەزىسىدە ئۇلارنىڭ مەسلىھەتلىرىگە قۇلاق سالاتتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۇقىرىقى ئايەت نازىل بولغان»[2].

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇلۇغ رەببىڭ ئاللاھ تائالادىنلا قورققىن، كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا قەتئىي بويسۇنمىغىن، ئۇلارغا ھەرگىز ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلاردىن قورقمىغىن، ئۇلارنى دوست تۇتمىغىن، ئۇلارنىڭ تەلەپ ۋە پىكىرلىرىنىمۇ قوبۇل قىلمىغىن ۋە ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن ھەزەر

---

[1] «أسباب النزول للواحدي»183 ـ بەت.

[2] «التفسير الواضح» 3ـتوم 72ـ بەت.

ئەيلىگىن. چۈنكى، ئۇلار رەببىڭنىڭ دۈشمىنىدۇر، سېنىڭمۇ دۈشمىنىڭدۇر. سەن رەببىڭگە تەقۋالىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرغىن ۋە ئۇنى ۋايىغا يەتكۈزگىن. چۈنكى، تەقۋالىق شۇنداق ئالىي مەرتىۋە بولۇپ، بۇ مەرتىۋىگە ھەممىدىن بەك سەن ھەقلىقسەن. رەببىڭ سېنىڭ ئەھۋالىڭنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ، ئۇ بارلىق ئىشلىرىنى ھېكمەت بىلەن، دانالىق بىلەن قىلغۇچى زاتتۇر.

شۇ ئېنىقكى، ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش، ئۇلارغا يول كۆرسىتىش ۋە ئۇلارنى تۇرلۇك بەختسىزلىكلەردىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كەلگەن دىن بولۇپ، بۇ دىنىنىڭ ئۇلۇغ دەستۇرى بولغان «قۇرئان كەرىم» ئۇنىڭغا چىن ئىشەنگەنلەرنى ئىززەت ۋە كۈچ-قۇۋۋەت بىلەن يۈكسەلدۈرىدۇ، ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا بېقىنماي، ئۆزلىرىنىڭ ئىززەت ۋە ھۆرمىتىنى ساقلىغان ھالدا، باشقىلارغا ئۈلگە بولۇپ ھايات كەچۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ. «قۇرئان كەرىم» مۇسۇلمانلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتنىڭ يوللىرىنى ۋە چارىلىرىنى تەقدىم قىلغان ئۇلۇغ دەستۇر بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ ئامىللىرىنى ئۆگىتىدۇ. بۇ ئامىللارنىڭ بىرىنچىسى، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايدىغان مۇستەھكەم ئەقىدىنى تۇرغۇزۇش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش، توسقانلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق تەقۋادارلىق دائىرىسىدە ئىش كۆرۈشتىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە بارلىق مۇئمىنلەرنى ئاللاھ تائالادىنلا قورقۇشقا ۋە كاپىرلار بىلەن مۇناپىقلارغا قەتئىي بويسۇنماسلىققا بۇيرۇغانلىقى بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىككىنچى ئامىل، دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلاردا «قۇرئان كەرىم» بىلەن سۈننەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆرۈش ۋە بۇ ئىككى مەنبەگە چىڭ ئېسىلىشتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە بارلىق مۇئمىنلەرنى ۋەھيىنىڭ روھىغا ئەگىشىشكە بۇيرۇغانلىقى بۇ ئامىلغا ئىشارەت قىلىدۇ.

ئۈچىنچى ئامىل، ھەر ئىشتا ئاللاھ تائالاغا ئىشەنچ بىلەن تەۋەككۇل قىلىشتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا چىن ئىشەنچ قىلىپ تايانغان ۋە ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان ئادەم قەتئىي زىيان تارتمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزىگە ئىشەنچ باغلىغان ئادەمنى چوقۇم ھىمايە قىلىدۇ ۋە قوغدايدۇ. شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى، ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل

قىلىش دېگەنلىك سەۋەب قىلماي تۇرۇپ، ئۇنىڭغا يۆلىنىۋېلىش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمان ئادەم ئاۋۋال سەۋەب قىلىدۇ، قولىدىن كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تايىنىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» بىزنى كاپىرلارغا بويۇن ئەگمەسلىككە، ئائىلىدە، جەمئىيەتتە، ئىش ئورنىدا ۋە ھاياتلىقنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىدە «قۇرئان كەرىم»نى دەستۇر قىلىشقا، ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنچ قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا تايىنىشقا بۇيرۇيدۇ.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى كۆرسەتمىلىرىدىن كېيىن، شۇنى ئىزاھلايدۇكى، ھېچكىمدە ئىككى قەلب يارىتىلمىغاندەك، بىر ئادەم ئەينى ۋاقىتتا ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىپ تۇرۇپ، كاپىرلارنى دوست تۇتمايدۇ. چۈنكى، بىر قەلبتە ئىككى زىت نەرسە ئورۇن ئالالمايدۇ. سېنىڭ قەلبىڭدە راستتىنلا ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ مۇھەببىتى بولسا، ئۇنىڭغا كاپىرلارنىڭ، مۇناپىقلارنىڭ مۇھەببىتى ھەرگىز كىرەلمەيدۇ ۋە سىغالمايدۇ. شۇنداقلا ئىمان بولغان قەلبتە نىفاق (مۇناپىقلىق) ياكى كۇفرىنىڭ تەسىرى بولمايدۇ. خۇددى بىر ئادەمنىڭ ئىچىدە ئىككى قەلب بولمىغاندەك، بىر قەلبتە ئىمان بىلەن كۇفرى، ئىخلاس بىلەن رىيا جەم بولمايدۇ.

ئەپسۇسكى، بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىزغا قارايدىغان بولساق، دىنىمىز باشقا بىر دۇنيادا، بىزنىڭ ئەخلاقىمىز ۋە ئەمەلىيىتىمىز باشقا بىر دۇنيادا تۇرماقتا.

ئاللاھ تائالا بىر قەلبتە بىر-بىرىگە زىت ئىككى ئېتىقادنىڭ بىرلىشەلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، زىھار بىلەن نىكاھنىڭ، باشقا بىرىنىڭ بالىسىنى بېقىۋېلىش بىلەن نەسەبنىڭ بىرلەشمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. يەنى بىراۋ ئايالىنى تالاق قىلماقچى بولۇپ: «سېنىڭ ئۇچاڭ مەن ئۈچۈن خۇددى ئانامنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشاشتۇر» دېسىمۇ، ئۇ ئايال ھەرگىز ئۇنىڭ ئانىسىغا ئوخشاش بولۇپ قالمايدۇ. شۇنىڭدەك بىراۋ بىر بالىنى بېقىۋالغان بولۇپ، ئۇنى خۇددى ئۆز بالىسىدەك قاتارغا قوشقان بولسىمۇ، ئۇ بالىنىڭ نەسەبى شۇ ئائىلىگە قوشۇلمايدۇ. بەلكى بالىنىڭ نەسەبى ئۆز ئاتىسىغا تەۋە بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ مەنىدە دەيدۇكى، ئى ئەرلەر! سىلەر ئاياللىرىڭلارنى

تالاق قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئاناڭلارغا ئوخشاتساڭلارمۇ، ئۇلار ھېچ ۋاقىت سىلەرنىڭ ئاناڭلار بولۇپ قالمايدۇ، بىراۋنىڭ بالىسىنى بېقىۋېلىپ، ئۇنى ئۆز بالام دەۋالساڭلارمۇ، ئۇ بالا ھېچ ۋاقىت سىلەرنىڭ ئۆز بالاڭلار بولۇپ قالمايدۇ. بۇ پەقەت سىلەرنىڭ ئېغىزىڭلاردىكى قۇرۇق گەپلەردۇر.

ئەللامە قۇرتۇبىي ﴿ئاللاھ سىلەر بالا قىلىۋالغانلارنى ئۆز بالاڭلار (نىڭ ھۆكمىدە) قىلغانمۇ ئەمەس﴾ دېگەن ئايەتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېقىۋالغان بالىسى زەيد ئىبنى ھارىسە ھەققىدە نازىل بولغانلىقىغا بارلىق مۇپەسسىرلەرنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكىنى بايان قىلغان. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «﴿ئۇلارنى ئۆز ئاتىسىنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىڭلار﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغانغا قەدەر بىز زەيد ئىبنى ھارىسەنى زەيد ئىبنى مۇھەممەد دەپ چاقىراتتۇق»[1] دېگەن.

زەيد ئەسلىدە شامدىن ئەسىرگە چۈشكەن بالا بولۇپ، زەيدنى ئەسىرگە ئالغانلار ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېرىندىشىنىڭ ئوغلى ھەكىم ئىبنى ھىزامغا سېتىۋەتكەن. ھەكىم ئىبنى ھىزام ئۇنى ھامما ئاچىسى خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ھەدىيە قىلغان. خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياتلىق بولغاندىن كېيىن، زەيدنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىگە بېرىۋەتكەن. زەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئۇزۇن ۋاقىت خىزمەت قىلىدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ قەبىلىسىدىن مەككىگە كەلگەن ئادەملەر زەيدنى تونۇپ قېلىپ، يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن، زەيدنىڭ ئاتا- ئانىسىغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزىدۇ. زەيدنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ ئىز- دېرىكىنى ئالغانلىقتىن قاتتىق خۇشال بولۇپ، ئۇنى قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن زەيدنىڭ ئاتىسى ھارىسە ۋە ئۇنىڭ تاغىسى بىرلىكتە زەيدنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن مەككىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ زەيدنى قايتۇرۇپ كېتىش بەدىلىگە نېمە دېسە بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ زەيدنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيدقا «سەن مېنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمنى بىلدىڭ، خالىساڭ مەن بىلەن قالغىن، خالىساڭ ئاتاڭ ۋە تاغاڭ بىلەن بىللە كەتكىن» دەيدۇ. زەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا «مەن سىزنى

[1] «صحيح البخاري» 6-توم 116-بەت، 4782-ھەدىس.

ھېچكىمگە تەڭ قىلمايمەن، سىز مەن ئۈچۈن ئاتام ۋە ئانامنىڭ ئورنىدا. مەن سىز بىلەن قالىمەن» دەيدۇ. زەيدنىڭ ئاتىسى بىلەن تاغىسى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەيران قالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا كايىپ: «ئەي زەيد! سەن ئاتا-ئاناڭنى ۋە ئازادلىقنى قايرىپ قويۇپ قۇللۇقنى تاللامسەن؟» دەيدۇ. بۇ چاغدا زەيد ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: «ھەئە، مەن بۇ ئادەمدە شۇنداق ئىسىل پەزىلەتنى كۆردۈمكى، دۇنيادا ئۇنىڭغا ھېچكىمنى تەڭ قىلمايمەن» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى سورۇن ئەھلى! گۇۋاھ بولۇڭلاركى، زەيد بۈگۈندىن باشلاپ مېنىڭ بالامدۇر. ئۇ مەندىن مىراس ئالىدۇ ۋە مەنمۇ شۇنداق» دەيدۇ. ئاندىن زەيدنىڭ ئاتىسى بىلەن تاغىسى قايتىپ كېتىدۇ[1]. بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇن بولغان ۋەقەدۇر.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بېقىۋالغان بالىلارنى ئۆزىنىڭ نەسەبىگە قوشۇۋېلىش جاھىلىيەت دەۋرىدە ئومۇملاشقان بىر ئادەت ئىدى. ئىسلام دىنى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئادەت بىر مۇددەت داۋاملاشقان بولسىمۇ، بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇشى بىلەن ھارام قىلىنغان. يەنى بالا بېقىۋېلىش ھارام قىلىنغان ئەمەس، بەلكى ھارام قىلىنغىنى بالا بېقىۋالغانلارنىڭ بېقىۋېلىنغان بالىنى ئۆز ئاتا-ئانىسىدىن تاندۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ نەسەبىگە قوشۇۋېلىشىدۇر. ﴿بۇ پەقەت سىلەرنىڭ ئېغىزىڭلاردىكى سۆزۈڭلاردۇر، ئاللاھ ھەقىقەتنى سۆزلەيدۇ، توغرا يولغا باشلايدۇ﴾ دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى بېقىۋالغان بالىلىرىڭلارنى ئۆز بالىمىز دەپ ئۆز نەسەبىڭلارغا قوشۇۋېلىشىڭلار شەرىئەتتە ئاساسى بولمىغان، پەقەت ئېغىزىڭلاردىكى سۆزۈڭلاردۇر. ئاللاھ تائالا ھەق ۋە توغرا سۆزنى ئېيتىدۇ، سىلەرنى توغرا يولغا باشلايدۇ. ئۇ بولسىمۇ، بېقىۋالغان بالىلىرىڭلارنىڭ ھۆكۈمىدە سىلەرنىڭ پۇشتۇڭلاردىن بولغان بالىلىرىڭلارغا ئوخشاش بولالمايدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى ئۆز ئاتىسىنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىشىڭلاردۇر. سىلەر ئەمدى جاھىلىيەتنىڭ بۇ ئادىتىنى تاشلاپ ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆرۈشۈڭلار لازىم.

ئاللاھ تائالا سىلەرگە تەلىم بېرىپ دەيدۇ: سىلەر بېقىۋالغان بالىلارنى ئۆز ئاتىسىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتاڭلار، ئۇلارنى ئۆز ئاتىسىغا مەنسۇپ قىلىڭلار. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئادالەتلىك ۋە ئەڭ توغرا ئىشتۇر. مەسىلەن: زەيد ئىبنى مۇھەممەد دېمەستىن، ئۇنى ئاتىسىنىڭ

[1] «الطبقات الكبرى» لإبن سعد 3-توم، 42- بەت.

ئىسمى بىلەن ئاتاپ زەيد ئىبنى ھارىسە، دېگەنگە ئوخشاش.

ئەگەر سىلەر بېقىۋالغان باللارنىڭ ئاتىسىنى ياكى ئۇلارنىڭ ئىسمىنى بىلمىسەڭلار، ئۇلارنى دىنىي قېرىنداشلىرىڭلار ياكى ئارىلىشىپ كېلىۋاتقان دوستلىرىڭلار ۋە يېقىنلىرىڭلار قاتارىدا ساناڭلار. يەنى ئۇلارنى «ئى قېرىندىشىم!» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن چاقىرىڭلار.

﴿سەۋەنلىكتىن قىلىپ قويغان ئىشلىرىڭلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾ يەنى سىلەر ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن ياكى خاتالىقتىن، بىراۋنى ئۆز ئاتىسىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىماستىن، بېقىۋالغان كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرساڭلار، بۇنىڭغا گۇناھ بولمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن ياكى خاتالاشقانلىقتىن ۋەياكى مەجبۇرلانغانلىقتىن ئىختىيارسىز ھالدا قىلىپ سالغان گۇناھلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ اللَّهَ وَضَعَ عَنْ أُمَّتِي الْخَطَأَ ، وَالنِّسْيَانَ ، وَمَا اسْتُكْرِهُوا عَلَيْهِ» يەنى «ئاللاھ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن خاتالاشقان، ئۇنتۇپ قالغان ۋە مەجبۇرلانغاننىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈۋەتكەن»[1].

﴿لېكىن قەستەن قىلغان ئىشىڭلاردا (سىلەرگە گۇناھ بولىدۇ)، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ يەنى ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ھۆكمىنى ۋە بۇ تەلىماتىنى بىلىپ تۇرۇپ، خۇددى بۇ ھۆكۈمنى ۋە بۇ تەلىماتنى قوبۇل قىلمىغاندەك ياكى كۆزگە ئىلمىغاندەك، بېقىۋالغان باللارنىڭ ئۆز ئاتىسىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇ باللارنى ئۆز ئاتىسىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىماي، قەستەن ئۇلارنى بېقىۋالغان ئادەملەرنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىغۇچىلار گۇناھكار بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھلىرىنى، خاتالىقلىرىنى ئەلۋەتتە كەچۈرىدۇ ۋە ئۇلارغا مەغپىرەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان زاتتۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. تەقۋالىق ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىش ۋە ئۆز نەپسىنىڭ ئاسىيلىقنى تىزگىنلەش بىلەن يەتكىلى

[1] «سنن ابن ماجه»1 ـ توم 659 ـ بەت،2045 ـ ھەدىس.

بولىدىغان ئالىي مەرتىۋىدۇر.

2. كاپىرلار بىلەن مۇناپىقلارنى سىرداش قىلىۋېلىش ۋە ئۇلارنىڭ سۆزىگە كىرىش ئېغىر گۇناھتۇر.

3. «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىسنىڭ روھىغا ئەگىشىش ۋە بۇ ئىككىسىنى چىڭ تۇتۇش بارلىق بەختسىزلىكلەردىن ساقلىنىشنىڭ ۋە جىمى قورقۇنچلاردىن ئامان بولۇشنىڭ كاپالىتىدۇر.

4. ھەر كىمنى ئۆز ئاتىسىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتاش لازىم. بىراۋنىڭ ئۆز ئاتىسىدىن تېنىشى ئەڭ چوڭ تۇزكورلۇقتۇر.

## ◄ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى

﴿ٱلنَّبِيُّ أَوۡلَىٰ بِٱلۡمُؤۡمِنِينَ مِنۡ أَنفُسِهِمۡۖ وَأَزۡوَٰجُهُۥٓ أُمَّهَٰتُهُمۡۗ وَأُوْلُواْ
ٱلۡأَرۡحَامِ بَعۡضُهُمۡ أَوۡلَىٰ بِبَعۡضٖ فِي كِتَٰبِ ٱللَّهِ مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ
وَٱلۡمُهَٰجِرِينَ إِلَّآ أَن تَفۡعَلُوٓاْ إِلَىٰٓ أَوۡلِيَآئِكُم مَّعۡرُوفٗاۚ كَانَ ذَٰلِكَ
فِي ٱلۡكِتَٰبِ مَسۡطُورٗا ٦ وَإِذۡ أَخَذۡنَا مِنَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ مِيثَٰقَهُمۡ
وَمِنكَ وَمِن نُّوحٖ وَإِبۡرَٰهِيمَ وَمُوسَىٰ وَعِيسَى ٱبۡنِ مَرۡيَمَۖ وَأَخَذۡنَا
مِنۡهُم مِّيثَٰقًا غَلِيظٗا ٧ لِّيَسۡـَٔلَ ٱلصَّٰدِقِينَ عَن صِدۡقِهِمۡۚ وَأَعَدَّ
لِلۡكَٰفِرِينَ عَذَابًا أَلِيمٗا ٨﴾

### ◄ تەرجىمىسى

6- پەيغەمبەر مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆز جېنىدىنمۇ ئارتۇقتۇر، (پەيغەمبەر مۇئمىنلەرنىڭ ئاتىسىغا ئوخشاش بولغانلىقتىن) پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى مۇئمىنلەرنىڭ ئانىلىرىدۇر (شۇڭا پەيغەمبەردىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاياللىرىغا نىكاھلىنىش مۇئمىنلەرگە ھارامدۇر). ئاللاھنىڭ كىتابىدا ئۇرۇق-تۇغقانلار (مىراس ئېلىشتا) بەزىسى بەزىسىگە مۇئمىنلەردىن ۋە مۇھاجىرلاردىن ھەقلىقتۇر[1]. لېكىن مۇئمىن قېرىنداشلىرىڭلارغا

[1] ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا دىنىي قېرىنداشلىق ۋە مۇھاجىرلىق مۇناسىۋىتى بىلەن بىر-بىرىنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى بار ئىدى. كېيىنچە، مىراس ھەققىدىكى ئايەتلەر نازىل بولغاندىن كېيىن، بۇ

(بىر نەرسە بېرىشكە) ۋەسىيەت قىلساڭلار بولىدۇ، بۇلار (لەۋھۇلمەھپۇز دېگەن) كىتابتا يېزىلغاندۇر.

7-8 (ئى پەيغەمبەر!) ئۆز ۋاقتىدا بىز پەيغەمبەرلەردىن (جۈملىدىن سەندىن، نۇھتىن، ئىبراھىمدىن، مۇسادىن ۋە مەريەم ئوغلى ئىيسادىن (دىننى يەتكۈزۈش توغرۇلۇق) ئەھدە ئالدۇق. راستچىللاردىن (يەنى پەيغەمبەرلەردىن ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتىكى) راستچىللىقىنى سۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلاردىن مۇستەھكەم ئەھدە ئالدۇق. ئاللاھ كاپىرلارغا قاتتىق ئازاب تەييارلىدى.

### تەپسىرى

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە چىن ئىشەنگەن مۆئمىنلەر ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆز جېنىدىنمۇ ۋە دۇنيادىكى ھەرقانداق قىممەتلىك كىشىلىرىدىنمۇ ئارتۇقتۇر ۋە سۆيۈملۈكتۇر. مانا بۇ ئىمانىنىڭ تەلىپىدۇر.

ئاللاھ تائالانى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى شۇنداق مۇكەممەل سۆيمىگەن ئادەمنىڭ ئىمانى تولۇقلانمايدۇ. چۈنكى، ھەقىقىي مۆئمىن ئادەم ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ھەممىدىن بەك سۆيۈشى، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانىنى ئورۇنداشنى ھەممىدىن ئالدىنقى ئورۇندا قويۇشى، ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشنى ھەممە ھەقلەردىن مۇھىم بىلىشى، ئۆزىنىڭ جېنىنى، مال-مۈلۈكىنى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ئاتاشتىن ئىككىلەنمەسلىكى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئىسلامغا ھەقىقىي مەنسۇپ بولغىلى بولىدۇ ۋە ئاللاھ تائالا تەلەپ قىلغان روھتا مۆئمىن بولغىلى بولىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۆئمىنلەر ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئاتىسىدىنمۇ سۆيۈملۈك ۋە ئارتۇق بولغانلىقتىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى مۆئمىنلەرنىڭ ئانىلىرىغا ئوخشاشتۇر. ئۇلار ھۆرمەتتە ۋە ئۆلگە قىلىشتا مۇسۇلمانلارنىڭ ئانىلىرىنىڭ ئورنىدىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاياللىرىدىن بىرەرسى بىلەن ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ نىكاھلىنىشى قەتئىي جائىز ئەمەس. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان كاتتا ھۆرمەت ۋە ئىنئامدۇر.

---

تۈزۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

مۇسۇلمانلار ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، دىنىي قېرىنداشلىقنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن، ئۇرۇق-تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىدىن باشقا، دىنىي قېرىنداشلىق ۋە مۇھاجىرلىق مۇناسىۋىتى بىلەنمۇ بىر-بىرىنىڭ مال-مۈلۈكىگە ۋارىسلىق قىلاتتى. ئاللاھ تائالا: ﴿ئاللاھنىڭ كىتابىدا ئۇرۇق-تۇغقانلار (مىراس ئېلىشتا) بەزىسى بەزىسىگە مۇئمىنلەردىن ۋە مۇھاجىرلاردىن ھەقلىقتۇر﴾ دېگەن ئايەت ئارقىلىق بىر-بىرىدىن مىراس ئېلىش مەسىلىسىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى دىنىي قېرىنداشلىق ۋە مۇھاجىرلىق مۇناسىۋىتىدىن ئاۋۋال كېلىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. يەنى ئۇرۇق-تۇغقانلىق رىشتىسى مىراس مەسىلىسىدە دىنىي قېرىنداشلىق رىشتىسىدىن يېقىندۇر.

شۇنداقتىمۇ، ئۆلگۈچى ئۆزىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقىنى بولمىسىمۇ، دىنىي قېرىنداشلىق، دوستلۇق ۋە باشقا مۇناسىۋەتلەر بىلەن ئۆزى خالىغان كىشىلەرگە مىراستىن بىر نەرسە بېرىشنى ۋەسىيەت قىلسا بولىدۇ. ئەمما بۇنىڭدا ۋەسىيەتنىڭ ئومۇمىي مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن كۆپ بولماسلىقى شەرتتۇر. مۇھىم بولغىنى مىراسقا ھەقلىق بولغان تۇغقانلارنى مىراستىن مەھرۇم قىلماسلىق ۋە ئۇلارنىڭ ھەققىنى باشقىلارغا بەرمەسلىكتۇر. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بولغان «قۇرئان كەرىم»دە بۇيرۇلغان ئىلاھىي ھۆكۈمدۇر.

ئاللاھ تائالا ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەرلەردىن ئۇلارنىڭ بىر-بىرىنى تەستىق قىلىشى، بىر-بىرى ھەققىدە خۇش بېشارەت بېرىشى توغرۇلۇق ۋەدە ئالغان بولۇپ، بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن، نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا ۋە ئىيسا قاتارلىق پەيغەمبەرلەردىن كىشىلەرگە ھەق دىنىنى تولۇق يەتكۈزۈش، تاپشۇرۇلغان بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىلىرىنى تولۇق ئورۇنداش توغرۇلۇق مەھكەم ۋەدە ئالغان ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەردىن مۇنداق ۋەدە ئېلىشى بۇ راستچىل پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەق دىنىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈشتىكى راستچىللىقىنى، ئامانەتدارلىقىنى ۋە ئاللاھ تائالاغا بەرگەن ۋەدىسىگە قارىتا سەمىمىيلىكىنى، ھەم ساداقىتىنى سورۇشتۇرۇش، ئاندىن ئۇلارنى تولۇق مۇكاپاتلاش، كاپىرلارغا ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىلىقى ۋە بارلىق قىلمىشلىرى سەۋەبلىك قاتتىق ئازابلارنى تەييارلاش ئۈچۈندۇر.

يۇقىرىقى بەش پەيغەمبەرنىڭ ئىسمىلىرىنى تىلغا ئېلىشتىكى مەقسەت ئۇلارنىڭ «أولوالعزم» (ئۇلۇل ئەزم) يەنى «ئەزىمەتلىك پەيغەمبەر-

لەر» بولغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە مۇستەقىل شەرىئەت كەلگەنلىكى ئۈچۈندۇر. بۇ ئايەت كاپىر بىلەن مۇئمىن ئوتتۇرىسىدا مىراس ئېلىش بولمايدىغانلىقىنى ۋە بۇ ماۋزۇدا باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ شەرىئىتىنىڭ ئىسلام شەرىئىتى بىلەن مۇۋاپىقلىشىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەلۇمكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەقىدىسى بىر بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ شەرىئەتلىرى زامانىنىڭ شارائىتىغا قاراپ ھەر خىل بولۇپ كەلگەن.

خۇلاسە قىلغاندا، ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا دىنىي قېرىنداشلىق ۋە مۇھاجىرلىق مۇناسىۋىتى بىلەن بىر-بىرىنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى بار ئىدى. كېيىنچە، نىسا سۈرىسىدىكى «مىراس ئايەتلىرى» دەپ تونۇلغان 11-، 12- ۋە 176- ئايەتلەر نازىل بولغاندىن كېيىن، بۇ تۈزۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، مىراس ئېلىش پەقەت ئۇرۇق-تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدىلا داۋاملىشىدىغان بولغان.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆز جېنىدىنمۇ بەك سۆيمىگەن ئادەمنىڭ ئىمانى تولۇقلانمايدۇ.

2. ۋارىسلارنىڭ سىرتىدىكى بىرىگە مال-دۇنيا بېرىش ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىش جائىزدۇر. ئەمما ۋەسىيەت ئومۇمىي مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن كۆپ بولماسلىقى شەرتتۇر. ۋارىسلارغا مىراستىكى تېگىشلىك ھەققىنىڭ سىرتىدا بىر نەرسە بېرىش ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىنمايدۇ. قىلىنغان تەقدىردىمۇ يۈرگۈزۈلمەيدۇ.

3. پەيغەمبەرلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئىنسانىيەتنى كۇفرىنىڭ زۇلمەتلىرىدىن ئىماننىڭ نۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن زاتلاردۇر.

### ◄ خەندەك ئۇرۇشى

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱذْكُرُواْ نِعْمَةَ ٱللَّهِ عَلَيْكُمْ إِذْ جَآءَتْكُمْ جُنُودٌ فَأَرْسَلْنَا عَلَيْهِمْ رِيحًا وَجُنُودًا لَّمْ تَرَوْهَا ۚ وَكَانَ ٱللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرًا ﴿٩﴾ إِذْ جَآءُوكُم مِّن فَوْقِكُمْ وَمِنْ أَسْفَلَ مِنكُمْ

وَإِذۡ زَاغَتِ ٱلۡأَبۡصَٰرُ وَبَلَغَتِ ٱلۡقُلُوبُ ٱلۡحَنَاجِرَ وَتَظُنُّونَ بِٱللَّهِ
ٱلظُّنُونَا۠ ﴿١٠﴾ هُنَالِكَ ٱبۡتُلِيَ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ وَزُلۡزِلُواْ زِلۡزَالٗا شَدِيدٗا ﴿١١﴾
وَإِذۡ يَقُولُ ٱلۡمُنَٰفِقُونَ وَٱلَّذِينَ فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٞ مَّا وَعَدَنَا ٱللَّهُ
وَرَسُولُهُۥٓ إِلَّا غُرُورٗا ﴿١٢﴾ وَإِذۡ قَالَت طَّآئِفَةٞ مِّنۡهُمۡ يَٰٓأَهۡلَ يَثۡرِبَ
لَا مُقَامَ لَكُمۡ فَٱرۡجِعُواْۚ وَيَسۡتَـٔۡذِنُ فَرِيقٞ مِّنۡهُمُ ٱلنَّبِيَّ يَقُولُونَ
إِنَّ بُيُوتَنَا عَوۡرَةٞ وَمَا هِيَ بِعَوۡرَةٍۖ إِن يُرِيدُونَ إِلَّا فِرَارٗا ﴿١٣﴾ وَلَوۡ
دُخِلَتۡ عَلَيۡهِم مِّنۡ أَقۡطَارِهَا ثُمَّ سُئِلُواْ ٱلۡفِتۡنَةَ لَأٓتَوۡهَا وَمَا تَلَبَّثُواْ
بِهَآ إِلَّا يَسِيرٗا ﴿١٤﴾ وَلَقَدۡ كَانُواْ عَٰهَدُواْ ٱللَّهَ مِن قَبۡلُ لَا يُوَلُّونَ
ٱلۡأَدۡبَٰرَۚ وَكَانَ عَهۡدُ ٱللَّهِ مَسۡـُٔولٗا ﴿١٥﴾ قُل لَّن يَنفَعَكُمُ ٱلۡفِرَارُ إِن
فَرَرۡتُم مِّنَ ٱلۡمَوۡتِ أَوِ ٱلۡقَتۡلِ وَإِذٗا لَّا تُمَتَّعُونَ إِلَّا قَلِيلٗا ﴿١٦﴾ قُلۡ مَن
ذَا ٱلَّذِي يَعۡصِمُكُم مِّنَ ٱللَّهِ إِنۡ أَرَادَ بِكُمۡ سُوٓءًا أَوۡ أَرَادَ بِكُمۡ
رَحۡمَةٗۚ وَلَا يَجِدُونَ لَهُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ وَلِيّٗا وَلَا نَصِيرٗا ﴿١٧﴾ ۞ قَدۡ
يَعۡلَمُ ٱللَّهُ ٱلۡمُعَوِّقِينَ مِنكُمۡ وَٱلۡقَآئِلِينَ لِإِخۡوَٰنِهِمۡ هَلُمَّ إِلَيۡنَاۖ وَلَا
يَأۡتُونَ ٱلۡبَأۡسَ إِلَّا قَلِيلًا ﴿١٨﴾ أَشِحَّةً عَلَيۡكُمۡۖ فَإِذَا جَآءَ ٱلۡخَوۡفُ
رَأَيۡتَهُمۡ يَنظُرُونَ إِلَيۡكَ تَدُورُ أَعۡيُنُهُمۡ كَٱلَّذِي يُغۡشَىٰ عَلَيۡهِ مِنَ
ٱلۡمَوۡتِۖ فَإِذَا ذَهَبَ ٱلۡخَوۡفُ سَلَقُوكُم بِأَلۡسِنَةٍ حِدَادٍ أَشِحَّةً عَلَى
ٱلۡخَيۡرِۚ أُوْلَٰٓئِكَ لَمۡ يُؤۡمِنُواْ فَأَحۡبَطَ ٱللَّهُ أَعۡمَٰلَهُمۡۚ وَكَانَ ذَٰلِكَ عَلَى
ٱللَّهِ يَسِيرٗا ﴿١٩﴾ يَحۡسَبُونَ ٱلۡأَحۡزَابَ لَمۡ يَذۡهَبُواْۖ وَإِن يَأۡتِ ٱلۡأَحۡزَابُ
يَوَدُّواْ لَوۡ أَنَّهُم بَادُونَ فِي ٱلۡأَعۡرَابِ يَسۡـَٔلُونَ عَنۡ أَنۢبَآئِكُمۡۖ وَلَوۡ
كَانُواْ فِيكُم مَّا قَٰتَلُوٓاْ إِلَّا قَلِيلٗا ﴿٢٠﴾ لَّقَدۡ كَانَ لَكُمۡ فِي رَسُولِ
ٱللَّهِ أُسۡوَةٌ حَسَنَةٞ لِّمَن كَانَ يَرۡجُواْ ٱللَّهَ وَٱلۡيَوۡمَ ٱلۡأٓخِرَ وَذَكَرَ ٱللَّهَ
كَثِيرٗا ﴿٢١﴾ وَلَمَّا رَءَا ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ٱلۡأَحۡزَابَ قَالُواْ هَٰذَا مَا وَعَدَنَا ٱللَّهُ

وَرَسُولُهُۥ وَصَدَقَ ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥۚ وَمَا زَادَهُمۡ إِلَّآ إِيمَٰنٗا وَتَسۡلِيمٗا ﴿٢٢﴾
مِّنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ رِجَالٞ صَدَقُواْ مَا عَٰهَدُواْ ٱللَّهَ عَلَيۡهِۖ فَمِنۡهُم مَّن
قَضَىٰ نَحۡبَهُۥ وَمِنۡهُم مَّن يَنتَظِرُۖ وَمَا بَدَّلُواْ تَبۡدِيلٗا ﴿٢٣﴾ لِّيَجۡزِيَ ٱللَّهُ
ٱلصَّٰدِقِينَ بِصِدۡقِهِمۡ وَيُعَذِّبَ ٱلۡمُنَٰفِقِينَ إِن شَآءَ أَوۡ يَتُوبَ عَلَيۡهِمۡۚ
إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ غَفُورٗا رَّحِيمٗا ﴿٢٤﴾ وَرَدَّ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِغَيۡظِهِمۡ لَمۡ
يَنَالُواْ خَيۡرٗاۚ وَكَفَى ٱللَّهُ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ٱلۡقِتَالَۚ وَكَانَ ٱللَّهُ قَوِيًّا عَزِيزٗا ﴿٢٥﴾
وَأَنزَلَ ٱلَّذِينَ ظَٰهَرُوهُم مِّنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِ مِن صَيَاصِيهِمۡ وَقَذَفَ
فِي قُلُوبِهِمُ ٱلرُّعۡبَ فَرِيقٗا تَقۡتُلُونَ وَتَأۡسِرُونَ فَرِيقٗا ﴿٢٦﴾ وَأَوۡرَثَكُمۡ
أَرۡضَهُمۡ وَدِيَٰرَهُمۡ وَأَمۡوَٰلَهُمۡ وَأَرۡضٗا لَّمۡ تَطَـُٔوهَاۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ
شَيۡءٖ قَدِيرٗا ﴿٢٧﴾

## تەرجىمىسى

**9**ـ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا ئۇستۇڭلارغا (ئىتتىپاقداش) قوشۇن (ھۇجۇم قىلىپ) كەلگەن ئىدى. بىز ئۇلارغا قارشى بوران ۋە (پەرىشتىلەردىن ئىبارەت) سىلەر كۆرەلمەيدىغان قوشۇن ئەۋەتتۇق، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

**10**ـ ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ، تۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمۇ (ھۇجۇم قىلىپ) كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا كۆزۈڭلار چەكچىيىپ، يۈرىكىڭلار ئېغىزىڭلارغا قاپلىشىپ قالغان، سىلەر ئاللاھ توغرۇلۇق تۈرلۈك گۇمانلاردا بولغان ئىدىڭلار.

**11**ـ ئۇ يەردە مۇئمىنلەر سىنالغان ۋە قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەن ئىدى.

**12**ـ ئەينى ۋاقىتتا مۇناپىقلار بىلەن دىللىرىدا (شەك) كېسىلى بارلار: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزلەرگە قۇرۇق ۋەدىلەرنى بېرىپتىكەن» دېيىشكەن ئىدى.

**13**ـ ئەينى ۋاقىتتا ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم: «ئى يەسرىبلىكلەر![1] (بۇ يەردە) تۇرۇشىڭلار سىلەرگە ھېچقانداق پايدىسى يوق، شۇڭا سىلەر (ئۆيۈڭلەرگە)

[1] يەسرىب ـ مەدىنىنىڭ بۇرۇنقى ئىسمىلىرىدىن بىرىدۇر.

قايتىڭلار!» دېدى، ئۇلاردىن يەنە بىر گۇرۇھ ئادەم: «بىزنىڭ ئۆيلىرىمىز ھەقىقەتەن ئوچۇقلۇقتا (يەنى بىخەتەر ئەمەس)» دەپ، پەيغەمبەردىن رۇخسەت سورايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئوچۇقلۇقتا ئەمەس، ئۇلار پەقەت قېچىشنىلا ئويلايدۇ.

14-ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۈستىگە مەدىنىنىڭ ھەر تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىلسە، ئاندىن ئۇلاردىن ئىماندىن يېنىپ، (مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش) تەلەپ قىلىنسا ئىدى، ئۇلار بۇ تەلەپكە دەرھال ماقۇل بولۇپ، ئۇنى ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا (ئورۇندايتتى).

15-ئۇلار ئىلگىرى (جىھادتىن) ئارقىغا چېكىنمەيدىغانلىقى ھەققىدە ئاللاھقا ۋەدە بەرگەن ئىدى. ئاللاھقا بېرىلگەن ۋەدە ئەلۋەتتە سورۇشتە قىلىنىدۇ.

16-(ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇناپىقلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئۆلۈمدىن يا ئۆلتۈرۈلۈشتىن (قورقۇپ، جىھادتىن) قاچساڭلار، قېچىشىڭ سىلەرگە ھېچقانداق پايدىسى يوق، قاچقان تەقدىردىمۇ (بۇ ھاياتتىن) پەقەت ئازغىنە ۋاقىت بەھرىمەن بولالايسىلەر».

17-ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە بىرەر يامانلىقنى ئىرادە قىلسا، سىلەرنى ئاللاھتىن كىم قوغداپ قالالايدۇ، ياكى ئاللاھ سىلەرگە بىرەر رەھمەتنى ئىرادە قىلسا، (ئۇنى كىم توسۇپ قالالايدۇ؟)» ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىگە ۋە ھېچبىر ياردەم قىلغۇچى تاپالمايدۇ.

18-ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى (جىھادتىن) توسقۇچىلارنى ۋە ئۆز تەرەپدارلىرىغا (مۇسۇلمانلارنى تەرك ئېتىپ) بىزگە قوشۇلۇڭلار دېگۈچىلەرنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلار (رىيا قىلىپ) جەڭگە ئاندا- ساندا قاتنىشىپ قويىدۇ.

19-ئۇلار (قاتناشقاندىمۇ) سىلەرگە (ياردەمدە بولۇشقا) بېخىللىق قىلىدۇ، ئەگەر (ئۇلارغا دۈشمەن تەرەپتىن) خەۋپ كېلىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ساڭا سەكراتقا چۈشۈپ قالغان ئادەمدەك (قورقۇنچتىن) كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. قورقۇنچ كەتكەندە، ئۇلار پۇل-مالغا قارىتا ئاچكۆزلۈك قىلىپ سىلەرنى ئۆتكۈر (ۋە زەھەرلىك) تىللار بىلەن رەنجىتىدۇ. ئەنە شۇلار (دىلى بىلەن) ئىمان ئېيتقان ئەمەس. شۇڭا ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋەتتى، بۇ ئاللاھ ئۈچۈن ئاساندۇر.

20-ئۇلار ئىتتىپاقداش قوشۇننى چېكىنمىدى دەپ ئويلايدۇ، ئەگەر ئىتتىپاقداش قوشۇن قايتا كەلسە، ئۇلار (چۆلدە) سەھرالىق ئەرەبلەرنىڭ يېنىدا تۇرۇپ سىلەرنىڭ خەۋەرلىرىڭلارنى ئۇقۇشقاچ، (تىنچ يېتىشنى) ئارزۇ قىلىدۇ.

زادى ئۇلار (ئۇرۇش ۋاقتىدا) ئاراڭلاردا بولغان تەقدىردىمۇ، جەڭگە ئاندا-ساندا قاتنىشىپ قوياتتى.

21-شەكسىزكى، سىلەرگە – ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئۈمىد باغلىغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە رەسۇلۇللاھ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.

22-مۇئمىنلەر ئىتتىپاقداش قوشۇننى كۆرگەن چاغدا: «بۇ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ۋەدە قىلغان ئىشتۇر. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى راست ئېيتقان» دېيىشتى. بۇ (ئىتتىپاقداش قوشۇننىڭ كەلگەنلىكى) پەقەت ئۇلارنىڭ ئىمانىنى ۋە ئىتائەتمەنلىكىنى ئېخىمۇ ئاشۇردى.

23-مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدە ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ) شېھىت بولدى، بەزىسى (شېھىت بولۇشنى) كۈتمەكتە، ئۇلار (ۋەدىسىنى) قەتئىي ئۆزگەرتمىدى.

24-ئاللاھ راستچىللارنى راستچىللىقى يۈزىسىدىن مۇكاپاتلاش، مۇناپىقلارنى ئەگەر خالىسا ئازابلاش ياكى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىش ئۈچۈن (جىهادنى پەرز قىلدى). شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر.

25-ئاللاھ كاپىرلارنى (مەدىنىدىن) ئاچچىقتىن ئىچىنى يېگەن (ئۈچىرىغان تالاپەت سەۋەبىلىك ھەممىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن) ھېچقانداق غەلىبىگە ئېرىشەلمىگەن ھالدا قايتىشقا مەجبۇر قىلدى. ئاللاھ (بوران ۋە پەرىشتە ئارقىلىق) مۇئمىنلەرنى ئۇرۇشسىز غەلىبىگە ئېرىشتۈردى. ئاللاھ كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر.

26-ئاللاھ ئەھلى كىتاب ئىچىدىكى مۇشرىكلارغا ياردەم بەرگەنلەرنى قورغانلىرىدىن چۈشۈردى، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالدى. (ئى ئىمان ئېيتقانلار! شۇنىڭ بىلەن سىلەر ئۇلارنىڭ) بىر بۆلىكىنى ئۆلتۈردۈڭلار ۋە بىر بۆلىكىنى ئەسىر ئالدىڭلار.

27-ئاللاھ سىلەرنى ئۇلارنىڭ يەر-زېمىنلىرىغا، قورۇ-جايلىرىغا، مال-مۈلۈكلىرىگە ۋە بۇرۇن سىلەر قەدەم بېسىپ باقمىغان جايلارغا ئىگە قىلدى. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

### ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس

ئەھكاملار ۋە جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى ھەققىدە توختالغان بولۇپ، بۇ ئايەتلەردە خەندەك ئۇرۇشى، كىشىلەرنىڭ بۇ ئۇرۇشقا قارىتا مەۋقەسى ۋە ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسى ھەققىدە تەپسىلىي توختالغان. بۇ ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە بۆلۈنگەن:

9-ئايەتتىن11-ئايەتكىچە خەندەك ئۇرۇشىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى.

12-ئايەتتىن21-ئايەتكىچە مۇناپىقلار بىلەن مۇشرىكلارنىڭ مەۋقەسى.

22-ئايەتتىن 25-ئايەتكىچە مۆئمىنلەرنىڭ مەۋقەسى.

25-ئايەتتە ئۇرۇشنىڭ تۈگەنچىسى.

26-ئايەتتىن27-ئايەتكىچە مۇشرىكلارغا تەرەپدار بولغان يەھۇدىيلارنىڭ ئاقىۋىتى.

### ◄ تەپسىرى

ئى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەنلەر! ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ئەسلەڭلار. ئۆز ۋاقتىدا مەككىلىك مۇشرىكلار ۋە ئۇلارنىڭ تەرەپدارى بولغان قەبىلىلەر مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار بىلەن بىرلىشىپ، سىلەرنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىش ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ھەر تەرىپىڭلاردىن ھۇجۇم قىلىپ، مەدىنىگە زور قوشۇن بىلەن كەلگەن ۋاقىتتا، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا قاتتىق بوراننى ئەۋەتكەن بولۇپ، قاتتىق بوران ئۇلارنىڭ چېدىرلىرىنى ئۆرۈپ تاشلىغان، ئاتلىرىنى قايمۇقتۇرۇپ قويغان ۋە ئۇلارنىڭ كۈچىنى توزۇتۇۋەتكەن، ئاندىن پەرىشتىلەردىن بولغان كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان قوشۇننى ئەۋەتىش بىلەن ئۇلارنى تەلتۆكۈس مەغلۇپ قىلغان ئىدى. ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلارنى تولۇق كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئۇ ئەلۋەتتە ھەممىگە قادىردۇر.

مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىدە قۇدرەت تېپىپ كۈچلىنىپ كەتكەنلىكى يەھۇدىيلارنى قاتتىق بىئارام قىلغان ئىدى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنى مەغلۇپ قىلىشنى، شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنىنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى ۋە بۇ مەقسەتتە ھەر خىل رەزىل پىلانلارنى تۈزەتتى، تۈرلۈك ھىيلە-مىكىرلەرنى ئىشلىتەتتى. ئۇلار ئەرەبلەرنىڭ مۇنداق بىر-بىرى بىلەن ئىناقسىز تۇرۇپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ

ساھابىلىرىگە كۆچى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلگەنلىكتىن، مەخپىي خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق پۈتۈن ئەرەب قەبىلىلىرىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارشى بىرلەشتۈرۈشكە كىرىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار مەككىلىكلەر بىلەن مەخپىي كېلىشىملەرنى تۈزىدۇ. مەككىلىكلەر ئەتراپتىكى ئەرەب قەبىلىلىرى بىلەن مەدىنىگە سىرتتىن باستۇرۇپ كەلسە، يەھۇدىيلار ئىچىدىن ئۇلارغا ماسلىشىپ بېرىپ، مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلارنى پۈتۈنلەي تارمار قىلىشقا ئىتتىپاقلىشىدۇ.

يەھۇدىيلارنىڭ كاتتىباشلىرىدىن ھۇيەي ئىبنى ئەختەب قاتارلىقلار ئەرەبلەرنىڭ قۇرەيش، غەتەفان، مۇررە، ئەشجەئ قەبىلىلىرىنى مۇسۇلمانلارغا قارشى بىرلەشتۈرۈشتە غەلىبە قىلىدۇ. كېلىشىم بويىچە مەككىدىن ئەبۇ سۇفيان قۇرەيش قەبىلىسىگە، ئۇيەينە غەتەفان قەبىلىسىگە، ھارىس مۇررە قەبىلىسىگە، مۇسئىر ئەشجەئ قەبىلىسىگە قوماندان بولۇپ، قوشۇنلىرىنى باشلاپ مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتراپتىكى جىمى كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى بىرلەشكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ساھابىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىدۇ. ئىرانلىق سەلمان فارسىي ئىسىملىك ساھابە مەدىنە شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا خەندەك كولاش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ساھابىلەر بۇ پىكىرگە قوشۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشچىلىقىدا، ناھايىتى جەڭگىۋارلىق ۋە كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن مەدىنە شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا خەندەك كولاشقا كىرىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەندەك كولاشقا قاتنىشىپ قاتتىق ئىشلەيدۇ، ھەتتا بەزى ساھابىلەر چاقالمىغان قاتتىق تاشلارنى ئۆزى كېلىپ پارچىلاپ بېرىدۇ.

مۇسۇلمانلار خەندەكنى كولاپ بولغاندىن كېيىن، قۇرەيش كاپىرلىرى ئۆزلىرى بىلەن ئۇرۇشقا ئاتلانغان كىنانە، تىھامە قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىكتە مەدىنە شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىدىن، ئەسەد، غەتەفان قەبىلىلىرىگە نەجدە تەرەپتىن قوشۇلغان قەبىلىلەر بىرلىكتە مەدىنە شەھىرىنىڭ غەرب تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن كېلىپ چېدىرلىرىنى تىكىدۇ. ئۇلارنىڭ سانى ئون مىڭ ئىدى. مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوماندانلىقىدا ئاران ئۈچ مىڭ كىشىلىك قوشۇن بولۇپ، ئۇلار مەدىنە شەھىرىنىڭ تاغ تەرىپىدىن ئورۇن ئالدۇ ۋە چېدىرلىرىنى تىكىدۇ. ئىتتىپاقداش قوشۇن بىلەن مۇسۇلمان ئەسكەر-

لىرىنىڭ ئوتتۇرىسىنى خەندەكلا ئايرىپ تۇرىدۇ.

مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە يەھۇدىيلارنىڭ كاتتىۋېشى ھۇيەي ئىبنى ئەختەب مۇسۇلمانلارغا قارشى قوشۇننىڭ سانىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش مەقسىتىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇرۇشماسلىق ھەققىدە كېلىشىمى بار ئەسەد قەبىلىسىنىمۇ ئۇرۇشقا ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن بۇ قەبىلىنىڭ باشلىقى كەئب ئىبنى ئەسەدنى ئەھدىنى بۇزۇشقا قايىل قىلىشقا تىرىشىدۇ. كەئب ئىبنى ئەسەد دەسلەپتە ئەھدىنى بۇزۇشقا قوشۇلمىغان بولسىمۇ، ئاخىرى قايىل بولىدۇ ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى جەڭ قىلىشنى قوبۇل قىلىدۇ.

ئىتتىپاقداش قوشۇن مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ سانىنى ۋە كۈچىنى كۆرسىتىپ كۆز-كۆز قىلىشقا باشلايدۇ. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولماي مۇشۇ پېتى تۇرۇش بىر ئايغا يېقىن داۋاملىشىدۇ. بۇ ئارىدا مۇسۇلمانلار ناھايىتى قاتتىق ئىزتىراپ چېكىدۇ. چۈنكى، مۇسۇلمانلار ئالدىدا ئۆزلىرىدىن ئۈچ ھەسسە كۆپ بولغان ئىتتىپاقداش قوشۇننىڭ ھەيۋىسى، ئىچىدىن يەھۇدىيلارنىڭ سۇيىقەستلىرى بىلەن مۇناپىقلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى ئوتتۇرىسىدا قالغان ئىدى.

مەلۇمكى، مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار مەدىنە شەھىرىنى مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە تاشقى كۈچلەرنىڭ ھەرقانداق بىر ھۇجۇمىدىن قوغداشقا ۋەدىلەرنى بېرىپ، كېلىشىم تۈزگەن بولۇپ، مەدىنە شەھىرىنى قوغداش مۇسۇلمان، يەھۇدىي ۋە مۇشرىك ھەممىسىنىڭ ئورتاق ۋەزىپىسى ۋە يۈكسەك بۇرچى ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ھەممىسى مەدىنە ئىسلام دۆلىتىنىڭ پۇقرالىرى ئىدى.

ئەمما يەھۇدىيلار بىلەن مۇناپىقلار مەدىنە شەھىرىنى قوغداش ئەمەس، بەلكى ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى پۈتۈنلەي تارمار قىلىش نىيىتىدە ئەرەب قەبىلىلىرى بىلەن ئاستىرىتىن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇلارنى مۇسۇلمانلارغا قارشى توپلىغان ۋە كۈشكۈرتكەندىن كېيىن، مۇناپىقلار مۇسۇلمانلارغا يالغاندىن ئۆزرىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ: «بىزنىڭ ئۆيلىرىمىز بىخەتەر ئەمەس، شۇڭا بىز سىلەر بىلەن مەدىنە شەھىرىنى قوغداش ئۇرۇشىغا چىقالمايمىز، ئۆيىمىزدە قېلىپ بالىچاقىمىزنى قوغدايمىز» دەپ ئۇرۇشقا چىقىشتىن باش تارتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن جىم تۇرماستىن مۇسۇلمانلارنىڭ روھىي كەيپىياتىنى تۆۋەنلىتىش،

ئۇرۇشقا بولغان جەڭگىۋارلىقىنى سۇسلاشتۇرۇش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن رەزىللىكلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىدۇ. ھەتتا مۇسۇلمانلارنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا: «مۇھەممەد بىزگە كىسرا ۋە قەيسەر قاتارلىق ئىمپېرا-تورلارنىڭ خەزىنىلىرىگە ئىگە بولىدىغانلىقىمىزنى ۋەدە قىلىۋاتىدۇ، ھالبۇكى، بىز ھازىر ئۆز جېنىمىزنى قوغدىيالمايۋاتىمىز» دەيتتى. ئەمما مۇئمىنلەرگە مۇناپىقلارنىڭ بۇنداق رەزىل سۆزلىرى تەسىر قىلمايتتى. چۈنكى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەدىسىگە چىن ئىشىنەتتى.

ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كۆتۈلگەن ئۇرۇش ئەمەلگە ئاشماي ساق بىر ئايغا يېقىن ۋاقىت ئۆتىدۇ. بۇ ئارىدا ئىككى تەرەپ بىر-بىرىگە ئاندا-ساندا قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئوقيا ۋە تاشلارنى ئېتىپ قويىدۇ. ئەمما رەسمىي ئۇرۇش بولمايدۇ. بۇ ئەھۋالدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەكمۇ بىئارام بولىدۇ. بۇ ئارىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن كېڭىشىش ئۈچۈن، مەدىنىگە ئۇرۇشقىلى كەلگەن مەككە قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرىدىن ئۇيەينە بىلەن ھارىسقا ئەلچى ئەۋەتىش، ناۋادا ئۇلار قايتىپ كەتسە، ئۇلارغا مەدىنىنىڭ خورمىلىرىدىن ئۈچتىن بىرىنى بېرىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەمما ئەنسارلار (مەدىنىلىك ساھابىلەر) كاپىرلارغا ھېچ نەرسە بەرمەسلىك تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز ئۇلارغا قىلىچتىن باشقىسىنى بەرمەيمىز. ئاللاھ ئوتتۇرىمىزدا ھۆكۈم قىلغانغا قەدەر كۈتىمىز». ئەنسارلارنىڭ بۇ تولۇپ تاشقان غەيرىتى ۋە شىجائىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قاتتىق سۆيۈندۈردى ۋە ئاخىرى ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. بۇ ھەقتە مۇنۇ ئايەت نازىل بولىدۇ: ﴿ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ، تۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمۇ (ھۇجۇم قىلىپ) كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا كۆزۈڭلار چەكچىيىپ، يۈرىكىڭلار ئېغىزىڭلارغا قاپلىشىپ قالغان، سىلەر ئاللاھ توغرۇلۇق تۈرلۈك گۇمانلاردا بولغان ئىدىڭلار﴾. بۇ ئايەت مۇسۇلمانلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھالىتىنى ناھايىتى ئىنچىكە تەسۋىرلەپ بەرگەن[1].

مەككىلىك ئاتلىق قوشۇندىكىلەرنىڭ بەزىسى ئۇرۇش قىلماستىن بۇنداق ئۇزۇن تۇرۇشتىن زېرىكىشكە باشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار خەندەكنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ بىرەر ئاجىز نۇقتا تېپىشقا كىرىشىدۇ. ئاخىر بىر يەردىن بوشلۇق تېپىپ ئاتلىرى بىلەن خەندەكتىن ئۆتۈشكە

---

[1] «التفسير الواضح» 3- توم 80- بەت.

ئۇرۇندى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن مۇسۇلمانلار ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ باشچىلىقىدا، دۈشمەن بۆسۈپ كىرمەكچى بولغان خەندەكنىڭ ئەتراپىغا ئاتلىرى بىلەن يېتىپ كېلىدۇ ۋە مەككىلىكلەر بىلەن بىر مەيدان ئېلىشىدۇ. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەمر ئىبنى ئابدۇ ۋەدنى ئۆلتۈرۈشى بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى خەندەكتىن چېكىنىپ قاچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئېلىشىش ئاخىرلىشىدۇ.

ئىتتىپاقداش قوشۇننىڭ خەندەك ئەتراپىدىكى مۇھاسىرىسى بىر ئايغا يېقىن داۋاملىشىدۇ. شۇنداق كېچىلەرنىڭ بىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىپ: «اللَّهُمَّ مُنْزِلَ الْكِتَابِ سَرِيعَ الْحِسَابِ اهْزِمْ الْأَحْزَابَ اللَّهُمَّ اهْزِمْهُمْ وَزَلْزِلْهُمْ» يەنى «ئى قۇرئاننى نازىل قىلغۇچى، تېز ھېساب ئالغۇچى ئاللاھ! بۇ گۇرۇھلارنى مەغلۇپ قىلغىن، ئۇلارنى ساراسىمىگە سېلىۋەتكىن»[1] دەپ دۇئا قىلىدۇ.

مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەرنىڭ بىرىدە نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد دېگەن كىشى مۇشرىكلارنىڭ قوشۇنىدىن خۇپىيانە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ.

## ◄ نۇئەيم ئىبنى مەسئۇدنىڭ كاتتا خىزمىتى

نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد ئىتتىپاقداش قوشۇننىڭ ئىچىدىكى غەتەفان قەبىلىسىنىڭ قوماندانلىرىدىن بىرى ئىدى. ئىتتىپاقداش قوشۇن مەدىنە شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان شۇ كۈنلەرنىڭ كېچىلىرىدىن بىرىدە، چېدىر ئىچىدە يېتىپ خىيال سۈرۈشكە باشلايدۇ، ئۇ ئۆزىگە سوئال قويۇپ: «ئەي نۇئەيم! نېمە سەۋەبتىن سەن يىراق جايدىن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ؟ نېمە سەۋەبتىن مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلماقچى بولدۇڭ؟ بۇ مۇقەددەس ئۇرۇشمۇ ياكى پەسكەشلەرنىڭ ئۇرۇشىمۇ؟ سېنىڭ بۇ ئۇرۇشۇڭ تارتۇۋېلىنغان بىرەر ھەقنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئەمەس ياكى دەپسەندە قىلىنغان ئار-نومۇس ئۈچۈنمۇ ئەمەس، بىكارغا بۇ ياخشى ئادەمگە قارشى ئۇرۇش قىلماقچى بولۇۋاتىسەن» دەيدۇ. ئۇ ئۇزۇن-ئۇزۇن تەپەككۇر قىلىدۇ، خىيال سۈرىدۇ. ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىش قارارىغا كېلىدۇ. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ: «يارەسۇلۇللاھ! مەن

---

[1] «صحيح البخاري» 1- توم 44-بەت، 2933- ھەدىس.

ئىمان ئېيتتىم، ئەمما قەۋمىم بۇنى بىلمەيدۇ، مېنى قانداق خىزمەتكە بۇيرۇسىلا ئۇنى ئورۇنداشقا ھازىرمەن» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «إِنَّمَا أَنْتَ فِينَا رَجُلٌ وَاحِدٌ ، فَخَذِّلْ عَنَّا مَا اسْتَطَعْتَ، فَإِنَّمَا الْحَرْبُ خَدْعَةٌ» يەنى «سەن ئارىمىزدا بىرلا ئادەم، قەۋمىڭنىڭ يېنىغا قايتقىن، قولۇڭدىن كەلسە دۈشمەنلەرگە قارشى بىز ئۈچۈن بىر ئىش قىلغىن، چۈنكى، ئۇرۇش دېگەن ھىيلىدۇر»[1] دەيدۇ.

نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد يەھۇدىيلارنىڭ ئارىسىدا ۋە ئەرەب قەبىلىلىرى ئىچىدە يۈز-ئابرۇيلۇق ئادەم بولۇپ، ھەممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشى ئىدى. ئۇ ئاۋۋال بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارغا: «سىلەر ئارىمىزدىكى دوستلۇقنى ۋە سەمىمىيەتنى ئوبدان بىلىسىلەر، مەن سىلەرگە مەسلىھەت بەرگىلى كەلدىم، تەكلىپىمنى قوبۇل قىلامسىلەر؟» دەيدۇ. يەھۇدىيلار ئۇنىڭغا: «سەن بىزنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك دوستىمىز، تەكلىپىڭنى ئېيتقىن» دەيدۇ. نۇئەيم ئۇلارغا: «قۇرەيش ۋە غەتەفان قەبىلىلىرى بۇ ئۇرۇشتا سىلەرگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، بۇ سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلار، سىلەرنىڭ بالىچاقاڭلار، مال-مۈلۈكۈڭلار بۇ يەردە. ئۇرۇشتا غەلىبە قىلساڭلار، مەككىلىك قوشۇن غەنىيمەتلەرنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتىدۇ، ئەگەر مەغلۇپ بولساڭلار، ئۇلار سىلەرنى تاشلاپ تىكىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرەيش قوشۇنى مۇھاسىرىدىن زېرىكتى. ئۇلار ئۇرۇشتىن ۋاز كېچىپ قايتىپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا سىلەر مۇھەممەدنىڭ قوشۇنى ئالدىدا يالغۇز قالىسىلەر. مۇھەممەد سىلەردىن قاتتىق ئىنتىقام ئالىدۇ. سىلەرنىڭ مۇھەممەدكە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىڭلارنى ئۆزۈڭلارمۇ بىلىسىلەر» دەيدۇ. يەھۇدىيلار: «ئۇنداقتا قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟» دەيدۇ، نۇئەيم «سىلەر قۇرەيش ۋە غەتەفان قەبىلىلىرىنىڭ كاتتىباشلىرىدىن بىر قانچە كىشىنى سىلەرگە گۆرۈگە ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىڭلار» دەيدۇ. يەھۇدىيلار: «توغرا ئېيتتىڭ، بىز چوقۇم شۇنداق قىلىمىز» دېيىشىپ قالىدۇ. نۇئەيم ئۇلارنىڭ يېنىدىن چىقىپ، قۇرەيش قوشۇنىنىڭ قوماندىنى ئەبۇ سۇفياننىڭ يېنىغا كېلىدۇ ۋە ئۇلارغا خىتاب قىلىپ: «ئى قۇرەيش قەبىلىسىدىكىلەر! سىلەر مېنىڭ سىلەرگە بولغان ساداقىتىمنى ۋە دوستلۇقۇمنى، مۇھەممەدكە قارشى ئۆچمەنلىكىمنى ئوبدان بىلىسىلەر. سىلەرگە بىر مەخپىيەتلىكنى دېگىلى كەلدىم، بۇنى مەخپىي تۇتۇڭلار. بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى

[1] «صور من حياة الصحابة» للدكتور عبد الرحمن رأفت باشا، 404- 405- 406- بەتلەر.

مۇھەممەدكە قارشى تۇرۇشتىن ۋاز كېچىپتۇ، مۇھەممەدكە ئەلچى ئەۋەتىپ ‹بىز سىلەر بىلەن تۇرۇشقەن ئەھدىمىزنى بۇزغانلىقىمىزغا پۇشايمان قىلدۇق، بۇرۇنقى كېلىشىم بويىچە سىلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇشقا بەل باغلىدۇق، بۇ سۆزىمىزدە راستچىل ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قۇرەيش ۋە غەتەفان قەبىلىلىرىنىڭ كاتتىباشلىرىدىن نۇرغۇن كىشىنى ساڭا تاپشۇرۇپ بېرىمىز، سەن ئۇلاردىن ئوبدان ئىنتىقام ئالىسەن، ئاندىن ئۇرۇشتا بىز سەن تەرەپتە تۇرۇپ ئۇلارنى يوقىتىمىز› دەپتۇ، مۇھەممەد بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپتۇ. ئى ئەبۇ سۇفيان! ئەگەر سىلەر يەھۇدىيلارغا ئەلچى ئەۋەتسەڭلار، ئۇلار چوقۇم سىلەردىن نۇرغۇن ئادىمىڭلارنى گۆرۈگە ئېلىپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، سىلەر ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلماڭلار» دەيدۇ. ئەبۇ سۇفيان نۇئەيمگە «سەن ھەقىقەتەن سەمىمىي دوست ئىكەنسەن، سەن بىزنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزدۇڭ» دەپ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىدۇ. نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد ئۇلارنىڭ يېنىدىن چىقىپ، ئۆز قەۋمى غەتەفان قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئەبۇ سۇفيانغا ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ ئەينىسىنى ئېيتىدۇ ۋە ئۇلارنىمۇ قايىل قىلىدۇ.

ئەبۇ سۇفيان يەھۇدىيلارنى سىناش ئۈچۈن، ئۇلارغا ئۆز ئوغلىنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىدۇ، ئەلچى يەھۇدىيلارغا: «قوشۇنلىرىمىز كۆپ ساقلاپ كەتتى، دادام مۇھەممەدكە قارشى ئۇرۇشنى باشلىمىساق بولمايدۇ، ئەتە ئۇرۇشنى باشلايلى دېدى» دەيدۇ. يەھۇدىيلار ئۇنىڭغا: «ئەتە كۈنگە شەنبە، بىز بۇ كۈندە ئىشلىمەيمىز. سىلەر بىزگە قۇرەيش ۋە غەتەفان قەبىلىلىرىنىڭ كاتتىلىرىدىن 70 كىشىنى گۆرۈگە قويمىغۇچە، بىز سىلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلمايمىز. چۈنكى، بىز ئۇرۇش تازا قىزىغان ۋاقىتتا سىلەرنىڭ بىزنى تاشلاپ مەككىگە قېچىپ كېتىشىڭلاردىن قورقىمىز» دەيدۇ. ئەبۇ سۇفيان بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىتتىپاقداش قوشۇنغا يەتكۈزىدۇ، ئۇلار قاتتىق غەزەپلىنىپ، «بىز مايمۇن ۋە چوشقىلارنىڭ ئەۋلادى بولغان يەھۇدىيلارغا بىر قوي تەلەپ قىلسىمۇ بەرمەيمىز» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇشرىكلار بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاق بۇزۇلىدۇ[1].

بۇ ئەھۋالدىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ روھى تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ ۋە مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىنى تاجاۋۇزچى قوشۇندىن مۇداپىئە قىلىش يولىدا باتۇرلارچە ئېلىشىشقا تەييارلىنىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھەق

[1] بۇ ۋەقە ئەللامە مۇھەممەد راتىب نابلىسىنىڭ 1993- يىلى 15- مارت كۈندىكى «ساھابىلەر تارىخى» ناملىق لېكسىيەسىدىن ئېلىندى.

يولدا بولغانلىقى ئۈستىگە، ئۇرۇشنى بىرىنچى بولۇپ باشلىمىغان ۋە مەدىنىدىن ئىبارەت ئىسلام دىيارىنى قوغداش يولىدا جانلىرىنى ۋە مال-مۈلۈكىنى پىدا قىلىش ئۈچۈن ھازىرلانغان قەھرىمانلار ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئۇ كۈندە ھەممىدىن بەك كۈچلۈك، تولىمۇ جاسارەتلىك ئىدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ غەيرىتى ۋە شىجائىتى ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سىناقلىرىدىن سەۋرچانلىق ۋە چىدامچانلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىشىگە تۈرتكە بولدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشنى ئىرادە قىلغانلىقتىن، ئىتتىپاقداش قوشۇننىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ ۋە ئەندىشە سالدى. ئۇلارنىڭ سېپىنى بۆلۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاقداش قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقى تۆۋەنلەپ، پىسخىكىسى قالايمىقانلىشىپ، غەلىبىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلۈشكە باشلىدى، پىكىر بىرلىكى ۋە ئىتتىپاقى بۇزۇلدى. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا قاتتىق بوراننى ئەۋەتتى، بوران ئۇلارنىڭ چېدىرلىرىنى يۇلۇپ تاشلىدى، قازان-قومۇچلىرىنى ئۆچۈرۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قاتتىق يامغۇر يېغىپ، بوران بىلەن يامغۇر ئۇلارنى كۆپ تالاپەتكە ئۇچراتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قايتىشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى.

بۇ ۋاقىتتا، قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ كاتتىبېشى ئەبۇ سۇفيان ئوتتۇرىغا چىقىپ قوشۇنغا مۇنداق دېدى: «ئى قۇرەيش! بىزنىڭ ئىشىمىز ياخشى بولمىدى، قاتتىق بوران چېدىرلىرىمىزنى بۇزۇۋەتتى، يامغۇر بىزنى ھالىمىزدىن كەتكۈزۈۋەتتى، ئوت قالايلى دېسەكمۇ مۇمكىن بولمىدى ياكى چېدىرلىرىمىزدا تۇرالمىدۇق. بىز ئەمدى قايتىشقا مەجبۇر بولدۇق. قايتىڭلار، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىرگە قايتىمەن».

شۇنداق قىلىپ ئىتتىپاقداش قوشۇن بىر كېچىنىڭ ئىچىدە قايتىپ كېتىشتى، مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرى دۈشمەنلىرىدىن خالىي، خاتىرجەم ھالغا كېلىپ قالدى. مۇسۇلمانلار ئاۋۋال قاتتىق قورقۇنچ بىلەن سىنالغاندىن كېيىن غەلىبە قىلدى، كاپىرلار بولسا مەغلۇپ بولدى.

## ◄ يەھۇدىيلارنىڭ مەۋقەسى

يەھۇدىيلار بىلەن مۇناپىقلار مۇسۇلمانلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنى تىلەيتتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەندەك ئۇرۇشى باشلىنىش ئالدىدىكى جىددىي پەيتلەردە، ئىسلام دىنى غەلىبە قىلىپ، مۇسۇلمانلار-نىڭ كىسرا ۋە قەيسەرلەرنىڭ خەزىنىلىرىگە ئىگە بولىدىغانلىقى

ھەققىدە بەرگەن بېشارەتلىرىنى مەسخىرە قىلغان ئىدى. ھەتتا يەھۇدىيلاردىن تۇئمە بىلەن مۇئەتتەب قاتارلىقلار «بىز خاتىرجەم ھالدا ھاجەتكە بارالماي تۇرساق، ئۇ قانداقمۇ بۇ ۋەدىلەرنى قىلىدۇ؟» دېيىشكەن ئىدى. ئۇلار يەنە مۇسۇلمانلارنى ئازدۇرۇش ۋە ئۇلارنى ئىسلامنىڭ غەلىبىسىدىن ئۈمىدسىزلەندۇرۇش ئۈچۈن «ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ۋەدىسى پەقەت قۇرۇق ۋەدىلەردۇر. مۇھەممەد چوقۇم تۈگىشىدۇ. ئەبۇ سۇفيان تەرەپ غەلىبە قىلسا، سىلەردىن ھېچكىمنى تىرىك قويمايدۇ. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى سىلەر ئۆيۈڭلارغا قايتىڭلار، سىلەر بىكارغا ئۆزۈڭلارنى ئەبۇ سۇفياننىڭ قوشۇنىنىڭ قولى بىلەن ھالاك قىلامسىلەر؟» دېيىشكەن ئىدى.

مۇناپىقلاردىن بەزىلىرى جەڭ مەيدانىدىن قېچىش ئۈچۈن يوقىلاڭ ئۆزرىلەرنى كۆرسىتىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سوراپ قايتقان ئىدى. ئۇلار يالغاندىن ئۆزرىلەرنى ئويدۇرۇپ، «بىزنىڭ ئۆيلىرىمىز بىخەتەر ئەمەس، بالىچاقىلىرىمىز ۋە ئاياللىرىمىزغا تۇساتتىن زىيان يېتىپ قېلىشىدىن قورقۇۋاتىمىز. شۇڭا بىز ئۆيلىرىمىزگە قايتىپ ئۇلارنى قوغدايمىز» دەيتتى. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ يالغاندىن ئۆزرە ئېيتقانلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىلدۈرگەن ۋە يالغانچىلىقتىكى ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغان ئىدى.

ئەگەر ئىتتىپاقداش قوشۇن راستتىنلا ھۇجۇمىنى باشلاپ، مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىگە تۆت تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ كەلسە، ئاندىن مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار بىلەن مۇناپىقلاردىن ئاشكارا ئىماندىن يېنىش ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش تەلەپ قىلىنسا، ئۇلار بۇ تەلەپنى دەرھال ئورۇندايتتى ۋە ھەرگىز كېچىكىپ قالمايتتى. چۈنكى، ئۇلار باشتىن شۇنى كۈتۈۋاتاتتى. ئۇلار مەككىلىكلەر بىلەن بىرلىشىپ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشنى شۇ مەقسەت بىلەن پىلانلىغان ئىدى.

يەھۇدىيلار ئۇرۇش بولۇشتىن ئاۋۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا خۇشامەت قىلىپ، مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىپ كېلىدىغانلارغا قارشى مۇسۇلمانلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىغا قەسەمىيادلارنى قىلغان ۋە ئارقىغا قاچمايدىغانلىقىغا ۋەدىلەرنى بەرگەن بولسىمۇ، ئۇرۇشنىڭ شەپىسى كۆرۈنۈشى بىلەن تەڭلا ئۇلار ئەھدىدىن يېنىۋالغان ئىدى. چۈنكى، يەھۇدىيلار ھېچ ۋاقىت سۆزىدە تۇرغان ئەمەس، ئەھدىگە ئەمەل قىلغانمۇ ئەمەس. ئەينى ۋاقىتتىكى مۇناپىقلارنىڭ

مۇتلەق كۆپ سانلىقى يەھۇدىيلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان بولۇپ، ئەۋس، خەزرەج ۋە مەدىنە شەھىرى ئەتراپىدىكى ئەرەب قەبىلىلىرىدىنمۇ بار ئىدى. مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ كاپىرلىقىنى يوشۇرۇپ، مۇسۇلمانلىقىنى دەۋا قىلاتتى.

ئاللاھ تائالا جىھادقا چىقماسلىق ئۈچۈن يالغاندىن باھانىلەرنى كۆرسىتىپ رۇخسەت سوراشقا ئۇرۇنغان مۇناپىقلارغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلغان: ﴿(ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇناپىقلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئۆلۈمدىن يا ئۆلتۈرۈلۈشتىن (قورقۇپ، جىھادتىن) قاچساڭلار، قېچىشىڭلار سىلەرگە ھېچقانداق پايدىسى يوق، قاچقان تەقدىردىمۇ (بۇ ھاياتتىن) پەقەت ئازغىنا ۋاقىت بەھرىمەن بولالايسىلەر»﴾ يەنى سىلەرنىڭ ئەجىلىڭلار توشقان بولسا، سىلەر بۇ ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر. چۈنكى، ئەجەل ئىلگىرى - كېيىن بولمايدۇ. بەلكى ئەجەل كەلگەن ھامان سىلەر ئۆلۈسىلەر، سىلەر نەدە بولساڭلار بۇ ئەجەل سىلەرنى چوقۇم تاپىدۇ. ناۋادا ئەجىلىڭلار توشمىغان بولسا، گەرچە جىھاد مەيدانىدا بولساڭلارمۇ ئۆلمەيسىلەر. جىھادتىن قېچىش ئارقىلىق سىلەرنىڭ ئۆمرۈڭلار ئۇزىراپ قالمايدۇ، بۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش يوق.

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى: ﴿«ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە بىرەر يامانلىقنى ئىرادە قىلسا، سىلەرنى ئاللاھتىن كىم قوغداپ قالالايدۇ، ياكى ئاللاھ سىلەرگە بىرەر رەھمەتنى ئىرادە قىلسا، (ئۇنى كىم توسۇپ قالالايدۇ؟)﴾ يەنى ئەگەر ئاللاھ تائالا سىلەرگە مەغلۇبىيەتنى پۈتۈۋەتكەن بولسا، سىلەر نەگە بارساڭلار بېرىڭلار، چوقۇم شۇنى كۆرىسىلەر ئەمەسمۇ؟

مۇناپىقلارنىڭ كاتتىبېشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي، مۇئەتتەب ئىبنى قۇشەير ۋە خەندەك ئۇرۇشىدىن قايتقان مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ يېنىغا قانداقلا بىر مۇناپىق كەلسە، ئۇنىڭغا: «ھەرگىز جىھادقا چىقمىغىن، ئۆيۈڭدە ئولتۇر» دەيتتى، جىھاد مەيدانىدىكى ئۆز تەۋەلىرىگە خەت يېزىپ، ئۇلارنىڭ مەدىنىگە قايتىپ كېلىشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇلار مۇسۇلمانلار بىلەن بىر سەپتە بولۇپ جىھادقا چىقمايتتى، پەقەت چارىسىز قالغاندا، كىشىلەرگە ئۆزلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈنلا چىقاتتى، كىشىلەر ئۆز ئەھۋالى بىلەن قالغاندا ئۇلار دەرھال مەدىنىگە قايتىپ كېلەتتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ﴿ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى (جىھادتىن) توسقۇچىلارنى ۋە ئۆز تەرەپدارلىرىغا (مۇسۇلمانلارنى تەرك ئېتىپ) بىزگە قوشۇلۇڭلار دېگۇ-

چىلەرنى ئوبدان بىلىدۇ﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغان[1].

ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنىڭ ئەپتى-بەشرىسىنى ئېچىپ تاشلاشنى داۋاملاشتۇرۇپ دەيدۇكى، ئى مۇئمىنلەر! مۇناپىقلار ئىنتايىن قورقۇنچاق ۋە نامەرد قەۋم بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن جەڭگە قاتنىشىدىغانلىرى بەكمۇ ئاز چىقىدۇ. قاتناشقانلىرىمۇ سىلەرنىڭ كۆزۈڭلارنى بوياش ۋە ئابرۇي قازىنىش ئۈچۈنلا قاتنىشىدۇ. ئۇلار سىلەرگە ھەرگىزمۇ ياردەمدە بولمايدۇ، بەلكى زىيىنىڭلارغا ئىش قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ جىددىي پەيتلەردە ۋە ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا سىلەرگە پايدىسى بولمايدۇ. ئەمما غەنىيمەت ئالىدىغان ۋاقىتلاردا ئۇلار بىرىنچى بولۇپ كېلىپ بولىدۇ ۋە غەنىيمەتتىن كۆپرەك بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇناپىقلارغا رەسمىي خەۋپ يەتكەندە، ئۇلارنىڭ ساڭا سەكراتقا چۈشۈپ قالغان ئادەمدەك ئۆلۈم قورقۇنچىسىدا كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. قورقۇنچاقلار ئەنە شۇنداق قىلىدۇ. ئەمما ئۇلار دۈشمەن خەۋپىدىن خاتىرجەم بولۇپ، دىللىرىدىن قورقۇنچ كەتكەندە، پۇل-مالغا بولغان قاتتىق ئاچكۆزلۈكى سەۋەبلىك سىلەرنى كەسكىن ۋە زەھەرلىك تىللىرى بىلەن رەنجىتىدۇ. ئۇلار ئەنە شۇنداق ياخشىلىق قىلىشقا بېخىللىق قىلىدىغان، يامانلىق قىلىشقا ئالدىرايدىغان ئادەملەردۇر. چۈنكى، ئۇلار ئەسلىدە ئىمان ئېيتقان كىشىلەر ئەمەس. پەقەت ئېغىزاكى مۇسۇلمانچىلىقنى سۆزلەپ قويۇپ مۇسۇلمانلارنى ئالدىماقچى بولغان ئالدامچىلاردۇر. ئۇلار قىلغان ئەمەللىرىدە ئاللاھ رازىلىقىنى ئىزدىمىگەنلىكى ۋە رىيا ئۈچۈنلا قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ياخشىلىق دەپ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى بىكار. ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋېتىش ۋە رەسۋا قىلىش ئاللاھ تائالا ئۈچۈن تولىمۇ ئاساندۇر.

بۇ مۇناپىقلار قاتتىق قورقۇنچاقلىقى ۋە ئىنتايىن گۇمانخورلۇقى سەۋەبلىك ئىتتىپاقداش قوشۇننى چېكىنمىدى دەپ ئويلايدۇ. بۇ قورقۇنچاقلارنىڭ ئادىتىدۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ رەزىللىكىدىن ئىتتىپاقداش قوشۇننىڭ قايتا كېلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار قايتا كەلسە، ئۆزلىرى چۆللەردە سەھرا ئەرەبلىرىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، سىلەرنىڭ خەۋەرلىرىڭلارنى كۆزەتكەچ، ئۆلۈمۈڭلارنى كۈتكەن ھالدا، تىنچ يېتىپ

[1] «زاد المسير في علم التفسير» 3-توم، 454-بەت.

ئارام ئېلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. زادى ئۇلار سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بولۇپ، سىلەر بىلەن ئۇرۇش مەيدانىغا بىللە كىرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئەسلا ئۇرۇش قىلىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇلاردا مەردلەرچە ئۇرۇش قىلىش خىسلىتى يوق.

ئى جىھادقا چىقىشتىن قېلىپ قالغانلار! سىلەرنىڭ پۈتۈن ئىشلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشىڭلار ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە جىھادقا چىقىشىڭلار ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىلەر ئۈچۈن، ھەقىقىي مۆئمىنلىكنىڭ، چىدامچانلىقنىڭ ۋە سەۋرچانلىقنىڭ ئۈلگىسىدۇر، دىن ۋە دۇنيالىق ھەممە ئىشتا سىلەرگە ئەڭ ياخشى ئۆرنەكتۇر.

راستتىنلا ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگەن، قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىدىن قورقىدىغان، ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد ئېتىدىغان ۋە ئۇنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدىغان كىشىلەر ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ گۈزەل ئۆرنەكتۇر، تولىمۇ ياخشى ئۈلگىدۇر. يۇقىرىقىلار جىھادقا چىقمىغانلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن كايىشتۇر.

### ◄ مۆئمىنلەرنىڭ مەۋقەسى

بىز يۇقىرىقى ئايەتلەر ئارقىلىق ئۆز ۋاقتىدىكى يەھۇدىيلار بىلەن مۇناپىقلارنىڭ نەقەدەر نامەرد، نەقەدەر رەزىل ۋە قورقۇنچاق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى، خەندەك ئۇرۇشى جەريانىدا مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇتقان مەۋقەسىنى بىلدۇق. ئەمدى مۆئمىنلەرگە كەلسەك، ئۇلار دىللىرى ئىماننىڭ نۇرى بىلەن پارلىغان، ئەقىدىسى مۇستەھكەم، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىدىن ئۈمىدۋار، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئىسلامنىڭ كېلەچىكىگە باغلىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار بۇ ئۇرۇشقا تەييارلىنىش ئارقىلىق ئىمانىغا ئىمان قوشۇپ، ئەقىدىسىنى ئېخىمۇ مۇستەھكەملىدى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ سىنىقىدىن غەلىبىلىك ئۆتتى.

ئۇلار ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولغان ئىتتىپاقداش قوشۇنىنىڭ مەدىنە شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ توپلانغانلىقىنى ۋە ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي خاتىمە بېرىش، مۇسۇلمانلارنى يەر يۈزىدىن يوق قىلىۋېتىش ئۈچۈن تەييار تۇرغانلىقىنى كۆرگىنىدە، بىردىنلا ئۇلارنىڭ ئىمانى كۈچلىنىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە بولغان ئىشەنچىسى ھەسسىلەپ ئاشقان ئىدى. ئۇلار ئىتتىپاقداش قوشۇننى كۆرگىنىدە، «مانا بۇ، ئاللاھ

تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ۋەدە قىلغان نۇسرىتىنىڭ بېشارىتىدۇر» دېگەن ئىدى.

توغرا، ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ كۈچلىنىپ، زورىيىپ ھېيرە، مەدائىن قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ۋە كىسرا بىلەن قەيسەردىن ئىبارەت كۈچلۈك ئىمپېرا-تورلارنىڭ خەزىنىلىرىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان ئىدى. مۇئمىنلەر بۇ ۋەدىگە چىن قەلبىدىن ئىشەنگەنلىكتىن ھېچ شەك قىلمايتتى. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە ۋە ھەقىقىي مۇئمىنلەرگە چوقۇم ياردەم قىلىدىغانلىقىغا شۇنداق چىن ئىشىنەتتىكى، يەر يۈزىنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسى بىرلەشكەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ تائالا ياردەم قىلغان قوشۇنغا ئۇلارنىڭ ھەرگىز تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا تاشقىرىدىن مۇشرىك ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ، ئىچكىرىدىن يەھۇدىيلارنىڭ ئىتتىپاقداش كۈچلىرى ئالدىدا ئۇلارنىڭ ئىمانى كۈچىيىپ كەتكەن ئىدى. نەتىجىدە مۇسۇلمانلارغا قارشى توپلىنىپ كەلگەن ئىتتىپاقداش قوشۇن بۇ ھەرىكىتى بىلەن مۇسۇلمانلارنى قورقۇتۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى كۈچلەندۈرۈپ قويغان ئىدى.

ئىمام بۇخارىي ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تاغام ئەنەس ئىبنى نەزر بەدرى ئۇرۇشىغا قاتنىشالمىغان ئىدى. بۇ ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر كەلگەن بولۇپ، مەن رەسۇلۇللاھ قاتناشقان بىرىنچى ئۇرۇشتا ئۇنىڭ يېنىدا بولالمىدىم، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھ مېنى رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇرۇشقا چىقىشقا مۇيەسسەر قىلسا، شۇ ۋاقىتتا باتۇرلۇق كۆرسىتىشىمگە ئاللاھ مېنى مۇۋەپپەق قىلغاي، دېگەن ئىدى. راست دېگەندەك، بىر يىلدىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇھۇد ئۇرۇشىغا چىقتى، ئۇنى سەئد ئىبنى مالىك كۈتۈۋالغان ئىدى. ئۇ شۇ ئۇرۇشتا ئۇنتۇلماس باتۇرلۇقنى كۆرسەتتى ۋە سەئد ئىبنى مالىكقا ‹ۋاھ! نېمىدېگەن خۇشپۇراق بۇ! مەن ھازىر جەننەتنىڭ ھىدىنى پۇراۋاتىمەن› دېدى-دە، ئۇرۇشقا قايتا كىرىپ كېتىپ شېھىت بولدى. ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ **80** نەچچە يېرى يارىلانغانلىقى بايقالغان». ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا «﴿مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدە ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار﴾ دېگەن ئايەتنى بۇ ھەقتە نازىل بولغان دەپ ئويلايتتۇق»[1] دېگەن.

---

[1] «صحيح البخاري» 4- توم 19-بەت، 2805-ھەدىس.

نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ بەزىسى بەرگەن ۋەدىلىرىگە ئەمەل قىلىپ، ئىسلامنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ، ئاللاھ يولىدا شېھىت بولدى، بەزىسى ئاللاھ يولىدا شېھىت بولۇشتىن ئىبارەت بۇ شەرەپلىك ئۆلۈمنى كۈتمەكتە، ئۇلار بەرگەن ئەھدىسىنى ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق، ئەھدىسىدىن يېنىۋالغىنىمۇ يوق. بەلكى شۇنداق مۇستەھكەم تۇرماقتا.

بەزىلەر دېيىشى مۇمكىن، مۇسۇلمانلارنىڭ يولى ھەق ۋە ئۆزلىرى ھەقىقەت ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرغان تۇرسا، ئۇلار نېمە ئۈچۈن شۇنچىلىك قىيىنچىلىقلارنى تارتىشقا مەجبۇر بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن جىھاد قىلىشقا موھتاج بولىدۇ؟

ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ راستچىللارنى راستچىللىقى يۈزىسىدىن مۇكاپاتلاش، مۇناپىقلارنى ئەگەر خالىسا ئازابلاش ياكى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىش ئۈچۈن (جىھادنى پەرز قىلدى). شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر﴾.

### ◄ ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى

ئاللاھ تائالا مەغلۇبىيەتنىڭ ئاچچىقىغا كۆمۈلگەن ۋە غەزەپتىن بىر-بىرىنى يەۋەتكىلى تاس قالغان بۇ كاپىرلارنى ھېچقانداق پايدىغا ئېرىشتۈرمەستىن، قەۋمى ئالدىدا رەسۋا قىلىپ، ئۆزلىرىنى پۇشايمان قىلدۇرۇپ، كەلگەن يەرلىرىگە قايتىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ قوشۇنغا ئەبۇ سۇفيان، ئۇيەينە قاتارلىقلار باشچىلىق قىلغان ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى شۇنداق خورلانغان، پۇشايمان قىلغان ۋە بىر-بىرىگە تاپا-تەنە قىلغان ھالدا ئۆز يۇرتلىرىغا قايتۇردى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى ئەتراپتىكى ئەرەبلەردىن يوشۇرۇشقا شۇنچىلىك تىرىشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ ئىبرەتلىك مەغلۇبىيىتى پۈتۈن ئەرەبلەرگە پۇر كەتكەن ئىدى. بۇ مەغلۇبىيەت ئۆز ۋاقتىدا مەككىلىكلەر مەككىدىن ھەيدەپ چىقارغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ پۈتۈن ئەرەب قەبىلىلىرىنى يەڭگىدەك كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇپ قالغانلىقىنى، ئىچكى ۋە تاشقى دۈشمەنلىرىنى تارمار قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قۇدرىتىنى ئىسپاتلىغانلىقىنى بارچە ئەرەبلەرگە كۆرسىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئەرەبلەر مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلدى ۋە ئۇلارغا چېقىلىشتىن ھەزەر ئەيلەيدىغان بولدى.

دېمەك، ئاللاھ تائالا مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتىش ۋە ئىتتىپاقداش قوشۇننىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ سېلىش ئارقىلىق مۆئمىنلەرنى ئۇرۇشسىز غەلىبىگە ئېرىشتۈردى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا كۈچلۈكتۇر ۋە ھەممىگە غالىبتۇر.

## ◄ يەھۇدىيلاردىن مۇشرىكلارغا سېتىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتى

قۇرەيش بىلەن غەتەفان قەبىلىلىرى بۇ مەغلۇبىيەت سەۋەبلىك قاتتىق ئاچچىق ۋە ھەسرەت چەككەن ھالدا ئۆز دىيارلىرىغا قايتىپ كېتىشتى. ئەمما يەھۇدىيلار خۇددى قىلمىشلىرى ئىسپاتلانغان گۇناھكارلاردەك ئۆزلىرى ھەققىدە قانداق ھۆكۈمنىڭ ئېلان قىلىنىشىنى قورقۇنچ بىلەن كۈتۈپ مەدىنىدە قالدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ مۇناپىقلار بىلەن يەھۇدىيلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى كۈچىيىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ۋەتەننى ساتماقچى بولغان، ئىسسىق-سوغۇقتا، راھەت-جاپادا ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ياشاۋاتقان، كۆپ ياخشىلىقلىرىنى كۆرگەن مۇسۇلمانلارنى ھالاك قىلماقچى بولغان خىيانەتكارلار ئىدى. ئۆزلىرىمۇ بۇ خىيانەتنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. خۇسۇسەن، بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ خىيانەتكارلىقى بەك ئېغىر ئىدى.

شۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقداش قوشۇن مەدىنىدىن چېكىنگەن كۈننىڭ ئەتىسى بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ تەرىپىگە ئاتلاندى. چۈنكى، جىبرىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا : «فَمَا وَضَعَتْ الْمَلَائِكَةُ السِّلَاحَ بَعْدُ ، وَمَا رَجَعَتْ الْآنَ إِلَّا مِنْ طَلَبِ الْقَوْمِ ، إِنَّ اللَّهَ عَزَّ وَجَلَّ يَأْمُرُكَ يَا مُحَمَّدُ بِالْمَسِيرِ إِلَى بَنِي قُرَيْظَةَ» يەنى «پەرىشتىلەر تېخى قوراللىرىنى تاشلىمىدى، ئۇلار دۈشمەنلەرنى يوقىتىشتىن ۋاز كەچمىدى، ئى مۇھەممەد! ئاللاھ سېنى بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىغا قارشى ئاتلىنىشقا بۇيرۇيدۇ»[1] دېگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى جەڭگىۋارلىققا ئۈندىگەن ۋە ئەسىر نامىزىنى بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ يۇرتىدا ئوقۇشقا بۇيرۇغان ئىدى.

بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ ئەدىپىنى بېرىش ئۈچۈن يولغا چىققان مۇسۇلمانلار بايراقنى كۆتۈرۈپ، ئالدىنقى سەپتىن ئورۇن ئېلىش شەرىپىنى

---

[1] «السيرة النبوية» لابن هشام، 1– توم 233– بەت.

تالىشىپ بىر-بىرى بىلەن بەسلىشەتتى.

مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلارنىڭ يۇرتىغا يېقىنلىشىپ كەلگەندە، يەھۇدىيلار ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ، ئى مۇھەممەد! سەن بىزنى بىلمەيدىغان ئادەم ئەمەس ئىدىڭ، ئەمدى بىزنى تونۇماس بولدۇڭمۇ؟ دەيدۇ. چۈنكى، يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىغان، تولىمۇ ھاكاۋۇر ۋە مۇتەكەببىر مەخلۇقلار ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلارنى 25 كۈنگىچە يېقىن ۋاقىت مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. ئاخىر ئەۋس قەبىلىسىنىڭ كاتتىبېشى ۋە جاھىلىيەتتە بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان سەئد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشى بىلەن مۇھاسىرە ئاخىرلىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئد ئىبنى مۇئازنى بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئادالەتلىك ھۆكۈم چىقىرىشقا بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەئد ئىبنى مۇئاز يەھۇدىيلارنىڭ ئەرلىرىنى ئۆلتۈرۈش، ئاياللىرىنى، بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلىرىنى ئەسىرگە ئېلىش ۋە مال-مۈلۈكىنى ئولجا قىلىپ مۇسۇلمانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىش ھەققىدە ھۆكۈم ئېلان قىلىدۇ. ئاندىن، بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ ئەرلىرى بىر-بىرلەپ قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ سانى 700 ئەتراپىدا ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان.

بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ يەر-زېمىنلىرى مۇسۇلمانلارغا تەقسىم قىلىنغان بولۇپ، ئۇ يەرلەر زىرائەتچىلىككە ياراملىق، مۇنبەت يەرلەر ئىدى. ئاللاھ تائالا بۇنى مۇنۇ ئايەتلەردە ئوچۇقلايدۇ: ﴿ئاللاھ ئەھلى كىتاب ئىچىدىكى مۇشرىكلارغا ياردەم بەرگەنلەرنى قورغانلىرىدىن چۈشۈردى، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالدى. (ئى ئىمان ئېيتقانلار! شۇنىڭ بىلەن سىلەر ئۇلارنىڭ) بىر بۆلىكىنى ئۆلتۈردۈڭلار ۋە بىر بۆلىكىنى ئەسىر ئالدىڭلار﴾ يەنى ئاللاھ تائالا خەندەك ئۇرۇشى بولغان كۈنى ئىتتىپاقداش قوشۇنغا ئاستىرتتىن ھەمكارلىشىپ، مۇسۇلمانلارغا خىيانەت قىلغان، رەسۇلۇللاھ بىلەن قىلغان ئەھدىسىنى بۇزغان بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنى مۇستەھكەم سېپىللىرىدىن چۈشۈردى. ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇردى. ئۇلار سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا مەغلۇپ بولدى. شۇنداق قىلىپ، سىلەر ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنى ئۆلتۈردۈڭلار، ئاياللىرى بىلەن بالىلىرىنى ئەسىرگە ئالدىڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئۇلارنىڭ يەر-زېمىنلىرىنى، ئۆي-ئىمارەتلىرىنى، مال-مۈلۈكىنى مىراس قىلىپ بەردى.

كۆرگىنىڭلاردەك ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. خەندەك ئۇرۇشى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن تولىمۇ جاپالىق بولغان ئۇرۇشلارنىڭ بىرى بولۇپ، غەلىبە مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ بولۇش بىلەن ئۇلارنى خۇشال قىلىۋەتكەن ۋە تارتقان جاپالىرىنى ئۇنتۇلدۇرغان ئىدى.

2. ئاللاھ تائالاغا ئىشەنچ قىلىپ تايىنىش ۋە ئۇنىڭغا قارىتا ياخشى ئويدا ۋە توغرا قاراشتا بولۇش ياخشى ئەمەلدۇر. ئەمما ئاللاھ تائالاغا ئىشەنچ قىلالماسلىق ۋە ئۇنى يامان گۇمان قىلىش گۇناھ ئىشتۇر.

3. مۇناپىقلار ھامان بىر كۈنى پاش بولۇپ رەسۋا بولماي قالمايدۇ.

4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رىم، يەمەن قاتارلىق جايلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتىدىغانلىقى ھەققىدە بەرگەن بىشارەتلىرىنىڭ كېيىنچە ئەمەلگە ئاشقانلىقى ئۇنىڭ ھەقىقەتەن راستچىل پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنىڭ ئايرىم بىر دەلىلىدۇر.

5. ئەھدىگە ۋاپا قىلماسلىق، بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلماسلىق مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. مۇسۇلمان ئادەمدە بۇنداق ناچار ئەخلاقنىڭ ئورۇن ئېلىشى بەكمۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالدۇر.

6. ئۆلۈمدىن قورقۇپ جىھادقا چىقىشتىن قېچىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئەجەل ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالا جاننى قانداق ۋاقىتتا ۋە قانداق شەكىلدە ئالىدىغانلىقىنى ئالدىن بەلگىلەپ بولغان.

7. بېخىللىق بىلەن قورقۇنچاقلىق مۇناپىقلارنىڭ ئاساسلىق سۈپەت-لىرىدىن سانىلىدۇ.

8. ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن كاپىر بولغان كىشىنىڭ بارلىق ياخشى ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ.

9. ھەر ئىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىپ، ئۇنىڭ يولىدىن مېڭىش ئىككى ئالەملىك ئامانلىق يولىدۇر.

10. خەندەك ئۇرۇشى ھەقىقىي مۆئمىنلەر بىلەن مۇناپىقلارنى ئوتتۇرىغا چىقارغان چوڭ سىناقلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئىماندا سادىق بولغان

مۆئمىنلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىمانىنى ئىسپاتلىغاندەك، مۇسۇلمانلارنى ئالداپ جان بېقىپ كەلگەن مۇناپىقلارنىڭ چۈمپەردىسى ئېچىلىپ بارچە رەزىل-لىكلىرى ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى.

**11.** خىيانەتنىڭ ۋە ئەھدىنى بۇزۇشنىڭ ئاقىۋىتى ھەقىقەتەن ئېچى-نىشلىق ۋە ئىبرەتلىك بولىدۇ. بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ مەككىلىك مۇشرىكلار بىلەن ئاستىرتتىن تىل بىرىكتۈرۈپ مۇسۇلمانلارغا قارشى سۇيىقەست ھازىرلىغانلىقى ۋە ئەينى ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارغا بەرگەن ئەھدىسىنى بۇزۇپ، ۋەتەنگە خىيانەت قىلغانلىقى سەۋەبلىك مۇ-سۇلمانلارنىڭ قولىدا ھالاك قىلىنغانلىقى بۇنىڭ مىسالى.

**12.** ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقىي مۆئمىنلەرگە ياردەم قىلىش ۋە ئۇلارنى دۇنيادا ھۆكۈمران قىلىش، شۇنداقلا ئۇلار قەدەم بېسىپ باقمىغان جايلارنى ئۇلارنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈش ھەققىدىكى ۋەدىلىرى ئۆز ۋاقتىدا تولۇق ئەمەلگە ئاشقان ئىدى. شام، ئىراق، ئىران قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلكىدە بولۇشى بۇنىڭ مىسالى. ھازىرمۇ بۇ ۋەدىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا گەپ يوق.

## ◄ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدىكى ئەدەب-ئەخلاقلار

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِىُّ قُل لِّأَزْوَٰجِكَ إِن كُنتُنَّ تُرِدْنَ ٱلْحَيَوٰةَ ٱلدُّنْيَا وَزِينَتَهَا
فَتَعَالَيْنَ أُمَتِّعْكُنَّ وَأُسَرِّحْكُنَّ سَرَاحًا جَمِيلًا ﴿٢٨﴾ وَإِن كُنتُنَّ تُرِدْنَ
ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَٱلدَّارَ ٱلْـَٔاخِرَةَ فَإِنَّ ٱللَّهَ أَعَدَّ لِلْمُحْسِنَـٰتِ مِنكُنَّ
أَجْرًا عَظِيمًا ﴿٢٩﴾ يَـٰنِسَآءَ ٱلنَّبِىِّ مَن يَأْتِ مِنكُنَّ بِفَـٰحِشَةٍ مُّبَيِّنَةٍ
يُضَـٰعَفْ لَهَا ٱلْعَذَابُ ضِعْفَيْنِ ۚ وَكَانَ ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرًا ﴿٣٠﴾﴾

## ◄ تەرجىمىسى

28-ئى پەيغەمبەر! (ئارتۇق خىراجەت سوراپ ئالدىڭغا توپلىشىپ كەلگەن) ئاياللىرىڭغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر بۇ دۇنيالىق ھاياتنى ۋە ئۇنىڭ زىبۇ-زىننىتىنى كۆزلەيدىغان بولساڭلار، كېلىڭلار، سىلەرگە بىر ئاز نەرسە بېرىپ، سىلەرنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرەي.

29-ئەگەر سىلەر ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى، ئاخىرەت يۇرتىنى ئىخ-

-تىيار قىلساڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىچىڭلاردىكى (تائەت-ئىبادەتنى) ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغۇچىلارغا چوڭ مۇكاپات تەييارلىدى».

30-ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى! ئاراڭلاردىن كىمكى ئوپئوچۇق بىر قەبىھ ئىشنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ئىككى ھەسسە ئازاب قىلىنىدۇ. بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر.

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

بۇ ئايەتلەر ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئالدىنقى ئايەتلەردە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى توپلانغان ئىتتىپاقداش قوشۇننىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى بايان قىلىنغان بولسا، بۇ ئايەتلەردە مۇئمىنلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن توسقان، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا ئوخشاش ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىن كىشىلەرنىڭمۇ ئۇنى جاپاغا سېلىپ قويۇشى ياكى رەنجىتىپ قويۇشى قەتئىي چەكلەنگەن. يەنە بۇ ئايەتلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىكى گۈزەل ئەخلاق ئۈلگىلىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىكى ۋايىغا يەتكەن ئىپپەت-نومۇس، شەرم-ھايا ۋە ئاللاھ بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ھەممىدىن ئالدىنقى ئورۇندا قويۇش قاتارلىق ئېسىل خىسلەتلەر بايان قىلىنغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدىكى كەمتەر تۇرمۇش ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلەنگەن.

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئەگەر ئاياللىرىڭ سەندىن ئارتۇقچە خىراجەت سوراپ، سېنى رەنجىتسە، ئۇلارغا ئىككى ئىختىيارنىڭ بىرىنى تاللاش ھەققىدە شۇنداق دېگىنكى، ئەگەر سىلەر بۇ دۇنيالىق ھاياتنى، باياشاتلىق تۇرمۇشنى ۋە بۇ دۇنيانىڭ زىبۇزىننەتلىرىنى كۆزلەيدىغان بولساڭلار ۋە بۇ نەرسىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىنىڭ يېنىدا بولۇشتىن ئىبارەت كاتتا شەرەپتىنمۇ ئارتۇق كۆرسەڭلار، كېلىڭلار، مەن سىلەرگە ئىلكىمدە بار مال-دۇنيادىن چامىمنىڭ يېتىشىچە بىر نەرسە بېرەي، ئاندىن سىلەرگە ھېچقانداق زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەستىن، سىلەرنى رەنجىتمەستىن، چىرايلىق يوسۇندا تالاق قىلىۋېتەي.

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،

«بىر كۈنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلگەنتى. ئۇ ئۆيگە كىرىشكە ئىجازەت بېرىلمىگەنلىكتىن كۈتۈپ ئولتۇرۇۋاتقان كىشىلەرنى كۆردى. بىراق ئەبۇ بەكرىگە ئىجازەت بېرىلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كىردى، ئاندىن ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب كەلدى، ئۇنىڭغىمۇ ئىجازەت بېرىلگەن بولۇپ، ئۇمۇ كىردى. ئۇلار ئۆيگە كىرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەمكىن ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئاياللىرىنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ھەزرىتى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاراپ: ‹يارەسۇلۇللاھ! مەن ھازىر سىلىگە بىر نەرسە دەيمەن چوقۇم ئۇنىڭغا كۈلكىلىرى كېلىدۇ. يارەسۇلۇللاھ! ئەگەر مېنىڭ ئايالىم مەندىن ئارتۇقچە چىقىم سوراپ تۇرۇۋالسا، ئۇنىڭ گەدىنىگە سالىمەن› دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام راستتىنلا كۈلۈپ كەتتى ۋە ئەتراپىدىكى ئاياللىرىنى كۆرسىتىپ، ‹بۇلار مەندىن نەپىقە سوراۋاتىدۇ› دېۋىدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئورنىدىن تۇرۇپ، قىزى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا، ئۆمەرمۇ قىزى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا بېرىشتى ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز قىزىنىڭ گەدىنىگە بېسىپ تۇرۇپ، ‹ھە، سەن رەسۇلۇللاھتىن قولىدا يوق نەرسىلەرنى سورىدىڭمۇ؟› دېدى. ئۇلار: ‹ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز بۇنىڭدىن كېيىن رەسۇلۇللاھتىن قولىدا بولمىغان نەرسىنى سورىمايمىز› دېيىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن بىر ئاي يىراقلاشتى. ئاندىن ﴿ئى پەيغەمبەر! (ئارتۇق خىراجەت سوراپ ئالدىڭغا توپلىشىپ كەلگەن) ئاياللىرىڭغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر بۇ دۇنيالىق ھاياتنى ۋە ئۇنىڭ زىبۇزىننىتىنىلا كۆزلەيدىغان بولساڭلار، كېلىڭلار، سىلەرگە بىر ئاز نەرسە بېرىپ، سىلەرنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرەي. ئەگەر سىلەر ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى، ئاخىرەت يۇرتىنى ئىختىيار قىلساڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىچىڭلاردىكى (تائەت-ئىبادەتنى) ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغۇچىلارغا چوڭ مۇكاپات تەييارلىدى﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى. بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايەتنىڭ روھى بويىچە، ئاياللىرىدىن ئىختىيار سوراشقا باشلىدى ۋە سوراشنى ئالدى بىلەن ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن باشلاپ ئۇنىڭغا: ‹ئى ئائىشە! مەن سىزگە بىر ئىشنى ئېيتماقچىمەن. ئۇنىڭغا ئالدىرىماي، ئاتا-ئانىڭىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئاندىن جاۋاب بېرىشىڭىزنى سورايمەن› دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ‹يارەسۇلۇللاھ! مەن ئاتا-ئانام بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان قانداق ئىشكەن ئۇ؟› دەپ سورىدى. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا

مەزكۇر ئايەتنى ئوقۇپ بەردى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا شۇنىڭدىن كېيىن: ‹يارەسۇلۇللاھ! مەن سىلى توغرۇلۇق ئاتا-ئانامغا مەسلىھەت سالامتىمۇ؟ مەن ئەلۋەتتە ئاللاھنى، ئۇنىڭ رەسۇلىنى ۋە ئاخىرەتلىكنى تاللىدىم› دېدى»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا ئاياللىرى بىلەنمۇ شۇ تەرىقىدە سۆزلىشىدۇ ۋە ئۇلارمۇ ئائىشەگە ئوخشاش جاۋاب بېرىشىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى تاللايدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئاياللارنى ئۆزىنىڭ شەخسىي غەرىزى ئۈچۈن ئالمىغان بولۇپ، ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇلۇغۋار ئىشلارنى كۆزلەپ ئالغان. بۇ مۇنداق:

1. خۇۋەيلىد قىزى خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى ئايالى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا پەيغەمبەر بولۇشتىن 15 يىل ئىلگىرى مەككىدە ئۆيلەنگەن، پەيغەمبەر بولغىنىدىن كېيىنمۇ، ئۇنىڭ بىلەن يەنە يەتتە يىل بىرگە تۇرغان. خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئاياللاردىن تۇنجى ئىمان ئېيتقان كىشى بولۇپ تارىختا قەيت قىلىنغان. ئۆزى ناھايىتى ئەقىللىق، ھوشيار، ئېپپەتلىك ئايال بولۇپ، قۇرەيش قەبىلىسى ئىچىدە ئالاھىدە ئابرۇيى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقا خوتۇن ئالمىغان.

2. زەمئە قىزى سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تۇنجى ئۆيلەنگەن ئايال بولۇپ، مەككىدە ئۆيلەنگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 50 يېشىدا، بىر ساھابىدىن تۇل قالغان ھەزرىتى سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۆيلىنىشىدىكى سەۋەب ئۇنىڭ ھۆسىن-جامالىنى كۆزلەپ ئەمەس، بەلكى مەرھۇم ساھابىنىڭ ئىسلام دەۋىتى يولىدىكى خىزمەتلىرىنى قەدىرلەش ۋە بۇ ئايالنىڭ بېشىنى سىلاشنى مەقسەت قىلغان.

3. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىز ئۆيلەنگەن بىردىنبىر ئايالى بولۇپ، دىنىي ئىلىملەردە توشقان، كاتتا ئالىملاردىن ئىدى.

4. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا

[1] «صحيح مسلم» 2-توم، 1104-بەتتو 1478-ھەدىس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىدە ئۆيلەنگەن ئايالى بولۇپ، ئىبادەتنى كۆپ قىلىدىغان، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە تولىمۇ ئىتائەتمەن ئايال ئىدى.

**5.** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۆيلىنىشىدىكى سەۋەب ئۇھۇد غازىتىدا ئېرى شېھىت بولغان بۇ ئايالغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى نىكاھىغا ئالماقچى بولغىنىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى، شۇڭا بۇ نىكاھنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا-لامدىن ئۆزرە سورايدۇ. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ ئۆزىگە خاس ئالىيجانابلىقى بىلەن ئۇنى نىكاھىغا ئالىدۇ.

**6.** ئەبۇ سۇفياننىڭ قىزى رەملە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەينى ۋاقىتتا ھەبەشىستانغا ئېرى بىلەن ھىجرەت قىلغان بولۇپ، ئېرى خىرىستىيان دىنىغا كىرىپ كەتكەن ۋە ئۇنى مۇساپىرچىلىقتا تاشلىۋەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشىيغا ئەلچى يوللاپ، رەملە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى يات يۇرتتىكى غۇربەتچىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ نىكاھىغا ئالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولغان دادىسىنى ئىسلامغا مايىل قىلىشنى كۆزلىگەن.

**7.** ھەزرىتى جۇۋەيرىيە غازاتتا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ئايال ئەسىرلەردىن بولۇپ، دادىسى بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى نىكاھىغا ئېلىش ئارقىلىق ئەسىرلىكتىن ئازاد قىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق مەزكۇر قەبىلە بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاپ، ئۇلارنىڭ ئىسلامغا كىرىشىنىڭ يولىنى ئاچىدۇ.

**8.** ھەزرىتى سەفىيە بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ كاتتىبېشىنىڭ قىزى بولۇپ، ئەسىرگە ئېلىنغان ئايال ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى نىكاھىغا ئېلىش ئالدىدا، ئۇنىڭغا يا ئۇنىڭ نىكاھىدا تۇرۇش ياكى ئائىلىسىگە قايتىش ئىختىيارىنى بەرگەندە، سەفىيە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاللىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا ياتلىق بولۇشقا رازى بولغان.

**9.** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى زەينەبنى نىكاھىغا ئېلىشى بۇ ھەقتىكى شەرىئەت ئەھكامىنى ئىجرا قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن

بولغان ئىدى. چۈنكى، ھەزرىتى زەينەب زەيد ئىبنى ھارىسەنىڭ خوتۇنى ئىدى. زەيد ئىبنى ھارىسەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېقىۋالغان. ھەزرىتى زەينەب كېيىن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتكەن. ئەرەبلەرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئادىتى بويىچە، ئۆزىنىڭ بېقىۋالغان بالىسىنىڭ قويۇپ بەرگەن ئايالىنى ئېلىش چەكلىنەتتى. ئەمما ئىسلام دىنى نەسەبنى قوغداشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، بېقىۋېلىنغان بالىنىڭ ئەسلى نەسەبنى ساقلاپ قېلىشنىڭ لازىملىقىنى نامايان قىلىش ۋە ئەرەبلەردىكى بۇ ئاساسسىز چەكلىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلغان. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەزرىتى زەينەبنى نىكاھىغا ئېلىشقا بۇيرۇغان. ﴿فَلَمَّا قَضَىٰ زَيْدٌ مِّنْهَا وَطَرًا زَوَّجْنَٰكَهَا لِكَيْ لَا يَكُونَ عَلَى ٱلْمُؤْمِنِينَ حَرَجٌ فِيٓ أَزْوَٰجِ أَدْعِيَآئِهِمْ إِذَا قَضَوْاْ مِنْهُنَّ وَطَرًا﴾ يەنى ﴿مۆئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ بالا قىلىۋالغان ئوغۇللىرىنىڭ قويۇپ بەرگەن ئاياللىرىنى نىكاھلاپ ئالسا گۇناھ بولماسلىقى ئۈچۈن، زەيد ئايالىنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن، بىز ئۇنى ساڭا نىكاھلاپ بەردۇق﴾ [1].

**10.** مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئۆيلەنگەن ئايالى ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە پادىشاھلار تەرىپىدىن ھەدىيە قىلىنغان ئىككى ئايالى بولۇپ، ئۇلار مارىيە ۋە رەيھانە ئىدى.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرى ئىچىدىن بىرلا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى قىز ئالغان بولۇپ، قالغانلىرى يا ئېرى جىھادتا شېھىت بولۇپ كېتىپ تۇل قالغان ياكى يېشى چوڭ ياكى ئاتىسى بىرەر قەبىلىنىڭ ئاقساقىلى ۋەياكى نارەسىدە بالىلىرى بىلەن تۇل قالغان ئاياللار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق كۆپ ئايالغا ئۆيلىنىشى – ئىسلام دۈشمەنلىرى ئېيتقاندەك، – شەھۋانىيلىقتىن ئەمەس، بەلكى بۇ ئەرەب قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ۋە ئىسلام دۆلىتىنى تەسىس قىلىش يولىدا ئېلىپ بارغان سىياسەتلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى دۇنيانىڭ باياشاتلىق تۇر-مۇشلىرىدىن ۋاز كېچىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئاددىي-ساددا ھايات كەچۈرۈشنى تاللىغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئىززەت-ئىكرام قىلغانلىقتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنى قويۇپ بەرمەسلىككە

[1] ئەھزاب سۈرىسى: 37– ئايەت.

بۇيرۇغان. ﴿لَّا يَحِلُّ لَكَ ٱلنِّسَآءُ مِنۢ بَعْدُ وَلَآ أَن تَبَدَّلَ بِهِنَّ مِنْ أَزْوَٰجٍ وَلَوْ أَعْجَبَكَ حُسْنُهُنَّ إِلَّا مَا مَلَكَتْ يَمِينُكَ ۗ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ رَّقِيبًا﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) بۇنىڭدىن كېيىن يەنە خوتۇن ئېلىشىڭ ۋە باشقا ئاياللارنىڭ ھۆسن-جامالى سېنى قىزىقتۇرغان تەقدىردىمۇ، بۇلارنى يەڭگۈشلىشىڭ ساڭا ھالال بولمايدۇ. پەقەت قول ئاستىڭدىكى چۆرىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1]، ﴿وَمَا كَانَ لَكُمْ أَن تُؤْذُوا۟ رَسُولَ ٱللَّهِ وَلَآ أَن تَنكِحُوٓا۟ أَزْوَٰجَهُۥ مِنۢ بَعْدِهِۦٓ أَبَدًا ۚ إِنَّ ذَٰلِكُمْ كَانَ عِندَ ٱللَّهِ عَظِيمًا﴾ يەنى ﴿سىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھنى رەنجىتىپ قويۇشۇڭلار دۇرۇس ئەمەس، رەسۇلۇللاھتىن كېيىن ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلارمۇ مەڭگۈ دۇرۇس ئەمەس. بۇنداق قىلىش ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر﴾[2].

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىنى ئىككى ھەسسە كۆپەيتىپ بېرىدۇ. ﴿وَمَن يَقْنُتْ مِنكُنَّ لِلَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَتَعْمَلْ صَٰلِحًا نُّؤْتِهَآ أَجْرَهَا مَرَّتَيْنِ وَأَعْتَدْنَا لَهَا رِزْقًا كَرِيمًا﴾ يەنى ﴿سىلەردىن كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا ۋە ياخشى ئىش قىلسا، بىز ئۇنىڭغا مۇكاپاتىنى ئىككى قاتلاپ بېرىمىز، ئۇنىڭغا ئېسىل رىزىق تەييارلىدۇق﴾[3]. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنىمۇ ئىككى ھەسسە زىيادە قىلىپ بەلگىلىگەن. ﴿ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى! ئاراڭلاردىن كىمكى ئوپئوچۇق بىر قەبىھ ئىشنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ئىككى ھەسسە ئازاب قىلىنىدۇ. بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر﴾ يەنى ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ كاتتىلىقى ۋە دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقى، شۇنداقلا باشقا ئاياللاردىن ئالاھىدە پەرقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنىمۇ ئىككى ھەسسە زىيادە قىلغان. چۈنكى، ئۇلار پەيغەمبەرنىڭ ئائىلىسىدە ئىلاھىي ۋەھيىنىڭ تەربىيەسى بىلەن يېتىشكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولۇش شەرىپىگە نائىل بولغان بەختلىك ئاياللار بولغانلىقتىن، بۇنىڭ بەدىلىمۇ شۇنداق چوڭ بولغان.

---

[1] ئەھزاب سۈرىسى: 52-ئايەت.
[2] ئەھزاب سۈرىسى: 53-ئايەت.
[3] ئەھزاب سۈرىسى: 31-ئايەت.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى قانائەتتە، ھاياتنىڭ قاتتىقچىلىقلىرىغا سەۋر قىلىشتا، ھەقىقىي تەقۋالىقتا پۈتۈن مۇسۇلمان ئاياللارغا ئۈلگىدۇر.

**2.** ئەر-ئاياللار بىر-بىرىنىڭ ياخشىلىقىنى ئۇنتۇماسلىقى ۋە بىر-بىرىگە ۋاپادار بولۇشى لازىم.

### ئەھلى بەيتنىڭ ئەخلاقى ۋە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى

﴿ ۞ وَمَن يَقْنُتْ مِنكُنَّ لِلَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَتَعْمَلْ صَٰلِحًا نُّؤْتِهَآ
أَجْرَهَا مَرَّتَيْنِ وَأَعْتَدْنَا لَهَا رِزْقًا كَرِيمًا ﴿٣١﴾ يَٰنِسَآءَ ٱلنَّبِىِّ لَسْتُنَّ
كَأَحَدٍ مِّنَ ٱلنِّسَآءِ إِنِ ٱتَّقَيْتُنَّ ۚ فَلَا تَخْضَعْنَ بِٱلْقَوْلِ فَيَطْمَعَ ٱلَّذِى
فِى قَلْبِهِۦ مَرَضٌ وَقُلْنَ قَوْلًا مَّعْرُوفًا ﴿٣٢﴾ وَقَرْنَ فِى بُيُوتِكُنَّ وَلَا
تَبَرَّجْنَ تَبَرُّجَ ٱلْجَٰهِلِيَّةِ ٱلْأُولَىٰ ۖ وَأَقِمْنَ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتِينَ ٱلزَّكَوٰةَ
وَأَطِعْنَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥٓ ۚ إِنَّمَا يُرِيدُ ٱللَّهُ لِيُذْهِبَ عَنكُمُ ٱلرِّجْسَ
أَهْلَ ٱلْبَيْتِ وَيُطَهِّرَكُمْ تَطْهِيرًا ﴿٣٣﴾ وَٱذْكُرْنَ مَا يُتْلَىٰ فِى بُيُوتِكُنَّ
مِنْ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ وَٱلْحِكْمَةِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ لَطِيفًا خَبِيرًا ﴿٣٤﴾ إِنَّ
ٱلْمُسْلِمِينَ وَٱلْمُسْلِمَٰتِ وَٱلْمُؤْمِنِينَ وَٱلْمُؤْمِنَٰتِ وَٱلْقَٰنِتِينَ
وَٱلْقَٰنِتَٰتِ وَٱلصَّٰدِقِينَ وَٱلصَّٰدِقَٰتِ وَٱلصَّٰبِرِينَ وَٱلصَّٰبِرَٰتِ
وَٱلْخَٰشِعِينَ وَٱلْخَٰشِعَٰتِ وَٱلْمُتَصَدِّقِينَ وَٱلْمُتَصَدِّقَٰتِ وَٱلصَّٰٓئِمِينَ
وَٱلصَّٰٓئِمَٰتِ وَٱلْحَٰفِظِينَ فُرُوجَهُمْ وَٱلْحَٰفِظَٰتِ وَٱلذَّٰكِرِينَ ٱللَّهَ
كَثِيرًا وَٱلذَّٰكِرَٰتِ أَعَدَّ ٱللَّهُ لَهُم مَّغْفِرَةً وَأَجْرًا عَظِيمًا ﴿٣٥﴾ ﴾

### تەرجىمىسى

**31**-سىلەردىن كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا ۋە ياخشى ئەمەل قىلسا، بىز ئۇنىڭغا مۇكاپاتىنى ئىككى قاتلاپ بېرىمىز، بىز

ئۇنىڭغا ئېسىل رىزىق تەييارلىدۇق.

32ـ ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى! سىلەر باشقا ئاياللارنىڭ ھېچبىرىگە ئوخشىمايسىلەر. ئەگەر ئاللاھتىن قورقساڭلار، (يات ئەرلەرگە سۆز قىلغاندا) نازاكەت بىلەن گەپ قىلماڭلار، ئۇنداق قىلساڭلار، دىلىدا كېسەل بار ئادەم (سىلەرگە قارىتا) تەمەدە بولۇپ قالىدۇ، (شۇڭا گەپ قىلغاندا گۇماندىن خالىي) نورمال گەپنى قىلىڭلار.

33ـ سىلەر ئۆيۈڭلاردا ئولتۇرۇڭلار، (سىرتقا) ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋ-رىدىكى ئاياللارنىڭ ياسىنىپ چىققىنىدەك ياسىنىپ چىقماڭلار، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئى پەيغەمبەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر! ئاللاھ (يۇقىرىقى ئەمرى ئارقىلىق) پەقەت سىلەردىن نالايىق سۆز ۋە قىلمىشلارنى يىراق قىلىشنى ۋە سىلەرنى تامامەن پاك تۇتۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

34ـ ئۆيۈڭلاردا ئوقۇلۇۋاتقان ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ھېكمەتنى (ھەدىس-لەرنى) ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ (سىلەرگە) ناھايىتى كۆ-يۈمچاندۇر، (ئەھۋالىڭلاردىن) خەۋەرداردۇر.

35ـ شەكسىزكى، مۇسۇلمان ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئاياللارغا، مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللارغا، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچى ئاياللارغا، راستچىل ئەرلەر ۋە راستچىل ئاياللارغا، چىدامچان ئەرلەر ۋە چىدامچان ئاياللارغا، ئاللاھتىن قورققۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھتىن قورققۇچى ئاياللارغا، سەدىقە بەرگۈچى ئەرلەر ۋە سەدىقە بەرگۈچى ئاياللارغا، روزا تۇتقۇچى ئەرلەر ۋە روزا تۇتقۇچى ئاياللارغا، ئىپپىتىنى ساقلىغۇچى ئەرلەر ۋە ئىپپىتىنى ساقلىغۇچى ئاياللارغا، ئاللاھنى كۆپ ياد قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد قىلغۇچى ئاياللارغا ئاللاھ مەغپىرەت ۋە كاتتا مۇكاپات تەييارلىدى.

### تەپسىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئىلىم-مەرىپەتنىڭ، ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ مەكتىپى بولغان پەيغەمبەر ئائىلىسىدە تەربىيەلىنىپ يېتىشكەن گۈزەل ئەخلاقلىق، تەقۋادار ئاياللاردۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئاللاھ تائالاغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلغان ھالدا، چىن ئىخلاس ۋە سەمىمىي نىيەت بىلەن ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ ساۋابى ئىككى ھەسسە زىيادە يېزىلغاندەك، ئۇلاردىن سادىر بولغان خاتالىقلارنىڭ گۇناھىمۇ ئىككى قات بولۇپ يېزىلىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن

ئادەتتىكى كىچىك گۇناھلارمۇ چوڭ گۇناھلار قاتارىدىن سانىلىدۇ.

ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئاخىرەتتە ئالىي جەننەتلەرنى، ئەڭ ئېسىل رىزىقلارنى ۋە كاتتا نېمەتلەرنى، ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىگەن مۇكاپاتلارنى تەييارلىدى. بۇ ھەرگىزمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۈلگىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدە ياشىغان، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇش ۋە ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىش شەرىپىگە نائىل بولغان بەختلىك ئاياللاردۇر.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنى ئەڭ گۈزەل ئەخلاق ۋە ئەڭ يۈكسەك ئەدەپ بىلەن ئەخلاقلىنىشقا بۇيرۇغان. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى مۆئمىنلەرنىڭ ئانىلىرى، تا قىيامەتكىچە مۇسۇلمان ئاياللارغا ئۈلگە بولىدىغان ئاياللاردۇر. بۇنىڭدىن مەقسەت مۇسۇلمان ئاياللارنى ئائىلىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدىغان يامان ئىشلاردىن، بارلىق گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن يىراق قىلىش ئۈچۈندۇر. بۇنداق ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ باشقا ئاياللارغا نەمۇنە بولۇشى ۋە ياخشى ئىشلاردا جىمى مۇسۇلمان ئاياللارغا باشلامچى بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدە بولغانلىقتىن باشقا مۇسۇلمان ئاياللار شەرىئەت مەسىلىلىرىنى، خۇسۇسەن، ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ئۇلاردىن ئۆگىنىشكە ۋە بارلىق ھايات ساھەلىرىدە ئۇلاردىن ئۈلگە ئېلىشقا موھتاجدۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ مەنىدە دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى! سىلەر پەزىلەتتە ۋە شەرەپتە باشقا ئاياللارغا ئوخشىمايسىلەر. چۈنكى، سىلەر ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۈلگىسى، ياخشىلارنىڭ ياخشىسى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسا-لامنىڭ ئاياللىرى بولۇپ، سىلەردە سىلەرنى بۇ ئېسىل شەرەپكە لايىق قىلىشقا يېتەرلىك تەقۋالىق بار. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ھۆرمەتلىك بولۇش تەقۋالىق بىلەن بولىدۇ. شۇڭا سىلەر باشقا ئاياللارغا قەتئىي ئوخشىمايسىلەر.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سىلەر سۆز قىلغاندا، خۇسۇسەن، يات ئەرلەرگە سۆز قىلىشقا توغرا كەلگەندە، نازاكەت بىلەن گەپ قىلماستىن، بەلكى تەبىئىي بولۇڭلار، ياساملىقتىن يىراق تۇرۇڭلار، كۆڭلىدە بۇزۇقلۇق ۋە يامان نىيەت بار ئادەملەر سىلەرگە قارىتا تەمەدە بولۇپ قالمايدىغان

رەۋىشتە مۇناسىپ ۋە نورمال سۆزلەرنى قىلىڭلار.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئاياللىرىنى سۆز قىلىشتا نورمال ۋە تەبىئىي بولۇشقا، ئەرلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان، ئەخلاقى بۇزۇق، نىيىتى يامان، ئىمانى ئاجىز ئادەملەرنى تەمەدە قويىدىغان نازاكەتلىك سۆزلەرنى قىلىشتىن يىراق بولۇشقا بۇيرۇغان. بۇ دېگەنلىك پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئاياللىرىنى شۇنداق نازاكەتلىك سۆز قىلىدىغان ئاياللار ئىدى، دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى ئۇلار ئەدەپ-ئەخلاق، تەقۋالىق، ئەمەل-ئىبادەت ۋە ھەممە ياخشى ئىشتا ئۈلگىلىك ئاياللار ئىدى. ئايەتتىكى خىتاب پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا قارىتىلغان بولسىمۇ، بۇ خىتابنىڭ جىمى مۇسۇلمان ئاياللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىدا شەك يوق.

ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى! سىلەر ئۆيۈڭلاردا ئولتۇرۇڭلار، سىرتقا چىقىشتا ھەرگىزمۇ ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ياسىنىپ چىققىنىدەك ياسىنىپ چىقماڭلار. جاھىلىيەت دەۋرى ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئازغۇنلۇقتا ۋە خۇراپاتقا توشقان جاھالەت دەۋرى بولۇپ، ئەرەبلەر بۇتقا چوقۇنۇشقا بېرىلىپ كەتكەن، خۇراپات، نادانلىق ۋە بىلىمسىزلىك ئەۋجىگە چىققان بىر دەۋر ئىدى. «جاھىلىيەت دەۋرىدىكىگە ئوخشاش ياسىنىپ چىقىش» دېگەن ئاللاھ تائالا ياقتۇرمايدىغان، ئىسلام شەرىئىتى قوبۇل قىلمايدىغان شەكىلدە كىيىنىپ چىقىش دېگەنلىكتۇر. ئاياللارغا مۇنداق ۋەز-نەسىھەتلەرنى قىلىشتىن مەقسەت ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ئىپپىتىنى قوغداش ۋە مەرتىۋىسىنى يۈكسەلدۈرۈشتۇر.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئاياللىرىنى ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇشقا بۇيرۇش ئارقىلىق ئاياللارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسىنىڭ ئۆيدە ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكەن. چۈنكى، ئۆي ئايالنىڭ مەملىكىتى، بالىلارنىڭ يەسلىسى ۋە مەكتىپى، ھەر تەرەپتىن پىشقان ئەرلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغان ئورۇن، ئەرلەرنىڭ ئىستىراھەتخانىسى، مۇھەببەتنىڭ ئورنى بولۇپ، ئايال بۇ ئۆيدە دىن ۋە مىللەت ئۈچۈن يارامىلىق ئەرلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقالايدۇ.

ئاياللارنى ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇشقا بۇيرۇغانلىق قەتئىي سىرتقا چىقمىسۇن، ھەمىشە ئۆيدىلا ئولتۇرۇپ تالانى كۆرمىسۇن، دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئاياللار سىرتقا چىقسا بولىدۇ. مۇھىم بولغىنى سىرتقا

چىققاندا ئۆتمۈشلەردىكى جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ياكى ھازىرقى زامانىۋى جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئاياللىرىغا ئوخشاش ياسىنىپ چىقماسلىقتۇر. بۇ پەقەت ئائىلىنى ۋە جەمئىيەتنى ھەر تۈرلۈك بەختسىزلىكلەردىن قوغداش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان ھېكمەتلىك چارىدۇر.

ھازىرقى زاماندىكى يېرىم يالىڭاچ كىيىنىۋالغان ئاياللارنىڭ قىياپىتىنى ئىسلام دىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ ۋە مۇسۇلمان ئاياللىرىنى ئۇلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن توسىدۇ. ئىسلام دىنى گۈزەللىكنى سۆيىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەشەببۇس قىلىدۇ. ئايالنىڭ قائىدە بويىچە چىرايلىق كىيىنىشىنى ۋە ئېسىل ياسىنىشىنى توسمايدۇ. پەقەت بۇ كىيىنىش ۋە ياسىنىشنى ئۆزىنىڭ ئېرىدىن باشقىسى ئۈچۈن ئاتىشىنى، يەنى باشقىلار ئۈچۈن ياسىنىشىنى مەنئى قىلىدۇ.

ئاياللار ئۆز ئۆيىدە ئېرىنىڭ كۆزىدە كونا ۋە سەت كىيىملىرى بىلەن ئولتۇرۇپ ياكى ئېرى ئۈچۈن ياسانماي، ئېرى ئۈچۈن ئۆزىگە خۇشپۇراق چاچماي، ئېرى ئۈچۈن جەلپكار كىيىملەرنى كىيمەي، پەقەت تالاغا چىقىشتا باشقىلارغا ئۆزىنى كۆرسىتىش ۋە باشقا ئەرلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئالاھىدە ياسىنىپ، ئۆزىگە گىرىملەرنى قىلىپ، خۇشپۇراقلارنى چېچىپ چىقسا، بۇنى توغرا دېگىلى بولامدۇ؟ مۇشۇ چىرايلىق ياسىنىشتىن، مۇشۇ خۇش پۇراقتىن ھۇزۇر ئېلىش ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ھەققى ئەمەسمىدى؟ مۇنداق قىلىدىغان ئاياللار قانداقمۇ ئائىلىسىنىڭ ھۇزۇرىنى ۋە ئامانلىقىنى قوغدىيالىسۇن؟!

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمان ئاياللارنى ئىسلام دىنىنىڭ قانۇن-پىرىنسىپلىرىغا خىلاپ ھالدا ياسىنىپ سىرتقا چىقىشتىن توسقاندىن كېيىن، ئۇلارنى نامازنى مۇكەممەل ۋە تولۇق ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا چاقىرغان. چۈنكى، ناماز ئەخلاقنى ئىسلاھ قىلىش، بەندىنى ئاللاھ تائالاغا يېقىن قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. زاكات بولسا جەمئىيەتنى تەرتىپكە سالىدۇ، بايلار بىلەن نامراتلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىدۇ. زاكات يەنە جەمئىيەتنى ھەسەت، ئۆچلۈك، ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك دېگەندەك ئىللەتلەردىن ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىش بەخت-سائادەتنىڭ كاپالىتىدۇر.

﴿ئاللاھ (يۇقىرىقى ئەمرى ئارقىلىق) پەقەت سىلەردىن نالايىق سۆز ۋە قىلمىشلارنى يىراق قىلىشنى ۋە سىلەرنى تامامەن پاك تۇتۇشنى مەقسەت قىلىدۇ﴾ دېگەن ئايەت شۇنى ئوچۇقلايدۇكى، بۇ ئەمر-پەرمانلارنى

ئورۇنداشنىڭ پايدىسى ئاللاھ تائالاغا بولمايدۇ، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى بۇنداق ياخشى خىسلەتلەرگە ۋە گۈزەل ئەخلاقلارغا بۇيرۇش ئارقىلىق ماددىي ۋە مەنىۋى ھەر تۈرلۈك يىتەرسىز-لىكلەردىن، گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن قوغداشنى ۋە ئۇلارنى تامامەن پاك تۇتۇشنى خالايدۇ.

## ◄ پەيغەمبەر ئائىلىسى (ئەھلى بەيت) دېگەن كىملەر؟

پەيغەمبەر ئائىلىسى – پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى، پەرزەنتلىرى ۋە نەۋرە - چەۋرىلىرى قاتارلىقلاردۇر.

﴿ئۆيۈڭلاردا ئوقۇلۇۋاتقان ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ھېكمەتنى (ھەدىس-لەرنى) ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار﴾ يەنى ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى! ئۆيۈڭلاردا ئوقۇلۇۋاتقان «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ۋە پەيغەمبىرىڭلارنىڭ ھەدىسلىرىنى قەتئىي ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلار ۋە ئۇلارنىڭ روھى بويىچە ئەمەل قىلىڭلار. ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھ تائالا سىلەرگە ناھايىتى بەك مېھرىبان ۋە تولىمۇ كۆيۈمچاندۇر. چۈنكى، ئۇ سىلەرنى قۇرئان ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنىپ تۇرىدىغان، ھەدىسلەر ئوقۇلۇپ تۇرىدىغان پەيغەمبەر ئائىلىسىدە قىلدى. ئاللاھ تائالا سىلەرنى ۋە بارلىق ئەھۋالىڭلارنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا سىلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى بولۇشقا تاللىدى.

بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ لَطِيفًا خَبِيرًا﴾ دېگەن ئايەتنى «شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ئىشلارنىڭ ئەڭ نازۇك، ئەڭ ئىنچىكە ۋە ئەڭ سىرلىق تەرەپلىرىنى تولۇق بىلىدىغان، بەندىلىرىنىڭ جىمى ئەھۋالىدىن، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى سىرلاردىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىغان زاتتۇر»[1] دەپ تەپسىر قىلغان.

﴿شەكسىزكى، مۇسۇلمان ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئاياللارغا، مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللارغا، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچى ئاياللارغا، راستچىل ئەرلەر ۋە راستچىل ئاياللارغا، چىدامچان ئەرلەر ۋە چىدامچان ئاياللارغا، ئاللاھتىن قورققۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھتىن قورققۇچى ئاياللارغا، سەدىقە بەرگۈچى ئەرلەر ۋە سەدىقە بەرگۈچى ئاياللارغا، روزا تۇتقۇچى ئەرلەر ۋە روزا تۇتقۇچى ئاياللارغا، ئىپپىتىنى ساقلىغۇچى

[1] «تيسير الكريم الرحمن لكلام العلي المنان».

ئەرلەر ۋە ئىپپەتنى ساقلىغۇچى ئاياللارغا، ئاللاھنى كۆپ ياد قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد قىلغۇچى ئاياللارغا ئاللاھ مەغپىرەت ۋە كاتتا مۇكاپات تەييارلىدى﴾. ئايەتتىكى بۇ تەرتىپ ناھايىتى ھېكمەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئىسلام دېمەك دىل بىلەن شاھادەت كەلىمىسىنى تەستىق قىلىش، تىل بىلەن ئۇنى ئىقرار قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئاندىن ئەمەل ئۇنى ئىسپاتلايدۇ. ئىمان-ئېتىقاد قەلبتە مۇستەھكەم ئورۇن ئالغاندىن كېيىن، نۆۋەت ئەمەللەرگە كېلىدۇ. ئاندىن بۇ ئەمەل-ئىبادەتلەرنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇش، ئىخلاس بىلەن ئۇنى ۋايىغا يەتكۈزۈش كېلىدۇ. ئاندىن باشقىلارنى بۇ ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىش، بۇ يولدا يەتكەن جەۋر-جاپالارغا سەۋر قىلىش، كىشىلەرگە كەمتەر بولۇش، ئەمەل-ئىبادەتلەردە ۋە ياخشى مۇئامىلىدە باشقىلارغا ئۈلگە بولۇش، ئىنسانلار ئۈچۈن مەرد ۋە سېخىي بولۇش، ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىش كېلىدۇ. ئاندىن بۇ يولدا مۇستەھكەم تۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى تاۋلاش ئۈچۈن روزىغا ئوخشاش نەپسنى تىزگىنلەشنى ۋە سەۋرچانلىقنى ئۆگىتىدىغان ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىش، غەپلەتتە قالماسلىق ئۈچۈن ھەمىشە ئاللاھ تائالانى، ئۇنىڭ سانسىز-لىغان نېمەتلىرىنى ۋە ئاتا-ئېھسانلىرىنى ياد ئېتىپ، ئەسلەپ تۇرۇش كېلىدۇ.

مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان، مۇشۇنداق ئېسىل سۈپەتلەرنى ئۆزىدە يېتىلدۈرگەن بەختلىك كىشىلەرگە ئاللاھ تائالا ئۇلار ئويلاپمۇ باقمىغان، كۆزلىرى كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاقلىرى ئاڭلاپ باقمىغان ئېسىل نېمەتلەرنى ۋە كاتتا مۇكاپاتلارنى تەييارلىدى.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى شان-شەرەپ ۋە ھۆرمەت پەقەت تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ. ﴿إِنَّ أَكۡرَمَكُمۡ عِندَ ٱللَّهِ أَتۡقَىٰكُمۡۚ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك سانىلىدىغانلىرىڭلار ئەڭ تەقۋادار بولغىنىڭلار﴾[1].

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى پۈتۈن مۇسۇلمان ئاياللارغا ئۈلگىدۇر.

[1] ھۇجۇرات سۈرىسى: 13-ئايەت.

3. ئاياللار يات ئەرلەرگە سۆز قىلغاندا، نازلانماستىن تەبىئىي رەۋىشتە گەپ قىلىشى لازىم.

4. ئاياللارنىڭ ئۆيدە بولۇشى ئائىلە ئەزالىرى ئۈچۈن ياخشى ۋە بالىلارنىڭ تەربىيەسى ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈردۇر.

5. ئاياللار تەبىئى بولۇشى،ياسانمىلىق قىلماسلىقى،جاھالەت دەۋرىدىكى ئاياللارغا ئوخشاش يېرىم-يالىڭاچ ياسىنىۋالماسلىقى لازىم. بۇنداق قىلىش ئىسلام شەرىئىتىگە خىلاپتۇر.

◄ زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىكاھلىنىشى

﴿وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ وَلَا مُؤْمِنَةٍ إِذَا قَضَى ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥٓ أَمْرًا أَن يَكُونَ لَهُمُ ٱلْخِيَرَةُ مِنْ أَمْرِهِمْ ۗ وَمَن يَعْصِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَـٰلًا مُّبِينًا ﴿٣٦﴾ وَإِذْ تَقُولُ لِلَّذِىٓ أَنْعَمَ ٱللَّهُ عَلَيْهِ وَأَنْعَمْتَ عَلَيْهِ أَمْسِكْ عَلَيْكَ زَوْجَكَ وَٱتَّقِ ٱللَّهَ وَتُخْفِى فِى نَفْسِكَ مَا ٱللَّهُ مُبْدِيهِ وَتَخْشَى ٱلنَّاسَ وَٱللَّهُ أَحَقُّ أَن تَخْشَىٰهُ ۖ فَلَمَّا قَضَىٰ زَيْدٌ مِّنْهَا وَطَرًا زَوَّجْنَـٰكَهَا لِكَىْ لَا يَكُونَ عَلَى ٱلْمُؤْمِنِينَ حَرَجٌ فِىٓ أَزْوَٰجِ أَدْعِيَآئِهِمْ إِذَا قَضَوْا۟ مِنْهُنَّ وَطَرًا ۚ وَكَانَ أَمْرُ ٱللَّهِ مَفْعُولًا ﴿٣٧﴾ مَّا كَانَ عَلَى ٱلنَّبِىِّ مِنْ حَرَجٍ فِيمَا فَرَضَ ٱللَّهُ لَهُۥ ۖ سُنَّةَ ٱللَّهِ فِى ٱلَّذِينَ خَلَوْا۟ مِن قَبْلُ ۚ وَكَانَ أَمْرُ ٱللَّهِ قَدَرًا مَّقْدُورًا ﴿٣٨﴾ ٱلَّذِينَ يُبَلِّغُونَ رِسَـٰلَـٰتِ ٱللَّهِ وَيَخْشَوْنَهُۥ وَلَا يَخْشَوْنَ أَحَدًا إِلَّا ٱللَّهَ ۗ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ حَسِيبًا ﴿٣٩﴾ مَّا كَانَ مُحَمَّدٌ أَبَآ أَحَدٍ مِّن رِّجَالِكُمْ وَلَـٰكِن رَّسُولَ ٱللَّهِ وَخَاتَمَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ ۗ وَكَانَ ٱللَّهُ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمًا ﴿٤٠﴾﴾

◄ تەرجىمىسى

36ـ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىش ئۈستىدە ھۆكۈم چىقارسا، ھېچبىر مۇئمىن ئەر ۋە مۇئمىن ئايالنىڭ شۇ ئىشتا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ،

كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىدىكەن، شەكسىزكى، ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ.

37-(ئى پەيغەمبەر!) ئۆز ۋاقتىدا سەن ئاللاھ نېمەت بەرگەن، سەنمۇ ئىنئام قىلغان كىشىگە: «ئايالىڭنى (نىكاھىڭدا) تۇتقىن ۋە ئاللاھتىن قورققىن!» دېدىڭ، ئاللاھ ئاشكارىلىماقچى بولغان نەرسىنى كۆڭلۈڭدە يوشۇردۇڭ، كىشىلەرنىڭ تەنە قىلىشىدىن قورقاتتىڭ. ھالبۇكى، قورقۇشۇڭغا ئاللاھ ئەڭ ھەقلىق ئىدى. مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ بالا قىلىۋالغان ئوغۇللىرىنىڭ قويۇپ بەرگەن ئاياللىرىنى نىكاھلاپ ئالسا گۇناھ بولماسلىقى ئۈچۈن، زەيد ئايالىنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن، بىز ئۇنى ساڭا نىكاھلاپ بەردۇق. ئاللاھنىڭ ئەمرى (ئەنە شۇنداق) ئورۇندالدى.

38-ئاللاھ پەيغەمبەرگە بۇيرۇغان (بۇ) ئىشتا ئۇنىڭغا ھېچبىر گۇناھ بولمايدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە تۇتقان يولىدۇر. ئاللاھنىڭ ئەمرى ئەزەلدىنلا بېكىتىلىپ كەتكەن (ئۆزگەرمەس) ھۆكۈمدۇر.

39-ئۇلار (يەنى پەيغەمبەرلەر) ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى يەتكۈزىدۇ، ئاللاھتىن قورقىدۇ، ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايدۇ. ھېساب ئېلىشقا ئاللاھ يېتەرلىكتۇر.

40-مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس، پەقەت ئۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر.

### تەپسىرى

ئىلگىرى زەيد ئىبنى ھارىسە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى ئايالى ھەزرىتى خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قۇلى بولۇپ، خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا بېرىۋەتكەن. كېيىن زەيدنىڭ ئاتىسى بىلەن تاغىسى ئۇنى ئېلىپ كەتمەكچى بولغاندا، زەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا قېلىشنى تاللىغان. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىۋېتىپ، بالا قىلىۋالغان ئىدى. ﴿ٱدۡعُوهُمۡ لِأٓبَآئِهِمۡ هُوَ أَقۡسَطُ عِندَ ٱللَّهِۚ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنى ئۆز ئاتىسىنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىڭلار، بۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ توغرىدۇر﴾ [1] دېگەن ئايەت نازىل بولغانغا قەدەر كىشىلەر ئۇنى «زەيد ئىبنى مۇھەممەد» يەنى (مۇھەممەدنىڭ

[1] ئەھزاب سۈرىسى، 5-ئايەت.

ئوغلى زەيد) دەپ چاقىراتتى. زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ هامما ئاچىسى ئۇمەيمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قىزى بولۇپ، دادىسىنىڭ ئىسمى جەھش ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام هامما ئاچىسىنىڭ قىزى زەينەبنى زەيدكە ياتلىق قىلىش ئۈچۈن سوراپ بارغاندا، ئۇلار زەينەبنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئۈچۈن سوراپ كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ دەسلەپ خۇشال بولغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زەينەبنى ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى زەيد ئۈچۈن سوراپ كەلگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇلار بۇ ئىشنى ياقتۇرمايدۇ ۋە بۇ تەلەپنى رەت قىلىدۇ. زەينەبنىڭ ئاكىسى ئابدۇللاھمۇ ئۆزلىرىنىڭ قۇرەيش قەبىلىسىدىكى ئابرۇيلۇق ئائىلە ئىكەنلىكىنى، زەيد بولسا تېخى تۈنۈگۈنكى قۇل ئىكەنلىكىنى باھانە قىلىپ، زەينەبنى زەيدكە ياتلىق قىلىشنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلىدۇ. ئاندىن: ﴿ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىش ئۈستىدە هۆكۈم چىقارسا، هېچبىر مۆئمىن ئەر ۋە مۆئمىن ئايالنىڭ شۇ ئىشتا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، ئۇلار بۇ نىكاھقا قوشۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەينەبنى زەيدكە نىكاھلاپ بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى قانداقلا بىر ئىش ئۈستىدە هۆكۈم چىقارسا ياكى بىرەر ئىشقا بۇيرۇسا، ئەر-ئايال مۆئمىنلەرنىڭ ئۇ ئىشنى ئورۇندىماسلىق هەققى يوق. چۈنكى، ئورۇندىماسلىق مۇسۇلمانلىقنىڭ تەلىپىگە زىت كېلىدۇ، مۆئمىنلىكنىڭ شەنىگە ياراشمايدۇ. هەقىقىي مۆئمىن ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا باش ئېگىدۇ ۋە ئۇنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئورۇندايدۇ، ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى توسقان ئىشلاردىن دەرھال يانىدۇ. چۈنكى، ئىمان بۇنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇندىمىغان ياكى ئۇنىڭ ئەكسىنى قىلغان ئادەم ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ ۋە ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ.

زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىنتايىن چىرايلىق بولغانلىقىنىڭ ئۈستىگە ئابرۇيلۇق بىر ئائىلىنىڭ قىزى ئىدى. ئەمما زەيد قارا تەنلىك، قۇللۇقتىن ئەمدىلا قۇتۇلغان بىرى ئىدى. زەينەبنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ بۇ نىكاھنى قوبۇل قىلىشى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنداش يۈزىسىدىنلا

بولغان ئىدى.

نىھايەت، زەيد بىلەن زەينەبنىڭ تويى بولدۇ، ئەمما زەينەب قانچە قىلسىمۇ زەيدنى ياخشى كۆرەلمەيدۇ، ئۇنىڭغا كۆڭلى پەقەتلا چۈشمەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئەر-خوتۇنلۇق ھاياتىنى داۋاملاشتۇرالمايدۇ. زەيد ئىمانى بىلەن كۈچلۈك ئىدى، ئىسلام ئاتا قىلغان ئىززەت بىلەن ھۆرمەتلىك ئىدى. ئۇ «ئىنسانلار ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە تەقۋالىقتىن باشقا ھېچ نەرسىدە بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولالمايدۇ» دېگەن ئىسلام پرىنسىپىغا چىن ئىشىنەتتى. زەينەبمۇ تەقۋادار ساھابە ئىدى، زەيدنى ھۆرمەتلەيتتى، ئەمما زەيدكە كۆڭلى چۈشمىگەنلىكى ئۈچۈن تۇرمۇشىنى داۋاملاشتۇرالمىدى.

ئاللاھ تائالا زەيدنىڭ زەينەبنى تالاق قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نىكاھىغا ئالىدىغانلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىلدۈرگەن. زەيد زەينەب توغرۇلۇق كۆپ دەردلىنەتتى، ئۇ ھەر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇرمۇشىدىن دەردلىنىپ، بۇ تۇرمۇشنى داۋاملاشتۇرالمايدىغانلىقىنى ۋە زەينەبنى تالاق قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ: «ئاللاھتىن قورققىن، ئايالىڭنى چىڭ تۇتقىن!» دەيتتى. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيدنىڭ زەينەبنى تالاق قىلىدىغانلىقىنى ۋە كېيىن ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن زەينەبكە ئۆزىنىڭ نىكاھلىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياشىغان ئەرەب جەمئىيىتىدە ئۆزىنىڭ بېقىۋالغان بالىسىنىڭ ئايالىنى ئالىدىغان ئادەت يوق ئىدى. ئۇلار بۇنداق قىلىشنى قاتتىق ئەيىب سانايتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىشىدىن، خۇسۇسەن، مۇناپىقلارنىڭ «مۇھەممەد ئۆزى بېقىۋالغان بالىسىنىڭ ئايالىنى ئېلىۋالدى» دەپ سۆز-چۆچەك تارقىتىشىدىن ئەنسىرەپ، زەيدنىڭ زەينەبنى تالاق قىلىش تەلىپىنى رەت قىلغان ۋە ئۇنى ئايالىنى نىكاھىدا چىڭ تۇتۇشقا بۇيرۇغان. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ﴿ئاللاھ ئاشكارىلىماقچى بولغان نەرسىنى كۆڭلۈڭدە يوشۇردۇڭ، (چۈنكى) سەن كىشىلەرنىڭ تەنە قىلىشىدىن قورقاتتىڭ﴾ دېگەن. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆڭلىدە يوشۇرغان نەرسە زەيد ئايالىنى تالاق قىلسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى نىكاھىغا ئالىدىغانلىقى ئىدى»[1].

---

[1] «تيسير الكريم الرحمن في تفسير الكلام المنان» 672-بەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالا ئۆزىگە ھالال قىلىپ بەرگەن بۇ نىكاھنى قوبۇل قىلىشتا مۇناپىقلارنىڭ تەنە قىلىشىدىن، كىشىلەرنىڭ سۆز-چۆچەك تارقىتىشىدىن قورقانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا كايىغان. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زەيدنىڭ ئايالىنى تالاق قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئايالىڭنى نىكاھىڭدا چىڭ تۇتقىن، دېگەنلىكى ئۇنىڭ كىشىلەردىن قورقانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ئەمما ئەسلىدە قورقۇشقا ئەڭ لايىق بولغان زات ئاللاھ تائالا ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ﴿ھالبۇكى، قورقۇشۇڭغا ئاللاھ ئەڭ ھەقلىق ئىدى﴾ دەپ كايىغان.

نىھايەت، زەيد ئايالى زەينەبنى تالاق قىلدۇ ۋە ئۇلار بىر-بىرىدىن ئايرىلىدۇ. ئاندىن زەينەبنىڭ ئىددىتى توشقاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى نىكاھىغا ئالىدۇ. بۇ نىكاھ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بىۋاسىتە ئەمەلگە ئاشقان بىردىنبىر نىكاھ ئىدى.

﴿مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ بالا قىلىۋالغان ئوغۇللىرىنىڭ قويۇپ بەرگەن ئاياللىرىنى نىكاھلاپ ئالسا گۇناھ بولماسلىقى ئۈچۈن، زەيد ئايالىنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن، بىز ئۇنى ساڭا نىكاھلاپ بەردۇق. ئاللاھنىڭ ئەمرى (ئەنە شۇنداق) ئورۇندالدى﴾ بۇ ئاللاھ تائالانىڭ نېمە ئۈچۈن زەينەبنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىكاھلاپ بەرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئوچۇقلىغان ئايەت بولۇپ، ئۆزىنىڭ بېقىۋالغان بالىسىنىڭ ئايالىغا نىكاھلانماسلىقتىن ئىبارەت ئەرەب جەمئىيىتىدە ئومۇملاشقان بىر ئادەتنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئىدى. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ كەسكىن ئەمرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەمرى ئەنە شۇنداق ئورۇندالدى ۋە ئەمەلگە ئاشتى. ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرى ئەنە شۇنداق ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭغا ھېچكىم توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ ۋە قارشى چىقالمايدۇ.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ھالال قىلغان ئىشلارنىڭ ھېچبىرىدە ئۇنىڭغا گۇناھ ياكى كۆڭلى سىقىلىش بولمايدۇ. چۈنكى، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ئۈچۈنمۇ ئاللاھ تائالانىڭ تۇتقان يولى شۇنداق ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ بېكىتكەن قانۇنى شۇنداق بولغان. ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى ئەزەلدىنلا بېكىتىلىپ كەتكەن بولۇپ، چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مۇتلەق ئىرادە ۋە ئىختىيار ئىگىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىرادىسى ئەمەلگە ئاشماي قالمايدۇ.

ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى كىشىلەرگە

يەتكۈزىدىغان زاتلاردۇر، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ئىشەنچ بىلەن تايىنىدۇ ۋە ئۇنىڭدىنلا قورقىدۇ، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايدۇ. بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنى كۆزىتىش ۋە ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشقا ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە يېتەرلىكتۇر.

ئى ئىنسانلار! سىلەرنىڭ «مۇھەممەد قانداقمۇ ئۆزىنىڭ بېقىۋالغان بالىسىنىڭ قويۇپ بەرگەن ئايالىنى ئالىدۇ؟» دېيىشىڭلار ئورۇنسىزدۇر. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس، ئۇ زەيدنىڭمۇ ئۆز ئاتىسى ئەمەس، ئۇ پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەرلىك ئۇنىڭ بىلەن تۈگىگەن، ۋەھيى ئۈزۈلگەن. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ئىسلام دىنى پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان مۇكەممەل دىن بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان «قۇرئان كەرىم» تا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان ئۆزگەرمەس قانۇن بولغانلىقى ئۈچۈن باشقىسىغا ھاجەت قالمىغان. ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلىدۇ، ئىشلارنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاخىر زامان پەيغەمبىرى قىلىپ، ئۇنىڭ دىنىنى تاقىيامەتكىچە ئۆزگەرمەيدىغان ۋە بارلىق ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان دىن قىلىپ بەلگىلىگەنلىكىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ مۇكەممەل ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغانلىقىنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بىرىدۇر.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىسلام شەرىئىتىدە ئەر بىلەن ئايال قەدىر-قىممەتتە، ئىززەت-ئابرۇيدا، ھۆرمەتتە ئوخشاش بولۇپ، ئۇلار ئەمەل-ئىبادەتكە بۇيرۇلۇشتا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولۇشتا باراۋەردۇر.

2. ھەقىقىي مۆئمىنلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنىدۇ ۋە ئۇنىڭ تەقسىماتىغا چىن كۆڭلىدىن رازى بولىدۇ.

3. ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغۇچىلار توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەنلەردۇر.

4. ھايا ئىماننىڭ مېۋىلىرىدىن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

بارلىق ياخشى ئىشلاردا ئۈلگە بولغاندەك، ھايا بابىدىمۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئۈلگە ئىدى.

**5.** زەيد ئىبنى ھارىسە ئىسمىنىڭ ساھابىنىڭ ئىسمىنىڭ «قۇرئان كەرىم»دە تىلغا ئېلىنغانلىقى، ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان مەڭگۈلۈك شەرەپتۇر، بۇ ئىسىم تاقىيامەتكىچە مۇسۇلمانلارنىڭ تىلىدا جارى بولۇپ تۇرىدۇ.

**6.** مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدىغانلىقى شەكسىز ھەقىقەتتۇر.

## ◄ ئاللاھ تائالانىڭ مۆئمىنلەر ئۈچۈن تەلىماتى

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱذْكُرُواْ ٱللَّهَ ذِكْرًا كَثِيرًا ﴿٤١﴾ وَسَبِّحُوهُ بُكْرَةً
وَأَصِيلًا ﴿٤٢﴾ هُوَ ٱلَّذِى يُصَلِّى عَلَيْكُمْ وَمَلَـٰٓئِكَتُهُۥ لِيُخْرِجَكُم
مِّنَ ٱلظُّلُمَـٰتِ إِلَى ٱلنُّورِ ۚ وَكَانَ بِٱلْمُؤْمِنِينَ رَحِيمًا ﴿٤٣﴾ تَحِيَّتُهُمْ يَوْمَ
يَلْقَوْنَهُۥ سَلَـٰمٌ ۚ وَأَعَدَّ لَهُمْ أَجْرًا كَرِيمًا ﴿٤٤﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

41-ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار.

42-ئۇنىڭغا ئەتىگەن-ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار.

43-ئاللاھ سىلەرنى (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقلىرىدىن (ئىماننىڭ) يورۇقلۇقىغا چىقىرىش ئۈچۈن، سىلەرگە رەھمەت ياغدۇرۇپ تۇرىدىغان زاتتۇر. ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرى سىلەرگە مەغپىرەت تەلەپ قىلىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ ئەزەلدىن مۆئمىنلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر.

44-ئۇلار ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا بارغان كۈندە «سالام» بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا تولىمۇ ئېسىل مۇكاپات تەييارلىدى.

### ◄ تەپسىرى

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ تائالانى ھەمىشە ياد ئېتىپ تۇرۇڭلار،

ئۇنىڭغا زىكىر ئېيتىپ تۇرۇڭلار، ئۇنى ئۇنتۇپ قېلىپ يولدىن ئېزىپ كەتكۈچىلەردىن بولماڭلار. ئاللاھ تائالانى ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ۋە ھەممە ۋاقىتتا ياد ئېتىڭلار. چۈنكى، ھەقىقىي مۇئمىن ئادەم ئاللاھ تائالانى ھەرگىز ۋە ھېچبىر ۋاقىت يادىدىن چىقارمايدۇ، ھەمىشە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ، جازاسىدىن قورقىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزىنى ھەمىشە كۆرۈپ ۋە كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى قەتئىي ئېسىدىن چىقارمايدۇ.

﴿ئۇنىڭغا ئەتىگەن-ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار﴾ دېگەن ئايەتتىن مەقسەت ھەممە ۋاقىتتا ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇماڭلار ۋە ئۇنى تىلىڭلار، دىلىڭلار ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتىڭلار بىلەن ھەمىشە ياد ئېتىپ تۇرۇڭلار، ئۇنىڭ جىمى نۇقسانلاردىن پاك ئىكەنلىكىنى ئېغىزىڭلاردىن چۈشۈرمەڭلار، دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالانى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن ياد ئېتىش دېگەنلىك ئاللاھ تائالا بۇيرۇغاننى قىلىش ۋە گۇناھ-مەئسىيەتتىن ساقلىنىش دېگەنلىكتۇر. ﴿فَسُبۡحَٰنَ ٱللَّهِ حِينَ تُمۡسُونَ وَحِينَ تُصۡبِحُونَ ١٧ وَلَهُ ٱلۡحَمۡدُ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَعَشِيّٗا وَحِينَ تُظۡهِرُونَ﴾ يەنى ﴿(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئاخشامدا ۋە ئەتىگەندە ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىڭلار. ئاسمانلار-دىكى ۋە زېمىندىكى بارلىق ھەمدۇسانالار ئاللاھقا خاستۇر. كەچ ۋە پېشىن ۋاقىتلىرىدىمۇ (ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىڭلار)﴾ [1].

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ تائالا رەھمىتىنى سىلەرگە ھەر ۋاقىت بېغىشلاپ تۇرىدۇ، پەرىشتىلەر سىلەرگە مەغپىرەت تىلەپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى سىلەرنى كۇفرى ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن، نەپسى شەيتاننىڭ، مال-دۇنيا بىلەن مەغرۇرلىنىشنىڭ، ئۆزىگە ئىشىنىپ كېتىپ كۆرەڭلەپ كېتىشنىڭ ئاپەتلىرىدىن قۇتقۇزۇپ، ئىمان، ھىدايەت، ئىلىم-مەرىپەتنىڭ نۇرىغا ۋە ياخشىلىقنىڭ يولىغا يېتەكلەش ئۈچۈندۇر. ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرگە بەكمۇ مېھرىباندۇر، تولىمۇ شەپقەتلىكتۇر. ﴿ٱللَّهُ وَلِيُّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ يُخۡرِجُهُم مِّنَ ٱلظُّلُمَٰتِ إِلَى ٱلنُّورِۖ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇ-لۇقلىرىدىن (ئىماننىڭ) يورۇقلۇقىغا چىقىرىدۇ﴾[2].

ئاللاھ تائالا بىزگە رەھمىتىنى بېغىشلاپ تۇرىدىغان، كۆيۈنىدىغان ۋە

[1] رۇم سۈرىسى 17-18-ئايەتلەر.
[2] بەقەرە سۈرىسى 257-ئايەت.

بىزنى كۇفرى ۋە زالالەتنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ يورۇقلۇقىغا چىقىرىدىغان مېھرىبان زات تۇرسا، بىز ئۇنى قانداقمۇ ياد ئەتمەيلى؟ قانداقمۇ ئۇنى چىن سۆيگۈ-مۇھەببىتىمىز بىلەن ئۇلۇغلىمايلى؟ ئۇ بىزگە: ﴿فَٱذۡكُرُونِيٓ أَذۡكُرۡكُمۡ وَٱشۡكُرُواْ لِي وَلَا تَكۡفُرُونِ﴾ يەنى ﴿مېنى ياد ئېتىڭلار، مەنمۇ سىلەرنى ياد ئېتىمەن. ماڭا شۈكۈر قىلىڭلار، تۇزكورلۇق قىلماڭلار﴾ [1] دەپ ئەمر قىلدى ئەمەسمۇ؟!

ئى ئىمان ئېيتقانلار! شۇنى ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھ تائالا سىلەرنى ھېچ ۋاقىت ئۇنتۇمايدۇ، ھەتتا قىيامەت كۈنىدىمۇ سىلەرنى قىزغىن سالام بىلەن قارشى ئالىدۇ. بۇ كاتتا ئىنئامدۇر. پەرىشتىلەرمۇ سىلەرنى شۇنداق قىزغىن سالاملىرى بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە سىلەرگە جەننەتلەردە كۆزۈڭلار كۆرۈپ باقمىغان، قۇلىقىڭلار ئاڭلاپ باقمىغان ۋە ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ئېسىل مۇكاپاتلارنى تەييارلىدى.

جانابى ئاللاھ تائالادىن بىزنىمۇ بۇ تۆردىكى تەلەيلىك مۇئمىنلەردىن قىلىشىنى تىلەيمىز، ئامىن.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانى بىر مىنۇتمۇ ئەستىن چىقارماستىن، ئۇنى كېچە-كۈندۈز ھەر ۋاقىت ياد ئېتىش، ئۇنىڭ جىمى كەمچىلىك ۋە نۇقسانلاردىن پاك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ، ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىش ھەربىر مۇئمىن ئادەمنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىدۇر.

2. ئاللاھ تائالا مۇئمىن بەندىلىرىگە ئۆز رەھمىتىنى ھەمىشە بېغىشلاپ تۇرىدۇ.

3. جەننەت ئەھلى جەننەتلەردە ئاللاھ تائالانىڭ ۋە پەرىشتىلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولىدۇ.

### ◄ بەزى ئىسلامىي ئەدەپ-ئەخلاقلار

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ إِنَّآ أَرۡسَلۡنَٰكَ شَٰهِدٗا وَمُبَشِّرٗا وَنَذِيرٗا ٤٥ وَدَاعِيًا إِلَى ٱللَّهِ بِإِذۡنِهِۦ وَسِرَاجٗا مُّنِيرٗا ٤٦ وَبَشِّرِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ بِأَنَّ لَهُم مِّنَ

[1] بەقەرە سۈرىسى: 152 ـ ئايەت.

ٱللَّهِ فَضۡلًا كَبِيرًا ﴿٤٧﴾ وَلَا تُطِعِ ٱلۡكَٰفِرِينَ وَٱلۡمُنَٰفِقِينَ وَدَعۡ أَذَىٰهُمۡ
وَتَوَكَّلۡ عَلَى ٱللَّهِۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ وَكِيلًا ﴿٤٨﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا
نَكَحۡتُمُ ٱلۡمُؤۡمِنَٰتِ ثُمَّ طَلَّقۡتُمُوهُنَّ مِن قَبۡلِ أَن تَمَسُّوهُنَّ فَمَا
لَكُمۡ عَلَيۡهِنَّ مِنۡ عِدَّةٖ تَعۡتَدُّونَهَاۖ فَمَتِّعُوهُنَّ وَسَرِّحُوهُنَّ سَرَاحٗا
جَمِيلٗا ﴿٤٩﴾

## ◄ تەرجىمىسى

45-46-ئى پەيغەمبەر! بىز سېنى ھەقىقەتەن گۇۋاھچى، بېشارەتچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن يولىمىزغا دەۋەت قىلغۇچى ۋە نۇرلۇق چىراغ قىلىپ ئەۋەتتۇق.

47-(ئى پەيغەمبەر!) مۆئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بۈيۈك ئېھسانغا ئېرىشىدىغانلىقىدىن خۇش خەۋەر بەرگىن.

48-كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا بويسۇنمىغىن، ئۇلارنىڭ (ساڭا يەتكۈزگەن) ئەزىيەتلىرىگە پەرۋا قىلمىغىن، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن. ئاللاھ (ئۆزىگە تەۋەككۇل قىلغانلارغا) يېتەرلىك ھامىيدۇر.

49-ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر مۆئمىن ئاياللارنى نىكاھىڭلارغا ئالساڭلار، ئاندىن ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى قويۇۋەتسەڭلار، بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ سىلەر ئۈچۈن كۈن ساناپ ئىددەت تۇتۇشى لازىم ئەمەس، ئۇلارغا (مەلۇم مىقداردا) بىر نەرسە بېرىپ، چىرايلىق يوسۇندا قويۇپ بېرىڭلار.

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! بىز سېنى ئۈممىتىڭگە گۇۋاھچى قىلىپ ئەۋەتتۇق، سەن ئىنسانلارغا رەببىڭنىڭ دەۋىتىنى يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلغاندىن كېيىن، بۇ دەۋەتكە قارىتا ئۇلاردىن سادىر بولغان ئېتىراپ، ئىنكار قاتارلىقلارغا، ئۈممىتىڭنىڭ ياخشى ۋە يامان ئىشلىرىغا گۇۋاھ بولىسەن، ئاندىن قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ئۇلار ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىسەن. ﴿وَكَذَٰلِكَ جَعَلۡنَٰكُمۡ أُمَّةٗ وَسَطٗا لِّتَكُونُواْ شُهَدَآءَ عَلَى ٱلنَّاسِ وَيَكُونَ ٱلرَّسُولُ عَلَيۡكُمۡ شَهِيدٗاۗ﴾ يەنى ﴿شۇنىڭدەك (يەنى بىز سىلەرنى توغرا يولغا باشلىغاندەك)، سىلەرنىڭ كىشىلەرگە گۇۋاھ

**بولۇشۇڭلار ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە گۇۋاھ بولۇشى ئۈچۈن، سىلەرنى ئادالەتلىك ياخشى ئۈممەت قىلدۇق ﴾[1].**

ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ سېنى ئىمان ئېيتقانلارغا ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىدىن خۇش خەۋەر بەرگۈچى، سېنى ئىنكار قىلغانلارنى دوزاخ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە ئۈممىتىڭ ئۈچۈن قىيامەت كۈنىدە رەببىڭنىڭ ھۇزۇرىدا گۇۋاھلىق بەرگۈچى قىلىپ ئەۋەتتى. سەن كاپىرلار تۆھمەت قىلغاندەك يالغاندىن ئۆزىنى پەيغەمبەر دەۋالغان بىرى ئەمەس، سەن ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلغۇچى راستچىل پەيغەمبەرسەن. سەن كىشىلەرگە سىراتۇل مۇستەقىمنىڭ يولىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان نۇرلۇق چىراق ۋە مەشئەلسەن.

ئاللاھ تائالا سېنى ئازغۇنلۇق پاتقاقلىرىدا قەلب كۆزلىرى كورلاشقان، قۇلاقلىرى ئېتىلىپ قالغان ئىنسانلارنىڭ كۆزلىرىنى ۋە قۇلاقلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ياخشىلىق سېنىڭ شوئارىڭ، تەقۋالىق سېنىڭ كىيىمىڭ، ھېكمەت سېنىڭ ئىش-ھەرىكىتىڭ، راستچىللىق سېنىڭ تەبىئىتىڭ، گۈزەل ئەخلاق سېنىڭ سۈپىتىڭ، ھەقىقەت ۋە ئادالەت سېنىڭ پرىنسىپىڭدۇر. سەن بۇ ئېسىل خىسلەتلىرىڭ بىلەن چېچىلاڭغۇ مىللەتلەرنى بىرلەشتۈردىڭ، بىر-بىرىگە دۈشمەن قەلبلەرنى دوست قىلدىڭ، ئازغۇنلۇقنىڭ پاتقاقلىرىغا پېتىپ كەتكەن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئىمان ۋە ھىدايەتكە يېتەكلەپ، ئۇلارنى ئىككىلا ئالەملىك بەختسىزلىكلەردىن قۇتقۇزدۇڭ. نەتىجىدە، ئۇلارنى ياخشىلىقنى تەرغىب قىلىدىغان، يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھ تائالاغا ئىخلاس قىلىدىغان، ھەقىقەتنى سۆيىدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، يەر يۈزىدىكى ئەڭ ياخشى ئۈممەتكە ئايلاندۇردىڭ. بۇ ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالانىڭ چوڭ پەزل-كەرەمى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا تۈگىمەس ئاتا-ئېھسان ئىگىسىدۇر.

ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە، كىتابلىرىغا، قىيامەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىپ، ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتى بويىچە ئەمەل قىلغان مۆئمىنلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا قانداقلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدىغان كاتتا مۇكاپاتلارنى، چوڭ ئىنئاملارنى تەييارلىغانلىقىدىن خۇش خەۋەر بەرگىن. مۇناپىقلارنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ ساڭا قىلىۋاتقان تۈرلۈك ئازارلىرىغا ۋە يامانلىقلىرىغا سەۋر قىلغىن،

[1] بەقەرە سۈرىسى: 143-ئايەت.

ئۇلارغا پەرۋا قىلمىغىن، كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىگىن، ئۇلار توغرۇلۇق ساڭا بىرەر ئەمر كەلگەنگە قەدەر ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن. ھەر ئىشتا رەببىڭ ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۈل قىلغىن. ئاللاھ تائالا سېنى چوقۇم قوغدايدۇ ۋە ھىمايە قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا چىن قەلبىدىن ئىشەنچ قىلىپ تەۋەككۈل قىلغان كىشىلەرگە ھامىي بولۇشقا ئەلۋەتتە يېتەرلىكتۇر.

﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر مۇئمىن ئاياللارنى نىكاھىڭلارغا ئالساڭلار، ئاندىن ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى قويۇۋەتسەڭلار، بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ سىلەر ئۈچۈن كۈن ساناپ ئىددەت تۇتۇشى لازىم ئەمەس، ئۇلارغا (مەلۇم مىقداردا) بىر نەرسە بېرىپ، چىرايلىق يوسۇندا قويۇۋېتىڭلار﴾ بۇ يەردە، بۇ ئايەتنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ دېگەن سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن. دوكتور ھىجازىي ئەللامە پەخرۇددىن رازىينىڭ بۇ سوئالغا بەرگەن جاۋابىنى مۇنداق بايان قىلغان: «بۇ ئايەتنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى شۇكى، ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە گۈزەل ئەخلاق پىرىنسىپلىرىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىنى بايان قىلغان. ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇيرۇغان ياخشى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بۇيرۇغان. قانداقلا بىر ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىرەر ئېسىل ئەخلاق ياكى ياخشى پەزىلەت تەلىم بېرىلسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بارلىق مۇئمىنلەرگە بىلدۈرمەي قالمىغان. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىنىڭ 1 - ئايىتى بولغان ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ ٱتَّقِ ٱللَّهَ وَلَا تُطِعِ ٱلۡكَٰفِرِينَ وَٱلۡمُنَٰفِقِينَۚ﴾ يەنى ﴿ئى پەيغەمبەر! سەن ئاللاھتىنلا قورققىن، كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا بويسۇنمىغىن﴾ دېگەن ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىدىنلا قورقۇشقا ۋە تەقۋادارلىقنى داۋاملاشتۇرۇشقا چاقىرغان بولسا، ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ قُل لِّأَزۡوَٰجِكَ إِن كُنتُنَّ تُرِدۡنَ ٱلۡحَيَوٰةَ ٱلدُّنۡيَا وَزِينَتَهَا فَتَعَالَيۡنَ أُمَتِّعۡكُنَّ وَأُسَرِّحۡكُنَّ سَرَاحٗا جَمِيلٗا﴾ يەنى ﴿ئى پەيغەمبەر! (ئارتۇق خىراجەت سوراپ ئالدىڭغا توپلىشىپ كەلگەن) ئاياللىرىڭغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر بۇ دۇنيالىق ھاياتنى ۋە ئۇنىڭ زىبۇزىننىتىنى كۆزلەيدىغان بولساڭلار، كېلىڭلار، سىلەرگە بىر ئاز نەرسە بېرىپ، سىلەرنى چىرايلىقچە قويۇۋېتىي﴾[1] دېگەن ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنىڭ ئاياللىرىغا قارىتا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى تەلىم بېرىدۇ، ئاندىن ﴿ئى پەيغەمبەر! بىز سېنى

[1] ئەھزاب سۈرىسى: 28-ئايەت

ھەقىقەتەن گۇۋاھچى، بېشارەتچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى، ئىرادىمىز بىلەن يولىمىزغا دەۋەت قىلغۇچى ۋە نۇرلۇق چىراغ قىلىپ ئەۋەتتۇق﴾ دېگەن ئايەتتە ئۇنىڭغا ئومۇمىي مۇسۇلمانلارغا قارىتا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئۆگەتتى. دېمەك، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالاغا، ئاندىن ئائىلىسىگە، ئاندىن ئومۇمىي مۇسۇلمانلارغا قارىتا قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى شۇنداق تەلىم بېرىدۇ. شۇنىڭدەك، مۇئمىنلەرگىمۇ ئاۋۋال ئاللاھ تائالاغا، ئاندىن ئائىلىسىگە، ئاندىن ئومۇمىي مۇسۇلمانلارغا قارىتا قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى تەلىم بېرىدۇ. مەسىلەن: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱذۡكُرُواْ ٱللَّهَ ذِكۡرٗا كَثِيرٗا﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار﴾ [1] دېگەن ئايەتتە مۇسۇلمانلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇغان بولسا، ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر مۇئمىن ئاياللارنى نىكاھىڭلارغا ئالساڭلار، ئاندىن ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى قويۇۋەتسەڭلار، بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ سىلەر ئۈچۈن كۈن ساناپ ئىددەت تۇتۇشى لازىم ئەمەس، ئۇلارغا (مەلۇم مىقداردا) بىر نەرسە بېرىپ، چىرايلىق يوسۇندا قويۇپ بېرىڭلار﴾ دېگەن ئايەتتە، مۇسۇلمانلارغا ئائىلىسىدىكىلەرگە مۇناسىۋەتلىك دىنىي مەسىلىلەرنى ئۆگەتتى. ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَدۡخُلُواْ بُيُوتَ ٱلنَّبِيِّ إِلَّآ أَن يُؤۡذَنَ لَكُمۡ إِلَىٰ طَعَامٍ غَيۡرَ نَٰظِرِينَ إِنَىٰهُ وَلَٰكِنۡ إِذَا دُعِيتُمۡ فَٱدۡخُلُواْ فَإِذَا طَعِمۡتُمۡ فَٱنتَشِرُواْ وَلَا مُسۡتَـٔۡنِسِينَ لِحَدِيثٍۚ﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! پەيغەمبەرنىڭ ئۆيلىرىگە پەقەت سىلەر تاماققا چاقىرىلغاندىلا كىرىڭلار، (باشقا ۋاقىتتا ئىجازەت سوراپ كىرگەندە) تاماقنىڭ پىشىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماڭلار، لېكىن چاقىرىلغاندا كىرىڭلار-يۇ، تاماق يەپ بولغاندىن كېيىنلا تارقىلىپ كېتىڭلار، (تاماقتىن كېيىن) پاراڭ سېلىپ ئولتۇرماڭلار﴾[2] دېگەن ئايەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتا قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى ئۆگەتتى»[3].

﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر مۇئمىن ئاياللارنى نىكاھىڭلارغا ئالساڭلار، ئاندىن ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى قويۇۋەتسەڭلار، بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ سىلەر ئۈچۈن كۈن ساناپ ئىددەت تۇتۇشى لازىم ئەمەس، ئۇلارغا (مەلۇم مىقداردا) بىر نەرسە بېرىپ،

[1] ئەھزاب سۈرىسى: 41-ئايەت.

[2] ئەھزاب سۈرىسى53-ئايەت.

[3] «التفسير الواضح» 3-توم، 103-104-بەت.

چىرايلىق يوسۇندا قويۇپ بېرىڭلار﴾ يەنى ئاياللارنىڭ ئىددەت تۇتۇشقا سەۋەب بولغان ئىشلارنىڭ بىرى ئۇلارنىڭ بالىياتقۇلىرىنىڭ بوش ياكى ئەمەسلىكىنى بىلىش ئۈچۈن بولۇپ، نىكاھلانغان بولسىمۇ، ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈلمەي تۇرۇپ تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئىددەت تۇتۇشقا ھاجىتى يوق، شۇڭا ئۇلار ئىددەت تۇتمىسىمۇ بولىدۇ. ئەمما ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال تۆت ئاي، ئون كۈن، ئېرىدىن ئاجراشقان ئايال ئۈچ قېتىم ھەيز كۆرۈپ پاكلانغۇچىلىك كۈتىدۇ. بۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ ھامىلدار ياكى ئەمەسلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

نىكاھ ئوقۇلغان بولسىمۇ، جىنسىي تەرەپتىن يېقىنچىلىق قىلىنماي تۇرۇپلا تالاق قىلىنغان ئايالغا بېرىلىدىغان مەھرى ھەققى مۇنداق بولىدۇ: نىكاھتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا مەلۇم مىقداردا مەھرى بەلگىلەنگەن بولسا، ئۇنىڭغا بەلگىلەنگەن مەزكۇر مەھرىنىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ، ئەگەر مەھرى بەلگىلەنمىگەن بولسا، ئۇنىڭغا خالىغان مىقداردا بىر نەرسە بېرىپ رازى قىلسا بولىدۇ. بۇنداق قىلىش ئۇ ئايالنىڭ يۈز-خاتىرىسى ئۈچۈن قىلىنىدىغان ياخشىلىقتۇر.

قانداقلا بىر سەۋەب بىلەن ئايالدىن ئاجرىشىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغاندا، ئايالغا ئەزىيەت يەتكۈزمەستىن، ئۇنىڭ سىرىنى ئاچماستىن، كەمچىلىكلىرىنى ۋە ئەيىبلىرىنى يايماستىن، ئۇنىڭغا يامانلىق قىلماستىن، ئۇنى زىيانغا ئۇچراتماستىن، چىرايلىقچە ئاجرىشىش كېرەك. مانا بۇ ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ خىسلىتىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بارچە كامالەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان ئۈلگىلىك پەيغەمبەردۇر.

2. كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش كاتتا ئەمەل بولۇپ، ئۇنىڭ قورالى ئىلىم، تەقۋالىق ۋە سەۋرچانلىقتۇر.

3. دىنىي ئىشلاردا كاپىرلارنىڭ ۋە مۇناپىقلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا بولمايدۇ.

4. نىكاھلانغان بولسىمۇ، جىنسىي تەرەپتىن يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئېرىدىن ئايرىلغان ئايال ئىددەت تۇتمىسىمۇ بولىدۇ، ئۇ ئېرىدىن

ئايرىلغان ھامان ياتلىق بولسا بولىدۇ.

5. جىنسىي تەرەپتىن يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئېرىدىن ئايرىلغان ئايالغا بېرىلىدىغان مەھرىنىڭ مىقدارى بۇرۇن بەلگىلەنگەن بولسا، ئايالغا مەزكۇر مەھرىنىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ، ئەگەر بەلگىلەنمىگەن بولسا، خالىغان بىر نەرسە بېرىپ ئۇنى رازى قىلسا بولىدۇ.

### ◄ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ إِنَّآ أَحۡلَلۡنَا لَكَ أَزۡوَٰجَكَ ٱلَّٰتِيٓ ءَاتَيۡتَ أُجُورَهُنَّ وَمَا مَلَكَتۡ يَمِينُكَ مِمَّآ أَفَآءَ ٱللَّهُ عَلَيۡكَ وَبَنَاتِ عَمِّكَ وَبَنَاتِ عَمَّٰتِكَ وَبَنَاتِ خَالِكَ وَبَنَاتِ خَٰلَٰتِكَ ٱلَّٰتِي هَاجَرۡنَ مَعَكَ وَٱمۡرَأَةٗ مُّؤۡمِنَةً إِن وَهَبَتۡ نَفۡسَهَا لِلنَّبِيِّ إِنۡ أَرَادَ ٱلنَّبِيُّ أَن يَسۡتَنكِحَهَا خَالِصَةٗ لَّكَ مِن دُونِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَۗ قَدۡ عَلِمۡنَا مَا فَرَضۡنَا عَلَيۡهِمۡ فِيٓ أَزۡوَٰجِهِمۡ وَمَا مَلَكَتۡ أَيۡمَٰنُهُمۡ لِكَيۡلَا يَكُونَ عَلَيۡكَ حَرَجٞۗ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورٗا رَّحِيمٗا ﴿٥٠﴾ ۞ تُرۡجِي مَن تَشَآءُ مِنۡهُنَّ وَتُـٔۡوِيٓ إِلَيۡكَ مَن تَشَآءُۖ وَمَنِ ٱبۡتَغَيۡتَ مِمَّنۡ عَزَلۡتَ فَلَا جُنَاحَ عَلَيۡكَۚ ذَٰلِكَ أَدۡنَىٰٓ أَن تَقَرَّ أَعۡيُنُهُنَّ وَلَا يَحۡزَنَّ وَيَرۡضَيۡنَ بِمَآ ءَاتَيۡتَهُنَّ كُلُّهُنَّۚ وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ مَا فِي قُلُوبِكُمۡۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَلِيمٗا ﴿٥١﴾ لَّا يَحِلُّ لَكَ ٱلنِّسَآءُ مِنۢ بَعۡدُ وَلَآ أَن تَبَدَّلَ بِهِنَّ مِنۡ أَزۡوَٰجٖ وَلَوۡ أَعۡجَبَكَ حُسۡنُهُنَّ إِلَّا مَا مَلَكَتۡ يَمِينُكَۗ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ رَّقِيبٗا ﴿٥٢﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

50ـ ئى پەيغەمبەر! سەن مەھرىنى بەرگەن ئاياللىرىڭنى، ئاللاھ ساڭا غەنىيمەت قىلىپ بەرگەن ئاياللاردىن ئىلكىڭگە ئۆتكەن چۆرىلەرنى بىز ساڭا ھالال قىلدۇق، سەن بىلەن بىللە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ئاتا تەرەپ تاغا ـ ھاممىلىرىڭنىڭ قىزلىرىنى ۋە ئانا تەرەپ تاغا ـ ھاممىلىرىڭنىڭ قىزلىرىنىمۇ (ساڭا ھالال قىلدۇق). ئەگەر بىر مۇئمىن ئايال ئۆزىنى پەيغەمبەرگە (مەھرى تەلەپ

قىلمايلا) تەقدىم قىلسا، پەيغەمبەر ئۇنى ئېلىشنى خالىسا، بۇنى مۇئمىنلەرگە ئەمەس، يالغۇز ساڭىلا ھالال قىلدۇق. شەكسىزكى، مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرى توغرۇلۇق بىزنىڭ چىقارغان بەلگىلىمىلىرىمىز بىزگە مەلۇمدۇر. (بۇ) سېنىڭ تەڭلىكتە قالماسلىقىڭ ئۈچۈندۇر. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر.

51-(ئى پەيغەمبەر!) ئاياللىرىڭدىن ئۆزۈڭ خالىغان بىرىنىڭ (سەن بىلەن يېتىش) نۆۋىتىنى ئارقىغا سۈرسەڭمۇ، خالىغىنىڭدىن بىرى بىلەن بىللە بولساڭمۇ، سەن نۆۋىتىنى كېچىكتۈرگەن ئاياللىرىڭدىن خالىغان بىرىنى قايتىدىن تەلەپ قىلساڭمۇ ساڭا گۇناھ بولمايدۇ. بۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ خۇشال بولۇشىغا، قايغۇرماسلىقىغا، سېنىڭ تەقسىماتىڭغا ھەممىسىنىڭ رازى بولۇشىغا ئەڭ يېقىندۇر. ئاللاھ دىلىڭلاردىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇ (گۇناھكارلارنى) جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر.

52-(ئى پەيغەمبەر!) بۇنىڭدىن كېيىن يەنە خوتۇن ئېلىشىڭ، باشقا ئاياللارنىڭ ھۆسنى-جامالى سېنى قىزىقتۇرغان تەقدىردىمۇ، بۇلارنى يەڭگۈشلىشىڭ ساڭا ھالال بولمايدۇ. پەقەت قول ئاستىڭدىكى چۆرىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مەخسۇس تەلىمات بېرىپ، ئۇنىڭغا ئۆزى مەھرى بېرىپ ئالغان ئاياللىرىنى، غازاتلاردا غەنىيمەت ئېلىنغان ئاياللاردىن ئىلكىگە ئۆتكەن چۆرىلەرنى ھالال قىلغانلىقىنى، شۇنداقلا تاغا- ھامملىرىنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغان قىزلىرىنىمۇ نىكاھلاپ ئېلىشنى ھالال قىلغانلىقىنى، يەنە ئەگەر بىر مۇئمىن ئايال ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خوتۇن بولۇشقا ئاتاپ، مەھرى تەلەپ قىلماستىن ئۇنىڭغا ئۆزىنى تەقدىم قىلسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ئۇنى ياقتۇرسا ۋە مەھرىسىز نىكاھىغا ئېلىشنى خالىسا، مۇنداق ئايالنى باشقا مۇئمىنلەرگە ئەمەس، پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىلا ھالال قىلىپ بەرگەنلىكىنى بايان قىلغان. ئاندىن بۇلارنى مۇنداق بايان قىلىشتىكى مەقسەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەڭلىكتە قالماسلىقى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكەن.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قانداق ئاياللارغا

ئۆيلەنسە بولىدىغانلىقىنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرىنى ئۆگەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ قىزلىرى ئارىسىدىن ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغانلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ھىجرەت قىلمىغان ئاياللاردىن ئەلۋەتتە ئەۋزەل ئىدى. ئەبۇ تالىبنىڭ قىزى ئۇممۇ ھانىي دەيدۇكى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ئۆيلىنىشنى تەلەپ قىلغىنىدا، مەن باللىرىمنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبلىك ئۆيلىنىشنى خالىمايدىغانلىقىمنى ئېيتىپ ئۆزرە ئېيتسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ ئۆزرەمنى قوبۇل قىلغان ئىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولغان. ئەسلىدە مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا لايىق ئەمەستىم. چۈنكى، مەن ھىجرەت قىلمىغان تۇل ئايال ئىدىم»[1].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى خالىغان ئايالغا ئۆيلىنەتتى. بۇ ئىش ئۇنىڭ ئاياللىرىغا ئېغىر كېلەتتى. بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، نىكاھىدا بار ئاياللاردىن باشقا ئايالغا ئۆيلىنىش ئۇنىڭغا ھارام قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئاياللىرى خۇشال بولدى»[2]. كۆپ سانلىق ئۆلىمالار مۇ-شۇنداق دەپ قارايدۇ. بۇنىڭدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيلىنىشىگە چەك قويۇلغان.

كۆپلىگەن ئاياللار ئۆزلۈكىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭغا خوتۇن بولۇش ئارزۇسى بارلىقىنى ۋە ئۆزلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاتىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. ئىمام بۇخارىي ھەكىم قىزى خەۋلەنىڭ ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاتىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان. يەنە باشقا رىۋايەتلەردە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزلۈكىدىن خوتۇن بولۇشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن ئاياللارنىڭ سانى تۆت بولۇپ، ئۇلار: ھارىس قىزى مەيمۇنە، خۇزەيمە قىزى زەينەب، جابىر قىزى ئۇممۇ شەرىك ۋە ھەكىم قىزى خەۋلە قاتارلىقلاردۇر.

﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئاياللىرىڭدىن ئۆزۈڭ خالىغان بىرىنىڭ (سەن بىلەن يېتىش) نۆۋىتىنى ئارقىغا سۈرسەڭمۇ، خالىغىنىڭدىن بىرى بىلەن بىللە بولساڭمۇ، سەن نۆۋىتىنى كېچىكتۈرگەن ئاياللىرىڭدىن خالىغان بىرىنى قايتىدىن تەلەپ قىلساڭمۇ ساڭا گۇناھ بولمايدۇ﴾ يەنى بۇ

[1] «سنن الترمذي» 5 ـ توم 208ـبەت، 3214ـھەدىس.
[2] «تفسير القرطبي» 14ـتوم، 207ـبەت.

سىنىڭ ئىختىيارىڭدىكى ئىشتۇر، ساڭا بۇنىڭدا ھېچبىر گۇناھ يوقتۇر. بۇ پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىلا بېرىلگەن خۇسۇسىيەتتۇر. ئەمما بىردىن كۆپ ئايالى بولغان ئادەملەرگە قارىتا ئىسلام قانۇنى ئاياللار ئوتتۇرىسىدا ئادالەتلىك ئىش كۆرۈش ۋە پۈتۈن ئىشلاردا ھەممىسىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشنى بەلگىلىگەن.

ئى ئىنسانلار! ئۇنتۇماڭلاركى، ﴿ئاللاھ دىلىڭلاردىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇ (گۇناھكارلارنى) جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر﴾. شۇڭا ھېچ نەرسىنى ياكى ھېچقانداق بىر گۇناھنى ئاللاھ تائالادىن يوشۇرغىلى بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئەھكاملارنى ۋە قانۇن-تۈزۈملەرنى بەلگىلەشتە بەندىلىرىگە تولىمۇ كۆيۈمچاندۇر ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر.

ئەللامە بەغەۋي ئۆز تەپسىرىدە مۇجاھىد قاتارلىق مۇپەسسىرلەرنىڭ ﴿(ئى پەيغەمبەر!) بۇنىڭدىن كېيىن يەنە خوتۇن ئېلىشىڭ، باشقا ئاياللارنىڭ ھۆسن-جامالى سېنى قىزىقتۇرغان تەقدىردىمۇ، بۇلارنى يەڭگۈشلىشىڭ ساڭا ھالال بولمايدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلغانلىقىنى بايان قىلغان: «ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ بەرگەن ئاياللاردىن باشقا ئاياللار سەن ئۈچۈن ھالال ئەمەس. ساڭا ھالال بولىدىغان مەزكۇر ئاياللار: سەن ئىلگىرى مەھرىنى بېرىپ نىكاھىڭغا ئالغان ئاياللىرىڭ، غازاتلاردا غەنىيمەت ئېلىنغان ئاياللاردىن سېنىڭ ئىلكىڭگە ئۆتكەن چۆرىلەر، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭنىڭ سەن بىلەن بىللە مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغان قىزلىرى ۋە مەھرى تەلەپ قىلماستىن سېنىڭ نىكاھىڭدا بولۇشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن مۇئمىن ئاياللاردۇر. ئەمما يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان دىنىدىكى ئاياللارنى ئېلىش ساڭا ھالال ئەمەس، شۇنىڭدەك، قولۇڭدىكى مۇسۇلمان ئاياللارنى قويۇپ بېرىپ، يەھۇدىي ياكى خىرىستىيان ئاياللارنى ئېلىشمۇ ساڭا ھالال ئەمەس».

### ◄ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپ ئايالىق بولغانلىقى ھەققىدە

بەزى كىشىلەر ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەستىن، ئېغىزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى شەھۋانىي سۈپەت بىلەن سۈپەتلەشكە ئالدىرايدۇ. ئەمما بىز ھەققانىيلىق مەيداندا تۇرۇپ ئوبدان تەپەككۇر قىلىدىغان بولساق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

ئالغان ئاياللارنى شەھۋانىيلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئېسىل مەقسەتلەر ۋە ئالىي غايىلەر ئۈچۈن ئالغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىمىز. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇنجى ئايالى ھەزرىتى خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۆيلەنگەندە، ئۆزى 25 ياش، خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھا 40 ياشتا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتىنىڭ قىران چاغلىرىنى ئۆزىدىن 15 ياش چوڭ بىر ئايال بىلەن ئۆتكۈزگەن، بۇ ئايالىنىڭ ئۈستىگە باشقا ئايال ئېلىشنى ئويلىمىغان، خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئاندىن باشقا ئاياللارغا ئۆيلەنگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىز ئالغان ئايالى بىرلا ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بولۇپ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى چوكان ئالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغىنىدا ئۇنىڭ توققۇز ئايالى بولغان بولسىمۇ، بۇ ئاياللارنىڭ ھېچقايسىسىنى شەھۋانىيلىقتىن ياكى شەخسىي غەرەز ئۈچۈن ئالغانلىقى مەلۇم ئەمەس. چۈنكى، بۇ ئاياللارنىڭ بەزىسى ياشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن چوڭ ئىدى. مەسىلەن: سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ياشىنىپ قالغان ئايال ئىدى. بەزىسىنىڭ چىراي شەكلى جەلپ قىلارلىق ئەمەس ئىدى، مەسىلەن: ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا چىرايدا يوق ئىدى. بەزىسى كۆپ بالىلىق ئىدى. مەسىلەن: ئۇممۇ سەلەمە شۇنداق ئىدى. قۇرەيشنىڭ كاتتىبېشى ئەبۇ سۇفياننىڭ قىزى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئېرىدىن ئايرىلىپ كېتىپ غۇربەت شەھرىدە تۇل قالغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش يۈزىسىدىن ئۇنى نىكاھىغا ئالغان، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ نىكاھ مۇناسىۋىتى بىلەن قۇرەيش بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى يۇمشىتىشقا تىرىشقان. بۇنىڭدىن باشقا جۇۋەيرىيە ۋە سەفىيە قاتارلىق ئاياللار يەھۇدىيلارنىڭ كاتتىباشلىرىنىڭ قىزلىرى بولۇپ، ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دەۋىتىنىڭ يولىنى ئېچىش مەقسىتى بىلەن نىكاھىغا ئالغان. بۇ بايانلاردىن مەلۇمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئاياللارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئۆزىنىڭ نەپسىي ھەۋىسى ئۈچۈن ئالمىغان. ياش ۋاقتىدا ئۆزىدىن 15 ياش چوڭ بىر ئايال بىلەن ھايات كەچۈرۈشكە رازى بولۇپ ئۆتكەن بىر زات يېشى ئەللىكتىن ئاشقاندا بىردىنلا شەھۋانىي بولۇپ قالامدۇ؟

يەنە بەزىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى باياشاتلىق تۇرمۇشتا ئۆتكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالمىسۇنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «إِنْ كُنَّا آلَ مُحَمَّدٍ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ،

لَنَمْكُثُ شَهْرًا مَا نَسْتَوْقِدُ بِنَارٍ ، إِنْ هُوَ إِلَّا التَّمْرُ وَالْمَاءُ» يەنى «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدە بىزنىڭ ئايلارچە ئوچاقتا ئوت ياقمىغان ۋاقىتلىرىمىز بولاتتى. بۇ ۋاقىتلاردا بىزنىڭ تامىقىمىز سۇ بىلەن خورما ئىدى»[1] دېگەن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يەنە مۇنداق دېگەن: «مَا شَبِعَ آلُ مُحَمَّدٍ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مُنْذُ قَدِمَ الْمَدِينَةَ ، مِنْ طَعَامِ الْبُرِّ ثَلَاثَ لَيَالٍ تِبَاعًا ، حَتَّى قُبِضَ» يەنى «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر مەدىنىگە كەلگەندىن بېرى بۇغداي ئۇنىنىڭ تامىقىغا ئارقا-ئارقىدىن ئۈچ كۈن تويۇپ باقماستىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتتى»[2].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن بەزى مەخسۇس ئەھكاملارنى بەلگىلىگەن. مەسىلەن:

2. ئۇنىڭغا تۆتتىن ئارتۇق ئايالنى بىرلا ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلاشقا رۇخسەت قىلىنغان بولسىمۇ، ئىلكىدىكى ئاياللىرىنى قويۇپ بېرىشكە رۇخسەت قىلىنمىغان. ئەمما باشقا مۇسۇلمانلارغا تۆتتىن ئارتۇق ئايالنى بىرلا ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلاشقا رۇخسەت قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قولىدىكى ئاياللىرىنى قويۇپ بېرىش ۋە ئالماشتۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنغان.

3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنى ھەدىيە قىلماقچى بولغان ئاياللارنى مەھرىسىز نىكاھىغا ئېلىش ھالال قىلىنغان، ئەمما باشقا مۇسۇلمانلار مەھرىنى بېرىپ خوتۇن ئېلىشقا بۇيرۇلغان.

4. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۆتتىن ئارتۇق ئايالنى نىكاھىدا ساقلاشقا رۇخسەت قىلغانلىقىدا ئىسلام ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئالىي مەقسەتلەر كۆزدە تۇتۇلغان. مەسىلەن:

5. ئەرەب قەبىلىلىرىدە ئۆزلىرى بىلەن قۇدا-باجا بولغانلارنى جان تىكىپ قوغدايدىغان ئادەت بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشتا ھەر قايسى قەبىلىلەرنى قۇدا-باجىلىق مۇناسىۋىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشنى كۆزدە

[1] «صحيح مسلم»4-توم، 2282-بەت، 2972- ھەدىس.

[2] «صحيح البخاري» 7-توم، 75-بەت، 5416- ھەدىس.

تۇتقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنى ھەر خىل قەبىلىلەردىن ئالغانلىقى بۇ غايىنى تېخىمۇ روشەن ئوچۇقلايدۇ.

**6.** جىھاد مەيدانلىرىدا شېھىت بولغان ساھابىلەرنىڭ تۇل قالغان ئاياللىرىنىڭ ۋە نارەسىدە باللىرىنىڭ بېشىنى سىلاشتا باشقا مۇسۇلمانلارغا باشلامچى بولۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشۇ تۇل ئاياللارنى نىكاھىغا ئېلىپ، ئۇلارنى ھىمايە قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ بېشىنى سىلىغان. ئاندىن باشقا ساھابىلەرنى شۇنداق قىلىشقا تەشەببۇس قىلغان.

**7.** ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك شەرىئەت ئەھكاملىرىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ رولى چوڭ ئىدى. چۈنكى ئاياللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھايا قىلىپ سورالمىغان مەسىلىلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن سوراپ ئۆگىنەتتى.

### ◄ پەيغەمبەرنىڭ ئۆيىگە كىرىشتىكى ئەدەبلەر

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَدۡخُلُواْ بُيُوتَ ٱلنَّبِيِّ إِلَّآ أَن يُؤۡذَنَ
لَكُمۡ إِلَىٰ طَعَامٍ غَيۡرَ نَٰظِرِينَ إِنَىٰهُ وَلَٰكِنۡ إِذَا دُعِيتُمۡ فَٱدۡخُلُواْ
فَإِذَا طَعِمۡتُمۡ فَٱنتَشِرُواْ وَلَا مُسۡتَـٔۡنِسِينَ لِحَدِيثٍۚ إِنَّ ذَٰلِكُمۡ كَانَ
يُؤۡذِي ٱلنَّبِيَّ فَيَسۡتَحۡيِۦ مِنكُمۡۖ وَٱللَّهُ لَا يَسۡتَحۡيِۦ مِنَ ٱلۡحَقِّۚ وَإِذَا
سَأَلۡتُمُوهُنَّ مَتَٰعٗا فَسۡـَٔلُوهُنَّ مِن وَرَآءِ حِجَابٖۚ ذَٰلِكُمۡ أَطۡهَرُ
لِقُلُوبِكُمۡ وَقُلُوبِهِنَّۚ وَمَا كَانَ لَكُمۡ أَن تُؤۡذُواْ رَسُولَ ٱللَّهِ وَلَآ أَن
تَنكِحُوٓاْ أَزۡوَٰجَهُۥ مِنۢ بَعۡدِهِۦٓ أَبَدًاۚ إِنَّ ذَٰلِكُمۡ كَانَ عِندَ ٱللَّهِ عَظِيمًا
٥٣ إِن تُبۡدُواْ شَيۡـًٔا أَوۡ تُخۡفُوهُ فَإِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٗا ٥٤
لَّا جُنَاحَ عَلَيۡهِنَّ فِيٓ ءَابَآئِهِنَّ وَلَآ أَبۡنَآئِهِنَّ وَلَآ إِخۡوَٰنِهِنَّ وَلَآ أَبۡنَآءِ
إِخۡوَٰنِهِنَّ وَلَآ أَبۡنَآءِ أَخَوَٰتِهِنَّ وَلَا نِسَآئِهِنَّ وَلَا مَا مَلَكَتۡ أَيۡمَٰنُهُنَّۗ
وَٱتَّقِينَ ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ شَهِيدًا ٥٥﴾

## ◄ تەرجىمىسى

53ـئى ئىمان ئېيتقانلار! پەيغەمبەرنىڭ ئۆيلىرىگە پەقەت سىلەر تاماققا چاقىرىلغاندىلا كىرىڭلار، (باشقا ۋاقىتتا ئىجازەت سوراپ كىرگەندە) تاماقنىڭ پىشىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماڭلار، لېكىن چاقىرىلغاندا كىرىڭلار-يۇ، تاماق يەپ بولغاندىن كېيىنلا تارقىلىپ كېتىڭلار، (تاماقتىن كېيىن) پاراڭ سېلىپ ئولتۇرماڭلار، بۇنداق قىلىش پەيغەمبەرنى رەنجىتىدۇ، پەيغەمبەر (بۇنى ئېيتىشقا) سىلەردىن خىجىل بولىدۇ. ئاللاھ ھەقنى ئېيتىشتىن تارتىنمايدۇ. سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسە سوراپ ئالماقچى بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ سوراپ ئېلىڭلار، بۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ ئەڭ پاك تۇتىدۇ، سىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھنى رەنجىتىپ قويۇشۇڭلار دۇرۇس ئەمەس، رەسۇلۇللاھتىن كېيىن ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىـ-ـشىڭلارمۇ مەڭگۈ دۇرۇس ئەمەس. بۇنداق قىلىش ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھەقىقەـ-تەن چوڭ گۇناھتۇر.

54ـسىلەر بىرەر نەرسىنى ئاشكارىلىساڭلارمۇ، يوشۇرساڭلارمۇ (بەرىبىردۇر)، چۈنكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

55ـئۇلارغا (يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىغا) ئاتىلىرى بىلەن، ئوغۇللىرى بىلەن، قېرىنداشلىرى بىلەن، قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن، ھەمشىرىـ-ـلىرىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن، مۇئمىن ئاياللار بىلەن، قۇل-چۆرىلىرى بىلەن (پەردىسىز) كۆرۈشۈشتە ھېچبىر گۇناھ يوق. (ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى!) ئاللاھتىن قورقۇڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى كۆزىتىپ تۇر-غۇچىدۇر.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

مۇپەسسىرلەر ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! پەيغەمبەرنىڭ ئۆيلىرىگە پەقەت سىلەر تاماققا چاقىرىلغاندىلا كىرىڭلار...﴾ دېگەن ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى بايان قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەھش قىزى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۆيلەنگەن ۋاقىتتا، ئۆيىگە مېھمان چاقىرىپ زىياپەت بەرگەن ئىدى. مېھمانلار تائاملىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بەزىسى چىقىپ كەتمەي، ئۆزئارا پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. بۇ ئۆي ئەسلىدە بىر ئېغىزلىقلا ئۆي بولغانلىقتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى يۈزىنى تام تەرەپكە قىلىپ ئولتۇرۇپمۇ زېرىكتى. مېھمانلارنىڭ مۇنداق كۆپ ئولتۇرۇۋېلىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېغىر كەلگەن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ۋاقىتتا سىرتقا چىقىپ كەتتى، مەن (ئەنەس ئىبنى مالىك) ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقتىم. ئىككىمىز بىز مېھمانلارنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىشىنى كۈتتۇق. ئۇلارمۇ ناھايىتى ئاستا ئۇزاپ بولۇشتى. ئاندىن مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مېھمانلارنىڭ ئۇزاپ بولغانلىقىدىن خەۋەر بېرىۋىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيگە كىردى. مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كىرىشكە تەمشىلىۋاتاتتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىنىڭ پەردىسىنى قويۇپ بېرىۋەتتى، مەن ھۇجرامدا ئولتۇرۇپ قالدىم. كۆپ ئۆتمەيلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ يېنىمغا چىقتى، شۇ چاغدا ئۇنىڭغا ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! پەيغەمبەرنىڭ ئۆيلىرىگە پەقەت سىلەر تاماققا چاقىرىلغاندىلا كىرىڭلار...﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغان ئىدى»[1].

### ◄ تەپسىرى

بۇ ئايەتلەر ئىككى چوڭ ماۋزۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بىرى، تائاملىنىشنىڭ ئەدەپلىرى ۋە داستىخاندا ئولتۇرۇشنىڭ قائىدىلىرى، يەنە بىرى، ئاياللارنىڭ ھىجابلىنىشى، ئەۋرەت ئەزالىرىنى يېپىپ يۇرۇشىدۇر.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە سىلەرنى تاماققا چاقىرغان ۋاقىتتىلا كىرسەڭلار بولىدۇ، باشقا ۋاقىتلاردا بىرەر ئىش ئۈچۈن ئىجازەت سوراپ كىرگەن چېغىڭلاردا، ئىشىڭلارنىڭ تۈگىشى بىلەن چىقىپ كېتىڭلار، تاماقنىڭ پىشىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماڭلار، لېكىن قانداقلا ۋاقىتتا بولسۇن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىلەرنى ئۆيگە چاقىرغاندا كىرىڭلار-يۇ، تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن دەرھال تارقىلىپ كېتىڭلار، ھەرگىزمۇ بەزىلىرىڭلار قىلغاندەك تاماقتىن كېيىن، پاراڭغا چۈشۈپ ئولتۇرماڭلار. چۈنكى، سىلەرنىڭ مۇنداق قىلىشىڭلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىئارام قىلىدۇ ۋە كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويىدۇ. ھەقىقەتەن بىرلا ئېغىزلىق تار ئۆيدە، يەيدىغاننى يەپ، ئىچىدىغاننى ئىچىپ بولغاندىن كېيىنمۇ تارقىلىپ كەتمەي ئولتۇرۇۋېلىش ياخشى ئىش ئەمەس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى تاماققا چاقىرىشنى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشنى ياقتۇرغانلىقتىن، كۆپىنچە

[1] «صحيح مسلم»4 ـ توم، 1048 ـ بەت، 1428ـ ھەدىس، «صحيح البخاري» 6 ـ توم، 149ـ بەت.

ۋاقىتلاردا ساھابىلەرنى تاماقا چاقىراتتى. ئۇلار تاماق يەپ بولۇپ چىقىپ كېتەتتى. ئەپسۇسكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىگە باقماستىن، يەيدىغانلىرىنى يەپ-ئىچىدىغانلىرىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىنمۇ تارقىلىپ كەتمەي ئولتۇرۇۋالاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى ھايالىق زات بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقىدىن ئۆزىنىڭ بىئارام بولغانلىقىنى ۋە رەنجىپ قالغانلىقىنى ئۇلارغا قەتئىي چاندۇرمايتتى، ھەرگىز مەلۇم قىلماسلىقا تىرىشاتتى. ئەمما ھەقنى دېيىشتىن تارتىنمايدىغان ئاللاھ تائالا كىشىلەرگە بىلدۈرۈشكە تېگىشلىك ئەدەب-ئەخلاق قائىدىلىرىنى ئۆگەتتى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «يارەسۇلۇللاھ! سىلىنىڭ ئۆيگە ياخشى ئادەممۇ، يامان ئادەممۇ كىرىدۇ. ئاياللىرىغا ھىجابلىنىشنى بۇيرۇغان بولسىلىكەن» دېگەن ۋە ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ ئايەت نازىل بولغان[1]. شۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ يات ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ھىجابلىنىشى پەرز قىلىنغان.

«الْحِجَابُ» (ھىجاب) دېگەن سۆزنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى «يۆگەش» دېگەنلىك بولۇپ، باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن يوشۇرىدىغان ۋە يۆگەيدىغان ھەرقانداق نەرسە ھىجاب دەپ ئاتىلىدۇ. ئىسلام ئاتالغۇسىدا بولسا ئايالنىڭ بەدىنىنى پۈتۈنلەي يۆگەپ تۇرىدىغان نەرسە ھىجاب دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك، ھىجاب-ئايالنىڭ بەدىنىنى يات ئەرلەرگە كۆرسەتمەسلىك نىيىتى بىلەن كەڭ، ئازادە ۋە قېلىن كىيىم بىلەن يۆگەپ يۆرۈشى دېگەنلىكتۇر. ئۆلىمالار ھىجاب ئايالنىڭ يۈزى بىلەن قوللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ ياكى ئالمامدۇ دېگەن مەسىلىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئىمام ئەھمەد ۋە شافىئىي مەزھىپىنىڭ ئۆلىمالىرى ئايال يات ئەرلەرنىڭ ئالدىدا يۈزى ۋە قوللىرى بىلەن قوشۇپ پۈتۈن بەدىنىنى يۆگىشى لازىم دەپ قارايدۇ. ئەمما مالىكىي ۋە ھەنەفىي مەزھەپلىرىنىڭ ئۆلىمالىرى ئايالنىڭ يۈزى بىلەن ئىككى قولىنى يۆگىشى پەرز ئەمەس دەپ قارايدۇ. بۇ ئىككى مەزھەپ ئۆلىمالىرىدىن ئاز سانلىق كىشىلەر ئايال ئەگەر بەك چىرايلىق بولسا – پىتنىگە سەۋەب بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن- يۈزى بىلەن ئىككى قولىنىمۇ يۆگىشى لازىم دەپ قارايدۇ.

ھىجاب ئىسلامىيەتنىڭ شوئارى، تەقۋالىقنىڭ كىيىمى، ئالىيجا-

[1] «صحيح البخاري» 1-توم، 8-بەت، 402-ھەدىس.

نابىلىقىنىڭ بەلگىسى، ھۆرمەت- ئىززەتنىڭ ۋە گۈزەل ئەخلاقىنىڭ دەلىلىدۇر.

ھىجابنىڭ ئۆلچىمى ــ ئايالنىڭ جىسمىنى مەلۇم قىلمايدىغان، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىمايدىغان، كەڭ ۋە ئازادە كىيىمدىن ئىبا-رەتتۇر.

كۆرۈۋاتىمىزكى، ئاللاھ تائالا ئاياللارنىڭ ھىجابلىنىشىدىن ئىبارەت يەرزنى دۇنيانىڭ ئەڭ پاك، ئەڭ دىيانەتلىك ۋە ئەڭ تەقۋادار ئاياللىرى، مۆئمىنلەرنىڭ ئانىلىرى بولغان ئۈلگىلىك ئاياللارغا، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا پەرز قىلىشتىن باشلىغان. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ھەممە ياخشى ئىشلاردا مۇسۇلمانلارغا ئۈلگە بولغاندەك ھىجاب ئىشىدىمۇ ئالدىنقىلاردىن بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى.

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە خالىغانچە كىرمەسلىك، پەقەت تاماققا ياكى باشقا بىرەر ئىشقا چاقىرىلغان چاغدىلا كىرىش، ئەمما تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن ۋە ئىش تۈگىگەندىن كېيىنلا تارقىلىپ كېتىش، پاراڭ سېلىپ ئولتۇرماسلىق، بىرەر ئىش ئۈچۈن ئىجازەت سوراپ كىرگەندە، تاماقنىڭ پىشىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماسلىق ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسە سورىماقچى بولسا، پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ سوراپ ئېلىش قاتارلىق بىر يۈرۈش ئەدەپ-ئەخلاق قائىدىلىرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ﴿بۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ ئەڭ پاك تۇتىدۇ﴾ دېگەن. چۈنكى، ئىنسانچىلىقتا بىر يات ئايال بىلەن بىر يات ئەر ئۇچراشقاندا شەيتان ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە بولمىغۇر ۋەسۋەسىلەرنى سېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئىمانى ئاجىز ئادەملەرنىڭ كۆڭلىدە بىرەر يامان خىيال پەيدا بولۇپ قېلىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. ئۇنداق بولمىغان تەقدىردىمۇ، سۆز-چۆچەكلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن بولسىمۇ يات ئەر بىلەن يات ئايال يالغۇز ئۇچراشماسلىقى لازىم. مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئائىلىلەرنىڭ ئامانلىقىنى ۋە خاتىرجەملىكىنى قوغداش ئۈچۈن بەلگىلىگەن ئەھكاملىرىنىڭ بىرىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چىن يۈرەكتىن سۆيۈش، ئۇنىڭغا كامالىي ئېھتىرام بىلەن ھۆرمەت قىلىش ئىماننىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ. ئىمان بولغان قەلبتە پەيغەمبەر سۆيگۈسىمۇ ئەلۋەتتە بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى رەنجىتىپ قويۇش گۇناھتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى مۆئمىنلەرنىڭ ئانىلىرى، مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ پېشۋالىرى ۋە ئۈلگىلىرىدۇر. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئاياللارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن باشقىلارنىڭ ئۆيلىنىشى ھارام قىلىنغان. چۈنكى، مۇنداق قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىق بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئاللاھ تائالا: ﴿ٱلنَّبِيُّ أَوۡلَىٰ بِٱلۡمُؤۡمِنِينَ مِنۡ أَنفُسِهِمۡۖ وَأَزۡوَٰجُهُۥٓ أُمَّهَٰتُهُمۡۗ﴾ يەنى ﴿پەيغەمبەر مۆئمىنلەر ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆز جېنىدىنمۇ ئارتۇقتۇر، (پەيغەمبەر مۆئمىنلەرنىڭ ئاتىسىغا ئوخشاش بولغانلىقتىن) پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى مۆئمىنلەرنىڭ ئانىلىرىدۇر﴾ [1] دېگەن ئايەتتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنى مۆئمىنلەرنىڭ ئانىلىرى دەپ ئاتىغان تۇرسا، مۆئمىنلەر قانداقمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئانىلىرىنىڭ ئورنىدىكى بۇ ئاياللارغا ئۆيلەنسۇن؟!

بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿رەسۇلۇللاھتىن كېيىن ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلارمۇ مەڭگۈ دۇرۇس ئەمەس﴾ دېگەن ئايەت بەزى نادان ئادەملەر-نىڭ «مۇھەممەد ئۆلسە، پالانى ئايالنى مەن ئالىمەن» دېگەنگە ئوخشىغان ئەدەپسىز سۆزلىرىگە رەددىيە ئاساسىدا نازىل بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى مۆئمىنلەرنىڭ ئانىلىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىش ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىش ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە چوڭ گۇناھتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا دىللاردا ساقلانغانلارنىمۇ ئېنىق بىلگۈچىدۇر، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق نەرسىنى يوشۇرغىلى بولمايدۇ.

ھىجاب ئايىتى نازىل بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى «ئەمدى، بىزمۇ ئۇلارغا پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ گەپ قىلامدۇق؟» دەپ سوراشقاندا، ئاللاھ تائالا ﴿ئۇلار (پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى) غا ئاتىلىرى بىلەن، ئوغۇللىرى بىلەن، قېرىنداشلىرى بىلەن، قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن، ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن، مۆئمىن ئاياللار بىلەن، قول-چۆرىلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈشتە ھېچبىر گۇناھ يوق﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىش ئارقىلىق مۆئمىن ئاياللارنىڭ كىملەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈشى جائىز ۋە كىملەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈشى جائىز ئەمەسلىكىنى بايان قىلىپ بەرگەن. بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان مەھرەملەرنىڭ (يېقىن تۇغقانلارنىڭ) قالغانلىرى نۇر سۈرىسىدە

[1] ئەھزاب سۈرىسى 6-ئايەت.

تولۇق بايان قىلىنغان. بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق مۇسۇلمان ئاياللىرىنىڭ يۈرۈش- تۇرۇشى ۋە كىيىنىشى ئىلاھىي تەلىماتلار سايىسىدا قېلىپ- لاشتۇرۇلغان.

﴿(ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى!) ئاللاھتىن قورقۇڭلار﴾ دېگەن ئايەت جىمى ئايال جىنسىغا قارىتىلغان ئومۇمىي خىتابتۇر. چۈنكى، ئاياللار بالىلارنىڭ تۇنجى مۇئەللىملىرى، مۇسۇلمانلارغا ۋە بارلىق ئىنسانىيەتكە پايدىلىق، دىن ۋە ۋەتەننىڭ ئىشلىرىغا ياراملىق پەرزەنتلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىرىدىغان تەربىيەچىلەردۇر. شۇڭا ئاياللار تۈزەلسە ئائىلە تۈزۈلىدۇ، جەمئىيەت تۈزۈلىدۇ، ئىنسانلار تۈزۈلىدۇ. ناۋادا ئاياللار بۇزۇلسا ھەممىسى بۇزۇلىدۇ. زىنا-ھارام ئىشلارنىڭ سادىر بولۇشىغا كۆپرەك ئاياللار سەۋەب بولىدۇ. چۈنكى، ئايالنىڭ مەيلى بولمىسا ئەر ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە قىلالمايدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنىڭ ئاخىرىدا ئاياللارغا دەيدۇكى، ئى ئاياللار! ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار، ئۇنىڭدىن ھايا قىلىڭلار، ئۇنىڭ ئازابىدىن ھەزەر ئەيلەڭلار، تەقۋادارلىق دائىرىسىدە ئىش كۆرۈڭلار، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ھەرىكەت قىلىڭلار ۋە بىلىڭلاركى، مەيلى ئاشكارا، ياكى يوشۇرۇن ھېچقانداق ئىشىڭلارنى ئاللاھ تائالادىن يوشۇرالمايسىلەر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا سىلەرنى ۋە ئەمەلىڭلارنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەرقانداق بىر ئۆيگە ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىجازىتىسىز كىرمەسلىك، ئۆيگە كىرگەندە ئۆيدىكىلەرگە سالام بېرىپ كىرىش ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقتۇر.

2. بىراۋنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولغان كىشى ئۆي ئىگىسىگە مالاللىق يېتىدىغان ئىشنى قىلماسلىقى ۋە ئۆزىنى بىلىپ تېزرەك ئۆيدىن قوز- غىلىشى كېرەك.

3. ئاللاھ تائالا ھەقنى ئېيتىشتا كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئولتۇر- مايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كەلگەن ئېغىر مېھمانغا «ئىشىم بار ئىدى، سىزنى ئۇزىتىپ قوياي» دېيەلمىگەنلىكى ئۇ زاتنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە تىل تەگكۈزۈش

ئاللاھ تائالانىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدە كەچۈرۈلمەس جىنايەتتۇر.

### پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەرتىۋىسى

﴿إِنَّ ٱللَّهَ وَمَلَٰٓئِكَتَهُۥ يُصَلُّونَ عَلَى ٱلنَّبِيِّۚ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ صَلُّواْ
عَلَيۡهِ وَسَلِّمُواْ تَسۡلِيمًا ٥٦ إِنَّ ٱلَّذِينَ يُؤۡذُونَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ لَعَنَهُمُ
ٱللَّهُ فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِ وَأَعَدَّ لَهُمۡ عَذَابًا مُّهِينًا ٥٧ وَٱلَّذِينَ يُؤۡذُونَ
ٱلۡمُؤۡمِنِينَ وَٱلۡمُؤۡمِنَٰتِ بِغَيۡرِ مَا ٱكۡتَسَبُواْ فَقَدِ ٱحۡتَمَلُواْ بُهۡتَٰنًا وَإِثۡمًا
مُّبِينًا ٥٨﴾

### تەرجىمىسى

56-شەكسىزكى، ئاللاھ پەيغەمبەرگە رەھمەت قىلىدۇ، پەرىشتىلەرمۇ (ئۇنىڭ ئۈچۈن) مەغپىرەت تىلەيدۇ، ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرمۇ ئۇنىڭغا دۇرۇد ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار.

57-شەكسىزكى، ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى رەنجىتىدىغانلارنى ئاللاھ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا خار قىلغۇچى ئازابنى تەييارلايدۇ.

58-مۇئمىن ئەرلەرگە ۋە مۇئمىن ئاياللارغا ئۇلار قىلمىغان ئىشلارنى چاپلاپ ئۇلارغا ئەزىيەت يەتكۈزىدىغانلار چوڭ بىر بوھتاننى ۋە ئوپئوچۇق گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ.

### تەپسىرى

بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىسىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ۋە پەرىشتىلەرنىڭ نەزىرىدىكى كاتتا دەرىجىسىنى بايان قىلغان بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەنە شۇنداق يۇقىرى مەرتىۋىلىك ۋە ھۆرمەتلىك زاتتۇر. ئاللاھ تائالا ئۆزى خالىغان بەندىسىگە ئەنە شۇنداق كاتتا پەزل-كەرەم ئاتا قىلىدۇ ۋە ئۇنى شۇنداق ئۇلۇغ قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا چەكسىز پەزل-كەرەم ئىگىسىدۇر.

بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد-دۇئا ۋە سالام يوللاپ تۇرۇشقا، ئۇنىڭغا ئامانلىق تىلەشكە بۇيرۇلدۇق. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا-

لامنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى ھەققى ھەقىقەتەن چوڭ بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ ھىدايەت تېپىشىمىزغا ۋە ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ دىنغا كىرىشىمىزگە سەۋەب بولغان زاتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ صَلَّى عَلَيَّ صَلَاةً صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ بِهَا عَشْرًا» يەنى «ماڭا بىر قېتىم دۇرۇد ئېيتقان كىشىگە ئاللاھ ئۇن رەھمەت (ياكى ئۇن ساۋاب) ئاتا قىلىدۇ»[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت قىلىشى، پەرىشتىلەرنىڭ ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەپ تۇرۇشى ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ نەقەدەر يۇقىرى، دەرىجىسىنىڭ نەقەدەر يۈكسەك ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەر ۋاقىت دۇرۇد ئېيتىش كاتتا ساۋابلىق ئەمەل بولۇپ، دۇئادا ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىپ بولغاندىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش دۇئانىڭ ئەدەپلىرىدىن سانىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەنە شۇنداق ئالاھىدە ئورنى ۋە يۇقىرى دەرىجىسى يۈزىسىدىن ئاللاھ تائالا بىزلەرنى ئۇنىڭغا دۇرۇد ئېيتىشقا بۇيرۇغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش دېگەنلىك ئۇنىڭغا دۇئا قىلىش دېگەنلىكتۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەركىم ئۆزى بىلگەنچە دۇئا قىلسا ۋە سالام يوللىسا بولىدۇ. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆگەتكەنلىرىنى ئوقۇش ئەۋزەل. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە قانداق دۇرۇد ئېيتىش كېرەكلىكى ھەققىدە سورالغاندا، تۆۋەندىكى دۇرۇدنى ئوقۇشنى بۇيرۇغان:

﴿اَللَّهُمَّ صَلِّ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ ، كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى إبرَاهِيمَ وَعَلَى آلِ إبرَاهِيْمَ إِنَّكَ حَمِيْدٌ مَجِيْدٌ . اَللَّهُمَّ بَارِكْ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ ، كَمَا بَارَكْتَ عَلَى إبرَاهِيمَ وَعَلَى آل إبرَاهِيْمَ إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ﴾ .

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت ئاتا قىلغاندەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگىمۇ رەھمەت ئاتا قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن مەدھىيەگە لايىق ئۇلۇغ زاتسەن. ئى ئاللاھ! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ شەنىنى يۇقىرى قىلغىنىڭدەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭمۇ شەنىنى يۇقىرى قىلغىن.

[1] «صحيح مسلم» 1- توم، 288-بەت، 384- ھەدىس.

سەن ھەقىقەتەن مەدھىيەگە لايىق ئۇلۇغ زاتسەن»[1].

بۇ دۇرۇد ئادەتتە نامازنىڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشىدا ئوقۇلىدۇ. نامازنىڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشىدا تەشەھھۇد (ئەتتەھىيياتۇ)دىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش ھەنەفىي ۋە مالىكىي مەزھەپلىرىدە سۈننەتتۇر، ئەمما شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپلىرىدە پەرزدۇر [2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى مەرتىۋىسى ۋە دەرىجىسى شۇنچىلىك كاتتا بولغان ئىكەن، ئۇنى سۆيۈش، ھۆرمەتلەش ۋە ئۇنىڭ يولىغا ئەگىشىش شۇنچىلىك مۇھىمدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىشنىڭ ۋە ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىشنىڭ ساۋابى قانچىلىك يۇقىرى بولسا، ئۇنى ياد ئەتمەسلىك ياكى ئۇنىڭ يولىغا ئەگەشمەسلىكنىڭ گۇناھى شۇنچىلىك چوڭدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ مەرتىۋىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەش، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە قارشى چىقىش ۋە ئۇنىڭ راستچىللىقىدىن گۇمانلىنىش كۇفرىنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭغا ياكى ئۇنىڭ سۈننىتىگە قارشى چىقىش ئاللاھ تائالاغا قارشى چىققانلىق ھېسابلىنىدۇ.

شۇ ئېنىقكى، مۇئمىن ئەرلەرگە ۋە مۇئمىن ئاياللارغا ئۇلار قىلمىغان ئىشلارنى قىلدى، دېمىگەن گەپلەرنى دېدى، دەپ تۆھمەت چاپلاش ئارقىلىق ئۇلارغا ئەزىيەت بېرىدىغانلار ھەقىقەتەن چوڭ بوھتاننى ۋە ئېغىر گۇناھنى ئۈستىگە يۈكلىۋالغان بولىدۇ. مۇسۇلمانلارغا ئۇلارنىڭ ئىمانى سەۋەبلىك دۈشمەنلىك قىلىش ئاللاھ تائالاغا دۈشمەنلىك قىلغانلىق بىلەن تەڭدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدىكى ھۆرمىتى چوڭ، مەرتىۋىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا دۇرۇد-دۇئالارنى يوللاش، ئامانلىق تىلەش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ بۇرچىدۇر. خۇسۇسەن، نامازنىڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشىدا دۇرۇد ئېيتىش زۆرۈردۇر. چۈنكى، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ نۇرىغا چىقىشى مۇشۇ ئۇلۇغ

---

[1] «موطأ مالك»1-توم 105-بەت،293-ھەدىس. «صحيح البخاري» ۋە «صحيح مسلم» دىمۇ بىر قانچە ساھابە تەرىپىدىن ئوخشاش ئىبارە بىلەن رىۋايەت قىلىنغان.

[2] «الفقه الإسلامي وأدلته» 1-توم، 665-بەت.

پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىدىكى ھەققى ئەلۋەتتە چوڭدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەتلىمىگەن، ئۇنىڭ سۈننەتلىرىنى كۆزگە ئىلمىغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشەلمەيدۇ.

## ◄ مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ سىرتقا چىققاندا كىيىنىش قائىدىسى

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ قُل لِّأَزۡوَٰجِكَ وَبَنَاتِكَ وَنِسَآءِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ يُدۡنِينَ عَلَيۡهِنَّ مِن جَلَـٰبِيبِهِنَّۚ ذَٰلِكَ أَدۡنَىٰٓ أَن يُعۡرَفۡنَ فَلَا يُؤۡذَيۡنَۗ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورٗا رَّحِيمٗا ﴿٥٩﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

59-ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۆئمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، ئۇلار (سىرتقا چىققاندا) پۈركەنچە بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن، بۇنداق قىلغاندا، ئۇلارنىڭ (تەقۋادار ئاياللار ئىكەنلىكى) ئوڭايلا تونۇلىدۇ-دە، باشقىلار ئۇلارغا چېقىلمايدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر.

### ◄ تەپسىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ توققۇز ئايالى بار ئىدى. ئۇلار: ئائىشە، ھەفسە، ئۇممۇ ھەبىبە، سەۋدە، ئۇممۇ سەلەمە، مەيمۇنە، زەينەب، جۇۋەيرىيە ۋە سەفىيە قاتارلىقلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچ ئوغۇل، تۆت قىز، جەمئىي يەتتە پەرزەنتى بولغان. ئوغۇللىرى: قاسىم، ئابدۇللاھ، ئىبراھىم، قىزلىرى: فاتىمە، زەينەب، رۇقەييە ۋە ئۇممۇ كۇلسۇم قاتارلىق ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبراھىمدىن باشقا پەرزەنتلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ تۇنجى ئايالى ھەزرىتى خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن تۇغۇلغان. ئىبراھىمنىڭ ئانىسى مىسىرلىق مارىيە دېگەن ئايال ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرزەنتلىرى ئىچىدىن فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن باشقا ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدىلا ئالەمدىن ئۆتكەن، بولۇپمۇ ئوغۇللىرى كىچىك چېغىدىلا ۋاپات بولغان.

فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن ئالتە ئاي كېيىن ۋاپات بولغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى تاغىسى ئەبۇ تالىبنىڭ ئوغلى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ياتلىق قىلغان، زەينەبنى هامما ئاچىسىنىڭ ئوغلى ئەبۇلئاس ئىبنى رەبىئ دېگەن كىشىگە، رۇقەييەنى ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ياتلىق قىلغان. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىدىكى رۇقەييە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا يەنە بىر قىزى ئۇممۇ كۇلسۇمنى ياتلىق قىلغان. شۇڭا ئۇچىنچى خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «زىننۇرەيىن» يەنى (ئىككى نۇرغا ئىگە بولغان كىشى) دەپ ئاتالغان.

ئەرەبلەر جاھىلىيەتتە ھەر تەرەپتىن چېكىدىن ئاشقان ئازغۇن قەۋم بولۇپ، كىيىنىشتىمۇ ئىسراپچىلىق، ئوچۇقچىلىق ۋە ھاياسىزلىق قاتار-لىقلارنىڭ ھەممىسىنى سادىر قىلاتتى. ئەمما ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەن جاھىلىيەتنىڭ بارلىق ناچار ئىللەتلىرىگە تەدرىجىي خاتىمە بېرىلدى. ئاۋۋال ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئەقىدە ۋە ئەخلاق ئورناشتۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن شەرىئەت ئەھكاملىرى يولغا قويۇلۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ ھاياتى تۈپتىن ئۆزگەردى. نەتىجىدە، ئۈلگىلىك مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى بارلىققا كەلدى. چۈنكى، ئىسلام دىنى ئىنسانلار جەمئىيىتىنى ئىسلاھ قىلىش، تۈزىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن ئىلغار دىندۇر.

ئىسلام دەۋىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە مۇنداق ئىككى چوڭ باسقۇچنى باشتىن كەچۈردى:

بىرىنچى باسقۇچ: ئىمان ۋە ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈش باسقۇچى بولۇپ، بۇ مەككىدىكى 13 يىللىق ئىسلام دەۋىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىككىنچى باسقۇچ: شەرىئەت ئەھكاملىرىنى يولغا قويۇش ۋە ئىجرا قىلىش باسقۇچى بولۇپ، بۇ مەدىنىدىكى 10 يىللىق ئىسلام دەۋىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شەرىئەت ئەھكاملىرى – ئەمەل-ئىبادەتلەرنىڭ قائىدە تەرتىپلىرى، ئائىلە نىزامى، ھالال-ھارامنىڭ چەك-چېگراسى، يېيىش-ئىچىش، كىيىنىش، ئېلىم-سېتىم ۋە مۇئامىلە قاتارلىق ئىشلارنىڭ قانۇن-پىرىنسىپلىرى دېگەنلىكتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن، ئىسلامنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرى تەدرىجىي نازىل بولۇشقا باشلىغان.

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي ﴿ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، ئۇلار (سىرتقا چىققاندا) پۈركەنچە بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ﴿پۈركەنچى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن﴾ دېگەن قىسمىنى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: «ئاللاھ مۇئمىن ئاياللارنى سىرتقا چىققاندا جىلباب بىلەن بېشىدىن باشلاپ پۈتۈن گەۋدىسىنى يۈزى بىلەن قوشۇپ يۆگەپ، سول كۆزىنىلا ئوچۇق قويغان ھالدا چىقىشقا بۇيرۇغان» دەپ تەپسىر قىلغانلىقىنى نەقىل قىلغان. تابىئىن ئۆلىمالىرىدىن ئۇبەيدە سەلمانىي ئايەتنى: ئايال سىرتقا چىققاندا يۈزىنى ۋە بېشىنى يۆگەپ، سول كۆزىنىلا ئوچۇق قويۇپ چىقىدۇ، دەپ تەپسىر قىلغان. كۆپىنچە مۇپەسسىرلەر ئىبنى ئابباس ۋ ئۇبەيدە سەلمانىينىڭ تەپسىرىگە ئاساسلىنىپ ئايەتنى مۇشۇنداق تەپسىر قىلغان. ئىبنى كەسىر، بەغەۋىي، قۇرتۇبىي، رازىي قاتارلىق تەپسىرلەردىمۇ شۇنداق تەپسىر قىلىنغان. ئەمما ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن كەلگەن بۇ رىۋايەت ئۇنىڭ نۇر سۈرىسىدىكى ﴿وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا مَا ظَهَرَ مِنْهَاۖ﴾ يەنى﴿كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسمىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارا قىلمىسۇن﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ﴿مَا ظَهَرَ مِنْهَاۖ﴾ يەنى ﴿كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسىم﴾ دېگەن قىسمىغا قىلغان تەپسىرىگە زىت كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇ، ئايەتنىڭ بۇ قىسمىنى «ئايالنىڭ يۈزى، قولى، ئۈزۈكى» دەپ تەپسىر قىلغان. بۇ تەپسىر كۈچلۈكتۇر.

ئەللامە مۇھەممەد تاھىر ئاشۇر ﴿يُدْنِينَ عَلَيْهِنَّ مِن جَلَٰبِيبِهِنَّۚ﴾ يەنى ﴿پۈركەنچى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن﴾ دېگەن ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلغان: «ئايەتتىكى «جَلَابِيبِ» دېگەن سۆز «جىلباب» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئادەتتىكى ياغلىقتىن چوڭراق، پەلتودىن كىچىكرەك نەرسە بولۇپ، ئايال ئۇنى ئوڭ ۋە سول ئىككى تەرىپىگە قويۇپ بېرىپ بېشىغا ئارتىۋالىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئايالنىڭ ئىككى مۈرىسى، ئېغىزمىنى يۆگىلىپ تۇرىدۇ، ئايال بۇنى سىرتقا چىققاندا كىيىدۇ»[1]. بۇ بىزدىكى پۆكەنچىنىڭ ئۆزىدۇر. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە پۆكەنچىنى «ئاياللار باش ۋە گەۋدىسىنى پۆكىۋالىدىغان چوڭ ياغلىق، رومال ياكى

---

[1] «التحرير والتنوير».

يەڭسىز كىيىم»[1] دەپ ئىزاھلىغان.

ئەللامە مۇھەممەد تاھىر ئاشۇر سۆزىنىڭ ئاخىرىدا «ئاياللارنىڭ پۈركەنچىسى ئۇلار ياشىغان رايونلارنىڭ ئادىتىگە قاراپ ھەر خىل بولىدۇ»[2] دېگەن.

﴿ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، ئۇلار (سىرتقا چىققاندا) پۈركەنچە بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن﴾ دېگەن بۇ ئايەتتە، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمان خانىم-قىزلارنى سىرتقا چىققاندا ياكى يات ئەرلەر بار جايلاردا، ئۈستىگە باش ۋە گەۋدىسىنى يۆگەپ تۇرىدىغان كەڭ ياغلىق ياكى رومال ئارتىۋېلىشقا بۇيرۇغان. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ، شەرىئەتنىڭ ئاياللارنىڭ كىيىنىشىگە مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىشتا ئىشنى ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئاياللىرى ۋە قىزلىرىدىن باشلاشقا بۇيرۇغان. چۈنكى، باشقىلارغا بۇيرۇماقچى بولغان ئىشنى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىن باشلاش تەربىيەنىڭ ئۇنۇم بېرىشى ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈردۇر.

بەزى ئۆلىمالار بۇ ئايەتكە ئاساسەن، ئاياللار سىرتقا چىققاندا بېشىدىن ئايىغىچە پۈتۈن بەدىنىنى، ھەتتا يۈزىنىمۇ يۆگەپ تۇرىدىغان ئۇزۇن كىيىم كىيىۋېلىشى كېرەك، دېسە، بەزىلىرى يۈزنى يۆگەش پەقەت پىتنىگە سەۋەب بولۇش ئېھتىمالى بولۇپ قالغاندىلا پەرز بولىدۇ، ئەمما باشقا ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا يۈزنى يۆگەش پەرز ئەمەس، دەيدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئاللاھ تائالا مۇئمىن ئاياللارنى سىرتقا چىققاندا ۋە يات ئەرلەرنىڭ يېنىدا يۈزى بىلەن ئىككى ئالقىنىدىن باشقا جىمى بەدىنىنى يۆگەپ تۇرىدىغان، ئازادە كىيىم كىيىشكە بۇيرۇغان. ئەمما ئايال ئۆز ئۆيىدە ئېرى ۋە بالىلىرىنىڭ يېنىدا ئەدەپ-ئەخلاققا نۇقسان يەتكۈزمەيدىغان شەكىلدە قانداق كىيىنسە بولۇۋېرىدۇ. بۇنىڭدا چەكلىمە يوقتۇر.

مۇسۇلمان ئايالنىڭ باشقا ئاياللاردىن ئۆزگىچىلىكى شۇكى، ئۇ ھەمىشە ئېسىل، چىرايلىق، تولۇق ۋە ئازادە كىيىملەرنى كىيىدۇ، ئۇ ھەرگىز جەمئىيەتتە پىتنە-پاسات تېرىشقا، كىشىلەرنىڭ تەمە قىلىشىغا، يامان ئىشلارنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە سەۋەب بولىدىغان شەكىلدە كىيىنمەيدۇ.

---

[1] «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 225- بەت.

[2] «التحرير والتنوير».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېرىم يالىڭاچ كىيىنىدىغان ئاياللارنىڭ بۇ كىيىنىشىنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېگەن: «صِنْفَانِ مِنْ أَهْلِ النَّارِ لَمْ أَرَهُمَا ، قَوْمٌ مَعَهُمْ سِيَاطٌ كَأَذْنَابِ الْبَقَرِ يَضْرِبُونَ بِهَا النَّاسَ ، وَنِسَاءٌ كَاسِيَاتٌ عَارِيَاتٌ مُمِيلَاتٌ ، مَائِلَاتٌ رُءُوسُهُنَّ كَأَسْنِمَةِ الْبُخْتِ الْمَائِلَةِ ، لَا يَدْخُلْنَ الْجَنَّةَ وَلَا يَجِدْنَ رِيحَهَا» يەنى «دوزاخ ئەھلىدىن بولىدىغان ئىككى تۈرلۈك كىشىلەر بار. مەن تېخى ئۇلارنى كۆرۈپ باقمىدىم. ئۇلارنىڭ بىرى، قولىدا كالىنىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشايدىغان قامچىنى تۇتۇۋېلىپ كىشىلەرنى ئۇرىدىغانلار، يەنە بىرى، كىيىم كىيىۋالغان بولسىمۇ (تار، نېپىز كىيىۋالغانلىقتىن) يالىڭاچ (يۇرگەندەك) يۈرىدىغان، كىشىلەرنى ئۆزىگە مايىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ شەھۋىتىنى قوزغايدىغان، باشلىرىغا تۆگىنىڭ لۈكىسىدەك نەرسىلەرنى كىيىۋالغان ئاياللار بولۇپ، ئۇلار ھەرگىز جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ ھىدىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ»[1].

﴿بۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ (ئىپپەتلىك ئاياللار ئىكەنلىكى) ئوڭايلا تونۇلىدۇ-دە، باشقىلار ئۇلارغا چېقىلمايدۇ﴾ يەنى ئاياللارنىڭ ئىسلامي قىياپەتتە كىيىنىپ يۈرۈشى ئەڭ ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ھەر تۈرلۈك ئەزىيەت، چېقىلىش ۋە ئەدەپسىز مۇئامىلىلەردىن، شۇنداقلا بارلىق زىيان-زەخمەتلەردىن ساقلاپ قالىدۇ. چۈنكى، مۇسۇلمانچە كىيىنىپ، ئىپسىل يۈرگەن ئايالغا ھېچكىم تەگمەيدۇ، ئۇلارغا قارىتا تەمەدە بولمايدۇ، ھەتتا لۈكچەكلەرمۇ ئۇلارغا سۆز قىلىشتىن ھايا قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىدۇ. مانا بۇ رېئاللىقتا كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئەمەلىي ئەھۋالدۇر.

ئەمما بىر ئايال ئۆزىنىڭ بەدىنىنى مەلۇم قىلىدىغان شەكىلدە تار ياكى نېپىز كىيىملەرنى كىيىپ ياكى بەدىنىنىڭ بىر قىسمىنى ئوچۇق قويۇپ يۈرسە، كىشىلەر ئۇنى چاتاق ئايال ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالىدۇ-دە، زىناغا ئىشتىھا قىلىۋاتقان يامان نىيەتلىك ئادەملەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭىدۇ، ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىدۇ، كۆز قىسىدۇ، يولىنى توسىۋالىدۇ، زورىغا سۆز قىلىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭغا ئەزىيەت قىلىدۇ. مۇنداق يۈرگەن بىر ئايالغا كىشىلەرمۇ ئانچە ھۆرمەت قىلىپ كەتمەيدۇ. بۇمۇ رېئاللىقتا دېگۈدەك كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئەمەلىي ئەھۋالدۇر.

بۇ ئايەت ئىنسانلار جەمئىيىتىنى ناھايىتى ئىخچام ۋە تولۇق تەسۋىرلەپ بەرگەن بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

[1] «صحيح مسلم»4-توم 2192-بەت، 2128- ھەدىس.

دۇنيانىڭ قانداقلا يېرىدە ۋە قايسى ئەسىردە بولسۇن، ئىش شۇنداقتۇر، يەنى ئۆزىنىڭ ئېپپىتىنى ۋە دىندارلىقىنى قوغدىغان ھالدا، دىنىي ۋە مىللىي ئەنئەنىگە مۇۋاپىق شەكىلدە، ئېسىل كىيىنىپ يۈرگەن ئايالغا ھەركىمنىڭ ھۆرمەت قىلغۇسى كېلىدۇ، ئۇنىڭغا قارىتا ھېچكىم يامان نىيەتتە بولمايدۇ. ئەمما كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە شەھۋەت ئوتلىرىنى ياندۇرىدىغان جەلپكار شەكىلدە كىيىنگەن ئايالنى كىشىلەر يامان نىيەتلىك ئايال ئوخشايدۇ، دەپ قالىدۇ-دە، يامان نىيەتلىك ئەرلەر ئۇلارنى تەمە قىلىپ قالىدۇ. مانا بۇ، دۇنيانىڭ قايسى يېرىگە بارسا ئۆزگەر-مەيدىغان رېئاللىقتۇر.

ئىسلام دىنى ئاياللارنى تولۇق كىيىنىشكە بۇيرۇشتا ئۇلارنىڭ قەدىر-قىممىتىنى، ئىپپەت-نومۇسىنى ۋە يۈز-ئابرۇيىنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان. مەلۇمكى، ئاياللارنىڭ يېرىم يالىڭاچ يۈرۈشىدىن ئۇلارغا قىلچە پايدا كەلمەيدۇ، بەلكى بەزىدە تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. بىر مۇسۇلمان ئايالنىڭ ئەرلەرنى ئۆزىگە قارىتىدىغان شەكىلدە بىنورمال كىيىنىپ، ئۆزىگە ئەتىرلەرنى چېچىپ سىرتقا چىقىشى دىنىمىزدا زىنا بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭ گۇناھتۇر. چۈنكى، مۇنداق قىلىش زىنانىڭ مۇقەددىمىلىرىدىن بىرىدۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياخشى ئىشلاردا ۋە جىمى پەزىلەتتە مۇسۇلمانلارغا ئۈلگە بولغاندەك، ئۇنىڭ ئاياللىرى ۋە قىزلىرىمۇ مۇسۇلمان ئاياللارغا بارلىق ياخشى ئىشلاردا ئۈلگە ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ خىتابىنى ئۇلارغا قارىتىشىمۇ ئۇلارنىڭ بارلىق مۇسۇلمان ئاياللارغا ئۈلگە ئىكەنلىكى ۋە ئىسلام پەزىلىرىنى ئورۇنداشتا ئۇلارغا يېتەكچى بولسۇن ئۈچۈندۇر.

2. مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ سىرتقا چىققان چاغلىرىدا ئىسلامىي قىياپەتتە كىيىنىپ، بەدىنىنى، بېشىنى، بويىنىنى، كۆكرىكىنى ۋە قۇلاقلىرىغا سالغان زىننەتلىرىنى يۆگەپ چىقىشى پەرزدۇر.

## ◄ مۇناپىقلار ۋە ئۇلارنىڭ جازاسى

﴿۞ لَّئِن لَّمْ يَنتَهِ ٱلْمُنَٰفِقُونَ وَٱلَّذِينَ فِى قُلُوبِهِم مَّرَضٌ وَٱلْمُرْجِفُونَ
فِى ٱلْمَدِينَةِ لَنُغْرِيَنَّكَ بِهِمْ ثُمَّ لَا يُجَاوِرُونَكَ فِيهَآ إِلَّا قَلِيلًا ٦٠

مَّلۡعُونِينَۖ أَيۡنَمَا ثُقِفُوٓاْ أُخِذُواْ وَقُتِّلُواْ تَقۡتِيلٗا ﴿٦١﴾ سُنَّةَ ٱللَّهِ فِي ٱلَّذِينَ
خَلَوۡاْ مِن قَبۡلُۖ وَلَن تَجِدَ لِسُنَّةِ ٱللَّهِ تَبۡدِيلٗا ﴿٦٢﴾

## ◄ تەرجىمىسى

60ـ61ـ ئەگەر مۇناپىقلار، دىللىرىدا (شەك) كېسەللىكى بارلار، مەدىنىدە يالغان خەۋەر تارقاتقۇچىلار (قىلمىشلىرىدىن) يانمىسا، بىز سېنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە مۇسەللەت قىلىمىز، ئاندىن ئۇلار ئازغىنە بىر مۇددەتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەدىنىدە سەن بىلەن تۇرالمايدۇ، لەنەت قىلىنغان ھالدا (مەدىنىدىن چىقىرىلىدۇ)، قەيەردە بايقالسا، شۇ يەردە تۇتۇلىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ.

62ـ(بۇ) ئاللاھنىڭ ئۆتكەنكى (ئۇممەت) لەر ھەققىدىكى قانۇنىدۇر. ئاللاھنىڭ قانۇنىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن.

## ◄ تەپسىرى

بۇ ئايەتلەر مەدىنىدىكى مۇناپىقلار بىلەن مۇئمىنلەر ئارىسىدىكى بەزى ئىمانى ئاجىز ئادەملەر ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، مۇناپىقلارنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغان، ناۋادا ئۇلار بۇ ئىغۋاگەرلىك قىلمىشلىرىدىن يانمىسا مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇلغان. ﴿بىز سېنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە مۇسەللەت قىلىمىز، ئاندىن ئۇلار ئازغىنە بىر مۇددەتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەدىنىدە سەن بىلەن تۇرالمايدۇ﴾ دېگەن ئايەت مۇناپىقلارنىڭ ھوشىنى يىغىۋېلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا بېرىلگەن ئەڭ چوڭ ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ بىرى ئىدى.

كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، «نىفاق»، «شەك» ۋە «ئىغۋاگەرلىك»تىن ئىبارەت ئۈچ سۈپەت ھەقىقىي مۇناپىقلارغا خاس سۈپەتلەردۇر. شەك ۋە يالغانچىلىق مۇناپىقلىقنىڭ ئايرىلماس ئىللەتلىرىدىن بولۇپ، ئىغۋاگەرلىك، يالغان خەۋەر تارقىتىش ۋە ئىككى يۈزلىمچىلىك بولسا مۇناپىقلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدۇر.

مۇناپىقلار ھەر زامان پىتنە-پاساتنىڭ ۋە بارلىق گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ مەنبەسى بولۇپ، ئۇلار گاھ مۇسۇلمان ئاياللار ھەققىدە يالغان خەۋەرلەرنى تارقىتىپ ئۇلارنىڭ ئىپپەت-نومۇسلىرىغا تىل تەگكۈزسە، گاھ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىغۋاگەرلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇشقا ئۇرۇ-

نىدىغان ۋە ئۇرۇش، جېدەل چىقىرىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈپ ياتىدىغان رەزىل مەخلۇقلاردۇر. ھازىرقى زاماندا مۇناپىقلارنىڭ ۋەزىپىلىرى كۆپىيىپ قالغان بولۇپ، خائىنلىق، ساتقۇنلۇق ۋە چېقىمچىلىق قاتارلىق رەزىل قىلمىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇلاردىن سادىر بولىدۇ. ئۇلار زالىملارغا مۇسۇلمانلارنى چېقىشتۇرۇش، ئۆز مىللىتىنى مۇستەملىكىچىلەرگە سېتىۋېتىش قاتارلىق ۋەھشىي قىلمىشلارنى سادىر قىلماقتا.

ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنى شۇنداق قاتتىق ئاگاھلاندۇرغانكى، ئەگەر ئۇلار بۇ قىلمىشلىرىدىن يانمايدىغان بولسا، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۆئمىنلەرنىڭ قولىدا ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى ئەلۋەتتە تېتىيدۇ ۋە مەدىنىدىن خارلانغان، لەنەت قىلىنغان ھالدا ھەيدەپ چىقىرىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ مەدىنىدە تۇرىدىغان ۋاقتى ساناقلىق كۈنلەرلا بولۇپ قالىدۇ.

بەزى ئۆلىمالارنىڭ بايان قىلىشىچە، بۇ ئاگاھلاندۇرۇش راستىنلا ئەمەلگە ئاشقان ئىدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن مەدىنىدىكى يەھۇدىيلاردىن بولغان مۇناپىقلارنىڭ بىر قىسمى مەدىنە شەھىرىدىن پالانغان[1] ۋە يەنە بىر قىسمى ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى[2]. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ مۇناپىقلارنى جازالاش توغرۇلۇق بەلگىلىگەن قانۇنى ئۆزگەرمەيدۇ ۋە تاقىيامەتكىچە شۇنداق داۋاملىشىدۇ.

مۇناپىقلارغا بېرىلگەن بۇ جازا تامامەن مۇناسىپ جازا ئىدى. چۈنكى، زامانىمىزدىمۇ كۆرۈۋاتىمىزكى، دۆلەتنىڭ زىيىنىغا تاشقى دۈشمەنلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن خائىنلارنىڭ جازاسى ھەرقانداق دۆلەتتە ئۆلۈمدۇر.

مۇناپىقلار ھەققىدىكى بۇ ئايەتلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى توغرىسىدىكى بايانلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلتۈرۈشتىن مەقسەت پەيغەمبەرگە ئەزىيەت قىلىشنىڭ مۇناپىقلىق ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن بولسا كېرەك. چۈنكى، ئۆز ۋاقتىدىكى مۇناپىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا گاھ ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا ئاسىيلىق قىلىش بىلەن، گاھ ئۇنىڭ ھەققىدە سۆز-چۆچەكلەرنى تارقىتىش بىلەن، گاھ ئۇنىڭ پاك ئاياللىرىنىڭ شەنىگە توغرا كەلمەيدىغان تۆھمەتلەرنى

---

[1] يەھۇدىيلارنىڭ بەنى نەزىر قەبىلىسى مەدىنىدىن پالانغان.

[2] يەھۇدىيلارنىڭ بەنى قۇرەيزە قەبىلىسىنىڭ ئەرلىرى ئۆلتۈرۈلگەن.

توقۇپ چىقىش بىلەن ئەزىيەت يەتكۈزەتتى. مۇنداق مۇناپىقلارغا ۋەز-نەسىھەت ۋە چىرايلىق سۆزنىڭ پايدىسى بولمايتتى. پەقەت كۈچ بىلەنلا ئۇلارنى يامان غەرەزلىرىدىن توختاتقىلى بولاتتى.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** مۇناپىقلارنىڭ خەتىرى كاپىرلارنىڭكىدىن ياماندۇر، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن قىلمىشلىرىغا تەۋبە قىلىپ، قايتا ئىمان ئېيتىپ ئۆزىنى ئىسلاھ قىلمىغانلىرىنىڭ ئاقىۋىتى ئېچىنىشلىقتۇر.

**2.** چېقىمچىلارنى، خائىنلارنى، بۇزغۇنچىلارنى ۋە مۇناپىقلارنى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىن يەكلەش ۋە ئۇلارنى يېتىم قالدۇرۇش جازاسى مۇسۇلمانلارنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى چارىدۇر.

## كاپىرلار ۋە ئۇلارنىڭ جازاسى

﴿يَسۡـَٔلُكَ ٱلنَّاسُ عَنِ ٱلسَّاعَةِۖ قُلۡ إِنَّمَا عِلۡمُهَا عِندَ ٱللَّهِۚ وَمَا يُدۡرِيكَ لَعَلَّ ٱلسَّاعَةَ تَكُونُ قَرِيبًا ﴿٦٣﴾ إِنَّ ٱللَّهَ لَعَنَ ٱلۡكَٰفِرِينَ وَأَعَدَّ لَهُمۡ سَعِيرًا ﴿٦٤﴾ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدٗاۖ لَّا يَجِدُونَ وَلِيّٗا وَلَا نَصِيرٗا ﴿٦٥﴾ يَوۡمَ تُقَلَّبُ وُجُوهُهُمۡ فِي ٱلنَّارِ يَقُولُونَ يَٰلَيۡتَنَآ أَطَعۡنَا ٱللَّهَ وَأَطَعۡنَا ٱلرَّسُولَا۠ ﴿٦٦﴾ وَقَالُواْ رَبَّنَآ إِنَّآ أَطَعۡنَا سَادَتَنَا وَكُبَرَآءَنَا فَأَضَلُّونَا ٱلسَّبِيلَا۠ ﴿٦٧﴾ رَبَّنَآ ءَاتِهِمۡ ضِعۡفَيۡنِ مِنَ ٱلۡعَذَابِ وَٱلۡعَنۡهُمۡ لَعۡنٗا كَبِيرٗا ﴿٦٨﴾﴾

## تەرجىمىسى

63-(ئى پەيغەمبەر!) كىشىلەر سەندىن قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى سورايدۇ. «ئۇنىڭ ۋاقتىنى بىلىش ئاللاھقا خاستۇر» دېگىن. سەن نەدىن بىلىسەن؟ بەلكىم قىيامەتنىڭ ۋاقتى يېقىن بولۇشى مۇمكىن.

64-شەكسىزكى، ئاللاھ كاپىرلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى ۋە ئۇلارغا دوزاخنى تەييارلىدى.

**65-ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇلار (ئۆزلىرىگە) ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق ياردەم قىلغۇچى تاپالمايدۇ.**

**66-دوزاختا ئۇلارنىڭ يۈزلىرى قورۇلۇپ كېتىدىغان كۈندە، ئۇلار: «كاشكى بىز ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ! پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ!» دېيىشىپ كېتىدۇ.**

**67-68- ئۇلار: «ئى رەببىمىز! بىز ھەقىقەتەن باشلىقلىرىمىزغا، چوڭلىرىمىزغا ئىتائەت قىلدۇق، نەتىجىدە، ئۇلار بىزنى يولدىن چىقاردى، ئى رەببىمىز! ئۇلارغا ئىككى ھەسسە ئازاب بەرگىن ۋە ئۇلارنى رەھمىتىڭدىن تامامەن يىراق قىلغىن» دەيدۇ.**

### ◄ تەپسىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كاپىرلارنى، مۇناپىقلارنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزى ئاسىي-گۇناھكار كىشىلەرنى قىيامەت كۈنىدىكى قاتتىق ئازابتىن ھەمىشە ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى. كاپىرلار بىلەن مۇناپىقلار قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەنلىكى ۋە ئۇنى ئېھتىمالدىن يىراق سانىغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىپ، ھەمىشە ئۇنىڭدىن قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى سورايتتى، «ئى مۇھەممەد! سەن بىزنى قورقۇتۇۋاتقان قىيامەت قېنى؟ ئۇ قاچان بولىدۇ؟» دەيتتى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشكە بۇيرۇغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېگەن: «قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئىلىم پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاقتىنى ئاللاھ تائالا ئۆزىلا بىلىدۇ، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، مەن پەقەت ئىمان ئېيتقانلارغا ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقى ھەققىدە خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئىنكار قىلغۇچىلارنى ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرمەن. مەن غەيبكە مۇناسىۋەتلىك ھېچ نەرسە بىلمەيمەن. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ماڭا ئۇلارنى بىلدۈرمىگەن».

مەلۇمكى، قىيامەتنىڭ ۋاقتىنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن مەخپىي تۇتۇلغانلىقى دۇنيا ھاياتىنىڭ ھۇزۇر ئىچىدە داۋام قىلىشى ۋە دۇنيانىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىقتۇر. چۈنكى، ئەگەر بىز قاچان ئۆلىدىغانلىقىمىزنى بىلسەك، ھاياتىمىزنىڭ نىزامى ئاستىن- ئۈستۈن بولۇپ كېتەتتى. ئاللاھ تائالا ئۆزىگە خاس ئىلىم-ھېكمىتى بىلەن قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۆلىدىغان ۋاقتىنى ئۇلارغا بىلدۈر-

مىگەن. ئۆلىدىغان ۋاقتىمىزنىڭ بىزگە مەخپىي قىلىنىشى بىزنىڭ ھەر ۋاقىت ئۆلۈمگە تەييار بولۇپ تۇرۇشىمىز ۋە غەپلەتتە قالماستىن ئاخىرەتلىكىمىز ئۈچۈن كۆپرەك ئىشلىشىمىز ئۈچۈن، شۇنداقلا دۇنيالىق ئۈچۈنمۇ تۇرماستىن ئىشلەپ ئاللاھ تائالانىڭ دۇنيانى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر. كىم بىلىدۇ؟ بەلكى قىيامەتنىڭ ۋاقتى يېقىن قالغاندۇ.

ئەمما شۇ ئېنىقكى، ئاللاھ تائالا ھەق دىننى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا ئەڭ چوڭ لەنەتنى قىلغان، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلغان بولۇپ، ئاخىرەتتە ئۇلار ئۈچۈن لاۋۇلداپ تۇرغان دوزاخ ئوتىنى تەييارلايدۇ. كاپىرلار قىزىتىلغان دوزاختا تاشلىنىدۇ ۋە ئۇ يەردە مەڭگۈ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ يۈزلىرى دوزاختا قارىتىلىپ ئوتقا تاشلانغان چاغدا، ئۇلارنى دوزاختىن قۇتقۇزۇپ قويۇشقا كۈچى يېتىدىغان بىرەر دوست ياكى بىرەر شاپائەتچى چىقمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كۈندە ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ رۇخسىتىسىز ھېچكىم ھېچكىمگە شاپائەت ياكى ياردەم قىلالمايدۇ.

ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە كاپىرلارنىڭ دەھشەتلىك دوزاخنى كۆرگەن چاغدىكى چوڭقۇر ھەسرىتىنى ئەسلەتكىن، ئۇ كاپىرلار بۇ دۇنيادىكى قىلمىشلىرىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ ۋە چوڭقۇر ھەسرەت-نادامەت چەككەن ھالدا: ﴿كاشكى، بىز ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ!﴾ دەپ كېتىدۇ. كاپىرلار ئۇ كۈندە ئۆزلىرىنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىنى ئېتىراپ قىلغان ھالدا دەيدۇكى، ئى رەببىمىز! بىز دۇنيادا كاتتىباشلىرىمىزغا، مۆتىۋەرلىرىمىزگە ۋە ئازغۇن يولباشچىلىرىمىزغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپتۇق، نەتىجىدە، ئۇلار بىزنى توغرا يولدىن ئازدۇرۇپ دوزاخنىڭ يولىغا باشلاپ قويۇپتۇ. ئى رەببىمىز! ئۇلارغا ئىككى ھەسسە ئازاب بەرگىنكى، بىر ھەسسىسى ئۆز-لىرىنىڭ كۇفرىلىقى ئۈچۈن، يەنە بىر ھەسسىسى بىزنى ئازدۇرغانلىقى ئۈچۈن بولسۇن. ئى رەببىمىز! ئۇلارنى رەھمىتىڭدىن تامامەن يىراق قىلغىن، ئۇلارغا ئەڭ چوڭ لەنەتنى قىلغىن، چۈنكى، ئۇلار شۇنىڭغا تولىمۇ لايىقتۇر.

دوزاخ ئەھلى دوزاختا ئەنە شۇنداق بىر-بىرىگە تاپا-تەنە قىلىشىدۇ، گۇناھلىرىنى بىر-بىرىگە يۈكلەپ قويۇپ قۇتۇلغۇسى كېلىدۇ. ئەمما بۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دوزاخنىڭ دەھشەتلىك ئازابىنى

تىپتىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ئەقىل-ئىدراك ئاتا قىلغان، ئۇنىڭغا تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتى بېرىش ئارقىلىق ئۇنى باشقا جانلىقلاردىن پەرقلىق قىلغان ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى بىلەن ئىنسان بالىلىرىنى شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشلىرىدىن ئاگاھلاندۇرغان، ساماۋى كىتابلارنى نازىل قىلىپ ئۇلارغا ھەق بىلەن باتىلنى ئېنىق كۆرسەتكەن تۇرسىمۇ، ئۇلار ئەقلىنى ئىشلەتمىدى، ھەق يولنى قويۇپ، باتىل يولغا – شەيتاننىڭ يولىغا – ئەگەشتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى بەختسىزلىك بىلەن تاماملاندى ۋە باردىغان جايى دوزاخ بولۇپ بەلگىلەندى. زالىملارنىڭ باردىغان جايى بولغان دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي؟!

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئالامەتلىرى ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان.

2. قىيامەتنى ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلار-نىڭ ئاقىۋەتتىكى ئەھۋالى مەڭگۈلۈك ئازاب-ئوقۇبەتلەردىن ئىبارەتتۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بولغان «قۇرئان كەرىم» بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى بولغان سۈننەتتىن يىراقلاشقان ئىنسانلارغا ئازغۇن يولباشچىلار يېتەكچى بولىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولدىن ئازدۇرۇۋېتىدۇ.

## ◄ تەلىمات ۋە ۋەز-نەسىھەتلەر

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَا تَكُونُوا۟ كَٱلَّذِينَ ءَاذَوْا۟ مُوسَىٰ
فَبَرَّأَهُ ٱللَّهُ مِمَّا قَالُوا۟ ۚ وَكَانَ عِندَ ٱللَّهِ وَجِيهًا ﴿٦٩﴾ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ
ءَامَنُوا۟ ٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَقُولُوا۟ قَوْلًا سَدِيدًا ﴿٧٠﴾ يُصْلِحْ لَكُمْ
أَعْمَـٰلَكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ ۗ وَمَن يُطِعِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ
فَقَدْ فَازَ فَوْزًا عَظِيمًا ﴿٧١﴾﴾

## ◄ تەرجىمىسى

**69**-ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر مۇساغا ئازار بەرگەنلەردەك بولماڭلار، ئاللاھ

مۇسانى ئۇلارنىڭ (تۆھمەت) سۆزلىرىدىن ئاقلىدى، مۇسا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئابرۇيلۇق ئىدى.

70ـ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە توغرا سۆزنى قىلىڭلار.

71ـ (شۇنداق قىلساڭلار) ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى تۈزەيدۇ ۋە گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا، ئۇ زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولىدۇ.

### ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئالدىنقى ئايەتلەردە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت يەتكۈزۈش ئاللاھ تائالانىڭ لەنىتىگە ئۇچراشقا، رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىشقا سەۋەب بولىدىغان، بەزىدە كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. بىز توختىلىۋاتقان بۇ ئايەتلەردە، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشنىڭ كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى، چوڭ گۇناھ سانىلىدىغان تۈرىنى بايان قىلىپ مۇئمىنلەرنى ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرغان.

### ◄ تەپسىرى

ئى ئىمان ئېيتقانلار! پەيغەمبىرىڭلارغا قانداقلا بىر ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىڭلار، ھەرگىز مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئازار بەرگەن يەھۇدىيلاردەك بولماڭلار. ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى يەھۇدىيلارنىڭ چاپلىغان تۆھمەتلىرىدىن ئۆز ۋاقتىدا ئاقلىغان ئىدى. ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت بەرگەن ۋە ئۇنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلغانلارغا قاتتىق ئازابنى تەييارلىدى. شەكسىزكى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى مەرتىۋىسى يۇقىرىدۇر.

ئۆز ۋاقتىدىكى يەھۇدىيلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەدەپسىزلىك قىلىپ: ﴿قَالُواْ يَٰمُوسَىٰٓ إِنَّا لَن نَّدۡخُلَهَآ أَبَدٗا مَّا دَامُواْ فِيهَا فَٱذۡهَبۡ أَنتَ وَرَبُّكَ فَقَٰتِلَآ إِنَّا هَٰهُنَا قَٰعِدُونَ﴾ يەنى ﴿ئى مۇسا! ئۇلار ئۇ يەردىلا بولىدىكەن، بىز ھەرگىز ئۇ يەرگە كىرمەيمىز. شۇڭا، سەن رەببىڭ بىلەن ئىككىڭلار بېرىپ (ئۇلار بىلەن) ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى﴾[1] دېگەن، يەنە ئۇلار ﴿لَن نُّؤۡمِنَ لَكَ حَتَّىٰ نَرَى ٱللَّهَ جَهۡرَةٗ﴾ يەنى

[1] مائىدە سۈرىسى: 24ـ ئايەت.

﴿بىز ئاللاھنى ئوپئوچۇق كۆرمىگۈچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز﴾[1]، ﴿يَٰمُوسَىٰ لَن نَّصۡبِرَ عَلَىٰ طَعَامٖ وَٰحِدٖ﴾ يەنى ﴿ئى مۇسا! بىز بىر خىللا يىمەكلىك بىلەن ھەرگىز تۇرالمايمىز﴾ [2] دېگەن سۆزلەرنى قىلغان.

ئۆز ۋاقتىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىن بەزى كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەنىيمەتلەرنى تەقسىم قىلىشىغا قايىل بولمىغان. بۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت بەرگەنلىك قاتارىغا كىرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە مۇئمىنلەرنى ياخشى ئىشلارغا ۋە ياخشى سۆزلەرنى قىلىشقا يېتەكلەش بىلەن بىرگە ئۇلارنى بەزى خەتەرلىك گۇناھلاردىن ئاگاھلاندۇرغان.

ئى ئاللاھ تائالاغا، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان مۇئمىنلەر! سىلەر ھەرگىز ئىلگىرىكىلەردەك بولماڭلار، يەھۇدىيلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت بەرگەندەك پەيغەمبىرىڭلارغا ئەزىيەت بەرمەڭلار، پەيغەمبىرىڭلارنى ھۆر-مەتلەڭلار، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار. چۈنكى، سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلار ئىتائەت قىلىنىشقا ۋە ھۆرمەتلىنىشكە تامامەن ھەقلىق بولغان، ئىنسانىي گۈزەل ئەخلاقنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان زاتتۇر. ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىمۇ مۇسۇلمانلارغا ئۈلگىدۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، پەيغەمبىرىڭلارغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ئەزىيەت بېرىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەڭلار، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىڭ روھىغا ئەگىشىڭلار ۋە ئەمەل قىلىڭلار.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار، ھەمىشە توغرا ۋە ياخشى سۆزلەرنى قىلىڭلار، سىلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىڭلارغا زىيانلىق بولغان ھەرقانداق بىر يامان سۆزلەرنى قىلىشتىن، تۆھمەتتىن، غەيۋەتتىن، بىراۋلارغا ئەزىيەت بېرىشتىن ساقلىنىڭلار. ئەگەر سىلەر ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلساڭلار، ئۆزۈڭلارنى ۋە ئىش-ھەرىكىتىڭلارنى تۈزىسەڭلار، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشقا ئوخشىغان ياخشى ۋە پايدىلىق سۆزلەرنى قىلساڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىڭلارنى تۈزەيدۇ، گۇ-ناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلغان ئادەم دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زور مۇۋەپپەقىيەت

[1] بەقەرە سۈرىسى: 55-ئايەت.
[2] بەقەرە سۈرىسى: 61-ئايەت.

قازانغان بولىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. تەقۋادارلىق مۇسۇلمان ئادەم ئېرىشمەكچى بولغان ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋە بولۇپ، ھەقىقىي تەقۋادارلىق مەڭگۈلۈك نىجاتلىقنىڭ ۋە بەخت-سائادەتنىڭ كېپىلىدۇر.
2. راستچىللىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ياخشىلارنىڭ خىسلىتى بولۇپ، يالغان سۆزلەش مۇناپىقلىقنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرىدۇر.
3. ئەمەللەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇشى ۋە ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ مەرتىۋە قازىنىشى ئۇلارنىڭ نىيىتىگە، سەممىيىتىگە ۋە راستچىللىقىغا باغلىقتۇر.
4. ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىش دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازىنىشنىڭ يولىدۇر.

### ئامانەتنىڭ مەسئۇلىيىتى

﴿إِنَّا عَرَضْنَا ٱلْأَمَانَةَ عَلَى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَٱلْجِبَالِ فَأَبَيْنَ أَن يَحْمِلْنَهَا وَأَشْفَقْنَ مِنْهَا وَحَمَلَهَا ٱلْإِنسَٰنُ ۖ إِنَّهُۥ كَانَ ظَلُومًا جَهُولًا ﴿٧٢﴾ لِّيُعَذِّبَ ٱللَّهُ ٱلْمُنَٰفِقِينَ وَٱلْمُنَٰفِقَٰتِ وَٱلْمُشْرِكِينَ وَٱلْمُشْرِكَٰتِ وَيَتُوبَ ٱللَّهُ عَلَى ٱلْمُؤْمِنِينَ وَٱلْمُؤْمِنَٰتِ ۗ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا ﴿٧٣﴾﴾

### تەرجىمىسى

72-شۈبھىسىزكى، بىز (دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئورۇنداشتىن ئىبارەت) ئامانەتنى ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەڭلىۋىدۇق، ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئېلىشتىن باش تارتتى، ئۇنىڭ (مەسئۇلىيىتى) دىن قورقتى. ئىنسان بولسا ئۇنى ئۈستىگە ئالدى. ئىنسان ھەقىقەتەن (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىدۇر ۋە بەكمۇ ناداندۇر.

73-ئاللاھ مۇناپىق ئەرلەرنى، مۇناپىق ئاياللارنى، مۇشرىك ئەرلەرنى، مۇشرىك ئاياللارنى ئازابلاش، مۇئمىن ئەرلەرنىڭ ۋە مۇئمىن ئاياللارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل

قىلىش ئۈچۈن (مەزكۇر ئامانەتنى ئىنساننىڭ ئۈستىگە يۈكلىدى). ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

### تەپسىرى

ئايەتتىكى ﴿ٱلۡأَمَانَةَ﴾ يەنى ﴿ئامانەت﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇپەسسىرلەر ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئۇلار ئامانەتنىڭ يىگىرمىدىن كۆپرەك مەنىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئەللامە تەبەرىي، بەغەۋىي ۋە قۇرتۇبىي قاتارلىق مۇپەسسىرلەر ئامانەتنىڭ بەزى مەنىلىرىنى تۆۋەندىكىدەك نەقىل قىلغان:

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما «ئامانەت-ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە بۇيرۇغان پەرزلەردۇر»[1] دېگەن.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «ئامانەت — ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش، راست گەپ قىلىش، قەرزنى ئادا قىلىش، تارازىنى دۇرۇس تۇتۇش، ھەممىدىن مۇھىمى قويۇلغان ئامانەتلەرنى ساقلاشتۇر»[2] دېگەن.

مۇجاھىد «ئامانەت — ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان پەرزلەرنى ئورۇنداش ۋە ئۈستىدىكى قەرزلەرنى ئادا قىلىشتۇر»[3] دېگەن.

قەتادە «ئامانەت — دىن، پەرزلەر ۋە دىنىي چەكلىمىلەردۇر»[4] دېگەن.

يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ئامانەتنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق تۆۋەندىكىلەرنى دېگەن:

- ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش.
- دىنغا ئەمەل قىلىش.
- ۋەدىگە ۋاپا قىلىش.
- ئەقىل-ئىدراك.

---

[1] «تفسير الطبري» 20-توم، 366- بەت.
[2] «تفسير البغوي» 3-توم 668-بەت.
[3] ئالدىنقى مەنبەدىن.
[4] «تفسير بن كثير» 6-توم 489-بەت.

- ئەۋرەتنى هارامدىن ساقلاش.

- قويۇلغان ئامانەتنى ساقلاش.

- ناماز، روزا ۋە يۇيۇنۇش.

ئەللامە قۇرتۇبىي «ئامانەت – دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇتلەق كۆپ سانلىق ئۆلىمالار ئايەتتىكى ﴿ٱلۡأَمَانَةَ﴾ دېگەن سۆزنى شۇنداق تەپسىر قىلغان»[1] دېگەن.

ئەللامە شىنقىيتىي[2] «ئامانەت – دىنىي مەجبۇرىيەتلەردۇر» دېگەن.

ئايەتتىكى ئامانەتنى «ئەقىل-ئىدراك» دەپ تەپسىر قىلغاندا، ئىنسانىنىڭ ئەقىل-ئىدراك ئىگىسى قىلىپ يارىتىلغانلىق ئارتۇقچىلىقى ئوتتۇرىغا چىققان بولىدۇ. چۈنكى، ئىنساندىن باشقا جانلىقلارغا ئاللاھ تائالا ئەقىل-ئىدراك ئاتا قىلمىغان. شۇ سەۋەبتىن باشقا جانلىقلارنىڭ ئۈستىگە دىنىي مەجبۇرىيەت يۈكلەنمىگەن.

ئايەتتىكى ئامانەتنى «دىنىي مەجبۇرىيەتتۇر» دەپ تەپسىر قىلغاندا، ئاللاھ تائالا دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھېچبىرى بۇ ئېغىر مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بولالماسلىقتىن قورقۇپ، ئۇنى ئۈستىگە ئالمىغان. پەقەتلا ئىنسان ئۇنى ئۈستىگە ئالغان. ئىنسان بۇ ئامانەتنى ئۈستىگە ئالغان بىلەن ئۇنىڭغا تولۇق ۋاپا قىلمىدى. چۈنكى، ئىنسان ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلىدىغان، نادان مەخلۇقتۇر.

بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا ھەربىر مەخلۇقاتقا ئۇنىڭ ھاياتتىكى ۋەزىپىلىرىنى بېكىتكەن ۋە ھەممىگە مۇناسىپ دەرىجىدە مەسئۇلىيەتلەرنى بەلگىلىگەن بولۇپ، ئىنساندىن باشقىلىرى ئاللاھ تائالانىڭ تاپشۇرغانلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ۋە تولۇق ئورۇندايدۇ. ئەمما بىرلا ئىنسان ئۇنداق ئەمەس. ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى جايىدا ئورۇندىمايدۇ، كېچىكتۈرىدۇ، نۇقسان بىلەن قىلىدۇ ۋاھاكازالار. مەسىلەن: پەرىشتىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-

---

[1] «تفسير القرطبي» 14-توم، 253-بەت.

[2] مۇھەممەد ئەمىن شىنقىتى (1905 - 1974م) مەۋرىتانىيەلىك كاتتا ئالىم، «أضواء البيان في إيضاح القرآن بالقرآن» ناملىق تەپسىرنىڭ مۇئەللىپىدۇر.

پەرمانلىرىنى دەرھال ئورۇنداپ تۇرىدۇ، ھەرگىز كېچىكتۈرمەيدۇ. ئۇلاردا ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىش يوقتۇر. شۇڭا ئۇلار زېمىنسىدە ئامانەت كۆتۈرۈپ يۈرمەيدۇ. چۈنكى، ھەممىنى ۋاقتىدا ئورۇندىغانلىقى ئۈچۈن زېمىنسىدە ھېچ نەرسە قالمايدۇ.

ئەسلىدە ئامانەت دېگەن ئادا قىلالماستىن زېمىنسىدە قېلىپ قالغان نەرسىگە ئېيتىلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىنساندىن باشقا مەخلۇقاتلار ئۆزلىرىگە بۇيرۇلغان ۋەزىپىلىرىنى ۋاقتىدا ئادا قىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار زېمىنسىدە ئامانەت قالدۇرمايدۇ. پەقەت ئىنسانلا قالدۇرىدۇ، يەنى ئىنسانلارنىڭ بەزىسى دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى ۋاقتىدا ئورۇنداپ ئۈستىدە ئامانەت قالدۇرمىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى دىنىي مەجبۇ-رىيەتلەرنى ۋاقتىدا ئورۇندىمىغانلىقتىن، ئۈستىدە بۇ ئامانەتلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ. نەتىجىدە، بۇ بىپەرۋالىقى ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىكىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇناپىق ئەرلەرنى، مۇناپىق ئاياللارنى، مۇشرىك ئەرلەرنى، مۇشرىك ئاياللارنى ئازابلاش، مۆئمىن ئەرلەرنىڭ ۋە مۆئمىن ئاياللارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن، ئىنساننىڭ ئۈستىگە دىنىي مەجبۇ-رىيەتلەرنى يۈكلىدى. بۇ مەجبۇرىيەتلەر ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئەمەللەرنى ئورۇنداش، ئاللاھ تائالا توسقان ئىشلارنى تەرك ئېتىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ مەجبۇرىيەتلەرنى تولۇق ۋە جايىدا ئورۇندىغانلار ئاللاھ تائالانىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ، ئۇنى زايە قىلىۋەتكەنلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا ئۇچرايدۇ.

يەنە بىر مەنە بىلەن ئېيتقاندا، ئىنسان ئەۋلادىنىڭ بۇ ئامانەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقى چوڭ بىر مەسئۇلىيەتنى قوبۇل قىلغانلىقىدۇر. بۇ مەسئۇلىيەت دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئورۇنداش مەسئۇلىيىتىدۇر. دىنىي مەسئۇلىيەت ئىماندىن باشلاپ، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان پەرزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنى ۋە مۇشرىكلەرنى بۇ مەسئۇلىيەتنى ئورۇندىمىغانلىقى ئۈچۈن جازالايدۇ، مۆئمىنلەرنى بۇ مەسئۇلىيەتنى ئورۇندىغانلىقى ئۈچۈن مۇكاپاتلايدۇ، ئۇلارنىڭ تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، گۇناھلىرىنى كەچۈرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھلىرىنى ناھايىتى بەك مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، بەندىلىرىگە تولىمۇ كۆيۈمچاندۇر.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** ئامانەتكە ئىشەنچلىك بولۇش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ خىسلىتىدۇر.

**2.** ئامانەتكە ۋاپادار بولۇشنىڭ مۇكاپاتى قانچىلىك چوڭ بولسا، ئامانەتكە خىيانەت قىلىشنىڭ جازاسىمۇ شۇنچىلىك ئېغىردۇر.